ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

8


شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

نامىلىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ھېكايەتلەر
خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر (تاللانما)
خەلق داستانلىرى
يەر ناملىرى
خوتەن دىئالېكتى
كىتابلار ئۇچۇرى
چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن
كارخانىچىلار

ISBN 7-5631-2037-8
(维文）定价：28.80元



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

# ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

ئەپسانە - رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر (تاللانما)

تۈزگۈچى : ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## —— ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر (تاللانما)

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرى تەرىپىدىن سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك يىبەيفىڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 14.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 0001 — 3050

ISBN 7—5631—2037—8
باھاسى: 28.80 يۈەن

www.uyghurkitap.com



# كىرىش سۆز

خوتەن — تىلسىملارغا تولغان بىر ماكان.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ زەنجىرسىمان بوستانلىقلاردا ئەمگەكچان خوتەن خەلقى هارماس ئىككى قولىغا تايىنىپ ئۇزاق تارىخنى بۇگۈنگە ئۇلىدى. خوتەن خەلقىنىڭ هاياتلىق ماكانىنى بەرپا قىلىش ۋە گۈللەندۇرۇش تارىخىغا هەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئاقباش چوققىلىرى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىددەتلىك قۇم بورانلىرىمۇ شاهىد بولۇپ كەلدى. تارىختىن بۇيان بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن ئىنسان تۈركۈملىرى ئەنە ئاشۇ قۇم بورانلىرى ئەنسىز هۇۋلاپ تۇرغان قۇرغاق زېمىندا قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن شەكىللەنگەن دەريا تارماقلىرىغا تايىنىپ مېھرى ئىسسىق بوستانلىقلارنى بەرپا قىلدى. بوستانلىق سېھرىي تۈسى قويۇق بۇ زېمىندىكى هاياتلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ سەھنىسى بولدى. بوستانلىق بۇ يەردىكى ئۆزگىچە خاس مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى بولدى. بوستانلىق قەلبى هەر زامان ئۆركەشلەپ تۇرغان ئىسسىق مىزاجلىق بۇ كىشىلەرنىڭ شېئىرىي هېسسىياتى بىلەن ئەپسانىۋى تەپەككۇرىنىڭ قانىتىنى يەشتى.

ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە سانسىزلىغان بوستانلىقلار بەرپا قىلىندى. بۇ بوستانلىقلاردا يەنە سىرلىق شەهەرلەر بىلەن تىلسىملىق قەلئەلەرمۇ قەد كۆتۈردى. بۇ شەهەرلەرنىڭ ئىسسىق قويىنىدا ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر ئاجايىپ ئەپسانىلەر بىلەن سېھىرلىك رىۋايەتلەرنى قالدۇردى.

قاراقۇرۇم تاغلىرى ئۆزىنىڭ ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن

ئابىھايات سۇلىرىنى بۇ زېمىندىن ئايىمىدى. تەكلىماكان قۇملۇقىمۇ ئۆزىنىڭ ئەبەدىي تىنماس دەھشىتى بىلەن سۇر ھەيۋىسىنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمىدى. پەسىللىلىك دەريا تارامىلار قاغجىراپ كەتكەن تەكلىماكان قۇملۇقىغا قاراپ توختىماستىن ئېقىپ تۇردى-يۇ، دەۋرلىك ئورۇن يۆتكەپمۇ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن كونا دەريا قىنىدا بەرپا قىلىنغان بوستانلىقلار چۆلدەرەپ، يېڭى دەريا ئېقىنىدا يېڭى بوستانلىقلار شەكىللەندى. ھەرىكەتچان دەريا ئېقىنلىرى بىلەن بوستانلىقلارنىڭ يۆتكىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن شەھەر قەلئەلەرمۇ ئورۇن يۆتكەشمۇ مەجبۇر بولدى. قانچىلىغان شەھەر-بازارلارنىڭ بەرپا قىلىنىپ، يەنە قانچىلىغان شەھەرلەرنىڭ قۇم ئاستىغا غەرق بولغانلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمىدى.

خوتەن بوستانلىقلىرى ۋە خوتەن خەلقى ئەنە ئاشۇ سىرلىق ھاياتلىق بەلۋېغىدا ئۆزلىرىنىڭ تىلسىملار بىلەن تولغان ئۇزاق ئۆتمۈشنى يۇدۇپ تارىخنىڭ بۈگۈنىگە كىرىپ كەلدى. ۋەھالەنكى، سىرلىق ئەپسانىلەر بىلەن ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان رىۋايەتلەرنىڭ سېھىرىي كۈچى خوتەن بوستانلىقلىرىنى ھېلىھەم سەير قىلىپ تۇرماقتا. كىشىلەر يەھۇدىي ۋە خرىستىيان رىۋايەتلىرىدىكى «جەننەت» نىڭ ئەسلىي ئورنى بولغان Eden نى خوتەننىڭ قەدىمىي نامى بولغان «ئۇدۇن»غا باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشتى؛ نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى توپان بېسىققاندىن كېيىن قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدە قۇرۇقلۇققا چىقتى؛ جۇڭگو رىۋايەتلىرىدىكى خاقانلار ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۈچار ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ قاراقۇرۇم تاغلىرىنى ماكان تۇتقان شى ۋاڭمۇنىڭ سىرلىق قەسىرىنى زىيارەت قىلىشتى؛ خوتەن شاھزادىسى پەرھاد چىن مۇھەببەت ئۈچۈن شىرىننىڭ ۋەتىنى بولغان ئەرمەنىستاندا جان بەرگىنىدە يۇرت سۆيگۈسىنى ئاخىرقى تىنىقىغا قوشۇپ شەرققە ئۇچقان شامالار بىلەن خوتەنگە ئەۋەتتى؛ خوتەن گۈزەللىرىنىڭ نىگاھلارنى لال قىلغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقىتىش ئورنى



سېھىرلىك بىلەن خوتەن مۇشكىنىنىڭ دىماقلارنى مەس قىلغۇچى خۇشپۇراقلىرى نەۋائى غەزەللىرىنىڭ ئالتۇن مىسرالىرى ئارقىلىق كۆڭۈل پېتىشتىكى ئەللەرگە تارالدى. . .

دەرۋەقە، خوتەن دىيارىنىڭ ئۆتمۈشى رەڭگارەڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. بۇددىزم رىۋايەتلىرى بۇ سىرلىق ماكاندا مىڭ يىللاردىن ئارتۇق سەپەر قىلىپ يۈردى. ئىسلامىيەت ئېتىقادى بۇ دىيارغا تارقالغاندىن كېيىن ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن بىرىكىپ يېڭى تىپتىكى رىۋايەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلغۇچى تۇلپارى خوتەن خەلقىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ پامىر تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ بۇ سىرلىق دىيارغىچە يېتىپ كەلدى. «كۆھمارىم»، «ئىمامى ئاسىم»، «ئىمامى جەئفىرىم سادىق» ۋە «تۆت ئىماملىرىم» نىڭ مازارلىرى نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان خوتەن خەلقىنىڭ ئەقىدە فولكلورىدا تۇرۇپ كەلدى. . .

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئەنە ئاشۇ سېھىرلىك زېمىننىڭ قەلبى قايناق كىشىلىرى ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن ئەپسانە، رىۋايەت ۋە چۆچەكلىرىگە بېغىشلانغان. بۇ كىتابقا توپلانغان ئاجايىپ رەڭدار ئەپسانىلەر، تەسەۋۋۇرىڭىزنى غىدىقلىغۇچى گۈزەل رىۋايەتلەر بىلەن چۆچەكلەر سىزگە خوتەن بوستانلىقىنىڭ مول مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە فولكلور دۇنياسىدىن دالالەت بېرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ خوتەن بوستانلىقىدىكى يەر ـ جاي ناملىرى ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدە خەلق ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىزنىڭ تارىختا كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئۇچراشقان ھەمدە تىندۇرما ھاسىل قىلغان بۇ بەلۋاغنىڭ سىرلىق ئۆتمۈشىنى چۈشىنىشىمىزنى مۇئەييەن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

خوتەن ـــ رىۋايەتلەرگە كۆمۈلگەن بىر زېمىن.

هازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يالتىراقلىرى بىلەن ھەيۋەتلىك سۇر چۇقانلىرى مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىنىڭ سۇكۇناتىغا ئۇزاق مەزگىل جۆر بولۇپ كەلگەن بۇ زېمىننىڭ سىرلىق دەرۋازىسىنى چەككىنىدە، ئۇنىڭ مۆجىزىلەرگە باي قوينىنىڭ تېخىچە رىۋايەتلەرگە كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى كۆردى.

«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق بۇ مەجمۇئەنىڭ ئەپسانە، رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر قىسمى سىزنى ئەنە ئاشۇ رىۋايەتلەرگە كۆمۈلگەن خاسىيەتلىك زېمىننىڭ سېھىرلىك قوينىغا باشلاپ كىرگۈسى!

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى

**ئەسەت سۇلايمان**

2006-يىل 5-ئاينىڭ 22-كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مۇندەرىجە

### ئەپسانە - رىۋايەتلەر


نۇھ ئەلەيهىسسالام ئۇچراتقان تۇنجى ئادەم ........................ 1
نۇھنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى — ياپەس ھەققىدىكى ئەپسانە ... 1
چىن ۋە ماچىن ئەپسانىسى ........................................ 3
«خوتەن قاشتېشى ئەپسانىسى ................................ 4
«تىلسىملىق قەلئە» ئەپسانىسى ................................ 5
«پەرھاد ئۆستىڭى» ئەپسانىسى.................................. 6
«تەكلىماكان» ئەپسانىسى ........................................ 8
«خوتەن» نامى ھەققىدە 11 ئەپسانە ................ 10
خوتەن گىلىمى ھەققىدە ئىككى ئەپسانە ........ 20
ياڭاق رىۋايىتى... .................................................. 22
پىلە قۇرتى ۋە يىپەك رىۋايىتى ................................ 24
ئۇيغۇر خاقانى — بۆكۈتېكىن ئەپسانىسى .................. 34
ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەققىدە تۆت ئەپسانە ... 35
غەربكە كېلىپ ئۇمايغا ئىلتىجا قىلىش ...................... 37
ئارۇخاتىنىڭ پادىشاھقا نەسىھەت قىلىشى ...................... 38
ئۇدۇن پادىشاھلىق ئوردىسىنىڭ قۇرۇلۇشى .................. 39
ھىلال شەھىرىنى قۇم بېسىپ كېتىش ........................ 40
چوراڭ قەبرىستانلىقى ............................................ 40
ئايال سۇ مۇئەككىلىنىڭ جورا تەلەپ قىلىشى ............ 41

«ئۇجمە مازار غوجام» رىۋايىتى ........................ 43
خوتەن ئاقسىپىل رىۋايىتى ........................ 44
ئالتۇن قان رىۋايىتى ........................ 45
**«مازار تاغ» ھەققىدە ئىككى رىۋايەت** ........................ 46
دارۋازلىق رىۋايىتى ........................ 49
**«كۆھمارىم» توغرىسىدا ئۈچ رىۋايەت** ........................ 52
قۇمات پاششىم (كەپتەرخانا) رىۋايىتى ........................ 63
«ئۇلۇغ ئاتا» رىۋايىتى ........................ 64
جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىد ۋە «تۆت ئىماملىرىم» ........................ 66
ئىمامى ئاسىم قەبرىگاھى رىۋايىتى ........................ 72
«ئىمامى جەئفەرى تەيران مازىرى» رىۋايىتى ........................ 75
«ئىمامى جەئفىرىم سادىق مازىرى» رىۋايىتى ........................ 78
تۆت ئەۋلىيا، بىر پىر ھەققىدە رىۋايەت ........................ 80
**شاھ مەشرەپ توغرىسىدا توققۇز رىۋايەت** ........................ 87
«1 نى 1 دېگۈلۈك» ........................ 94
يەتتە ئەۋلىيا ........................ 95
ئاخۇنلۇقۇمنىڭ پەرزەنتلىرى ........................ 96
**تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا**
**15 رىۋايەت** ........................ 97
**ئۆسۈملۈك - زىرائەتلەر توغرىسىدا ئالتە ئەپسانە -**
**رىۋايەت** ........................ 104
**جانلىقلار توغرىسىدا بەش ئەپسانە - رىۋايەت** ........................ 108
**يەر - جاي نامىلىرى توغرىسىدا 88 رىۋايەت** ........................ 111
«يورۇڭقاش» ۋە «قاراقاش» ........................ 111
جىيا رىۋايىتى ........................ 111
چۇلاقنىڭ سېيى ........................ 112
ئويتوغراق رىۋايىتى ........................ 114

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى



لەنگەر ئۈزۈمى توغرىسىدا ئىككى رىۋايەت ........................ 117
«ئاچچىق ئۆرۈك» لەقىمى ........................................ 119
«كۆمەچ» لەقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ................................ 120
دامىكۇ رىۋايىتى ............................................. 122
ئىسلامئاۋات ۋە تەۋەككۇل رىۋايىتى .............................. 124
ساراڭ مەھەللە ............................................... 128
كۇدۇك ...................................................... 130
ئاتباش ..................................................... 130
«ھەزرىتى مەۋلانە خەلىپە» توغرىسىدا ئىككى رىۋايەت ... 131
«قارا ساقال مازار غوجام» ...................................... 134
ئىشقىلار .................................................... 135
تاقايلا ..................................................... 136
چىنارباغ .................................................... 136
ئۈچات ۋە «قۇيرۇقلۇق ئادەملەر» ................................ 138
«كالا تىرىسچىلىك زىمىن لازىم» ................................ 139
كۆتىرەم ..................................................... 140
باشاقچى .................................................... 141
بىر مازارغا ئۈچ نەزەر ........................................ 141
مىللەت ئىرىق ................................................ 145
يالغۇز ئوغۇل ................................................. 146
كۇيا رىۋايىتى ................................................ 148
تەلۋىلەر .................................................... 148
قايغۇلۇق .................................................... 149
«مىڭمو» ..................................................... 150
بۇدا ....................................................... 151
باشجاي ..................................................... 151
«قازاق مازار غوجام» ........................................... 152

توپلۇق (تۇتلۇق) ........................................ 153
تۆۋەت ........................................ 154
چاقار........................................ 155
ئىمامى ئەسكەر ........................................ 156
قوشۇلاش ........................................ 157
مارجان ........................................ 158
كاللا ئاستى ........................................ 158
كېرىيە رىۋايەتلىرى ........................................ 161
چوقلا ........................................ 163
قاراتۇرۇن ........................................ 163
داشمان ........................................ 164
قارىمان ........................................ 165
چۆپچىلە ........................................ 165
ئەگلە ........................................ 166
كېرىيە «يەتتە قىزلىرىم مازىرى» توغرىسىدا ئۈچ
رىۋايەت ........................................ 167
«قىز ئۆلدى تېرەك» ھەققىدە ئىككى رىۋايەت ........................................ 177
ئايدىڭكۆل ........................................ 178
مۇغاللا ھەققىدە ئىككى رىۋايەت ........................................ 179
توقىچاقلىق ........................................ 180
«گۇما» نامى توغرىسىدا رىۋايەت ........................................ 180
سانجار ........................................ 181
دۇۋا ........................................ 184
مۇجى ........................................ 185
قوشتاغ ........................................ 185
ئىسمىسالاھ ۋە سۇپرىسالاخان مازىرى ........................................ 186
ھاڭگىيا رىۋايىتى ........................................ 188

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پولو رىۋايىتى ........................................ 189
ئوقچى مازار رىۋايىتى ........................................ 189
بالىماس نامى توغرىسىدا ئۈچ رىۋايەت ........................................ 190
«گۈلخان ئاپا» رىۋايىتى ........................................ 191
**تەكلىماكاندىكى «تىلسىملىق شەھەر» رىۋايەتلىرى** ........................................ 192
هاراق ئەپسانىسى ........................................ 194
دۇنيادا ئەر كۆپمۇ، ئايالمۇ؟ ........................................ 195
تۆھپە ھەققىدە رىۋايەت ........................................ 196
چىرا چۆل، كېرىيە كۆل ........................................ 197
كېرىيە ئاياللىرىنىڭ تەلپىكى ۋە پەرىجىسى ھەققىدە
رىۋايەت ........................................ 199
چىرا نىمە ئۈچۈن قۇرغاق؟ ........................................ 201
**ئەپسانە ۋە رىۋايەت توغرىسىدا** ........................................ 203

# چۆچەكلەر

قەھرىمانى قاتىل ........................................ 205
ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك كېيىك ........................................ 227
خاسىيەتلىك تاش ........................................ 239
مەلىكە گۈلسۇرۇخ ۋە پەرىزات رىنات ........................................ 245
قىزىل ئەۋلىيا ........................................ 271
بىر نان ........................................ 303
ئارغىماق ماجىراسى ........................................ 305
ئەمەت سۇچى بىلەن مېھرىبانۇ ........................................ 311
ئالما ........................................ 329

ئېگەرچى ........................................ 333
ئۈچار گىلەم ........................................ 343
تەخەي سالاھلىق پادشاھ ........................................ 349
ئەۋلىيا بىلەن شەيتان ........................................ 357
بەكتۇ بىلەن چىكتۇ ........................................ 361
پىخسىق باي ........................................ 373
تاڭ ئاتار پۆچۈق ........................................ 377
پادشاھنىڭ خانىشنى خورازغا نىكاھ قىلدۇرۇشى ........................................ 389
بارىكاللىلار ........................................ 391
گىلەمچى يىگىت ........................................ 401
بېخىلنى بابلىغان سوپۇم ........................................ 407
بۇلتۇر ۋە ئۇلۇشۇل ........................................ 409
ھەر كۆڭۈلدە بىر خىيال ........................................ 413
موللا ئۈز ........................................ 415
ئىسكەندەرنىڭ راستچىللىقى ........................................ 423
مەلىكە بىلەن يىگىت ........................................ 427
كەنجى قارلىغاچ ........................................ 433
پىيازنىڭ تەمىنى بۇزۇپ قويىمىسۇن دېدىم ........................................ 435
ئاچچىقنىڭ كەلسە يۇت ........................................ 437
شاھزادە بۇرۇق ........................................ 439
ئوغۇل بالا چاققان ........................................ 447
تائامنامە ........................................ 456

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 目　　录

## 神话、传说

圣人努哈所迂见的第一个人…………………………………… 1
努哈圣的三子——亚拍斯的神话……………………………… 1
秦与马秦的神话………………………………………………… 3
和田玉的神话…………………………………………………… 4
神秘城堡的神话………………………………………………… 5
帕尔哈提渠神话………………………………………………… 6
塔克力玛干神话………………………………………………… 8
十一神话说“和阗” ………………………………………… 10
和田地毯神话二篇 …………………………………………… 20
核桃的传说 …………………………………………………… 22
蚕与丝的传说 ………………………………………………… 24
回纥王——勃库铁肯的神话 ………………………………… 34
维吾尔乐器神话四篇 ………………………………………… 35
西求西王母 …………………………………………………… 37
罗汉劝国王 …………………………………………………… 38
于阗王宫的建造 ……………………………………………… 39
沙埋曷劳落迦城 ……………………………………………… 40
鼠壤坟 ………………………………………………………… 40
龙女求偶 ……………………………………………………… 41
玉吉曼麻扎的传说 …………………………………………… 43

和田阿克司皮勒传说 …… 44
金血传说 …… 45
麻扎塔格的传说二篇 …… 46
达瓦孜(高空走绳)的传说 …… 49
“库麻日木”(蛇山)的传说三篇 …… 52
古麻提帕西木(鸽子塘)的传说 …… 63
乌鲁瓦提的传说 …… 64
朱克提热西提,努克提热西提和“四依麻木”的传说 …… 66
依麻木阿司木墓葬的传说 …… 72
依麻木加法里太然麻扎的传说 …… 75
依麻木加法里沙迪克的传说 …… 78
四圣一师的传说 …… 80
夏麦西来甫的传说九篇 …… 87
“一就是一” …… 94
七神贤 …… 95
阿訇鲁库木的子女 …… 96
自然与自然现象的传说十五篇 …… 97
植物与作物的神话传说六篇 …… 104
动物传说若干篇 …… 108
地名传说八十八篇 …… 111
塔克拉玛干“神秘城”传说若干篇 …… 192
酒的源由神话 …… 194
世上男多还是女多? …… 195
关于“贡献”的传说 …… 196
“策勒旱,于田涝”的传说 …… 197
于田妇女小帽和外套的传说 …… 199
策勒为什么干旱? …… 201

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


〔附〕关于神话，传说 …… 203

## 故事

英勇的凶手 …… 205
金角鹿 …… 227
非凡的石头 …… 239
古丽苏如荷公主与日娜特太子 …… 245
红衣天神 …… 271
一个馕 …… 303
骏马之争 …… 305
卖水汉艾买提与米日巴奴 …… 311
苹果 …… 329
马鞍匠 …… 333
飞毯 …… 343
化身为小驴的国王 …… 349
神人与邪神 …… 357
佰克吐与青吐 …… 361
悭吝富翁 …… 373
天明歪咀子 …… 377
把王妃嫁给公鸡的国王 …… 389
感恩 …… 391
织毯小伙子 …… 401
巧治坚吝的书生 …… 407
去年与前年 …… 409
各有打算 …… 413
毛拉乌孜 …… 415

城实的伊斯砍代尔……………………………… 423
公主与小伙……………………………………… 427
晚生燕子………………………………………… 433
为了别让皮牙孜走味儿………………………… 435
生气，再难也得咽 ……………………………… 437
布如克王子……………………………………… 439
机灵的男子汉…………………………………… 447
食普记…………………………………………… 456



www.uyghurkitap.com



# ئەپسانە - رىۋايەتلەر

## نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇچراتقان تۇنجى ئادەم

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ غايەت زور كېمىسى توپان بالاسىدا تارىم دەرياسى ئېقىنىنى بويلاپ 150 كۈن ئاققاندىن كېيىن، سۇ بارا - بارا پەسىيىپ 10 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى تاغ چوققىسى كۆرۈنۈپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى توختىغان جاي «ئىدۇن» ، «ئېدەن» (بېھىش، باغى ئېرەم، جەننەت دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ. كېيىنكى ‹ئۇدۇن› نامى ئاشۇ سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن دېيىلىدۇ) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ كۆرگىنى قۇرۇم تاغلىرىنىڭ چوققىسى ئىكەن. تىك چوققىدا بىر ئادەم قىپيالىڭاچ ھالەتتە يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغىدەك. نۇھ ئەلەيھىسسالام بەكمۇ ھەيران بوپتۇ ۋە ھېلىقى ئادەمدىن:

— سەن كىم؟ يەر يۈزىدە ھاياتلىق قالمىغان تۇرسا، قانداقلارچە ئامان قالدىڭ، — دەپ سوراپتۇ.

— مەن شائىر، ئاللا مېنى توپان بالاسىدىن ساقلاپ قالدى. ئاللا مېنى ئالەمگە ھىدايەت نۇرى تارقىتىپ، ھەق - ئادالەتنى سۆزلەشكە بۇيرۇغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھۆرمەت - ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، زېمىنغا بىرلىكتە قەدەم بېسىپتۇ.

## نۇھنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى — ياپەس ھەققىدىكى ئەپسانە[1]

ياپەس شەرق ۋە شىمال تەرەپتە، ئېدىل، ئېرتىش دەريالىرى

① بۇ ئەپسانە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.

بويلىرىدا ۋەتەن تۇتۇپتۇ. ئۇ ئوبدان قائىدە ۋە رەسىم ـ يوسۇنلارنى پەيدا قىپتۇ ۋە چىن ئېلىدە بىر شەھەر بىنا قىپتۇ. تەڭرى ياپەسكە 11 پەرزەنت بېرىپتۇ. ئۇلار چىن، ساقلاپ، گومارى، تۈرك، خەلەج، خەرز، رۇس، سەدسان، غەربا، رۇج، مەنسەخ دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆز ئەۋلادىدىن بىردىن قىز ئېلىپ بېرىپتۇ. «يۇرتنى ئاۋات ـ مەمۇر قىلىڭلار، بەندىلەرگە ئوبدان تەربىيەت قىلىڭلار، ئۇلار كۆپەيسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا تۈرك باشچى بوپتۇ. بۇ ناھايىتى غەيرەتلىك، مەردانە، ھۈنەرۋەن، ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ ئەتراپنى سەيلە قىلىپ بىر كىچىك دەريا بار جايغا بېرىپتۇ. ئۇ يەرنىڭ ئېتى «سەيلۇك» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ يەردە بۇلاقلار، ئاقار سۇلار، تۈرلۈك قۇشلار كۆپ ئىكەن. تۈرك بۇ جاينى خالاپ، شۇ يەردە ۋەتەن تۇتۇپتۇ. گىياھ ـ قومۇشلاردىن ئۆي ياساپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چېدىر ـ بارگاھ پەيدا قىپتۇ. مال ـ چارۋىلارنىڭ تېرىسىدىن تون، تۇماق تەييارلاپ كىيىپتۇ. تۈرك ئادالەتلىك ۋە شەپقەتلىك پادىشاھ ئىكەن. پۇقرالارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ تەربىيەت قىلىشتا زادى بوشاڭلىق قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ ئوبدان باللىرى بار ئىكەن. بىرىنىڭ ئىسمى پۇدەك ئىكەن. پۇدەك شىكارغا ئامراق ئىكەن. بىر كۈنى چۆل ـ جەزىرىدە كېيىك گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇرغان چاغدا، بىر پارچە گۆش قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئېلىپ ئاغزىغا سالپتۇ. بۇ گۆشنىڭ بەك لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تاماقنى تۇز بىلەن يېيىشنى ئادەت قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۇزنى بىلمەيدىكەن. ياپەسنىڭ يەنە بىر ئوغلى خەرز شىمالدىكى يەرلەردىن ئۆتۈپ دەريا لېۋىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەرنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرۈپ، شۇ يەردە ۋەتەن تۇتۇپتۇ. پەرزەنتلىرى بىلەن تولكە، سۇلەيسۇن ... لەرگە شىكار قىلىپ، تېرىسىنى ئېگىن قىلىپ كىيىپتۇ. خەرز ھايات ۋاقتىدا باللىرىدىن بىرى سۇدا غەرق بوپتۇ. «سۇنىڭ قارشىسى ئوت ئىكەن» دەپ كۆپ ئوتۇن توپلاپ قوۋم ـ جامائەتلىرىنى ھازىرلاپ، داپ، تەمبۇر قاتارلىق نەغمە سايمانلىرىنى تەييارلاپ، نەغمە ـ ساز بىلەن باللىسىنىڭ جەسىتىنى ئوتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆيدۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تاغنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ھەسەل تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھالۋا ئېتىشنى پەيدا قىپتۇ.

## چىن ۋە ماچىن ئەپسانىسى①

چىن ئىسىملىك ياپەس ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك، ھوشيار، تەدبىرلىك ئىكەن. دادىسى بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلەن «چىن» دەپ ئاتاپتۇ. چىننىڭ تەبىئىتى ئۇستۇن، ھۈنەرۋەن ئىكەن. نەققاشلىق، ئويمىچىلىق ۋە گۈللۈك ئېگىر تىكىشنى ئىجاد قىپتۇ. پەرزەنتلىرىگە ھەم تەلىم بېرىپتۇ. پىلە بېقىشنى ئىجاد قىپتۇ. چىننىڭ خوتۇنى يۈزى نۇرلۇق، ئوچۇق چىراي بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭغا «ماچىن» دەپ ئات قويۇپتۇ، ماچىن ئۆيلىنىپتۇ. ئۇنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇرۇقلىرى كۆپىيىپتۇ. دادىسى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، مېنىڭ بالىلىرىم ـ ئەۋلادلىرىم كۆپەيدى، بۇ زېمىنغا سىغىشمايدىغان ھالەتكە يەتتىم. رۇخسەت بەرسىڭىز يېقىنىراق بىر شەھەر بىنا قىلىپ ئولتۇرسام دېگىنىدە، چىن ماقۇل كۆرۈپ بىر شەھەر بىنا قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ نامى بىلەن «ماچىن» دەپ ئات قويۇپتۇ. ماچىن بالىلىرىغا قوينىڭ يۇڭىدىن ئېگىر قىلىپ كىيىشنى ئۆگىتىپتۇ. «ئۇنىغا» دېگەن چىرايلىق قۇشنىڭ قاناتلىرىنى زىننەت ئۈچۈن باشلىرىغا قاداپتۇ. جەڭ كۈنلىرىدە ئۇنىڭ باتۇرلىرى دەستا ـ دۇبۇلغىلىرىغا ئۇنغا قۇشنىڭ پەيلىرىنى بېكىتىپ، ئۆزىنى ھەيۋەتلىك ۋە باتۇر كۆرسەتسۇن، دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. بىر قېتىم ماچىن ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ كېيىكنى سەيە (ئوۋ) قىپتۇ. ئۇنىڭ كىندىكىدىن خۇشبۇي قان ئېقىپتۇ. ئۇ قاننى ئاسراپ ساقلاپتۇ. قان قۇرۇغاندىن كېيىن تېخىمۇ خۇشبۇي پۇراق چېچىپتۇ. ماچىن: ھەركىم بۇنىڭغا ئوخشاش كېيىك ئوۋ قىلسا، كىندىكنى ئېھتىيات بىلەن ساقلىسۇن، دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كېيىكنى

① يۇقىرىقى كىتابتىن ئېلىندى.

ئوۋ قىلسا كىندىكىنى ئالىدىغان بولۇپ، مۇشك (ئىپار) ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشىدىغان بوپتۇ. چىن ۋە ماچىننىڭ هاياتلىقىدا ئۇلارنىڭ بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئوتتۇز ئالتە خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئايرىم تائىپە ۋە قەبىلە بولۇپ، ئۆزئارا سۆزلەشمەكچى بولسا تىلماچ ئىشلىتىدىكەن. ھەر بىر تائىپە بىر تەرەپكە بېرىپ شەھەر - ئىمارەتلەر بىنا قىلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

## خوتەن قاشتېشى ئەپسانىسى

1

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتە يېيىش چەكلەنگەن بۇغداي دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن جەننەتتىن قوغلىنىپ، بىرى مەغرىبكە، بىرى مەشرىققە تاشلانغاندىن كېيىن، بىرى بىرىنى ئىزدەپ، بىرى بىرىنى چاقىرىپ، مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، قارا قۇرۇم تاغلىرىدىكى مۇزلۇقتا ئۇچرىشىپ ۋىسال تەشنالىقىنى قاندۇرۇپتۇ. بۇ جەرياندا يەرگە ئېقىپ كەتكەن مەنىدىن قاشتېشى ھاسىل بولۇپتۇ.

2

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: ئۇماي (ھۇماي، ئۇماي ئانا، باتىسخان ئاغىچا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىدارە قىلىۋاتقان قاراقۇرۇم تېغىدا قەسىر - بارگاھلار سېلىنغان، تاغلاردىن ھەر خىل رەڭدىكى زۇمرەت سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، ئېگىز چوققا، جىلغىلاردا دەل - دەرەخلەر قويۇق، ئوت - خەسلەر مول، جىگدە، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلەر تولا ئىكەنمىش. توققۇز كۆزلۈك بۇلاق ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇراركەنمىش. توققۇز چوڭ دەرۋازا بولۇپ، توققۇز يىرتقۇچ غەلىتە ھايۋان ئىشىكنى قوغدايدىكەنمىش.

ئۇماي ئەجىر قىلىپ تاغ - داۋانلارنى ياخشى باشقۇرۇپتۇ. دائىم قۇرۇم تېغىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە بېرىپ نازارەت قىلىپ تۇرىدىكەن. ھەر يازدا سىرلىق تاغتۇرا بارغانسېرى ئاۋاتلىشىپ

www.uyghurkitap.com



كېتىدىكەن. تەڭرى ئۇمايىنىڭ قاراقۇرۇمنى ياخشى باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن زەڭگەر قاشتېشى تارتۇق قىپتۇ. لېكىن ئۇماي بۇ شان ـ شەرەپتىن يالغۇز ئۆزى بەھرىمەن بولۇۋالماي تاشپاقا، يىلان ئىلاھىغا بۇيرۇق قىلىپ زەڭگەر قاشتېشىنى ئىككى پارچە قىلىپ يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسىغا تاشلاتقۇزۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يورۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسىدىن قاشتېشى ناھايىتى كۆپ چىقىدىغان بولۇپتۇ.

## «تىلسىملىق قەلئە» ئەپسانىسى①

بۇ تىلسىملىق قەلئەنى پەرھاد ئىسىملىك دىۋە قۇرغان ئىمىش. پەرھاد چىن شاھىنىڭ شېرىن ناملىق قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەلچى قويۇپتۇ. بۇ پادىشاھنى ۋەھىمىگە سالپتۇ. قىزىنى دىۋىگە بېرىشنى خالىمىغان پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشتىن قورقۇپ، جادۇگەر كەمپىردىن ياردەم سوراپتۇ. جادۇگەر پەرھادقا بېجىرىپ بولالمايدىغان ۋەزىپىنى — بىپايان چوڭ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەيۋەتلىك تاش قەلئە قۇرۇشنى شەرت قىلىپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. دىۋە پەرھاد پادىشاھنىڭ بۇ شەرتىنى قوبۇل كۆرۈپ، يىراق جەنۇبتىكى قاراڭغۇ تاغدىن يەلكىسىدە قورام تاشلارنى توشۇپ كېلىپ قەلئەنى قۇرۇشقا باشلاپتۇ. قەلئە پۈتەي دەپ قالغاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ جادۇگەر كەمپىرنى يەنە مەسلىھەتكە چاقىرىپتۇ. جادۇگەر بۇ قېتىم پادىشاھقا ئۆزى بەلگىلىگەن كۈنى توققۇز مىڭ دانە يېڭى تۇغۇلغان بوتىلاقنى، يەنە شۇنچە تاي ۋە قوزىنى بىراقلا ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت بېرىپتۇ ۋە قالغان ئىشنى ئۆزى توغرىلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا جادۇگەر كەمپىر پەرھاد يالغۇز قۇرۇپ بولغان تاش قەلئەگە كەپتۇ. دەل شۇ پەيتتە چىن يۇرتى تەرەپتىن دەھشەتلىك يىغا ـ زار ئاڭلىنىپتۇ. بۇ بالىلىرى سويۇلۇۋاتقان ئەنە شۇ مىڭلاپ ـ مىڭلاپ ئانا ماللارنىڭ ھۆركىرىگەن

① بۇ ئەپسانە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

ئاۋازى ئىكەن. پەرھاد بۇنى چۈشەنمەي: «بۇ نىمە يىغا - زار؟» دەپ سوراپتۇ. شۇندا جادۇگەر كەمپىر: «هەي ... هازىرلا مەلىكە شىرىن قازا تاپقان ئىدى، شۇنىڭغا پۈتۈن چىن ئەهلى هازا تۇتماقتا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۆيگەن ئاشىقىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى بۇ شۇم خەۋەردىن گاڭگىراپ قالغان پەرھاد ئۈنىڭسىز ياشاشنى راۋا كۆرمەي، دەرغەزەپكە تولۇپ، تېخى ئورنىغا قويۇلمىغان قورام تاشلارنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ. بۇ يوغان قورام تاشلار پەرھادنىڭ ئۈستىگە قايتىپ چۈشۈپ، ئۇنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈپتۇ ۋە هايال بولماي تاشلار ئاستىدا جان بېرىپتۇ. پەرھادنى ياخشى كۆرۈپ قالغان شىرىن دەرھال پاجىئە يۈز بەرگەن جايغا يېتىپ كەپتۇ ۋە سۆيگەن يارى پەرھادنىڭ جەسىتى يېنىدا ئۆزىگە پىچاق سانجىپ هالاك بوپتۇ.

## «پەرھاد ئۆستىڭى» ئەپسانىسى①

چىن شاھزادىسى پەرھاد ئۆزىگە يىراق بولمىغان بىر قوشنا ئەلنىڭ گۈزەل مەلىكىسى شىرىنغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بۇ مەلىكىمۇ پەرھادنى بىر كۆرۈپ چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەتنىڭ شىرىن كۈنلىرى باشلىنىۋاتقان بىر مەزگىلدە، شىرىننىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان ئىران شاھى خىسراۋ ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. كۆڭلىدە پەقەت پەرھادلا بولغان شىرىن نىمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ. ئۇ كۆپ ئويلاپ شۇنداق قارارغا كەپتۇ: «خىسراۋ ئالەمگە ئايان بولغان زالىم شاھ. ئەگەر ئۇنىڭ تەلىپىنى دەرھال رەت قىلسام لەشكەر تارتىپ كېلىپ زورلۇق بىلەن ئەل - يۇرتنى ۋەيران قىلىدۇ، پۇقرالىرىمغا ئازاب سالىدۇ، پەرھاد بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە بولۇش قارارىم هەم بەربات بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئورۇندىيالمايدىغان بىر شەرت قوياي» دەپ، ئەلچىلەرگە شۇنداق ئېيتىپتۇ: «مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ غەربىدىكى

---

① بۇ ئەپسانىنى 1978 - يىلى يەكەن ناهىيىسىدىكى يەتمىش نەچچە ياشلىق هاشىم ئاخۇن ئاكا ئېيتىپ بەرگەن بولۇپ، شۇ ئاساستا رەتلەندى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى

تاغلىقتىن باشلاپ شەرقىدىكى چوڭ قۇملۇقنى بېسىپ ئۆتىدىغان بىر ئۆستەڭ قازسۇن. ئۇنىڭ سۈيى زەر (ئالتۇن) بولسۇن، ھەر قانداق چوڭ كالىنىمۇ ئېقىتىپ كېتەلەيدىغان بولسۇن. ئەنە شۇ ئۆستەڭنى كىم بۇرۇن قېزىپ چىقسا، مەن شۇنىڭغا تېگىمەن» . شېرىنىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاڭلىغان پەرھاد خۇشاللىق بىلەن بىستون تاغلىرىنى يېرىپ، ئۆستەڭ قېزىشقا ئاتلىنىپتۇ. خىسراۋ شاھ بولسا دەرغەزەپ بولۇپ لەشكەر تەييارلاپ، قورال كۆچى بىلەن شېرىنىنىڭ يۇرتىغا بېسىپ بارماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ بىر ئاقىلانە ۋەزىرى: «ئۇنداق نامەردلىك قىلىسىڭىز نامىڭىزغا ئۇيات بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي باشقىچە ئامال تاپايلى» دەپ، خىسراۋغا تەسەللى بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. تاغ يۈرەك پەرھاد قورام تاشلارنى يونۇپ، جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ھەيۋەتلىك بىر ئۆستەڭ قېزىپتۇ. بۇخەۋەرنى ئاڭلىغان خىسراۋ ساراسىمىگە چۈشۈپ، جادۇگەر كەمپىردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. كەمپىر: «بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇيمىز، خاتىرجەم بولسىلا، مەلىكە شېرىن پەقەت سىلىگىلا تەئەللۇق» دەپ بىر ھىيلە ئويلاپ، دەرھال پەرھادنىڭ يېنىغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇ شېرىننى كۈتۈپ تۇرغان پەرھادنىڭ قېشىغا كېلىپ راسا كۆز يېشى قىپتۇ. پەرھاد ھەيران بولۇپ كەمپىردىن سوراپتۇ: «ئى ئانا، نېمىشقا نالە قىلىپ يىغلايسىز؟» . شۇندا جادۇگەر كەمپىر پۇرسەت كەلدى، دەپ بىلىپ، پەرھادنىڭ باش - كۆزلىرىنى سۆيۈپ شۇنداق دەپتۇ: «بۇ جاھاننىڭ مەلىكىلىرى بەكمۇ ۋاپاسىز ئىكەن. مەلىكە شېرىن سەندەك دانا، باتۇر يىگىتتىن خىسراۋ شاھنى ئارتۇق بىلىپ، ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. سەن ئۈمىد باغلاپ يۈرگەن ئۇ مەلىكە سېنى ئەسلەپمۇ قويماي، ھازىر شاھ ئوردىسىدا بەھۇزۇر ئويناۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ساڭا ئىچىم ئاغرىپ، كۆڭلۈم بۇزۇلدى» دەپتۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان پەرھاد شىردەك ھۆركىرەپ بېشىنى بىستون تېغىغا بىر ئۇرغان ئىكەن، تاغ پارچە - پارچە بولۇپ يېرىلىپ، ئۇ قازغان ئۆستەڭدە سۇ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپتۇ. پەرھادنىڭ بېشى نەچچە پارە بولۇپ كېتىپتۇ. شۇ سائەتتە كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ پەرھادنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش

ئۇچۇن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن شېرىن مەلىكە بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ، دەرھال ھوشىدىن كېتىپتۇ. «پەرھادسىز ماڭا مۇنداق ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى!» دەپ يېنىدىن ئالماس خەنجىرىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە سانجىپتۇ، شۇ ھامان پەرھادنىڭ جەسىتى ئۇستىگە يىقىلىپ جان بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئۆستەڭنىڭ نامى «پەرھاد ئۆستىڭى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## «تەكلىماكان» ئەپسانىسى①

1

تەكلىماكان بۇرۇنقى زامانلاردا ناھايىتى گۈزەل يۇرت ئىكەن. ئېكىنزارلىرىنىڭ ھوسۇللىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىكەن. خەلقى ھۈنەر - سەنئەتتە تەڭداشسىز ئىكەن. يات ئەللەر دائىم بۇ جايغا كۆز تىكىدىكەن. ئۇلار كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ بۇ گۈزەل يۇرتنى ئالالماپتۇ. ئاخىرى ئۇلار كۇھقاپ پادىشاھلىقىغا ئەلچى ماڭدۇرۇپ، كۇھقاپتىن ھازازۇل جادۇ دېگەن جادۇگەرنى سېتىۋېلىپ تەكلىماكان بوستانلىقىغا ئەۋەتىپتۇ. ھازازۇل جادۇ بۇ يۇرتنى ۋەيران قىلىش ئۇچۇن قىرىق كېچە - كۈندۈز سېھىر قىپتۇ. سېھرى كارغا يارىماپتۇ. يەنە قىرىق كېچە - كۈندۈز ئەپسۇن ئوقۇپتۇ، ئەپسۇنلىرى كارغا يارىماپتۇ. ئاخىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا چىن ماچىن پادىشاھى ئاسماندا يەر يۈزىدىن بەش يۈز يىللىق ئېگىزلىككە مۇئەللەق شەھەر قۇرۇش ئۇچۇن يۆتكەپ چىققان ناھايىتى زور بىر تاغ بار ئىكەن. ھازازۇل جادۇ ھېلىقى غايەت زور تاغنى سېھىر قىلىپ ئۈۋاپ قۇمغا ئايلاندۇرۇپ، تەكلىماكان بوستانلىقىغا قىرىق كېچە - كۈندۈز قۇم ياغدۇرۇپتۇ. ئاخىرى بۇ گۈزەل يۇرت قۇم ئاستىدا قاپتۇ.

① بۇ ئەپسانە س. ئەخمەت، قۇربان ۋەلى يازغان «ئاق سېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» دېگەن ماتېرىيالدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



2

«پەرھاد ئۆستىڭى» بىر قانچە تارماق ئېقىنلار بىلەن قوشۇلۇپ، ناھايىتى ئۇلۇغ سۇ ھاسىل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇچوڭ دەريا ئېقىنى بويلاپ چەكسىز كەتكەن ئورمانلار، چىمەنزار يايلاقلار، سۇپسۇزۇك كۆللەر بارلىققا كەپتۇ. كەتەك شەھىرى، ئاق شەھەر، توپا شەھەر، ۋات شەھىرى قاتارلىق ئونلىغان ئاۋات شەھەرلەر بىنا بولۇپ، خەلقلىرى كۆپىيىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئوۋچى بوۋاي بۇ شەھەردىن چەت بىر باياۋانغا ئوۋغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر دۆڭنىڭ يېنىدا بىر قانچە تۇلكە ياپيېشىل ئۆسكەن شاخلار ئۈستىدە بىر نەرسە يەۋاتقان ئىكەن، ئوۋچى تۈلكىنى ئېتىپتۇ، تۈلكىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوۋچى ھەيران قاپتۇ: شاخلىرى مەجنۇنتالغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن تىلسىملىق دەرەخنىڭ شاخلىرىدا مەرۋايىتتەك تىزىلىپ تۇرغان يۇمىلاق نەرسىلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. تۈلكە ئەنە شۇنى يەۋاتقان ئىكەن. ئوۋچى بوۋايمۇ «بۇ قانداق نەرسىدۇر» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن بىر تال ئۈزۈپ ئاغزىغا سالغان ئىكەن، ھەسەلدىنمۇ تاتلىق تېتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇرجۇنغا ئۇنى لىق قاچىلاپ، يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى بىلەن تويغىچە يەپتۇ. ئىككىنچى يىلى بوۋاينىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئاشۇ خىل مەجنۇنتال ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بوۋاي بۇ خاسىيەتلىك ئۆسۈملۈكنى ئاسراپ پەرۋىش قىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆتكەندە ئۇ مېۋە بېرىپتۇ. بوۋاينىڭ بۇ خاسىيىتى ئەل ـ يۇرتقا تارىلىپتۇ. دەريا بويىدا ياشىغۇچى تۇمەنلىگەن كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىغا باغ ياساپ، مۇشۇ خاسىيەتلىك كۆچەتنى ئۆستۈرۈپ، مىسلىسىز جەننەت قۇرۇپتۇ. يۇرت ـ جامائەت جەم بولۇپ بۇ دەرەخقە «تەك» دەپ نام بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پايانسىز يۇرتلارنىڭ ئىسمى تەكلىماكان، يەنى تەكلىك ماكان (يۇرت) دەپ ئاتىلىپ، تەك (ئۈزۈم) نىڭ ئەسلى ماكانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەمگە داڭقى يېيىلىپتۇ. ھازىرمۇ كىشىلەر بۇ جاينى «تەكلىماكان» دەپ ئاتايدىكەن.[①]

---

① «چەرچەن خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى.

# «خوتەن» نامى ھەققىدە 11 ئەپسانە

1

خاننىڭ ئوغلى ① بولمىغانلىقتىن، نەسەبى ئۈزۈلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ۋايىشىراۋانا تەڭرى دەرگاھىغا بېرىپ ئىبادەت قىپتۇ. ئىلاھ ئوبرازىنىڭ پېشانىسىدىن بىر ئوغلان ئۈنۈپ چىقىپتۇ، ئۇنى مەپكە سېلىپ ئېلىپ كەپتۇ. دۆلەت خەلقى تەبرىكلەپتۇ. ئوغلان ئەمچەككە كۆنمىگەنلىكتىن، يەنە ئىلاھتىن ئۇنىڭغا ئۆمۈر تىلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلاھنىڭ ئالدىدىكى يەردىن بىر ئەمچەك ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بۇ ئىلاھىي ئوغۇل ئۇنى ئېمىپ ئەي بوپتۇ. ئەلدە تەڭدىشى يوق، ئەقىللىق، باتۇر بولۇپ يېتىلىپتۇ ... شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دۆلەتتە خانلىق نەسەبى ئۈزۈلۈپ قالماپتۇ. بۇ ئەلنىڭ خانى يەردىن ئۈنۈپ چىققان ئوغۇز (سۈت) نى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەلنىڭ نامى «كىھو — ستان» دەپ ئاتىلىپتۇ. «كىھو» دېگەن سۆز ئارىيانلىقلارنىڭ تىلىدا «ئوغۇز سۈتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. «كىھو — ستان» بولسا «ئوغۇز ماكانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. كېيىن جانلىق تىلدا «س» تاشلىنىپ، «كىھوتان» دەپ ئاتالسا، ئاستا ـ ئاستا «ك» چۈشۈپ قېلىپ «ھوتان» ياكى «خوتەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە «خوتەن» دېگەن نام سىڭىپ قالغان ئىكەن.

2

ئۇدۇن شاھى ئادالەتلىك يول تۇتۇپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يۇرتىنى ئەمىن قىپتۇ، دۆلىتى بەك زىيادە بوپتۇ. بىراق، كۆپ يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، پادىشاھ ئالىيلىرى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەچكە، ئەۋلادىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەپتۇ. ئۇ ۋىسونو تەڭرىدىن پەرزەنت تەلەپ قىلىپ دۇئا قىپتۇ. دەل بۇ پەيتتە ئىلاھ

---

① بۇ ئەپسانە ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەبۇدنىڭ چېكىسىدىن بىر بوۋاق تۇغۇلۇپتۇ. بوۋاق ئوردىغا كەلتۈرۈلگەندە، ئەل - يۇرتتا كاتتا مۇبارەكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. لېكىن بوۋاقنى ئېمىتىشكە سۈت تېپىلماپتۇ، شاھ ئائىلىسىدىكىلەر يەنە ۋىسونو تەڭرىدىن بوۋاقنى بېقىشنىڭ چارىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇشتۇمتۇت ئىلاھ مەبۇدنىڭ ئالدىدىكى يەر پۆلتىيىپ چىقىپتۇ. شەكلى خۇددى ئەمچەكنىڭ ئۆزى ئىكەن، بۇ بالا پەرىشتە دەرھال ئەمچەككە ئېغىز سېلىپ بارا - بارا ئۆسكىلى باشلاپتۇ ۋە بالاغەتكە يېتىپ، ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ شاھى بوپتۇ. ئەقىل - پاراسەت، باتۇرلۇقتا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەپتۇ، ئەدەپ - ئىكرامدا، بىلىمدە پازىل بولۇپتۇ، ھەر قايسى جايلارنى بىر - بىرلەپ ئۆز ئىلكىگە ئاپتۇ. ئۇ بىر كاتتا ئىبادەتخانا سېپتۇ، دائىم بۇ يەردە ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىدىغان بوپتۇ. بالا شاھ يەر ئەمچىكىنى ئېمىپ چوڭ بولغىنى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ نامىنىمۇ «قۇستانا»، «چاشتانا» (يەر ئەمچىكى - سانسكرىت تىلىدا) دەپ ئاتاپتۇ.

3

ئەينى چاغدا بۈيۈك بۇدساتۋا ۋىجاياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ 999 ئوغلى بولسىمۇ، 1000 ئوغلى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ ۋايىشىراۋانادىن يەنە بىر ئوغۇل تىلەپتۇ. ۋايىشىراۋانا تاشلىۋېتىلگەن ھېلىقى قوستانانىڭ تازا مۇۋاپىق نامزات ئىكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپتۇ - دە، ئۇنى ۋىجايا ھۆكۈمرانىغا بالا قىلىۋېلىشىغا ئەكىلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ۋىجايا خانىنىڭ غەمخورلۇقىدا چوڭ بوپتۇ. مەلۇم بىر كۈنى ئۇ ۋىجاياخانىنىڭ باشقا ئوغۇللىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. باشقا ئوغۇللار قوستاناغا «سەن ۋىجاياخانىنىڭ ئۆز ئوغلى ئەمەس» دېيىشكەن، قوستانا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىئارام بوپتۇ ۋە باشقىلاردىن بۇ گەپنىڭ «ۋىجايا تارىخى» دېگەن كىتابتا ئىسپاتى بارلىقىنى بىلىپتۇ. قوستانا خاندىن ئۆز يۇرتىنى تېپىۋېلىشقا ئىجازەت سوراپتۇ. خان ئۇنىڭغا «سىز ھەقىقەتەن مېنىڭ ئوغلۇم، بۇ يەر سىزنىڭ يۇرتىڭىز، قىلچە بىئارام بولماڭ» دەپتۇ. خان ئۇنىڭغا

قايىتا ـ قايتا ۋەز ـ نەسىھەت قىلسىمۇ، قوستانا ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ. قوستانا قەلبىدە هامان ئۆز دۆلىتى بولۇشنى ئويلايدىكەن. ئۇ بىر تومەن ئاتلىق كىشىنى توپلاپ ۋە ئۇلارغا باشچىلىق قىلىپ، يۇرتىنى تېپىش ئۈچۈن شەرققە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ لىيال ئومېسكار دېگەن جايغا كەپتۇ.

ئۇ چاغدا ھىندىستاندا ئاسوكا خانىنىڭ ۋەزىرى ياساسى جەمەتلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئەدەپ كەتكەنىكەن. شۇڭا بۇ ئىش ئاسوكانى غەزەپلەندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياساسى 7000 ئادەمنى باشلاپ، ئۆز يۇرتىنى ئىزدەش ئۈچۈن شەرققە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئاخىرى ئۇدۇن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دالىغا يېتىپ كەپتۇ.

قوستانا بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئىچىدىكى ئىككى سودىگەر چىغ خەي كىيىپ ئومېسكاردىن يولغا چىققان بولۇپ، ئاخىرى ئۇلار «تۇلا» دېگەن جايغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار چىغ خەي كىيىپ كەلگەچكە، ئۇ جاي «چىغ خەي» («دول» — «چىغ خەي» دېگەن مەنىدىكى سۆز) دەپ ئاتىلىپتۇ. ئۇلار ئادەمزاتسىز دالىنى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ ۋە كۆڭلىدە «بۇ جاي قوستانانىڭ يۇرتى بولۇشقا تېگىشلىك جاي ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار كېيىن يەنە جەنۇب تەرەپتىكى ياساسىنىڭ بارگاھىنى زىيارەت قىلىپتۇ. ياساسى ئۇلارنىڭ باشلىقىنىڭ كىملىكىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئومېسكاردىن قوستاناغا خەت ئەۋەتىپ: «سىز خان جەمەتىدىن ئىكەنسىز، مەنمۇ ئاقسۆڭەكلەر جەمەتىدىن، شۇڭا بىر ئورۇندا بىرلىكتە دۆلەت قۇرساق قانداق؟ سىز خان بولۇڭ، مەن ۋەزىر بولاي» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوستانا قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ، ئۇدۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھاڭگۇيۇ دېگەن جايدا ياساسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

شاھزادە بىلەن ۋەزىر قەيەرنى پايتەخت قىلىش مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلەلمەي، قوراللىق توقۇنۇشۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ۋايشىراۋانا بىلەن لاكشىمى يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇڭا شاھزادە بىلەن ۋەزىر ياساسى ئۇ ئىككىسى ئۈچۈن بىردىن ئىبادەتخانا سالدۇرۇپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋايشىراۋانا بىلەن لاكشىمى بۇ دۆلەتنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئالىي بۇدساتۇالىردىن بولۇپتۇ. قوستانا ۋەزىر ياساسى بىلەن بۇرۇنقىدەك ئىناق ئۆتۈپتۇ. قوستانا خان، ياساسى ۋەزىر بولۇپتۇ. قوستانا شەرقىي زېمىندىكى شاھزادىلىك سالاھىيىتىدىن ۋاز كېچىپ يۇرتىنى تېپىشقا ئاتلانغان ۋاقتىدا ئەمدىلا 12 ياش ئىكەن. 19 ياش ۋاقتىدا ئۇدۇن خانلىقىنى قۇرۇپتۇ. بۇ دۆلەت قۇرۇلۇپ 165 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يىئولانىڭ ئوغلى ۋىجاياسا مبخاۋا تەخت ۋارىسى بوپتۇ. ئۇ تەختكە چىقىپ بەش يىلدىن كېيىن، بۇددا دىنى ئەڭ دەسلەپ خوتەنگە تارقىلىپتۇ. ۋىجايا سامبخاۋا بۇ جايدىكى نادان پادىچىلارغا تىل ئۆگىتىش بىلەن بىللە لىيال (خوتەن) يېزىقىنى ئىختىرا قىپتۇ ۋە بۇ دۆلەتتىكىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئۇستازى بولۇپ، بۇددا دىنىنى روناق تاپقۇزۇپتۇ. ئۇ غايەت زور زاما ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بۇ يەردىكى بۇددا مۇنارى ئاسماندىن چۈشكەنمىش. ئۇ ھېلىقى زاما دېگەن جاينىڭ گاسا كوفا دېگەن يېرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر تۇرسۇن

4

خوتەننىڭ بۇد پادىشاھى بوگرىژ بالا ئارزۇلايدىكەن، كۆپ قېتىم كاتتا بۇتخانىلارغا بېرىپ بۇدساتۋادىن بالا تەلەپ قىپتۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئايالىنىڭ قورسىقىدا قالغانلىقى مەلۇم بولۇپتۇ. بۇنىڭدىن پادىشاھ بەك خۇشال بولۇپتۇ. تېخى تۇغۇلمىغان بالىغا ئىسىم قويماقچى بولۇپ يۈرگەندە، مۇنداق قىزىق ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. خانىش ھەرەمخانىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرسا قورساقتىكى بالىدىن مۇنداق ئاۋاز كەپتۇ:

ئانا، مېنىڭ ئىسمىمنى «كەجۇ» (بۇددا دىنىدىكى بىر ئارخاتنىڭ ئوغلى) قويماي، «قوتان» قويۇڭلار («قوتان» قەدىمكى خوتەن تىلىدا ئادەم ئىسمى ۋە «قورغان»، «مەزمۇت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دەپ ۋارقىراپتۇ. خانىش بۇ ئەھۋالنى خالخالغا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا قوشۇلۇپ بىر ئاي توي شادلىقى

قىلىپتۇ. بالا ئىككى ياشقا كىرگەندە قۇم - بوران ئاپىتى بولۇپتۇ. شاھزادە ئاتىسىغا «قوتان ياسايلى» دەپتۇ. شاھىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ماچىن ئېلىنىڭ ئوردا قارارگاھىغا قۇم - بوران توسىدىغان ياغاچ، شېغىللاردىن «قوتان» ياساپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى شاھزادە قوتاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ.

رەتلىگۈچى: شېرىپجان قاسىم

5

قەدىمكى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ھايات ئېلىپ بارغان تەبىئىي ياشامئورنى ئىككى سۇ (يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى) ئارىلىقى ئىكەن. ئۇ چاغدىكى كىشىلەر سۇنى بويلاپ ئورۇنلىشىپ، چارۋا بېقىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇلار شارائىتى ئەۋزەل بولغان بۇ ئىككى سۇ ئارىلىقىدا ئۆزلىرىگە چېدىر ۋە كەپە ئۆيلەرنى، چارۋىلىرى ئۈچۈن قوتانلارنى ياساپتۇ. ئۇلار ماللىرىنى كېچىلىرى بۇ قوتانلاردا ساقلاپ، كۈندۈزلىرى تاغ - جاڭگاللاردا يايلىتىپ باقىدىكەن. تۇراسىنىڭ نامىلىرى شۇ چاغدىكى ئومۇمىي ئەۋزەللىك بويىچە «قوتان» ياكى «قوتانلىق» دەپ ئومۇملاشقان بولۇپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئورۇندىن چىققانلىقلىرىنى «قوتاندىن چىقتىم» ياكى «قوتاندىن كەلدىم» ؛ قوتان تەرەپكە كىرگەنلىكلىرىنى بولسا «قوتانغا كەلدىم» ياكى «قوتانغا كىردىم» دەپ ئاتىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ يەرنىڭ نامى «قوتان» دەپ كۆلەملىشىپتۇ. ھازىرقى «خوتەن» دېگەن ئىسىم ئەنە شۇ «قوتان» ئىسمىدىن مۇھەرەب بولغانىكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەملەر كۆپىيىپ، بۇ «قوتانلىق» نىڭ ئورنىنى ئادەملەر كەڭ دائىرىدە ئىگىلەپ ئابادانلىق شەكىللىنىپتۇ. كىشىلەر تۇرمۇش شەكلىنى كېڭەيتىپ، ھۈنەر - سەنئەتلىك بازارلارنى ۋە شەھەر بىنالىرىنى بەرپا قىپتۇ. كىشىلەرنىڭ ھايات يايمىلىرى ۋە ياشايدىغان زېمىن كۆلەملىرى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئىككى سۇ ئارىلىقىدىن ھالقىپ، قايناق بوستانلىقلارنى بەرپا قىپتۇ. شۇ كەملەردىن تارتىپ كېيىنكى خېلى زامانلارغىچە بۇ كەڭلىكلەردىكى خەلقلەرنىڭ جەلپ بولىدىغان بازىرى يەنىلا ئىككى سۇ ئارىلىقىدىكى شەھەر - «قوتان» ئىكەن.

www.uyghurkitap.com



ئىككى دەريا ياقىسىدىكى خەلقلەر تۇرمۇش مەئىشىتى ئۈچۈن توختىماي شەھەرگە قاتنايدىكەن. كۈنگەي تەرەپتىن شەھەرگە ماڭغانلار ئەتىگەندە ئاپتاپنىڭ چىچىلىشى بىلەن يولغا چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پېشانە ـ يۈزلىرى كۆيمەي ئارقا تەرەپ دوقىسى كۆيىدىكەن. كەچلەردە قايتىشىدا قۇياش تەسكەي تەرەپكە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يەنىلا پېشانە ـ يۈزلىرى كۆيمەي داۋاملىق دوقىسى كۈن نۇرىغا قاقلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ قاش ـ يۈزلىرى قۇياشنىڭ تەسىرىگە يولۇقماي ئاق تۇرغانلىقى ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتتىكى «ئاق» مەنىسىنى ئىسپاتلايدىغان «يۈرۈڭ» (يوروۇق) سۆزى بىلەن بۇ كىشىلەر «يۈرۈڭقاشلار» — ‹يۈرۈڭقاشلىقلار›، دەپ، ماكانلىرى بىلەن دەريا ۋە سۇلىرى «يۈرۈڭقاش» دەپ ئاتىلىپتۇ. تەسكەي تەرەپتىن شەھەرگە ماڭغان كىشىلەر ئەتىگەندە ئاپتاپنىڭ چىچىلىشى بىلەن يولغا چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پېشانە، يۈزى كۆيۈپ، ئارقا تەرەپ دوقىسى كۆيمەيدىكەن. كەچلىرىدە قايتىشىدا قۇياش تەسكەي تەرەپكە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يەنىلا پېشانە، يۈزلىرى كۈن نۇرىدا كۆيۈپ، ئارقا تەرەپ دوقىسى كۆيمەيدىكەن. بۇلارنىڭ قاش ـ يۈزلىرى قۇياش نۇرىنىڭ تەسىرىگە يولۇقۇپ قارا بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ كىشىلەر «قاراقاشلار» — ‹قاراقاشلىقلار›، دەپ، ماكانلىرى بىلەن دەريا ۋە سۇلىرى «قاراقاش» دەپ ئاتىلىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇلھېمىت يۈسۈپ داموللاھاجى
رەتلىگۈچى: مەتقاسىم ئەكرەم

## 6

بۇددا كاشياپا دەۋرىدە ئەۋلىيالار لىيال (خوتەننىڭ تۈبۈتچە ئاتىلىشى) غا دائىم كېلىپ تۇرىدىكەن. لېكىن ئۇلار بۇ دۆلەتتىكىلەرنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىغاچقا كېتىپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن غەزەپلەنگەن يامغۇر ئىلاھلىرى قۇرغاق لىيالنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ساكيامۇنى هايات چېغىدا تالىپلىرىنى باشلاپ لىيالغا كەپتۇ. ساكيامۇنى شۇ چاغدا كۆلگە ئايلانغان لىيال زېمىنىغا شەپقەت نۇرىنى ياغدۇرۇپتۇ. شەپقەت نۇرىنىڭ كارامىتىدىن ئۈچ يۈز

ئاتمىش ئۈچ دانە نىلۇپەر گۈلى پەيدا بولۇپتۇ. ھەر بىر گۈلدە بىردىن چىراغ بار ئىكەن. بۇ چىراغلاردىن شەپقەت نۇرى جەملىنىپ، سولدىن ئوڭغا كۆلنى ئۈچ قېتىم چۆرگىلەپ نۇرلاندۇرۇپتۇ ھەم كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا غايىب بولۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ساكيامۇنى شارىپۇترا بىلەن ۋايشىراۋاناغا «سۇيى چوڭ تاغنىڭ رەڭگىدەك قاپقارا كۆلنى قۇرۇتۇۋەت» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شارىپۇترا ھاسا بىلەن كۆل ئاستىدىن تۆشۈك تېشىپتۇ، ۋايشىراۋانامۇ نەيزە ئۇچى بىلەن شۇنداق قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ساكيامۇنى گوسىرخا تېغىنىڭ يېنىدىكى ئىبادەتخانىدا جانلىقلارغا بەخت تىلەپ يەتتە كۈن تۇرۇپتۇ. ئۇ يەردە ھازىرمۇ بۇددا مۇنارى باركەن.

بــۇ چاغدا، ئاناندا ساكيامۇنىدىن ھېلىقى يۈز بەرگەن ۋەقەنى سوراپتۇ. ساكيامۇنى ئۇنىڭغا: «شارىپۇترا ھاسا بىلەن، ۋايشىراۋانا نەيزە ئۇچى بىلەن كۆل تېگىنى تېشىۋەتكەچكە، مېنىڭ كەينىمدىكى ئــۇ كۆل قۇرۇپ، ‹لىيال› دەپ ئاتىلىدىغان زېمىنغا ئايلىنىدۇ. كەلگۈسىدە شەپقەت نۇرى ئۈچ قېتىم ئايلانغان جايغا بەش مۇنارى بار چوڭ شەھەر قۇرۇپ، نامىنى ‹ئۇدۇن› دەپ ئاتاڭلار» ① دەپتۇ.

## 7

بۇددا كاشياپا زامانىسىدا ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ نامى ‹كالا ساما› ئىكەن، يېرى كەڭ، نېمەتلىرى كەڭرى ئىكەن، خەلقى خۇشال - خــۇرام يــاشــايــدىــكــەن. بىراق، «ئەمەلدىكىلەر پاراغەتكە بېرىلىپ كېتىپتۇ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ دانىشمەنلەرگە تۆھمەت قىلىپتۇ، يۈزىگە توپا چېچىپتۇ. دەرۋىشلەر ئۇلارنىڭ خورلىشىغا چىدىماي بۇ دۆلــەتــتــىن كېتىپتۇ. ئەل دانىشمەنلەرنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خــۇشــال بــولــۇشــۇپــتــۇ. بۇ ئىشتىن سۇ مۇئەككىلى بىلەن ئوت مۇئەككىلىنىڭ غەزىپى كېلىپ، بارلىق دەريا، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ھــەمــمــىــسىنى قۇرۇتۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەلدىكى جانلىقلار ئاچارچىلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولۇپتۇ. مەملىكەت چۆلدەرەپ

① ۋ. روكشىل (ئەنگلىيە): «لىيال ‹ئۇدۇن› نىڭ قەدىمكى زامان تارىخى» ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قاپتۇ» . بۇددا تاتاگاكا: «مەن نىرۋاناغا يېتىپ (ئالەمدىن ئۆتۈپ) يۈز يىلدىن كېيىن، بۇ يەر يەنە گۈللىنىدۇ. ئاھالىسى كۆپىيىدۇ. بارچە خەلق ئۇلۇغ كۆلەڭگىگە ھېرىسمەن بولىدۇ. ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. مەئىشەتلەر مول بولىدۇ. يوقسىزلىق بولمايدۇ» ① دەپ بېشارەت قىلىپتۇ.

## 8

شاھ فەرىدۇن پۈتۈن يەر يۈزىگە پادىشاھ بولۇپ، ئۆز تائىپىسىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىرسىنى چوڭ ئوغلى تۇرغا بېرىپتۇ. بۇ جاي دەريائى جەيھۇننىڭ بىر تەرىپى بولۇپ، «تۇران» دەپ ئاتىلىپتۇ. يەنە بىر تەرىپىنى «ئىران» دەپ ئاتاپ، كىچىك ئوغلى ئىراجغا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇران مەملىكىتى تۇرنىڭ ئوغلى ئافراسياپقا قاپتۇ. ئافراسىياپ تۇران زېمىنىغا، ئىراجنىڭ نەۋرىسى كەيكاۋۇس ئىران زېمىنىغا پادىشاھ بولۇپتۇ. ئافراسىياپنىڭ قىزى مەلىكە ھىمايۇننى كەيكاۋۇسقا بېرىپ، سىياۋۇشنى تۇران زېمىنىغا ئېلىپ كېلىپ چەرچەنگە پادىشاھ قىلىپتۇ. ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدا بىر شەھەر بىنا قىلىپتۇ. بۇ شەھەرنى سىياۋۇشنىڭ خۇتۇنىنىڭ شەھىرى دېمەكچى بولۇپ، «خوتۇن شەھىرى» ② دەپ نام بېرىپتۇ.

## 9

ئافراسىياپ پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەي پەرىشان يۈرگەندە، ۋەزىرلىرى: خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاننى قىسقارتىپ، ئاجىز - مىسكىنلەرگە ئاسايىشلىق بېرىلسە مەبۇد پەرزەنت ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئافراسىياپقا مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئافراسىياپ مەسلىھەتكە ماقۇل بولۇپتۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە ئافراسىياپنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ بىر قىز تۇغۇپتۇ. بۇ قىزنىڭ بەختىنى كۆرۈپ قىزىغا «خوتەن» دەپ ئات قويۇپتۇ. «خوتەن» ئافراسىياپ دەۋرىدە «چىرايلىق» دېگەن سۆز ئىكەن. ئافراسىياپ قىزىم ئۈچۈن يىلان -

---

① لى يېنپېڭنىڭ «بۇددا ئىلى — ئۇدۇن» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.
② مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجى: «تارىخىي ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» (قولىيازما) دىن ئېلىندى.

چاياندىن، يەر تەۋرەشتىن، سۇ ئاپىتىدىن، قاتتىق سوغۇق ۋە قاتتىق ئىسسىقتىن خالىي بىر شەھەر بىنا قىلىڭلار، دەپ پەرمان قىلىپتۇ. پەرماندارلار شۇ تەلەپ بويىچە يەر يۈزىنى كېزىپ خوتەننى مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتەن بىنا قىلىنىپتۇ[1].

## 10

بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرى، خوتەن تېبابەتچىلىكىنىڭ ئاتىسى غازىباي تېرىم (تارىم) يايلىقىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تېبابەتچىلىك رېتسىپلىرى ۋە بىر قانچە يىللىق دالا كېزىش — توپلاش، رەتلەش، ئىش قوشۇش ئاساسىدا يەكۈنلەپ 312 ماددىلىق «غازىبابىنىڭ ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى» نى يېزىپ چىقىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇنان ئالىمى ئەپلاتون ئۆز شاگىرتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بىر قانچە يىل يۈرۈپ، خوتەن دىيارىدىن غازىبابىنى تېپىپتۇ. ئۇنىڭ يۇرتىدا ھەر خىل مېۋە - چېچەكلەرنىڭ تۆكمە ئىكەنلىكىنى؛ بىنەپشە، ئارپىبەدىيان، سانا، يۇمغاقسۇت، ئوغرىتىكەن، ئاق لەيلى، لالە ئوت، ئاچچىق تاۋۇز ... قاتارلىق نەچچە يۈز خىل ئوت - چۆپ دورىلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. غازىبابىنىڭ 312 ماددىلىق دورىلار كىتابىنى كۆرۈپ ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ھەمدە ئەپلاتوننىڭ ھەر خىل ئىلىملەر تەھسىل قىلىدىغان ئالىم ئىكەنلىكى، ئەگەر ئەپلاتون بۇ ئەسەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىسىلا، غازىباي ۋە تارىم خەلقىگە ھەر جەھەتتىن زور ياردەملەر بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. غازىباي كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن ھەر قايسى ئەللەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، قىممەتلىك ئەسىرىنى قىرىق ياشلىق ئوغلى بارىينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، كەلگەنلەر بىلەن بىللە ئەپلاتوننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. ئەپلاتون بارىينى ئالىي ئېھتىرام بىلەن قىزغىن قارشى ئاپتۇ، غازىبابىنىڭ ئەسىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، ئۇنىڭ

---

[1] بۇ ھەقتە مىلادىيە 1200 - يىللىرى يېزىلغان «ھەدىقەتۇل ئەقالىم» (ھەر قايسى ئەللەر تەزكىرىسى) ناملىق كىتابتا تەپسىلىي بايانلار بار. بۇ رىۋايەتنىڭ مەنبەسى ئاشۇ كىتابتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تېببىي ئىلىمدىكى ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپتۇ ھەمدە بۇنىڭغا جاۋابەن ئامراق قىزى ئەنفىيەلۇسنى بارىيغا نىكاھلاپ قويۇپتۇ. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بارىي بىلەن ئەنفىيەلۇس تارىمغا قايتماقچى بولغاندا، ئەپلاتون غازىبايىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىگە جاۋابەن ھازىرقى خوتەن رايونىغا قاراشلىق شەھەرلەرنى تېخىمۇ ھەيۋەت گۈزەل قىلىپ قۇرۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھۈنەرۋەنلەرنى قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ. بۇ ھۈنەرۋەنلەر بارىينىڭ باشلامچىلىقىدا بۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن بىللە ھازىرقى كېرىيە، خوتەن، قاراقاش، گۇما شەھەرلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپتۇ. خەلق خاتىرە ئۈچۈن كېرىيىنى «سېھراب»، خوتەننى «زىبھراب»، قاراقاشنى «خاراب»، گۇمىنى «داۋاب» دېگەن يۇنانچە ناملار بىلەنمۇ ئاتىشىپتۇ. خوتەن (زىبھراب) مەركىزى شەھەر بولغاچقا، خەلق ۋە ھۈنەرۋەنلەر بارىي ۋە ئەنفىيەلۇس ئۈچۈن يۈز خانىلىق توققۇز قەۋەت مۇنارلىق ئوردا ساپتۇ. بۇ بىنا 1200 يىلدەك خاراب بولماي سالامەت تۇرغانمىش. «ئوردا ئالدى بازار» دەپ چوڭ رەستە ياساپ ئاۋاتلاشتۇرۇلۇپتۇ. خوتەن ئاۋاتلىشىپ 10 يىلدىن كېيىن بارىي خان بوپتۇ. خوتەن دىيارىدىكى بۇ شەھەرلەرنىڭ نامى نەچچە يۈز يىللار يۇنانچە ئاتىلىپ، كېيىن ‹ئۇدۇن› قاتارلىق نەچچە خىل نامغا، كېيىن تەدرىجىي «خوتەن» دېگەن نامغا ئۆزگەرگەنىكەن.

## 11

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەپلاتوننىڭ قىزى جاھاننەمىدا قاراقۇرۇم تاغلىرى قاپتاللىرىدا قوي بېقىۋاتقان كېلىشكەن، بەستلىك بىر يىگىتنى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ، مەلىكىنىڭ چىرايى زەپىران بولۇپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ئەپلاتون بىر كۈنى پۈتكۈل تېۋىپ، ھەكىملەرنى چاقىرتىپ قىزىنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇلارمۇ كېسەلنى ئېنىقلىيالماپتۇ، بىر كۈنى ئەپلاتون ھەبەشلىك تېۋىپ جاغرىنى كەلتۈرۈپ، قىزىنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇ دەپتۇكى: «قىزىڭىز كېسىلى يۈرەكتە ئىكەن، بىر يىگىتكە ئاشىق بوپتىلەر، يىگىت 10 مىڭ پەرسەك

يــــراقتىكى چىن ماچىن ئېلىدىكەن، تېزرەك تۈتۈش قىلىپ توي ئىــشلىرىنى بېجىرمىسەك، مەلىكىدىن ئايرىلــىپ قېلىــشلىــرى مۇمكىن» . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئەپلاتون ھەكىم ئادەم تەييارلاپ يۈز قېچىرغا مال ئارتىپ، چىن ماچىنغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر توپتوغرا قىرىق بەش كۈندە چىن ماچىندىكى «قوتان» دېگەن شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ماچىن پادىشاھى ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ داغدۇغا بىلەن زىياپەت بېرىپتۇ، ئەھۋالنى بىلگەن ماچىن پادىشاھى جىكالو خالخان يىگىتنى ناھايىتى كۆپ سوۋغا - سالام بىلەن يولغا سالپتۇ. ئۇلار يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەپلاتون ھەكىم قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ ماچىنلىق يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلىپتۇ. ئۇلار ئارىلىقتا ماچىنغا كېلىپ - كېتىپ تۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سوقرات ھەكىم ئوردىغا كىرسە، ماچىنغا بېرىشنىڭ جىددىي تەييارلىقى بولۇۋېتىپتۇدەك، سوقرات ھەكىم ئۇلاردىن:

— خېتەنگىمۇ دەپ سوراپتۇ. ئۇلار: ھەئە، دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. «خېتەن» دېگەن سۆز پارسچە «كۈيئوغۇلنىڭ يۇرتى» دېگەنلىك بولىدىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىن ماچىن شەھىرى «خېتەن» ئاتىلىپ، كېيىن فونېتىك ئۆزگىرىش ياساپ «خوتەن» بولۇپ قاپتۇ.

رەتلىگۈچى: شېرىپجان قاسىم

# خوتەن گىلىمى ھەققىدە ئىككى ئەپسانە

1

خوتەن پادىشاھىنىڭ گۈلەمخان ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. ئاشۇ قىز گىلەم توقۇشنىلا ئەمەس، ھەتتا قۇشلارنىڭ تىلىنىمۇ بىلىدىكەن. بىر كۈنى بۇ قىزنىڭ دادىسى ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن دەريا بويىدا تاماشا قىلىۋاتقاندا، بىر قۇشنىڭ باشقا قۇشلارغا ئوخشىمايدىغان ئاۋازدا سايراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بۇنىڭغا ئەجەبلەنگەن شاھ ۋەزىرلىرىدىن: «بۇ قۇش نېمە دەپ سايراۋاتىدۇ؟ قۇشنىڭ تىلىنى كىم بىلىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ قۇشنىڭ تىلىنى ئۇنىڭ قىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزنى چاقىرىپ سوراپتۇ. ئۇنىڭ قىزى: «بۇ قۇش ئايال كىشى شاھنى گادايى قىلىۋېتىشى-ۋە شۇنداقلا گادايىنى شاھ قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن دەپ سايراۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ شاھ غەزەپلىنىپتۇ ـ دە، بىر گادايىنى چاقىرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا قىزنى تۇرمۇشقا چىقىرىپ: «مانا ئەمدى ئۇنى سەن شاھ قىلىپ باق» دەپ، ئۇلارنى چۆلگە ھەيدىۋېتىپتۇ.

گاداي چۆلدىن ئوتۇن توشۇپ بازارغا ئەكىلىپ ساتىدىكەن، تاپقان پۇلىغا ھەر كۈنى يىپ سېتىۋېلىپ ئايالىغا ئەكىلىپ بېرىدىكەن. گۈلەمخان ئېرى ئەكىلىپ بەرگەن يىپتىن ھەر خىل كەشتىلەرنى توقۇيدىكەن، ئېرى ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. پەيدىنپەي ئۇ گىلەم توقۇشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىپ ئاجايىپ ئۈز، جۇلالىق گىلەملەرنى توقۇپتۇ. ئېرى بۇ گىلەملەرنى سېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ. ئاخىرى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇرۇنقى گاداي ئۆزى ئوتۇن ئاپىرىپ ساتقان شەھەرگە پادىشاھ بوپتۇ.

بىر كۈنى گۈلەمخان دادىسىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرى شاھلىق سەلتەنىتى بىلەن قىزنىڭ دادىسىنى قوبۇل قىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن شاھ ھېلىقى قۇشنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شاھ ئەل ـ جامائەت ئالدىدا قىزى توقۇغان گىلەمگە ئۇنىڭ نامىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ خوتەن گىلەملىرىنىڭ ئايرىم تۈرلىرى گۈلەمخاننىڭ نامى بىلەن «گۈلەم گىلىمى» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

2

قەدىمكى زاماندا، باھار كۈنلىرىدە يورۇڭقاش دەرياسى بويى ساھىللىرى قۇياش نۇرلىرىغا چۆمگەن، چېكەتچۈش ۋاقتىدا چاچلىرى يۇمران، ساقىلى شالاڭ ئۆسكەن بىر بوۋاي ئىككى تەرىپىدە يالىسى بار تورۇق ئاتقا مىنگىنىچە بۇ زېمىنغا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. ئات ئېگىرى ئۈستىگە ناھايىتى كۆركەم ھەم رەڭدار نەپىس گىلەم يۆگەپ قىلىنغانىكەن. يورۇڭقاشلىق چىرايلىق زىبا گىلەمخان بۇ خەۋەرنى

ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ خىزىر سۈپەت كىشىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىن ھۈنەر ئۆگىنىشنى نىيەت قىلىپتۇ. قىزچاقنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىمىي تىرىشچانلىقى پىر ئۇستازنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. ئۇ گىلەم توقۇش ھۈنىرىنى يوشۇرماستىن ئۇنىڭغا تولۇق ئۆگىتىپتۇ. كىشىلەر گىلەمچىلىكنىڭ بۇ پىر ئۇستازىنى «نەقىشۋەن پىرىم» دەپ ئاتىشىپتۇ. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن قىزچاق ئۇستا گىلەمچى بولۇپ يېتىشىپتۇ. پىرىم بۇنى كۆرگەندىن كېيىن خاتىرجەم ھالدا ئاتقا مىنىپ بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىب بوپتۇ. گىلەمخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە گىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇستازىنىڭ ئەجرىنى ئاقلاپتۇ. باشقىلارغا گىلەمچىلىكنى قېتىرقىنىپ ئۆگىتىپتۇ. كېيىن كىشىلەر، گىلەمخاننىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بۆز يىپنى ئۆرۈش، يۇڭ يىپنى ئارقاق قىلىپ توقۇلغان بۇ سىلىنچىغا «گىلەم» دەپ ئات قويۇپتۇ.

## ياڭاق رىۋايىتى ①

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياڭاق ئەڭ دەسلەپتە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرىدىغان ئىلاھىي ئانىنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسى ئىكەنمىش. قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتى (ھازىرقى خوتەن) دە ئامانتۇر ئىسىملىك بىر يىگىت بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇدۇن دۆلىتىدىكى ئابرۇيلۇق خالۋاپ بولۇپ، تۈرلۈك - تۈمەن نۇسخىلاردا گىلەم توقۇيدىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭغا گىلەم توقۇش ھۈنەر - سەنئىتىنى كىشىلەرگە ئۆگىتىپ، ئۇدۇن گىلەمچىلىكىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇشنى ئەمىر قىلىپتۇ. ئامانتۇرنىڭ ئانىسى پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەپتۇ، ئەمما ئۇزاققا قالماي چارچاپ ھالىدىن كېتىپتۇ - دە، ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. گىلەم توقۇشنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ئىشى بولسا ئورۇندالماي قېلىۋېرىپتۇ. يىراق - يېقىندىن تەكلىپ قىلىپ كەلگەن داڭلىق تېۋىپلارنىڭ

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1988 - يىل 19 - ئىيۇل سانىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com



ھەممىسى، پەقەت قاراقۇرۇم تىغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئىلاھىي ئانىنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسىلا ئامانتۇرنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلىنى ساقايتالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەپسۇسكى ئىلاھىي ئانىنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسىنى ئادەمزاتنىڭ ئۆزۈشى مەنئىي قىلىنغانىكەن. ئىلاھىي ئانا ھەركۈنى ئىككى قاۋۇل دىۋىنى خاسىيەتلىك مېۋە دەرىخىنى قوغداشقا ئەۋەتىدىكەن. ئەگەر ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇ يەرگە بارسا، خاسىيەتلىك مېۋىنى ئالالمايلا قالماستىن، ھەتتا ئۆز جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىكەن. ئۇدۇن پادىشاھى ئامانتۇرنىڭ ئانىسىنىڭ ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ خاسىيەتلىك مېۋىنى ئېلىپ كېلەلىگەن كىشىنى ئۇدۇننىڭ كېيىنكى پادىشاھى قىلىپ بەلگىلەيدىغانلىقى ھەققىدە پەرمان جاكارلاپتۇ. ئامانتۇر پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئاشۇ خاسىيەتلىك مېۋىنى ئېلىپ كېلىپ ئانىسىنى ۋە ئۇدۇن گىلىمىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا بەل باغلاپتۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلماقچى بولۇشتىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ پادىشاھلىق تاجۇ تەختىگە ئېرىشىش ئەمەس ئىكەن.

ئامانتۇر يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى يورۇڭقاش دەرياسىغا بېرىپ، دەريا تېگىدىن ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغان بىر زۇلپىقارنى ئېلىپ چىقىپتۇ، ئاندىن كېيىن قاراقۇرۇم تىغىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئامانتۇر يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئىلاھىي ئانىنىڭ دىۋىلىرى بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ، ئۇلارنى يەڭگەندىن كېيىن ئۇدۇل خاسىيەتلىك مېۋە دەرىخىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ... دەل شۇ چاغدا، ئىلاھىي ئانا ئامانتۇرنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ ۋە ئامانتۇرنىڭ ئىلاھىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئامانتۇر ئىلاھىي ئانىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، تولىمۇ خورسىنغان ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شاپائەتلىك ئىلاھىي ئانا، مېنىڭ ئانام ئۇدۇن خانلىقىنىڭ گىلەمچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىنى باشقىلارغا ئۆگىتىۋاتاتتى. ھازىر ئۇ كېسەل بولۇپ قېلىپ ھاياتى ئېغىر خەۋپ

ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئالەمدە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنى پۈتۈن ئانىلارنىڭ روھى دېيىشىدىكەن. ھۆرمەتلىك ئىلاھىي ئانا، ئەگەر سىز مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟ سىز مېنى شۇ تاپتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلسىڭىز مەيلى، لېكىن مەن خىسلەتلىك مېۋىنى ئانامغا ئاپىرىپ بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆلتۈرسىڭىز، مەن ئانامنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىم، ئۇدۇن گىلەمچىلىكىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىم كېرەك! ئەگەر تەلىپىمنى قوبۇل قىلمىسىڭىز، ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ!

ئامانتۇرنىڭ بۇ تەسىرلىك سۆزلىرى، ئىلاھىي ئانىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇ چوڭقۇر خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خاسىيەتلىك مېۋە دەرىخىنى ئامانتۇرغا تاپشۇرۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئامانتۇرمۇ بۇ دەرەخنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپتۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى خاسىيەتلىك مېۋە دەرىخى خوتەن دىيارىدا يەرلىشىپتۇ ۋە ئاينىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ياڭاقنى ئىتتىپاقلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدىغان بوپتۇ.

رەتلىگۈچى: **توختى مۇھەممەت**

## پىلە قۇرتى ۋە يىپەك رىۋايىتى

قەدىمكى زاماندا ئۇزۇنتات شەھرىدە بوي - بەستى كېلىشكەن، قاۋۇل، زىيادە ئەقىللىق، نۇرغۇن ھۇنەرلەرنى بىلىدىغان مەرگەن ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ زاماندا ئۇزۇنتاتتا ئاھالە ئاز بولغاچقا، يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى لەشكەر بولمىسا بولمايدىكەن. مەرگەن لەشكەرلىككە كىرگەندىن كېيىن، ئەقىللىقلىقى ۋە قابىللىقى تۈپەيلى تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپتۇ. دەسلەپتە ئۇ جابدۇقخانىدا ئىشلەپ ئوقيا، نەيزە، قىلىچ قاتارلىق قوراللارنى ياساشنى پىششىق ئۆگىنىۋاپتۇ. كېيىن بىر بۆلۈك لەشكەرگە لەشكەر بېشى بولۇپ نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتنىشىپ كۆپ تۆھپە يارىتىپتۇ. ئوقيا ئېتىشقا ناھايىتى ماھىر ئىكەن. ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز كەينىگە

قايىرىلىپ ئاتقان ئوقلىرىمۇ نىشانغا خاتاسىز تېگىدىكەن. باشقا لەشكەرلەر ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتىگە ئىنتايىن قايىل ئىكەن. ئۇلار، بارا - بارا مەرگەن ھەر قېتىم ئوقنى نىشانغا دەل تەگكۈزگەندە ياكى جەڭ ئۈستىدە بىر ئوقتا بىر دۈشمەننى موللاق ئاتقۇزغاندا «مەرگەن، ئاپىرىن، مەرگەن» دەپ تووۋلىشىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «مەرگەن» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئىسمىدىن «ئوقنى دەل تەگكۈزەلەيدىغان كىشى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قاپتۇ، جەڭگە ياكى ئوۋغا ماھىر كىشىلەرمۇ «مەرگەن» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

مەرگەن لەشكەرلىكتە يۈرۈپ 40 ياشلارغا كىرگۈچە ئۆيلەنمەپتۇ. ئۇنىڭ نامى ئۇزۇنتات شەھرىدىن ھالقىپ، ئۇزۇنتاتنىڭ دۈشمەنلىرى ئىچىدىمۇ پۇر بوپتۇ. دۈشمەن قوشۇنىنىڭ لەشكەرلىرى «مەرگەن» ، «مەرگەن كەلدى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسىلا يۈرىكى پوكۇلدايدىغان، لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ بېشى ئاغرىيدىغان بوپقاپتۇ. ئۇلار بۇ ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ. مەرگەننىڭ بىر قېتىملىق لەشكىري يۈرۈشىدە، دۈشمەن تەرەپ يول ئۈستىدە بۆكتۈرمە قويۇپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىپتۇ ۋە نۇرغۇن ئادىمى چىقىم تارتىش بەدىلىگە مەرگەننى ياربدار قىپتۇ. سول كۆزىگە ئوق تەگكەن مەرگەن سىڭار كۆزىدىن ئايرىلىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن لەشكەرلىكتىن بوشاپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. غورىگىل ياشاۋاتقان ئاتا - ئانىسى بار ۋەسلىنى يىغىپ ئۇنى مەشۇت ئىسىملىك بىر قىزغا ئۆيلەپ قويۇپتۇ. بىر نەچچە يىل ئۆتمەيلا ئۈچ باللىق بوپتۇ، ئۇ نەيزە - قىلىچ، ئوقيا ياساپ سېتىش، ئوۋ قىلىش بىلەن ئائىلىسىنى قامداپتۇ، بىراق قانچە تىرىشسىمۇ تاپقان - تەرگىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن ئاشماپتۇ. بىرەر تاختا يەر، بىرەر پادا مال قىلالماپتۇ. شۇ ئاردا ياشانغان ئاتا - ئانىسى ئارقا - ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۈشمەن تەرەپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنى زادىلا توختاتماپتۇ. كۆپ قېتىم جاسۇس ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا قەست قىپتۇ، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇزۇنتات لەشكەرلىرىنىڭ روھىنى سۇندۇرماقچى بوپتۇ. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ھوشيارلىقى ۋە مەرگەنلىكىگە

تايىنىپ جاسۇسلارنىڭ قەستىدىن ئامان قالغان بولسىمۇ، بۇ يەردە يەنە تۇرۇۋەرسە هامان بىرەر پېشكەللىككە يولۇقىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، باشقا يەرگە كېتىش نىيىتىگە كەپتۇ.

مەرگەن كىشلەرگە سەزدۇرمەيلا ئۆيىۋاقىنى بىر نەچچە ئات، ئېشەككە تېگىشىپ، خوتۇن - بالىلىرى ۋە ئۆي بىساتلىرىنى ئېلىپ، بىر كېچىسى جىمجىتلا يۇرتتىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۇۋ قىلىش داۋامىدا كۆرۈپ قويغان بىر جاينى نىشانلاپ، بىپايان قۇملۇق ئىچىدە شەرققە قاراپ بەش كۈن مېڭىپتۇ. ئەتىسى چۈش بولغاندا بىر ئېقىن بويىغا يېتىپ كەپتۇ.

— بۇ قەيەر؟ — سوراپتۇ مەشۇت ئېرىدىن، — ئادەملەر بارمۇ؟

— بۇ بىر دەريانىڭ ئاياغ ئېقىنى بولسا كېرەك، — دەپتۇ مەرگەن جاۋابەن، — بىر قانچە يىل ئالدىدا مەن ئۇۋ قىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز چىققان قارا بوراندا ئېزىپ قېلىپ كېلىپ قالغان يەر شۇ. بۇ يەردە ئادەمزات يوق، شۇڭا بۇ يەرنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىمۇ نامەلۇم. هە توغرا، بۇ يەردە ياۋا جۇجەم دەرەخلىرى ناهايىتى كۆپ، شۇڭا بۇ يەرنى «جۇجەملىك» دەپ ئاتىساق بولار.

— ۋاي توۋا، — دەپتۇ مەشۇت خورسىنىپ، — ئادەمزات يوق يەردە قانداق ياشارمىز؟

— قايغۇرما مەشۇت، مانا بىز ئادەمزات ئەمەسمۇ، بۇ يەردە سۇ بار، دەل - دەرەخلەر كۆپ، كېيىك، بۇغا، توشقان دېگەندەك ياۋايى هايۋانلارمۇ كۆپ، سىلەرنى ئوۋچىلىق بىلەن قامدايمەن، — دەپتۇ مەرگەن خوتۇنىغا تەسەللى بېرىپ ۋە سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — مانا هازىر ئەتىياز پەسلى، بىز بۇ يەرگە زىرائەت تېرىيمىز، كۈزگىچە بىزدە ئاشلىقمۇ بولىدۇ.

مەرگەن يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئۇلاغلارنى ئوتقا قويۇۋېتىپتۇ، ئۆزى ئەتراپنى ئايلىنىپ، مۇۋاپىق يەر تاللاپ، توغراق بادرىلىرىنى كېسىپ كېلىپ، يۆلەپ بىر - بىرىگە چېتىپتۇ. ئۈستىگە كىگىزلەرنى ئارتىپ باغلاپ ئۇچلۇق كەپە ياساپ، خوتۇن - بالىلىرىنى جايلاشتۇرۇپتۇ. ئاندىن مەشۇت بىلەن بىللە بىر پارچە تۈز يەرگە ئېرىق چېپىپ، قىر سېلىپ، سۇ باشلاپتۇ، بۇغداي، تېرىق، تاۋۇز، كاۋا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



قاتارلىقلارنى تېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇ يەردە ماكانلىشىپ قاپتۇ. مەرگەن ئارىلاپ ئوۋ قىلىپ تۇرۇپتۇ.

— قارالڭ مەشۇت، — دەپتۇ بىر كۈنى كەچتە ئوۋدىن قايتىپ كەلگەن مەرگەن ئوۋلىغان نەرسىلەرنى غانجۇغىدىن يەشكەندىن كېيىن قوينىدىن بىر تۇتام ئاپئاق غوزەكلەرنى چىقىرىپ، — بۇ نېمىدۇ؟ ئايـاغدىكى جۇجەملەر ساپلا مۇشۇنداق غوزەكلەر بىلەن قاپلىنىپ كېتىپتۇ. سىزگە كۆرستەي دەپ ئەكەلدىم.

— مەن نەدىن بىلەي؟ — دەپتۇ مەشۇت غوزەكلەرنى قولىغا ئېلىپ تەئەججۇپ بىلەن، — ئۆتكەندە جۇجەملەردە نۇرغۇن ئاق قۇرتلار ئۆمىلىشىپ يۈرەتتى، ئەمدى قۇرتلار كۆرۈنمەيدۇ، غوزەكلەر پەيدا بوپ قاپتۇ.

ئۇلار غوزەكلەرنى كېسىپ كۆرسە ئىچىدىن مايـاقتەك نەرسە چىقىپتۇ. غوزەك قېپىنى تىتىپ بېقىپتۇ، تىتىلماپتۇ.

— بەكمۇ چىداشلىق نەرسىدەك قىلىدۇ، ئەمما ئىشلەتكىلى بولمىغۇدەك، — دەپتۇ مەشۇت ۋە غوزەكلەرنى كۆل ـ ئەخلەت ئۈستىگە تاشلىۋېتىپتۇ.

كۈز كەپتۇ، مەرگەن ئەر ـ خوتۇن ئازادە گەمە كولاپ، ئۈستىنى پۇختا يېپىپ كۆچۈۋاپتۇ. ئاشلىقلىرىمۇ ياخشى ئوخشاپتۇ. بىراق ئاشلىقنى يۇمشىتىشنىڭ ئامالىنى قىلالماپتۇ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىمۇ يىرتىلىپ كونىراپ كېتىپتۇ. مەرگەن قىشنىڭ غېمىنى قىلىش ئۈچۈن ئوۋلىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى ئات ـ ئېشەكلەرگە ئارتىپ ئەسلىي يۇرتىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۆيدە قالغان مەشۇت بالىلىرىنىڭ يىرتىق كىيىملىرىنى ياماپ بەرمەكچى بوپتۇ. بىراق يىپ تۈگەپ قالغانىكەن. ئۇ ياماق يامىغۇدەك يىپ تاپالماي بەكمۇ ئاۋارە بوپتۇ. ئاخىرى «ئىلگىرى ئەخلەت بىلەن تۈكۈۋەتكەن يىپ ئۈچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ ئەخلەت دۆۋىسىنى ماتىلاپتۇ، يىپ ئۈچرىماپتۇ. بىراق، يىپ دېسە يىپ ئەمەس، يۇڭ دېسە يۇڭ ئەمەس بىر كاللەك نەرسە قولىغا چىقىپتۇ. ئۇ بۇنىڭ ئارىسىدىكى بەزى غوزەكلەرنى كۆرۈپ، بۇ نەرسىنىڭ ئەتىيازدا ئۆزى تاشلىۋەتكەن غوزەكلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. لېكىن، بۇ نەرسە كۆل ـ ئەخلەت

بىلەن بۇلغىنىپ مەينەتلىشىپ كەتكەنىكەن. مەشۇت ئۇنى قىزىق سۇ بىلەن يۇيۇپ، يېپىپ قۇرۇتۇپتۇ. ئاندىن ئۇنى تىتىپ سوزغانىكەن، ئاسانلا سوزۇلۇپ چىقىپتۇ. ھېلىقى نەرسىنى سوزۇپ، ئېشىپ نۇرغۇن يىپ قىلىۋاپتۇ. ئۇ بۇنداق يىپنىڭ بەكلا سىلىق ۋە چىداشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، بالىلىرىنىڭ كىيىملىرىنى ياماپ بېرىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي مەرگەن قايتىپ كەپتۇ، ئۇ تېرىلەرنى سېتىپ، يۇڭ چەكمەن، جىت (بىر خىل يۇڭ رەخت)، يارغۇنچاق ۋە باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ. تېخى، ئۇلارنىڭ بىر قانچە تۇغقانلىرى ۋە بەزى نامرات يۇرتداشلىرىمۇ بالا - ۋاقىلىرىنى ئېلىپ بىللە كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن جۇجەمدە ئون ئائىلىدەك ئادەم بوپتۇ.

— قوشنىلارنى ئەكىلىپ بەكمۇ ياخشى قىپسىز، ئەمدى ئۆتكەنكى زېرىكەرلىك كۈنلىرىمىز تۈگەيدىغان بولدى، — دەپتۇ مەشۇت ئېرىگە رازىمەنلىك بىلەن قاراپ، — مەنمۇ سىزگە بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي، بىز ئۆتكەندە تاشلىۋەتكەن غوزەكلەر كېرەكسىز نەرسە ئەمەسكەن، مەن ئۇلاردىن بىر مۇنچە يىپ چىقىرىۋالدىم.

مەشۇت سۆزلىگەچ ھېلىقى يىپلارنى كۆرسىتىپتۇ، مەرگەن يىپلارنى كۆرۈپ خوتۇنىدىن ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سوراپتۇ. ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بىردەم ئويغا چۆمۈپتۇ، ئاندىن خوتۇنىغا ئەستايىدىل ھالدا دەپتۇ:

— سىز قالتىس بىر ئىشنى بايقاپسىز مەشۇت، بۇ جۇجەملىكنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ، غوزەكلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنى يىپقا ئايلاندۇرالايدىغانلا بولساق، يۇڭ يىپتىن رەخت توقۇغاندەك ئۇسۇلدا ئۆزىمىز رەخت توقۇيالايمىز.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يەنە ئەتىياز بوپتۇ، جۇجەمدە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بوز يەر ئېچىپ ئېكىنزارلىق بەرپا قىپتۇ. جۇجەمزارلىقتىكى ياۋا قۇرتلار يوپۇرماقنى تويۇنغاندىن كېيىن يەنە غوزەككە ئايلىنىپتۇ، مەرگەن بىلەن مەشۇت خېلى كۆپ غوزەك يىغىپ كەپتۇ. ئۇلاردىن بىر قىسمىنى خىللاپ مۇجۇپ بېقىپتۇ، تارتىپ بېقىپتۇ، ساۋداپ بېقىپتۇ، لېكىن زادىلا يۇمشىتالماپتۇ، ھېچنىمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قىلىپ يېپقا ئايلاندۇرالماپتۇ.
— ماڭا قارا مەشۇت، سەن خاتالاشقان ئوخشايسەن، — دەپتۇ مەرگەن خوتۇنغا.
— قايسى ئىشتا خاتالىشىپتىمەن؟ — سوراپتۇ مەشۇت.
— ھېلىقى يېپىنىڭ ئىشىدا، سەن يىپ چىقارغان ھېلىقى نەرسە غوزەك بولماستىن، بەلكى ئۆيدىكى تېرە كۆرپىلەردىن ئاجراپ كەتكەن يۇڭ بولسا كېرەك.
— ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ مەشۇت، — مەن يۇڭ بىلەن غوزەكنى ئايرىيالمىغۇدەك كالۋا ئەمەس.
— ياق، سەن خاتالىشىپسەن.
— يوقسۇ، مەن خاتالاشمىدىم. بەلكى سىز خاتالاشتىڭىز.
— ئەمىسە نېمىشقا بۇ غوزەكتىن يىپ چىقمايدۇ؟
ئەر - خوتۇن شۇنداق گەپ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالايلا دەپتۇ.
— مەرگەن، بىكاردىن بىكارغا تالىشىۋەرمەيلى، — دەپتۇ مەشۇت ئەزەلدىن بىر ئىشقا مۇنداق تەگەپ باقمىغان ئېرىگە قاراپ.
مەرگەننىمۇ باشقا گەپ قىلماي ئۆز ئىشىغا مېڭىپتۇ. مەشۇت ھېلىقى سوقۇلمىغان غوزەكلەرنى گەمىنىڭ بولۇڭىغا تاشلاپ قويۇپتۇ.
ئۇن نەچچە كۈندىن كېيىن مەرگەن ئەر - خوتۇن گەمىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئاق كېپىنەكلەرنىڭ مىغىلداپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. «بۇ بىرەر يامانلىقنىڭ بېشارىتىمۇ نېمە؟» دېگەنلەرنىمۇ ئويلاپتۇ. لېكىن، تېگىگە يېتەلمەپتۇ. مەشۇت گەمىنى سۈپۈرۈۋېتىپ، ھېلىقى غوزەكلەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە نۇرغۇن غوزەكلەرنىڭ بىر بېشى تۆشۈك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەپتۇ:
— قاراڭ مەرگەن، بۇلارنىڭ بىر بېشى تۆشۈك تۇرىدۇ، باللار تېشىپ ئوينىغانمىدۇ؟
مەرگەن غوزەكلەرنى ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپتۇ. «چېكراق تۇتسىلا مىجىلىپ كېتىدىغان بۇ نەرسىنى باللارنىڭ بۇنداق ئۆلچەملىك تېشىپ ئوينىيالىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ تېخى تېشىلمىگەن غوزەكلەرنى كېسىپ كۆرگەنىكەن، بەزىسىنىڭ ئىچىدىن مایاقتەك نەرسە چىقىپتۇ، كۆپىنچىسىنىڭ ئىچىدىن تېخى تولۇق

يېتىلىپ بولالمىغان ئاق كېپىنەكلەر چىقىپتۇ.

— تاپتىم، — دەپتۇ مەرگەن خۇشاللىق بىلەن، — گەمىدىكى كېپىنەكلەر مۇشۇ غوزەكلەرنىڭ ئىچىدىن تېشىپ چىققانىكەن.

ئېرىنىڭ باياتىن بېرىقى ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان مەشۇتمۇ ئېرىنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ھېلىقى يىپنىڭ گېپىنى چىقىرىپتۇ:

— دېمەك مەن خاتالاشمىدىم، ھېلىقى يىپلار ئۆتكەن يىلقى مۇشۇنداق غوزەكلەردىن چىققان.

— ئىككىسى ئىككى گەپ، — دەپتۇ مەرگەن، — بولمىسا نېمىشقا بۇ غوزەكلەردىن يىپ چىقىرالمايمىز؟

مەشۇت بىر پەس خىيالغا چۆمۈپتۇ ۋە بىردىنلا ۋارقىراپتۇ:

— تاپتىم، كۆيدۈرۈپ باقساقلا بىلىمىزغۇ، — مەشۇت سۆزلەۋېتىپ تامدىكى ئويۇقچىدىن ھېلىقى يىپنى ئاپتۇ، ئاندىن ئوچاقتا كۆمۈپ قويۇلغان تېزەك چوغىنى ئېچىپ چوغ ئۈستىگە تاشلاپتۇ ۋە ئېغىشىپ پۇراپ بېقىپ، — مانا ئايدىڭ بولدى، كېلىڭ مەرگەن، سىزمۇ پۇراپ بېقىڭ.

مەشۇت يەنە بىر ئاز يىپنى چوغقا تاشلاپتۇ، مەرگەن پۇراپ باققانىكەن، زادىلا يۇڭ ھىدى چىقماپتۇ.

— توغرا، سىز خاتالاشماپسىز، بۇ يۇڭ يىپ ئەمەسكەن، راستتىنلا غوزەك يىپى ئوخشايدۇ، — دەپتۇ، مەرگەن، — بىراق ... بىراق، بۇ يىلقى غوزەكلەردىن نېمىشقا يىپ چىقمايدۇ؟

— بۇ ... بۇ ... ، — مەشۇت بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ توختاپ قاپتۇ، بىر دەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن دەپتۇ، — توغرا، بۇلتۇرقى غوزەكلەرنى كۆل - ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىۋەتكەنىدىم. بۇ نەرسىنى قايتا تاپقىنىمدا پۈتۈنلەي كۆل بىلەن بۇلغىنىپ كېتىپتىكەن، قىزىق سۇدا يۇيۇپ ئاران ئادالىغانىدىم. ئېھتىمال ئاشۇ كۆل - ئەخلەتتە بىرەر خاسىيەت بولسا كېرەك. بۇلارنى كۆل - ئەخلەت بىلەن قوشۇپ يۇيۇپ باقساق بولامشارمىكىن؟

مەرگەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلىدىكى تۈگۈن يېشىلگەندەك بوپتۇ ۋە خوتۇنىنى ئالدىرىتىپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



— چاققان بول مەشۈت، سۇ قايناتى، سەن دىگەندەك قىلايلى.

ئۇلار كۈلۈڭدىكى توغراق ئوتۇننىڭ كۆلى بىلەن ئەخلەتلەرنى بىر بۆلۈك غوزەككە ئارىلاشتۇرۇپ تازا مىلەپتۇ، ئاندىن قايناق سۇ بىلەن يۇيۇپتۇ، ئارقىدىن ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتۇپ ساۋىدىغانىكەن، غوزەكلەرنىڭ بىر قىسمى يۇمشاپ، پىششىقىپ قالغان يۇڭدەك ھالەتكە كەپتۇ. لېكىن، بىر قىسمى يۇمشىماپتۇ، ئۇلار بۇ غوزەكلەرنى يەنە كۆل - ئەخلەتكە مىلەپ، قايتا يۇيۇپ ساۋداپتۇ. بىر قانچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن غوزەكلەر تولۇق يۇمشاپتۇ.

ياندۇرقى يىلى ئۇلار نۇرغۇن غوزەكلەرنى يىغىپ كەپتۇ، بىر قانچە قېتىم يۇيۇپ قۇرۇتۇپ يۇرگەندىن كۆرە قازانغا سېلىپ ئۇزاقراق قايناتساق بولماسمۇ دەپ ئويلاپ، كۆل - ئەخلەت بىلەن غوزەكلەرنى قازانغا سېلىپ قايناتىپتۇ، بىر دەم قايناتقاندىن كېيىن غوزەكلەرنىڭ ئىچىگە سۇ ئۆتۈپ سەل - پەل قارىداپتۇ. قازان بېشىدا تۇرغان مەشۈت لەيلىشىۋالغان غوزەكلەرنى سۇغا چۆكۈرۈش ئۈچۈن تاياق بىلەن قازاننى قوچۇپ، تاياقنى تارتقانىكەن، بىر نەچچە تال ئىنچىكە يىپ تاياققا يۆگىشىپ چىقىپتۇ، مەشۈت يىپنى تارتىپ تاياققا يۆگىگەنىكەن، قازاندا بىر نەچچە تال غوزەك پىلدىرلاپ چۆرگىلەپ، يىپى چۇۋۇلۇپ چىقىۋېرىپتۇ، مەشۈت خېلى كۆپ يۆگىسىمۇ يىپ چىقىۋېرىپتۇ.

— بۇياققا كېلىڭ مەرگەن، ما كارامەتنى كۆرۈڭ، — دەپ ئېرىنى چاقىرتىپتۇ مەشۈت خۇشال ئاۋازدا.

مەرگەن يېقىن كېلىپ قازانغا قاراپ تۇرۇپتۇ. خېلىدىن كېيىن ھېلىقى غوزەكلەر تۈگەپ، پۈتۈنلەي يىپقا ئايلىنىپ تاياققا يۆگىلىپتۇ، مەشۈت تاياقنى يەنە قازانغا سېلىپ قوچۇپ تارتقانىكەن، يەنە بىر مۇنچە يىپ ئۇچلىرى يۆگىشىپ چىقىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلار غوزەكتىن يىپ چىقىرىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. كېيىنچە ئۇلار يەنە يېڭى غوزەكنى سالقىن، سايە يەردە قويسا، ئۇنىڭدىن كېپىنەك چىقىپ، تۇخۇملايدىغانلىقىنى، بۇ تۇخۇملارنىڭ كېلەركى يىلى قۇرتقا ئايلىنىدىغانلىقىنى كېپىنەك چىققان تۆشۈك غوزەكلەردىن پۈتۈن يىپ چىقمايدىغانلىقىنى قايىنىتىپ، ساۋداپ يۇمشاتقاندىن كېيىن قولدا سوزۇپ يىپ ئەشكىلى بولىدىغانلىقىنى يېڭى غوزەكلەرنى قاتتىق

ئاپتاپقا بىر نەچچە كۈن يېيىپ قويسا، ئۇنىڭدىن كېيىنەك چىقمايدىغانلىقىنى، بۇنداق پۈتۈن غوزەكلەردىن ناھايىتى ئۇزۇن يىپ تارتىپ چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەخلەتنىڭ غوزەك يۇمشىتىشتا ھېچقانداق رولى يوقلۇقىنى، پەقەت توغراق ۋە يۇلغۇن ئوتۇنلىرىنىڭ كۈللىرىلا غوزەكلەرنى يۇمشىتالايدىغانلىقىنى، غوزەك يىپلىرىنى تېخىمۇ ئاقارتىپ پارقىرىتالايدىغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ.

ئۇلار يىپ چىقىرىشنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، مەرگەن يىپ تالاشقا ئىشلىتىدىغان چاق، يىك، قومۇش، رەخت توقۇيدىغان دۇكان قاتارلىق سايمانلارنى ياساپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ھارماي - تالماي تىرىشىپ غوزەك يىپلىرىدىن ھەر خىل رەختلەرنى توقۇشنى ئاپىرىدە قىپتۇ، قوشنىلىرىغىمۇ ئۆگىتىپتۇ. بىراق، ئۇ چاغلاردا غوزەك يىپى، غوزەك قۇرتى ۋە غوزەك يىپ رەختلىرىنىڭ ئىسمى يوق ئىكەن. «ئاۋۇيىپ، ماۋۇ رەخت» دېگەندەك ئاتالغۇلار بىر مۇنچە ئۇقۇشماسلىقلارنى پەيدا قىپتۇ. شۇڭا، مەرگەن بىلەن مەشۇت بۇلارنى قانداق ئاتاش ھەققىدە مەسلىھەت قىپتۇ.

— جاھاندا قۇرت دېگەننىڭ خىللىرى ناھايىتى كۆپ، غوزەك بولىدىغان بۇ قۇرتنى نېمە دېسەك بولار؟ — دەپتۇ مەشۇت.

— پىل دېيىلىدىغان بىر خىل ھايۋان بارمىش، ئۇنىڭ چوڭلۇقى ئۆيدەك، ھەر بىر پۇتى تۈۋرۈكتەك بارمىش، مېنىڭچە بۇ قۇرت كىچىك بولغان بىلەن، ئۇنىڭ خاسىيىتى ۋە پايدىسى پىلدىن كىچىك ئەمەس، شۇڭا ئۇنى «پىل قۇرت» دېسەك بولارمىكىن.

— بەلەن گەپ بولدى، — دەپتۇ مەشۇت، — بۇنىڭ خاسىيىتىدىن بىز ئوتتەك ئىسسىق ياز كۈنلىرىمۇ قېلىن، قوپال يۇڭ كىيىملەرنى كىيىشتىن قۇتۇلدۇق. ئۇنىڭ خاسىيىتى ھەقىقەتەن چوڭكەن. شۇڭا ئۇنى «پىل قۇرت» دەپ ئاتىساق بەك ياخشى بولىدىكەن. ئۇنىڭ غوزىكىنى «پىلىچە» دېسەك بولغۇدەك، ئەمدى پىلىچىدىن چىققان يىپنى نېمە دەيمىز؟

— بۇنى مەن خېلىدىن بىرى ئويلاپ كېلىۋاتقان، — دەپتۇ مەرگەن مەشۇتكە مېھرى بىلەن قاراپ، — پىلىچىنى قانداق يۇمشىتىشنى، قانداق يىپ سۇزۇشنى ئەڭ ئەۋۋەل سىز تاپتىڭىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇڭا، يۇمشىتىلغان پىلىچىنى ۋە ئۇنىڭدىن سوزۇلغان يىپنى «مەشۇت» ۋە «مەشۇت يىپ» دەپ ئاتايلى، سىزنىڭ نامىڭىز ئەۋلادلىرىمىز تىلىدا ئەبەدىي يادلانسۇن.

ئېرىنىڭ سۆزىگە زەن سېلىپ ئولتۇرغان مەشۇت ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن بەكمۇ تەسىرلىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق جىگەرلىك، ئەقىللىق، مېھرىبان ئەرگە نېسىپ بولغىنىدىن سۆيۈنۈپ كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ، ئېرىگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن جىلۇىلىك كۈلۈپ:

— رەھمەت سىزگە مەرگەن، سىزنىڭ «مەرگەن» دېگەن نامىڭىزمۇ ئەۋلادلار قەلبىدە ئەبەدىي ياشىغاي. ئەمدى، پۈتۈن پىلىچىنى قازاندا پىشۇرۇپ تارتقان يىپ مەشۇت يىپ بىلەن خېلى پەرقلىق بولىدىكەن. ئۇنىڭ چىداشلىقى يۇقىرى، پارقىراق، ناھايىتى ئاق بولىدىكەن، ئۇنى باشقا يىپلاردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ «يىپ ئاق» دەپ ئاتىساق بولارمىكىن دەيمەن، بولارمۇ؟

ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، شۇنداق ئاتايلى، قوشىنلارغىمۇ دەپ قويايلى، بۇ نەرسىلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن بايام كېلىشكىنىمىز بويىچە ئاتايلى.

مەرگەن ئەر - خوتۇننىڭ مۇشۇ پارىڭىدىن كېيىن جوجەم غوزەك قۇرتى — «پىل قۇرت»، ئۇنىڭ غوزىكى — «پىلىچە»، ئاقارتىپ يۇمشىتىلغان پىلىچە — «مەشۇت»، ئۇنىڭدىن سوزۇلغان يىپ «مەشۇت يىپ»، پىشۇرۇلغان پۈتۈن پىلىلەردىن تارتىلغان يىپ — «يىپ ئاق» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ يىپلاردىن شايى، چەكمەن، دەييارە، گۈلۋەرە قاتارلىق رەختلەر ئىشلەپچىقىرىلىپتۇ. جوجەملىكلەر بۇنداق ئېسىل رەختلەرنى ئۇ تەرىپى مىرەن، بۇ تەرىپى ئۈزۈنتات، ئۇدۇنلارغا ئاپىرىپ سېتىپتۇ. ئۇ شەھەرلەردە تېخىچە يۇڭ چەكمەن، جىت قاتارلىق قېلىن رەختلەرگە ئورۇلۇپ يۈرگەن كىشىلەر جوجەمنىڭ بۇنداق نېپىز، نەپىس رەختلىرىنى تالىشىپ سېتىۋاپتۇ. جوجەملىكلەر ناھايىتى تېزلا بېيىپ كېتىپتۇ. مىرەن، ئۈزۈنتات، ئۇدۇنلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر جوجەمگە كۆچۈپ كەپتۇ. جوجەمنىڭ ئاھالىسى تېز ئاۋۇپ، مىرەن بىلەن ئۈزۈنتات ئارىلىقىدا يىڭىدىن گۈللەنگەن بىر دۆلەت بوپقاپتۇ. مىرەن، ئۈزۈنتات، ئۇدۇن دېگەن شەھەرلەردىن

كۆپلىگەن سودا كارۋانلىرى جۇجەمگە كېلىپ سودا قىلىدىغان بوپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاتالغۇلاردا ئۆزگىرىش بولۇپ «پىل قۇرت» «پىلە قۇرتى» دەپ، «پىلىچە» — «پىلە» دەپ، «يىپ ئاق» «يىپاق — يىپەك» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. «مەشۇت»، «مەشۇت يىپ» ئاتالغۇلىرى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قاپتۇ. جۇجەمنىڭ يىپەك رەختلىرى بۇ شەھەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ ۋە «ئۇلۇغ يول» نى («بۈيۈك كارۋان يولى» دەپ ئاتالغان يولنى) بۇ شەھەرگە تۇتاش-تۇرۇپتۇ. ئەتراپتىكى شەھەرلەر جۇجەمنىڭ پىللە قۇرت سورتى ۋە پىلە قۇرت بېقىش، يىپەك چىقىرىش تېخنىكىسىغا ئېرىشىشكە كۆپ ھەرد-كەت قىلغان بولسىمۇ، جۇجەم ھۆكۈمدارلىرى يىپەكتىن كېلىدىغان زور پايدىدىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن پىلە قۇرت بېقىش ۋە يىپەك چىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۇزاققىچە سىر تۇتۇپ، سىرتقا چىقارماپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيە چىرابازىرىدىن
دابىت مەخلىك، ئايشەمخان قارا
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن سابىر

## ئۇيغۇر خاقانى—بۆكۈتېكىن ئەپسانىسى①

ئۇيغۇر ئېلىدە خولىن (قارا قۇرۇم) ناملىق بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغدىن توغلا ۋە سېلىنگا ناملىق ئىككى دەريا ھاسىل بولغان ئىكەن. بىر كېچىسى بۇ ئىككى دەريانىڭ ئارىسىدىكى ياغاچنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن بىر زەڭگەر نۇر چۈشۈپتۇ. ئىككى دەريا ئارىسىدا ياشىغۇچى خەلق ئۇنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپتۇ. مۇقەددەس نۇر دەرەخنىڭ گەۋدىسىدە ئايلارچە تۇرۇپتۇ. دەرەخنىڭ گەۋدىسى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلاپتۇ. مۇڭلۇق مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئاڭلىنىپ، كېچىلىرى ئوتتۇز قەدەم ئەتراپتىكى يەرگە نۇر چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى ياغاچنىڭ گەۋدىسى يېرىلىپ، ئىچىدىن بەش بوۋاق چىقىپتۇ. بۇلار نۇردىن تۇغۇلغان مۇقەددەس باللار ئىكەن. ھەممە كىشى بۇ باللارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپتۇ. بۇ باللارنىڭ

① بۇ ئەپسانە ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «بۈيۈك تۈرك تارىخى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىسىملىرى چوڭ - كىچىكلىك تەرتىپى بىلەن سۇڭگۇر تېكىن، قوتۇر تېكىن، تۇكەك تېكىن، ئورتېكىن ۋە بۆكۈ تېكىن دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ بالىلارنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە ئىشەنگەن ئۇيغۇرلار بۇلارنىڭ بىرىنى ھۆكۈمدار قىلىشنى قارار قىلىشىپتۇ. بۆكۈ تېكىن گۈزەللىكتە، ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھەممەيلەن بىردەك قاغانلىققا سايلاپتۇ، داغدۇغىلىق مۇراسىم قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

# ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەققىدە تۆت ئەپسانە

1

«تارىخىي رەۋزە تۇسسافا» ۋە «تارىخىي رەشىدى»[1] دە ئېيتىلىشىچە: ياپەس بىننى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈرك ناملىق بىر ئوغلى بار ئىكەن، بۇنىڭغا خۇدايىتائالا بىر ئوغۇل كارامەت قىپتۇ. ئىسمىنى خەرىز قويۇپتۇ. بۇ ئوغۇل چوڭ بولغاندا، تۆلكە تۇتۇپ پوستىدا ئېگىن كىيمەكنى، تائامنى تۇز بىلەن يېيىشنى، تەمبۇر، بەربەت، ئۇدلارنى ياساپ چالماقنى كەشىپ قىلىپ، ئالەم خەلقىگە ئۆگىتىپتۇ. ئۇ زاماندا ئاتا - ئانىسى، باللىرى ئۆلگەندە مۇسىبەت ماتەمدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈش رەسمى بار ئىكەن. خەرىز ياپەس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىكەن. يەركەند، خوتەن دىيارلىرىنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئاۋات قىلغان ئىكەن، يەركەند، خوتەن ئەھلى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. ئۇ زاماندىن بۇزامانغىچە 5850 يىل ئۆتۈپتۇ. تەمبۇرغا قوي، ئۆچكىنىڭ ئۈچەي، پەيلىرىنى ئېشىپ زەي قىلىپ، تار سالغان ئىكەن.

2

خۇدا ئادەمنى لايدىن ياساپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جان ئاتا

① بۇ ئەپسانە ئىسمەتۇللا مۆجىزنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

قىلىپتۇ. لېكىن جان: «ئادەمنىڭ ئىچى بەك قاراڭغۇ ئىكەن، مەن قورقىمەن» دەپ ئادەم تېنىگە كىرگىلى ئۇنىماپتۇ. بۇ چاغدا شەيتان قوناق پاسىرىدىن غىجەك ياساپ، ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ چالغان ئىكەن، ساز ئاۋازى سىرتقا ئاڭلىنىپتۇ. پەرىشتە - مالائىكىلەر: «ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئادەمنىڭ تېنى ئىچىدىمۇ يەنە باشقا جانلىقلارمۇ بار، ھەرگىز قورقمىغىن» دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن جان ئادەم تېنىگە كىرىپتۇ. ساز شەيتاننىڭ ئىجادىيىتى بولغاچقا، ئۇنى چېلىش يامان ئىش ئىكەن. لېكىن جان ساز ئاۋازىغا ئالدىنىپ، ئادەم تېنىگە كىرگەچكە، ئادەم سازغا ئامراق ئىكەن. ساز ئاڭلىسا ئادەمنىڭ جېنى يايراپ كېتىشىدىكى سەۋەب شۇ ئىكەن.

3

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دۇنيادىكى جىمى جانلىقلارنىڭ پادىشاھى ئىكەن. لېكىن دىۋىلەر ھەمىشە يىراقلارغا كېتىۋېلىپ، لازىم بولغاندا چاقىرىپ كەلگىلى بولمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دىۋىلەرنى باشقۇرۇش ۋە چاقىرىش ئۈچۈن داپنى ئىجاد قىلىپ ئىشلەتكەن ئىكەن. داپ شۇ چاغدا پەيدا بولغان ئىكەن.

4

قەدىمكى زاماندا قاراقۇرۇم باغرىدىكى ئۇدۇنلۇقلار بەختلىك ياشايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى يازدا، بۇ جايدا ناھايىتى چوڭ بىر بوغما يىلان پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەتراپتىكى ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلارنى يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆتكەن - كەچكەن يولۇچىلارنىمۇ ئامان قويماپتۇ. داپ ئىسىملىك بىر ئوۋچى يىگىت بۇ بالايىئاپەتنى يوقىتىشقا بەل باغلاپتۇ. ئۇ ئورمانلىققا كىرىپ، ھېلىقى چوڭ بوغما يىلاننى ئىزدەپتۇ، ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە يىلان ئۆزىنى زادىلا كۆرسەتمەپتۇ.

تۆتىنچى كۈنى داپ بەكمۇ چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزىنى ئاچالماي قاپتۇ. ئۇ ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن، بىر تال قارىغاي ياغىچىنى چەمبەر شەكلىدە ئېگىپ، بىر تەرىپىگە قوي

www.uyghurkitap.com



ېرىسىنى كېرىپ تارتىپتۇ. ئاندىن داپ ئۇنى قولى بىلەن ئۇرۇپ
ياڭراق ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئارىدا تۇيۇقسىزدىن دەرەخكە
امىشىپ تۇرغان چوڭ بوغما يىلاننىڭ ئۆزىگە ئېتىلغانلىقىنى كۆرۈپ
قالغان داپ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، شەمشىرىنى بىرلا شىلتىپ
ـۇرۇپتۇ. يىلان جان ئاچچىقىدا داپقا ئېتىلىپ كېلىپ، قۇيرۇقى
ىلەن داپنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. داپ دەلدەڭشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.
ۇ چاغداقولىدىكى ھېلىقى چالغۇ يەرگە چۈشۈپ داراڭلاپ كېتىپتۇ.
ۇ ئاۋازدىن بوغما يىلان ئۈركۈپ كەينىگە چېكىنىپتۇ.

داپ دەرھال ئەقىل تېپىپ، قوي تېرىسىدە كېرىلگەن چالغۇنى
ۇللىرى بىلەن ناھايىتى تېز ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بوغما يىلان ئۈنىڭدىن
ېخىمۇ ئۈركۈپ، قېچىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا داپ ئۇچقاندەك بېرىپ
شەمشەر بىلەن يىلاننى قاپ بېلىدىن ئىككى پارچە قىلىپ چېپىپ
تاشلاپتۇ. كىشىلەر داپنىڭ ئاپەتنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن خۇشال
بولۇپ، بوغما يىلاننىڭ تېرىسىنى سويۇپ «داپ» ياساپ، ئۇنىڭغا
«داپ» نىڭ نامىنى بەرگەنىكەن. «داپ» ئەنە شۇ چاغدا دۇنياغا
كەلگەنمىش.

## غەربكە كېلىپ ئۇمايغا ئىلتىجا قىلىش

«تاغ - ئېرىزىملار قورئى» دا خاتىرىلىنىشىچە، دېڭىزنىڭ ئۇ
تەرىپىدە «ئەرلەر دۆلىتى» بولغانىكەن. «قومۇشقا پۈتۈلگەن
سالنامىلار» دا، بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئائىت مۇنداق رىۋايەتلەر
بېرىلگەن: يىن دى پادىشاھلىقىنىڭ تەيجيە يىللىرى غەربىي دىيار
ئەلچىلىرى شاڭ پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. يىن دى پادىشاھ
ئۇلاردىن قاراقۇرۇم ئىلاھىيەت تېغىدا ئۆلمەسلىك دورىسى بارلىقىنى
ئاڭلاپتۇ. ئالىيلىرى بۇ دورىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىغا
چۈشۈپتۇ. ئوردا بېگى ۋاڭ مىڭنى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ قۇرۇم
تېغىدىكى ئۇماينىڭ يېنىدىن ئەنجۈر، ئالما قاتارلىق ئۆلمەسلىكنىڭ
دورىسىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ۋاڭ مىڭ مىڭ بىر جاپادا
ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئىككى سۇغا (بۇگۇنكى يورۇڭقاش ۋە قاراقاش

دەرياسىغا) كەلگەندە، ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ ھالىدىن كېتىپتۇ، دەريا بويلاپ قاراقۇرۇم تېغىغا چىقىشقا ماغدۇرى يەتمەپتۇ. ئاخىرى ئىلاجسىزلىقتىن ئىككى سۇ بويىدا تۇرۇپ قاپتۇ. ئاچ قالسا ياۋا مېۋە، دەرەخ قوۋزاقلىرىنى يەپتۇ. شاخ - شۇمبا، ئوت - خەسلەرنى يېپىنچا قىپتۇ. كۈن ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ، لېكىن يىن دى ئالىيلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى ھەرگىز ئېسىدىن چىقماپتۇ. كۈندە ئىسرىق سېلىپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ، ئۇمايىنىڭ پانايىغا ئۆتۈشنى تەلەپ قىپتۇ. دېگەندەك تەڭرى يارلىق قىلىپتۇ. ئۇماي بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپتۇ. ۋاڭ مىڭ قېرىپ ئۆلەر ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت دۈمبىسىدىن لياڭزى ئاتلىق بىر بالا تۇغۇلۇپتۇ. لياڭزى چوڭ بولۇپ بىر دۆلەت قۇرۇپتۇ. دۆلەت كىشىلىرى بېشىغا تاج، بېلىگە شەمشەر ئاسىدىغان بولۇپتۇ. ئۇماي لياڭزى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا «شاخ پۇتاقلار قىيامى» دىن ياسالغان ئۆلمەسنىڭ دورىسىنى بېرىپتۇ.

## ئارۇخاتنىڭ پادىشاھقا نەسىھەت قىلىشى

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇدۇنلۇقلار دەسلەپ بۇتقا ئېتىقاد قىلمايدىكەن. بىر كېچىسى قاتتىق قۇم - بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىككىنچى كۈنى شاھ ئالىيلىرى ئوردىدىن چىقىپ، شەرق تەرەپكە سەيلىگە قاراپ يول ئاپتۇ، قارىغۇدەك بولسا ئالدىدا قويۇق بىر ئورمانلىق تۇرغۇدەك، ھەمراھلىرىغا ئۇ يەرگە بېرىپ تاماشا قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئورماننىڭ ئىچىگە كىرسە بىر يوغان دەرەخ تۈۋىدە سۇكۇتتە ئولتۇرغان بىر ئارۇخاتنى كۆرۈپتۇ. شاھ ئالىيلىرى ئۇنىڭدىن: «سەن قەيەرلىك بولىسەن، بۇ يەردە نېمە دەپ ئولتۇرىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئارۇخات كۆزىنى يۇمغىنىچە ئۇندىمەپتۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى كەڭ قورساق، ئېغىر تەبىئەتلىك كىشى بولغاچقا، ئارۇخاتتىن يەنە سورىماقنى لايىق تېپىپتۇ. ئارۇخات: «سىزنى بۇدداغا ئېتىقاد قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمەن، بولمىسا تەڭرى سىزگە ئېغىر مۇشكۇلات ياغدۇرىدۇ، سىز ۋە سىزنىڭ پۇقرالىرىڭىز بالايىئاپەتكە دۇچار بولىدۇ، بۇدداغا ئېتىقاد قىلسىڭىز سىز ۋە سىزنىڭ دۆلىتىڭىز تىنچ بولىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاپەتتىن خالىي بولىدۇ» دەپتۇ ۋە شاھ ئالىيلىرىغا ۋە شاھنىڭ ھەمراھلىرىغا بۇددا نوملىرىدىن ھېكايە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھ ئالىيلىرى ئاخىرى تەسىرلىنىپ مۇشۇ جايغا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سېلىشنى ۋە بۇ يەردە ئارۇخاتنىڭ بۇددا قامۇسىدىن دەرس ئۆتۈشىنى قارارلاپتۇ. بۇددا ئىبادەتخانىسى پۈتكەندىن كېيىن، پۈتكۈل خالايىقنى ئارۇخاتنىڭ بۇددا دەرسىنى ئاڭلاشقا چاقىرىپتۇ. لېكىن، قوڭغۇراق چالىدىغان كالتەك يوق ئىكەن. ئارۇخات ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇپتىكەن، ئاسماندىن ناھايىتى كاتتا بىر بۇدساتۋا لەيلەپ چۈشۈپتۇ. يەنە بىر پەستىن كېيىن قوڭغۇراق چالغۇچمۇ چۈشۈپتۇ. ئارۇخات بۇ يەردە بۇددا دىنىدىن دەرس ئۆتۈپ، بۇددا دىنىنى تارقىتىشقا باشلاپتۇ.

## ئۇدۇن پادىشاھلىق ئوردىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇدۇن پادىشاھى دۆلىتىنىڭ پايتەختىنى شەرقتىن ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۆپىلىككە يۆتكەپ، يېڭىشەھەر بىنا قىلماقچى بولۇپتۇ ۋە ياخشى جاي بولمىسا شەھەرنى قۇرغىلى بولماسلىقتىن ئەنسىرەپتۇ، خالايىققا پەرمان چۈشۈرۈپ، يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەقىل كۆرسىتىپ يېڭى پايتەخت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. بىر كۈنى چىرايىنى قارا - قۇرا بىلەن بويىۋالغان بىر كىشى لىق سۇ ئېلىنغان قاپاقنى يۇدۇگەن پېتى ئوردىغا كىرىپتۇ - دە، پادىشاھقا: «بۇ جاينىڭ شارائىتىنى ياخشى بىلىمەن» دەپتۇ. قاپاقنى ئېلىپ سۈيىنى يەرگە تۆكۈپتۇ. يەرگە تۆكۈلگەن سۇ ئەگرى - دوناي ئېقىپتۇ. ھېلىقى چىرايىنى قارا - قۇرا قىلىۋالغان ئادەم ئالدىغا ئىتتىك مېڭىپتۇ ۋە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ شەھەر قۇرۇلۇشىغا چۈشۈپتۇ. ئاخىرى ھەشەمەتلىك ئوردا شەھىرى پۈتۈپتۇ. شەھەر ئانچە بەك ھەيۋەتلىك بولمىسىمۇ، دۈشمەن ئاسان ھۇجۇم قىلالمايدىغان جايغا قۇرۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە ھېچقانداق تەرەپ شەھەرگە چېقىلالمىغانىكەن.

## ھىلال شەھىرىنى قۇم بېسىپ كېتىش

قەدىمكى ئۇدۇننىڭ شەرقىي شىمالىدا «ھىلالباغ» شەھىرى بولۇپ، ئادەملىرى بۇتقا ئېتىقات قىلمايدىكەن، كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئارۇخات كېلىپ ئەل ئىچىدە بۇتقا چوقۇنۇشنى شۇنچە كۆچەپ تەرغىب قىلغان بولسىمۇ، ئاران بىر كىشى بۇتقا ئېتىقاد قىلىشقا رازى بولغانلىقىنى بىلدۇرۇپتۇ. ئارۇخات ھېلىقى كىشىگە: «بۇ شەھەرلىكلەر بۇتقا ئېتىقاد قىلمايدىكەن، تەڭرى بۇ شەھەرگە بالايىئاپەت ياغدۇرماقچى، سىز دەرھال غەربىي جەنۇبقا قاراپ قېچىڭ، بۇتقا ئېتىقاد قىلىدىغان جايغا بېرىۋېلىڭ» دەپتۇ. بۇ كىشى بۇ يەردىن كېتىپلا «ھىلال باغ» شەھىرى قاتتىق قۇم - بورانغا ئۇچراپ ۋەيران بولۇپتۇ. يەتتە كېچە - كۈندۈز تاش - شېغىللار ئۇچۇپ، قۇم - بوران ھېچ توختىماپتۇ. بىردەمدىلا پۈتكۈل «ھىلال باغ» شەھىرى قۇم ئاستىدا قاپتۇ.

## چوراڭ قەبرىستانلىقى

ئۇدۇن پادىشاھلىقىنىڭ غەربىدىن 150 چاقىرىم يول يۈرۈپ قۇم چۆللۈكىنى كېسىپ ئۆتكەندە كىچىك تاغلار تۆپىلىكىگە يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن. بۇ يەر «چوراڭ قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ يەردىكى چاشقانلار ئاتامانىنىڭ تۈكى ئالتۇندەك پارقىراق، ھەررەڭ - سەررەڭ، چىشى بەك ئۆتكۈر ئىكەن. ئۇ ئۇۋىسىدىن چىققاندا چاشقانلار توپى ئالدى - كەينىدىن قوغداپ ماڭىدىكەن.

بىر يىلى يۈز نەچچە مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كېلىپ چوراڭ قەبرىستانلىقىغا گازارما تىكلەپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇدۇن شاھى بۇنى ئاڭلاپ ئۆزى ئەسكەر باشلاپ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولۇپتۇ. ئۇدۇننىڭ ئەسكىرىي كۈچى خېلىلا ئاز بولغاچقا، كۈچلۈك دۈشمەننىڭ باستۇرۇپ كېلىپ ۋەيران قىلىشى تۇرغان گەپ ئىكەن، شۇڭا ھېچ ئىلاج قىلالماي ئىسرىق سېلىپ بۇ يەردىكى چاشقانلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكتابى
www.uyghurkitap.com



ياردەم تەلەپ قىپتۇ. دۇئا - تىلاۋەت بولۇۋاتقان كېچىسى ئۇدۇن شاھى بىر توپ چاشقانلار بىلەن بىرگە بولۇپ چۈش كۆرۈپتۇ. چاشقانلار: بىز سىلىگە ياردەم بېرىمىز، سىلى سەھەردىلا ئەسكەرلەرنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتسىلە، جەزمەن غەلىبە قىلالايلا دېگۈدەك. شاھ ئالىيلىرى چاشقان ئىلاھى مەدەت بېرىپتۇ دەپ ئويلاپتۇ. ئەتىسى سۈبھى ۋاقتىدا شاھ ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ دۈشمەن بارگاھلىرىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىپتۇ. دۈشمەن لەشكەرلىرى ئۇيقۇسىزلىقتا چاچراپ تۇرۇشۇپ، دەرھال جابدۇنۇپ ئۇرۇشقا تەييار بولغاندا ساۋۇت، دۇبۇلغا، ئوقيا، مانچاناقلىرى چاشقانلار تەرىپىدىن قىرقىۋېتىلگەچكە، ئۇرۇش قىلالماي ئاتلاردىن غۇلاپ چۈشۈپتۇ. دەل بۇ ۋاقىتتا ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئۇچقاندەك باستۇرۇپ كېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپتۇ، ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇدۇن شاھى چاشقان ئىلاھىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بۇ جايغا كاتتا بۇتخانا ياساپ، بۇ ئۇرۇشنى ئۇزۇنلارغىچە ئۇنتۇماي دۇئا - تىلاۋەت قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، كىشىلەرنىڭ چوراڭ قەبرىستانلىقىدىن ئۆتكەندە ئات - ئېشەكلىرىدىن چۈشۈپ دۇئا قىلىپ چاشقانلارنىڭ تۆھپىسىنى ياد ئېتىشى ئادەتكە ئايلىنىپتۇ.

## ئايال سۇ مۇئەككىلىنىڭ جورا تەلەپ قىلىشى①

«ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا مۇنداق بىر ھېكايە بايان قىلىنغان: ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا چوڭ بىر دەريا بولۇپ، بىر يىلى قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇدۇن پادىشاھى بۇ ئىشتىن ئېچى تىت - تىت بولۇپ ئارۇخاتتىن سوراپتۇ: «ھۆكۈمۈم خاتا، ئەخلاقىم دۇرۇس بولماي قالدىمۇ قانداق؟» ئارۇخات: «يوقسۇ، ھەزرەتلىرى شاھلىقتا ئادىل ۋە پاكتۇر، دەريانىڭ قۇرۇپ كېتىشىدە دەريا مۇئەككىلى ئويۇن ئويناۋاتىدۇ، سىلى دەرھال ئەجدىھانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ دۇئا - تەلەپ قىلىپ ئامانلىق

① بۇ كىتابنىڭ 1 - بېتىدىن 45 - بېتىگىچە بېرىلگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ ئېلىنغان مەنبەسى، ئېيتىپ بەرگۈچىسى ياكى رەتلىگۈچىسى ئەسكەرتىلمىگەنلىرىنى ئابدۇللا سۇلايمان رەتلىگەن.

تىلىسىلە» ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ دەرھال دەريا بويىغا بېرىپ دەريا مۇئەككىلى ئۈچۈن نەزىر - چىراغ قىلىپتۇ. توساتتىن سۇ ئۈستىگە بىر ساھىبجامال قىز لەيلەپ چىقىپ قەددىنى كېرىپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭ مۇرەببىيىم ۋاپات ئەتكىنىگە خېلى بولدى، قايسى قىسمەت مېنى نەگە باشلايدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىمەن، شۇڭا دەريا سۈيى قۇرۇپ، ئېكىنچىلىك خاراب بولدى، شاھ ئالىيلىرى خانىدانلىقلىرى ئىچىدىن زەبەردەست بىر يىگىتنى ماڭا ئەرلىك ئۈچۈن بېرىۋەتسىلە، دەريا سۈيى ئىلگىرىكىدەك راۋان ئاققاي» .

پادىشاھ قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئاۋامنى يىغىپ: «سىلەر دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىسىلەر، دۆلەت تۈۋرۈكتىن ئايرىلسا خەتەرگە يولۇقىدۇ، ئەلدە ئاشلىق بولمىسا ھەممىمىز ئاچلىقتىن ئۆلىمىز. خەتەر بىلەن ماماتلىق بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، بۇرادەرلەر ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟» دەپتۇ. بىرى توپ ئىچىدىن ئالدىغا چىقىپ شاھ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ: «دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلاي دېسەم ھېچ پۇرسەت چىقمىغانىدى، مەن پىدائىي بولاي دەيمەن، ئارسالدى بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ خەلق دۆلەتنىڭ ئاساسى، شاھ ئالىيلىرى تولا ئويلاۋەرمەي دەرھال بىر قارارغا كەلسىلە، مەن كالان ھەزرىتىمنىڭ نۇرىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ كەلگەنىدىم» ، دەپتۇ. شاھ ئالىيلىرى ئۇنىڭ تەلپىگە كۆنۈپتۇ. ھېلىقى ئەزىمەت ئاددىي كىيىم كىيىپ، ئاق ئاتقا مىنىپ شاھ بىلەن ۋىدالىشىپ، خەلق بىلەن خوشلىشىپ دەرياغا كىرىپتۇ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغۇچە سۇ يۈزىدە چۆكمەي تۇرۇپتۇ. قامچىسى بىلەن سۇنى ئۇرغان ئىكەن، سۇ ئىككى تەرەپكە كېسىلگەندەك ئايرىلىپ ئارىلىقنى بوشىتىپتۇ، چوڭقۇرلۇقتا ئات سايىتۇ. بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن ئات ھەر خىل بېزەك - جابدۇقلار، چوڭ دۇمباق ۋە بىر پارچە خەت بىلەن سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپتۇ. دۇمباق ئوردا شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ئەگەر ئوغرى - قاراقچىلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرسە، دۇمباق ئۆزلۈكىدىن گۇمبۇرلەپ ئۇرۇلىدىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇلۇغ ئېقىن راۋان ئېقىشقا باشلاپتۇ، مۇنبەت يەرلەر مول سۇ بىلەن سۇغىرىلىپتۇ.

## «ئۇجمە مازار غوجام» رىۋايىتى

لوپ ناھىيە سامپۇل يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىدە 140 نەچچە ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچى بار، ئۇلار ئاچچىق دەرياسىنى بويلاپ تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ئاچچىق كەنتىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدا «ئۇجمە مازار غوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بولۇپ، بۇ مازار لوپ ناھىيە بازىرىغا 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ مازار تاغ قاپتىلىدا بولۇپ، لوپ بىلەن چىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان. جەنۇب تەرىپى كۆككە تاقاشقان قارلىق تاغ بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 3500 مېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ، مازارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر جىلغا بولۇپ، سۇ ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ. جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا قەدىمكى تېرەكلەر، ئۇجمە ۋە سۆگەتلەر بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ باراقسان ئۆسكەن. سۇنىڭ شارقىرىغان ساداسى يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. جىلغىدىكى بۇ كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەسچىت بار. مازار جايلاشقان تاغ قاپتىلىدا بوۋسۇپ ئۆتكىلى بولمايدىغان باراقسان چاتقاللار بار. چاتقاللارنىڭ ئاستىدا بىر كىچىك ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۇنىڭ خانىلىرىدا بىر كىشىلا قونۇشقا بولىدۇ. بۇ ئۆڭكۈردە ئادەتتە مەخسۇس تاۋاپ قىلىدىغانلار قونىدۇ. بۇ مازار نېمە ئۈچۈن «ئۇجمە مازار غوجام» دەپ ئاتالغان؟

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، دۈشمەنلەشكەن ئىككى تەرەپ، قوشۇن تارتىپ بىر - بىرىگە قارشى جەڭ قىپتۇ. يېڭىلگۈچى تەرەپنىڭ باش سانغۇنى شۇ يەردىلا دەرھال قېچىپتۇ، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەنلەر ئۇنى تۇتۇۋالغىلى تاسلا قالغاندا، ئالدى تەرەپتە بىر تۈپ يوغان ئۇجمە دەرىخى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئامالسىزلىقتىن ئۇجمە دەرىخىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى تىلەپتۇ. ھېلىقى قەدىمكى ئۇجمە دەرىخى راست دېگەندەك دەل ۋاقتىدا ئەسقىتىپ، «قارت» قىلىپ يېرىلغان ئىكەن، ھېلىقى سانغۇن بىر سەكرەپلا ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. دەرەخنىڭ يېرىقى دەرھال يۇمۇلۇپتۇ - دە، بۇرۇنقى ھالىتىگە كەپتۇ، بىراق سانغۇننىڭ چاپىنىنىڭ بىر پېشى ئۇجمە يېرىقىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قاپتۇ. قوغلاپ كەلگەن لەشكەرلەر ئۇجمە يېرىقىدىن چىقىپ قالغان

چاپاننىڭ پېشىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇجمە دەرىخىنى دەرھال ھەرىدەپ ئۆرۈۋېتىشكە تەييارلىنىپتۇ. ھەرە تېگە ـ تەگمەستىنلا ھېلىقى ئۇجمە دەرىخىدىن گويا ئاللا! ئاللا! ئاللا! دېگەندەك ئاجايىپ بىر نالە ئاۋاز چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان لەشكەرلەرمۇ ھاڭ ـ تاڭ قېلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ قاچقۇن سانغۇننى تۇتالماپتۇ. ئاخىرى يېڭىلگەن قوشۇن مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇ خاسىيەتلىك ئۇجمىنىڭ شاپائىتىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ مازارنىڭ ئىسمى «ئۇجمە مازار غوجام» دەپ قويۇلغان ئىكەن.

## خوتەن ئاقسىپىل رىۋايىتى[1]

### 1

ئاسۇكاخان قاتتىق غەزەپلىنىپ ۋەزىرىنى ئەۋەتىپ، شاھزادىنى سۈرگۈن قىپتۇ. ئۇ قوۋملىرىنى باشلاپ شىمالدىكى تاغدىن ئۆتۈپتۇ، چۆل ـ جەزىرىلەردە قونۇپتۇ. ئادەم ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ، بۇ ماكاننىڭ غەربىدىكى قىرغاقتا كەپتۇ، تۆرىلەرنى تىكلەپتۇ، ئۆزى خان بوپتۇ. شۇ ۋاقىتتا شەرقىي ئەل شاھزادىسى قاچاقلارنى ئەيىبلەش ئۈچۈن شەرقتىكى قىرغاقتا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپتۇ. ئايلار، يەسىللەر ئۆتۈپتۇ. دىن ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردە بۇ ئىككى شاھزادە چىقىشالماپتۇ. ئۇلار ھەمىشە يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ۋاقىتلاردا چاتقاللىقلاردا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۆزئارا جەمەتلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشىدىكەن. خوجايىنلىق تالىشىپ، گەپ ـ سۆز تەگىشىدىكەن، بىر ـ بىرلىرىگە قورال تەڭلىشىدىكەن ... شۇنداق قىلىپ سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جەڭ باشلىنىپتۇ. نەتىجىدە غەرب خانى يېڭىلىپ، شەرق خانى غەلىبە قىپتۇ. غەرب خانى ئۆز ئېلىدىن مەھرۇم بولغانلارنى يەنە توپلاپتۇ، پايتەختنى ئوتتۇرا رايونغا كۆچۈرۈپ سېپىل بىنا قىپتۇ ۋە دۆلەت قۇرۇپتۇ. خان پايتەخت

---

① شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربىي ئەلگە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلغان بۇ شەھەرنىڭ نامى شۇنىڭدىن باشلاپ «ئاقسىپىل شەھىرى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

2

بۇرۇنقى زاماندا هونلاردىن يۈز مىڭلىغان ئادەم كېلىپ، ئاقسىپىل شەھىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپتۇ، هونلار چاشقان دۆڭىنىڭ يېنىدا بوز يەر ئېچىپ، تېرىلغۇ قىلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. كىهو - ستان خانى ئون مىڭلىغان ئەسكىرى بىلەن هونلارغا تەڭ كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپتۇ ... هونلار شەهەرگە قايتا هۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، دەرهال مەپىلەرنى قوشۇپ، ئاتلىرىنى ئېگەرلىمەكچى بولۇشۇپتۇ. لېكىن، ئېگەر، ساۋۇت، ئوقيا، مەپە جابدۇقلىرى قاتارلىق يىپ - شوينىسى بار ئەسكىري جابدۇقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېتىلغۇلىرىنى چاشقانلار ئاللىقاچان قىرقىپ قىيىپ تاشلىغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن هونلار ئۆزلىرىدىن كۆپ ئاز بولغان كىهو - ستان ئەسكەرلىرىدىن يېڭىلىپ قايتقان ئىكەن.

## ئالتۇن قان رىۋايىتى[1]

زولقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك (ئۇيغۇر) خاقانى ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىپتۇ. خاقانىنىڭ ۋەزىرى: «سىز زۇلقەر نەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماهىرلىرىدىن بىرەر ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى» دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى «ئۇگە» سۆزىنى قوللىنىپ، «ئۇگەنمۇ؟» دەپتىكەن، ۋەزىر: «ھە - ھە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەر نەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىپتۇ. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەر نەيىن

---

[1] بۇ رىۋايەت مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن. ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر - بىرىدىن «بۇ نېمە» دەپ سوراشقاندا، ئۇلار «ئالتۇن قان» دېيىشىپتۇ. شۇڭا شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇتاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايدىكەن. زۇلقەر نەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھى تۈزۈپتۇ.

## «مازارتاغ» ھەققىدە ئىككى رىۋايەت

مازار تاغنى يەرلىك «خەلق قىزىل، ئاق تاغ» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. مازار تاغ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىسمىدىن باشلىنىپ خوتەن دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ تاغ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. جەنۇب تەرىپى قىزىل، شىمالىي تەرىپى ئاق كۆرۈنىدۇ. خوتەن دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپى پايانسىز كەتكەن تەبىئىي توغراقلىق بولۇپ، توغراقلىقنىڭ بەزى جايلىرى شۇنچىلىك ھەيۋەتلىككى، گويا كاكتۇسقىلا ئوخشايدۇ. ئويمانلىق جايلىرىغا يىل بويى سۇ يىغىلىپ، زۇمرەتتەك يالتىراپ، چايقىلىپ تۇرىدۇ. ئېگىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى، ئورمانلىقلار ۋە كۆللەر گىرەلىشىپ، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان.

قىزىل تاغ تۇمشۇقىنىڭ ئۈستىدە بىر قەدىمكى بارگاھ بولۇپ، بارگاھنىڭ ئەتراپىدا يەنە خەۋەرلىشىش سۇپىسى، ئاكوپ، يەر ئاستى ئىسكىلات، بۇتخانا، ئۆڭكۈر قاتارلىقلارنىڭ خارابىسى بار. بارگاھنىڭ شەرقىي شىمالىغا 45 مېتىر كېلىدىغان دەريا لېۋىدە بىر مازار بولۇپ، مازار تاغ دېگەن ئىسىم مۇشۇ مازارنىڭ نامىغا قويۇلغان.

1

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 11 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى قاراخانىيلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



سۇلالىسى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش بولغان ئىكەن. ماجان خان دەپ ئاتىلىدىغان ئۇدۇنلۇق بۇددا مۇرىتى ئىسلام قوشۇنلىرىغا خۇپىيانە ئاخبارات يەتكۈزۈۋاتقاندا، بۇددا مۇرتلىرى بۇنى سېزىپ قېلىپ، مۇشۇ جايدا ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇننى بىسۇۋېلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ھەمدە كېيىنكىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىشى ئۈچۈن بۇ مازارنى ياساپ قويغانىكەن①.

2

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەزرىتى ئىمامى ئەلى ۋاپات بولۇش ئالدىدا باللىرىغا: «مەن نەپەس ئۈزگەندىن كېيىن دۇلدۇلغا مىنگەن بىر چۈمبەللىك كىشى كېلىپ، مېنىڭ جەسىتىمنى ئېلىپ كېتىدۇ. سىلەر ئۇ ئادەمدىن ‹دادامنى نەگە ئېلىپ بارىسىز؟› دەپ سورىماڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ كۆز يۇمۇپتۇ. دېگەندەك دۇلدۇلغا مىنگەن چۈمبەللىك كىشى كېلىپ ئىمامى ئەلىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا شەيتان ئىمامى ئەلىنىڭ باللىرىنىڭ كۆڭلىگە: «داداڭلارنىڭ جەسىتىنى ھېچكىم كۆرمىگەن يات بىر ئادەم كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا، ئۇندىمەي قاراپ تۇرغىنىڭلار نىمىسى؟ نىمىشقا ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ سوراپ باقمايسىلەر؟» دېگەن ۋەسۋەسىنى سېلىپ، ئېزىقتۇرۇشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمامى ئەلىنىڭ باللىرى ھېلىقى كىشىگە:

— ئىلتىپات قىلىپ، دادامنىڭ قەبرىسىنى نەدىن ئىزدەيدىغانلىقىمىزنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز؟ — دەپتۇ.

— ھەي باللىرىم، مەن سىلەردىن مۇشۇنداق گەپلەرنى سورىماڭلار دېگەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ چۈمبەللىك كىشى يۈزىنى ئېچىپ، بۇ ئەسلى ئىمامى ئەلىنىڭ روھى بولۇپ، يۈزىنى ئاچقاندا

① يۇقىرىقى ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن ئېلىنغان مەنبە ۋە ئېيتىپ بەرگۈچى، رەتلىگۈچىلىرى ئىزاھلانمىغانلىرىنى مەنبەلەرگە ئاساسەن ئابدۇللا سۇلايمان رەتلىدى.

چىرايى ئېنىق كۆرۈنۈپتۇ، — ئۆزۈڭلارغىمۇ قىلدىڭلار، ماڭىمۇ قىلدىڭلار، ئەمدى مەن سىلەر بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن، ناۋادا قەبرەمنى تاپىمەن دېسەڭلار، «مازار تاغ» دىن ئىزدەڭلار! — دەپتۇ.

دۇلدۇللۇق كىشى شۇنداق دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئىمامى ئەلى ئەسلىدە ئاللاتائالاغا: «ئى خۇدا، مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، روھىمنى بىر دۇلدۇلغا مىندۇرۇپ، جەسىتىمنى ئېلىپ كېتىشكە ئەۋەتسەڭ. مەن يەنە ئەسلىمگە كېلىپ، روھلارغا قوشۇلۇپ، پۈتۈن ئالەمنى بىر قېتىم ساياھەت قىلىپ چىقىۋالسام، كېيىن قەبرەمنى بالىلىرىمنىڭ چۈشىدە زاھىر قىلىپ قويساڭ» دەپ ئىلتىجا قىلغانىكەن. ئاللاتائالا ئىمامى ئەلىنىڭ بۇ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە سالغانىكەن.

ئەمما، ئىمامى ئەلىنىڭ بالىلىرى سورىمايدىغان گەپنى سوراپ قويغانلىقى ئۈچۈن بۇ سىر ئاشكارىلىنىپ، ھازىرقى دەۋرگىچە تارقىلىپ يۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئىمامى ئەلىنىڭ ئالەمدە قىلىدىغان ساياھىتى باشلىنىپتۇ. ئۇ ئۇچار دۇلدۇلغا مىنىپ، شەھەرمۇ شەھەر، يۇرتمۇ يۇرت ھەممىنى كېزىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، تاغدەك دۆۋىلەنگەن قوي گۆشلىرى بىلەن ئۇنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بىلىپتۇكى، بۇ، دۈشمەنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۇرت ـ يۇرتلاردىكى خەلقلەردىن بولاپ كەلگەن ئاش ـ ئوزۇق تەييارلىقى ئىكەن. ئىمامى ئەلى دۇلدۇل ئۈستىدە تۇرۇپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىپتۇ.

ئىمامى ئەلىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بوپتۇ. يەنى دۈشمەنلەرنىڭ يېمەكلىكلىرى بىر دەمدىلا تاغقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا شۈكرانە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئىمامى ئەلى ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، ئىككى رەكەت شۈكرانە ناماز ئوقۇپتۇ. دۇلدۇلغا ئوقۇر ياساپ يەم بېرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

كېيىن بۇ يەرگە ئەسكەرلەر يېتىپ كېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن جەسەتلىرىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار تاغ ئۈستىگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



چىققاندا ئىمامى ئەلىنىڭ سەجدە قىلغان يېرىنىڭ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغانلىقىنى، دۇلدۇلغا ياسالغان ئېغىل ۋە يەم بەرگەن ئوقۇرنى كۆرۈپ «بەلكىم ئىمامى ئەلى ئوغۇللىرىغا دىگەن ‹مازار تاغ› مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ۋە بۇ تاغنى «مازار تاغ» دەپ ئاتاپتۇ. بىر نەچچە يىلغىچە بۇ تاغنى ئۇلۇغلاپ خالىس نەزىر قىلىپ تۇلۇملارنى ئېسىپتۇ. مەخسۇس دۇئا ـ تىلاۋەتچىلەرنى قويۇپ ئۇلارغا ئۆي سېلىپ بېرىپتۇ.

رەتلىگۈچى: مەمتىمىن قۇربان

## دارۋازلىق رىۋايىتى

قەدىمكى زاماندا چىن ماچىن ئېلىدە قۇرامشاھ دىگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ زامانىدا دۆلەت قۇدرەت تاپقان بولۇپ، خەلق ئاسايىشلىق ئىچىدە ياشايدىكەن، پادىشاھ ۋە پۇقرالارنىڭ ھېچقانداق ئىشتىن غەم ـ ئەندىشىسى يوق ئىكەن.

بۇ ئەلنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى «قاراڭغۇ تاغ» دا جىن ـ شاياتۇنلار ياشايدىكەن. قۇرامشاھنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ زامانىدا، ئۇلار بۇ ئەلگە دائىم تەھلىكە پەيدا قىلىپ ئارام بەرمەيدىكەن. قۇرامشاھنىڭ چوڭ دادىسى ئۇزۇن يىل قانلىق جەڭ قىلىپ، ئاخىر ئۇ ئالۋاستىلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ ۋە توۋا قىلدۇرۇپ، قايتا پاراكەندىچىلىك قىلماسلىققا تىلخەت ئالغانىكەن. لېكىن، ئالۋاستىلار يەنىلا كۈنلەرنىڭ بىر كۈنىدە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۆچىنى ئېلىشنى ئويلايدىكەن. قۇرامشاھنىڭ زامانىغا كەلگەندە ئۇلار ئۆز ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ئەلگە كېچىسى بېسىپ كىرىپتۇ ۋە كىشىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ قېچىشقا باشلاپتۇ. قۇرامشاھ دەسلەپتە بۇ ئىشقا ئانچە ئېرەن قىلماپتۇ. كېيىنچە بۇ ئىش چوڭىيىپ ئوردا لەشكەرلىرىمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى قۇرامشاھ بىرەر چارە ـ تەدبىر تېپىلىپ قالار دىگەن ئويدا ئوردىدىكى دانىشمەنلەرنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. شاھنىڭ

ئوك قول ۋەزىرى شۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئەمەلىيەتتە كۈچى يوق، بىزنىڭ سەرۋاز - لەشكەرلىرىمىز بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشالمايدۇ. ئەمما ئۇلار تولىمۇ ھىيلىگەر. ئۇلارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆزىگە قارشى ئادەملەرنى كۆرگەندىن كېيىن قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنى ئەخمەق قىلىپ مال - دۇنيانى ئېلىپ قاچىدۇ. بۇنىڭ مۇنداق بىر چارىسى بار: ئاتا - بوۋىمىز زامانىدا بۇ ئالۋاستىلارنى كەمەك ھەييار [1] دېگەن بىر دارۋاز قوغلىۋەتكەنىكەن. ئۇ كېيىن ئوردىدىكى پىتنىخورلاردىن ئازار يەپ جاڭگالغا كەتكەنىكەن. چوڭ دادام: «مۇبادا دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلسە، ئاشۇ كەمەك ھەييارنى ئىزدەڭلار» دەپ تاپىلىغان. بىزنىڭ ئۆيدە كەمەك ھەيياردىن قالغان قىرىق غۇلاچلىق ئارقان، قىرىق غېرىچلىق، ئىككى بىسلىق بىر قىلىچ بار. مەن بۇلارنى ئېلىپ جاڭگالغا بېرىپ ئۇنى ئىزدەپ باقاي، ئۇ ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنىڭ ھىدىنى پۇراپ ماڭا يېقىنلىشىپ قالسا ھەم ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ قىسمەتنى يېڭىشنى ماقۇل كۆرسە، باشلاپ كېلەي. چۈنكى، چوڭ دادام بىلەن كەمەك ھەييار مەڭگۈلۈك دوستلاردىن بولۇشقا ۋەدىلەشكەنىكەن، شۇنىڭ يۈزىسىدىن بولسىمۇ، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئىلىك ئالار، — دەپتۇ. كېڭەش ئەھلى ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنى ئۈچقۇر ئاتلارغا مىنگەن قىرىق يىگىتكە قوشۇپ كۇنتۇغار تامان يولغا ساپتۇ. ئۇلارقىرىق كېچە - كۈندۈز سەپەر قىلىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە كەمەك ھەييارنى تېپىپتۇ. كەمەك ھەييار بۇ چاغدا 400 ياشقا كىرگەن بولۇپ، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، غېرىبلىق، مىسكىنلىك ئۇنىڭ روھى ۋە جىسمىنى ئېغىر خوراتقانىكەن. ئۇ، كەلگەن ۋەزىرنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سۆيۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن كۆزىدىن ياشلار تاراملاپ تۆكۈلۈپتۇ. ئەل - يۇرتنىڭ

---

[1] كەمەك ھەييار كېرىيىدە ئۆتكەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېشىغا بالا - قازا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن قايغۇرۇپتۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يۇرتداشلىرى ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئىستىكى ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋاپتۇ. ئۇ 300 يىل ياشىغان غېرىبانە كۆلبىسىدىن ئايرىلىپ، ۋەزىر ۋە يىگىتلەر بىلەن يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. پادىشاھ كەمەك ھەييارنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار ئوردىدا بىر نەچچە كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئالۋاستىلارنى يوقىتىش تەدبىرىنى تۈزۈپتۇ. شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ تۇۋرۇكلەرنى قاداپ، قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىككە ئارغامچا تارتىپتۇ. كەمەك ھەييار قىرىق يىگىتنى ئارغامچا ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتالايدىغان قىلىپ مەشىق قىلدۇرۇپتۇ. يەر ئۈستىدە سەرۋاز - لەشكەرلەر كېچىلىرى ئۇخلىماي ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە جىنلار ھەر قىرىق كۈندە بىر قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا كېلىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇلار شەھەرگە باستۇرۇپ كەپتۇ. يەر ئۈستىدىكى سەرۋازلار تەڭلا ھەرىكەتكە كېلىپ، جىنلارنى يەرگە زادىلا دەسسەتمەپتۇ. جىنلار يەرگە دەسسەپ تۇرالمىسا، قىرىق غۇلاچلىق ئاسمان بوشلۇقىغا چىقىپ تۇرۇۋالار ئىكەن. ئۇلار ئاسمانغا چىقىشى ھامان كەمەك ھەييار باشچىلىقىدىكى يىگىتلەر يوشۇرۇنغان جايىدىن ئارغامچا بىلەن كېلىپ جىنلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ئەدىپىنى راسا بېرىپتۇ. كەمەك ھەييار جىنلار پادىشاھىنى تۇتۇۋېلىپ قۇرامشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ ھەمدە ئۇنى قاتتىق سوراققا تارتىپتۇ. جىنلار پادىشاھى قورقۇپ كېتىپ قىلغان شۇملۇقلىرىغا ئۆكۈنۈپ زار - زار يىغلاپتۇ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بۇلار بىلەن قىلىشقان ئەھدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىپ تۇۋا قىپتۇ، بۇلاپ كەتكەن مال - دۇنيانى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، بۇ ئەلگە قايتا قەدەم باسمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ نالىسىگە چىدىماي، ئۇنىڭدىن تىلخەت ئېلىپ ئۆز ئېلىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئەلدە يەرگە تۇۋرۇك قاداپ، بوشلۇققا ئارغامچا تارتىپ دارۋازلىق قىلىش ئۇدۇم بولۇپ قاپتۇ ①.

① مەتسەئىدى مەتقاسىمنىڭ «ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

## «كۆھمارىم» توغرىسىدا ئۈچ رىۋايەت ①

1

بىر كۈنى ئۇدۇن پادىشاھى ۋىيسارا سامپاۋا شىكار قىلماقچى بولۇپ، بىر توپ ئاتلىق ئادەملىرى بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ. بۇلار تازا چېپىپ كېتىۋاتقاندا، توساتتىنلا ئالدى تەرەپتىن كۆز ئالدىدىلا ئىككى دانە بۇغا پەيدا بولۇپتۇ. بۇنىڭ بىرى ئالتۇن بۇغا، يەنە بىرى كۈمۈش بۇغا ئىكەن. بۇغىلار شىكارچىلارغا كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس ھالدا قېچىپتۇ. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ھەر قانچە قوغلاپمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يېتەلمەپتۇ. شۇ تەرىقىدە قوغلىشىپ كالا باش تاغقا كەلگەندە، ھېلىقى بىر جۈپ بۇغا يەكسالار ② پادىشاھى سارۋاتراگا (Sarvatraga) غا ئۆزگىرىپ، بوشلۇقتا تۇرۇپ، ئۇدۇن پادىشاھىغا:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرى بۇ يەردە بىر ئىبادەتخانا ۋە بۇددا مۇنارى بىنا قىلغايلا ... — دەپتۇ.

پادىشاھ ھەيران بولۇپ، يەكسالار پادىشاھىدىن سوراپتۇ:

— كىمگە ئاتاپ ئىبادەتخانا ۋە مۇنار بىنا قىلىمەن؟

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ جىن خوتەننىڭ دۆلەت ھامىيسى بولغان شىمال تەڭرىسى ۋايشىراۋانا تەڭرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ئىمىش.

— بۇددانىڭ ئەلچىسى بولغان بۇداھبۇداھ ئارخات، سىداھ سامغا، پويام سامغا ۋە سىدداھىنا سامغا، بۇ تۆت ئارخات ئالىيلىرىنىڭ روشەن ئاڭ - سەزگۈسىدىن كەلگەن، ئاشۇلار ئۈچۈن ياسىغايلا، — دەپتۇ يەكسا.

گەپ تۈگىشىگىلا، يۇقىرىدا دېيىلگەن تۆت ئارخات بوشلۇقتا ئېنىق ئايان بولۇپتۇ ۋە ئۇدۇن پادىشاھىغا قاراپ بۇددا قانۇنلىرىدىن

① بۇ رىۋايەت تۈبۈت يېزىقىدىكى «ئۇدۇننىڭ دىنىي قانۇنلىرى تارىخى» ناملىق كىتابتا ساقلىنىپ قالغان.

② يەكسا — بۇددا دىنىدىكى بىر جىننىڭ ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



تەپسىر سۆزلەپتۇ.

ئۇدۇن پادىشاھى بۇدداغا پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مايىل بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى سەپەرۋەر قىلىپ، قۇمات ئىبادەتخانىسى ۋە بۇددا مۇنارىنى ياساپتۇ.

2

قەدىمكى زاماندا خوجامۇھىب ئىسىملىك بىر مەرد پالۋان مۇشۇ كۆھمار تېغىدا ئۇۋچىلىق قىلغاچ ئىستىقامەتتە ئولتۇرار ئىكەن. ئۇ بۇ پىنھان ماكاندا 12 يىل ئىبادەت قىلىپ ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يېتىپتۇ. ئۇ ھېچقانچە كۆچىمەيلا ئېگىز تاغلارغا ئۇچۇپ چىقالايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تاغ تەرەپتىن بىر چوڭ ئەجدىھا ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، ئەلگە ئاپەتنى ساپتۇ. پالۋان ئوقياسىنى بەتلەپ بىر ئاتقان ئىكەن. ئەجدىھا 10 پارچە بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ھەر بىر پارچىسى بىر پىلانغا ئايلىنىپ، كۆھمار تېغىدىكى غار - ئۆڭكۈرلەرگە يامىشىپ كىرىپ كېتىپتۇ. خوجا مۇھىب ئۆلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى كۆھمار تېغىغا دەپنە قىلىپ، يېنىغا خانىقا بىنا قىلىپتۇ ھەمدە بېشىغا ركۈن چۈشكەندە، قۇرغاقچىلىق بولغاندا بۇ يەرگە كېلىپ سەيلە - تاۋاپ قىلىدىغان بوپتۇ ...

3

قۇددۇس شەھىرىدە خوجا مۇھىب ئىسىملىك بىر ئوۋچى بار ئىكەن [1]. ئۇ ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئوۋچىلىق ماھارىتىگە تايىنىپ، ھېسابسىز جان - جانىۋارلارنى تۇتۇپ يېقىر - ئاجىزلارغا نېپىقە قىلار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ تۇزىقىغا بىر تۆتى قۇش چۈشۈپ قاپتۇ. خوجا مۇھىب تۇتىنىڭ پۇتىنى باغلاپ، قولىغا قوندۇرۇپ، باش ۋە كۆزىنى سىلاپتۇ. تۇتى پالاقشىپ قانات ئۇرۇپ بوي بەرمەپتۇ ۋە خوجا مۇھىبنىڭ قولىنى بىر نەچچە قېتىم قاتتىق چوقۇپتۇ. ئاخىرى خوجا مۇھىبنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، تۇتىنى يەرگە ئۇرۇپتۇ.

---

① بۇ رىۋايەت موللا قادىر خوجا ئىشان دېگەن كىشى تەرىپىدىن 1910 - يىللاردا نەشر قىلدۇرۇلغان «تەزكىرەئى ئوۋەيسىيە» (ماشايىخلار تەزكىرىسى) دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

تۇتى زۇۋانغا كېلىپ، چىرايلىق سۆز بىلەن پەرياد قىلىپ:
— ئەي ئادەمزات بالىسى، ھەزرىتى ئەلى زامانلىرىدىن بۇ كەمگىچە ماڭا زۇلۇم يەتكىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. سېنىڭ بالاغەتكە يەتكىنىڭگە ئون ئىككى يىل بولۇپتۇ. تا بۇ ۋاقىتقىچە، خۇدايىتائالانىڭ جاندار بەندىلىرى ساڭا ھېچقانداق زىيان سالمىدى. ۋەھالەنكى، سەن ئۇلارنى ھەددى - ھېسابسىز ئۆلتۈردۈڭ. سەن ھامىنى ئۇنىڭ قىساسىغا قالىسەن. لېكىن ھېلىھەم پۇرسەت غەنىيمەتتۇر، سەن بۇ ئىشنى تەرك قىلىپ، ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلساڭ ياخشى بولارمىكىن؟ — دەپ خوجا مۇھسىبقا نەسىھەت قىلىپتۇ.

خوجا مۇھسىب بۇنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە قورقۇنچ پەيدا بوپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «ئەي مۇھسىب، بۇ نېمىدېگەن دەھشەت، نېمىدېگەن قەبىھ ئەھۋال؟ سەن نېمە ئۇچۇن بۇ زۇۋانسىز مەخلۇقنى ناكاھ قىلدىڭ؟ نېمە ئۇچۇن ئۇ سېنىڭ دەستىڭدىن پەرياد قىلىدۇ؟...» دەپ كايىپتۇ.

خوجا مۇھسىب قىلغان گۇناھ ئىشلىرىدىن پۇشايمان يەپ، تۇتىنى دەرھال ئازاد قىپتۇ ۋە سەھراغا قاراپ راۋان بوپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن مەنزىللەرنى بېسىپ بىر يەرگە كەلگەندە، بىر يىلان پەيدا بولۇپ، يېقىملىق تىل بىلەن خوجا مۇھسىبقا شۇنداق دەپتۇ:
— ئەي خۇدانىڭ بەندىسى، سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ ھەم قەيەرگە بارىسەن؟

— ئەي جانىۋار، — دەپتۇ مۇھسىب، — غۇربەتچىلىكتە قالدىم ۋە ھەم بۇ جاھاننىڭ كىشەندىلىرىدىن ئازاد بولدۇم. ۋەتىنىمدىن يىراق كېتىپ بارىمەن. بىر ھەمراھ تاپسام دېگەن ئۈمىدتە كېتىپ بارىمەن ...

— مەن ھەم غۇربەتتە تۇرىمەن، — دەپتۇ يىلان، — مەنمۇ ئۆزۈمگە بىر ھەمراھ تاپماقچىدىم. ئەگەر مېنى قوبۇل قىلىشنى خالىساڭ، ساڭا ھەمراھ - دوست بولاي.

خوجا مۇھسىب شۇنداق دەپتۇ:
— سەن بىر يىلان تۇرساڭ، مەن بولسام بىر ئادەم تۇرسام،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىككىمىز دوست بولساق قانداق نەتىجە چىقار؟

— ھەممىگە مەلۇمكى، — دەپتۇ يىلان، — ئۆلگەندە ھەممىمىز باراۋەر بولىمىز. خۇداۋەندىكىرىم ئېيتىپتۇركى: «ماترافى خەلقىررەھمان مىنتىفاۋۇت (مېھرىبان ئاللانىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسان يوق)».

خوجا مۇھسىن يىلاندىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئىچىدە: بۇ زۇۋانسىز جانىۋار قانداقسىگە خۇدايىتائالانىڭ سۆزىنى بىلىدىكىن؟ مەن ئۇنى جىنمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن. ھەر ھالدا بۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن ھەمراھ بولماق لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ دوستلۇققا يارىسا دوست بولارمىز، ئەكسىچە بولسا ئايرىلىپ كېتەرمىز، دەپ ئويلاپتۇ ۋە بىر يىل يىلان بىلەن ھەمراھ بولۇپتۇ. خوجا مۇھسىن بۇ يىلاندىن ياخشى ئىشلارنى كۆرۈپتۇ. مۇھسىن ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ: «ئەي مۇھسىن، سەن ئادەم سۈرىتىدە، بۇ يىلان سۈرىتىدە، ھەيرانمەنكى، بۇ يىلاندا ئادەمدىنمۇ زىيادە خىسلەت بار ئىكەن؛ ئەمما ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. خۇدا بۇ يىلاننى ساڭا سىرداش بولماق ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ سۆھبىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇ يىلاندىن يىراق بولمىغىن. بەلكىم بۇ يىلاندىن مەنپەئەت كۆرسەڭمۇ ئەجەب ئەمەس...».

شۇنداق قىلىپ خوجا مۇھسىن بۇ يىلان بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىللە يۈرۈپتۇ. ھەم بىر كۈنى يىلانغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي يىلان، سەن ئۆزۈڭنى ماڭا بىلدۈرگىن. سەن ئادەممۇ ياكى پەرىمۇ؟ خاتىرەم جەم بولسۇن...

— ئەي سىردىشىم، — دەپتۇ يىلان، — ساڭا ھەمراھ بولغىنىمغا بىر يىلدىن ئاشتى. سەن تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟ مەن ساڭا ئىلگىرى قايسى ھالەتتە كۆرۈنگەن بولسام، ھازىرمۇ شۇ ھالەتتىدۇرمەن.

— ئابدال[1] مەرتىۋىسىگە يەتكەنسىز؟ — دەپ قايتا سوراپتۇ خوجا مۇھسىن ئارقىدىنلا.

[1] ئابدال — سوپىزمدىكى بىر مەرتىۋە نامى بولۇپ، ئابدال مەرتىۋىسىگە يەتكەندىن كېيىن، ئەل كۆزىدىن غايىب يۈرەرمىش.

— دەل ئېيتتىڭىز، — دەپتۇ يىلان تەبەسسۇم قىلىپ، — مەن جامائىرەجال غايىبدىندۇرمەن. [1] ئابداللار قاتارىدىندۇرمەن. ئىسمىم ئابدۇللادۇر. قىلىدىغان ئىشىم دۇنيانى سەيلە قىلىپ تەسەررۇپ قىلماقتۇر. مەن ھەر زامان ھەرىكەت قىلسام، ئۆز جامائەتلىرىم بىلەن ئالەمنى ئايلىنىپ، ئىنسانلارغا يول كۆرسىتىمەن. مەن ئۆزۈمنى ساڭا يىلان سۈرىتىدە كۆرسەتتىم.

يىلان گېپىنى تۈگىتىپ، بىر سىلكىنىپلا ئادەم سۈرىتىگە كىرىپتۇ. خوجا مۇھىب قارىغۇدەك بولسا، ئۇ، قامىتى كېلىشكەن چىرايلىق بىر يىگىت ئىكەن. «يىلان» مۇھىبقا قاراپ:

— ئەي مۇھىب، خودا مېنى بۇ باياۋانغا سېنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. بۈگۈن ۋەدە ئاخىرىغا يەتتى. ئەمدى بىر - بىرىمىزدىن جۇدا بولايلى، سەن ئورنۇڭدىن قوپۇپ «ئامىن» دېگىن، — دەپتۇ.

خوجا مۇھىبنىڭ دۇئاغا قول ئېچىپ تۇرغان پۇرسىتىدە شەيخ ئابدۇللا پاتىھە ئوقۇپ، مۇھىبنىڭ يۈزىگە دەمىدە قىپتۇ. خوجا مۇھىب ھوشسىزلىنىپتۇ. شەيخ ئابدۇللا خوجا مۇھىبنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، ئىچلىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ، يەنە ئەسلىدىكىدەك تىكىپ قويۇپتۇ. شەيخ ئابدۇللا يەنە پاتىھە ئوقۇپ، مۇھىبنىڭ يۈزىگە دەمىدە قىلغان ئىكەن، خوجا مۇھىب ھوشىغا كېلىپتۇ. شۇ چاغدا شەيخ ئابدۇللا مۇھىبتىن سوراپتۇ.

— كۆزىڭىزگە نېمە كۆرۈندى؟

مۇھىب جاۋاب بېرىپتۇ:

— پاك ۋە روشەن ئىچكى تۈيغۇنى كۆردۈم.

— ھەممە ئىشلارنىڭ ئەسلىي دەل پاك ۋە روشەن ئىچكى تۈيغۇدۇر، — دەپتۇ شەيخ، — دەل مۇشۇنىڭدىن ھەممە سۈرەتلەر زاھىر بولىدۇ. خالىسىڭىز بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇڭ، يەنە بىر - ئىككى يىلدا كۆز تۇتۇڭ، شۇ چاغدا ئىككىمىز ئۇچرىشىمىز.

شەيخ گېپىنى تۈگىتىپلا كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. خوجا مۇھىب

[1] ئەل كۆزىدىن غايىب بولۇپ، تۈپلىشىپ ئالەمنى سەيلە قىلىدىغان ئەۋلىيالار تۈپى.

بۇ يەردە ئىككى يىل تۇرۇپتۇ. شەيخ ئابدۇللا يەنە پەيدا بولۇپ خوجا مۇھەببقا:

— سىز ئەمدى بۇ باياۋاننى تەرك قىلىپ، تۈركىستانغا سەپەر قىلىڭ، شۇ جايدا قارار تېپىڭ، — دەپ ئەمر قىلىپتۇ.

خوجا مۇھەبب رۇخسەت ئېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا يەنە بىر يىلان يول باشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە ئىككى يىل يول يۈرۈپتۇ. ئۈچىنچى يىلى خوتەن مەملىكىتىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە سۇئىبان ئىسىملىك بىر دەرۋىش بولۇپ، خۇدا يولىدا جاپا - مۇشەققەتكە مەشغۇل ئىكەن، خوجا مۇھەبب شۇ دەرۋىش بىلەن ئۇچرىشىپتۇ ۋە نەچچە كېچە ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپتۇ. خوجا مۇھەبب كارامەت كۆرسىتىپتۇ. لېكىن سۇئىباننىڭ يەل گۈمپىسى ئوتقا ئوخشاش ھەر قانداق نەرسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئەل ئىچىدە «دەمدار» (يەل گۈمپا ماھىرى) دەپ نام ئېلىپتۇ.

خوجا مۇھەبب سۇئىبانغا دەپتۇ:

— ئەي دەرۋىش، ئەمدى ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، بىرەر خالىي - پىنھان جاينى تېپىپ، ئىبادەتكە مەشغۇل بولاي ...

سۇئىبان:

— ئەي مۇھەبب، تا غايىب ئالەمدىن بىشارەت كەلمىگۈچە، رۇخسەت بېرىشكە مېنىڭ ھەددىم يوق، دەپ كۆزىنى يۇمۇپ كىم بىلەندۇ غايىبانە سۆزلىشىپتۇ.

«ئەي سۇئىبان، سەن كارامەت كۆرسىتىپ بىر ئوق ئۈزگىن، ئوق قەيەرگە بېرىپ چۈشسە، خوجا مۇھەبب شۇ يەردە قارار تاپسۇن، سەن ئۇنىڭغا ياردەمدە بول» دېگەن غايىب خەۋەركېلىپتۇ. سۇئىبان دەرھال ئوقياسىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ. خوجا مۇھەبب بىلەن سۇئىبان ئوقنىڭ كەينىدىن تەڭ ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئوق بېرىپ قاراقاش دەرياسى لېۋىدىكى تاغنىڭ قاپتىلىغا چۈشۈپتۇ. بۇ يەر ناسۇندە ① دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئىككىيلەن ئوققا يېقىن بېرىپتۇ. ئەمما ئوق غايىب بولۇپتۇ. ھەر قانچە ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالماپتۇ. بۇ ئىككىيلەن شۇ

① بۇ يەردە ھېلىمۇ نۇسۇي دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. «ناسۇندە» دەل ھازىرقى نۇسۇي بولۇشى مۇمكىن.

يەردە لەڭگەرخانا بىنا قىلىپتۇ. ئۇق غايىب بولۇپ كەتكەن يەرگە خانىقا سېلىپ ئاۋات قىلىپتۇ. ئىككىسى دەرىجە بويىچە چىللىگە ئولتۇرۇپتۇ. قىرىق كۈندىن كېيىن چىللە تامام بولۇپتۇ.

سۇئبان خوجا مۇھىبقا:

— ئى مۇھىب، ئەمدى ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، ئۆز مەنزىلىمگە باراي — دەپتۇ.

خوجا مۇھىب:

— توسۇپ قېلىشقا ھەددىم يوقتۇر، بېرىڭ. ئەگەر كاج پەلەك ئىككىمىزنى ئالىمادىس ئەھۋال تۇپەيلىدىن ھازىر قىلماقنى خالىسا قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

شەيخ سۇئبان شۇنداق دەپتۇ:

— ئارىمىزدا بىر ئۇق راۋان قىلايلى، ھەر قانداق ئەھۋال بولسا شۇنىڭغا يېزىپ ئەۋەتەيلى، ۋاپاتىمىزنى ھەم شۇنىڭدىن بىلەيلى.

خوجا مۇھىب ماقۇل بولۇپتۇ. سۇئبان رۇخسەت بىلەن ئۆز مەنزىللىرىگە يېنىپتۇ. ئۇن يىلغىچە بىر - بىرلىرىنى كۆرمەي، كارامەت ئوقنى ئىبەرتىشىپ، غايىبانە سۆھبەتلىشىپ يۈرۈپتۇ. بۇ ئون يىل مابەينىدە خوجا مۇھىبقا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن يىلان جىن - ئالۋاستىلارنى يېقىن يولاتماي، قورۇقچى بولۇپ تۇرۇپتۇ. خوجا مۇھىب خاتىرجەم ئىبادەت قىلىپ، مەقسەتلىرىگە يېتىپ، ئابدال مەرتىۋىسىگە مۇشەررەپ بولۇپتۇ.

بىر كۈنى خوجا مۇھىب خانىقادا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىككى قېتىم كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە بولۇپتۇ.

يەنە بىر كۈنى شۇنداق ئولتۇرغان ئىكەن، بىر ئوق كېلىپ خانىقانىڭ ئىشىكىگە چۈشۈپتۇ. خوجا مۇھىب بۇ ئوقنى ھەر قانچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ ۋە شۇنداق ئويلاپتۇ: «ئەي مۇھىب، دەرھەقىقەت ئوق تېپىلمىدى، ۋەدە ئاخىرىغا يېتىپتۇر».

خوجامۇھىب دەرھال قوپۇپ خانىقادىن چىقىپ، يىلاننىڭ ھەمراھلىقىدا خالايىقلار قېشىغا بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي يارانلەر، ئارىمىزدىكى بۇرادەرلىك ھەققىنى مەندىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆتۈپ، رازى بولۇڭلار، ھەر دۇئايىڭلاردا ياد قىلىڭلار. مېنىڭ كېتەر ۋاقتىم يېقىنلاشتى، — دەپتۇ.

خالايىقلار نالە قىلىشىپ ئېيتىپتۇ:

— ئەي بۇزرۇكۋار، سىز ھەم رازى بولۇڭ. بىزدىن قانداق تەقسىرات ئۆتكەن بولسا، ئەپۇ قىلغۇيتىڭ. سىزدىن ئىلتىماسىمىز شۇكى، سىز بىزگە پەند ـ نەسىھەت قالدۇرۇپ كېتىڭ، بىزگە سۈننەت بولسۇن. بىز بۇ سۈننەتنى مەھكەم تۇتۇپ ئەمەل قىلايلى. شۇنىڭدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتىنى بىلەيلى...

خوجا مۇھىب بىقەدىرھال نەسىھەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

— مەن ۋاپات قىلسام، خانىقاغا دەپنە قىلىڭلار، ئىككى يۈز يىلغىچە بارلىق ھادىسىلەر ھەققىدە مەندىن سوراڭلار، بۇ يىلاننىڭ ھاياتىنى غەنىيمەت بىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭلاركى، ئۇ مېنىڭ مۇخلىسىمدۇر. ھەر قانداق ھاجەتمەن مېنىڭ مازىرىمغا كېلىپ ھاجىتىنى تىلىسە قوبۇل بولغىنى شۇكى — دەرھال بۇ يىلان پەيدا بولىدۇ.

خوجا مۇھىب گېپىنى تۈگىتىپلا جان بېرىپتۇ. شەيخ سۇئبان ھازىر بولۇپ، ئۇنىڭ مۇبارەك ئۇستىخانلىرىنى غۇسلى قىلدۇرۇپ، نامازلىرىنى ئوقۇپتۇ. ۋەسىيەت قىلغان خانىقاغا دەپنە قىلىپ بولۇپ، قايتىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خالايىق خوجامۇھىبنى ھەر بىر سېغىنغاندا ياكى تەلىپىنى ئېيتقاندا، يىلان پەيدا بولۇپتۇ. ھاجىتىنى قەغەزگە يېزىپ قەبرە ئۈستىدە قويۇپ قويسا، ھاجىتىنىڭ شىپالىق چارىسى يېزىلىپ قالىدىغان بوپتۇ. بۇ ئىش داۋاملىق تەكرارلىنىپتۇ. خالايىقنىڭ خوجا مۇھىبقا بولغان ئېتىقادى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئۇنى خاتىرىلەپ ـ سەيلە تاۋاپ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپتۇ.

【نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن】 كۆھمارىم — خوتەن شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى بىر تىك قىيانىڭ نامى. «كۆھمار» — پارسچە ئاتالغۇ بولۇپ، «كۆھ» — تاغ، «مار» — يىلان، يەنى «يىلانلىق تاغ» دىگەن مەنىدە. خەنزۇ تىلىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەردىن «فاشيەننىڭ تەرجىمھالى»،

«بۇيۇك تاغ دەۋرىدە غەربىي دىيارغا ساياھەت قىلىش خاتىرىسى» قاتارلىقلار ۋە تۇبۇت تىلىدىكى «ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ نام - ئەمەل خاتىرىسى» دە، بۇ تاغنىڭ نامى «گوماتى» (ياكى قومات)، «كالا باش تاغ»، «كالا مۈڭگۈزى تېغى»، «گوسرىنكا تېغى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئېھتىمال مىلادىيە 11 - ئەسىردىن كېيىن «كۆھمارىم» غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. تارىخ تەتقىقاتچىلىرى بۇ يەرنى خوتەننىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى گوماتى ( 瞿摩帝 ) ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنى دەپ قارايدۇ. ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ستەيىنمۇ بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەپ، «گوماتى — قاراقاش دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى بولۇپ، گوماتى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنى تەخمىنەن مەزكۇر دەريانىڭ شەرقىدىكى ئېگىزلىك — كۆھمارىم بولۇشى مۇمكىن، ھازىرمۇ بۇ تاغدا تاش غارلار ساقلانماقتا...» دەيدۇ.

«گوماتى ئىبادەتخانىسى» ھەققىدە، مىلادىيە 4 - ئەسىردە ئۇدۇنغا كەلگەن سەيياھ راھىب فاشيەن تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. ئۇنىڭ بايانىچە، بۇ ئىبادەتخانا ئۇدۇندىكى چوڭ كۆلەمگىلىكلەرنىڭ مەشھۇر ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئۇدۇن پادىشاھىنىڭ چوقۇنۇش ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. دېمەك، فاشيەندىن تارتىپ شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىلىرىگىچە نەزەر سالغاندا، مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن تاكى 9 - 10 - ئەسىرلەرگىچە گوماتى ئىبادەتخانىسىنىڭ كۈچە - ئىسرىقلىرى ئۆچۈپ قالمىغان. گوماتى ئىبادەتخانىسىنىڭ بىر بۆلۈك راھىبخانىلىرى خانلىقنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىلىرىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەلچى، ۋەزىرلىرى بىلەن بىرلىكتە خېشى رايونىدىكى شاجۇ، گەنجۇ، غەربىي شيالاردىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىگىچە بارغان. ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتىنى خېشى رايونى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىتىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. دۇنخۇاڭ موگاۋ غارى 454 - نومۇرلۇق تاشكېمىر تېمىغا سىزىلغان «كالاباش تاغ ئىبادەتخانىسى» نىڭ تەسۋىرىگە قارىغاندا، ئىبادەتخانا ئالدىدىن دەريا ئېقىپ ئۆتىدىكەن. ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسى كالابېشى شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، «كالا ئاغزى» دىن باشلانغان پەلەمپەي بىلەن ئېچكىرىلەپ، يۇقىرىدىكى بۇددا ھەيكىلى قويۇلغان راۋاققا چىققىلى بولىدىكەن. راۋاقنىڭ ئۈستى بارغانچە كىچىكلەپ، «دۈم كۆمتۈرۈلگەن جام» شەكىللىك چاتما قۇرۇلمىلار بىلەن تۈگەللەنگەنىكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە كالامۈڭگۈزسىمان قۇرۇلما ئورنىتىلغان ئىكەن.

فاشيەننىڭ تەسۋىرىچە، مەزكۇر ئىبادەتخانا ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك بولۇپ، مۇنارمۇ شۇنداق ئېگىز ئىكەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ ئىبادەتخانىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇدۇندا 14 يەردە بار ئىكەن. ڧاشيەن تۇرالغۇ قىلغان «گۇماتى ئىبادەتخانىسىدا چوڭ كۆلەمگىلىكلەر مەزھىپىدىكى راھىبلاردىن 3000 راھىب بار ئىكەن. دېھقانلار كالېندارى بويىچە، ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇت يۆتكەش مۇراسىمى باشلىنىدىكەن. شەھەر يوللىرى سۈپۈرۈلۈپ، سۇ چېچىلىدىكەن. ھەر قايسى كوچا - دوقمۇشلار زىننەتلىنىپ، شەھەر قوۋۇقلىرىغا پەردىلەر تارتىلىدىكەن. پادىشاھتىن تارتىپ خانىش ۋە كېنىزەكلەرگىچە ھەممىسى بۇ بۇت يۆتكەش پائالىيىتىگە قاتنىشىدىكەن. بۇ پائالىيەت 14 ئىبادەتخانىنىڭ ھەر بىرسىدە بىر كۈندىن ئۆتكۈزۈلۈپ 14 - كۈنى ئاخىرلىشىدىكەن».

يۇقىرىدىكى بايانلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، 4 - 5 - ئەسىرلەردە ئۇدۇندا شەكىللەنگەن «بۇت سەيلىسى» 11 - ئەسىرلەردىن كېيىن شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىرىپ، ھازىرقى «كۆھمارىم سەيلىسى» ۋە «ئىمامى ئاسىم سەيلىسى» نى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمما بۇ سەيلىلەرنىڭ ۋاقتى ئۆزگىرىپ، كۆھمارىم سەيلىسىنىڭ ۋاقتى 8-، 9 - ئايلارغا، ئىمامى ئاسىم سەيلىسىنىڭ ۋاقتى 5 - ئايغا مۇقىملىشىپ قالغان. شۇ قاتاردا، بۇ ئىككى سەيلىگاھنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە خېلى بۇرۇنلا مەسچىت - خانىقا بىنا قىلىنغان. يەنە قاندىلاقتۇر «خوجا مۇھىب» ۋە «ئىمامى ئاسىم» لارنىڭ تەقلىدىي قەبرىلىرىمۇ شەكىللەندۈرۈلگەن. سەيلە مەزگىلىدە بۇ يەرلەردە نەچچە مىڭ ئادەم سەيلە - تاۋاپ پائالىيىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇنىڭدا ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ دۇئا - تىلاۋەت ۋە تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ قىسىم سەيلە - تاۋاپچىلار چېلىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، قارتا ئويناشقا ئوخشاش نوقۇل ھالدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، مەيلى «كۆھمارىم» بولسۇن ۋە مەيلى «ئىمامى ئاسىم سەيلىگاھى» بولسۇن، ھەر ئىككىسى قەدىمكى زاماندىكى بۇددىزم مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، «كۆھمارىم» دا ھازىر ئەينى دەۋردىكى گۇماتى ئىبادەتخانىسىنىڭ قالدۇق ئىزى ۋە راھىبلار ئىستىقامەت قىلىدىغان تاش ئۆڭكۈر قاتارلىقلار ساقلىنىپ قالغان بولسا، «ئىمامى ئاسىم سەيلىگاھى» دا 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى خوتەن بۇددىست ئەسكەرلىرى بىلەن قەشقەر قاراخانىيلار مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ قانلىق جەڭ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى گۈزەل ۋە جەڭگىۋار بىر رىۋايەت ساقلىنىپ قالغان.

مەلۇمكى، بىر دىن مەلۇم بىر دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەندە، تەبىئىي ھالدا

ئالدىنقى دىنىنىڭ بارلىق تەسىرىنى تازىلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ خىل تازىلاش سىياسىي جەھەتتىن، مەدەنىيەت جەھەتتىن، روھىيەت ۋە پسىخولوگىيە جەھەتلەردىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، مىلادىيە 11 - ئەسىردىن كېيىن - ئىلگىرى بۇتخانا، ئىبادەتخانا بار يەرگە مەسچىت - خانىقا سېلىنغان، ئىلگىرىكى بۇددىزم پائالىيەت سورۇنلىرى ئىسلامچە سەيلە - تاۋاپ ئورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئەسلىدىكى تاۋۇتلۇق جەسەتلەر دەپنە قىلىنىدىغان قەبرىستانلىقلارغا ئىسلام تارىخىدىكى مەلۇم مەشھۇر شەخسلەرنىڭ نامى قويۇلغان. بۇددىزم دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى، جۈملىدىن بۇددىزم مەزمۇنىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەرگە ئىسلامچە تۈس بېرىلىپ، بۇددىزمچە ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان ئوبرازلارنىڭ ئورنىنى ئىسلامچە ئىدىيىدىكى ئوبرازلار ئىگىلىگەن. تۆۋەندە مىسال قىلىنغان ئۈچ پارچە رىۋايەت يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ ھەقىقەتلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇقىرىقى ئۈچ رىۋايەت ئەسلىدە ھەممىسىلا بۇددىزم ئىدىيىسى مەركەز قىلىنغان ئەسەرلەر بولۇپ، بىرىنچى رىۋايەت ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىسى بولسا كېيىنكى دەۋرلەردە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. بىز بۇ ئۈچ خىل رىۋايەتنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ۋەقەلىكى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن، مەركىزىي ئىدىيە ھەم مەخسۇس ئاتالغۇلار قاتارلىق تەرەپلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك ئوخشاشلىقلارنى تېپىپ چىقالايمىز:

1. يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «كالاباش تاغ»، «كۆھمارىم تېغى»، «ناسۇندە» (يەنى نۇسۇي) دېگەن يەرناملىرى بار بولۇپ، ھەممىسى بىر ئورۇننى كۆرسىتىدۇ.

2. يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىبادەتخانا ۋە مەسچىت - خانىقا بىنا قىلىش، مەلۇم شەخسلەر ياكى ئىلاھلارنىڭ نامىغا ئاتاپ ئىبادەت قىلىش، تاۋاپ قىلىش ئىدىيىسى مەۋجۇت.

3. يۇقىرىقى رىۋايەتلەردە باش قەھرىمان قىلىنغان ئۇدۇن پادىشاھى ياكى خوجا مۇھىبلار بولسۇن، ھەممىسى «شىكارغا چىقىدۇ» ياكى كامالەتكە يەتكەن ئوۋچى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

4. يۇقىرىقىدەك رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك جان - جانىۋارلار، جۈملىدىن يىلان، تۆتى، كېيىك، بۇغا قاتارلىقلار ئادەملەشتۈرۈلۈپ، باش قەھرىمانغا «تەربىيە» قىلىدۇ.

5. يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بۇددىزمنىڭ «جان - جانىۋارلارنى بىھۇدە ئۆلتۈرمەسلىك، قان تۆكمەسلىك» ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

6. بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى رىۋايەتتە ئوخشاشلا «روشەن ئاك -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەزگۇ» ، «پاك ۋە روشەن ئىچكى تۇيغۇ» قەدىرلىنىپ، بۇ خىل ئىدىيە ـ پۇتكۇل ئېتىقاد ۋە ئىبادەتنىڭ، پۇتكۇل ھەرىكەت ۋە روھىي پائالىيەتنىڭ نىگىزى قىلىنغان. بۇ خىل پەلسەپۋى پىكىر، ئېنىقكى، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنى ھەمدە خەلقۋەتتە ئولتۇرۇپ كارامەت كۆرسىتىدىغان دەرۋىشلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۇرىدىغان بۇددا دىنى ياكى تويىن دىنىغا خاستۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇچىنچى رىۋايەتتە «مەن ئۆلگەندىن كېيىن خانىقاغا دەپنە قىلىڭلار» دېگەن بىر جۇملە بار، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئۆلگەنلەر مەخسۇس قەبرىستانلىقلارغا دەپنە قىلىنىدۇ. مەسچىت ـ خانىقاغا (ئىبادەت قىلىدىغان يەرگە) دەپنە قىلىدىغان ئادەت ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت بۇددا دىنىدىلا مەشھۇر ئەۋلىيالار، راھىبكالانلار ئۆلگەندىن كېيىن (ياكى نىرۋاناغا يەتكەندىن كېيىن) ، جەسىتى ياكى جەسەت كۆلى ئىبادەتخانىلارغا دەپنە قىلىنىدۇ. بۇنداق سۆڭەك ياكى جەسەت كۆلى دەپنە قىلىنغان ئىبادەتخانىلار ناھايىتى قەدىرلىنىدۇ، ئۇلۇغلىنىدۇ. يەنە كېيىنكى ئىككى رىۋايەتتە ئىپادىلەنگەن ئەۋلىيالارغا ئېتىقاد قىلىش، ئۇلاردىن مەدەت تىلەش ئىدىيىلىرى گەرچە سوپىزملىق دىنىي ئېقىمدا قىسمەن مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ماھىيەت جەھەتتە بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئوخشاشلىق بولماستىن، بەلكى ئۇ بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئۇدۇن رىۋايەتلىرىنىڭ مىڭ يىل جەريانىدىمۇ تېخى تامامەن ئىسلاملىشىپ بولالمىغانلىقىنى، ئەسلىي مېغىزنى تېخىچە ساقلاپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بىز بۇ رىۋايەتلەردىن ھازىرقى كۆھمارىمدا بۇنىڭدىن 1500 يىللار مۇقەددەم بىنا قىلىنغان گوماتى ئىبادەتخانىسىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى، شۇنداقلا «كالاباش تاغ» ۋە «بىلانلىق تاغ» دا ياڭراپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن ئىلاھلار ھەم ئىنسانلار توغرىسىدىكى گۈزەل سىمفونىيىنى قايتا ئاڭلىغاندەك بولىمىز. خۇددى شۇنىڭدەك ھازىرمۇ ھەر يىلدىكى 8-، 9 ـ ئايلاردىكى «كۆھمارىم سەيلىسى» دىن قانداقتۇر بۇنىڭدىن 1500 يىللار ئىلگىرىكى ئۇدۇندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئون تۆت كۈنلۈك بۇت سەيلە پائالىيىتىنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتكېرىم ئىسمائىل

## قۇمات پاششىم (كەپتەرخانا) رىۋايىتى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى قاراخانىيلار قوشۇنلىرى يېڭىسارىدا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن قوشۇنلىرىنى

يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كەپتۇ. ئۇدۇن قوشۇنلىرى قۇمات پاششىمدا پىستىرما لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شاكىر باشلامچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرى پىستىرمىغا ئۇچراپ قېلىپ، تەييارلىقسىزلا ئۇشتۇمتۇت جەڭگە ئاتلىنىپ، پۈتۈن قوشۇنى ھالاك بوپتۇ. شاكىر ئۇياققا دوقۇرۇپ، بۇياققا دوقۇرۇپ، ھېچقانداق قىلىپ جېنىنى ئېلىپ قاچالماي، ئاخىرى يارىلىنىپ ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈپتۇ. شاكىر ئۇدۇن قوشۇنلىرىغا ئەسىر بولۇشنى خالىماي، ئۆز قورسىقىغا قىلىچ تىقىپ ئۆلۈپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. قىلىچنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۈرىكىدىن بىر مېدە، بىر نەكەپتەر ئۇچۇپ چىقىپ، كېچە - كۈندۈز شاكىر شېھىت بولغان جاينى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگەنمىش.

مىلادىيە 1006 - يىلى، ئىسلام قوشۇنلىرى ئۇدۇنغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، شاكىرنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزۈپ، شاكىر ۋە سېھىرلىك كەپتەر ئۇچۇن «قۇمات پاششىم» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مازارنى ياساپتۇ ھەمدە شۇ جايغا بىر دانە قۇدۇق كولاپ قويۇپتۇ. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندىمۇ يولۇچىلارنىڭ بۇ يەردىن ئۆتكەندە چوقۇم بۇ مازارغا تاۋاپ قىلىشى ۋە سېھىرلىك كەپتەرلەرگە دان ۋە سۇ بېرىپ ئۆتۈشى ئادەتكە ئايلىنىپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قۇمات پاششىم مازىرىدىكى خاسىيەتلىك كەپتەرلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، نەچچە يۈز يىلغىچە ئاۋۇغان ئىكەن.

## «ئۇلۇغ ئاتا»[1] رىۋايىتى

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بويلىرىدىكى يۇرتلاردا ئېغىر قۇرغاقچىلىق

(1) «ئۇلۇغ ئاتا» دېگەن نام ئەسلىي «ئۇلۇغ ئارت» بولسا كېرەك. «ئۇلۇغ» — چوڭ، بۈيۈك، زور دېگەن مەنىلەرنى؛ «ئارت» — داۋان، ئېگىزلىك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ (ت).

www.uyghurkitap.com



يـۇز بـېرىپ، زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئاۋامنىڭ جان باقمىقى مۇشكۇل ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. يۇرتنىڭ يېشى سەكسەندىن ئاشقان ئاقساقىلى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «ئۇلۇغ ئاتا» دەپ ئاتىشىدىكەن. ئاقساقال ئوتتۇز ياشتىن قىرىق ياشقىچە بولغان نەۋقىران ئەرلەردىن ئەللىكچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. خەتەرلىك تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، قىرىق كۈن ماڭغاندىن كېيىنمۇ دەريادا سۇ يوقلۇقىنى كۆرۈپ تولىمۇ پەرىشان بولۇشۇپتۇ. ئۇلار «قانداق قىلىپ بولسىمۇ توسۇلۇپ قالغان سۇنى ئېچىپ كېلىمىز» دېگەن ئىرادە بىلەن يەنە بىر نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر ئېگىز تاغقا ئۇچراپتۇ. بۇ تاغ تامدەك تىك بولغاچقا، ئىلگىرىلەش مۇمكىن بولماپتۇ. ئۇلار تاغنىڭ سول تەرىپىدىن ئەگىپ ئۆتمەكچى بولۇپ ماڭغان ئىكەن، غايەت زور بىر يىلاننىڭ دەريا سۈيىنى توسۇپ يېتىۋالغان يېرىگە كەپتۇ. ئاقساقال يىلانغا:

— سەن دەريانىڭ سۈيىنى توسۇۋېلىپ يۇرتىمىزدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولۇپسەن. ياخشىلىقچە ئورنۇڭدىن يۆتكىلىپ سۇنى ئاققىلى قويغىن. بولمىسا سېنى قىيما - چىيما قىلىپ ئۆلتۈرىمىز، — دەپتۇ. يىلان:

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىش، — دەپتۇ مەنسىتمىگەن ھالدا. ئاقساقال غەزەپلىنىپ ئادەملىرىگە ئاتتەك، كالىدەك يوغان تاشلارنى يىلاننىڭ بېشىغا ئۇدۇللاپ دومۇلىتىشنى بۇيرۇپتۇ. يىلان دومىلاپ چۈشۈۋاتقان يوغان تاشلارنى ئۇزۇن تىلى بىلەن ئۇياندىن - بۇيانغا ئىتتىرىۋېتىپ بېشىغا يېقىن يولاتماپتۇ. ئاقساقال يىلاننى قورقۇتالمايدىغانلىقىنى بىلىپ:

— ئەي يىلان، يۇرتىمىزدىكى چوڭ - كىچىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدى. بىزگە رەھىم قىلىپ سۇنى توسۇۋالمىغىن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— سىلەر ھەقىقەتەن سۇنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يەتكەن بولساڭلار، — دەپتۇ يىلان ئادەملەرگە، — بىر نەچچىڭلار مېنىڭ يېنىمغا چۈشۈڭلار.

ئادەملەر «يىلان بىر نەچچىمىزنى يەپ قورسىقى تويسا ئاندىن

دەريادىن چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، يەتتە كىشى بىسمىللە سەكرەپ يىلاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. لېكىن يىلان ئۇلارنى يېمەپتۇ.

— ھەي ئاقساقال، — دەپ ۋاقىراپتۇ يىلان ئېگىزگە قاراپ، — سىز دەريادا ئېقىپ ئۆلۈشكە رازى بولغان چېغىڭىزدا ئاندىن مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىمەن.

ئاقساقال يېنىدىكىلەرگە:

— ناۋادا مەن سۇدا ئېقىپ ئۆلۈپ كەتسەم، جەسىتىمنى نەدىن تاپساڭلار شۇ يەرگە يېقىن تاغقا دەپنە قىلىڭلار. مەن سۇنىڭ دولقۇنىنى كۆرۈپ، شاۋقۇنىنى ئاڭلاپ ياتاي، — دەپ ۋەسىيىتىنى تۈگىتىپلا يىلاننىڭ ئالدىغا سەكرەپتۇ. ئۇنىڭ سەكرىگىنىنى كۆرگەن يىلان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئاقساقال ھەم ئۇنىڭ يەتتە ئادىمى چىڭقالدى سۇنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرىدا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋېرىپتۇ. تىرىكلەر دەريانى بويلاپ قايتىپ كېلىۋېتىپ ئاقساقالنىڭ جەسىتىنى كەڭ لايداندىن تېپىپتۇ. ئاقساقالنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن جەسەت دەرياغا يېقىن بولغان تاغنىڭ باغرىغا دەپنە قىلىنىپتۇ. بۇ تاغ شۇ چاغلاردىن باشلاپ «ئۇلۇغ ئاتا تېغى» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

رەتلىگۈچى: مەمتىمىن قۇربان

## جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىد ۋە «تۆت ئىمامىلىرىم»

مىلادىيە 1000 - يىللىرى ئەتراپىدا يۈسۈپ قېدىرخان خوتەن بۇددىستلىرىنى يوقاتمىغۇچە قەشقەرنىڭ ئەمىن تاپالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆلىمالىرىدىن ئىمامى نەسىرىددىن، ئىمامى مەئىيىددىن، ئىمامى قەۋمىددىن، ئىمامى زوھۇرىددىن دېگەن تۆت ئىمامغا 40 مىڭ لەشكەر تۇتقۇزۇپ (بەزى مەنبەلەردە 140 مىڭ دېيىلىدۇ) يەكەن، خوتەنلەردىكى بۇددىستلارنى ئىسلامغا بويسۇندۇرۇش يۈزىسىدىن يۈرۈش قىلىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. تۆت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلگىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



ئىمام پەرمانغا بىنائەن لەشكەرلەرنى باشلاپ يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، بىر قانچە قېتىم قاتتىق جەڭ قىلىش ۋە كۈچلۈك تەرغىبات ئارقىلىق بۇ جايدىكى بۇددىستلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈپتۇ. يەكەندە ئىسلام دىنى جارى بولغاندىن كېيىن، تۆت ئىمام يەنە خوتەنگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇپتۇ. ئەپسۇسكى ئۇلار خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، خوتەن بۇددىستلىرى يۈزلىرىنىڭ ھەربىي قوماندانلىرىدىن بولغان جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىدلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇددا ئېتىقادىدا قاتتىق چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق جەڭلەر ئون يىللار داۋاملىشىپتۇ (بەزى مەنبەلەردە 24 يىل، بەزى مەنبەلەردە 40 يىل دېيىلىدۇ). شۇ يىللاردا ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ ئۈستى - ئۈستىلەپ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خوتەن خانى چىقال خالخال بىرسىمغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئاخىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. لېكىن ئاكا - ئۇكا ھەربىي قوماندان جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىدلەر خانىنىڭ پەرمانىنى رەت قىلىپ، قول ئاستىدىكى 12 مىڭچە لەشكەرنى باشلاپ ئۇرۇش يىللىرىدا ئالدىن تەييارلاپ قويغان چىرا دەرياسى گىرۋىكىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاشى ۋە ھاسا قەلئەسىگە كېلىپ ئورۇنلىشىۋاپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسلام لەشكەرلىرى ئىز قوغلاپ يۇرۇپ، ئۇلار ئورۇنلىشىۋالغان بۇ قەلئەنى تېپىۋېلىپ، ئىككى تەرەپ بۇ جايدا بىر يەچچە يىل ئۇرۇشۇپتۇ، تىركىشىپتۇ. ئاخىرى ئىسلام لەشكەرلىرى جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىدلەرنىڭ بىر ئادىمىنى تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنىڭ مىس تۇرۇبا ئارقىلىق دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن قەلئەگە كېلىدىغانلىقىنى ئىلىۋاپتۇ ۋە دەريانى ئاختۇرۇپ سۇ يولى ئېغىزىنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى توغۇپ تاشلاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇزلۇقتىن ئامالسىز قالغان جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىدلەر ئىسلام لەشكەرلىرىنى ھىيلە بىلەن بەند قىلىپ قويۇپ، بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا قەلئەدىن چىقىپ شەرققە قاراپ

قېچىپتۇ. ئىسلام لەشكەرلىرى بىر نەچچە كۈنگىچە ئادەمسىز قەلئەنى قورشاپ، كېيىن رەقىبلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى قوغلاپ شەرققە يۈرۈش قىپتۇ. بۇ ئارىلىقتا جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىدلەر پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قوشۇنىنى رەتكە سېلىۋېلىپ، بۆكتۈرمە جەڭ پىلانلىرىنى تۈزۈپ ئۇرۇش قىلىشقا ئەڭ ياخشى، ئەپلىك جايلارنى ئىگىلەپ، ئىسلام لەشكەرلىرىگە ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىشكە تەييار تۇرۇپتۇ. ئىسلام لەشكەرلىرىمۇ ئۇلار بىلەن كۆپ يىلدىن بېرى ئۇرۇشۇپ بەزى تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانلىرىنى تۈزۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ چىرا بەگلىكى تەۋەسىدىكى چاقار تاغدىن نۇرى تاغقا، نۇرى تاغدىن «ئىمامىلا» تاغقىچە (ئەينى چاغدا «ئىمامىلا» تېغى دېگەن بۇ جاينىڭ نامى يوق ئىدى) بولغان نەچچە يۈز چاقىرىملىق مۇساپە ئارىلىقىدا كۆپ قېتىم چوڭ - كىچىك قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ جەڭلەردە ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن لەشكەر، ئات - تۆگە قاتارلىقلار چىقىم بوپتۇ. بولۇپمۇ جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىدلارنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بېرىش، ئىسلام لەشكەرلىرى نامازغا ئولتۇرغاندا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇلار ئورۇنلاشقان بارگاھلارغا غەلىتە ياسانغان پايلاقچىلارنى كىرگۈزۈپ جەڭ ئاتلىرىنى، قورال - ياراقلىرىنى كېرەكتىن چىقىرىش قاتارلىق جەڭ تاكتىكىلىرىنى قوللىنىش نەتىجىسىدە، ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ شاھ مەنسۇر ئۇشى، شاھ قاسىم ئۇشى، جەلالىدىن باغدادى قاتارلىق نەچچە ئون ھەربىي سەركەردىلىرىنى، سان - ساناقسىز لەشكەرلىرىنى ھالاك قىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭمۇ نۇرغۇن لەشكىرى ئۆلۈپ، ھەربىي كۈچى كۈندىن كۈنگە ئاجىزلاپتۇ.

بۇ ئۇرۇشلاردا ئىككى تەرەپ نۇرغۇن چىقىملارنى تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي كۈچى جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىدلەرنىڭكىدىن يەنىلا نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئىكەن. شۇڭا ئۇلار بۇددىستلارنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق ئىز قوغلاپ زەربە بېرىپتۇ. ئۇلار بىر كۈنى بۇددىستلارنى قوغلاپ قاراڭغۇ چۈشكەن پەيتتە تۈپتۈز كەتكەن بىر سايلىقتا يېتىپ كەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ دەل نامازشام ۋاقتى بولاي دېگەن دەقىقىلەر ئىكەن. ئىمامىلار شام نامىزى ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقنى ئويلاپ ۋە كېچىدە ئىز قوغلاشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، سەركەردىلەرگە قوشۇننىڭ مۇشۇ جايدا قونۇپ، ئەتىسى يۈرۈش قىلىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قوشۇن شام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكلەپ كەچلىك غىزاغا ئولتۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىدلەرمۇ ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر بۆكتۈرمىلىك ئارىسىغا چۈشكەن بولۇپ، گەرچە ئۇلار ھەربىي كۈچ جەھەتتە قارشى تەرەپتىن خېلىلا تۆۋەن ھالەتتە تۇرسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي مۇددىئاسى پايدىلىق پەيتلا بولسا ئىسلام لەشكەرلىرىنى ھالاك قىلىش بولغاچقا، بىر ياقتىن قېچىپ، بىر ياقتىن ئۇرۇشۇش ھىيلىسىنى قوللىنىپ كېلىۋاتقان جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىدلەر شۇ كۈنى قارشى تەرەپكە پايلاقچى ئەۋەتىپ ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ تۈز كەتكەن بىر جايغا چۈشكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپتۇ...

ئىمامىلار شۇ ئاخشىمى نامازلىرىنى ئوقۇپ، غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئەتىكى جەڭ ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرۇشقان پەيتتە، ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى ئەتراپىدا ئىككى ئىت پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىماملاردىن بىرى قولىغا ئوقيا ئېلىپ ئېتىپ تاشلاشقا تەرەددۇت قىلغاندا، بۇنى كۆرگەن يەنە بىر ئىمام: «بولدى ئاتمىسىلا، ئۇلار بولسىمۇ ئامان قالسۇن!» دەپتۇ.

ئەسلىدە بۇ ئىككى ئىت ئىت بولماستىن، بەلكى جوقتەرەشت، نوكتەرەشىدلەر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن «ئىت» قىياپىتىگە كىرىۋالغان پايلاقچىلار ئىكەن. ئۇلار كېچە تەڭ نىسپىي بولۇپ، ئىسلام لەشكەرلىرى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە پىنھان ھەرىكەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوقيالىرىنىڭ يىپىنى كېسىپ، قىلىچلىرىنى غىلاپلىرىغا يەملەپ، مىلتىقلىرىنىڭ ئىچىگە قۇم تىقىپتۇ ۋە جەڭ ئاتلىرىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈزەڭگىسىنى كېسىپتۇ - دە، ۋاقتىنى غەنىيمەت بىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ يورۇپ، بامداتقا ئەزان ئوقۇلۇپتۇ. ئىسلام

لەشكەرلىرى تاھارەت ئېلىپ جەمئىي 170 سەپ بولۇپ نامازغا تۇرۇپتۇ. شۇ كۈندىكى بامدات نامىزىنىڭ ئىمامى خوجە ئابدۇللا ئىسمىلىك زات بولۇپ، نامازدا ئۇنىڭ خاتىرىسىگە (ئېسىگە) ھېچقانداق سۈرە كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېسىگە كەلگەن سۈرىلەردىن «سۈرە بەقەرە» بىلەن «سۈرە تاھە»نى ئوقۇشقا مەجبۇر بولغاچقا، بامداتنىڭ ئوقۇلۇش ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە جوقتەرەشىدە، نوكتەرەشىدلەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئىسلام لەشكەرلىرىنى سەپ بويىچە قىرىشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ئىماملار نامازدا تۇرۇپ ئوڭ تەرەپكە سالام بەرگەندە ئۈچ سەپ كىشى قالغانلىقىنى، سول تەرەپكە سالام بەرگەندە بىر يېرىم سەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىماملار نامازدىن چۈشۈپ، ھايات قالغان لەشكەرلەرنى جەڭگە كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ چاغدا لەشكەرلەر قوللىرىغا ئوقيا، قىلىچ ۋە مىلتىقلىرىنى ئالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېرەكتىن چىققانلىقىنى بىلىپتۇ. ئىماملار ۋە سەركەردىلەرمۇ ئاتلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇزەنگىلىرىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاتتىق غەزەپكە كېلىپ بۇددىستلار بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىپتۇ. بۇ جەڭدە ئىسلام لەشكەرلىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، تۈيۈقسىز زەربىدە نۇرغۇن ئادىمى ھالاك قىلىنغاچقا، جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىدلەر بارا - بارا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشكە باشلاپتۇ. جەڭ مەيدانى ئۆلۈكلەر بىلەن توشۇپتۇ. پۈتۈن ھاۋانى قان ھىدى قاپلاپتۇ...

بۇددىستلار ئاخىرى ئىمامى نەسىرىددىن باشلىق تۆت ئىمامنى تىغ بىلەن شاھادەت تاپقۇزۇپتۇ. بۇ قېتىمقى جەڭ ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ چىرا تاغلىرىدا ئېلىپ بارغان ئاخىرقى بىر قېتىملىق جېڭى بولۇپ، جەڭدە ئىسلام قوشۇنلىرىدىن پەقەت بىرلا كىشى ھايات قاپتۇ. بۇددىستلاردىنمۇ جوقتەرەشىد، نوكتەرەشىدلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە ئون ئادەم قاپتۇ ۋە بۇلار كېيىن داۋاملىق شەرققە قاراپ چېكىنىپ، ئاخىرى قاراقۇرۇم تېغىدىن ھالقىپ، تىبەت (شىزاڭ) تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بۇ قېتىمقى جەڭ ئاخىرلىشىپ بۇددىستلارنىڭ قارىسى يىتكەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېيىن، ئىسلام لەشكەرلىرىدىن جەڭدە ئامان قالغان ھېلىقى كىشى ئىماملارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە بىنائەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ ۋە توپتوغرا 15 كۈندە قارارگاھقا يېتىپ بېرىپ، ئەھۋالىنى يۈسۈپ قېدىرخانغا خەۋەر قىپتۇ. يۈسۈپ قېدىرخان تۆت ئىمامنىڭ جەڭدە شاھادەت تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قايغۇرۇپ، خوتەن بۇددىستلىرىغا قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىماملارنى ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلىش ۋە بۇ جايدىكى جاھىل بۇددىستلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاش، خوتەننى تولۇق ئىسلامغا كىرگۈزۈش مەقسىتىدە، نەچچە ئون مىڭ لەشكەر بىلەن ئۆزى بىۋاسىتە خوتەنگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغلاردا گەرچە خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىمان ئېيتىپ ئىسلامغا بەيئەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇ خىل دىننى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتمىگەچكە، كۈندۈزلىرى ئىمان ئېيتىپ، ناماز ئوقۇسا، كېچىلىرى يەنىلا بۇددىغا باش ئۇرۇشنى توختاتماپتۇ. شۇڭا يۈسۈپ قېدىرخان لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بۇددىستلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاشقا، بىر قىسمىنى خوتەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ پۇقرالارغا نازارەت قىلىش ۋە ئىسلام ئېتىقادىنى تەرغىب قىلىشقا يارلىق بەرگەندىن كېيىن يەنە بىر قىسىم بەگ، سىپاھلىرى ھەم لەشكەرلىرى بىلەن ئىماملار جەڭدە شاھادەت تاپقان جايغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ بارلىق ئۈممەتلىرىنى شۇ جايغا دەپنە قىلىپ، داش قاينىتىپ نەزىر بېرىپتۇ. نەچچە كۈنگىچە قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا - تىلاۋەت قىپتۇ.

يۈسۈپ قېدىرخان قايتار چېغىدا يەنە ئىماملار ياتقان تۇپراق بېشىنىڭ دۇئاسىز قالماسلىقى ۋە بۇ جايدا ئادىمى قويۇقراق بىر يۇرتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەردىن بىللە ئېلىپ كەلگەن 40 ئۆيلۈك مۇسۇلماننى قالدۇرۇپتۇ. ئىماملار دەپنە قىلىنغان مازارغا «تۆت ئىماملا» مازىرى، شاھادەت تاپقان جايغا «ئاق تۇز»، يۇرتقا «تۆت ئىماملىرىم» دېگەن ناملارنى بېرىپ قايتىپ كېتىپتۇ (بۇ ناملار ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە). شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي ئەسلىدە بار بولغان ئون نەچچە ئائىلە كىشىلىرى ۋە يۈسۈپ قېدىرخان

قالدۇرغان 40 ئۆيلۈك مۇسۇلماننىڭ نەسلى قالدۇرۇپ كۆپىيىشى ئارقىلىق ئاۋات ماكانغا ئايلانغانىكەن ①.

مەنبەلەرگە ئاساسەن رەتلىگۈچى: مۇھەممەتجان ئىسمايىل

## ئىمامى ئاسىم قەبرىگاھى رىۋايىتى

قاشتېشى چايقاپ ئاقىدىغان ھەيۋەتلىك يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا، لوپ ناھىيىسىگە تەۋە جىيا يېزىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا بىر قەبرىگاھ بار. كىشىلەر بۇ قەبرىگاھنى «ئىمامى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرىگاھى» دەپ ئاتىشىدۇ ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن تاۋاپ قىلىشىدۇ. ھەر يىلى 4 -، 5 - ئايلاردا، بۇ يەرگە تاۋاپقا كېلىدىغانلارنىڭ سانى 200 - 300 مىڭغا يېتىدۇ. تاۋاپتىن باشقا، يەنە چېلىشىش، مەدداھلىق قاتارلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى بولىدۇ.

بۇ قەبرىگاھ ھەققىدە رىۋايەتلەردە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

تارىخ ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆتىنچى نەۋرىسى دەپ ئاتىغان ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق ئىسلام ئېچىش يولىدا بۇددىستلار بىلەن جەڭ قىلىپتۇ. شۇ زاماندا ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىقنىڭ قول ئاستىدا 32 ئىمامى، 7 سۇلتان، 30 مىڭ لەشكىري ئىسلام بار ئىكەن، بۇددىستلار توققۇز خاقانغا قاراشلىق 90 مىڭ ئادەم ئىكەن. ئىسلام لەشكەرلىرى شىلان توغراق دەرياسى بويىدا بۇددىستلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، سان جەھەتتە نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەننى يېڭىش ناھايىتى قىيىن بولۇپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق پەرىشان بولۇپ، يالاڭباش ئولتۇرۇپ، قولىغا رەسۇلullahنىڭ دەستارلىرىنى ئېلىپ، قىبلىگە قاراپ دۇئا قىپتۇ. شۇ چاغ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇتەك پەيدا بولۇپ، تۇتەك ئىچىدىن بېشىدا تاج بار، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان، ھەيۋىتىدىن ئاسمان - زېمىن تىترەيدىغان

① بۇ جاينىڭ نامى 1976 - يىلىغىچە «ئىمامالا» دەپ ئاتىلاتتى، 1977 - يىلىدىن باشلاپ يېزا قۇرۇلۇپ، «بوستان»غا ئۆزگەرتىلدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بىر ياش سەردارنىڭ باشچىلىقىدا 500 پەھلىۋان چىقىپ كەپتۇ. ياش سەردار يىگىت ئاتتىن چۈشۈپ ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق پادىشاھنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ھەزرىتى ئىمامى يىگىتنىڭ بېشىنى يۆلەپ:

— ئەي پەھلىۋان يىگىت، سىز بىز تەڭلىكتە قالغاندا يار - يۆلەك بولۇپ يېتىپ كەلدىڭىز، نامە - نەسەبىڭىز كىم بولۇر؟ — دەپ سوراپتۇ. پەھلىۋان يىگىت:

— مەن جانابلىرىنىڭ ئەممەك دادىسى ئىمامى مۇھەممەد ھەنىپە ساھىبى دەۋرانىنىڭ ئوغلى ئىمامى ئاسىمدۇرمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇ يەرگە كېلىشتىكى سەۋەب نېمىدۇر؟ — دەپ سوراپتۇ ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق.

— سەۋەب شۇلدۇركى، — دەپتۇ ئىمامى ئاسىم، — كېچە مەن مەدىنە مۇنەۋۋەردە بوۋام رەسۇلۇللانىڭ رەۋزى مۇبارەكلىرىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇراتتىم، بىر چاغدا كۆزۈم ئۇيقۇغا بېرىپ چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە بوۋام رەسۇلۇللا رەۋزىلىرىدىن چىقىپ كەلدى، مەن ئايىغىغا يىقىلدىم. ئەنھەزرىتىم مۇبارەك قولى بىلەن بېشىمنى سىلاپ: «ئەي پەرزەنت، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، پەرزەنتىم ئىمامى جەئفەرى سادىق شەھىرى ماچىن قېشىدا توققۇز خاقان باشلىق 90 مىڭ لەشكىرى كۇپپار قولىدا تەڭلىكتە قالدى، بارغىل، ئول پەرزەنتىمگە يار - يۆلەك بولغىل، مەندىن سالام ئېيتقىل» دېدى. مەن «رەسۇلۇللا، مەدىنە مۇنەۋۋەر بىلەن ئۇ شەھەرنىڭ ئارىلىقى 12 ئايلىق يولدۇر، قانداق بارۇرمەن؟» دېدىم، رەسۇلۇللا: «ئەي ئىمامى ئاسىم، غەم قىلمىغىل، خۇدا يولۇڭنى ئاسان قىلغاي» دەپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئويغانسام تاڭ يورۇپتۇ. دەرھال تەرەت ئېلىپ، ناماز بامداتنى ئادا قىلدىم. يارانلىرىمنى تەق قىلىپ، چاشكا ۋاقتىدا مەدىنە مۇنەۋۋەردىن ئايرىلىپ كۆزنى يۇمۇپ پاتىھە ئوقۇدۇق. ۋەلەززالىنىغا يەتكەندە كۆزىمىزنى ئاچساق، ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمىز، ۋاقىت ناماز پېشىن بولۇپتۇ.

لەشكىرى ئىسلام خۇشاللىقتا چۈمۈپ، ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم

بىلەن قوچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئارقىدىنلا ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم جەڭگە چۈشۈپتۇ ۋە بۇددىستلارنىڭ سەلسەبىل (سەنسىپۇل دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قەھرىمان تۈركى دىگەندەك پەھلىۋانلىرىنى جىنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئاخىرى بۇددىستلاردىن مەيدانغا چۈشىدىغان پەھلىۋان چىقماي، توققۇز خاقان تەڭلا مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم بۇ توققۇز خاقاننىمۇ سۈر - توقاي قىپتۇ. بۇ خاقانلارنىڭ ۋەسۋەسىگە چۈشكەن بىر ۋەزىرى بىر شۇملۇقنى ئويلاپ تېپىپ، ھەزرىتى ئىمامى ئاسىمنىڭ يولىغا ئورا كولاپ، ئۈستىنى ئوت - خەس بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ. ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم توققۇز خاقاننى قوغلاپ كېلىۋاتقاندا، دۇلدۇلىنىڭ ئايىغى ئورىغا تىقىلىپ، ئۆزى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە بۇددىستلار كېلىپ، ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپتۇ. دۆڭ سۇمەدە ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق سۇلتانى ئاللامۇ خۇراسانى قىلىچ بۇرھانىدىن ئاتا بىلەن نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم قان كۆپ ئاققاچقا ھوشىدىن كەتكەنىكەن. ئۇ ھەزرىتى ئىمامى ئاسىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ زار - زار يىغلاپتۇ. ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم كۆزىنى ئېچىپ:

— ئەي بۇزرۇكۋارىم، مېنىڭ جەسىتىم مۇشۇ يەردە قالامدۇ؟ مېنىڭ روھىمغا كىم دۇئا قىلىدۇ؟ — دەپ يىغلاپتۇ.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بۇ جاي ئاخىرى ئىسلام بولۇر، جەسىتىڭىز خارلىنىپ قالمايدۇ. بوۋام رەسۇلۇللانىڭ زامانە ئاخىرىدىكى ئۇممەتلىرى سىز ۋە بىزنىڭ قەبرىمىزنى زىيارەت قىلىپ، دۇئا ۋە تەكبىر ئېيتۇر. بوۋام رەسۇلۇللانىڭ ئۇممەتلىرى مېنىڭ ئاستانەمگە بىر بارغىچە سىزنىڭ ئاستانىڭىزگە ئون مەرتىۋە بارغاي. ھەرقانداق دۇئايى تەلەپنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى سىزگە بەردىم. دۇئا قىلماق بىزدىن، ئىجابەت قىلماق سىزدىن بولغاي. بوۋام رەسۇللانىڭ ئۇممەتلىرىنىڭ ھەرقانداق تەلىپى بولسا سىزنىڭ ئاستانىڭىزدا راۋا بولغاي. ھەرقانداق كىشى سىزنى قويۇپ، بىزنىڭ ئاستانىمىزگە بارسا دۇئالىرى ئىجابەت بولماس. ئاستانىڭىزگە كەلگەنلەرنىڭ سول مۈرىسىگە كۈمۈش تامغىڭىزنى بېسىپ قويۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىزنىڭ ئاستانىگە بارغانلارنىڭ ئوڭ مۇرىسىگە مەن ئالتۇن تامغىنى بېسىپ قوياي. قىيامەت كۈنى بوۋام رەسۇلۇللا شاپائەت تەختىگە ئولتۇرغاندا، ئۇممەتلىرىنىڭ تامغا نىشانىسىگە قاراپ شاپائەت قىلغاي! — دەپتۇ ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق.

ھەزرىتى ئىمامى ئاسىم ھىجرىيە 148 - يىلى باھار پەسلىدە شاھادەت تېپىپتۇ. لەشكىرىي ئىسلام ئۇنىڭ نامىزىنى كاتتا چۈشۈرۈپ يەرلىكىگە قويۇپتۇ.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، «ئىمامى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرىگاھى» غا يەنە شېھىت بولغان خاجە ئابدۇراخمان باغدادى، خاجە سەئىدىن باغدادى، خاجە ئەختەم باغدادى، خاجە پەھلۇللا باغدادى، خاجە ئەنۋەر باغدادى، خاجە شەمسىدىن باغدادى، خاجە ئەھمەد خۇراسانى، خاجە نىئمەتۇللا خۇراسانى قاتارلىق نۇرغۇنلار دەپنە قىلىنغانىكەن.

رەتلىگۈچى: ماخمۇتجان ئىسلام

## «ئىمامى جەئفەرى تەيران مازىرى» رىۋايىتى

ئىمامى جەئفەر ناھايەت كۈچتۈڭگۈر ۋە باتۇر زات ئىكەن. بىر قېتىم قوشۇن باشلاپ بۇددىستلار بىلەن جەڭ قىپتۇ، شۇنداق كەسكىن جەڭ بوپتۇكى، ئىمامى جەئفەرنىڭ قوشۇنى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەننى يەر چىشلەتكەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىمۇ بارا - بارا ئازلاپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ تېخىمۇ جەسۇرلۇق بىلەن جەڭ قىپتۇ. ئاخىرىدا تۇغچى بىلەن ئىمامى جەئفەر ئىككىسىلا قاپتۇ. يەنە نۇرغۇن دۈشمەنلەرنى قىرىپ تاشلاپتۇ، بىر چاغدا تۇغچى يىقىلىپتۇ، ئىمامى جەئفەر دەرھال تۇغنى سول قولىغا ئېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن جەڭ قىپتۇ. بىھېساب بۇددىستلار ئۇنى قورشاپ قىستاپ كەپتۇ، ئۇلار بىر - بىرلەپ ئۆلۈپ تۈرسىمۇ كەينىگە يانماپتۇ. بۇ چاغدا بۇددىستلار ئىمامى جەئفەرنىڭ سول قولىنى كېسىپ تاشلاپتۇ، ئىمامى جەئفەر تۇغنى بۇددىستلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، تۇغنى

بوينىغا قىسىپ تۇرۇپ داۋاملىق جەڭ قىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن بۇددىستلار ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىمۇ كېسىپ تاشلاپتۇ ۋە بىر نەچچە بۇددىست تەڭلا نەيزە ئۇرۇپ ئىمامى جەئفەرنىڭ تېنىنى نەيزە بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسىگە خۇشال بولۇشۇپتۇ. شۇ چاغدا ئىمامى جەئفەر كۆڭلىدە پەرۋەردىگارغا: «ئى رەببىم، سەندىن تىلەيمەن، جەسىتىمنى بۇلار ئالدىدا خار قىلمىغايسەن» دەپ، مۇراجىئەت قىپتۇ، پەرۋەردىگاردىن ئەمىر بوپتۇ، ئىمامى جەئفەرنىڭ جەستى نەيزە ئۇچىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ «يا چىرا، يا كېيا» دەپ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بۇددىستلارنىڭ ئەقلى لال بولۇپ، ئاغزىنى ھاڭ ئاچقانلىرىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاغا يېتىپتۇ. رەسۇلۇللا كۆڭلىدە رازىلىق بېرىپ، ئىمامى مالىك قاتارلىق تۆت نەپەر ساھابىنى تاللاپ ئۇلارغا: «سىلەر ھەزرىتى جەئفەرنىڭ باش قويۇپ ياتقان يېرىنى ئىزدەپ تېپىڭلار، ئاندىن ئىككىڭلار قەبرە قاتۇرۇپ شۇ يەردە پاسىبانلىق قىلىڭلار، ئىككىڭلار قايتىپ كېلىپ ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈڭلار» دەپ تاپىلاپتۇ.

ساھابىلار يولغا چىقىپتۇ. ھەر بىر مەنزىل ماڭغاندا بىر قېتىم بوي (ئىسرىق) سېلىپ، ئۆرلىگەن تۈتۈننىڭ يۆنىلىشىگە ئاساسەن نىشاننى بەلگىلەپ سەپەرنى داۋام قىپتۇ. نەچچە ئايدىن كېيىن خوتەن دىيارىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار تۈتۈن كۆرسەتكەن يۆنىلىش بويىچە شەرققە قاراپ يۈرۈپ ئىزدەۋېرىپتۇ. چىرا دىيارىنىڭ غەربىي چېتىدىكى «ياقا ئۇجمە» دېگەن يەرگە كېلىپ بوي ساپتىكەن، تۈتۈن يەنىلا شەرققە ئەگىپتۇ. ئۇلار يەنە بىر مەنزىل يۈرۈپ چىرانىڭ شەرقىدىكى «يالغۇز جىگدە» دېگەن يەرگە كەلگەندە بوي ساپتىكەن، تۈتۈن غەربىي شىمالغا ئەگىپتۇ، ئۇلار شۇ يۆنىلىش بويىچە مېڭىپ يېرىم مەنزىل يۈرۈپ بوي ساپتىكەن، تۈتۈن شىمالغا ئەگىپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى قولىدىكى ھاسىسىنى شۇ يەرگە چوقۇپ قويۇپ كەتكەنىكەن، ھاسا كۆكلەپ بىر تۈپ سۆگەت بولۇپتۇ ۋە ناھايىتى تېز ئۆسۈپ، ئادەم ئەيمەنگۈدەك چوڭىيىپ كېتىپتۇ. كېيىن بۇ يەر «چوڭ سۆگەت» دەپ

ئاتىلىپتۇ. ساھابىلەر تۇتۇن يۆنىلىشى بويىچە بىر ئاش پىشىم ۋاقىت يول يۈرگەندە، كۆڭلىگە بىر نەرسە ئايان بولغاندەك بولۇپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە توختاپ بوي ساپتۇ. تۇتۇن تىك ئۆرلەپتۇ. قارىسا بۇ ئەتراپ بۈك - باراقسان توغراق ۋە يۇلغۇنلار بىلەن قاپلانغان جاي ئىكەن. ئۇلار ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرنىڭ جەسىتىنىڭ ھېلىلا قويۇلغاندەك بىجىرىم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ساھابىلار مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىپ قەبرە قاتۇرۇپتۇ. قۇدۇق كولاپ سۇ چىقىرىپ، تام سېلىپ ئاھادىگە ئاپتۇ. كېيىن يەنە قەبرىنىڭ ئۈستىگە سۇمئە ۋە دۇئاخانا دەپ ئاتىلىدىغان ئۆيلەرنى ساپتۇ. ئىمامى مالىك ۋە ئىمامى زوھۇر ئىسىملىك ئىككى ساھابە شۇ يەردە پاسىبانلىق قىلىشقا قاپتۇ. قالغان ئىككىسى خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن قايتىپ كېتىپتۇ.

بىر نەچچە ۋاقىتلاردىن كېيىن، باشقا جايدىن بۇ يەرگە ئادەملەر كۆچۈپ كەپتۇ، كەنت پەيدا بوپتۇ، ۋاپات بولغان كىشىلەر ھېلىقى سۇمئە ئەتراپىغا دەپنە قىلىنىپ، قەبرىستانلىق پەيدا بوپتۇ. بۇ يەرگە يەنە مەسچىت سېلىنىپتۇ. ئىمامى جەئفەر ھەزرەتلىرىنىڭ جەسىتى بۇ يەرگە ئۇچۇپ كەلگەن دېگەن رىۋايەتكە ئاساسەن، بۇ قەبرىستانلىق «ئىمامى جەئفە تەيران (تەيران — ئۇچۇپ كەلگەن دېگەن مەنىدە) مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. كېيىن بۇ قەبرىستانلىق يېنىغا ناھايىتى چوڭ بىر كۆل كولىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كەنت «مازاركۆل» دەپ ئاتىلىپتۇ (ھېلىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ).

يۇقىرىقى رىۋايەت بىردىن ئونغا، ئوندىن يۈزگە ئاڭلىنىپ، نۇرغۇن يۇرتلارغا تارىلىپتۇ. ساددا كىشىلەر بۇ رىۋايەتكە چىنپۇتۇپ، بۇ يەرنى «سانىي ھەرەم» دەپمۇ ئاتايدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مازارنىڭ تېخىمۇ نامى چىقىپ، مەشھۇر تاۋاپگاھلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: چىرا ناھىيە چىرا يېزا مازاركۆل كەنتىدىن مامۇت دابىت، ئابدۇللا تۇردى

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن سابىر

## «ئىمامى جەئفىرىم سادىق مازىرى» رىۋايىتى

ئىمامى مۇھەممەد باتىر چۈشىدە ئايان بولغان بىشارەتكە ئاساسەن، ئوغلى ئىمامى جەئفىرىم سادىقنى مەرۋاننىڭ ① زىيانكەشلىكىدىن ساقلاش ئۈچۈن سىپتىكوھە (بۈنى «ئىمامى جەئفىرىم سادىق ۋە ئىمامى ئاسىم تەزكىرىسى» دە ‹ ئاقسۇنىڭ ئۈچتۇرپان› دەپ ئىزاھلىغان) غا ئەۋەتىپتۇ، ئاقسۇ پادىشاھى شاھ بەھرام ئاغزىدا «ئىمامى جەئفىرىم سادىقتا ئىنائەت قىلغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. ئىمامى جەئفىرىم سادىق سىپتىكوھتا 20 يىلدەك تۇرۇپ قاپتۇ. 20 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەمىر ئابا مۇسلىم ② شام شەھىرىگە (ھازىرقى سۇرىيىگە) ھۇجۇم قىلىپ، ئىمامى جەئفىرىم سادىقنىڭ بوۋىسى ئىمامى ھۈسەيىننىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزۈلۈپتۇ. ئىمامى جەئفىرىم سادىق ئەمىر ئابا مۇسلىم بىلەن بىرلىشىپ بوۋىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپتۇ. ئاقسۇنىڭ پادىشاھى شاھ بەھرام ③ مەرۋاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىمامى جەئفىرىم سادىقنى مەككە، مەدىنە تەرەپكە باشلىماي، چىن ماچىن (خوتەن) تەرەپكە باشلاپتۇ. مەرۋان خوتەن خاقانىغىمۇ خەت يېزىپ ئىمامى جەئفىرىم سادىقنى يوقىتىشنى، ئۆزى تەرەپكە كەلتۈرمەسلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. كۆرسەتمە بويىچە خوتەن خاقانى بىلەن ئىمامى جەئفىرىم سادىق باشچىلىقىدىكى ئىسلام ئەھلى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بوپتۇ. ئىمامى جەئفىرىم سادىق ئوقۇشىزلىقتا ئۈچراپتۇ. مەدىنىدىن ئىمامى ئاسىم ياردەمگە كەپتۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئېلىشىش جەريانىدا ئىمامى ئاسىم قاتارلىق ئىماملار شېھىت بوپتۇ ... خوتەن خاقانىنىڭ ئىلىيە

---

① ئەرەب ئۈمەييە سۇلالىسىدا مەرۋان ئىسىملىك ئىككى خەلىپە ئۆتكەن. ئۇلار تارىختا مەرۋان I (مىلادىيە 683 — 655 - يىللار)، مەرۋان II (مىلادىيە 750 — 744 - يىللار) دەپ ئاتالغان، بۇ يەردە مەرۋان II نى دېمەكچى بولسا كېرەك. چۈنكى مەرۋان I دەۋرىدە ئىمامى جەئفىرىم سادىق تۇغۇلمىغان.

② ئەمىر ئابا مۇسلىم مەرۋىزى — خۇراسانلىق، ئەرەب ئەمىرى. 747 - يىلى خۇراساندىكى ئۈمەييە سۇلالىسىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى. قوشۇن تارتىپ ئۈمەييە سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. قوزغىلاڭنىڭ مەقسىتى ئىمامى ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرەرىنى خەلىپە تىكلەش بولسىمۇ، ئاخىرى ئەبۇل ئابباس ساخھان ھوقۇق ئېگىلەپ ئەرەب ئابباسىيە سۇلالىسى قۇرۇلغان.

③ ئاقسۇدا شاھ بەھرام ئىسىملىك بىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

www.uyghurkitap.com



ئىسمىلىك قىزى ئەمىر ئابا مۇسلىمگە غايىبانە ئاشىق ئىكەن. ئاشۇ قىزنىڭ ئاتىسىغا نەسىھەت قىلىشى بىلەن خوتەن خاقانى ئۇرۇشنى توختىتىپ شەھىرىگە قايتىپتۇ. ئىمامى جەئفىرىم سادىق ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئىمامى ئاسىمغا ماتەم تۇتۇپ ئۇنىڭ بېشىدا ئىككى ئاي قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئەگەشكۈچىلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئۇنچىلە خېنىم، ئايتۇلان خېنىم باشلىق بىر قىسمىنى تاغ ئارىلاپ مېڭىشقا يولغا ساپتۇ. بىر قىسمىنى ئۆزى باشلاپ كېرىيىنىڭ ئۈيتوغراق دېگەن يېرىگە كېلىپ چۈشكۈن قىپتۇ. ئۇ يەردىكى بۇۋى ئەنقات خېنىمنىڭ مەسلىھەتى ۋە يول باشلىشىدا تۆۋەن قۇم كېچىكى بىلەن مەشرىققە (شەرققە) قاراپ سەپەر قىپتۇ. مەنزىللەر ئېشىپ بىر دەريا قاينۇقىنىڭ ئۇستىدىكى ئېگىزلىككە چۈشكۈن قىلىپ چېدىرلارنى تىكىپتۇ. ئىمامى جەئفىرىم سادىق چىراغ يېقىپ قۇرئاننى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلىپ ئوقۇشنى باشلاپتۇ (مازاردىكى «چىراغخانا ئۆز ۋاقتىدا ئىمامى جەئفىرىم سادىق قۇرئان ئوقۇغان يەر ئىمىش) بۇۋى ئەنقات خېنىم قاتارلىق ئاياللار تاماقتا تۇتۇش قىپتۇ.① شام شەھىرىدىن مەرۋاننىڭ ئەمرى بىلەن ئىمامى جەئفىرىم سادىقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاتلانغان لەشكەرلەر ئىز قوغلاپ يېتىپ كەپتۇ ۋە ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قورشىۋېلىپ، ئىمامى جەئفىرىم سادىقنىڭ ھەمراھلىرىنى قەتلى قىلىپ، ئىمامى جەئفىرىم سادىقنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن توققۇز قات قورشاۋغا ئاپتۇ. ئىمامى جەئفىرىم سادىق ئاللاغا مۇراجىئەت قىلىپ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلىشنى تىلەپتۇ. تىلىكى ئىجابەت بولۇپ قاتتىق بوران چىقىپ كۆزنى ئاچقۇزماپتۇ. ئۇ شۇ بوراندا غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. مەرۋان ئەۋەتكەن لەشكەرلەر ئىمامى جەئفىرىم سادىقنى تۇتالمىغاندىن كېيىن، قەتلى قىلىنغانلارنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ شام شەھىرىگە بېرىپ مەرۋاندىن ئىنئام ئالماقچى بوپتۇ. شۇ ھامان ئاسماندىن قۇم يېغىپ جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى قۇم ئاستىغا دەپنە قىلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن

① موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ناملىق كىتابىدا: ئىمامى جەئفىرىم سادىق تارىخى ھىجرىيە 148 - يىلى ۋاپات بولۇپ، بېقى گورۇستاندا (مەدىنە شەھىرىدە) دەپنە قىلىنغان» دېيىلىدۇ (ت).

مەرۋان ئەۋەتكەن لەشكەرلەر تاغ ئارىلاپ ماڭغانلارنى قوغلاپ بېرىپ قورشاۋغا ئاپتۇ. تاغ يېرىلىپ ئۇنجىلە خېنىم، ئايتۇلان خېنىم قاتارلىقلارنى قوينىغا ئاپتۇ. مەرۋاننىڭ ئادەملىرى نائىلاج قايتىپ كېتىپتۇ.

رەتلىگۈچى: مەتقاسىم مەتنىياز

## تۆت ئەۋلىيا، بىر پىر ھەققىدە رىۋايەت

مەنسۇر ھەللاجى، شاھ مەشرەپ، نەسىردىن ئەپەندى، شەمس تەبرىزىمدىن (1) ئىبارەت «تۆت ئەۋلىيا» ئاپپاق غوجىنىڭ تالىپلىرى ئىكەن.

بىر كۈنى بۇ تۆت پىر (ئەۋلىيامۇ دېيىلىدۇ — ئا) مۇنداق مەسلىھەتلىشىپتۇ:

— پىرىمىز (ئاپپاق غوجىنى دېمەكچى — ئا) ئېغىلدىكى بىر تاللا قوچقىرىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپ يېسىمۇ، مېھمانغا ئۆلتۈرسىمۇ، ئىشقىلىپ ئۆلتۈرۈپ يەپ بولغاندىن كېيىن بىر دۇئا قىلسا، قوچقار تىرىلىپ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇدۇل ئېغىلغا كىرىپ كېتىدىكەن. بىزمۇ قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، پىرىمىز پەيدا بولۇپ بولغۇچە بىر دۇئا قىلىپ باقساق قانداق؟! — دەپ كېڭەشكە چۈشۈپتۇ.

مەنسۇرھەللاجى، شاھ مەشرەپ، شەمس تەبرىزىم ئۈچى: «ئۆلتۈرۈپ يەپ سىناپ باقايلى» دېيىشىپتۇ. نەسىردىن ئەپەندى بولسا گەپ قىلماي كۈلۈپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇچەيلەن شۇ ھامان قوچقارنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقىپتۇ.

شاھ مەشرەپ قوچقارنى بوغۇزلاپتۇ. مەنسۇر ھەللاجى تېرىسىنى پۈۋلەپ ئارغامچىغا ئېسىپتۇ. شەمس تەبرىزىم تېرىسىنى سويۇپتۇ. شۇ ئارىلىقتا نەسىردىن ئەپەندى ھېچنېمە دېمەي كۈلۈپ قاراپ

---

(1) شەمس تەبرىزىم — مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان كاتتا قەبرە ھەم مازار خوتەن شەھىرى شورۋاغ ئۆستەڭنىڭ بېشىدا بولۇپ، ھازىر شەھەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ زاراتگاھلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرۇپتۇ.
قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسسىپ، سويۇپ، قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن گۆشنى تۆتەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ يەپتۇ. ئۇلار مۇنداق دېيىشىپتۇ: «ئاپپاق غوجامۇ يەپ بولۇپ، سۆڭەكلىرىنى داستىخانغا تىزىپ دۇئا قىلسا تىرىلەتتى. بىز مۇشۇنداق قىلىپ قوچقارنى دۇئا بىلەن تىرىلدۈرۈپ قويايلى»، شۇنىڭ بىلەن تۆتەيلەن كەچكىچە دۇئا قىپتۇ. ئەمما قوچقار تىرىلمەپتۇ. ئاخىر ئاغزى، پۇت ـ قوللىرى تېلىپ، ئۇمىدسىزلىنىپ: «بىر كۈن ئولتۇرۇپ دۇئا قىلساقمۇ تىرىلمىدى. ئەمدى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان قوچقاردىن بىرنى تېپىپ، ئېغىلغا سولاپ قويايلى» دەپ ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قوچقارنى سولاپ قويۇپ تۇرۇشىغا، ئاپپاق غوجام پەيدا بولۇپ:
— قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ يېدىڭلار، قايسىڭلار ئۆلتۈردۈڭلار؟ قايسىڭلار ئاستىڭلار؟ قايسىڭلار سويدۇڭلار؟ — (ئەسلىدە بۇ ئىشلار ئاپپاق غوجامغا كارامەت بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولۇپ بولغانىكەن) دەپ سورىغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى دەپ سانىغانىكەن:
— شاھ مەشرەپ بوغۇزلىدى.
— شەمس سويغان.
— مەنسۇر قوينى يۈۋلەپ ئاسقان.
— نەسىردىنچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاپپاق غوجا.
— ئۇ ھېچنېمە دېمەي، يېقىنمۇ كەلمەي باشتىن ـ ئاخىر كۈلۈپ قاراپ تۇرۇۋالدى، — دەپتۇ ئۈچەيلەن بىر ئېغىزدىن.
ئاپپاق غوجا:
— قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، باشقا بىر قوچقارنى ئورنىغا سولاپ قويدۇڭلار، مەن ئۇنى كۆرمىسەممۇ بىلىپ تۇردۇم. ئۇ خاسىيەتلىك قوچقار ئىدى. سىلەر ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان خاسىيەتلىك دۇئانى بىلمەيتتىڭلار. شۇ سەۋەبتىن ئەمدى خاسىيەت يوقالدى. خەير، بوغۇزلىغىنىڭلارنىڭ بېشى كېسىلەر، يۈۋلەپ ئاسقىنىڭلار ئېسىلارسىلەر، سويغىنىڭلارنىڭ تېرىسى تەتۈر سويۇلار. نەسىردىنىڭ

لەتىپىسىنى ئاڭلىغان ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈپ تىلىقىپ قالغاي، — دەپ دۇئايى بەند قىلىپ قارغاپ شۇنداق نەپەس قىپتىكەن، تۆت ئەۋلىيا قويۇندەك پىرقىراپ بىرىپ زېمىننىڭ تۆت تەرىپىگە چۈشۈپتۇ. ئاپپاق غوجا بولسا كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

شاھ مەشرەپ بۇخارا زېمىنىغا چۈشكەنىمىش دېگەن سۆز - چۆچەكنى ئاڭلىغان بۇخارا ئەمىرى شەيخ مەھمۇدخان شاھ مەشرەپنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام قىلىپ، «نەقشىبەندى پىرىم» دەپ ئاتاپ، پىر تۇتۇپ، ئۆزى ئەمىر بولسىمۇ ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىدا قول باغلاپ، ماڭىدىغان يوللىرىغا زىلچا - گىلەملەرنى سېلىپ، پۇت - قولىنى توپىغا تەگكۈزمىگەنىكەن. لېكىن، شاھ مەشرەپ: «سېنىڭ ئۇنداق زىلچا - بىساتلىرىڭغا سىيىپ - چىچماق ۋاجىپ» دەپ ئېشىكنى زىلچا - گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ سىيدۈرۈپ، چىچۇرۇپتۇ. بۇ قىلىقلاردىن شەيخ مەھمۇدخاننىڭ دىلى شىكەستە بەپ، ئەكابىر - ئەشرەپلىرىگە مۇنداق ئويۇن تەكلىپ ئېيتىپتۇ:

— پىرىمگە كامالىي ئىززەت - ئىكرام قىلسام، مېنى كۆزىگە ئىلمىدى. بۇنى ئازراق پەردىشەپكە قايتۇرۇپ، چۆچۈتۈپ قويايلى. مەن بېشىنى كېسىشكە مۇنداقلا بۇيرۇپ قويغان بولاي. بىر قانچىڭلار جازا مەيدانىدىن تىلەپ، ياندۇرۇپ ئەكىلىشىڭلار.

لېكىن، ۋەزىر - ۋۇزرالار خالىزىم بولدىمۇ ياكى ئەمىرنىڭ سۆزى ۋاجىپ بولدىمۇ ۋە ياكى تەقدىر - نەپەس شۇنداقمۇ ئەيتاۋۇر پەرمان بىلەن تەڭ شەيخ مەھمۇدخاننىڭ جاللاتلىرى شاھ مەشرەپنى چېپىپ تاشلاپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىغانىكەن. شاھ مەشرەپ بېشى تېنىدىن ئاجراپ كەتسىمۇ، بېشىنى قولتۇقىغا قىسىپ: «مەن بۇخارادا ياتمايمەن، ھەرەمدە — رەسۇلۇللا بوۋامنىڭ يېنىدا ياتىمەن» دەپ زىكرى قىلىپ ھەرەمگە بارسا، رەسۇلۇللانىڭ قەبرىسىدىن مۇنداق نىدا كەپتۇ:

— سىزدىن بىر پەزىلەت ئۆتمىدى، بىر خوتۇن ئالمىدىڭىز، شۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتكىمۇ كىرمەيسىز، بۇخاراغا بېرىپ يېتىڭ.

شاھ مەشرەپ شۇنىڭ بىلەن بېشىنى قولتۇققا قىسىپ يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇخاراغا كەپتۇ ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ. كېيىنچە، ئۇنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى تەرىپىدىن توقۇلغان مۇنداق بىر غەزەل ئەل ئاغزىدا ھۆكمەت بولۇپ تارالغانىكەن:

ئەھمەد زەمچى قەلەندەر، ھەم نەقشبەندى بۇخارى،
بۇ ئىككىسىگە دوست ئەتكىل، ئەپلە مېنى قەلەندەر.

شەمس تەبرىزىم ھىندىستان زېمىنىغا چۈشكەنمىش دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان شۇ جايدىكى يەرلىك كىشىلەر: «پىر - ئەۋلىيادىن قارغىش ئالغان قارغىش تەگكۈر زېمىنىمىزدا تۇرسا، ئاپەت كەلتۈرۈر» دېگەننى باھانە قىلىپ، خەلقنى قوزغىتىپ ئۇنى پۇت دەسسەتكۈزمەي باشقا ياققا قوغلىۋەتكەنىكەن. ئۇ نەگىلا بارسا، كاززاپلار: «پىر - ئەۋلىياغا تەركى ھۆرمەت قىلغان» دەپ پىتنە - پەتنۇا توقۇشۇپ، «تېرىسىنى تەتۈر سويماقلىق لازىم» دەپ پەتىۋا چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەمس تەبرىزىم ئاچچىقلاپ:

— تېرە لازىم بولسا مانا ئەمىسە تېرە، — دەپ تېرىسىنى شىلىپ ئېلىپ ئاخۇنلارغا تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردىن چىقىپ، قاسساپلاردىن چىلتەن (كاۋاپلىق) تىلەپ، ئاندىن ناۋايخانىغا بېرىپ، — مۇشۇ گۆشنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ بېرىڭلار، — دەپتۇ. ناۋايخانىنىڭ يۈز بېيى (خوجايىنى):

— تونۇرغا ئاپىرىپ پىشۇرۇۋېلىڭ، — دەپتۇ.

ئەمما نىمكارلىرى:

— بۇ قەلەندەرنىڭ ئۇستىخانلىرىدىن قان - يىرىڭ ئېقىپ تۇرسا، بۇ يەرگە خەق نان يېگىلى كىرگىلى ئۇنىمايدۇ، چىقىپ كەتسۇن، باشقا يەرگە بارسۇن بۇ قەلەندەر، — دەپ قوغلىۋېتىپتۇ. قوغلىۋەتكەندىن كېيىن شەمس تەبرىزىم ناۋاينىڭ نىمكارلىرىنى:

— نان تىلەپ يەپ ئۆلەرسىلەر، — دەپ قارغىۋېتىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شەمس تەبرىزىم ئاخىر ھىندىستاندا تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ: «ئى كۈن! سەنمۇ شەمشى، مەنمۇ شەمشى، كېلىپ كاۋابىمنى پىشۇرغىن» دەپتىكەن، كۈن نەيزە بويى يېقىنلاپ كاۋابنى پىشۇرغىلى ۋازلىداپ قىزىپ كېتىپتۇ. ھىندىستاننىڭ ئادەملىرى

ئىسسىققا چىدىيالماي بەزىسى ئۆلۈپتۇ، بەزىسى ئۆلەر ھالەتكە يېتىپتۇ. شۇ چاغدا جانابى پىردەستىر پىرىم كېلىپ: «ئى شەمشى! سىز بۇ لەۋزىڭىزدىن يېنىڭ» دەپتۇ.

شەمس تەبرىزىم:

— ئەمىسە سىزنىڭمۇ بىر لەۋزىڭىز بار، سىزمۇ شۇ لەۋزىڭىزدىن يېنىڭ، — دەپتۇ.

پىردەستىر پىرىم:

— ھە، مەنمۇ ياناي، سەنمۇ كۈننى ياندۇر، ئەمىسە مەن قايسى لەۋزىمدىن يانىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شەمس تەبرىزىم:

— سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى كىمكى «ئابدۇقادىر چىلانى» دەپ بىۋاسىتە ئاغزىغا ئالسا، شۇ ئادەم قان قۇسۇپ ئۆلىدىكەن، سىز مۇشۇ لەۋزىڭىزدىن يېنىڭ، ئاندىن مەنمۇ كۈننى ياندۇراي، — دەپتۇ.

پىردەستىر پىرىم:

— ئۇ لەۋزىمدىن يانمايمەن، — دەپتىكەن، شەمس تەبرىزىممۇ:

— سىز يانمىسىڭىز ئەمىسە مەنمۇ يانمايمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

پىر دەستىر پىرىم:

— ھە ماقۇل، ياندىم ئەمىسە، لېكىن مېنىڭ ئىسمىمنى بىۋاسىتە ئاغزىغا ئالغان ئادەم يەتتە پۇل كاپالەت بەرسۇن، — دېگەندىن كېيىن، شەمس تەبرىزىم مۇنداق دەپتۇ:

— پۇلى بولسىغۇ كاپالەت بېرىدۇ، يەتتە پۇلى يوق ئادەم ئاغزىغا ئېلىپ سالسا يەنە قان قۇسۇپ ئۆلىدۇ.

پىردەستىر پىرىم:

— ھە، مەن ئۇ لەۋزىمدىنمۇ ياندىم، سىزمۇ كۈننى ياندۇرۇڭ، — دەپتۇ.

شەمس تەبرىزىم شۇنىڭ بىلەن كۈننى ياندۇرۇپ بولدى قىلغانىكەن. مۇبادا ئۇ ھازىرغا قەدەر كۈننى ياندۇرمىغان، ھەر ئىككىلىسى ئۆز لەۋزىدىن يانمىغان بولسا، پىردەستىر غوجامنىڭ ئىسمىنى دەپ سالغان ئادەم قان قۇسۇپ ئۆلەرمىشكەن. ھىندىستان زېمىنى چوغقا، ھىندى ۋە گانگى دەريالىرى ھورغا ئايلىنىپ قۇرۇپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كېتەرمىشكەن. ھىندىلار شۇ چاغدا كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەن بولۇپ، شەمس تەبرىزىم ئەۋلىيا ھەم شەمشى، كۈنمۇ شەمشى بولغاچقا، كۈن ئۇنى كۆيدۈرمىگەنىكەن.

مەنسۇر ھەللاجىغا كەلسەك، ئۇنىڭ قايسى زېمىنغا چۈشكىنى نامەلۇم. لېكىن ئۇ چۈشكەنلىكى جايدىكى يۇرت ئەھلىنىڭ ھەممىسى: «مەنسۇر ھەللاجى مەن ‹ئەۋلىيا› دەپ يۈرىدۇ، ئۇ ئۆزىنى ئەۋلىيا دەپ يۈرگىنى بىلەن سىڭلىسى پاھىشىۋازلىق قىلىدۇ. كۈندە نامازشامنىڭ بولۇشىغا جاڭگال تەرەپكە كېتىدۇ. ئەرلەرنىڭ كۆلبېشىگە قونۇۋغا بارىدۇ، يانغىنىنى كۆرمەيمىز. سىڭلىسىنى ھاي دېيەلمەيدۇ، قانداق يېرى ئەۋلىيا بولىدۇ ئۇنىڭ» دەپ گەپ تېپىپ، پۈسەك تارقىتىپتۇ. بۇ گەپ مەنسۇر ھەللاجىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن ئۇ: راست شۇنداق قىلغانمىدۇ بۇ سىڭلىم، مەن بىر ماراپ باقاي، نامازشام بولغاندا كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇخلاپ قالغان بولۇۋېلىپ يېتىۋالاي. ئاندىن ئۆيدىن چىققىنى بىلەن، ئارقىسىدىن ماراپ بېرىپ تۇتۇۋالاي، راست نامەھرەم قىلغان بولسا، تۇگەل چالما - كېسەك قىلىۋېتەي، دەپ ئويلاپ كۆزىنى يۇمۇپ ياتسا، سىڭلىسى نامازشام ۋاقتىدا راستتىنلا ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويۇپ، ئاكىسىنى تۇيمىدى دەپ ئويلاپ چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇر ھەللاجى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ بېرىپ قارىسا، بىر چۆلنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. يېرىم كۈنلۈك چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئىزىنى ئىزدەپ بېرىپتىكەن، چىرايلىق بىر خانىقا ئۇچراپتۇ. سىڭلىسى ئاشۇ يەردە غايىب بولۇپ كەتكەنىكەن. مەنسۇر ھەللاجى خانىقانىڭ يېنىغا بېرىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئاللا كارامەت! سىڭلىسى خانىقانىڭ ئىچىدە كۆرمىگەن يات ئادەملەرگە ئىززەت - ئىكرام قىلىپ ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بېرىۋاتقانمىش. ئۇ شۇ يەردىن يۈگۈرۈپ خانىقانىڭ ئىچىگە كىرىپ:

— ھەي سىڭلىم! ئاشۇ چايدىن ماڭىمۇ بېرىڭ! — دەپتۇ.

سىڭلىسى:

— بۇ چاينى سىز ئىچسىڭىز تاقەت قىلىپ تۇرالمايسىز، ئاغزىڭىزغا ئازراق تېمىتىپ قوياي، — دەپ چىنىنىڭ ئۇلىدا قالغان

چاي يۇقىنى ئاغزىغا تېمىتىپ قويغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىشق تۇتۇۋېلىپ، چۆرگىلەپ - پىرقىراپ «ئەنەلھەق، مىنەلھەق» دەپ شەھەرگە چىقىپتۇ. شەھەرگە چىققاندىن كېيىن ئاخۇنلار: «مەنسۇر ھەللاجى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. خۇدامۇ خۇدا، مەنمۇ خۇدا دېگىلى تۇرۇپتۇ، بۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرمەك بار» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ، دار راسلاپ، دارغا ئېسىۋېتىپتۇ. داردىن «ئەنەلھەق، مىنەلھەق» دەپ ئاۋاز چىقىپتۇ. ئۇلار دارنى مەنسۇر ھەللاجى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى دەرياغا چېچىۋەتكەنىكەن، دەرياغا چېچىۋەتكەن كۈلنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جۇغلىنىپ: «ئەنەلھەق، مىنەلھەق» دەپ ئاۋاز چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەقلەر: «كۆيدۈرۈپ كۈلىنى دەرياغا سورۇۋەتسەكمۇ ‹ئەنەلھەق، مىنەلھەق› دېگىلى تۇردى، ناھەق ئۆلتۈرۈپ قويغان ئوخشايمىز» دەپ ئۆزلىرىنى سۇغا تاشلاپ، ياقىلىرىنى چىشلىنىشىپ، بىر - بىرىنى تاتىلىشىپ، يۈز - كۆزلىرىگە ئۇرۇپ نالە - پەرياد قىلغانمىش.

مەنسۇر ھەللاجى ئەسلى «جامائەت سىڭلىمنى پاھىشىۋازلىق قىلدى دەپ سۆز - چۆچەك قىلىشقاندى، مەن ئۇنى ماراپ بارسام، ئۇ پاھىشىۋازلىق قىلمايدىكەن، بەلكى 41 چىلتەنلىرىمگە شاراب قۇيۇپ بېرىدىكەن، ئەنەلنىڭ قىلغان ئىشىمۇ ھەقكەن، مېنىڭ قىلغان ئىشىممۇ ھەقكەن» دېگەننى ئىپادىلەپ «ئەنەلھەق، مىنەلھەق» دەپ چۆرگىلەپ، شەھەرگە چىقىپ، پىرقىراپ ساما سالغانىكەن، ئەمما ئۇنى كۆزدىن قانداق يوقىتىشنى بىلەلمەي قالغان ھەسەتخور ئاخۇنلار، چالا موللىلار، نادان تالىپلار بۇ گەپنى تەتۈرسىگە ئۆرۈپ، مەنسۇر ھەللاجى «مەنمۇ خۇدا، خۇدامۇ خۇدا» دەپ پىر چەڭگى تۇۋلاپ، ساما سالدى دەپ بەتنام چاپلاپ، ناھەق دارغا ئاستۇرۇپ شېھىت قىلىۋەتكەنىكەن.

نەسىردىن ئەپەندى خاسىيەتلىك قوچقار ئۆلتۈرۈلگەندە قاراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، چۈشكەن جايىدا جىم تۇرماي جاھانكەزدى سەيياھ بولۇپ، كۆزى يەتكەن، ئېشىكى بارالىغانلىكى جايغا بېرىپ ئايلانغان. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ چىرايىنى كۆرگەن، سۆزىنى ۋە ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم كۈلۈپ يىقىلىپ قالغانىكەن. ئېيتىشلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قارىغاندا، نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ شۇ زامانلاردا ئىككى دوستى بولغان، ئۇنىڭ بىرى، ئۆزىدىن ئۆمۈر بويى ئايرىلمىغان سادىق ئېشىكى، يەنە بىرى، شۇ زامانلاردىكى پادىشاھلار ئىكەن. نەسىردىن ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا بىر ئۆمۈر كۆلكە ـ چاقچاق بىلەن ئۆتكەنىمىش، ئۇ چۆللەرنى كېزگەندە لەتىپە سۆزلىسە ئېشىكى ھاڭرايمىشكەن، پادىشاھلار ئاڭلىسا، كۈلۈپ تېلىقىپ، ئۈچەيلىرى ئۈزۈلەرمىشكەن. نەچچە ئون پادىشاھ تاماق ئۈستىدە لەتىپە ئاڭلاپ، گېلىغا تاماق تۇرۇۋېلىپ، ئىلۋىپلار ئىلاج قىلغۇچە تىن تارتماي ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاسقان يولى، ماڭغان چۆلى، ئايلانغان شەھەر ـ دۆلەتلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەن. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە كۈنلىرىنىمۇ تۈركىيىنىڭ ئاق شەھىرىدە ئېشىكى بىلەن سەپەر قىلىپ ئۆتكۈزگەن ھەمدە سەپەر ئۈستىدە قازا قىلىپ، شۇ يەرگە قەبرىسى قاتۇرۇلغانمىش. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىمۇ ياكى چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئويۇنىمۇ ئېنىقلىپ، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قەبرىسى ئۈچ ئەتراپى ئوچۇق، ئالدى تەرەپكە مۇستەھكەم دەرۋازا ئورنىتىلغان، پۇختا قەدىمكى قۇلۇپ سېلىنغان كۆرۈنۈشتە ئىكەن. قەبرە گۈمبىزى بىر تەرەپكە قىڭغىر قوپۇرۇلغان بولۇپ، كىشىگە ھېلىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلىدىكەن. يەنە كېلىپ گۈمبەزنىڭ قىيسىق تەرىپىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قارشى تەرىپىگە ئاچا تىرەپ قويۇلغانىكەن. گۈمبەز ئالدىغا بىر مەرمەر تاش قويۇلغان بولۇپ، تاشقا: «بۇ غوجا نەسىردىننىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرگە قىلغان چاقچىقىدۇر» دەپ ئويۇپ قويۇلغانمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: لوپ ناھىيە ناۋا يېزىسىدىن ئوبۇلقاسىم غوجائالىم
توپلىغۇچى: ئېلى ئەسقەر

# شاھ مەشرەپ[1] توغرىسىدا توققۇز رىۋايەت

1

شاھ مەشرەپ «قۇمات پاشىشايىم» دىن يېنىپ، قاراقاش بازىرىغا

① شاھ مەشرەپ ھىجرىيە 1650 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1711 ـ يىلى بەلخ شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى مەھمۇد قۇتۇغان تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. (ت)

كەپتۇ. ئۇ «كالا بازىرى» يېنىدىكى بىر مېھمانسارايغا چۈشۈپتۇ. ساراي خوجايىنى ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ھۇجرىسىغا باشلاپ، نېمە لازىملىقىنى سوراپتۇ. شاھ مەشرەپ قوينىدىن بىر تەڭگە ئېلىپ:

— ئۆزۈمگە ئوزۇق، ئېشىكىمگە بوغۇز، غېرىمغا دان ئەپ كەل، — دەپتۇ. خوجايىن ئۇزاق ئۆتمەيلا چوڭ كوزىدەك كېلىدىغان تورلاش كۆكچى قوغۇندىن بىرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، شاھ مەشرەپنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئۇنىڭ دىتى ۋە ئەقلىگە قايىل بولغان «ئەۋلىيا» شاھ مەشرەپ تائامدىن كېيىن: «ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ قىلغايسەن» دەپ دۇئايى - سېھىر قىپتۇ. قاراقاشلىقلارنىڭ رىزقىنىڭ كەڭ ۋە كۆپ بولۇشى، ئەنە شۇ دۇئا - سېھىرنىڭ كاپارەتمىش. ئارقىدىن خوتەن شەھىرىنىڭ «گۈللۈغ ئۆستەڭ» بويىدىكى مېھمانسارايغا چۈشكەن شاھ مەشرەپ، ساراي خوجايىنىغا خۇددى قاراقاش بازىرىدىكى خوجايىنغا دېگىنىدەك، ئۆزى ۋە ئىككى ھەمرايىغا كېرەكلىك نەرسە ئەكىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، خوجايىن نېمە ئەكىلىشنى بىلەلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالغاچقا، ئۇ يەردىمۇ قىسقىلا دۇئا قىلغانمىش. بىراق كىشىلەر «ئەۋلىيا» نىڭ قانداق دۇئايى سېھىر قىلغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، بەزىلەر ئۇنى شۇ قېتىم «سېنىڭ ئىشىڭنى خۇدا قىلغاي» دەپ دۇئا قىپتىكەنمىش دېيىشسە، يەنە بەزىلەر «خوتەنلىكلەرنىڭ پۇشايمىنى چۈشتىن كېيىن كەلگەي» دەپ دۇئايى سېھىر قىلغان دېيىشەرمىش.

2

شاھ مەشرەپ خوتەن شەھىرىدە تۇرغان كۈنلىرىدە «گۈللۈغ ئۆستەڭ» بويىدىكى «ناسىر ھاجى مەسچىتى» نىڭ ئەزانخانىسىغا چىقىپ، ئۆستەڭ بويلىرىغا نەزەر تاشلاپتۇ. ئۇ ئەزانخانا پەشتىقىدىن تۆۋەنگە قاراپ، لايلىنىپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ قىرغىقىدا بىر تالاي ياش تالىپلارنىڭ ئىشتانلىرىنى تىزىغىچە سىيرىپ قويۇپ، زوڭزىيىپ تاھارەت ئېلىشىۋاتقانلىقىنى؛ ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئەۋرىتىنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى، ساقىغان سۈيىنىڭ يەنە ئۆستەڭگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى؛ ئۆستەڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئىككى - ئۈچ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ۋادەمنىڭ ئوچۇمىدا سۇ ئېلىپ، ئېغىزىنى غار - غار قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە قىز - ئاياللارنىڭ چۆگۈن - قاپاقلىرىنى ئۆستەڭ سۈيىگە پاتۇرۇپ سۇ ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ھالەتتىن يىرگەنگەن «ئەۋلىيا» شاھ مەشرەپ ئىشتان بېغىنى يېشىپ، ئەزانخانا پەشتىقىدىن «گۈللۈغ ئۆستەڭ»گە شارقىرىتىپ سىيىپتۇ. تالىپلار ئاسمانغا قارىشىپ، ئۆستەڭ بويىغا قاراپ قېچىپتۇ...

«سۇغا سىيگەن جوھۇت»نى جامائەت مەھكىمە شەرئىگە سۆرەپ بېرىپتۇ. خېلى كۆپ سوراق - سوئالدىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن سۇغا سىيگەنلىكىگە جاۋابەن شاھ مەشرەپ: «ئەتىگەن ئاشۇ ئۆستەڭدىن ئىچكەن سۇنى، مانا ئەمدى ئاشۇ ئۆستەڭگە قوشۇۋەتتىم» دەپتۇ. مەھكىمە شەرئىدە: «سۈيدۈك قوشۇلغان سۇ ھارام» دېگەن بەس - مۇنازىرە بولغاندا شاھ مەشرەپ «گۈللۈغ ئۆستەڭ» بويىدا كۆرگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ: «سۇ يەتتە يۇمىلانسا ھالال. مېنىڭ سۈيدۈكۈممۇ سۇ. ئۇ ئەزانخانا پەشتىقىدىن چۈشكىچە يەتتە ئەمەس، يەتمىش قېتىم يۇمىلاندى» دەپتۇ. ئېيتىلىشىچە: «گۈللۈغ ئۆستەڭ» سۈيىنىڭ تاتلىقلىقى، ئېغىرلىقى، ئاشۇ سۇدىن بىر قېتىم ئىچكەن كىشىنىڭ مېھرىنى ئۆزەلمەي خوتەندە تۇرۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭغا «ئەۋلىيا» نىڭ سىيگەنلىكىدىنمىش.

رەتلىگۈچى: نۇرمەھەممەت توختى

3

شاھ مەشرەپ يۇرت كېزىپ، ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسى كۆيا يېزىسىدىن ئۆتكەندە ھېرىپ قېلىپ، ھاردۇق ئالماقچى بوپتۇ. لېكىن، بۇ يەر يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر بولغاچقا، ئاندا - ساندا ئادەم ئولتۇراقلاشقانىكەن. شاھ مەشرەپ ھاردۇق ئالىدىغان نە سايە، ئېشىكىنى باغلاشقا نە قوزۇق تاپالماي تۇرغاندا، بىر ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپتۇ. شاھ مەشرەپ ئايال بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

— ئېشەكىمنى باغلايدىغان بىرەر قوزۇقتەك نەرسە بەرگەن بولسىلا، مەن بىر دەم ھاردۇق ئېلىۋالسام، — دەپتۇ.

ئايال تونۇر بېشىدا تۇرغان بىر دانە كۆسەينى ئېلىپ چىقىپ

بېرىپتۇ. شاھ مەشرەپ چالا كۆيگەن كۆسەيگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەرگە قېقىپ ئېشەكنى باغلاپتۇ ۋە:

— بۇ بىر قارا قوزۇق ئىكەن، بۇ يۇرتنىڭ نامى «قارا قوزۇق» بولسۇن، — دەپ دۇئا قىپتۇ. شاھ مەشرەپ كەتكەندىن كېيىن، ئاياللار بۇ گەپنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھ مەشرەپنى «ئەۋلىيا» دەپ قارىغان خەلق «قارا قوزۇق» دېگەن نامنى ئۇلۇغلىشىپ يۇرت نامى قىلىپ قوللىنىپتۇ.

رەتلىگۈچى: مەمتىمىن قۇربان

4

شاھ مەشرەپ ئەۋلىيا كېرىيىنىڭ شەنبە بازار بازىرىنىڭ مەكىت كەنتىگە كەلگەندە، بىرىنىڭ ئۆيىگە ئوزۇقلۇق سوراپ كىرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى شاھ مەشرەپ ئەۋلىيانىڭ داڭقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان ئىكەن. بۇ كىشى ئۇنىڭ تۇرقىدىن ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ شاھ مەشرەپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ ۋە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ مېھمان قىپتۇ. ئۇ كىشى شاھ مەشرەپنىڭ راست ئەۋلىيا ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنى سىناپ، ئىتنىڭ چىشى كۈچۈكىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى بېسىپ پولۇ ئېتىپ، ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ مەشرەپ «ئى خۇدانىڭ بەندىسى، تۇر ئورنۇڭدىن» دەپ خىتاب قىلىپ، ئىت گۆشىنى بىر سىيلىغان ئىكەن، كۈچۈك تىرىلىپ، غىڭشىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش چۆچەك بولۇپ، ئۇزۇن زامانلارغىچە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپتۇ. يەرلىك تىلدا قانجۇق ئىت «مىكە ئىت» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ كۈچۈك قانجۇق بولغاچقا، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كەنت «مىكە ئىت» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «مەكىت» بولۇپ قالغان ئىكەن.

5

شاھ مەشرەپ ئەۋلىيا كېرىيىدە تۆت يىل تۇرۇپ، كېرىيىدىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. شاھ مەشرەپنىڭ كېرىيىدىن كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان يۇرت ئەھلى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ،

www.uyghurkitap.com



چىرايلىق يولغا سىلىپ قويۇش ئۈچۈن، شاھ مەشرەپ تۇرغان ئۆيگە كېلىسە، ئۇ سەپەرگە ئاتلىنىپ بولغان ئىكەن. يۇرت ئەھلى دەرھال ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، «جاي» دېگەن يەرگە كەلگەندە بىر ئايال بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئۇلار بۇ ئايالدىن شاھ مەشرەپنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرگەن ئىكەن، بۇ ئايال قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ، «شۇ قارا تۇغان يەردە كېتىپ بارىتۇ» (ئاۋۇ قارا كۆرۈنگەن يەردە كېتىۋاتىدۇ) دەپ، قولىدىكى تاشنى ئاتقان ئىكەن، تاش ئۇچۇپ شاھ مەشرەپ كېتىۋاتقان يەرگە كېلىپ، يول بويىدىكى بىر توپ دەرەخنىڭ چوقاتمىقى (ئاچىمىقى) غا قەيلىنىپ قاپتۇ. يۇرت ئەھلى دېگەندەك ئاشۇ يەردە شاھ مەشرەپنى قوغلاپ يېتىپ، دۇئاسىنى ئېلىپ يولغا سىلىپ قويۇپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن بۇ جاي «قارا تۇرغان يەر» دېگەن مەنىدە «قاراتۇرغان» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

6

بىر يولۇچى ئايال سورىغانلارغا شاھ مەشرەپنىڭ كېتىۋاتقان يېرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر تاشنى ئېلىپ «ئىشۇ قارا تۇغان يەدە كېتىپبارىتۇ» (ئاۋۇ قارا كۆرۈنگەن يەردە كېتىپ بارىدۇ) دەپ، قولىدىكى تاشنى ئاتقان ئىكەن، تاش شاھ مەشرەپ كېتىۋاتقان يەرگىچە ئۇچۇپ بېرىپتۇ. شاھ مەشرەپنىڭ ئىشكى بۇ تاشنىڭ شاھ مەشرەپكە تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇچۇپ كەلگەن تاشنى بىر تەپكەن ئىكەن، تاش يول بويىدىكى بىر توپ دەرەخنىڭ چوقاتمىقىغا قەيلىنىپ قاپتۇ. شاھ مەشرەپ تاشقا قاراپ «جايىڭدا جىم تۇر» دەپ خىتاب قىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، دەرەخكە قەيلىنىپ قالغان تاش دەرەخ بىلەن تەڭ يوغىناپ، ئىككى ئادەم ئاران كۆتۈرگۈدەك ھالەتكە يېتىپتۇ. «پولات تاۋلاش» ۋاقتىدا (1958 - يىلى) كىشىلەر بۇ دەرەخنى كېسىپ، پولات تاۋلاشقا ئىشلىتىۋېتىپتۇ. تاش دەرەخنىڭ ئورنىدا قاپتۇ. بۇ تاشنىڭ يۈزىدە شاھ مەشرەپنىڭ ئىشكى تاشنى تەپكەندە چۈشۈپ قالغان ئىزى بار ئىكەن. كوپىراتسىيە (20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى) ۋاقتىدا بۇ تاشنى كىشىلەر ئازما - توساقلارغا نەچچە رەت ئىشلىتىپ، ئازما - توساق تېگىگە كۆمۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئەتىسى يەنە ئۆز جايىدا پەيدا بولۇپ قالغان ئىكەن، شاھ

مەشرەپ بۇ تاشنى «جايىڭدا جىم تۇر» دەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، تاشنى ھەر قانچە يىراق جايلارغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتسىمۇ، ئەتىسى يەنە ئۆز جايىدا پەيدا بولۇپ قالىدىكەن.

7

ئاخۇنلۇقۇم كېرىيىدە ئۆتكەن ئىلىم - بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئۆلىما كىشى ئىكەن. شاھ مەشرەپ ئەۋلىيا كېرىيىدە تۇرغان مەزگىلدە ئاخۇنلۇقۇم بىلەن يېقىن دوستلىشىپ ئۆتكەن ئىكەن. ئاخۇنلۇقۇمنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئىكەن. شاھ مەشرەپ كېرىيىدىن كېتىدىغان چاغدا ئاخۇنلۇقۇمغا: «سىلىدە ئەرلىك بولغىنى بىلەن پەرزەنت كۆرۈشتە ۋۇجۇد يوق ئىكەن. مەندە پەرزەنت كۆرۈشتە ۋۇجۇد بار، لېكىن ئەرلىك يوق. شۇڭا مەندىكى بۇ ۋۇجۇدنى سىلىگە ئۆتۈنۈپ بېرەي، كەينىلىرىنى قىلسىلا» دەپ، ئاخۇنلۇقۇمنىڭ دۈمبىسىگە دۈمبىسىنى يېقىپ تۇرۇپتۇ. ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر سېزىم بولۇپ، بۇ سېزىم چوققىسىدىن كىرىپ، تاپىنىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھ مەشرەپ كېرىيىدىن كەتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئاخۇنلۇقۇم تاھارەت ئېلىپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، تاھارەت سۈيى ئاققان كاتەكتىن بىر تۈپ بۇغداي بىلەن بىر تۈپ زاغۇن ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئاخۇنلۇقۇم ئۈنۈپ چىققان بۇغدايدىن ئۆزىدە پەرزەنت كۆرۈش ۋۇجۇدىنىڭ ھاسىل بولغانلىقىنى، زاغۇندىن شاھ مەشرەپتىكى ۋۇجۇد ئۆزىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ساراڭلىقىمۇ ئۆتۈپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ.

شۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئاخۇنلۇقۇم كەينى - كەينىدىن بىر قانچە پەرزەنت كۆرۈپتۇ. لېكىن پەرزەنتلىرىنىڭ بەزىسى كاتتا ئۆلىما، بەزىسى غىلجىمال (ساراڭ قىلىقلىق) بولۇپ قاپتۇ. كېيىنكى ئەۋلادلىرىمۇ شۇنداق بولۇپ قاپتۇ.

8

شاھ مەشرەپ ئەۋلىيا كېرىيە «شەنبە بازار» نىڭ بىر كەنتىگە كېلىپ، بۇ يەرنىڭ نامىنى سورىسا، ھېچكىم دەپ بېرەلمەپتۇ. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر ئۆيگە ئوزۇقلۇق سوراپ كىرىپ قارىسا، بۇ ئۆينىڭ ھويلىسىدا بىر توپ غاز يۈرگۈدەك. ئۇ ئۆي ئىگىسىدىن «بۇ غاز قانچە؟» دەپ سورىغان ئىكەن، ئۆي ئىگىسى «بۇ قىرىق غاز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاھ مەشرەپ شۇئان «بۇ يۇرتنىڭ نامى قىرىق غاز بولغاي» دەپ دۇئا قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كەنت «قىرىق غاز» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «قىغاز» بولۇپ قالغان ئىكەن.

رەتلىگۈچى: ئابدۇرېشات مۇساجان توغرول

9

«ئەۋلىيا» ئاپپاق خوجىنىڭ شاگىرتى شاھ مەشرەپ ئىمامى جەئفىرىم سادىق غايىب بولغان يەرنى ئىزدەپ خوتەن تەرەپكە كەپتۇ. ئۇ «ئىمامى جەئفىرىم سادىق ۋە ئىمامى ئاسىم تەزكىرىسى» دە سۆزلەنگەن يۆنىلىش بويىچە ئىزدەپ نىيىغا كېلىپ شىمال تەرەپتىكى قۇملۇققا قاراپ مېڭىپتۇ. ھازىرقى «مەشرەپ دەرۋازىسى» (بۇ يەر ئىمامى جەئفىرىم سادىق مازىرىنىڭ 19 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى يول ئۈستىدە) دېگەن يەرگە كېلىپ شامال چىقمىغان كۈنلىرى بوي (ئايەت بەند قىلىنغان ئىسرىق ـ تۇتۇن) سېلىپ 40 كېچە ـ كۈندۈز ئىبتىكاپتا ئولتۇرۇپتۇ. بوي (تۇتۇن) ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ كېتىۋېرىپتۇ. ئىمامى جەئفىرىم سادىقنىڭ غايىب بولغان جايىدىن بېشارەت بولماپتۇ. شاھ مەشرەپ ئاخىرى بويىنىغا قارا ئارغامچىنى ھالقىلاپ سېلىپ، ئېگىز توغراققا ئېسىلىپ ئۆلۈپ بەرمەكچى بوپتۇ. توغراق ياي شەكلىدە ئېگىلىپ ئۇچى يەرگە قادىلىپ توختاپتۇ. شاھ مەشرەپنىڭ پۇتى يەرگە تېگىپ قېلىپ شۇنىڭ بىلەن ئۆلەلمەپتۇ (كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: «مەشرەپ دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇنداق ئېگىلىپ قالغان بىر تۈپ توغراق 1956 ـ يىلىغا كەلگۈچە شۇ يەردە بار ئىكەن). ئۇ يەنە شۇ يەردە بوي سېلىپ ئىبتىكاپتا ئولتۇرۇپتۇ. بوي تۆۋەنگە (شىمالغا) ماڭغانىكەن. شاھ مەشرەپ تۇتۇننى قوغلاپ ھازىرقى ئىمامى جەئفىرىم سادىق مازىرىدىن ئۆتۈپ «تۇلكىچى كۆل» دېگەن يەرگە بوي سېپتىكەن، تۇتۇن جەنۇبقا مېڭىپتۇ. يەنە تۇتۇننى قوغلاپ كەينىگە يېنىپ ھازىرقى ئىمامى جەئفىرىم سادىق مازىرىدىكى «مەشرەپ

گەمىسى» دېگەن يەردە بوي سىلىپ 40 كېچە - كۈندۈز ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپتۇ. ئىسرىق (تۈتۈن) ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ كېتىۋېرىپتۇ. شاھ مەشرەپ ئاخىرى بويىنغا قارا ئاغامچىنى يەنە ھالقىلاپ سىلىپ، ئىڭگىز توغراققا ئېسىلىپ: «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پادىشاھىم غوجام، سەن ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىمىساڭ مەنمۇ سېنىڭ يېنىڭغا كېتەي!» دەپ نالە قىلىپ ئۆلمەكچى بوپتۇ. شۇ ئەسنادا «ئۆلۈش نىيىتىڭدىن يان!» دېگەن سادا كەپتۇ. شاھ مەشرەپ قارىسا ئۇ تەرەپتە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرغانمىش، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئېگىزلىكتە ئىمامى جەئفىرىم سادىق زاھىر بولۇپ (كۆرۈنۈش قىلىپ) غايىب بوپتۇ. شاھ مەشرەپ ئىمامى جەئفىرىم سادىق كۆرۈنۈش قىلغان يەرگە تۇپراق بېشى ياساپ، خادا قاداپ تۇغ - شەددىلەرنى ئېسىپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا شېھىت بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ تۇپراق بېشىنى ياساپ خادا قاداپتۇ. ئوت كۆرۈنگەن يەرگە گۈلخان يېقىپ سوپى - تالىپلىرى بىلەن بىللە ئىمامى جەئفىرىم سادىققا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشنى باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمامى جەئفىرىم سادىقنىڭ غايىب بولغان جايى مۇشۇ يەردە ئىككەنلىكى ئەل - يۇرتقا تارىلىپ، بۇ يەر «ئۇلۇغ مازار» غا ئايلىنىپتۇ.

رەتلىگۈچى: مەتقاسىم مەتنىياز

## «1 نى 1 دېگۈلۈك»

ھىدايىتۇللا ئىشان جۇڭغار خانى غالدان سىرىنىنىڭ قوشۇنلىرىغا تايىنىپ، ئىسمائىلخاننىڭ قولىدىن يەركەن خانلىقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، پۇقرالارغا ئېغىر زۇلۇم سىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ زامانلاردا جۇڭغارلار قىزىل تۇچتىن ياسالغان داچەن پۇلنى بىر پۇل دەپ خەجلەيدىكەن. ھىدايىتۇللا خوجا جۇڭغارلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى پۈتۈن جايلارغا «بىر پۇلنى ئىككى پۇل ئورنىدا خەجلەش» توغرىسىدا پەرمان چىقىرىپتۇ ۋە شۇ يول بىلەن ئۆزىگە ياردەم بەرگەن غالدان قوشۇنلىرىنى باي قىلىشنى ئويلاپتۇ. بۇ پەرماندىن ئالدى بىلەن خوتەن خەلقى قاتتىق نارازى بولۇپ، بىر پۇلنى ئىككى دېيىشكە زادى ئۇنىماپتۇ. پەرمانى ئۆتمىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھىدايىتۇللا خوجا خوتەن خەلقىگە ھەيۋە قىلىپ ئۇلارنى بىر ئەدەپلەپ قويۇش مەقسىتىدە، پۇقرالارنى بىر مەيدانغا توپلاپتۇ، قىرىق نەپەر يۈرت ئاقساقىلىنى ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىپ: «بىر پۇلنى ئىككى دەمسەن ـ دېمەمسەن؟» دەپ سوراقلاپتۇ. «خۇدامۇ بىر، بىر پۇلمۇ بىر. بىرنى ئىككى دېسەك خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ، شۇڭا، بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەپ قارشىلىق قىپتۇ ئۇلار.

جۇڭغارلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ: «ئەگەر يەنە جاھىللىق قىلىپ، قايسىڭ بىر پۇلنى ئىككى پۇل دېمىسەڭ ئۆلتۈرىمىز» دەپ ئۇلارنى قورقۇتماقچى بوپتۇ ۋە بىر ـ بىرلەپ سوراپتۇ. كىمدىنلا سورىسا «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەپ سۆزىدىن زادى يانماپتۇ. شۇ جايدىلا بىرنى ئىككى دېمىگەنلەرنىڭ باشلىرىنى ئاپتۇ. ئارقا ـ ئارقىدىن 39 كىشىنىڭ بېشى كېسىلىپتۇ. قىرىقىنچى كىشىگە كەلگەندە يەنە سوراپتۇ، ئۇ كىشىمۇ جۇڭغارلارغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ: «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ بېشىمۇ دەرھال كېسىلىپتۇ. شۇ چاغدا مەيداندا چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن سادا كۆكنى لەرزىگە سالىپتۇ.

رەتلىگۈچى: ئابدۇرېشىت ئىسلام

## يەتتە ئەۋلىيا

تارىختىن بىرى كېرىيىدە يەتتە ئەۋلىيا كەم بولماي كەلگەن ئىكەن. ئەۋلىيالار ئۆزىنى ئاشكارا قىلمايدىكەن. ئاشكارىلىنىپ قالسا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. شۇڭا كىملەرنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى كۆپ ئادەم بىلمەيدىكەن. بۇ يەتتە ئەۋلىيانىڭ ھەر بىرى بىر ھادىسىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىكەن. ئەۋلىيالاردىن بىرى ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، ئورنىغا يەنە بىر ئەۋلىيا يېتىشىپ چىققۇچە شۇ ئەۋلىيا كونترول قىلىپ تۇرغان ھادىسە يۈز بېرىپ، ئاپەت كېلىپ چىقىدىكەن. بۇلار ئاساسلىقى، ئاغرىق ـ سىلاق (يۇقۇملۇق كېسەللىك)، كەلكۈن، قۇم بوران، يەر تەۋرەش، ئوت، يامغۇر ـ يېشىن، قۇرغاقچىلىق، ئاچارچىلىق قاتارلىقلار ئىكەن. شۇڭا تارىختا بۇ خىل ئاپەتلەر پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرغان ئىكەن. ئەۋلىيالارغا ئەۋلىيالىق دەرىجىسى

يېتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئۆمرى 75 يىل ئىكەن. شۇڭا ئاغرىق - سىلاقنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان ئەۋلىيا ئۆلۈپ كېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر ئەۋلىيا چىقىپ بولغىچە ئاغرىق - سىلاق كۆرۈلىدىكەن. شۇڭا كېرىيىدە ھەر 75 يىلدا بىر قېتىم ئاغرىق - سىلاق كۆرۈلۈپ كەپتۇ. مەسىلەن: 1837 - يىلى كەڭ كۆلەمدە چېچەك كېسىلى تاراپ، نۇرغۇن قازاۋى قەدەرلەرنى كەلتۈرگەن ئىكەن. 1912 - يىلى كېرىيىدە ۋابا تاراپ، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەنىكەن. كىشىلەر بۇ يۇرتتىكى ئاشۇنداق زور تالاپەتلىك ۋەقەلەرنى يەتتە ئەۋلىيانىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئالەمدىن كېتىشىگە باغلايدىكەن.

## ئاخۇنلۇقۇمنىڭ پەرزەنتلىرى

كېرىيە ناھىيىسى «دەريا بويى» يېزىسىغا جايلاشقان چوڭ مازار، ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ كېرىيىنى پەتھى قىلىش ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان ئىماملارنىڭ بېشى بولۇپ، تارىختىن بېرى داڭلىق تاۋاپگاھ ئىكەن. كېرىيىدە ئىلىم - بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئۆلىما ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ دادىسىنىڭ تەلىماتىدىن ئەۋلىيا دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇپ، بۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ كىچىكى ئىساق ئاخۇنلۇقۇم بۇ مازارغا كېلىپ ماكانلىشىپ، مازارنىڭ شەيخى بولۇپ، خانىقا سېلىپ بالا ئوقۇتۇپ ئۆتكەن ئىكەن. ئاكىسى ئەيسا ئاخۇنلۇقۇم كېرىيىنىڭ «جاي» يېزىسىدا ئولتۇراقلىشىپ، تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولغان ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاكىسى ئەيسا ئاخۇنلۇقۇم ئىنىسىگە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، دەريا بويىغا بارىدىغان ئېشەكچىلەردىن بىر خالتا ئەۋەتىپتۇ. ئېشەكچىلەر چوڭ مازارغا تۆت كۈندە يېتىپ بېرىپ، ئامانەتنى تاپشۇرۇپتۇ. ئىساق ئاخۇنلۇقۇم خالتىنى ئېچىپ قارىسا، خالتىدا پاختا ئارىسىغا ئېلىنغان بىر پارچە چوغ يالقۇنجاپ تۇرغۇدەك. لېكىن پاختا كۆيۈش تۇگۇل سارغىيىپمۇ قالماپتۇ. ئىساق ئاخۇنلۇقۇم ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە كارامەت كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ھېلىقى ئېشەكچىلەر قايتار ۋاقتىدا، ئۇلاردىن ئاكىسىغا بىر خالتا چىقارتىپتۇ. ئەيسا ئاخۇنلۇقۇم خالتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئېچىپ قارىسا، ماتادا تىكىلگەن بوز خالتىنىڭ ئىچىدە لىق سۇ تۇرارمىش. خالتىدىكى سۇ ئېقىپ كېتىش تۇگۇل، نەم خالتا سىرتىغىمۇ تەپچىرەپ چىقماپتۇ. بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا كۆڭلىدە بىر ـ بىرىنىڭ كارامىتىگە قول قويۇشۇپتۇ.

## تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا 15 ئەپسانە ـ رىۋايەت

1

يەرنىڭ تۆت ئەتراپى سۇ (دېڭىز) بولۇپ، ئاسمانمۇ چوڭ دېڭىز ئىكەن. يەر سۇدىكى چوڭ كۆپۈكچىنىڭ ئىچىدە لەيلەپ تۇرىدىغان قۇرۇقلۇق ئىكەن. يۇلتۇزلار ئاسمان دېڭىزىدىكى خادا تاشلار ياكى كىچىك ئاراللار ئىكەن. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئادەمنىڭ روھى بۇ دېڭىزنى ئۈزۈپ ئۆتۈپ ئەرشكە چىقىدىكەن. شۇڭا بۇرۇنقى كىشىلەر ياغاچتا قېيىققا ئوخشاش قىلىپ تاۋۇت ياساپ، ئۆلگەنلەرنى تاۋۇتقا سېلىپ كۆمگەن ئىكەن. بۇنداق قىلغاندا، كىشىنىڭ روھى قېيىققا ئولتۇرۇپ، ئاسمان دېڭىزنى بىمالال ئۈزۈپ ئەرشكە ئاسان چىقالايدىكەن.

2

ساما يولى ئاسمان دېڭىزىدىكى خادا تاشلار زىچ ئورۇنلاشقان جاي بولۇپ، پەرىشتە ـ مالائىكىلەر تاشتىن ـ تاشقا ئۇچۇپ (دەسسەپ) يۈرۈپ ئالەمنى كېزىدىكەن. سۇغا دەسسەپ سىلىشتىن ئېھتىيات قىلىدىكەن. ئەگەر سۇغا دەسسەپ سالسا، سۇ داۋالغۇپ كېتىپ، ئاسمان دېڭىزىنىڭ سۈيى يەر يۈزىگە تېشىپ كېتىدىكەن. شۇڭا ئۇ «ساما (ئاسمان) يولى» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

3

ئاسماندا ئاق قوچقار بىلەن كۆك قوچقار بولۇتلار ئۈستىدە ئوتلاپ يۈرۈيدىكەن. يادا مۇئەككەللىرىنى ئۇيقۇ بېسىپ خاۋالۇتتا قالغاندا، بۇ ئىككى قوچقار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر ـ بىرىگە خىرىس

قىلىپ، ئۇسۇشىدىكەن. ئۇلار ئۇسۇشكەندە بېشىنىڭ ئۆرۈلۈشىدىن گۈلدۈرماما ئاۋازى ياڭرايدىكەن. مۆڭگۈزلىرى بىر - بىرىگە ئۆرۈلغاندا چاقماق چېقىلىدىكەن. پادا مۈئەككەللىرى ئويغىنىپ، قوچقارلارنى ئايرىۋەتكەندە گۈلدۈرماما توختاپ، بۇلۇتلار تاراپ كېتىدىكەن.

## 4

ئاسماندا ئاق قوچقار بىلەن كۆك قوچقار بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشكەندە، ئاسمان تىترەپ كېتىپ، ئاسمان دېڭىزىنىڭ سۇلىرى داۋالغۇپ، دولقۇنلىنىپ كېتىدىكەن. ئاسمان دېڭىزى سۈيىنىڭ دولقۇنلىنىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ چاچراندىلىرى، يەر يۈزىگە يامغۇر بولۇپ ياغىدىكەن.

## 5

بۇلۇت ئاسماندىكى مال - چارۋىلارنىڭ يايلىقى ئىكەن. بۇلۇت ئۈستىدە قوي، كالا، ئۆچكە دېگەندەك چارۋا - ماللار ئاسماننى كېزىپ يۈرۈپ ئوتلايدىكەن. بۇ مال - چارۋىلار ئادەمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىكەن. شۇڭا بۇلۇتلار ھەمىشە ئوتى ياخشى تاغلارغا چۈشۈپ، مال - چارۋىلارنى ئوتلىتىپ، تويغاندا ئېلىپ كېتىدىكەن. يەر يۈزىدىكى مال - چارۋىلار تاغدا ئوتلاۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇلۇتنى يەپ قويىدىكەن. شۇڭا بۇلۇت يېگەن قوينىڭ[1] قورسىقىدىن بۇلۇت چىقىدىكەن.

## 6

يەرنى يەرنىڭ تېگىدە غايەت زور بىر كالا كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئەگەر يەرنى شۇ كالا كۆتۈرۈپ تۇرمىسا، يەر سۇ ئاستىغا غەرق بولۇپ كېتىدىكەن. كالىنىڭ يەرنى كۆتۈرۈپ تۇرغان مۈڭگۈزى تالسا، يەرنى يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكەيدىكەن. يەرنى بىر مۈڭگۈزىدىن يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكەش جەريانىدا يەر سىلكىنىپ كېتىپ، يەر تەۋرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

---

① تاغ قويىنىڭ قورسىقىدىن بوز رەڭلىك بەزگە ئوخشاش بىر نەرسە چىقىدۇ. بۇنى يەرلىك كىشىلەر «بۇلۇت» دەپ ئاتايدۇ. بۇ نەرسە ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



7

ئاي ئەسلىدە داغسىز، ئىنتايىن سۈزۈك ۋە گۈزەل ئىكەن. ئاي بىلەن كۈنمۇ يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. ئاي ھەم گۈزەل، ھەم لاتاپەتلىك بولۇپلا قالماي، گاھ ھىلال بولۇپ، گاھ تولۇن بولۇپ تولۇپ كۆرۈنىدىكەن. ھەم كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ كۆرۈنىدىكەن. بولۇپمۇ ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ۋەھىمە، غېرىبلىق باسقاندا كۆرۈنۈپ، كىشىلەرنى بەكمۇ خۇشال قىلىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئاينى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. كىشىلەرنىڭ ئاينى كۈندىنمۇ ياخشى كۆرۈشى ۋە سۆيۈنۈشى كۈندە ھەسەت پەيدا قىلىپ، كۈننى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلاپتۇ. بۇ ئازابقا چىدىمىغان كۈن ئاينىڭ يۈزىگە قوقاس چېچىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاينىڭ يۈزى كۆيۈپ، داغ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاي بىلەن كۈن چىقىشالمايدىغان بولۇپ قېلىپ، ھەممىشە بىر - بىرىدىن يىراق يۈرۈشىدىكەن. ئەگەر ئىككىسى ئۇچرىشىپ قالسا، كۈننى خىجالەتچىلىك بېسىپ، نۇرى ئۆچۈپ، تۇتۇلىدىكەن. كىشىلەر ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىدىن ھەسەت قىلىشىنى كۈننىڭ ئايغا ھەسەت قىلىشىغا ئوخشىتىپ، «كۈنداشلىق» دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ.

8

قۇياش ئەتىگىنى شەرقتىن چىقىپ، كەچقۇرۇن غەربكە پېتىپ، كۈندۈزى يەر يۈزىنى يورۇتىدىكەن. كېچىسى يەرنىڭ تېگى بىلەن غەرب تەرەپتىن شەرق تەرەپكە ئۆتىدىكەن. يەر تېگى جىن - شاياتۇن، ئالۋاستىلارنىڭ ماكانى بولغاچقا، قۇياش كېچىچە قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، شەرق تەرەپكە بارىدىكەن. شۇڭا كۈن ئەتىگىنى ۋە كەچقۇرۇن قاننىڭ رەڭگىدە قىزىرىپ كېتىدىكەن. جىن - شاياتۇنلار تاڭ ئاتقۇچىمۇ قۇياش بىلەن جەڭ قىلغان كۈنلىرى چېچىلغان قانلار تاڭ شەپىقى بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. كەچقۇرۇن جىن - شاياتۇنلار ئالدىراپ كېتىپ، قۇياش پاتقۇچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ جەڭ قىلسا، چېچىلغان قانلار كەچكى شەپەق بولۇپ كۆرۈنىدىكەن.

## 9

قۇياش ئەتىگىنى شەرقتىن چىقىپ، كەچقۇرۇن غەربكە پېتىپ، كۈندۈزى يەر يۈزىنى يورۇتىدىكەن. كېچىسى يەر تېگىدە تۈنەپ ئارام ئالىدىكەن. يەر يۈزىدە (ئىنسانلار ئارىسىدا) گۇناھى ـ كەبىر، ساختىلىق، نائىنساپلىق، ناھەقچىلىق ... قاتارلىقلار كۆپ بولغاچقا، قۇياش بۇ ئىشلارنى كۆرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئاسمانغا چىققىلى ئۇنىمايدىكەن. ھەر كۈنى پەرىشتە ـ مالائىكىلەر قۇياشنى زەنجىرلەپ باغلاپ، سۆرەپ ئېلىپ چىقىدىكەن. ئاسىي ـ مۇناپىقلار يەرگە ھەر بىر دەسسىسە، يەر بىر چىرقىرايدىكەن. قۇياش يەرنىڭ ھەر بىر چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسا، بىر ئازابلىنىدىكەن. شۇڭا قۇياش گاھىدا گۇناھى ـ كەبىرلەر كۆپ جايلارنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالىدىكەن. گاھى كۈنلىرى يەر يۈزىگە كۆرۈنمەي، نۇرىنىمۇ چۇشۇرمەي يەر تېگىگە كىرىپ كېتىدىكەن. ئىنسانلارغا زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن پات ـ پات كۈن تۇتۇلىدىكەن.

## 10

قىش كۈنلىرى ئاسمان دېڭىزى ئۈيۈل توڭلاپ كېتىدىكەن. پەرىشتە ـ مالائىكىلەر ھەمىشە مۇز ئۈستىدە چاڭغا بىلەن تېيىلىپ مېڭىپ، ئالەمنى كېزىدىكەن. گاھىدا مۇز تېيىلىپ ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن. ئۇلار مۇز تېيىلىش جەريانىدا قىرىلىپ چىققان مۇز قىرىندىلىرى قار بولۇپ يەر يۈزىگە ياغىدىكەن. قارنىڭ شەكلى بەزىدە گۈلگە ئوخشاش، بەزىدە مۇزغا ئوخشاش بولۇشىدىكى سەۋەب، پەرىشتە ـ مالائىكىلەر مۇز تېيىلىپ ئويناپ كۆڭۈل ئاچقاندىكىسى گۈلگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ خاسىيەتلىك قار ئىمىش. ئەرش لەشكەرلىرى ۋە پەرىشتە ـ مالائىكىلەر ئەرشكە چىقىۋالغان جىن ـ شاياتۇنلارنى قوغلاپ ئۆز ماكانىغا ھەيدىۋېتىش ئۈچۈن جىددىي يۈرۈش قىلغاندا ھاسىل بولغان قار مۇز پارچىسىغا ئوخشاش مۆلدۈر بولۇپ ياغىدىكەن، بۇ شۇملۇقتىن بېشارەت ئىمىش.

www.uyghurkitap.com



## 11

بـۈرۈنقى زاماندا ئاسماندىن ئۈن ياغىدىكەن. كىشىلەر يېغىن مەزگىلىدە يەرگە داستىخان سېلىپ قويۇپ، ياغقان ئۈننى يىغىۋېلىپ، يىل بويى تېرىقچىلىق قىلماي يەپ - ئىچىپ، كۈننى باياشاتچىلىق، تـوقـچـىـلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدىكەن. بىر كۈنى يېغىن مۇئەككىلى كـىـشـىـلەرنىڭ ئۆز شاپائىتىدىن قانچىلىك رازى ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ يەر يۈزىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر شەھەرنى ئايلىنىپ، بىر كوچىدا كېتىۋېتىپ، بىر ئايالنىڭ ئۆزى ياغدۇرۇپ بەرگەن ئاق ئۈندا پوشكال سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە بۇ ئايالنىڭ پوشكالنى يەپ بولۇپ، خۇداغا قانچىلىك شۈكرانە ئېيتىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا قۇچىقىدىكى بالىسىنىڭ ئىچى كەپتۇ. ئۇ بـوۋاقـنـى توسۇپ بولۇپ، بوۋاقنىڭ قوڭىدىكى نىجاسەت يۇقىنى ئېرتىۋېتىشكە بىر نەرسە تاپالماي، پىشۇرۇپ تەييارلىغان پوشكالدىلا ئېرتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يېغىن مۇئەككىلى دەرغەزەپ بولۇپ، بۇ ئىشنى ئاللاغا يەتكۈزۈپتۇ. خۇدامۇ بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ، ئۈننىڭ ئورنىغا قار ياغىدىغان قىلىۋېتىپتۇ.

## 12

قـىـش كـۈنـلىرى ئەرشتىكى مال - چارۋىلار ئالەمنىڭ قىش بولمايدىغان يېرىدىكى يايلاقلارغا ئوتلاشقا كېتىدىكەن. ئاق قوچقار بـىـلەن كۆك قوچـقارمـۇ شۇ قاتـاردا كېتىـدىـكەن. پەقەت ياز يـورۇپ، ئوت - چۆپلەر ئۆسكەندە ئاندىن قايتىپ كېلىدىكەن. شۇڭا قىش كۈنلىرى ئاسماندا ئىككى قوچقار بولمىغاچقا، كۈن بۇلۇتلۇق بـولىسىمۇ، قار ياغسىمۇ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىمەيدىكەن، چاقماقمۇ چاقمايدىكەن.

## 13

ئالەم ئۈچ قات (قەۋەت) بولۇپ، ئاسمان — تەڭرى، ئىلاھ، مۇئەككەل، پەرىشتە - مالائىكىلەرنىڭ تۇرارگاھى، يەر — ئىنسانلارنىڭ

تۇرارگاھى، جەھەننەم (يەرنىڭ تېگى) — جىن - شاياتۇن، ئالۋاستىلارنىڭ تۇرارگاھى ئىكەن. يەر تېگىدىكى جىن - شاياتۇن، ئالۋاستىلار يەر يۈزىگە چىقىپ يۈرۈش قىلسا، بوران ھاسىل بولىدىكەن. يەر يۈزىگە چىققان جىن - شاياتۇنلار قانچە كۆپ بولسا، بوران شۇنچە كۈچلۈك چىقىدىكەن. ئاز بولسا ئاجىز چىقىدىكەن. كۈندۈزى بىرلا جىن يەر يۈزىگە چىقسا، كىچىك قۇيۇن (ئايلانما شامال) بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. بىر شاياتۇن يەر يۈزىگە چىقسا قارا قۇيۇن بولۇپ يۈرىدىكەن. شۇڭا بوران چىققان كېچىلىرى سىرتتا يېتىش خەتەرلىك بولۇپ، جىن - شاياتۇنلار ئاپتىنى سالسا سارالڭ بولۇپ قالىدىكەن. قۇيۇن ئىچىدە قىلىشتىنمۇ ساقلانماق زۆرۈر ئىمىش.

14

ئاسماندىكى ھۆر - پەرىلەر ھەمىشە توپلىشىپ يەر يۈزىگە چۈشۈپ، سەيلە - ساياھەت قىلىپ تۇرىدىكەن. گاھىدا ئېقىنلارنىڭ پىنھان جايلىرىدا، پىنھاندىكى كۆللەرگە چۈشۈپ يۇيۇنىدىكەن. ئۇلار يەر يۈزىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە شامال ھاسىل بولىدىكەن. بىرەر پەرىزاتنىڭ تويى بولسا، ھۆر - پەرىلەر توپلىشىپ، تويى بولغۇچىلارنى يەر يۈزىگە ئېلىپ چۈشۈپ، ئۇزاق سەيلە قىلدۇرىدىكەن. بۇنداق چاغدا چىققان شامال بىر قەدەر كۈچلۈك ھەم ئۇزاق داۋاملىشىدىكەن. پەرىلەر ئىنسانلاردىن بىرەرىنى ياقتۇرۇپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن خۇپىيانە توي قىلىشۋالىدىكەن. ھەر كۈنى كەچلىكى ئېرىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، بىر كېچە بىرگە بولۇپ، سەھەردە ئەرشكە چىقىپ كېتىدىكەن. بەزىدە كۈندۈزى ئېرىنىڭ غېرىب بولغان ياكى كۆڭلى يېرىم بولغان چاغلاردىمۇ ئېرىنى يوقلاپ كېلىدىكەن. بۇ خىلدىكى يالغۇز پەرىلەرنىڭ ئۇچۇشىدىن سەلكىن شامال ھاسىل بولىدىكەن. شۇڭا شامال كىشىنىڭ تېنىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىكەن. خامان تېپىش مەزگىلىدە شامال چىقمىسا، نەغمە قىلىپ ناخشا ئېيتسا، پەرىشتىلەر «يەر يۈزىدە توي بولغان ئوخشايدۇ» دەپ يەر يۈزىگە چۈشىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن شامال چىقىدىكەن. خاماندا «كالايلۇي» ناخشىسى ئوقۇش شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

رەتلىگۈچى: ئابدۇرېشات مۇساجان توغرول

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 15

«كۇيا ئۆستىڭى» ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسىدىكى مۇھىم سۇغىرىش سىستېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 4 -، 5 -، 6 - ئايلاردا كۇيا ئۆستىڭىگە تۇمۇ سۈيى كەلگەن كۈنى بوران چىقماي قالمايدۇ. ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ غەلىتە ھادىسىگە كۇيا خەلقى ھەيران قالماسلىقىقا ئادەتلىنىپ كەتتى.

بۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا بۇنداق ئۈچ خىل رىۋايەت ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىر خىلى: بۇرۇنقى زاماندا سۇ تالىشىپ سوقۇشۇپ قالغان ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە توپا چېچىشقانىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان كۇيا ئۆستىڭىگە سۇ كەلگەن كۈنى بوران چىقىپ، ئەتراپنى توپا - چاڭ قاپلايدىكەن. بوران ئىناقسىزلىقتىن كېلىپ چىققان ئاۋارىچىلىقنى كىشىلەرنىڭ يادىغا سېلىپ تۇرارمىش.

ئىككىنچى خىل رىۋايەتتە بۇنداق بايان قىلىنىدۇ: نەچچە يۈز يىللار مۇقەددەم كۇيا ئۆستىڭى يار ئېلىپ كېتىپ، يۇرت خەلقى كۆپ ـ كۆپ پاراكەندە بوپتۇ. كىشىلەر قانچە قىلىپمۇ يارنى توختىتالماپتۇ. ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۇرتتىكى توختاخۇن، تۇداخۇن، توختىخان، تۇدىخان ئىسىملىك نەچچە ئون كىشى يارغا تىرىك بېسىلىپ قاش ئېگىزلىتىلگەنلىكتىن يار توختاپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان كۇيا ئۆستىڭىگە تۇمۇ سۈيى كەلگەن كۈنى بوران چىقىپ شۇ چاغدىكى قايغۇ - ماتەمنى كىشىلەرگە ئەسلىتىپ ئۆتەرمىش.

ئۈچىنچى خىل رىۋايەت بۇنداق سۆزلىنىدۇ: قەدىمكى زاماندا قۇرغاقچىلىق بولۇپ كۇيا ئۆستىڭىگە بىر نەچچە ئاي سۇ كەلمەپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام زىرائەتلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دېھقانلارغا خەيرخاھلىق قىلىش ئۈچۈن كۇيا ئۆستىڭىگە سۇ باشلاپ كەپتۇ. دېھقانلار خۇشال بولۇپ ئېتىزلىقلىرىغا سۇ باشلاپتۇ. ھاردۇق يەتكەن خىزىر ئەلەيھىسسالام خاتىرجەم بولۇپ جۇۋىسىنى يېپىنىپ ئۆستەڭ بويىدا يېتىپ ئۇخلاپتۇ. بىر ئىنساپسىز كىشى خىزىرنىڭ جۇۋىسىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. خىزىر ئويغىنىپ ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن جۇۋىسىنى سۈرۈشتۈرگەنىكەن، ھېچكىم خەۋىرىنى

قىلماپتۇ.

خىزىر ئاچچىقلىنىپ: «جۇۋامنى ئوغرىلاپ مېنى بىئارام قىلغانلار، سۇلاق (سۇ تۇتۇش) قىلغاندا ئۆزى بىئارام بولغاي» دەپ دۇئا قىلغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ كۇيا ئۆستىڭىگە سۇ كەلگەن كۇنى بوران چىقىپ، سۇلاق قىلغۇچىلارنى بىئارام قىلىدىغان بولۇپ قالغانمىش.

رەتلىگۈچى: مەمتىمىن قۇربان

# ئۆسۇملۈك ـ زىرائەتلەر توغرىسىدا ئالتە ئەپسانە ـ رىۋايەت

1

بۇغداي ئەسلىي جەننەتتىكى دەرەخ بولۇپ، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىغا ئۆز مېۋىسىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن جەننەتتىن قوغلىنىپ يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈۋېتىپتۇ. ئۇ يەر يۈزىدىمۇ ئىنتايىن ئېگىز ئۆسۈپتۇ. ھەتتا باشقا دەرەخلەردىن بەس تالىشىپ، ئۆزىنىڭ جەننەتتىن چىققانلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن، ئادەتتىكى دەرەخلەردىن نەچچە ھەسسە ئېگىز ئۆسۈپتۇ. ئۇ چاغدا ئەرش يەر يۈزىگە يېقىن ئىكەن. چۈنكى تەڭرى يەر يۈزىدە بولغان ئىشلارنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئەرشنى پەس ياراتقان ئىكەن. بۇغداي دەرىخى ئەرش بىلەنمۇ بوي تالىشىپ ئۆسۈپ، ئۇچى ئەرشكە تۇتىشىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار بۇغداي دەرىخىگە يامىشىپ ئەرشكە چىقىپ سەيلە ـ تاماشا قىلىپ يۈرۈپتۇ. كۆپ قىسمى لاي پاچىقى بىلەنلا چىقىپ ئەرشنى لاي قىلىۋەتكەننى ئاز دەپ، ئەرشكە تۈكۈرۈپ، مىشقىرىپ، تاھارەت قىلىپ، ئەرشنى بۇلغىۋېتىپتۇ. تەڭرى بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، ئەرشنى يەتتىنچى قات ئاسمانغا يۆتكىۋېتىپتۇ. ھەم بۇغداي دەرىخىنىڭ داۋاملىق ئۆسۈپ، يەنە ئەرشكە تاقىشىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇغداينى بىر يىللىق سامان غوللۇق، پاكار ئۆسۈملۈككە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. بۇغداي قاتمۇ قات گۇناھ ئۆتكۈزگەچكە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئورۇۋالغاندىن كېيىن كالا - ئىشەكلەرگە دەسسىتىپ پايخان قىلىپ، خامان قوشۇپ دېنىنى ئايرىيدىغان، دېنىنى ئايرىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا ئېزىپ ئۇن قىلىدىغان، ئۇنىنى خېمىر قىلىپ ئۆمەللەپ، سۇدا قاينىتىپ ياكى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇپ يەيدىغان نەرسە بولۇپ قالغان ئىكەن. بولمىسا ئەسلى بۇغداي دەرىخىنىڭ مېۋىسى ئېلىپلا يېسە بولىدىغان ئىنتايىن تاتلىق ۋە شەربەتلىك مېۋە ئىكەن.

2

بۇرۇنقى زاماندا ئارپا ئەڭ ئەتىۋارلىق زىرائەت ئىكەن، شۇڭا ئارپا ئەڭ كۆرەڭ ئىكەن. ھەممىشە كۆرەڭلەپ، باشقا زىرائەتلەرنى مەسخىرە قىلىدىكەن. باشقا زىرائەتلەر ئارپىنىڭ كۆرەڭلىكىدىن نالە قىلىدىكەن. بۇغداي جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئارپا بۇغدايدىن بەس تالىشىپ، ئۇنىمۇ مەسخىرە قىلىپتۇ. دەرغەزەپ بولغان بۇغداي: «يوقات ئارپا ئۇسۇرغاقنى، بولمىسا تاشلا ئورغاقنى!» دېگەن ئىكەن، دېھقان ئارپىنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئارپىنىڭ قىلتىرىقى سۇنۇپ، يەتتە شەكىلگە كىرىپ قاپتۇ. ئارپىنىڭ بۇ ھاكاۋۇرلۇقىدىن كىشىلەر دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇنى زىرائەتلەر قاتارىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئارپا بەك خارۇ زارلىقتا قاپتۇ. ئاخىر ئۇ بۇغداي ئۆستۈرگىلى بولمايدىغان تاغلىق رايونلارنى ئۆزىگە ماكان تۇتۇپتۇ. شۇڭا ئارپىنىڭ قىلتىرىقىنى ئېلىپ، يەرگە تۇكۇرۇپ، قىلتىرىقنى تۇكۇرۇككە سانجىپ «ساڭا نېمە بولغان؟» دەپ سورىسا، قىلتىرىق «ۋاي، ئىگەمنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ...» دەپ نالە قىلىپ، پىرقىرايدىكەن.

3

بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەر لالىنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلغان ئىكەن. كۆك لالىنى سۇدا قاينىتىپ يەيدىكەن ياكى باشقا يېمەكلىكلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ يەيدىكەن. كېيىن كىشىلەر ئارپىنى بايقاپ، ئارپا تېرىپ يېيىش بارلىققا كېلىپتۇ ۋە لالە يېيىش ئىستېمالدىن قاپتۇ ھەم لالىنى «سېسىق لالە» دەپ ئاتايدىغان

بولۇپتۇ. بۇ ھاقارەتكە چىدىمىغان لالە:

سىپسىق لالە دېمەك بىزنى، ئارپا ئوسۇرغاقنى كۆرۈپ،
بىزمۇ تويغۇزغان سىزنى. تاشلىۋەتمەڭلار بىزنى.

دەپ قوشاق توقۇپ، نالە قىپتۇ ھەم ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى قەدىرلىشىنى ۋە يېيىشىنى كۈتۈپ ھەمىشە ئېتىز ـ قىرلاردا ئۆسىدىكەن. ھازىرمۇ لالىلەر ئادەم قارىسىنى كۆرسە شۇ قوشاقنى ئوقۇپ نالە قىلارمىش. شۇڭا يىلدا بىر قېتىم لالە سېلىپ تاماق ئېتىپ يېمەك باردۇر.

4

بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەر ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى تېرىپ كېلىپ تاماق ئېتىپ يەيدىكەن. تاغقا يېقىن بىر مەھەللىدە بىر تۇل ئايالنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، ئۇلار ھەر كۈنى تاغقا چىقىپ ياۋا ئوت ـ چۆپ تېرىپ كېلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار ياۋا ئوت ـ چۆپ تېرىۋېتىپ، پىيازغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما يىلتىزى مىدىقلىق، يوپۇرمىقى ئۈچ قىرلىق ھەم ياپىلاق بىر خىل ئۆسۈملۈكنى بايقاپتۇ ۋە بىر نەچچە باش يۇلۇپ ئۆيىگە ئالغاچ بېرىپتۇ. ئاپىسى بۇ نەرسىنىمۇ ئاشقا سېپتۇ. بۇ نەرسە تائامنىڭ تەمىنى باشقىچە ياخشىلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەم ئۇكىسىغا زادى ياقماپتۇ. ئەتىسى ئاكىسى ئۇ نەرسىدىن يەنە بىر قانچە باش يۇلۇۋاپتۇ. ئۇكىسى بۇنى كۆرۈپ:

— خويمۇ ئۆچ بولدۇم. بۇنى ئاشقا سالمىسۇن، ئاپامغا دەيلى، — دەپتۇ. ئاكىسى ئىنىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلمەي سوراپتۇ.

— نېمە دەيمىز؟

— سامىساق (سالمىساق) دەيلى، — دەپتۇ ئىنىسى.

— مەيلى، بۇنى سامىساق دېسەك دەيلى، — دەپتۇ ئاكىسى.

شۇنىڭدىن بېرى بۇ نەرسىنىڭ ئىسمى «سامىساق» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «سامساق» بولۇپ قالغان ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5

دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن، جانلىقلار ئۆز ئۆمرىنىڭ تولىمۇ قىسقىلىقىدىن دادلىنىپ، ئاللاغا ئۆمۈرنى ئۇزارتىپ بېرىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىپتۇ. ئاللا يەر يۈزىگە مۇكا سۈيى (ئابىھايات سۈيى) چۈشۈرۈپتۇ. بۇ سۇنى ئادەم، قاغا ۋە توغراق ئىچىپتۇ. ئادەم قېرىپ مىڭ ياشقا كىرگەندە، ئورنىدىن تۇرالمايدىغان ھالغا يېتىپ قاپتۇ. چىشلىرى ئۆسۈپ، ئېغىزىدىن دەرەخ شېخىدەك چىقىپ قاپتۇ. ئاتا - ئانىسىنى بېقىش يۈكىدىن قورققان پەرزەنتلەر ئۇلارنى جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇلار جاڭگالدا يا ئورنىدىن تۇرالماي، يا يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالماي بەك قىينىلىپ كېتىپتۇ. دەرەخ شاخلىرىدەك چىشلىرىغا قۇشلار كېلىپ قونۇپ، ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە چىچىپ، بەك خارۇ زارلىقتا قاپتۇ. خۇدا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئادەمنىڭ ئۆمرى بەك ئۇزۇن بولسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىپتۇ. لېكىن، قاغا بىلەن توغراق يەنىلا شۇنداق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن. قاغىلار قېرىپ، ئۇچۇش ئىقتىدارىدىن قالغاندا، تاغلاردىكى كۆل بويلىرىغا چىقىپ ماكانلىشىدىكەن. چۈنكى بۇنداق يەرلەردە يېمەكلىك مول ئىكەن. مىڭ ياشقا كىرگەن قاغىلارنىڭ تۈكلىرى تامام چۈشۈپ، قىپقىزىل گۆش بولۇپ قالىدىكەن. بۇنداق قاغىلار كېرىيە تاغلىرى ئارىسىدىكى «ئۆرايىمكۆل» ئەتراپىدا كۆپ ئىكەن. توغراقمۇ مۇكا سۈيى ئىچكەن بولغاچقا، سۇسىز قۇملۇقتىمۇ ياشىرىپ تۇرىدىكەن. توغراق ياشىرىپ مىڭ يىل، قۇرۇپ مىڭ يىل، يىقىلىپ مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدىكەن.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرېشات مۇساجان توغرول

6

ئانار جەننەتتىن چىققان مېۋىلەرنىڭ سۇلتانىمىش. ئۇ ئەمەل - مەنسەپ تەمە قىلماي، ئاددىي ياشاشنى، ئېگىلگەنگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانمىش. ئاللاتائالا ئۇنىڭ كەمتەر، كىچىك

پېئىلىلىقىدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭ جەننەتتىن چىققان مېۋىلەرنىڭ سۇلتانى بولۇشىنى ئەمر قىلغانمىش. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى تەمە قىلمىسىمۇ مەنسەپ نېسىپ بولغانلىقىدىن ئۇيىلىپ دائىم قىزىرىپ تۇرارمىش.

تويلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتربھىم توختى

# جانلىقلار توغرىسىدا بەش ئەپسانە - رىۋايەت

1

مىسىر پادىشاھلىقىدىكى پىرئون (پىر ئەۋىن) خۇدالىق داۋاسى قىلىپ، كىشىلەرگە «مەن سىلەرنى ياراتقان خۇدا» دېسىمۇ، كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ. ئۇ ئاخىرى «مەن ئاسمان خۇداسىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ دۇنياغا يالغۇز ئۆزۈم خۇدا بولىمەن» دەپ نىل دەرياسى بويىغا چىقىپ، ئاسمانغا قارىتىپ يا بىلەن ئوق ئېتىشقا باشلاپتۇ. خۇدا ئۇنى نائۇمىد قويماسلىق ئۈچۈن، پەرىشتىلەرگە بېلىقتىن بىرنى بوغۇزلاپ، يەرگە تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. پەرىشتىلەر بېلىقتىن بىرنى كەلتۈرۈپ گېلىنىڭ ئىككى يېنىنى بوغۇزلاپ، يەر يۈزىگە تاشلاپتۇ. بېلىق ئاسماندىن ئۇدۇل دېڭىزغا چۈشۈپتۇ. پىرئون «مانا، مەن ئاسمان خۇداسىنى ئۆلتۈردۈم» دەپ خۇشال بولۇپ كۆرەڭلەپتۇ. بېلىق ئاسماندىن سۇغا چۈشكەچكە، سۇدا ياشايدىغان بولغان ئىكەن. بېلىقنى پەرىشتىلەر بوغۇزلاپ تاشلىغاچقا، قايتا بوغۇزلاش بىھاجەتكەن. شۇڭا بېلىقنى بوغۇزلىمىسىمۇ ھالال ئىكەن.

2

مىسىر پادىشاھلىقىدىكى پىرئون (پىر ئەۋىن) خۇدالىق داۋاسى قىلىپ، كىشىلەرگە «مەن سىلەرنى ياراتقان خۇدا» دېسىمۇ كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ. ئۇ «مەن ئاسمان خۇداسىنى يوقاتتىم، مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار، ئەمدى ماڭا ئېتىقات قىلىشىڭلار كېرەك» دېسە، كىشىلەر: «ئەمىسە سەن خۇدا بولساڭ، كارامەت كۆرسىتىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىزنى ئىشەندۇرگىن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. پىرئون كۇندۇزى خۇدالىق داۋاسى قىلغىنى بىلەن، كېچىسى بويىنىغا ئارغامچا سېلىپ، خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، «مېنىڭ مۇشۇ دۇنيالىقىمنى بەر، ئۇ دۇنيادا نېمە قىلساڭ مەيلى» دەپ يىغلاپ تىلەيدىكەن. كىشىلەر كارامەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىنمۇ كېچىچە ئىبادەت قىلىپ، بويىنىغا قارا ئارغامچا سېلىپ، يەكپاي تۇرۇپ، ئاللادىن تىلەپتۇ. ئاللا تائالا پەرىشتىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا تۆمۈرنى ئېكەكدەشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ ئەتىسى جىمى پۇقرالارنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ كارامەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە تۆمۈرنى ئېكەكدىگەن ئىكەن، تۆمۈر ئۇۋۇندىلىرى بىر توپ چىۋىن بولۇپ ئۇچۇپتۇ. چىۋىن ئەنە شۇ چاغدا تۆمۈر ئۇۋۇندىلىرىدىن پەيدا بولغان ئىكەن. شۇڭا چىۋىننىڭ پۇتلىرى قاتتىق ۋە يىرىك بولۇپ، ئادەم بەدىنىگە قونسا قىچىشتۇرۇپ، كىشىنى بىئارام قىلىدىكەن.

3

هۆپۈپ ئەسلىي ناھايىتى بىلىملىك بىر ئالىم بولۇپ، بىلىدىغىنى ئىنتايىن مول ئىكەن. ئۇچار قۇشلارنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭ مول بىلىمىگە قايىل بولۇپ، چىرايلىق تاج ۋە ئېسىل شاھانە تون تەقدىم قىلغان ئىكەن. ئۇ شەرەپتىن بەكلا سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ ۋە باشقىلارنىڭ بۇ شەرەپكە ئېرىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىلىمىنى زادى چىقارغىلى ئۇنىماپتۇ ھەمدە باشقىلارغا زادى ئۆگەتمەي قويۇپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بىلىملەر ئىشلىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن سېسىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن هۆپۈپ گەرچە بېشىغا تاج، ئۈچىسىغا شاھانە تون كىيىپ يۈرسىمۇ، تېنى سېسىق پۇرايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

4

سۇندۇك تولىمۇ چاققان، چېۋەر قۇش بولسىمۇ، تولىمۇ ئېھتىياتچان ئىكەن. ئۇ ھەمىشە كېچىسى ئاسماننىڭ يېقىلىپ چۈشۈپ، زېمىننى بېسىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. شۇڭا كېچىسى

«ئاسمان يىقىلىپ چۈشۈپ، بېسىۋالغۇدەك بولسا، پۇتۇم بىلەن تىرىۋالىمەن» دەپ، پۇتىنى ئاسمانغا تەڭلەپ، ئوڭدىسىغا ياتىدىكەن.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرېشات مۇساجان توغرول

5

كۆپ زامانلار ئىلگىرى يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى ئارىلىقىدىكى كۆجۈم مەھەللىدە بىر كاتتا ئۆلىما كىشى ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ دۇئاسى ئوت بولۇپ، ئۇ نېمىگە دۇئا قىلسا شۇ نەرسە سۈرىتى موبەددەل ① بولۇپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ نەچچە دېدەك - چاكارلىرى بار ئىكەن. باينىڭ ئاشۇ دېدەك - چاكارلىرىنىڭ ئىچىدە بەختخان ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىز بولۇپ، ئۇنى بۇ ئائىلىدىكى كىشىلەر «بەختەك» دەپ ئاتىشىدىكەن. بىر كۈنى بەختخان بويىنىغا يوللۇق ياغلىقىنى ئوراپ، ھېلىقى ئۆلىما باينىڭ سۈيىنى توشۇشقا مېڭىپتۇ.

بەختخاننىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسى مۇشۇ ئائىلىدىكى مالاي يىگىت بولۇپ، ئۇلار ۋاقىت تاپسىلا پات - پات ئۇچرىشىپ، سىردىشىدىكەن، مۇڭ تۆكۈشىدىكەن. بەختخان بىركۈنى سوغىسىنى كۆتۈرۈپ سۇغا چىققان ئىكەن. سۇ بويىدا ياخشى كۆرگەن يىگىتى تۇرغۇدەك. ئۇ، يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭ سېلىشىپ بىر ئاز ھايال بولۇپ قاپتۇ. ئۆلىما باي ئۇنىڭ پاتراق كىرمىگەنلىكىگە ئاچچىقلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماراپ چىقىپتۇ ۋە ئىككىسىنى مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان يېرىدە تۇتۇۋاپتۇ. باي يىگىتنى قاتتىق ئۇرۇپ، ھوشسىزلاندۇرغاندىن كېيىن بەختخاننى قاتتىق ئەيىبلەپ بىر دۇئا قىلغان ئىكەن، بىچارە قىز شۇئانلا ئۇچار قاناتقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ ۋە يىگىتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، چۆرگىلەپ، بوقۇلداپ سايراپ كېتىپتۇ. ئەلە - مەلە بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ تەقدىرىگە قاتتىق ئېچىنىپتۇ. بايغا نەپرەت ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قۇشنىڭ ئىسمى «بەختەك» كە، ئۇزاق

① سۈرىتى موبەددەل — ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارغا ئايلىنىپ قېلىش مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىللاردىن كېيىن بولسا «پاختەك» كە ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىكەن. شۇڭا پاختەك ھەمىشە ئاشىقنى سېغىنىپ بۇقۇلداپ سايرايدىكەن، پاختەكنىڭ بوينىدىكى ئالا بالداق يولى بولسا، بەختىخاننىڭ شۇ چاغدىكى سۇغا چىققان ۋاقتىدا بوينىغا ئورۇۋالغان ياغلىقى ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: لوپ ناھىيە جىيا يېزا يار تۇگمەن كەنتىدىن: نۇر ئەلاخان
رەتلىگۈچى: يۈسۈپ توختى

## يەر - جاي ناملىرى توغرىسىدا 88 رىۋايەت

### «يورۇڭقاش» ۋە «قاراقاش»

ئىلچى بازىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى دەريا كىچە - كۈندۈز توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇرۇن مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسى چوڭ ئېقىن بولۇپ، كېيىنچە بۇ دەريانىڭ سۈيى ئازلاپ، ئوتتۇرىدىكى چوڭ ئېقىن قۇرۇقلۇقتا ئايلىنىپ قاپتۇ ۋە بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلاپتۇ. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ شەھەرگە ئايلىنىپتۇ. شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ كىشىلەر كۈنچىقىش تەرەپتىكى دەريانى «يورۇقاش»، كۈنپېتىش تەرەپتىكى دەريانى «قاراقاش» دەپ ئاتاشقان ئىكەن. كېيىنچە «يورۇقاش» سۆزى «يورۇڭقاش» قا ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىكەن.

### جىيا[1] رىۋايىتى

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئۇلۇغ زات قاراڭغۇ تاغ تەرەپتىن ھاسىسىنى جىراپ باشتىن ئايىغىچە ماڭغان ئىكەن. بۇ زاتنىڭ ھاسىسى جىرىغان ئىزدىن چوڭ بىر ئۆستەڭ ھاسىل بولۇپ، شارقىراپ سۇ ئېقىپتۇ. بۇ زات ھاسىسىنى جىراپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ يانلىرىغا

① جىيا — لوپ ناھىيىسىنىڭ يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى بىر يېزىسى.

كەلگەندە، غايىبتىن بىر ئاۋاز چىقىپتۇ - دە، شۇ يەردە كەينىگە قاراپ توختاپتۇ ھەمدە ھاسىسىنى شۇ يەرگە سانجىپ قويۇپ ۋاپات بوپتۇ. جەسىتى شۇ ھاسا تۇۋىگە كۆمۈلۈپ، ھاسا ئۇنىڭ قەبرە بەلگىسى بوپتۇ. بۇ يەرگە سۇ كەلگەندىن كېيىن باغۇ بوستانلىققا ئايلىنىپ، كىشىلەر ئولتۇراقلىشىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايغا «جىيا» دەپ ئىسىم قويۇلۇپتۇ.

رەتلىگۈچى: مۇختەر سىراجى

## چولاقنىڭ سېپىي

*قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن گۇما ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىدا سۇسىز، گىياھسىز بىپايان تاشلىق ساي بار. ئۇنىڭ غەربتىن (قاغىلىقتىن) شەرققە (گۇما ناھىيىسىگىچە) بولغان مۇساپىسى 80 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ساي خەلق ئارىسىدا «چولاقنىڭ سېپىي» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سايغا نېمە ئۈچۈن بۇنداق نام قويۇلغانلىقى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەت تارقالغان:*

بۇرۇنقى زاماندا گۇما ناھىيىسىدە ناھايىتى داڭلىق بىر باخشى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ھەم چوڭ، ھەم چىرايلىق ئوۋ قۇشى بار ئىكەن. بۇ قۇش ھېلىقى باخشىنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئەجىر سىڭدۇرۇشى ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى ئۆگىتىلگەن بولۇپ، تۈلكە، توشقان قاتارلىق ئادەتتىكى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئۇنىڭغا ھېچقانچە ئىش ھېسابلانمايدىكەن. كېيىك، جەرەن قاتارلىق ھايۋانلارنىمۇ بىمالال ئوۋلاپ كېلەلەيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ھېلىقى باخشى بىلەن ئۇنىڭ ئوۋ قۇشىنىڭ داڭقى چىقىپ ئەتراپتىكى يۇرت - ئايماقلارغا تارقىلىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، گۇمىلىق باخشى بىلەن ئۇنىڭ ئوۋ قۇشىنىڭ داڭقى يەكەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھىغا ئاڭلىنىپتۇ. يەكەن پادىشاھى ئوۋخۇمار شاھ بولۇپ، شىكار قىلىشقا خۇشتار ئىكەن. ھېلىقى باخشىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭ داڭلىق ئوۋ قۇشىنىڭ ماھارىتىنى بىۋاسىتە كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسى قوزغىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى باخشىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ داڭلىق ئوۋ قۇشىنى ئېلىپ شاھ سارىيىغا يېتىپ كېلىشى توغرۇلۇق پەرمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۈشۈرۈپتۇ.
پەرماننى ئاڭلىغان باخشى خۇددى بېشىغا تاغ ئۆرۈلگەندەك غەمگە پېتىپتۇ. بارماي دېسە شاھنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپتۇ، باراي دېسە ئــوۋخۇمار شاھنىڭ قۇشنى تارتىۋېلىشىدىن ۋەھىمە يەپتۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ھېچ ئامال تاپالمىغان باخشى ئىنچىكە تىللىق قامچا بىلەن قۇشنى ساۋاشقا باشلاپتۇ. چۈنكى، ئوۋ قۇشلىرى ئۆز ئىگىسىدىن تاياق يېسە، ئوۋ قىلمايدىغان بولىدىكەن.
باخشىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ئۇنىڭ قــۇشنى ئېلىپ ئۆزىگە كۆرسىتىشى ھەققىدە ئەمىر قىلىپتۇ. بىر قــولىدا قۇشنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا كىرىپ كەلگەن باخشى پادىشاھقا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپتۇ. قۇشنىڭ چوڭ، كۆركەم بەستىنى كۆرۈپ خۇشال بولغان پادىشاھ «ھەقىقەتەن ماختىغۇچىلىكى بار قۇش ئىكەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، قۇشنى ئالدۇرۇپتۇ ۋە تەختتىن چۈشۈپ ئۆز قولى بىلەن قۇشنىڭ باش قاپچۇقىنى ئاۋايلاپ ئاپتۇ. قــاپچۇقنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان پادىشاھ قۇشنىڭ كــۆزىــگــە سەپــســالــــــىپ قاراپ، قۇشنىڭ كۆزىنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، باخشىنىڭ قۇشنى قانداق قىلغانلىقىنى پەملەپتۇ. بولغۇلۇقنىڭ بەرىبىر بولغانلىقىنى، بۇ ئىشقا غەزەپ قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى يوقلۇقىنى ئويلىغان پادىشاھ لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان باخشىغا قايتىپ كېتىشكە ئەمىر قىلىپتۇ.
پـــادىشـــاھــنىڭ غەزىپىدىن ئامان قالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، يۇرتىغا قايتىپ كېتىۋاتقان باخشى قاغىلىقتىن چىقىپ بىر نەچچە پوتەي يــول يۈرگەندىن كېيىن قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ ـ دە، يولدىن چىقىپ ئوۋ ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا كۆز يېتىم يەردىكى ناھايىتى ئېگىز ۋە باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخنى ۋە دەرەخ تۈۋىدە ياپلاپ يۈرگەن كېيىكنى كۆرۈپتۇ ـ دە، قۇشنىڭ باش قاپچۇقىنى ئېلىۋېتىپ ئوۋغا قويۇپتۇ. باخشىدىن ئايرىلىپ ھاۋادا ئەركىن پەرۋاز قىلغان قۇش ناھايىتى ئېگىز ئۆرلەپ، بىر نەچچە ئايلىنىپتۇ ـ دە، شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چۈشۈپ باخشىنى ئوۋلاپتۇ.
خېلى ئۇزاقتىچە دادىسىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ

قالغان باخشىنىڭ بالىلىرى دادىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. شاھ ئوردىسىدىن باخشىنىڭ ئاللىبۇرۇن قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ كەينىگە يانغان بۇ يىگىتلەر يۇرتمۇ يۇرت ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى ھېلىقى چۆلدىكى ئېگىز دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ كەلگەن يىگىتلەر دادىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقانلىقىنى، دەرەخ پۇتىقىدا دادىسىنىڭ تولۇق يېيىلىپ بولۇنمىغان جەسىتى ئىلىنىپ تۇرغانلىقىنى، قۇشنىڭ ھېلىقى دەرەخنىڭ ئۇچىغا قونۇپ، تۇمشۇقى بىلەن تىرناقلىرىدىكى قان داغلىرىنى تازىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، بولغان ئىشنى چۈشىنىپتۇ ۋە ئوقيالىرىنى بەتلەپ قۇشنى ئېتىپتۇ. بىر پاي ئوق ئەمدىلا دەرەختىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇچقان قۇشنىڭ پۇت بوغۇمىغا تېگىپ، تىزىنىڭ ئاستىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن قۇش تېز ئۇچۇپ يىگىتلەردىن قۇتۇلۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سىڭار پۇتلۇق قۇش مۇشۇ چۆلدىكى ئېگىز دەرەختىن ماكان تۇتۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ ھايات كەچۈرۈپتۇ. چولاق قۇشنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتقان يولۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئانچە ـ مۇنچە ئوزۇقلۇق تاشلاپ كېتىدىغان بوپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ ساي «چولاق قۇشنىڭ سېيى» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. كېيىن بۇ سۆز بارا ـ بارا قىسقارتىلىپ «چولاقنىڭ سېيى» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيە بازىرىدىن مەتسىدىق مەترېھىم، مەمتىمىن توختى
رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن سابىر

## ئويتوغراق① رىۋايىتى

1

«ئويتوغراق» دېگەن سۆز بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى پەيدا بولغانىكەن. ئۇ چاغلاردا بۇ جاي پايانسىز كەتكەن

① ئويتوغراق ـــ كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، كېرىيە ناھىيىسى بىلەن نىيە ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ. ئېگىلىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. شاپتۇلى ناھايىتى داڭلىق.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قۇملۇق ئىكەن، قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ توغراق بولۇپ، توغراقنىڭ ئەتراپى يۇلغۇنلۇق ئىكەن.

توغراقنىڭ يېقىن جايىدا بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇرۇشتا يېڭىلگەن بىر توپ ئادەملەر خوتەن تەرەپتىن كېلىپ، بۇ توغراق تۈۋىدە پاناھلىنىپتۇ. ئۇلار بىر - ئىككىدىن كېلىشىپ ئاخىرى ئاتمىش نەچچە ئادەم بۇ جايغا ماكانلىشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئادەملەر بۇ چوڭ توغراقنى كەسكەنىكەن، توغراق ئاكامىرىدىن يۈزىگە چۇمبەل تارتىۋالغان ساھىبجامال بىر پەرىزات چىقىپتۇ. پەرىزات بۇ ئادەملەرگە «ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ ماڭىمۇ قىلدىڭ» دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. توغراقنى كەسكەن يەردىن قان ئېقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر رەڭگى ئۆچكەن ھالدا بۇ جايدىن بەدەر قېچىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ توغراقنى «خان توغرىقى» (خان توغراق) دەپ ئاتاپتۇ. كۈنلەر ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جاينى قۇم بېسىپ، ھېلىقى توغراق قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بەزى كىشىلەر «بۇ جايدا بىر توغراق بار ئىدى، قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان، خانمۇ غايىب بولغان، ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتتى، ئەمما بىزگە ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتمىدى. توغراقنى كولاپ ئېچىپ كۆرۈپ باقساق» دەپ كولاشقا باشلاپتۇ. شۇنچە كولىسىمۇ توغراقنى ئاچالماپتۇ. ئاخىرى ئۇلار بۇ بەكمۇ «ئويتوغراق» (چوڭقۇر كۆمۈلگەن توغراق) ئىكەن دېيىشىپ كولاشنى توختىتىپتۇ.

2

«ئويتوغراق» بۇرۇن ئادەمزات يوق جاي بولۇپ، كېيىن ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ئادەملەر توپلىنىپ، ئاتمىش ئائىلىلىك بىر يۇرتقا ئايلانغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئاتمىش ئويتوغراق دەيتتى. ئۇ چاغدا كېرىيىدە ئۈچ مىڭ ئائىلە بولغاچقا، ئۈچ مىڭ كېرىيە دەپ ئاتالغان.

ئويتوغراقنىڭ ھازىرقى ئارقا كەنتى (ئەسلىدىكى 2 - دادۋي، 7 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى) نىڭ سا مەھەللىسىدە تاكى 1950 - يىللارغىچە دىئامېتىرى تەخمىنەن بەش مېتىر كېلىدىغان پەۋقۇلئاددە چوڭ بىر تۈپ توغراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى توغراقلىق ھەم يۇلغۇنلۇق ئىدى.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئۈچ يۈز يىللار ئىلگىرى، چوڭ توغراق ئەتراپىدا يەر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىپ جان باقىدىغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بار ئىكەن. ئۇلار كېچىسى توغراقنىڭ كامىرىدا يېتىپ، كۈندۈزى تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئارزۇلۇق، گۈزەل ساھىبجامال بىرلا يالغۇز قىزى بار ئىكەن. بۇ يۇرتقا بىر رەسسام كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قىزنىڭ ھۆسنى - لاتاپىتىدىن ھەيران بولۇپ، دەرھال قەلەم - بوياقلىرىنى ئېلىپ، قىزنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا باشلاپتۇ. رەسىم ئەمدىلا سىزىلىپ بولۇشىغا، تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ قويۇن چىقىپ رەسىمنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ كېتىپ، شامال رەسىمنى پادىشاھ شەھىرىگە ئاپىرىپ تاشلاپتۇ. رەسىم پادىشاھ ھۇزۇرىدا ھازىر بوپتۇ. پادىشاھ بۇ پەرىزاتنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ غايىبانە ئاشىق بوپتۇ ۋە بۇ رەسىمدىكى پەرىزاتنى نەدە بولسا شۇ يەردىن تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىپتۇ. ئالتە يىل ئىزدەپ رەسىمدىكى بۇ پەرىزاتنى ھېلىقى چوڭ توغراق كامىرىدىكى ئۆيدىن تېپىپتۇ ۋە ئوردىغا كەلتۈرۈپ پادىشاھ ئەمرىگە ئاپتۇ، قىز ئوردىدا بەختلىك ياشاپ ئۆتۈپتۇ. بىر قانچە يىللاردىن كېيىن قىز ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ، پادىشاھتىن رۇخسەت سوراپتۇ.

پادىشاھ مەلىكىنى بىللە ئېلىپ، قېيناتا - قېينانىسىنى يوقلاپ، چوڭ توغراق كامىرىدىكى ئۆيگە كىرىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بەزىلەر بۇ توغراقنى «خان توغراق» دەپ ئاتاپتۇ، لېكىن توغراق كامىرىنى ئۆي قىلىۋالغان كىشىلەر بۇ يەرنى «ئۆي توغراق» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ ئىككى خىل ئىسىم بۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋام قىلىپ كەپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ «ئويتوغراق» دېگەن ئىسىم بۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ تارالغانىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ توغراقنىڭ ئىچىدىن چىققان ساھىبجامال پەرىزات تۆت يۈز قىرىق تۆت شەھەرنى سورىغاندىن كېيىن، رۇم شەھىرىگە پادىشاھ بولغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كېرىيە ناھىيە ئويتوغراق يېزا ئارا ئۆستەڭ كەنتىدىن ئابلا تۇرسۇن
رەتلىگۈچى: پاتەمخان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## لەنگەر ئۈزۈمى توغرىسىدا ئىككى رىۋايەت

1

رىۋايەتشۇناسلار ئانداق ھېكايە قىلىپدۇركى، ھىجرىيىنىڭ 121 - يىلى شەيخ ھەسەن ئەۋلىيا دېگەن كىشى لەنگەرنىڭ «يول ئارىش» دېگەن كەنتىگە كەپتۇ. شەيخ ھەسەننىڭ پەرزەنتلىرى ئېرىق بويىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئاتمىسىغا «تاتلىق نەرسە بولسا يېسەك» دەپتۇ. بۇ چاغدا شەيخ ھەسەن چىشىنىڭ كاۋىكىدىن بىر نەچچە تال ئۈزۈمنىڭ ئۇرۇقىنى ئېلىپ ھۆل يەرگە كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئۇرۇقتىن تال ئۈنۈپ چىقىپ ئۈچ كۈندە ئۈزۈم بولغانىكەن. شەيخ ھەسەن ئۈزۈملەرنى ئۈزۈپ پەرزەنتلىرىگە بېرىپتۇ. بالىلار ئۈزۈمنى يەۋېتىپ: « دادا، بىزدىن كېيىن قالغاندا بۇ ئۈزۈملەرنى كىم يەر» دەپ سوراپتۇ. شەيخ ھەسەن «چىشى قۇرۇقدىلار يەر» دەپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى لەنگەرلىكلەرنىڭ چىشى ئاسانراق پەرسۇدە بولىدىغان بوپتۇ. ئۆتكەن زاماندا تال ئۈچ كۈندە بولغان بولسا، ھازىر ئۈچ يىلدا بولىدىكەن.

شۇ زامانلاردا لەنگەرنىڭ «يول ئارىش» قا ئالتە مو تال يەتكۈزۈلۈپ، كېيىن ئاستا - ئاستا پۈتۈن لەنگەر بويىچە كېڭەيتىلىپتىكەن. يەنەبىر رىۋايەتتە، تۇرپاننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھى كېرىيىگە ساياھەتكە كېلىپ، تالنىڭ چىۋىقلىرىدىن ئېلىپ كېتىپ، تۇرپاندىمۇ تال يېتىشتۈرۈپ كېڭەيتكەنىكەن دېيىلىدۇ.

2

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خان يايلاق ① نىڭ پادىشاھى ھاتەم شاھ سەكسەنچە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ چىن ماچىن شەھىرىگە ساياھەتكە بېرىشنى ئويلاپ يولغا چىقىپتۇ.

ھاتەم شاھ لەنگەرنىڭ «يول ئارىش» قا يېقىن كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ، مۇشۇ يەردە قونماقچى بوپتۇ، لېكىن قونىدىغان يەر تاپالماي

① خان يايلاق — كېرىيىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

تۇرغاندا، يىراقتىن بىر يەردە ئوت يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. ھاتەم بىر ۋەزىرنى «سەن ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بېرىپ، قونىدىغان جاي بار - يوقلۇقىنى بىلىپ كەلگىن» دەپتۇ.

ۋەزىر ئوت يورۇقى كۆرۈنگەن يەرگە بارسا بىر گەمىنىڭ ئىچىدە ئوت كۆيۈۋاتقۇدەك، ئوتنىڭ ئىچىدە بىر كىشى كۆيمەي بەلكى ھۇزۇرلىنىپ ياتقۇدەك، ۋەزىر دەرھال قايتىپ پادىشاھقا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.

ھاتەم شاھ ۋەزىرىگە: «سەن يەنە بېرىپ ھەر قانداق ئادەم بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتقىن، بىر كېچە قوندۇرالامدىكىن» دەپتۇ.

ۋەزىر بېرىپ ئوت يالقۇنى ئىچىدە بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقان ھېلىقى كىشىنى ئويغىتىپ، ئالدى بىلەن ئىسمىنى سوراپتۇ. «ئېتىم شەيخ ھەسەن» دەپتۇ ئوتتا ياتقان كىشى. «سىز كىم بولىسىز» دەپتۇ ئۇ، «مەن ھاتەم پادىشاھنىڭ ۋەزىرى، بىز پادىشاھ بىلەن چىن ماچىن شەھىرىگە ساياھەتكە ماڭغانىدۇق، كەچ بولۇپ قالدى، پادىشاھىمىز ھاتەم بىزنى بىر كېچە قوندۇرالارمۇ؟ ئۇقۇپ كەل دەپ ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى» دەپتۇ ۋەزىر. «ئۇنداق بولسا —، دەپتۇ شەيخ، پادىشاھ قانچىلىك ئادىمى بولسا باشلاپ كەلسۇن، ئەلۋەتتە قوندۇرالايمەن».

ۋەزىر ئەھۋالنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن بارسا ئۆيمۇ يوق ئىكەن. ھاتەم پادىشاھ شەيخ ھەسەن بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. شۇ زامان شەيخ ھەسەن قىبلىگە قاراپ، ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ خۇداغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغانىكەن، بىر نەچچە ئۆي - ئىمارەت ھازىر بولۇپتۇ. شەيخ ھەسەن ھاتەم پادىشاھنى لەشكەرلىرى بىلەن ئۆيگە باشلاپ ئۈزۈم بىلەن مېھمان قىلىپ، ئەتىسى ئۈزۈم يوللۇق تۇتۇپ، يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، لەنگەردە ئۈزۈم پەيدا بولۇپ، لەنگەر ئۈزۈم كەنتىگە ئايلانغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: كېرىيە ناھىيىسى لەنگەر يېزىسىدىن سۇلايمان ئاخۇن
ئىسمائىل تۇلكە، توختى ئاخۇن
رەتلىگۈچىلەر: ئابدۇۋېلى سۇلايمان، ئابدۇقادىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## «ئاچچىق ئۆرۈك» لەقىمى

قەدىمكى زامانلاردا تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي چېتىدە «چىرا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇرت بولغانىكەن. بۇ يۇرت بازىرىدىكى ئاۋات رەستىلەردە بازار كۆنلۈكى رەڭدار گەزماللار، چىلان، ياڭاق، ئۆرۈك، ئۈجمە، جىگدە، سۆگەت، ھاڭگا تېرەك ياغىچىدا چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلۇپ نەپىس ياسالغان ئاياق، قوشۇق، جام، چۆچەك، چۆمۈچ، كاسا، تەڭلە، دۆشە، راۋاب، داپ، سۇناي ... لار كۆزنى قاماشتۇرۇپ، كېلىپ - كېتەر سودىگەرلەر، يۇرت كېزەر مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاۋا كىلىماتى ئىسسىپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۇرتقا ۋەھىمە ساپتۇ. يەتتىنچى، سەككىزىنچى ئايلاردا كەلكۈن كېلىپ كىشىلەرنىڭ ھۆل بولمايدىغان ھېچنېمىسى قالماي، باشقا ۋاقىتلاردا ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇپ يۇرت چۆل - جەزىرىگە ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئۆزئارا كېڭىشىپ پۈتۈن يۇرت خەلقىگە قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، ئادەمگە ئوزۇق، ھايۋانغا يەم - خەشەك، كېسەلگە شىپاھ، ياز كۈنلىرى ئادەمگە راھەت، قىشتا ھارارەت بېغىشلايدىغان ئۆرۈك كۆچىتى تىكىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. يۇرت خەلقى خوندەك، جانانى، خۇۋانى، ئەينالى، ئاق ياغلىق، قارا ياغلىق، مىرۋىل، سەيۋى ... قاتارلىق ئېسىل ئۆرۈك سورتلىرىنىڭ ئۈچكىسىنى تېرىپتۇ. كۆچەتلىرىنى تىكىپتۇ، تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، يۇرتنى بۇرۇنقىدەك ئاۋاتلاشتۇرۇپتۇ. بۇ يۇرتنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر مېھمان بولۇپ يىراق - يېقىندىن كەلگىلى تۇرۇپتۇ. خۇش پېئىل ساھىبخانلار ئەزىز مېھمانلارنى مەززىلىك تائام بىلەن مېھمان قىلغاننىڭ سىرتىدا، تاتلىق يېمىش ئۆرۈك بىلەن مېھمان قىپتۇ. مېھمانلار ئۆرۈكنى شۈپىلاپ يەيدىكەن، شۆپۈكىنى مىنىپ كەلگەن ئۇلاغلىرىغا بېرىدىكەن، مېغىزىنى يەپ نېرۋا ئاجىزلىق، ساراتان (راك) ... قاتارلىق كېسەللىكلىرىگە شىپاھ تاپىدىكەن، سايىسىدا يېتىپ راھەتلىنىدىكەن، شاكىلىنى ئوچاققا سېلىپ، قۇم چۆگۈنلىرىدە چاي قاينىتىپ ئىچىدىكەن ... قايسىبىر يىلى قوشنا ئەلدىن مېھمان كەپتۇ،

ئــۇلار ئۆرۈك پىشىپ ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئــۇچــىــدىــكــى ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ پىشقان ئۆرۈكنى ئېغىتىپتۇ، چــۇشــمــەپتۇ، چالما ـ كېسەك ئېتىپتۇ، بىر تال ئۆرۈك چۈشۈپ باشقىلىرى خان تاجىدەك تورۇۋېرىپتۇ. ئۆرۈككە قاراپ ئۇلاردىن بىرى «ئادەمنىڭ قولى يەتمىگەن نەرسە ئاچچىق بولىدۇ» دەپتۇ. ئۇنىڭ ھەمراھى «شۇنداق، بۇ ئۆرۈك ئاچچىق ئوخشايدۇ، تاتلىق بولغان بــولــسا ئېغىتساق چۈشەتتى» دەپتۇ. يەنە بىر مېھمان: «ئاچچىق نەرسىنى ئاچچىقى يامان ئادەم ئۆستۈرىدۇ» دەپ چاقچاق قىپتۇ. بۇ چاقچاق كېيىن چىرالىققا «چىرايلىق ئاچچىق ئۆرۈك» دېگەن لەقەم بولۇپ تارقىلىپتۇ.

چىرادا ئاچچىق ئۆرۈك كۆپكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان بىر نەچچە ساياھەتچى، ساراتان كېسىلىگە داۋا ئىزدەپ چىراغا ئاچچىق ئــۆرۈك ســوراپ كــەپــتــۇ. يــېــزا ـ قىشلاقلارنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئايلىنىپتۇ. ئاچچىق ئۆرۈك ئىزدەپ تاپالماي جىلە بوپتۇ. ئاخىرى ساھىبخاندىن ئۆزلىرىگە ئاچچىق ئۆرۈك تېپىپ بېرىشنى ئىلتىماس قــىــپــتــۇ. ســاھــىــبخانلار بۇ يۇرتتا ئاچچىق ئۆرۈك دورا ئۈچۈنمۇ تــېــپــىــلــمــايــدىــغــانــلــىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ساھىبخانلار ھەســەتــخــورلارنــىــڭ مۇددىئاسىنى بىلىپتۇ. ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئەمگەكچان، مېھماندوست چىرا خەلقىگە بولغان سۆيۈنۈشى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ.

## «كۆمەچ» لەقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى

بۇرۇنقى زاماندا ھازىرقى چىرا ناھىيىسىدىكى گۇلاخما دېگەن بۇ يۇرتتا يېقىن ـ يىراقتا نامى بار بىر تۇل ئايال ئۆتكەنىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ غەرىبتە ئەلچى، شەرقتە كېرىيىدىن تارتىپ مەشھۇر زاتلارنى، يۇرت كاتتىلىرىنى چاقىرىپ مېھمان قىلماقچى بوپتۇ.

ئۇ، بۇ كاتتا مېھمانلارنى ھەر خىل نازۇ نېمەتلەر ۋە بۇ يۇرتتىن چىقىدىغان ئېسىل مېۋە ـ چېۋىلەر بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز مېھمان قــىــپــتــۇ. مــېــھــمــانلار ئۆزلىرىدىغان كۈنى بىر پاتمان بۇغداي ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(ئېيتىلىشىچە، بىر پاتمان ئاتمىش چارەك كېلىدىكەن) ، ئاتمىش قوينىڭ گۆشى، ئوتتۇز چارەك پىياز، بىر چارەك زىرە، بىر چارەك قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما قىلىنغان بىر چوڭ كۆمەچ كۆمۈپ، شۇنى ئۈزىتىش تامىقى قىلماقچى بوپتۇ ۋە چاكارلىرىغا بىر مو يەرگە گۈلخان سېلىشنى بۇيرۇپتۇ. گۈلخاننىڭ چوغلىرى لاخشى بولۇپ تەييار بولغاندا، كۆمەچ كۆمۈلۈپتۇ. مېھمانلار بۇ خىل تاماق ئېتىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ، كۆمەچ پىشىپ تەييار بوپتۇ.

ئايال ھويلىسىدا جاراستان تەييارلاپتۇ ۋە ئاشپەزلىرىگە كۆمەچنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆمەچ قىرىق ھارۋىغا ئۇلگۈچە بېسىلىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. كۆمەچ دەرۋازىدىن پاتماپتۇ. خەۋەرچى كېلىپ: «كۆمەچ دەرۋازىدىن پاتمىدى، كۆمەچنى پارچىلاپ ئەكىرىمىزمۇ ياكى دەرۋازىنى ئۆرۈپ ئەكىرىمىزمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئايال ئىككىلەنمەيلا:

— كۆمەچنى پارچىلىماي، دەرۋازىنى ئۆرۈۋېتىپ ئەكىرىڭلار، — دەپتۇ.

دەرۋازا ئۆرۈلۈپ، كۆمەچ ئېلىپ كىرىلىپتۇ ۋە مېھمانلارنىڭ ئالدىدا پارچىلىنىپ، لېگەن ـ لېگەنلەرگە سېلىنىپ، داستىخانغا قويۇلۇپتۇ. مېھمانلار بۇ تاماقنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ. ئۇلار قايتىشقاندىن كېيىن، ئىلگىرى كۆرۈپ باقماق تۇگۇل ئاڭلاپمۇ باقمىغان بۇ مەززىلىك تاماقنىڭ تەمى ئۇلارنىڭ تىلىدىن زادى كەتمەپتۇ. ئۇلار بارغانلا يېرىدە بۇ ئايالنى ئەسلىشىپتۇ. كىشىلەر شۇنچە كەڭ يەرگە گۈلخان سېلىپ كۆمەچ كۆمگەن بۇ ئايالنى «گۈلخان ئاپا» دەيدىغان بوپتۇ. كۆمەچ توغرىسىدىكى بۇ پاراڭ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، يۇرتنىڭ نامى بىر پاتمان ئۇندا قىيما كۆمىچى ئەتكەن ئايالنىڭ نامى بىلەن بىرىكىپ «گۈلخان ئاپا» دەپ ئاتىلىپتۇ. زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «گۈلخان ئاپا» دېگەن ئىسىم «گۇلاخما» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بوپتۇ. بۇ يۇرت كىشىلىرىگە «كۆمەچ» لەقەم بولۇپ قوشۇلىدىغان بولغانىكەن.

خاتىرىلىگۈچىلەر: مەتقۇربان ئىسمائىل، تۆمۈر قادىرى

## دامىكۇ رىۋايىتى

1

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خوتەن بۇددىستلىرىغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان بىر بۆلۈك قوشۇنى ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دېگەن يېرىدىن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار خوتەن دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلغان «خوتەن قىيى» دەپ ئاتىلىدىغان كارۋان يولى ئارقىلىق يۈرۈپ، «مازار تاغ» دىن ئۆتكەندىن كېيىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ يۈرۈشنى داۋام قىپتۇ. ھازىرقى دامىكۇ ئەتراپىغا كەلگەندە، شۇ يەردىكى بۇددىست قوشۇنلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپتۇ. ئوتتۇرىدا كۆپ قېتىم كەسكىن ئۇرۇشلار بولۇپتۇ. ئاخىرى قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام قوشۇنى زەپەر قۇچۇپتۇ. قاراخانىيلار قوشۇنى بۇ يۇرتنى تىنجىتىپ نورمال تەرتىپ ئورنىتىپتۇ. ئاۋام خەلق ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىپ، مۆمىن مۇسۇلمان بولۇپتۇ. بۇ يەردە ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن يىپەك، كىمخاپ توقۇمىچىلىقى تېخىمۇ روناق تېپىپتۇ.

يۇرتنى ئەمىن قىلىپ، ئاۋامنى يەرلىك بەگلەرگە تاپشۇرغان قاراخانىيلار قوشۇنى چىراغا قاراپ يۈرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. شۇ چاغدا ئاۋام پۇقرالار قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ ئۆزلىرىنى ھىدايەتكە باشلىغانلىقىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن سوۋغاتلارنى تەييارلاپ يېتىپ كەپتۇ. سوۋغاتلار ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئۈستى كىمخاپ بىلەن يېپىلغان بىر پەتنۇسنى قوشۇننىڭ توپبېشىغا ھەدىيە قىپتۇ. توپبېشى كىمخاپنى ئاچقانىكەن، ئىككى دانە مۆكا كۆزىگە چېلىقىپتۇ. بۇ، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى كىمخاپ توقۇشقا ئىشلىتىلگەنلىكتىن يالتىراپ پارقىراپ تۇرىدىغان ئالتۇن مۆكىلار ئىكەن. بۇ سوۋغاتتىن ئىنتايىن رازى ۋە خۇرسەن بولۇشقان سەركەردە - سەرۋازلار بىردەك «دۇمۇكى! دۇمۇكى!» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ. توپبېشى سوۋغاتلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئاندىن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ «يۇرتۇڭلارنىڭ نامى دۇمۇكى (بىر جۈپ مۆكا) بولسۇن» دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يۇرت «دۇمۇكى» دەپ ئاتىلىپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا - بارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى بولۇپ «دۇمۇكيۇ»، «دامىكۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ.

ئاساسىي مەنبە «قىرىق بىر ئاتا تەزكىرىسى» (قولىيازما) گە ئاساسەن رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن سابىر

2

قەدىمكى زاماندا تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدە گۈزەل باغۇ بوستانلىق بىر يۇرت بولغانىكەن. ھەر يىلى خامان مەزگىلىدە بۇ يۇرتتا يامغۇر يېغىپ ئاندىن كىشىلەرنىڭ ھويلا ـ ئارامىلىرىغا بىر يىل يەتكۈدەك بۇغداي ئۈنى ياغىدىكەن، كىشىلەر ئۈننى تاغار ـ خۇرجۇنلىرىغا قاچىلاپ ئۆيلىرىگە ئەكىرىپ، قىش ـ ياز بەھۇزۇر تاماق ئېتىپ يەيدىكەن، ھېچكىممۇ ئاچلىقتىن، پۇل ـ مالدىن قىسىلمايدىكەن. بىر يىلى يازدا ياقا يۇرتتىن چەرچىن مال ساتىدىغان بىر سودىگەر ئايال كەپتۇ، ئۇ بازار كۈنى ماللىرىنى سېتىپ بولالماي تۆت ياشلىق بالىسى بىلەن بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتۇ. بۇ دەل كېچىسى بۇغداي ئۈنى ياغىدىغان كۈنلەر ئىكەن. تەڭ كېچىدە سودىگەر ئايالنىڭ بالىسىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ كېتىپتۇ ۋە ئانىسىنى ئويغىتىپتۇ. سودىگەر ئايال چالا ئۇيقۇچىلىقتا بالىسىنى ھويلىغا ئەپچىقىپ بۇغداي ئۇنىنىڭ ئۈستىگە توسۇپتۇ، بالىسى تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن توپا ئالدىم دەپ بىر سىقىم بۇغداي ئۇنىنى ئېلىپتۇ ـ دە، بالىسىنىڭ قوڭىنى ئېرىغداپتۇ. بۇنىڭغا ئاللانىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئاسماندىن بۇغداي ئۈنى ياغدۇرماپتۇ. ئەتىسى كىشىلەر بۇغداي ئۈنى ياغمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئاللاغا يىلىنىپ، ھەمدۇ سانا ئوقۇپ دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەمما، ئاسماندىن ئىككىنچىلەپ بۇغداي ئۈنى ياغماپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئازىيىپتۇ، يۇرتنى قۇرغاقچىلىق قاپلاپتۇ، دەھشەتلىك بوران بېسىپ دەل ـ دەرەخ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ئۆرۈپتۇ. قوم كىشىلەرنىڭ يەيدىغان ئاشلىقى، ئولتۇرىدىغان ئۆيلىرى، ئىچىدىغان بۇلاق سۇلىرىنى، ساپ ھاۋالىق باغلىرىنى، يايلاقتىكى مال ـ چارۋىلىرىنى، پۇل ـ دۇنيالىرىنى ... رەھىمسىزلىك

بىلەن كۆمۈشكە باشلاپتۇ. كىشىلەر قېچىپ يۈرۈپ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ... تىن قىرىلىپتۇ. بۇ يۇرتتىكى چوقىلار جەمەتىدىن بولغان ئون نەچچە كىشى يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈكنى غەملەپ، ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە بىر تال موما ياغاچنى بېكىتىپ، مومىنى ئايلىنىپ چۆرگىلەپتۇ. بوران چىقىپ، قۇم يېغىۋېرىپتۇ. قۇم مومىنى كۆمۈۋەتسە، يۇقىرىغا تارتىپ چىقىرىپ قويۇپ چۆرگىلەۋېرىپتۇ. ئاخىرى قىرىق بىرىنچى كۈنى چىقىۋاتقان دەھشەتلىك بوران توختاپتۇ، قۇياش ئىللىق كۆلۈپتۇ. پەقەت چوقىلار جەمەتىدىن يەتتە كىشىلا ساق قاپتۇ. ئۇلار جەنۇبقا يۆتكىلىپ بۇلاق سۈيىنىڭ مەنبەسىنى خۇددى دامىكۇ ئۇرۇقىنى تىزغاندەك تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدەپ ـ تۇتاشتۇرۇپ، مۇغىغا ① ئوخشاش يەرنى تېشىپ سۇ چىقىرىپ يۇرتنى گۈللەندۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان يۇرتنىڭ نامى «دامىكۇ»، خەلقنىڭ لەقىمى «مۇغا» دەپ ئاتالغانمىش ... دامىكۇلۇقلار ئاشۇ چوقىلار جەمەتىنىڭ ئەۋلادىمىش.

خاتىرىلىگۈچى: تۇرسۇنتوختى سۇلايمان

## ئىسلامىئاۋات ۋە تەۋەككۇل رىۋايىتى

1

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى كۆپ قىسىم ۋاقىتنى ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بىر قانچە تەقۋادار زاھىد ياشىغانىكەن. ئۇلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش ـ جېدەل، ئاچ كۆزلۈك، ۋاپاسىزلىق چېقىمچىلىق، غەيۋەتخورلۇق، تەڭسىزلىك مۇشتۇمزورلۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن بەكمۇ نەپرەتلىنىدىكەن، بۇنداق ئىشلارغا بىلىپ ـ بىلمەي ئارىلىشىپ قېلىپ گۇناھلىق بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، يامانلىق، تەڭسىزلىك بولمىغان جاينى تېپىپ، خاتىرجەم تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ياشاش نىيىتىگە كېلىشىپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار جاڭگال ئارىلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلار ماڭا ـ ماڭا گىياھسىز قۇملۇققا چىقىپ قاپتۇ. زاھىدلار بارا ـ بارا بۇ سەپەردىن

① مۇغا — ئۆسلىگۈچى ھايۋان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەتمەكچى بوپتۇ. بىراق ئۇلاردىن بىرەيلەن قايتىپ كەتكۈسى كەلمەي، ھەمراھلىرى بىلەن خوشلىشىپ، قۇم ئارىلاپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ. بىر ئاز ئارام ئېلىپ قانغۇچە سۇ ئىچكەن زاھىد خېلى ماغدۇرىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئاچلىق دەردىدىن ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كېتىپتۇ. ئەتراپنى ئايلىنىپ نەئىنس - جىن، نە بىرەر تال ياۋا مېۋە ئۇچرىتالمىغان زاھىد دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ ئىزدەپ باقماقچى بولۇپ، دەريانىڭ تېيىزراق بىر يېرىنى تېپىپ كېچىپ ئۆتۈپتۇ.

دەريانىڭ ئۇ قېتىمۇ ئوخشاشلا توغراقلىق جاڭگال ئىكەن. زاھىد بۇ يەردىمۇ قورساقنى ئەستەرلىگۈدەك ھېچنەرسە تاپالماي، مېڭىۋېرىپ يەنە كەلگەنكەن قۇملۇققا چىقىپ قاپتۇ، كەچ كىرگەندە قۇملۇق تۈگەپ جاڭگاللىق ئىچىدىن بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بادرا ۋە شاخلار بىلەن قوشام قىلىنىپ، ئۈستى شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان بىر ساتما ئۇچراپتۇ. زاھىد ئىچكىرى كىرسە بىر بوۋاي گۈلخاندا كاۋاپ قىلىپ ئولتۇرغۇدەك.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، — دەپتۇ زاھىد سالام قىلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە مېھمان، — دەپتۇ بوۋاي جاۋابەن، ئاندىن قايتۇرۇپ سوراپتۇ، — ئۆزلىرى كىم؟ نېمە ۋەجىدىن بۇ جاڭگالغا كېلىپ قالدىلا؟

زاھىد كىگىزگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ئۆز كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگىچە بوۋاي ياۋا توشقان گۆشىدىن قاقلىما كاۋاپ پىشۇرۇپ زاھىدنىڭ ئالدىغا كەلتۇرۇپتۇ. تويغۇچە كاۋاپ يەپ، قانغۇچە چاي ئىچكەن زاھىدنى ئۈگدەك بېسىپ بىردەمدىلا ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى زاھىد بىلەن بوۋاي كۆپ پاراڭ قىلىشىپتۇ. بىر چاغدا زاھىد بوۋايدىن سوراپتۇ:

— بوۋا بۇ يەردە يالغۇز ياشايدىكەنسىز، شۇڭا بۇ يەردە تەڭسىزلىك يوقتۇ؟

— يوقسۇ، مېنىڭ مۇشۇ يەردە يۈرگىنىمنىڭ ئۆزى تەڭسىزلىك تەقسىر، — دەپتۇ بوۋاي، — مەن بۇ يەردە باينىڭ ئۆچكىلىرىنى

باقىمەن، ئۆلسە، يوقالسا مېنىڭ گەدىنىمگە ئارتىلىدۇ، شۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆيگىمۇ قايتالمايمەن، باينىڭ بەرگەن ئىش ھەققى بالىلىرىمنى بېقىشقا يەتمەيدۇ، باي بولسا ئىشلىمەيدۇ - يۇ، بىزدىن ياخشى ياشايدۇ. بۇ تەڭسىزلىك ئەمەسمۇ؟

زاھىد بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ جىم بولۇپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يولغا چىقماقچى بوپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا جاڭگالدا يالغۇز يۈرمەسلىكنى، يۇرتقا قايتىپ كېتىشنى ئەسكەرتىپتۇ. زاھىد تەڭسىزلىك بار يەردە تۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. بوۋاي ئۆزىدە بار بىر قانچە كۆمەچنى ئۇنىڭغا يوللۇق تۇتۇپتۇ. زاھىد بوۋاينىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتىپ، «بۇ يەر ئاۋات بولغاي» دەپ دۇئا قىپتۇ. ئاندىن يۈرۈپ كېتىپتۇ، بوۋاي ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئالدى تەرەپتىكى دەريا بويىغىچە ئۇزىتىپ كەپتۇ.

— بۇ قايسى دەريا؟ — دەپ سوراپتۇ زاھىد.

— يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئاخىرى، — دەپتۇ بوۋاي جاۋابەن.

— دەريانىڭ ئۇ قېتى قەيەر؟

— ئۇ يەر «خان يايلىقى» دېيىلىدۇ. يىللىقچىلار خاننىڭ كالا - قويلىرىنى باقىدىغان يەر.

زاھىد ئۇنچىقماي دەريادىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. بوۋاي قارىسا دەريادا كەلكۈن ئۇلۇغ ئىكەن.

— كەلكۈن ئۇلۇغ ئىكەن، كېچىپ ئۆتكىلى بولمىغۇدەك تەقسىر، — دەپتۇ بوۋاي، — كەلكۈننىڭ تارتىلىشىنى كۈتكەن بولسىلا.

— كۈتەلمەيمەن تەقسىر، دەريانىڭ تارراق يېرى بارمۇ؟

— بار، بۇ يەردىن خېلى ئاياغدا «ئەگرى يار» دەيدىغان بىر جاي بار. ئۇ يەردە دەريا قىنى خېلى تار.

زاھىد ئۆزىنى شۇ يەرگە باشلاپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، بوۋاي ماقۇل بولۇپ، باشلاپ بېرىپتۇ، دېگەندەك بۇ يەردە دەريا قىنى خېلى تار ئىكەن، شۇنداقتىمۇ نەچچە ئون غۇلاچ كېلىدىكەن. زاھىر دەريا بويىغا كېلىپ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپتۇ، ئاندىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— خەير - خوش، ئامان بولسىلا، — دەپتۇ بوۋايغا ۋە بىردىنلا ئالدىغا قاراپ «ياپەرۋەردىگار، ياتەۋەككەل!» دېگىنىچە دەرياغا قاراپ سەكرەپتۇ. ئاپلا، ئۇ كەلكۈندە ئۆلىدىغان بولدى، — دەپ ئويلاپتۇ بوۋاي. لېكىن، شۇئان يەنە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قاپتۇ، قارىسا ھېلىقى زاھىد ئۇ قىرغاققا ساق - سالامەت چىقىپ بىمالال كېتىپ بارغۇدەك.

بوۋاي بۇ ئەھۋالدىن ھەيران - ھەس قاپتۇ. «ياتەۋەككەل» دېگەن گەپنى توختىماي تەكرارلاپتۇ. كېيىن ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بۇ ئىشلارنى كۆرگەنلا كىشىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاي - يىللار ئۆتۈپتۇ، بوۋاي باقىيغا سەپەر قىپتۇ. لېكىن بۇ ئىش كىشىلەر ئارىسىدا رىۋايەت بولۇپ تارقىلىپتۇ، يەنە تالاي ئەسىرلەر ئۆتۈپتۇ. نىياز ھېكىمبەگ زامانىغا كەلگەندە «خان يايلىقى» دېگەن ھېلىقى يەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپتۇ، كىشىلەر بۇ يېڭى يۇرتنى نېمە دەپ ئاتاش ئۈستىدە ئويلىغان ۋاقىتتا ھېلىقى زاھىدنىڭ «ياتەۋەككەل» دېگەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، بۇ يەرنى «تەۋەككەل» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىنچە بۇ سۆز تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى نەتىجىدە «تەۋەككۇل» دېيىلىدىغان بوپتۇ. ئاردىن يەنە 40 — 50 يىل ئۆتۈپتۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ بېشىدا ھېلىقى زاھىد بىلەن بوۋاي ئۇچراشقان يەردە، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ بوز يەر ئېچىلىپ يېڭى يۇرت بىنا قىلىنىپتۇ. بۇ يۇرتقا نام قويۇش ۋاقتىدا كىشىلەر يەنىلا ھېلىقى رىۋايەتنى ۋە زاھىدنىڭ «بۇ يەر ئاۋات بولغاي» دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، شۇنداقلا زامان ئالاھىدىلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ بۇ يېڭى بوستانلىقنى «ئىسلام ئاۋات» دەپ ئاتاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن ناھىيە تەۋەككۇل يېزىسىدىن
يۇسۇپ ئاخۇن
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن سابىر

2

موللا قوزى ئىسىملىك بىر كىشى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ تۆۋىنىدىكى ئادەم ئايىغى يەتمەيدىغان بىر خىلۋەت چۆلدە مال

باقىدىكەن، بىر كۈنى ئاسماندا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر غازنىڭ ئېغىزىدىن بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقى چۈشۈپ قاپتۇ. قاسىم ئاخۇن بۇ ئۇرۇقنى بىر نەم جايغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئۇ، كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تاۋۇز ئۇرۇقى كۆمگەن جايغا كەلگۈدەك بولسا، تاۋۇز پېلىكىدە قۇچاققا پاتمىغۇدەك چوڭلۇقتىكى تاۋۇزلارنى كۆرۈپتۇ. موللا قۇزى تاۋۇزدىن بەشنى بىر تاغارغا ئېلىپ ئېشىكىگە ئارتىپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ خوتەننىڭ ئامبىلى ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە تاۋۇزنى ئامبالغا تارتۇق قىپتۇ.

بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن ئامبال موللا قۇزىغا ئىنئام بېرىپتۇ ۋە ئۇنى يولباشچى قىلىپ نۇرغۇن ھاشارچى بىلەن تاۋۇز ئۈنگەن جايدىن بوز يەر ئېچىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇزۇنغا بارماي بىر تۇز زېمىن ئېچىلىپتۇ. ئامبال يامۇلدىن «پۈتۈن تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۈچ ئوغلى بولسا بىرى، بەش ئوغلى بولسا ئىككىسى بوز يەرگە كۆچۈش» كە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. كۆپ ساندىكى ياشلار ئۇرۇق - تۇغقان، ئۆي ماكانلىرىغا قىيالماي ئاتا - ئانىلىرىنى تەڭلىككە قويۇپتۇ. كىشىلەرنىڭ دىلىغۇل بولۇپ، ساراسىمىدە قالغانلىقىنى كۆرگەن بىر مۇنەججىم كىشى: «بالىلىرىم، بۇ بەرىكەتلىك زېمىن، ئەجىر قىلساڭلار تەڭرى رىزقىڭلارنى مۇشۇ يەردىن بەرگەي، بىر پېلەكتە ئادەمدەك 11 تاۋۇز چۈشكەن تۇرسا، ‹ئۆچكە تېپەرمۇ، سۈت ئۆرۈلەرمۇ› دېمەي، تەۋەككۇل قىلمامسىلەر»، دەپتۇ. كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن يېڭى بىنامغا كۆچۈپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر «تەۋەككۇل» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

## ساراڭ مەھەللە

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاراقاش بازىرى تۆۋەن قاپاقلا كەنتىدە «ساراڭ ئايمىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار. يۈز يىللار بۇرۇن بۇ مەھەللىلىك دېھقانلار بىلەن ئۇ مەھەللىلىك دېھقانلار سۇغا نۆۋەت تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ، دەسلەپتە ئۇ مەھەللىلىكلەر پالتا -

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



كەتمەنلەر بىلەن بۇمەھەللىلىك دېھقانلاردىن بىر نەچچە كىشىنىڭ كاللا - قاپاقلىرىنى قانغا بوياپتۇ؛ ئۆز مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ ئاتى (بوزەك) بولۇپ كېتىشۋاتقانلىقىغا چىدىمىغان مەيدىسىدە ئەركەك تۈكى بار بىر دېھقان جاننى ئالىقانغا ئېلىپ، بىسى پارقىراپ تۇرغان بىر پالتىنى ئويناتقان پېتى قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇ مەھەللىدىكىلەر پاتىپاراق بولۇپ قېچىپتۇ. بۇ پالۋان غەزىپىنى باسالماي ئىككى ئادەمنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ مەھەللىلىكلەر بۇمەھەللىلىكلەر ئۈستىدىن بېگىمگە ئەرز سۇنۇپتۇ. ئەرز خېتىدە قاتىل چېپىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىنمىسا، قانغا - قان، جانغا - جان ئالمىغۇچە شۇك (جىم) تۇرمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

بەگ دەلىل - ئىسپاتلارنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن «قاتىل» نى چېپىپ ئۆلتۈرۈشنى پەرمان قىپتۇ. بۇ مەھەللىلىكلەر «قاتىل» نى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن بەگنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

— بېگىم جانابلىرى، ئۆزلىرى «ھارۋىدا خوت يوق، ساراڭغا سوت يوق» دېگەن ھېكمەتنى ئاڭلىمىغانمىدىلە؟ ئۆزلىرى ئەزەلدىن ساراڭلار گۇناھ قىلسا كەچۈرۈم قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بىر ساراڭ ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدىلا، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

بەگ «قاتىل» نى سىناپ باقماقچى، ئۇنىڭ ئىككەنلىكى ئىسپاتلانسا ھۆكۈمنى دەرھال ئىجرا قىلماقچى بولۇپتۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىنى بىر سورۇنغا جەم قىلىپ «قاتىل» نى يالاپ كەلتۈرۈپتۇ، بىر جام قارا ئۈجمە بىلەن بىر جام قارا قوغۇزنى «قاتىل» نىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. «قاتىل» ئىككى جامغا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن، بىر تال قوغۇزنى تۇتۇپلا ئاغزىغا سېلىپ چايناپ يۇتۇۋېتىپتۇ. بەگ شۇ مەيداندىلا:

— ساراڭنى جازالاش ئادىللىق جۇملىسىدىن ئەمەس، — دەپ «قاتىل» نى ئازاد قىلىۋېتىپتۇ، ئۇ مەھەللىلىكلەر غىڭ قىلالماپتۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، بۇ مەھەللىگە «ساراڭ مەھەللە» دېگەن نام سىڭىپ قالغانىكەن.

## كۇدۇڭ

تەخمىنەن 200 يىللار ئىلگىرى ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسى قاراقاش بازىرىنىڭ بۇ مەھەللىسىدە سەيپۇڭ موللام دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭغا دائىملا كۇدۇمبا① چىققاچقا «كۇدۇم» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار غوللۇق بىر ئايماقنى تەشكىل قىپتۇ ۋە «كۇدۇم» دېگەن سۆز «كۇدۇڭ» غا ئۆزگىرىپ كەنت نامى بولۇپ قاپتۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: بۇ يەرگە مۇسا دەرۋىش دېگەن بىر ئادەم كېلىپ، قاياقىلا بارسا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن «گۇدۇڭ» لاشقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېتەر چېغىدا چاقچاق قىلىپ، ئۇزاتقىلى چىققانلارغا مۇنداق دېگەنىكەن:

— مەن بۇ «گۇدۇڭ» مەھەللىسىگە يەنە كېلىمەن.

ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ كەنتنىڭ نامى «كۇدۇڭ» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

## ئاتباش

قاراقاش بازىرىدا قاراقاش دەرياسى بويىغا جايلاشقان «ئاتباش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. نېمە ئۈچۈن «ئاتباش» دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى رىۋايەت بار. بىر خىلى: بۇ يەر يۇرت بولۇشتىن ئىلگىرى، قاراقاشتىن ئاقسۇ، كۇچارغا قەغەز، يىپەك، قاشتېشى، گىلەم قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى توشۇيدىغان كارۋانلارغا ئۆلۈك ئاتنىڭ بېشى ئۇچراپتۇ. كارۋانلار ئاخشىمى قونالغۇدا توپلىنىپ پاراڭلىشىۋېتىپ، ھېلىقى جايدا ئاتنىڭ بېشىنى كۆرگەنلىكىنى بىر - بىرىگە ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر «ئاتباش» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

يەنە بىر خىلى: بۇرۇن بۇ يەردە تاز ئادەملەر جىق ئىكەن. بىر

① كۇدۇمبا — ئادەمنىڭ باش قىسمىغا پەيدا بولىدىغان چوڭ قاپارتمىلىق جاراھەت.

www.uyghurkitap.com



تېۋىپنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇ تازلار كەلكۈن كەلگەندە لاي سۇ بىلەن ھەر كۈنى كاللىسىنى يۇيۇشنى بىر نەچچە ھەپتە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كاللىلىرى ئەتلىنىپ چاچ ئۈنۈپتۇ. بۇلاردىن بىرى قوشنا يۇرتتىكى بىرى بىلەن سوقۇشۇپ قاپتۇ، ئۇ كىشى كاللىسى ئەتلىنىپ چاچ ئۈنگەن بۇ كىشىنى:

— چوڭ گەپ قىلماڭ ئەتباش تاز، — دەپ تىللىغانىكەن، ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەھەللىلىكلەرگە «ئەتباش» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. مەھەللىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ئەتباش» دېگەن سۆز كىشىلەرنىڭ تىلىدا «ئاتباش»قا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

## «ھەزرىتى مەۋلانە خەلىپە» توغرىسىدا ئىككى رىۋايەت

1

نەسەبنامە ۋە تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا: تەخمىنەن 700 يىل ئىلگىرى بۇخارادا ئەبۇ ھاپىز كەبىرى، خارەزىمدە شەيخ نەجمىدىن كۇبرا قاتارلىق ئالىملاردىن بىلىم ئېلىۋاتقان 60 مىڭ تالىپ ئىچىدە ھەزرىتى ئېلىننىڭ 21 - ئەۋلادى يۇسۇپ خۇاجەمۇ بار ئىكەن. كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ھەزرىتى مەۋلانە خەلىپەم» دەپ ئاتىشىدىكەن. چىڭگىزخاننىڭ قىرغىنچىلىق خەۋپىدىن چۆچىگەن تالىپلار ئۆزى خالىغان يۇرتلارغا كېتىشكە ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، ھەزرىتى مەۋلانە خەلىپە بەلىخ ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ بىر نەچچە يىل، يەكەنگە كېلىپ بىر نەچچە يىل تۇرۇپتۇ. ھەمسەپەرلىرىدىن ئالتە كىشىنى باشلاپ قاراقاشقا كېلىپ مازايى - ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسى كۆيا يېزىسىنىڭ دەرۋىش كەنتىدە، كېيىن زاۋا يېزىسىنىڭ كۆتەكئېرىق كەنتىدە ماكانلىشىپتۇ. كۆتەكئېرىقلىق كىشىلەر:

— قەلەندەرلەر بىلەن قوشنا بولساق يۈز - ئابرۇيىمىزغا نۇقسان يېتىدۇ، — دېيىشىپ ئۇلارنىڭ گەمە - كەپىلىرىگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ. مەۋلانە خەلىپىنىڭ ئوغۇللىرى قارچىغىلىرىنى، قىزلىرى قۇرئانلىرىنى

كۆتۈرۈشۈپ كەيپىدىن قىچىپ چىقىپتۇ. مەۋلانە خەلىپە بالىلىرىنىڭ ئۆت ئىچىدىن ئەڭ مۇھىم نەرسىلەرنى قۇتۇلدۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، سىلەرنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ بېشىدىن ئەمەل - مەنسەپ قۇشى نېرى كەتمىگەي، ئەي قىزلىرىم، سىلەرنىڭ لەۋزىڭلار ئوتلۇق بولغاي ①— ، دەپ دۇئا ئوقۇپتۇ (تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە خوتەننىڭ دىنىي ھوقۇقى سۇلايمان ئەلەم قاتارلىق خەلىپە ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا بولغانلىقى، قىزلىرىنىڭ دۆلەتمەن ئائىلىلەرگە تالالىق بولغانلىقى ئەنە شۇ دۇئانىڭ ئىجابىتىدىن ئىمىش).

بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسھاق غوجا② ئىسىملىك ئۇستازى بىر لىگەنگە ئاچقۇچ، ئوت، كېپەكنى قويۇپ، شاگىرتلىرىغا خالىغاننى تاللاپ ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. مەۋلانە خەلىپە سەگەك بولغاچقا ئاچقۇچنى دەسلەپتە ئېلىۋالغانلىقتىن، ئەۋلادلىرىغىچە ئەمەل ۋە يەر ئېچىش بىلەن خەزىنىگە ئىگە بولۇپ ياشاپتۇ. ئوتنى تاللىغان شاگىرتى ئىمان ۋە ئۇلۇغلۇق بىلەن شۆھرەت قازىنىپتۇ. كېپەكنى تاللىغان شاگىرتى تېبابەتچىلىك بىلەن نام چىقىرىپتۇ. مەۋلانە خەلىپە ئۇستازىدىن:

— بۇ يەردىكى تۇرالغۇمىز كۆيۈپ كەتتى. ئەمدى مەن نەدە ماكانلىشىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇستازى:

— ھاسىڭىز نەدە كۆكلەپ قالسا شۇ يەردە ماكانلىشىڭ، — دەپتۇ. مەۋلانە خەلىپە يۇرت - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ھازىرقى تاشمازار دېگەن جايغا كەپتۇ. بۇ جايدا بىر گۇم③ بار ئىكەن. مەۋلانە خەلىپە گۇمنىڭ قېشىغا ھاسىسىنى سانجىپ، ھاسىنىڭ ئۇچىغا سەللىسىنى ئېلىپ قويۇپتۇ. سۇ ئىچىپ ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن قارىسا ھاسا ياشىرىپ شاخ - پۇتاق چىقىرىپ قاپتۇمىش (ئاردىن 600 يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ قېرى تېرەكنىڭ ئىچى پورلىشىپ كەتكەنلىكتىن، بىر قېتىملىق قاتتىق بوراندا يىقىلىپ كەتكەن ۋە خەلىپە ئايمىقىدىن بىر نەچچە ئائىلە ئۈچ يىل

---

① تىلىكىڭلار ھەل بولغاي، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭلارغا يەتكەيسىلەر دېگەن مەنىدىكى ئىبارە.
② ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ كىشىنىڭ قەبرىسى چىرا ناھىيىسىدە ئىكەن.
③ گۇم — سۇ ئېقىنىدىن نەبىئىي شەكىللەنگەن چوڭقۇرلۇق (قاينام).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېقىلغۇ قىلغانىكەن. يىلتىزىدىن ياشىرىپ چىققان نوتىلار، غولاچقا پاتمىغۇدەك يوغىناپ كەتكەنلىكتىن، 1954 - يىلى كېسىپ شال تىلىنىپ، خوتەن لاسكوي يىپەكچىلىك فابرىكىسىنىڭ بىنالىرىنى سېلىشقا ئىشلىتىلىپتۇ). مەۋلانە خەلىپە بۇيەردە تۇرالغۇ ياساشقا هازىرلىق قىلىۋاتقاندا قىزلىرىدىن بىرى:

— دەريانىڭ قىرغىقىغا جايلاشساق كۆڭلىمىز ئەمىن تاپماسمىكىن؟ — دەپتۇ. مەۋلانە خەلىپە:

— دەريا ئۇ تەرەپكىراق ئاققاي، — دەپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ دەريا ئېقىنى مىڭ قەدەمچە شەرق تەرەپكە سۈرۈلگەنمىش.

مەۋلانە خەلىپە بۇ جايدا «ئاقساراي» نى بىنا قىلىپ ۋە بىر ئۆمۈر دىنىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېسەل بىلەن ۋاپات بولغىنىغا تەخمىنەن 770 يىل بوپتۇ. ئۇنىڭ جەسەتى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن هازىرقى قاراقاش ناهىيە ئاقساراي يېزىسىنىڭ تاقايلا كەنتىدىكى زاراتگاھلىققا دەپنە قىلىنىپتۇ (ئېھتىمال قەبرىسىنى دەريا ئېقىنى بۇزىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن). ئۇنىڭ جەسەتى يۇيۇلغان جاي هازىرقى تاشمازار خانىقاسىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىگە توغرا كېلىدىكەن. جەسەت يۇيۇلغاندا تۆكۈلگەن سۇ يېقىنقى يىللارغىچە كاتەكتە سىڭمەي تۇرغانمىش. كۆپلىگەن ساقايمىغان جاراھەت - يارىلارغا بۇ سۇدىن بىر نەچچە تامچا تېمىتىپ قويۇلسا ئاغرىق سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىكەنمىش.

2

رىۋايەت قىلىنىدۇلەركى، بىر يىلى ئەتىيازدا دەريادا سۇ ئۇزۇلۇپ قېلىپ ئاياغ يۇرتلار (هازىرقى قاراقاش بازىرى، تۇۋەت يېزىسى قاتارلىق جايلار) دىكى زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاقساقىلى ئەۋلىيا دەپ نامى تارقالغان مەۋلانە خەلىپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۇرتنىڭ ئاھۇ زارىنى بايان قىپتۇ. مەۋلانە خەلىپە ئاقساقالغا بىر نەچچە پۇتاقلىق شاخنى تۇتقۇزۇپ:

— بۇ شاخنى سۆرەپ كەينىڭىزگە قارىماي مېڭىۋەرسىڭىز، شاخنىڭ ئىزىدىن سۇ ئاقىدۇ، — دەپتۇ. ئاقساقال تەزىم بەجا

كەلتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مەۋلانە خەلىپە قىبلىگە قاراپ:

— ئەي ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم، ئاچارچىلىق خەۋپىگە ئۇچراۋاتقان ئاشۇ بىچارە بەندىلىرىڭنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغايسەن، — دەپ دۇئا ئوقۇپتۇ. ئاللا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، دەريانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قىرغاقنى بويلاپ نەچچە ئون بۇلاقنى پەيدا قىپتۇ. بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى دەرياغا قۇيۇلۇپ شاخ ـ پۇتاقلىرى ئىزىدىن تاراملارغا بۆلۈنۈپ ئېقىپتۇ. ئاقساقال سۇنىڭ ئېقىشىنى كۆرىمەن دەپ پات ـ پات كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ سۆرەپ كېلىۋاتقان شاخمۇ يانغا سۇرۇلگەنلىكتىن سۇمۇ بۇرۇلۇپ ئېقىپتۇ. ئەنە شۇ چاغلاردىن باشلاپ ئېقىن ھېلى ئۇ قىرغاققا، ھېلى بۇ قىرغاققا ئۇسسۇپ ئاقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ھازىرقى قاراقاش دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ ئورنىغا كەلگەندە سۇ تېز ئېقىپ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنى غايىبانە كۆرۈپ تۇرغان مەۋلانە خەلىپە:

— ھاي ـ ھاي سۇ، توختايدىغان يەرگە بېرىپ قالدىڭىز، — دەپتۇ. سۇ دەرھال ئاياغقا ئېقىشتىن توختاپتۇ. سۇنىڭ كۆۋرۈكنىڭ تېگىدىن ئۆتۈپلا شارقىراپ ئاستا ئېقىشى شۇ سەۋەبتىن ئىمىش.

## «قارا ساقال مازار غوجام»

ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسى جاھانباغ يېزىسىنىڭ ئۇزۇنئېرىق كەنتىدە «قارا ساقال مازار غوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبرە بار. بۇ قەبرە توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت سۆزلىنىپ كەلمەكتە:

بەش ـ ئالتە يۈز يىللار بۇرۇن، بۇ يەردىكى ئۆستەڭنىڭ سۈيى قىرغاقنى بۇزۇپ يېيىلىپ ئاقىدىكەن. كىشىلەر بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ لاي ئارىسىدىكى ئۇزۇن ساندۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە بۇ ئىشتىن يۇرت ئاقساقىلىنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. ئاقساقال دەرھال يېتىپ كېلىپ ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا قارا ساقاللىق جەسەت يېتىپتۇ. ئاقساقال كېچىسى ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بۇ قارا ساقاللىق كىشى بىر نەچچە يۈز لەشكەرگە باشلامچىلىق قىلىپ مايمۇن يۈزلۈك دۈشمەنلەر بىلەن قىلىچ چېپىشىۋاتقۇدەك. مايمۇن يۈزلۈكلەر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



پايپېتەك بولۇپ قىچىۋاتقۇدەك. ئەتىسى سەھەردە ئاقساقال ئاۋامنى (جامائەتنى) يىغىپ:

— چۇشۇمگە ئايان بولدى. بۇ زات ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. بىز سەجدە قىلىدىغان ئۇلۇغ ئادەمدۇر، — دەپتۇ ۋە مېيىت نامىزىنى قايتىدىن داغدۇغىلىق ئۆزىتىپ، دەپنە رەسمىيەتلىرىنى بىجىرىپ چوڭ قەبرە ياسىتىپتۇ. بۇ قەبرە «قارا ساقال مازار غوجام» دەپ ئاتىلىپتۇ.

يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مازار 41 چىلتەن بىلەن سەپەرداش بولغان ئىمامى مۇھەممەد خۇراسانىنىڭ قەبرىسى ئىكەنمىش.

## ئىشقىلار

خوتەن خەلقى بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىپ ئەمدىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان يىللاردا، ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن يولۇچىلار (يەرلىك خەلق «ئۇلۇغلىرىمىز» دەپ ئاتىغان كىشىلەر) بىپايان سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى هازىرقى قاراقاش ناھىيە جاھانباغ يېزىسىدىكى بۇ دۆڭ مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سۇ ئىچىپ سەگىۋالماقچى بوپتۇ. بۇلاردىن يېشى چوڭراق بىرى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلسە ئىشىك قۇلۇپلاغلىق تۇرۇپتۇ. يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ قارىسا بۇ ئۆيدىمۇ ئادەم يوق، بىر نەچچە ئۆينىڭ ئالدىغا بارسا ئەھۋال بايىقىغا ئوخشاشلا، بۇ كىشى چەتتىكى بىر ئۆيگە كىرسە بىر كېسەلچان بوۋاي يالغۇز يېتىپتۇ. يولۇچى:

— بۇ مەھەللىدىكىلەر نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— ھەممىيلەن ئېتىزلىقتا ئىش قىلغىلى كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يولۇچى ھەمراھلىرىغا:

— باشقا يۇرتلاردىن ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا ھەممىيلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى توختىتىپ بىزنى ئورنۇۋېلىشقانتى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىز بىلەن چاتقى يوق، ئۆز ئىشلىرى بىلەن بوپتۇ. ئەجەب ئىش قىلار ئادەملەركەن بۇ، — «ئىشقىلار» دېگەن ئاتالغۇ شۇنىڭدىن

كېلىپ چىقىپ، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

## تاقايلا

ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىشقا يۈزلەنگەن يىللاردا، يەرلىك پىدائىيلار قالدۇق بۇددا دىنى قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىش مەجلىسى ئۈچۈن ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسى ئاقساراي يېزىسىنىڭ بۇ جايىغا يىغىلىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە بۇددا قوشۇنلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەپتۇ. قوماندان:

— قوراللىرىمىزنى تەقلەپ ئۈلگۈرەلمەيمىز. دەرھال تارقايلى! — دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي «تارقايلى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «ر» ھەرپىنى تاشلىنىپ، «لى»، «لا» غا ئالمىشىپ «تاقايلا» غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

يەنە بىر ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، تەخمىنەن 170 يىل ئىلگىرى ئېگىز ئېرىق كەنتىدىكى غوجىلارنىڭ باش ئەجدادى مەۋلانە خەلىپىنىڭ قەبرىسى يېنىدىكى خانىقانى يېڭىلاپ سېلىش، خانىقاغا تاقا ياساش ئۈچۈن يەكەندىن ئىسمايىل ئاخۇن قاتارلىق بىر نەچچە ئۇستىنى تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈپتۇ. تاقا ھەم ئېگىز ھەم ھەشەمەتلىك ياسالغانلىقتىن خوتەن، چىرا، كېرىيىلىك كىشىلەر كېلىپ كۆرۈشكەنىكەن. تاقايلا دېگەن بۇ نام مەسچىت تاقىسىغا قارىتىلغان بولۇپ، «تاقا ئالدى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزگەرگەن تەلەپپۇزى ئىكەن.

## چىنارباغ

ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسى ئاقساراي يېزىسىنىڭ چىنارباغ كەنتى تەۋەلىكىدە بىر تۈپ قېرى چىنار بار. بۇ چىنارنىڭ ئېگىزلىكى 34.6 مېتىر، توملۇقى يەتتە ئادەمنىڭ غۇلچىغا باراۋەر كېلىدۇ. شاخلىرى جەنۇبتىن شىمالغا 30 مېتىر، غەربتىن شەرققە 28 مېتىر يېيىلغان بولۇپ، 1.5 مو

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەرنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. چىنارنىڭ غولى 4.5 مېتىر، ئېگىزلىگەندە ئالتە چوڭ پۇتاقا ئايرىلغان بولۇپ، پۇتاقلارنىڭ ئوتتۇرىچە توملۇقى (ئايلانمىسى) 3.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ چىنار توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا بۇنداق بىر رىۋايەت ساقلىنىپ كەلمەكتە:

مۇھەممەت پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئەسھابى لەشكەرلىرىگە:

— خەيبەر شەھىرىدىكى بۇتپەرەست خەلقنى ئىمانغا دەۋەت قىلىڭلار. رازىلىق بىلەن ئىمان ئېيتسا قىلچە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەڭلار. قارشىلىق كۆرسەتسە بەيئەت (تەسلىم) بولغىچە ئۇرۇش قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ. لەشكەرلەر مەككىدىن يولغا چىقىپ خەيبەر شەھىرىنىڭ چېگراسىغا كېلىپ، بۇتپەرەستلەرنىڭ شەھەر دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ پۇختا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەسھابىلار ھەر ئامال قىلىپمۇ سېپىلنى ياكى شەھەر دەرۋازىسىنى بۇزالماپتۇ. ھەممىيلەن قانداق قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ تۇرغاندا ئەلى رەزىيەللا ئەنھۇ ①:

— دەرۋازىنى مەن ئاچىمەن، — دەپتۇ. لەشكەرلەردىن بىرى يېنىدىكى چوڭ بىر تۈپ چىنارنى كۆرسىتىپ:

— دەرۋازىنى ئاچقۇدەك كۈچىڭىز بولسا، بۇ بىر تۈپ چىنارنى يۇلۇپ بېقىڭ، بولمىسا گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمىز، — دەپتۇ. ھەزرىتى ئەلى چىنارنى بىر تارتقانىكەن، چىنار ئىككى پارچە بولۇپ يۇلۇنۇپ چىقىپتۇ. ئۇ بۇ ئىككى پۇتاق چىنارنى باش ئۇستىدە ئايلاندۇرۇپ ئاسمانغا ئاتقانىكەن، بىر پۇتىقى ئەختام ② كەنتىگە چۈشۈپ، يىلتىزى ئۇستىدە، شاخلىرى ئاستىدا تەتۈر ياشىرىپ قاپتۇ (بۇ چىنار 1960 - يىلى ئاتېئىزم تەشۋىقاتى قانات يايدۇرۇلغاندا قومۇرۇپ تاشلاندى). يەنە بىر پۇتىقى بۇ جايغا چۈشۈپ ياشىرىپ قاپتۇ. ئەسھابىلار بىر كۈن ئۇرۇش قىلىپ بىر رەستىنى، ئالتە كۈن ئۇرۇش قىلىپ پۈتۈن خەيبەر شەھىرىنى ئىگىلەش جەريانىدا، چىنارغا ھەر كۈنى بىر پۇتاق ياشىرىپ چىقىپتۇ. كىمدە كىم بۇ چىنارنىڭ ئەتراپىنى ئالتە قېتىم ئايلىنىپ ئەلىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلسا، بۇ

① رەزىيەللائەنھۇ — خۇدا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن.
② ئەختام — قاراقاش.

كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئاپەتلەردىن ئالتە قېتىملىقى كەچۈرۈم بولارمىش. كەنتمۇ بۇ چىنارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىكەن.

## ئۇچات ۋە «قۇيرۇقلۇق ئادەملەر»

ئىسلام قوشۇنلىرى بۇددىست ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى بولغان نوكتەرەشىد، جوقتەرەشىدلەرنى خوتەن تەرەپتىن قوغلاپ كېلىپ بىر كىشىدىن:

— بۇددىستلارنىڭ قايسى تەرەپكە قاچقىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى دەريانىڭ غەربىي قىرغاق تەرىپىنى كۆرسىتىپ:

— ئۇچاتقا ئۆتۈپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ چاغلاردىن باشلاپ هازىرقى قاراقاش ناهىيىسى سايباغ يېزىسىدىكى بۇ جاي «ئۇچات» دەپ ئاتىلىپتۇ.

«ئۇچاتلىقلار ئارىسىدا قۇيرۇقلۇق يەتتە ئادەم بار» لىقى توغرىسىدىكى غەلىتە رىۋايەتنى ئاڭلىمىغانلار يوقتۇر بەلكىم. زادى كىملەرنىڭ قۇيرۇقى بار؟ ئۇچاتلىقلارمۇ بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىدۇ.

ئىسلام قوشۇنلىرى ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇچاتلىق بىر كىشى ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرىنىڭ تۆشۈكىگە قۇم تىقىۋېتىپتۇ. ئۇرۇش باشلانغاندا مىلتىقلىرىنى تازىلاپ ئۈلگۈرەلمىگەن يېڭىلىپ قاپتۇ - دە، قېچىش ئۈچۈن ئاتلىرىغا مىنمەكچى بولۇپ قارىسا، ئۈزەڭگىلەرنىڭ سول پۇت تەرىپى كېسىكلىك تۇرغۇدەك. ئۈزەڭگىلەرنى ئوڭشاپ بولغىچە، بۇددىست ئەسكەرلىرى ئىسلام قوشۇنلىرىدىن نەچچە يۈز كىشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. خوتەندە ئىسلام دىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەندىن كېيىن سۈرۈشتۈرۈلۈپ ئىسلام ئەسكەرلىرىگە دۈشمەنلىك قىلغان ئۇ گۇناهكارنىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، لېكىن ئۇ گۇناهكارنىڭ يەتتە بالىسى هايات ياشاۋاتقانلىقى مەلۇم بوپتۇ. دادىسىنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن بالىسىنى ئۆلتۈرۈش ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن، ئەسكەرلەرنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىش ئۈچۈن:

«ئەبەدىي ئەيىبلىك — قۇيرۇقلۇق بولغايسەن، سانىڭ ئاشمىغاي، ئاز قالمىغاي» دەپ قارغاپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇچاتتىكى «قۇيرۇقلۇق كىشىلەر» سەككىزگە يەتكەن كۈنى بىرى ئۆلەرمىش، ئالتىسى قالغان كۈنى بىرى تۇغۇلارمىش.

## «كالا تىرىسچىلىك زېمىن لازىم»

خوتەن يەكەن خانلىقىغا قارايدىغان زاماندا، يەكەن خانى هازىرقى قاراقاش ناهىيىسى زاۋا يېزىسىنىڭ شاخلىق كەنتىدىكى خوجىلارنىڭ ۋەكىلىنى ئۆزىنىڭ هۇزۇرىغا چاقىرىپ بۇيرۇقنامە ئەۋەتىپتۇ. ياشتا چوڭراق بىر غوجا شاهنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن چوڭ ياغاچ ساندۇق ياساتتىپ توپا قاچىلاپتۇ. پىشقىلى بىر هەپتە قالغان ئىككى تۇپ تاۋۇزنى توپا بىلەن يىلتىزىنى ئاجرىتىۋەتمەي، بۇ «ساندۇق ئېتىز» غا ئاۋايلاپ كۆچۈرۈپتۇ. تاۋۇزلارنىڭ قۇرۇپ كەتمىگىنىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، ساندۇقنى ئات هارۋىسىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. يول بويى تاۋۇز يىلتىزلىرىنىڭ زەخىملەنمەسلىكى ئۈچۈن ئاتلارنى ئاستا، يولنىڭ تۈز يېرى بىلەن هەيدەپ، تاۋۇزغا سۇ قۇيۇپ ئەي قىلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر هەپتىدىن كېيىن يەكەنگە كېلىپ خاننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. خان ئۇنىڭدىن:

— ئاڭلىشىمچە، جەمەتىڭلاردىكى كىشىلەر بىر - بىرىنى پالانىخان، پۇستانىخان دەپ چاقىرىشىدىكەنسىلەر، سىلەر خانلىقتا بىز بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپسىلەر. بىز كىم، سىلەر كىم، بۇنىمۇ بىلمەمسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. خوجا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

— يوغسۇ شاهىم، ئۆزلىرى بىلەن خانلىق تالىشىشقا هەددىمىز يوق، بىز تېرىقچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر. ئۆزىمىزنىڭ داخان ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىسمىمىزنىڭ ئاخىرىغا «خان» دەپ قوشۇپ قويۇپتىمىز، ئۆزلىرى دۇرۇس كۆرمىسىلە، ئۇنداق ئاتاشمايلى، — دەپتۇ.

پەمسىز خان ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ:

— مەيلى، يامان نىيەتتە بولماپسىلەر، قانداق چاقىرىشساڭلار

ئىختىيارىڭلار، — دەپتۇ. غوجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تاۋۇزلارنى ساندۇق بىلەنلا خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ، خوجا:

— پېقىر قۇللىرى خان ئۇلۇغلىرىغا بۇ ئەرزىمەس سوۋغاتنى ئېلىپ كەلگەنىدىم، — دەپتۇ. خان ئۇنىڭ ساداقىتىگە ۋە پەم - پاراسىتىگە قايىل ھەم ھەيران بولۇپ:

— بارىكاللا، بارىكاللا، ھەر قانداق تەلىپىڭىز بولسا دەڭ، مەن قوبۇل قىلىمەن، — دەپتۇ. خوجا:

— چوڭ تەلىپىم يوق، پەقەت كالا تېرىسىچىلىك زېمىن تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ. خان: «كالا تېرىسى دائىرىسىدىكى زېمىننى ئۆزى خالىغان جايدىن تاللىسۇن، بۇ يەرگە باج - سېلىق تاپشۇرمىسۇن» دەپ پەرمان يېزىپ مۆھۈر بېسىپ بېرىپتۇ. خوجا شاخلىققا قايتىپ كېلىپ، چوڭ بىر كالىنىڭ تېرىسىنى ئۇستىرا بىلەن قىلدىنمۇ ئىنچىكە تىلىپتۇ. ئۇنى تارتىپ مېڭىپتىكەن، بىر ئۇچى خوتەننىڭ پۇشا، ئەگرىساي، لاڭرۇ، يەنە بىر ئۇچى قاراقاشنىڭ ئۇچات، تۇزاقچى، قوقان، زاۋا، ياۋا دېگەن يەرلىرىگىچە سوزۇلۇپتۇ، خاننىڭ يارلىقىغا ئاساسەن، خوجا كالا تېرىسى سوزۇلۇپ بارغان ھەممە يەرگە ئىگىدارلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

## كۆتىرەم

بۇنىڭدىن 120 نەچچە يىللار ئىلگىرى ھازىرقى قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىدىكى بۇ كەنتنىڭ ئورنى ناھايىتى بۈك - باراقسان ئېپتىدائىي ئورمانلىق ئىكەن. شۇ يىللاردا بۇ يەردىن سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر ئېرىقنى 20 مېتىر ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈشكە توغرا كەپتۇ ۋە يۇرت ئاقساقىلى قەلەمقاش بەگنىڭ قوماندانلىقىدا بىر نەچچە مىڭ ھاشارچى توپا يۆتكەپ كېلىپ كۆتۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە ئاي ئىشلەپ 500 مېتىردەك ئېرىقنى كۆتۈرۈپ بولغاندا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بېرىپتۇ: يەنى قەلەمقاش بەگكە مۇشۇ ئورمانلىقتا بىر يولۋاسنىڭ بارلىقى مەلۇم بوپتۇ. قەلەمقاش بەگ دەرھال بۇيرۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۇشۇرۇپ ئورمانلىقنى يۇمىلاق دائىرىدە قورشاشنى، يولۋاس كىمنىڭ ئالدىغا چىقسا كەتمەن بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى جاكارلاپتۇ. راست دېگەندەك يولۋاس چىقىپتۇ، ئەمما يولۋاس قەلەمقاش بەگنى دەھشەتلىك سوقۇپ قېچىپتۇ. قەلەمقاش بەگ شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ ۋە ئاشۇ ئېرىقنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىنىپتۇ. ئېرىق كۆتۈرۈشمۇ شۇنىڭ بىلەن توختاپ قاپتۇ (قەلەمقاش بەگنىڭ قەبرىسى ھېلىمۇ بار، ئېرىقمۇ شۇ پېتى تاشلاپ قويۇلغان). كېيىنچە بۇ يەردە ئاھالە كۆپىيىپ، بۇ يەر ئاشۇ ئېرىقنىڭ نامى بىلەن «كۆتىرەم» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## باشاقچى

تەخمىنەن 210 يىل ئىلگىرى، بىر دېھقاننىڭ مەھەللىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يانتاق - قومۇش قاپلىغان جاڭگاللىقتا تۇنجى قېتىم تېرىغان بۇغدىيى راسا ئوخشاپ يوغان - يوغان «باشاق» تۇتۇپتۇ. كىشىلەر بۇ ئېتىزلىقنى «باشاقچى» دەپ ئاتاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ باشاقچى دېگەن ئاتالغۇ ھازىرقى قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىدىكى بۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان بۇنداق پاراڭلارمۇ بار: ياقۇپبەگ دەۋرىدە ئالۋان - ياساق ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. يەرلىك ئەمەلدارلار ئالۋان - ياساق تاپشۇرالمىغان پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدىن قازان - چۆمۈچ، توخۇ - قويلىرىنى يىغىۋېلىش ئۇچۇن كەلسە، ھېچكىمنىڭ ئۆيىدىن تۇتامغا چىققۇدەك مال - مۈلۈك تاپالماپتۇ. ئەسلىدە پۇقرالار توخۇ - قويلىرىنى يىراقتىكى تۇغقانلىرىغا ئاپىرىپ بېرىپ، پۇللۇق مال - مۈلۈكلىرىنى كۆلدىكى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتكەنىكەن. يۇرت بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىندا يەرلىك ئەمەلدار ئۇلارنى:

— باشباشتاقلار (باشقۇرۇشقا بويسۇنمايدىغانلار) دەپ تەنقىد قىپتۇ. ئۇلارغا «باشتاقچى» دەپ لەقەم سىڭىپ، بارا - بارا كىشىلەر تىلىغا «باشاقچى» دەپ سىڭىپ قاپتۇ.

## بىر مازارغا ئۈچ نەزەر

ھازىرقى قاراقاش ناھىيە ئۆرچى يېزىسىنىڭ خۇشئاۋات كەنتىدە بىر

قەدىمكى مازار بار، بۇ مازارنى بەزىلەر «قىلىچى قان»، يەنە بەزىلەر «قىلىچ ـ قالقان» دەپ ئاتايدۇ. «قىلىچى قان»مۇ ئەمەس، «قىلىچ ـ قالقان» مۇ ئەمەس، «خىلىچخان» دەپ ئاتايدىغانلارمۇ بار.

«قىلىچى قان» دەپ ئاتايدىغانلار تۆۋەندىكى رىۋايەتنى ئاساس كەلتۈرىدۇ:

ناھايىتى قەدىمكى زامانلار ئىلگىرى بۇ يەردە كاتتا بىر شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى پۇقرالىرىغا، پۇقرالىرى پادىشاھقا سادىق ئىكەن. شۇڭا كۆڭۈللەر خاتىرجەم، تۇرمۇش پاراۋان، يۇرت ـ مەھەللە ئاۋات ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يات بىر مەملىكەتنىڭ تۇمەنلىگەن لەشكەرلىرى ئۇشتۇمتۇت كېلىپ بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىپتۇ، تەييارلىقسىز تۇرغان بۇ شەھەر خەلقىنى قىرىپ ـ چېپىپ ئېرىقلاپ قان ئاققۇزۇپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى دەرغەزەپ بولۇپ ئېتىغا مىنىپتۇ ـ دە، ئىككى غولاچ قىلىچىنى ئوينىتىپ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. قىلىچنى بىر قېتىم ئايلاندۇرۇشتا بەش ـ ئالتە دۈشمەننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. پادىشاھنىڭ باتۇرلۇقىنى، قىلىچىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى، ئېتىنىڭ ئۇچقۇرلۇقىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر پاتىپاراق بولۇپ قېچىپتۇ، پادىشاھ بىر كېچە ـ كۈندۈز توختىماي جەڭ قىلىپ تاجاۋۇزچىلارنى تامامەن چېكىندۇرۇپتۇ، پادىشاھ ھېرىپ ـ تالجىقىپ كەتكەنلىكتىن، ئوردىغا كېلىپلا يىقىلىپ جان ئۈزۈپتۇ. شەھەر خەلقى پادىشاھنى قىلىچى بىلەن بىللە دەپنە قىلىپ، كاتتا قەبرە ياساپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز مۇسىبەت تۇتۇپتۇ. «قىلىچى قان» دېگەن بۇ مازار ئەنە شۇ قىلىچى قانغا بويۇلۇپ كەتكەن پادىشاھنىڭ قەبرىسى ئىكەن.

بۇ مازارنى «قىلىچ ـ قالقان» دەپ ئاتايدىغانلار بۇنداق بىر رىۋايەتكە ئاساسلىنىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەرلەر كاتتا شەھەر بولۇپ، ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن بىر تۆمۈرچى ئۇستام ياشىغانىكەن. خوتەن شاھى زاۋا يېزىسىنىڭ قوغان دېگەن يېرىگە لەشكەر توپلاپ، تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنلىرىغا قارشى قانلىق جەڭ قىپتۇ. ئۇ تۆمۈرچى، خوتەن لەشكەرلىرىگە ياراملىق قىلىچ ـ قالقانلارنى ياساپ بېرىپتۇ. خوتەن لەشكەرلىرى قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ قالقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بىلەن قوغدىنىپ جەڭدە غەلىبە قازىنىپتۇ. خوتەن شاھى تۆمۈرچىنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «خوتەننىڭ قىلىچ - قالقىنى» دەپ نام بېرىپتۇ. بۇ مازار ئەنە شۇ تۆمۈرچىنىڭ قەبرىسى ئىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قىلىچ - قالقان» دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەرنىڭ تىلىغا «قىلىچخان» دەپ سىڭىپ قاپتۇ.

«خىلىچخان مازىرى» دەپ ئاتايدىغانلار بۇ رىۋايەتنى دەلىل كەلتۈرىدۇ:

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بۇ يەرلەر كاتتا شەھەر بولغانىكەن، بۇ شەھەردە لوقمان ھېكىم ئىسىملىك كامالەتكە يەتكەن بىر تېۋىپ ياشايدىكەن. ئۇنىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى تامغا مىنىپ ئولتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئاتقا مىنىپ مېڭىشلىرىنى دورايدىكەن، پادىشاھنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن «گۇناھكار» لارنى قامچىلاشقا، دارغا ئېسىشقا بۇيرۇيدىكەن. ئۇنىڭ ئەينەن قاملاشتۇرۇپ دوراشلىرى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋېتىدىكەن. بىر چېقىمچى پادىشاھنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپتۇ. ئاچچىقى قايناپ - تاشقان پادىشاھ جاللاتلىرىنى بۇيرۇپ دورامچى بالىنى باغلىتىپ كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ بالىغا بىر قاراپلا «دادىسى ئۆگەتمىسە بۇ بالا مېنى دوراشنى نەدىن بىلسۇن» دەپ ئويلاپتۇ - دە، بالىنى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ دادىسىنى ئوتتۇز گەز چوڭقۇرلۇقتىكى زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ.

ئون نەچچە يىلدىن كېيىن، پادىشاھقا كېسەللىك چاپلىشىپتۇ. ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى داڭلىق تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپ، ئالتۇندىن قىممەت دورىلارنى يەپ بىر نەچچە يىل داۋالانغان بولسىمۇ، كېسىلى شىپالىق تاپالماپتۇ. پادىشاھ ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئەزرائىلنى كۈتۈپ ياتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قېرى ۋەزىر:

— تەقسىر، ھېكىمى لوقمان ئىسىملىك بىر تېۋىپنى زىندانغا تاشلىغان ئىدىلە، شۇ كىشى ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، ھايات شاملىرى شوخلىنار ئىدى، — دەپتۇ. پادىشاھ سۈرۈشتۈرۈپ بىر قېرى جاللاتنىڭ ئەسلىشى بىلەن ھېكىمى لوقماننىڭ قايسى زىندانغا تاشلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن خانىش بىر نەچچە خىزمەتچىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ھېلىقى زىندانىنىڭ

تۆشۈكىدىن قارىغۇدەك بولسا ئۆلۈك دېسە تىرىكتەك، تىرىك دېسە ئۆلۈكتەك بىر بوۋاي تىزىنى مەيدىسىگە تېگىپ ياتقۇدەك. خانىش شوتا بىلەن زىندانغا چۈشۈپ بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھېكىمى لوقمان دېگەن تېۋىپ ئۆزلىرىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ كىشى كۆزىنىمۇ ئاچالماي، ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ھالسىز ئاۋازى بىلەن:

— مەن شۇ، — دەپتۇ. خانىش زۆرۈرىيەتنى سۆزلەپ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خىزمەتچىلىرىگە:

— بۇ كىشىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ ھېكىمى لوقمان، — مەن بەكمۇ زەئىپلىشىپ كەتتىم، قەيىرىمنى تۇتساڭلار شۇ يېرىم بەدىنىمدىن ئاجراپ كېتىدۇ.

— قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟ — دەپ سوراپتۇ خانىش ۋە ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئون تۆت ياشلىق ئىككى قىزنى ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە تېگىپتۇ، بىر دەمدىن كېيىن بۇ ئىككى قىز ئۆلۈپ ھېكىمى لوقماننىڭ بارماقلىرى ھەرىكەتكە كەپتۇ. يەنە ئون تۆت ياشلىق ئىككى قىزنى ھېكىمى لوقماننىڭ ئالدى - ئارقا تەرەپلىرىگە تېگىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن بۇ ئىككى قىزمۇ ئۆلۈپ ھېكىمى لوقمان كۆزىنى ئېچىپتۇ. بۇ ئىش ئون قېتىم تەكرارلىنىپ يىگىرمە قىز ئۆلگەندىن كېيىن، ھېكىمى لوقمان ماغدۇرغا كىرىپ تۇرۇپتۇ ۋە ئون تۆت ياشلىق قىزدىن يەنە بىرنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ، خانىش خېلىچىخان ئىسىملىك ئون تۆت ياشلىق بىر قىزنى شوتىدىن چۈشۈرۈپتۇ. خېلىچىخان شوتىنىڭ تۆۋەن بالدىقىغا دەسسەپ تۇرۇپ قولىنى بوۋايغا ئۇزىتىپتۇ، بوۋاي قىزنىڭ قولىنى تۇتىمەن دەپ بىر قەدەم يېقىنلاپتۇ، قىز بىر بالداق ئېگىزگە چىقىپ يەنە قولىنى ئۇزىتىپتۇ. ھېكىمى لوقمان قىزنىڭ قولىنى تۇتۇشقا ئىنتىلىپ شوتىغا دەسسەپ بىر بالداق ئېگىزلەپتۇ. قىز يەنە بىر بالداق ئېگىزلەپ قول سۇنۇپتۇ ... شۇنداق قىلىپ خېلىچىخانغا ئەگىشىپ ھېكىمى لوقمان زىنداندىن چىقىپتۇ - دە، قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ مېڭىپ ئوردىغا كەپتۇ. شاھ ئالدىغا كىرگەندە خېلىچىخان ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ ۋە شۇئان جان ئۈزۈپتۇ. ھېكىمى لوقمان قىزلاردىن ئۆتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇۋۋەت بىلەن جىسمانىي ۋە زېھنىي كۈچى تولۇقلىنىپ 30 ياشلىق قىران دەۋرگە يېنىپتۇ. ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە شاھنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. شاھ ھېكىمى لوقماننى ماغدۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن چېنىدىن ئايرىلغان خېلىچىخان قاتارلىق قىزلارنى كاتتا داغدۇغا، چوڭقۇر تەزىيە بىلەن بۇ يەرگە دەپنە قىلغانىكەن، شۇڭا بۇ مازار «خېلىچىخان» دەپ ئاتالغانىكەن.

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل رىۋايەتتە «... بۇ يەردە كاتتا بىر شەھەر بولغانىكەن» دېگەندىن ئىبارەت بىر ئورتاقلىق بار. بۇ ئورتاقلىق بىلەن خۇشئاۋات كەنتنىڭ زېمىنىدە كوزا سۇنۇقلىرى، چىرىپ كەتكەن ئادەم سۆڭەكلىرى ... ئۇچرايدىغانلىقىنى بىرلەشتۈرگەندە، قەدىمكى زامانلاردا بۇ يەرنىڭ راستتىنلا ئاۋات شەھەر ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلغىلى بولىدۇ.

## مىللەت ئېرىق ①

ھازىرقى قاراقاش ناھىيە ئۈرچى يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە «مىللەت ئېرىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. بۇ غەلىتە ئاتالغۇ قانداق كېلىپ چىققان؟

1947 - يىلى زاۋا يېزىسىنىڭ خۇمدان كەنتىدىكى دېھقانلار ئېرىق چېپىۋېتىپ كۆمۈلۈپ قالغان ياغاچ قوغاچنى ئۇچرىتىپتۇ. بىر نەچچەيلەن قوغاچنى كۆتۈرگەنىكەن، قوغاچنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمى ئاجرىلىپ چىقىپتۇ، ئاستىنقى يېرىمىدا بىر جەسەتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەر چۆچۈپ كېتىشىپتۇ. جەسەت كىگىز قالپاق، يۇڭ توقۇلمىدىن تون كىيگەن بىر ئەر كىشىنىڭ ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا قىلىچ، ئوقيا، كۈمۈش جام بار ئىكەن (ياشانغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ يەردە قانلىق جەڭ بولغانىكەن). كىشىلەر بۇ جەسەتكە قاراپ:

— بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن ئەمەسكەن.

① بۇ كەنت 1958 - يىلىدىن باشلاپ بىنا قىلىنغان 46 يىللىق تارىخقا ئىگە يېڭى يۇرت.

— باشقا بىر مىللەتنىڭ ئادىمى ئىكەن، قايسى مىللەتتىن بولغىيدى؟ — دېيىشىپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى:
— بىزنىڭ ئېتىزىمىزغا مىللەت ئېرىقىدىن سۇ كېلىدۇ.
— مىللەت ئېرىقىنىڭ قېشىنى ئېگىزلەيدىغان بولدۇق.
— مىللەت ئېرىقىنىڭ بويىغا جىرىم سالىمىز، — دېگەندەك گەپلەر بىلەن «مىللەت ئېرىق» دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەر تىلىغا ئۆزلىشىپ قاپتۇ.

## يالغۇز ئوغۇل

رىۋايەت قىلىدۇلەركى: ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ئىمامى مۇھەممەت ھەنىپە ئەمەل غوۋغاسى ۋە مەزھەپ قىرغىنچىلىقىدىن بىزار بولۇپ، شاھلىقتىن ۋاز كېچىپ مەككىنى تاشلاپ ئانىسى بۇۋى ھەنىپە خېنىم بىلەن تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ مەرئا ① نى شەرئا ② غا ئۆزگەرتىشنى نەچچە يۈز شەھەر خەلقىنى ئىمانغا كەلتۈرگەندىنمۇ ئۇلۇغ ئىش دەپ ھېسابلايدىكەن. شۇڭا ئۇ پۇقرالارغا باشلامچىلىق قىلىپ تاغلار ئارىسىدىكى جىلغىلاردا ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىپ يەر ئېچىپتۇ، كاتتا ئاۋات شەھەر - يۇرتلارنى بىنا قىلغاندىن كېيىن پۇقرالار بىلەن خوشلىشىپ بۇ يەردىن ئايرىلىپتۇ. ئۇ بارغانلىكى يېرىدە يەر ئېچىپ چۆل كۆكەرتىپ نەچچە ئون يىلدىن كېيىن دۇۋۋا③ دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا دەريا سۈيى شارقىراپ - ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىكەن. ئۇ شاخ - قومۇشلاردىن كەپە ياساپ ئانىسى بىلەن ماكانلىشىپتۇ. ئۇ كېچىدە ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ ئۇخلاپ، ئەتىگەندە قورسىقىنى تويغۇزۇپ پىيالما ④ چۆللۈكىگە بېرىپ يەر ئېچىپتۇ، كۈنلەر مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتكەندە ئىمامى مۇھەممەت ھەنىپە ئېغىر ئەمگەك قىلىپ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن،

---

① تېرىلمىغان ئۇنۇمسىز يەر.
② مۇنبەت باغ - ئېتىزلىق.
③ گۇما ناھىيىسىگە قاراشلىق تاغلىق يۇرت.
④ گۇما ناھىيىسىگە قاراشلىق يۇرت.

چــۇشلۇك غىزاغا كەپكە بارغۇسى كەلمەي توغراق تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇرۇپتۇ. ئوغلىنىڭ چۈشلۈك غىزاغا كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ قالغان بۇۋى ھەنىپە خېنىم بىر ئاياقتا ئاش، بىر قاپاقتا سۇ كۆتۈرۈپ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، ئوغلىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئىمامى مۇھــەمــمــەت ھەنىپە تولىمۇ ھايالىق يىگىت بولۇپ، كۆڭلىكىنى سېــلىۋېتىپ ئىشتانچاق ئولتۇرغانلىقتىن، ئانىسىغا يېرىم يالىڭاچ كۆرۈنۈپ قالغانلىقىغا قاتتىق خىجىل بولۇپ بەدەر قېچىپتۇ. ئانىسى ئۇنى:

— ۋاي بالام توختاڭ، — دەپ قوغلاۋېرىپتۇ. ئىمامى مۇھەممەت ھەنىپە قاچا - قاچا ھېرىپ ھالىدىن كەتكىلى ئاز قاپتۇ. كەينىگە قارىسا ئــانــىسى قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئانىسىغا قاراشتىن ئەيمىنىپ توختىماي يۈگۈرۈۋېرىپ، قەدەم ئالغۇچىلىك ھالى قالمىغاندا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

— ئەي ئاللانىڭ زېمــىنى، ماڭا ئىچ ئاغــرىتىپ قوينۇڭــنى ئاچ! — دەپ ئــىلتىجا قىپتۇ. ئۇنىڭغا رەھمى كەلگەن زېمىن ئىككىگە يېــرىــلــىپــتــۇ. ئــىمامى مۇھەممەت ھەنىپە چاك ئىچىگە ئۆزىنى تاشلاپتىكەن، زېمىن بىر تەۋرەپلا تۇتىشىپ قاپتۇ. بۇۋى ھەنىپە خېنىم ئوغلىنىڭ قەبرىسىنــى يــاســاپ ۋە قەبــرە يېــنــىدا بــىــر نەچچــە ئــاي يــىــغــلاپ - قاقــشــاپ جان ئۈزۈپتۇ. كىشىلەر ئىمامى مۇھەممەت ھەنــىــپــىــنىڭ يالغۇز ئوغۇل ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ قەبرىسىنى «يالغۇز ئوغۇل مازىرى» دەپ ئاتاپتۇ.

ھازىرمۇ بۇ مازارنىڭ يېنىدا مىڭدەك كىشى ناماز ئوقۇيالايدىغان كونا غېرىبانە خانىقا بار. بۇ مازاردىن شىمال تەرەپكە بەش - ئالتە يۈز مېتىرغىچە مــاڭــسا «بــۇۋى ھــەنىپە خېنىمنىڭ مازىرى»غا كەلگىلى بولىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلار، ئېگىز خادىلارغا چىگىپ قــويۇلغان قىزىل، يېشىل، كۆك... رەڭلىك لاتىلار كىشىگە غېرىبلىق - مىسكىنلىك ھېس قىلدۇرىدۇ. ھازىرقى قاراقاش ناھىيە ئۈرچى يېزىسىنىڭ بــۇ كەنتى ئەنە شۇ رىۋايــەتتىكى «يالغــۇز ئوغــۇل» نامــى بىــلەن ئاتىلىدۇ.

## كۇيا رىۋايىتى

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتلار مۇقەددەم، ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۇيا يېزىسى تەۋەلىكىدىكى بۇ جايلار قەدىمكى كېرىيىگە تەۋە ① بولغانىكەن. قەدىمكى پېرسىيە (پارس) دۆلىتىدىن كېرىيىگە كەلگەن «كۇيۇر» دېگەن كىشى كېرىيە پادشاھى ئابدۇللا شاپۇرنىڭ كۇيئوغلى سىياۋۇشنىڭ بۇ يېرىدە بىر ئۆستەڭ قېزىشىغا ياردەملەشكەنىكەن. بۇ كىشىنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆستەڭمۇ، ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىنا بولغان يۇرتلارمۇ «كۇيۇر» دەپ ئاتالغانىكەن. «كۇيۇر» دېگەن ئاتالغۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر تىلىغا «كۇيا» دەپ ئۆزلىشىپ قالغانىكەن.

## تەلۋىلەر

تەخمىنەن 500 يىل ئىلگىرى ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۇيا يېزىسىدىكى بۇ جايدا، توختى غوجىكام ئىسىملىك مىسكەر ياشىغانىكەن. جامائەت ئىچىدە يۈز - ئابرۇيلۇق بۇ كىشىنىڭ بىر قىزى چىرايلىق چوڭ بوپتۇ. بۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلغان يىگىتلەردىن بىرى توختى غوجىكامنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەيمىنىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، قىزنىڭ سىرتقا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ يولدا ناخشا ئېيتىپ مېڭىپتۇ. توختى غوجىكام بۇ يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ:

— مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناخشا ئېيتىشىڭدىكى غەرىزىڭ نېمە؟ — دەپ سوراق قىلىپ، بالداق بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرۇپتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر توختى غوجىكامنىڭ يولسىزلىقىدىن نارازى بولۇپ:

— ئۆتۈپ كەتكەن تەلۋە ئادەمكەن بۇ، — دېيىشىپتۇ. توختى غوجىكامغا سىڭىپ قالغان بۇ لەقەم ئەينى يىللاردىن باشلاپ، بۇ

① تۇران دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەھەللىنىڭ، كېيىنچە كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

تەلۋىلەر دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا يەنە بۇنداق پاراڭلارمۇ بار: ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە بىر جەمەتلىك بەش ـ ئالتە ئائىلىلىك كىشىلەر ياشىغانىكەن. بۇلار ئۆزئارا ئىناق ئۆتمەي كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ جېدەللىشىدىكەن، قوشنا مەھەللىدىكىلەر بىلەنمۇ سۇ ياكى پاسىل تالىشىپ دائىم ئۇرۇش ـ ماجىرا قىلىدىكەن. يولسىزلىق قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، يۇرت چوڭلىرىدىن تەنقىد ـ تەنبىھ ئاڭلىسا قايىل بولماي زاكونلىشىدىكەن ھەم ماجىرادىن باش تارتمايدىكەن. بىر كۈنى قوشنا مەھەللىدىكىلەر بۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. يۇرت چوڭلىرى:

— ئەسكىگە بىر قوشۇق قويۇپ بەرگۈلۈك، ئۇ تەلۋىلەر بىلەن تەڭ بولماڭلار، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جېدەلخورلارغا قويۇلغان «تەلۋىلەر» دېگەن لەقەم يۇرت ـ مەھەللىنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قاپتۇ (ئادەتتە تولۇق چۈچۈمىگەن تەمى ئاچچىق، پۇرىقى قاڭسىق ياغنى تەلۋە ياغ دەيمىز. تىلىمىزدا يەنە «ئادەمنىڭ تەلۋىسى — تۈگمەس غەلۋىسى» دېگەن ھېكمەتلىك گەپمۇ بار).

## قايغۇلۇق

ھازىرقى قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزىسىدىكى بۇ يۇرتقا قايغۇلۇق دەپ ئىسىم قويۇلغانلىقى توغرىسىدا بۇنداق ئىككى خىل رىۋايەت بار.

بىر خىلى: سىرتتىن كەلگەن بىر كىشى بۇ يەرلىك بىر كىشىدىن يول سوراپتۇ. بۇ كىشى جاۋاب بەرمەي غەمگە پاتقان ھالدا قاراپ تۇرۇپتۇ. سىرتتىن كەلگەن كىشى يەنە بىر كىشىدىن يول سورىغانىكەن، ئۇمۇ زۇۋان سۈرمەپتۇ. ئۈچىنچى كىشىدىنمۇ جاۋاب ئالالماپتۇ. يول سورىغان كىشى:

— قۇلىقىڭلارغا گەپ كىرمىدى، ھەممىڭلار پەرىشان ـ قايغۇلۇق ئىكەنسىلەر، — دەپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ يۇرتقا «قايغۇلۇق» دەپ نام سىڭىپ قاپتۇ.

يەنە بىر خىلى: بۇ يەرنىڭ ئېتىزلىقلىرى ئېگىز، ئېرىقلىرى پەس

بولغاچقا، سۇنى تۇغلاپ - چىڭقاپ يان ئېرىقلارغا قايغۇزۇپ، ئاندىن ئېتىزلارغا باشلىيالايدىكەن. سۇنى قايغۇزىدىغان چوڭ - كىچىك ئازمىلار ھەر دوقمۇشتا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، بۇ يۇرت «قايغۇلۇق» دەپ ئاتالغانىكەن.

## «مىڭمو»

رىۋايەت قىلىنىدۇلەركى، بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى تۆتئېغىللىق مىجىت ھاجىم ھەجدىن قايتىپ ياۋىغا يېقىن قالغاندا ئاقساقاللىق، مويسىپىت بىر كىشى (خىزىر) ئۇنىڭدىن:

— ھاجىم، ئۆزلىرى خۇدا يولىدا ھەج قىلىمەن دەپ كۆپتىن - كۆپ رىيازەت چەكتىلە. بۇنىڭ ئۇچۇن مەن ئۆزلىرىگە بىر ياخشىلىق قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. قېنى دېسىلە، مەن راۋا قىلالايدىغان قانداق ھاجەتلىرى بار؟ — دەپ سوراپتۇ. مىجىت ھاجىم:

— يوقسۇ تەقسىر، مەن ھاجىتىمنى بىر ئاللاغىلا ئېيتىمەن، ئاللادىن ئۆزگە ھېچكىمدىن شەپقەت - ياخشىلىق تىلىمەيمەن، — دەپتۇ.

— تولىمۇ دۇرۇس گەپ قىلدىلا، — دەپتۇ مويسىپىت كىشى، — لېكىن، مېنىڭ سىلىگە بىر تەۋسىيە گېپىم بار. ھاسىلىرىنى يەرگە تەگكۈزگەن پېتى كەينىلىرىگە قارىماي ماڭغايلا.

مىجىت ھاجىم ئۇ كىشىنىڭ دېگىنى بويىچە ھاسىسى بىلەن يەرنى سىزىپ كەينىگە قارىماي مېڭىۋېرىپتۇ. مېڭىپ - مېڭىپ يۇرتى — تۆتئېغىلغا كەپتۇ. ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كەينىگە شۇنداق قارىسا ھاسىسىنىڭ ئىزىدىن ئېچىلغان ئۆستەڭدە لىقمۇ لىق سۇ ئېقىپ كېلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان، بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى مىجىت ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولۇپ كەلگەنمىش. قوشنا يۇرتتىكى قوداي لەقەملىك تۇردى ھاجىنىڭ ئوغلى مەتتوختى ھاجى يىلمۇ يىل يەر ئېچىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېتىز - باغلارنى ھەددىدىن زىيادە كېڭەيتىۋېتىپتۇ. بىراق، ئۆستەڭ پەس، يەر ئېگىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاياغ يۇرتلۇقلار سۇ بەرمىگەنلىكتىن، قودايلارنىڭ ئېتىزلىقلىرى ئۇدا بىر نەچچە يىل ئاق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قاپتۇ. مەتتوختى هاجى سۈنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىجىت هاجىنىڭ ئۆستەڭگە مىراسخور ئوغلى ئاخۇن هاجىغا 2000 مو يەرنى هەدىيە قىپتۇ. بۇ سوۋغاتنىڭ بەدىلىگە، ئاخۇن هاجى ئۆستەڭنىڭ بېشىغا ئازما سېلىپ، قودايلارنىڭ ئېتىز - باغلىرىنى سۇغىرىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىپتۇ.

ئاخۇن هاجى سوۋغاتلىق يەرلەرنى سېتىپ - سېتىپ 1000 مو يېرى قالغاندا خېرىدار چىقماپتۇ. ئاخۇن هاجى «1000 مو يېرىم قالغاندا، هېچكىم خېرىدار بولمىدى» دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ «مىڭمو» دېگەن ئاتالغۇ يۇرت نامى سۈپىتىدە كىشىلەر تىلىغا سىڭىپ قاپتۇ. يىللارنىڭ ئايلىنىۋېرىشىگە ئەگىشىپ ئادەملەر كۆپىيىپ يۇرت كېڭىيىپ بېرىپتۇ. «مىڭمو» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئەسلىدىكى تار مەنىسى كېڭىيىپ، هازىرقى قاراقاش ناهىيە ياۋا يېزىسىنىڭ قوداي، باشئېرىق، شاخلىق، مىڭمو، هالايلىدىن ئىبارەت بەش كەنتلىك بىر يۇرتنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

## بۇدا

ئىسلام قوشۇنلىرى ئۇدۇن بۇددىستلىرى بىلەن جەڭ قىلغان يىللاردا، بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغان بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشى يۇرتىدىن ئايرىلىپ هازىرقى قاراقاش ناهىيە پۇرچاقچى يېزىسى هالۇكۆل كەنتىدىكى بۇ جايغا كۆچۈپ كەپتۇ. نەچچە ئون يىلدىن كېيىن بۇ كىشىلەر قوشنا كەنتتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مازارغا، مەسچىتكە بىللە بارغان بولسىمۇ، كېچىلىرى بۇتقا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تۇغراقلىق ئارىسىدىكى كىچىك مەھەللىسى «بۇددا» دەپ ئاتىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «بۇدا» غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

## باشچاي

تەخمىنەن 850 يىل ئىلگىرى هازىرقى قاراقاش ناهىيە پۇرچاقچى يېزىسىغا تەۋە بۇ يەرلەر ئىنسانلىنىڭ ئىزى چۈشمىگەن قومluq ۋە

توغراقلىق جاڭگال ئىكەن. ئىمامى ئەسكەرنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن يەتتە كىشى بۇ يەردىكى تەبىئىي كۆلنىڭ بويىغا ھاسىلىرىنى سانجىپ قويۇپ نانلىرىنى سۇغا چۆكۈرۈپ يېيىشىپتۇ. قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ بىردەم ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن سەپەرنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ، ھاسىلىرىنى سانجىپ قويغان يەردىن تارتىپتۇ ـ يۇ، تارتالماپتۇ. قارىسا ھاسىلار ياشىرىپ شاخ ـ پۇتاقلىرى ئەتراپقا سايە تاشلاپ تۇرارمىش. بۇ تېرەكلەر بىر نەچچە دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 1947 ـ يىللىرىغا كەلگەندە سەككىز ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدىغان توملۇقتا چوڭىيىپ، ئىچىدىكى كامار ـ بوشلۇقتا بىر نەچچە ئادەم يېتىپ ئۇخلاشقا مۇمكىن بولغانىكەن، پۇتاقلىرى كېسىلىپ قاراقاش دەرياسىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىنى ياسىغاندا، تۈۋرۈك قىلىنغانىكەن.

بۇ يەتتە كىشىنىڭ ئىچىدىن سۇلتان لاچىن ئاتا ئىسىملىك كىشى بۇ يەردە جاي تۇتۇپ (ماكانلىشىپ) ياشاپتۇ. بۇ كىشى قازا قىلغاندا ياسالغان قەبرە «سۇلتان لاچىن ئاتام مازىرى» دېيىلىپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېقىن يۇرتلاردىن كىشىلەر كۆچۈپ كېلىشىپ يۇرتقا ئايلانغان بۇ يەر ــ «جاي» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئۆلگەنلەر «سۇلتان ئاتا مازىرى»غا كۆمۈلۈۋېرىپ، بۇ مازارنىڭ دائىرىسى 80 مودىن، كونا ـ يېڭى قەبرىلەر 2000 دىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ساق ۋە سۇنغان كوزىلار، خىش تاملىق مەقبەرىلەر گۆر كولانغان جايلاردىن ئۇچراپ تۇرىدىكەن.

## «قازاق مازار غوجام»

ھازىرقى قاراقاش ناھىيە قويچى يېزىسىنىڭ باشقازاق ۋە ئاياغقازاق كەنتلىرىنىڭ تۇتاشقان يېرىدە «قازاق مازار غوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبرىستانلىق بار. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سۇلتانى زەنجىرى كاسانى نەچچە ئون ئەسكەر ۋە خىزمەتچىلىرى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەندە، قانغا مىلەنگەن كىيىملەرنى بىر تۆگىگە ئارتىپ كېلىۋاتقان بىر قېرى بۇتپەرەسكە ئۇچراپتۇ. سۇلتان زەنجىرى كاسانى ئۇنىڭدىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— نېمانداق يالغۇز ماڭدىڭ، بىزگە ئۇچراپ قېلىشقىدىن قورقمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇتپەرەس قىرى:
— ھەمراھلىرىمنىڭ ھەممىسى تۈنۈگۈنكى جەڭدە ئۆلۈپ تۈگىدى، مەن ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى خوتۇن - بالىلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماڭغانتىم. بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بىر خىزمەتچى سۇلتان زەنجىرى كاسانىغا:
— بۇ قىرى بۇتپەرەسنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.
— ياق، — دەپتۇ سۇلتانى زەنجىرى كاسانى، — بىزگە قارشى تۇرالمايدىغان قىرى - ئاجىز دۇشمەنلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، دىنىي ئىسلامىمىزغا مۇخالىپلىق قىلغان بولۇرمىز. ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، بالا - چاقىلىرى بىلەن دىدارلىشىۋالسۇن.
سۇلتانى زەنجىرى كاسانىنىڭ رەھىم - شەپقىتىدىن تىرىك قالغان بۇ قىرى بۇتپەرەس ئەسلىي ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇپ، بۇددىستلار قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، سۇلتانى زەنجىرى كاسانىنى ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىلا چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇلار دەپنە قىلىنغان مازارلىقتا كېيىن يەرلىك كىشىلەرمۇ دەپنە قىلىنغانلىقتىن، «قازاق مازار غوجام» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## توپلۇق (تۇتلۇق)

بۇنىڭدىن 1020 يىل ئىلگىرى كاسانلىق سۇلتانى ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە ئەسكىرى، ئاش - تاماق تەييارلايدىغان يەتتە نەپەر قىز خىزمەتچىسى، بۇددا ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ (ئەسىرگە چۈشۈپ) قىلىپ شىھىت بوپتۇ. بۇ جاي قۇملۇق بولغاچقا، جەسەتلەر قېلىن تاختايدىن ياسالغان تاۋۇتلارغا سېلىنىپ دەپنە قىلىنىپتۇ.
ئىسلام قوشۇنلىرىدىن بىر قىسمى بۇددا ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى يېرىپ چىقىپ، ئىمامى ئەسكەرنىڭ كەينىدىن يېتىپ بېرىپتۇ. ئىمامى ئەسكەر ئۇلاردىن:
— سۇلتانى ھەيدەر نەدە قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار:

— تابۇتلۇقتا قالدى، — دەپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ جاي «تابۇتلۇق» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ ئاتالغۇ بىر نەچچە ئەسىر داۋامىدا «توبۇتلۇق»قا ئۆزگىرىپ، كېيىن «توپۇلۇق»قا قىسقىراپتۇ. يەنە باشقا گەپلەرگە قارىغاندا، بۇددا ئەسكەرلىرىگە تۇتۇلۇپ قېلىپ شېھىت بولغانلار دەپنە قىلىنغان بۇ مازار دەسلەپتە «تۇتۇلۇغلۇق» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «تۇتلۇق»قا قىسقىراپتۇ.

## تۆۋەت

هازىرقى قاراقاش ناهىيە تۆۋەت يېزىسىنىڭ نامى بولغان «تۆۋەت» دېگەن ئاتالغۇنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇنداق ئىككى خىل قاراش خەلق ئارىسىدا بىللە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىر خىلى: بۇخارانىڭ يېنىدىكى دەۋەت دېگەن يۇرتتىن بىر كىشى خوتەنگە يۇرۇش قىلغان ئىسلام قوشۇنلىرىغا ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراق يەتكۈزىدىغان ئارقا سەپ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل ئەمەلدارلارنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ كىشى خوتەن خەلقى بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا يۈزلەنگەندىن كېيىن يۇرتىغا (دەۋەتكە) قايتىپ كەتمەي، بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقتىن، بۇ مەھەللە دەۋەت دەپ ئاتالغانىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «دەۋەت» دېگەن ئاتالغۇ «تۆۋەت» كە ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

يەنە بىر خىلى: خوتەن خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، كەشمىرلىك بىلەن تىبەتلىك (شىزاڭلىق) نىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۇغۇلغان ئىسھاقباي ئىسىملىك كىشى بۇ جايدا ئېرىق چېپىپ، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقتىن، شۇ زاماندىن باشلاپ بۇ مەھەللە تىبەت دەپ ئاتىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «توۋەت» كە ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

بۇ كەنتتە «توۋەت مازارخوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبرىستانلىق بار. بۇ قەبرىنىڭ تېگىدە بۇددىست ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىش جەريانىدا قۇربان بولغان سۇلتانى ئەھمەد زەنجىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كاسانىنىڭ جەستى كۆمۈلگەنىكەن. سۇلتانى ئەھمەد زەنجىرى كاسانى[1] شېھىت بولۇپ 100 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى ئىسلام قوشۇنلىرى كېلىپ خوتەن تەۋەلىكىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، يەنە 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن (تەخمىنەن 1250 ـ يىللىرى) قەشقەر پادىشاھى يۈسۈپ قادىرخان مەخسۇس كىشىلەرنى بەلگىلەپ، جەڭلەردە شېھىت بولغان قوماندانلارنىڭ كۆمۈلگەن يەرلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ چوڭ قەبرىلەرنى قاتۇرۇپ، تۆت ئەتراپىغا سالاسۇنلارنى ئورنىتىپ، تۇغ ـ ئەلەملەرنى تىكلەپ مازارلارنى بارلىققا كەلتۈرگەنىكەن. جۈملىدىن بىر كىشى تۆۋەتكە كېلىپ ياشانغان كىشىلەرنى جەم قىلىپ، سۇلتانى ئەھمەد زەنجىرى كاسانىنىڭ كۆمۈلگەن يېرىنى تېپىپ بۇ مازارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم دۇئاخانا، مەسچىتلەرنى سالدۇرۇپ ۋەخپە يەرلەرنى ئاجرىتىپ، ئىمامى، شەيخلەرنى تەيىنلەپ قايتقانىكەن. بۇنىڭدىن 1024 يىل ئىلگىرى تۆت ئىمامى زەبىبۇللا باشچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرى ئۇرۇشلاردا قىرىلىپ، ھايات قالغان 40 چىلتەن ئارىسىدىكى بىر ئەسكەرنىڭ ئەۋلادى بولغان موللا خوجا مەۋلىۋى ئىسمىلىك كىشى، شۇ چاغدا بۇ مازارنىڭ شەيخلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن مەكتەپ ئېچىپ يۇرت خەلقىغە، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەنىكەن.

## چاقار

ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۆۋەت يېزىسىدىكى بۇ جاي ئىلگىرى چاقار دەپ ئاتىلاتتى. «چاقار» ئاتالغۇسىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: مۇسۇلمان لەشكەرلەردىن ئىمامى نۇرىدىنخان ئىسىملىك بىر زات قوشۇندىن ئايرىلىپ قېلىپ، بۇتپەرەس قوشۇننىڭ قورشاۋىدا قاپتۇ. ئۇ كىشى

[1] ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇلتانى ئەھمەد زەنجىرى كاسانى، ياقۇپ كاسانى، خوجا سۇلايمان كاسانى قاتارلىق يەتتە قوماندان مەختۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىلىرى ئىكەن.

بىر ئامال قىلىپ قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ، ئاتنى چاپتۇرغانچە قېچىپتۇ. ئۇ دەريا بويىغا كېلىپ بىر قويچىدىن سوراپ پاناھلانغۇدەك جاينى بىلمۇالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى قوغلاپ كەلگەنلەرنى ئېزىقتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇددىست قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىپ:

— ئاتلىق قاچقۇننى كۆردۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قويچى:

— كۆرمىدىم، — دەپتۇ. بۇددىستلار ئۇنىڭ جاۋابىغا ئىشەنمەي:

— ئۇنىڭ كەتكەن يېرىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، بىز ساڭا نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىمىز، — دەپتۇ. قويچى ئىمامى نۇرىدىنخاننىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇددىستلار ئىمامى نۇرىدىنخاننى تۇتۇۋېلىپ قەتلى قىپتۇ. قويچى چېقىمچىلىق قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ باللىرىغا «چاقارلار» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. بۇلار شۇ چاغلاردىن باشلاپ دولانلار دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇلار ئۇلۇغلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ھازىرغا قەدەر نامراتلىق، موھتاجلىقتىن قۇتۇلالماپتىمىش.

## ئىمامى ئەسكەر

ھازىرقى قاراقاش ناھىيە يېڭىيەر يېزىسىدىكى «ئىمامى ئەسكەر» دېگەن بۇ كەنت نامى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت خەلق ئىچىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە:

ئىمامى ھەسەننىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرى مۇشۇ جايدا بارگاھ قۇرۇپ، بۇددىستلارغا قارشى غازات قىلغانىكەن. بۇلارنىڭ تامىقى ھازىرقى «قازانتوغراق» دېگەن جايدا پىشۇرۇلۇپ يەتكۈزۈپ بېرىلىدىكەن. قاراقاش دەرياسى بويىدىكى «شېھىتلىك» دېگەن مازارنىڭ ئورنى ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇپ، ئىستىقامەت قىلىدىغان ئورنى ئىكەن. بىر ئەتىگىنى بۇلارغا قارشى دەريا بويلاپ يۈرۈش قىلىپ كەلگەن بۇددىستلار ئۇلارنىڭ بامدات نامىزىغا ئولتۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قىلىچ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. قىرىق بىر سەپ ئادەمدىن ناماز ئاخىرلاشقۇچە چېپىلماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالغان ئۈچ سەپ مۇسۇلمان قېچىپ كېتىپتۇ. كېيىن بۇلار هازىرقى «ئىمامى ئەسكەر» دەپ ئاتالغان مازارنىڭ ئورنىدا قەتلى قىلىنغانىكەن.

## قوشۇلاش

ئىسلام ئەسكەرلىرى خوتەننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، قاراقاش دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈش قىپتۇ. ئۇلار قۇملۇققا قانچە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى دەريا سۈيى شۇنچە تارتىلىپ، ئاخىر سۇسىز چۆللۈككە چىقىپ قاپتۇ. چىداپ بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ. ئەمما، ئۇسسۇزلۇق ئۇلارنى ئاخىر دەرماندىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. ئۇلار هوشىدىن كېتىشكە، جان ئۈزۈشكە باشلاپتۇ.

مۇشۇ ۋاقىتتا ئەرشتە ساياھەت قىلىۋاتقان ھەزرىتى ئىمامى ئەلى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. ئۇ كۆرۈپتۇكى، يېقىن ئىككى دەريا (قاراقاش، يورۇڭقاش دەرياسى) بىر - بىرىگە قوشۇلماي ئېقىپ قۇم ئىچىگە سىڭىپ كېتىۋېتىپتۇ. دەريا سۈيى تۈگىگەن يەرلەردە بولسا تالاي ئادەملەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن جەسەتلىرى، ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ بىچارە ھالىتى كۆزگە تاشلىنىپتۇ. ھەزرىتى ئىمامى ئەلى خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ:

— ئى خۇدا، ئۇلۇغ قۇدرىتىڭ بىلەن بۇ ئىككى دەريانى بىرلەشتۈرۈپ، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قۇملۇقتا سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلساڭ، سېنىڭ سادىق بەندىلىرىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمىسە! — دەپتۇ.

شۇئان شەرقتىكى دەريا ئېگىلىپلا غەربتىكى دەرياغا تۇتىشىپتۇ. ئىككى دەريا بىرلەشكەندىن كېيىن سۇ قۇملۇقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ چوڭ دەرياغا (تارىم دەرياسىغا) قۇيۇلۇپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ خوتەن بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدا بېرىش - كېلىش باشلىنىپتۇ. ئىككى دەريا بىرلەشكەن جاي «قوشۇلاش» دەپ ئاتىلىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قوشۇلاش» سۆزى «قوشلاش» قا ئۆزگىرىپتۇ.

غەربتىكى دەريانىڭ ئۇدۇل ئاققان (سەل شەرققە قاراپ) ئىزىنى

ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

## مارجان

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن ئىسلام ئەسكەرلىرى قاراقاش دەرياسى بويىدا دەھشەتلىك ئۇرۇش قىپتۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئىسلام ئەسكەرلىرى زور تالاپەتكە ئۇچراپ، قىرىلىپ ئاز بىر قىسمىلا قاپتۇ. ئىسلام ئەسكەرلىرى ناھايىتى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، بۇددىستلار ئىچىدىن ئىسلام دىنىغا مايىللىراق ماجام ئىسىملىك بىر ئەسكەر كېچە تەڭدىن ئاشقاندا ئىسلام ئەسكەرلىرىگە ئاخبارات يەتكۈزۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھازىر بىز تەرەپتىكىلەر غەلىبە خۇشاللىقىدىن ئۆلگۈدەك ئىچىشىپ ياتماقتا. ھەتتا قاراۋۇللارمۇ بىر - بىرىنى تونۇيالمىغۇدەك مەست بولۇپ كەتتى. ناۋادا سىلەر غەلىبە قىلىمىز دەيدىكەنسىلەر، ھازىرلا قوزغالساڭلار ئۇلارنى چوقۇم مەغلۇپ قىلالايسىلەر، — ماجام مۇشۇ سۆزنى دەپ قويۇپلا قايتىپ كېتىپتۇ.

ئىسلام ئەسكەرلىرى تېزدىن يۈرۈش قىلىپ، بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا بۇددىستلارنىڭ قېنىدىن دەريا ئاققۇزۇپتۇ. ماجامنىڭ ئاخباراتى سەۋەبىدىن ئىسلام قوشۇنىدىكىلەر غەلىبە تۇغىنى ئېرىشىپتۇ. ئەمما، بىر قىسىم بۇددىستلار ماجامنىڭ خەۋەر يەتكۈزگەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىپ قېچىپتۇ.

ئىسلام قوشۇنىدىكىلەر ماجامغا چوڭقۇر ماتەم بىلدۈرۈپ، مۇسىبەتكە چۆشۈپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتىنى ئىسلام قائىدىسى بويىچە مۇشۇ قۇملۇققا كۆمۈپ بۇ يەرنى «ماجام» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىن بۇ ئىسىم «مارجان» غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

## كاللا ئاستى

1910 - يىللىرى، ئەتىياز. ئۈچ ئېشەككە شايى - ئەتلەسلەرنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



يۇكلەپ خوتەندىن يولغا چىققان ئىككى سودىگەر قاراقاش دەرياسى ئېقىنىنى بويلاپ قۇملۇق دۆڭلەر ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن ئاقسۇغا كېتىۋاتاتتى. 60 ياشلاردىكى ئايال ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— ئىككى غوجامدىن ئىككى نان سەدىقە تىلەيمەن، — دېدى. ئىككى سودىگەر ئادەمزات ياشىمىغان بۇ قۇملۇقتا بىر تىلەمچى ئايالنىڭ بارلىقىغا ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بەردى. ئانىسىنىڭ «ئىككى غوجامدىن ...» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىككى ئادەم كەلگەنلىكىنى پەملىگەن ئۈچ ئوغۇل ئاللىقاچان بىلەپ قويۇلغان خەنجەرلىرىنى ئېلىپ گەمىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ئىككى يولۇچىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جەسەتلەرنى دۆڭنىڭ دالدىسىدىكى كاتەككە تاشلىدى. ئۇلجىغا چۈشكەن تەڭگىلەرنى ئانىسىغا بېرىپ، شايى - ئەتلەسلەرنى گەمىگە يوشۇردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئانىسىنىڭ:

— ئالتە غوجام، ئالتە نان سەدىقە بەرگەيلا، — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئۈچ ئوغۇل ئالتە يولۇچىغا كۈچى يەتمەسلىكىنى پەملەپ گەمىدە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇۋەردى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن خوتەندە «تۆتتىن ئاز سەپەرچىنى ئېيىق يەپ كېتىدىكەن»، «يولدا قاراقچى بار ئىكەن» دېگەن گەپلەر پەيدا بولدى. «تىلەمچى ئايال» ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئادەم ئۆلتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. 20 دىن ئارتۇق جەسەت كۆمۈلگەن كاتەكتىن ئۈچ توپ يانتاق ئۈنۈپ چىقتى. ئوتتۇرانچى ئوغۇل توختىنەزەر ئۈچ توپ يانتاقتا تاۋۇز ئۈلىدى. ھەيھات، تاۋۇز دېگەن شۇنداقمۇ يوغان چۈشەمدۇ؟ ! بىر تاۋۇزنى بىر ئادەم تەسلىكتە كۆتۈرەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاقسۇدىن خوتەنگە كېلىۋاتقان كارۋانلاردىن ئولجا ئالغان ئات ۋە تۆگىلىرى بار ئىدى، ئۈچ ئوغۇل ئىككى تاۋۇزنى بىر تۆگىگە جايلاشتۇرۇپ بىردىن ئاتقا مىنىپ يولغا چىقتى. ئۇلار تاۋۇزلارنى خوتەننىڭ ئامبىلىغا سوۋغات قىلىپ كۆپ ئىنئام ئالماقچى ئىدى. ئامبال بۇ سوۋغاتنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدى ھەم:

— مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق يوغان تاۋۇزلارنى كۆرمىگەنتىم. قانداق

قىلىپ بۇنچە يوغىناتتىڭلار؟ — دەپ سورىدى. توختىنەزەر:

— يانتاقتا ئۆلىغان تاۋۇز مۇشۇنداق چوڭ ھەم تاتلىق پىشىدۇ، — دېدى. ئامبال ئۇلارنى بىر نەچچە كۈن مېھمان بولۇشقا دالالەت قىلىپ ئايرىم ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. ئامبال قول ئۇستىدىكى ئەمەلدارلارنى تاۋۇز بىلەن مېھمان قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆيگە جەم قىلدى. ياساۋۇلنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى ئېلىپ تاۋۇزنى تىلدى. تاۋۇزنىڭ سۈيى قىپقىزىل قاندەك تامدى، بىر ئەمەلدار تاۋۇزنى تېتىپ بېقىپ:

— ھەزرەتلىرى، ئۆتكەن ئايدا قىزىمنى يىلان چېقىۋالغاندا جاراھەت ئورنىنى كېسىپ قېنىنى شوراپ تۈكۈرۈۋەتكەنتىم. بۇ تاۋۇزنىڭ تەمى ئۆز ئەينى ئادەم قېنىدەك تېتىيدىكەن، — دېدى. ئامبال بۇ تاۋۇزلار قانداقتۇ بىر شۇملۇق بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى پەملەپ ئۈچ ئوغۇلنى ئالدىغا چاقىرغۇزۇپ:

— سىلەرگە بىر ئادىمىمنى قوشۇپ قويىمەن. پۇلنى جىق بېرەيلى، ئۆيۈڭلاردىكى تاۋۇزلارنى سېتىپ بېرىڭلار. يانتاقتا تاۋۇز ئۆلاشنىمۇ ئۆگىتىپ قويۇڭلار. ئاناڭلارنى ئېلىپ شەھەرگە كۆچۈپ كېلىڭلار. مەن سىلەرگە ئۆي - زېمىن، مەنسەپ بېرىمەن، — دېدى. ئۈچ ئوغۇل خۇشال بولۇشۇپ ئەمەلدار بىلەن يولغا چىقتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. ئاخشىمى ئۈچ ئوغۇل ئۇيقۇغا كەتكەندە ئەمەلدار شەپە چىقارماي ئورنىدىن تۇرۇپ گەمىدىن سىرتقا چىقتى. ئامبال «ئۇلارنى كۆزۈڭلاردىن يوقىتىپ قويماڭلار، ئاشكارىلىنىپمۇ قالماڭلار» دەپ تاپىلىغان ياساۋۇللار بىلەن ئۇچراشتى. ئەمەلدار ياساۋۇللارنى تاۋۇز ئۆلانغان يانتاقنىڭ تۈۋىنى كولاشقا بۇيرۇدى. ئىككى غېرىچچە كولانغاندىن كېيىن جەسەتلەر ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى. «تىلەمچى ئايال» بىر نەچچە ئادەمنىڭ يانتاقنىڭ تۈۋىنى كولاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا ئوغۇللىرىنى قاچۇرۇۋەتكەنىدى. ئەمەلدار «تىلەمچى ئايال» نى باغلىتىپ، بۇلانغان زاك ماللارنى ئېلىپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى ھەم كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئامبالغا دوكلات قىلدى. «تىلەمچى ئايال» پاكىتلارنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ ھەممىنى ئىقرار قىلدى. ئامبال

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكتى
www.uyghurkitap.com



قاراقچىلارنى تۇتۇش توغرىسىدا دوقمۇش - دوقمۇشلارغا ئېلان چاپلىدى. شەھەر - شەھەرلەرگە ئالاقە ئەۋەتتى. تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە كۆپ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى جاكار قىلدى. توختىنەزەر قۇمۇلدا نەق مەيداندا بويىنى چېپىلىپ كاللىسى قۇمۇل دەرۋازىسىغا ئېسىلدى. روزىنەزەر تۇرپاندا تۇتۇلۇپ كاللىسى تۇرپان دەرۋازىسىغا ئېسىلدى. باينەزەر ئايالچە ياسىنىپ يۈزىنى يۆگەپ يوشۇرۇنۇپ يۈردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدا ئاش يەپ ئولتۇرغاندا باشقىلار ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى كۆرۈپ قالدى. «ئايال كىشىنىڭ ساقال - بۇرۇتى بولسا ... بۇزادى قانداق ئىش؟» دەپ گۇمان قىلىپ ئۇنى تۇتۇپ ئامبالغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئامبال باينەزەرنىڭ بويىنى كېسىپ كاللىسىنى خوتەندە بىر نەچچە كۈن سازايى قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ قاراقچى جەسەت كۆمگەن جايغا ئېگىز خادا ئورنىتىپ باينەزەرنىڭ كاللىسىنى خادىغا ئېسىپ قويىدى. كارۋانلار بۇ يولدىن خاتىرجەم ماڭىدىغان بولدى. شۇ چاغلاردىن باشلاپ بۇ جاي «كاللا ئاستى» دەپ ئاتالدى.

مەمتىمىن قۇربانىنىڭ «قاراقاشنى چۈشىنەيلى» ناملىق كىتا - بىدىن تاللاپ ئېلىندى.

## كېرىيە رىۋايەتلىرى

1

بۇرۇنقى زاماندا كېرىيىگە قەشقەردىن نۇرغۇن ئاھالىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرغان ئىكەن. قەشقەردىن كېرىيىگە ساق - سالامەت يېتىپ كەلگەنلەر توپ - توغرا ئۈچ مىڭ ئائىلىلىك ئىكەن. كېرىيىلىكلەر بەكمۇ مېھماندوست بولغاچقا، ئۇلارنى «كەل يار» دەپ قىزغىن قارشى ئاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرت «ئۈچ مىڭ كەل يار» دەپ ئاتىلىپ كېيىنچە «كېيا» بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا كونىلار كېرىيىنى «ئۈچ مىڭ كېيا» دەيدىكەن.

2

كېرىيە قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان

بولغاچقا، دەريا تاغدىن باشلىنىپ، بۇ بوستانلىقتا كەلگەندە چوڭقۇر يار ھاسىل قىلىپ ئاقىدىكەن. «تاغ» سۆزى بۇرۇنقى تىلدا «قىر» دەپ ئاتىلىدىكەن. ھازىرمۇ يەرلىك شېۋىدە شۇنداق ئاتىلىدۇ. شۇڭا «تاغ قېشىدىكى يار» دېگەن مەنىدە «قىريا» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «كېيا» بولۇپ قالغان ئىكەن.

3

ئەڭ دەسلەپ كېرىيە بوستانلىقىدا ئولتۇراقلاشقانلار دەريانىڭ ئەتراپىنى ئېچىپ تېرىغان ئىكەن. كېرىيە دەرياسى چوڭقۇر ئويۇلۇپ كەتكەن يار بولغاچقا، ئېتىزلار يار ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن ئىكەن. يەرلىك تىلدا ئېتىز «قىر» دېيىلگەچكە، «ئېتىز قېشىدىكى يار» دېگەن مەنىدە «قىريا» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «كېيا» بولۇپ قالغان ئىكەن.

4

كېرىيە شېۋىسىدە ئېتىز «قىر» دەپ، دەريا «يا» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇرۇنقى زاماندا دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى دەريا لېۋىگە جايلاشقان بولغاچقا، «دەريا بويىدىكى ئېتىز» دېگەن مەنىدە «قىريا» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «كېيا» بولۇپ قالغان ئىكەن.

5

كېرىيىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بۇ يۇرتقا كېيىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار بۇ يۇرتنى «قەدىمىي يەر» دېگەن مەنىدە «قېرى يەر» دەپ ئاتاپ، كېيىنچە «كېرىيە» بولۇپ قالغان ئىكەن.

6

كېرىيىدە دېھقانچىلىق بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان ئىكەن. پايدىلانغىلى بولىدىغانلىكى بوستانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېتىز ئىكەن. كېرىيىنىڭ يەر شەكلى تەكشى بولمىغاچقا، سوغىرىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن ئېتىز قىرلىرىنى كۆپېك سالىدىكەن. شۇڭا قەيەرگە قارىسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېتىز قىرلىرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر «قىر كۆپ يەر» دېگەن مەنىدە «قىريەر» دەپ ئاتاپ، كېيىنچە «كېرىيە» بولۇپ قالغان ئىكەن.

7

كېرىيە دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى ئېقىنى هازىرقى كېرىيە كونا شەھەر رايونىنىڭ داۋان بېشىدىن باشلاپ، بەش توغراقتىكى غادىراڭنىڭ قۇمىغىچە بولغان 20 نەچچە كىلومېتىر دائىرىدە ئاقىدىكەن. كېيىنچە دەريا تېگى ئويۇلۇپ، هازىرقى ئىزىغا چۈشكەن ئىكەن. بۇرۇنقى تىلىمىزدا دەريا «يا» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇنداق كەڭ ئېقىن كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ دەرياني «كەڭ يا» دەپ ئاتىغان ئىكەن. كېيىنچە دەريانىڭ ئىسمى بۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ «كەڭيا» دەپ ئاتىلىپ كېيىنچە، «كېيا» بولۇپ قالغان ئىكەن.

## چوقلا

بۇرۇنقى زاماندا، سىرتتىن كەلگەن بىر تۇركۇم كۆچمەن كېرىيە شەنبە بازارنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تېخى ئېچىلمىغان يەرنى ماكان تۇتۇپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بولمىغاچقا، جەڭدە ئىشلىتىدىغان نەيزە بىلەن يەرنى چوقۇلاپ ئېرىق ئېلىپ سۇ باشلاپ كېلىپ، يەنە نەيزە بىلەن يەرنى چوقۇلاپ بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەر «چوقلاش» دەپ ئاتىلىپتۇ. چوقلاش جەمەتىدىكىلەر شۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. بۇ كەنتمۇ «چوقۇلاش» مەنىسىدە «چوقلا» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

## قاراتۇرۇن

بۇرۇنقى زاماندا كېرىيە شەنبە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى

سازلىقتا يېقىن جايدا بىر قانچە كۆنچى ماكانلىشىپتۇ. يەنە بىر نەچچە خۇمدانچى بۇ يەردە خۇمدان ماڭغۇزۇپتۇ. كۆنچىلەرنىڭ كۆن ئىسلىغاندا كۆن خۇمدىنىدىن چىققان ئىس ۋە خۇمدانچىلار كېسەك پىشۇرغاندا خۇمداندىن چىققان ئىسلار بىلەن بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىدا ھەمىشە قارا ئىس لەيلەپ يۇرىدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇ كەنتنى «قارا تۇتۇن» دەپ ئاتاپ كېيىنچە «قاراتۇرۇن» بولۇپ قالغان ئىكەن.

## داشمان

بۇرۇنقى زاماندا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى شەنبە بازار تەۋەسىدە تۆت دانىشمەن ئۆتكەن ئىكەن. بۇ دانىشمەنلەر ئىلىم - ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئالدىن كۆرەرلىكى يۇقىرى كىشىلەر بولىسمۇ، زاھىتلىق يولىنى تۇتقان ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ئۆز نامىنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئىسمى - شەرىپىنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئولتۇرىقى بىر - بىرىدىن يىراق ئىكەن. ئۇلار ھەمىشە كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كەنت ئايىغىدىكى شىۋاقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر دۆڭدە جەم بولۇپ، ئۆز ئارا مۇتائىلە قىلىشىدىكەن. شۇڭا بۇ دۆڭ «دانىشمەننىڭ دۆڭى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «داشمان دۆڭ» بولۇپ قالغان ئىكەن. كىشىلەر بۇ دانىشمەنلەرنى ئاتاشتا ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە ئادەتلىرى بىلەن ئاتايدىكەن. بۇ دانىشمەنلەرنىڭ بىرى ياشتا ۋە ئىلىم - بىلىمدە پېشىۋا بولغاچقا، ئۇنى كىشىلەر «تادەك دانىشمەن» دېگەن مەنىدە «تاغدانىشمەن» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئىسىم كېيىنچە ئۇ ماكان تۇتقان كەنتنىڭ نامى بولۇپ، «تاغداشمان» دەپ ئاتىلىپتۇ. يەنە بىر دانىشمەن ھەمىشە ھويلىسىدا ئولتۇرىدىكەن. ياز كۈنلىرى ھويلىدا ئۇخلايدىكەن. يەرلىك تىلدا ھويلا «ھال» دەپ ئاتالغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «ھويلا دانىشمەن» دېگەن مەنىدە «ھالدانىشمەن» دەپ ئاتايدىكەن. كېيىنچە بۇ نام ئۇ كىشى ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ، «ھالداشمان» دەپ ئاتالغان ئىكەن. يەنە بىرى ھەمىشە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىشىكى ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرىدىكەن. يەرلىك تىلدا سۇپا «سۇكە» دەپ ئاتالغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «سۇپا دانىشمەن» دېگەن مەنىدە «سۇكە دانىشمەن» دەپ ئاتايدىكەن. كېيىنچە بۇ نام ئۇ كىشى ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ، «سۇكە داشمان» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «سىكە داشمان» بولۇپ قالغان ئىكەن. يەنە بىر دانىشمەننىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بولمىغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «دانىشمەن» دەپلا ئاتايدىكەن. كېيىنچە بۇ نام ئۇ كىشى ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ، «داشمان» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

## قارىمان

قارىمان كېرىيە مۇغاللا بازىرىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقى زاماندا بۇ كەنتتە باشقىلارنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇشتا داڭ چىقارغان بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، يەرلىك ھاكىمبەگ ئۇنىڭغا «قەھرىمان» دەپ نام بەرگەن ئىكەن. بۇ كەنت «قەھرىماننىڭ مەھەللىسى» دېگەن مەنىدە «قەرىمان مەللىسى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «قارىمان» بولۇپ قالغان ئىكەن.

## چۆپچىلە

كېرىيە ناھىيە جاي يېزىسىنىڭ چۆپچىلە كەنتى كېرىيە دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولغاچقا، ھەمىشە كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بۇرۇنقى زاماندا ھەر يىلى ئۇدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، دېھقانچىلىقتىن زادى ھوسۇل ئالالماي، يامۇلغا تاپشۇرىدىغان باجنى تۆلەشكە ئامالسىز قاپتۇ. لېكىن بەگ - دورغىلار ھەدېسە باج تۆلەشكە قىستاپ، يەرلىك دېھقانلارنى زادى ئارامىدا قويماپتۇ. ئۇلار ئاخىر بولالماي، يامۇلغا كىرىپ، ئامبالغا داد ئېيتىپتۇ. ئامبال ئۇلارنىڭ ئەرزىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئەھۋالنىڭ راستىنىلا شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاشلىق

ئورنىغا يامۇلنىڭ ئات - ئۇلاغلىرى ئۇچۇن ئوت - چۆپ تاپشۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كەنتتىكىلەر يامۇلغا ئوت - چۆپ تاپشۇرۇپ، ئاشلىق ئالۋىنىدىن قۇتۇلۇپتۇ. بۇ يەرلىك دېھقانلار «ئوت - چۆپ تاپشۇرغۇچىلار» دېگەن مەنىدە «چۆپچىلەر» دەپ ئاتىلىپتۇ ۋە بۇ نام بۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ، «چۆپچىلە» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## ئەگىلە

بۇرۇنقى زاماندا، كېرىيىنىڭ كۆكيار يېزىسىدا «كەمەك ھەييار» دەپ ئاتالغان تولىمۇ ھەييار، گەپدان، قىزىقچى، ھىيلە - مىكىرگە ماھىر بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ھەمىشە بەگ - غوجاملارنى گەپتە سوقۇپ، ئىش - ھەرىكەتتە چۇشۇرۇپ، يۈزىنى لەت قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ناھىيە ئامبىلىنى ئەل - جامائەت ئارىسىدا لەت قىلىپ، يۈزىنى قاتتىق چۇشۇرۇپتۇ. غەزەپلەنگەن ئامبال بۇ ئۆچمەنلىكنى كۆڭلىدە ساقلاپ، كەمەك ھەييار ئۈستىدە جىنايەت توقۇپ، ئۇنى تۇتۇپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىپتۇ. چېرىكلەر كەمەك ھەييارنى ئېتىزدا ئىش قىلىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ، يولغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ چاغدا مەخسۇس دار بولمىغاچقا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنى دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈرىدىكەن. چېرىكلەر كەمەك ھەييارنى بىر دەرەخكە ئاسقان ئىكەن، دەرەخ ئېگىلىپ، كەمەك ھەييارنىڭ پۇتى يەرگە تېگىپ قاپتۇ. ئۇلار يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى يوغان ئىككى تۇپ دەرەخكە دار باغلاپ، كەمەك ھەييارنى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ دارغا ئاسقان ئىكەن. بۇ دەرەخلەرمۇ ئېگىلىپ، ئىككى دەرەخنىڭ ئۇچى بىر - بىرىگە تېگىپ قاپتۇ. كەمەك ھەييارنىڭ پۇتى يەنە يەرگە تېگىپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن چۆچۈگەن چېرىكلەر كەمەك ھەييارنى ئۆلتۈرۈشتىن يالتىيىپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. كەمەك ھەييار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. لېكىن كەمەك ھەييارنى دار قىلىپ ئاسقان دەرەخلەر ئېگىلگەن پېتى قېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «ئېگىلە» دېگەن مەنىدە يەرلىك شېۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بويىچە «ئەگلە» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «ئەگلە» بولۇپ قالغان ئىكەن.

## كېرىيە «يەتتە قىزلىرىم مازىرى» توغرىسىدا ئۈچ رىۋايەت

«يەتتە قىزلىرىم» مازىرى كېرىيە ناھىيە ئارال يېزا يەتتە قىزىل كەنتكە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 90 مو. مازارنىڭ ئەتراپىنى يول، دېھقانلارنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرى، توغراقلىق ۋە تېرىلغۇ يەرلەر ئوراپ تۇرىدۇ. «يەتتە قىزلىرىم» مازىرىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدىكى توغراقلىقتا قەدىمىي سۇمە بار.

1

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى كېرىيىدە بىر باي كىشى ئۆتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ياش جەھەتتە بىر-بىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغان يەتتە قىزى بار ئىكەن. باينىڭ قورۇ-جايلىرى شەھەر سىرتىدا بولۇپ، نۇرغۇن يەرلىرى ۋە مال-چارۋىلىرى بار ئىكەن. باي زادى ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگەچكە، قىزلىرىنىڭ يىگىتلەردەك چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز رايىغا قويۇپ بېرىدىكەن. قىزلار كىچىكىدىن باشلاپلا جانبازلىققا قىزىقىپ، كۈندە دېگۈدەك چېلىشىپ، مۇشتلىشىپ ئوينايدىكەن. باي قىزلىرىنىڭ قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، تۆت نەپەر ماھىر جانباز تەكلىپ قىلىپ، قىزلىرىغا جانبازلىق ماھارىتى ئۆگىتىپتۇ. قىزلار يۇقىرى ماھارەتلىك چەۋانداز ۋە جەڭگە ماھىر سەرۋازلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. قىزلارنىڭ چوڭى كامالەتكە يەتكەن كاماندار بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ماھارىتى شۇ قەدەر ئۇستۇنكى، يۈز ماڭدام نېرىغا يارماق ئېسىپ قويۇپ، يا ئوقىنى يارماقنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزەلەيدىكەن. يا ئوقىنى ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنىڭ كۆزىگە دەل تەككۈزەلەيدىكەن. قىزلارنىڭ يەنە بىرى ئۇستا نەيزىۋاز بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇ ياۋا تۆگۈزلار بىلەن ئېلىشىدىغان

بولسا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىر توپ ياۋا توڭگۇزنى يەر چىشلىتىدىكەن. قىزلارنىڭ ئۈچىنچىسى ماھىر شەمشەرۋاز بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇ شەمشىرىنى ئوينىتىدىغان بولسا، ھەش-پەش دېگۈچە بىر تۈپ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى بىر-بىرلەپ كېسىپ چۈشۈرىۋېتىدىكەن. دەرەخنىڭ بىر تال شېخىمۇ تىغ يارىسى بولمايدىكەن. قىزلارنىڭ تۆتىنچىسى ماھىر پىچاقۋاز بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ، ھەممىشە بېلىگە قاتار-قاتار پىچاق ئېسىپ يۈرۈيدىكەن. يۈز ماڭدام نېرىدا تۇرۇپ، دەرەخكە قونغان چىۋىنگە پىچاق ئېتىپ تەككۈزەلەيدىكەن. قىزلارنىڭ بەشىنچىسى ئۇستا چېلىشۋاز بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇ ھەممىشە بۇقا-ئۆكۈزلەر بىلەن چېلىشىپ، ئىنتايىن يارام بوقىلارنىمۇ يېقىتىپ، ئاستىغا باسالايدىكەن. قىزلارنىڭ ئالتىنچىسى ئۇستا سالماۋاز بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇ ئارغامچىدا تەييارلانغان سالمىسىنى يېنىدىن ئايرىمايدىكەن. ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغىمۇ سالما سېلىپ تۇتۇۋالالايدىكەن. ھەممىشە چۆللەرگە بېرىپ، ياۋا ئات، ياۋا تۆگە تۇتۇپ كېلىدىكەن. قىزلارنىڭ يەتتىنچىسى ماھىر قامچىۋاز بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ قامچىسى شۇ قەدەر تېگىدىكەنكى، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پاشا-كۇمۇتىلارنىمۇ قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرەلەيدىكەن.

بۇ قىزلار يۇقىرى ماھارەتلىك بولۇپلا قالماي، بىر-بىرىدىن لاتاپەتلىك، بىر-بىرىدىن ئەخلاقلىق ۋە غۇرۇرلۇق، گۈزەللىكتە ۋە ئەقىل-پاراسەتتە تەڭداشسىز ئىكەن. بۇ يۇرتتىكى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ئاشىق بىقارار ئىكەن. ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، تەرەپ - تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. لېكىن قىزلار «كىمكى مېنى ماھارەتتە يېڭەلىسە شۇنىڭغا تېگىمەن» دېگەننى شەرت قىلغان ئىكەن، ئاتىسىمۇ قىزلارنىڭ رايىغا بېقىپ، بۇنى قىزلىرىنى ياتلىق قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپتۇ. شۇڭا ھەر ھەپتىسى بۇ كەنتتە بىر كۈن كاتتا مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىدىكەن. مۇسابىقە بىر ئىككى يىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، بۇ قىزلارنىڭ بىرەرىنى يېڭەلىگۈدەك يىگىت چىقماپتۇ. بۇ خەۋەر يەتتە ئىقلىمغا پۇر كېتىپ، يەتتە ئىقلىمدىكى داڭدار جانباز، چەۋەندازلار مۇسابىقىلىشىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر تارقىتىلىشى



بۇ يۈرتقا كىلىشكە باشلاپتۇ.

بۇ خەۋەر چىن ماچىن[1] دۆلىتىنىڭ «تەڭداشسىز پالۋان» دەپ نام ئالغان، 18 خىل جەڭ قورالىنى ئىشلىتىشكە ماھىر كەنجى شاھزادىسىنىڭ قۇلىقىغا يىتىپتۇ. ئۇ دەرھال شاھ ئاتىسىدىن ئىجازەت سوراپ، يەتتە قىزنىڭ ھەممىسىنى يىڭىپ ئوردىغا ئىلىپ كىلىدىغانلىقىنى ئىيتىپ، كىرىيىگە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. كەنجى شاھزادە پۇقراچە ياسىنىپ، مەھەللىگە كەلگەندە، مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئىكەن. ئۇ ئاۋۋال قىزلارنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈپ بىقىش ئۈچۈن تاماشا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا چوڭ قىز قالماقلار ئىلىدىن كەلگەن بىر كاماندا ز بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئارىدا يۈز ماڭدام ئارىلىق قويۇپ، بىر-بىرىگە ئوقيا ئاتىدىكەن. قالماق كاماندا ز قىزغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. قىز دەرھال قارشى ئوق ئۈزگەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى ئۇچۇپ كىلىۋاتقان ئوققا تېگىپ، قالماق كاماندازنىڭ ئوقىنى تۆت تىلىم قىلىپ تاشلاپ، قالماق كاماندا زنىڭ قولىدىكى كامانغا تېگىپ، كامانىنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ. قالماق كاماندا ز دەرھال يەرگە تىزلىنىپ، قىزغا سەجدە قىلىپ، يىڭىلگەنلىكىگە تەن بىرىپتۇ. ئىككىنچى قىز تابغاچ[2] ئىلىدىن كەلگەن بىر نەيزىۋاز بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە مەرتەم ئىلىشقاندىن كىيىن، قىز يىگىتنىڭ چاترىقىغا نەيزە ئۇرۇپتۇ. يىگىت نەيزىنى چاترىقىغا قىسىۋاپتۇ، قىز نەيزىنى كۈچەپ بىر كۆتۈرگەنىكەن، يىگىت يەل تويىدەك ئۇچۇپ بىرىپ، مەيدان سىرتىدىكى بىر تۈپ قىرى دەرەخنىڭ ئۇچىغا ئىلىنىپ قاپتۇ. يىگىت دەرەختىن چۈشۈپ، تىزلىنىپ قىزغا سەجدە قىلىپ، يىڭىلگەنلىكىگە تەن بىرىپتۇ. ئۈچىنچى قىز بىر تاپىرىقا چەۋەنداز بىلەن مۇسابىقىلىشىپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە مەرتەم ئىلىشقاندىن كىيىن، قىز

---

① چىن ماچىن ـ خوتەننىڭ قەدىمىي نامى بولۇپ، بۇ نامغا ئاساسەن بەزىلەر شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى «بۇددىستلارغا قارشى ئىسلام ئۇرۇشى» دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇش ئىسلام ئىستىلاسى دەۋرىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇددىستلار «يات تائىپە» ئەمەس، يەرلىك بۇددىستلار ئىدى. بۇ رىۋايەتتە دىيىلگەن «يات تائىپە» تۇنبۇتلەر بولسا كىرەك. چۈنكى تۇنبۇتلەرنىڭ چەرچەن، نىيە، كىرىيە رايونلىرىغا سالغان پاراكەندىچىلىكى ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن. لېكىن بۇ رىۋايەتتىكى ئۇرۇشنىڭ قايسى دەۋردە يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

② تابغاچ ــ توۋالارنى كۆرسىتىدۇ. توۋالار مىلادىيە 386-يىلدىن مىلادىيە 471-يىلغىچە پۈتكۈل جۇڭگو زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ شىمالىي ۋېي خانلىقىنى قۇرغان.

قىلىچىنى چاقپىلەكتەك پىرقىرىتىپ، يىگىتنىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىققان ئىكەن. ھېلىقى تاپرىقنىڭ كىيىملىرى تىتما-تىتما بولۇپ سېلىنىپ كېتىپتۇ. لېكىن بەدىنى قىلىچىلىكمۇ تىغ يارىسى بولماپتۇ. تاپرىقا دەرھال يەرگە تىزلىنىپ، قىزغا سەجدە قىلىپ، يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپتۇ. تۆتىنچى قىز ئىراندىن كەلگەن بىر پىچاقۋاز بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار بىردىن ئاتقا مىنىپتۇ، قىز قېچىپتۇ، يىگىت قىزنى قوغلاپ كەينىدىن پىچاق ئېتىپتۇ. قىز ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپلا يىگىت ئاتقان پىچاقنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە سول تەرەپكە ئۆرۈلۈپلا يىگىتنىڭ پىچىقىنى قايتۇرۇپ ئېتىپتۇ. پىچاق يىگىتنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىنىڭ پۆپۈكىنى كېسىپ تاشلاپ يەرگە چۈشۈپتۇ. يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپلا تىزلىنىپ، «جېنىمنى ئامان قويغانلىرىڭغا تەشەككۈر» دەپ قىزغا تەزىم قىلىپ، يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپتۇ. بەشىنچى قىز تۈبۈت[1] ئېلىدىن كەلگەن بىر چېلىشۋاز بىلەن مۇسابىقىلىشىپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، قىز تۈبۈتلۈك يىگىتنى يانپاشقا ئېلىپ بىر كۆچىگەن ئىكەن، ئۇ ئون غۇلاچ نېرىدىكى قۇم دۆۋىسىگە تىك موللاق چۈشۈپ، بىلىكىچە قۇمغا پېتىپ قاپتۇ. ھەمراھلىرى دەرھال بېرىپ، ئۇنى قۇم ئارىسىدىن كولاپ چىقىرىۋاپتۇ. ئۇ يەردە دۈم يېتىپ قىزغا سەجدە قىلىپ، يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپتۇ. ئالتىنچى قىز قازاق ئېلىدىن كەلگەن بىر قازاق ماھىر بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار بىردىن ئاتقا مىنىپ، قوللىرىغا سالمىلىرىنى ئېلىپ مۇسابىقىنى باشلاپتۇ. قىز قېچىپتۇ. يىگىت قوغلاپ كېتىۋېتىپ، قىزغا سالما تاشلاپتۇ. قىز بىر ئىرغىپلا ئاتنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ، ئاتنىڭ قورسىقىغا چاپلىشىپ تۇرۇۋالغان ئىكەن. سالما ئاتنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، يىگىت ئولجىسىز قاپتۇ. يىگىت ئىككىنچى قېتىم سالما تاشلىغانىكەن، قىز ئات ئۈستىدە بىرلا موللاق ساپتۇ. سالما يەنىلا بىكارغا كېتىپتۇ. يىگىت ئۈچىنچى قېتىم سالما تاشلىغان ئىكەن، قىز ئات ئۈستىدە كەينىگە يېتىۋېلىپ، يىگىتنىڭ سالمىسىنى

① تۈبۈت — ھازىرقى شىزاڭ ۋە زاڭزۇ مىللىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇتۇۋاپتۇ-دە، بىرلا كۆچەپ ئورنىدىن تۇرغان ئىكەن، يىگىت ئاتتىن تىك موللاق ئېتىپ، يەرگە يىقىلىپتۇ. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئاتقا مىنىپتۇ. قازاقنىڭ قايىل بولمىغانلىقىنى بىلگەن قىز ئېتىنى كەينىگە بۇراپ، قازاقنى قوغلاپتۇ، قازاق قېچىپتۇ. قىز ئۆزىنىڭ سالىمىسىنى ئوڭ قولىغا، قازاقتىن تارتىۋالغان سالىمىنى سول قولىغا ئېلىپ، قازاققا قارىتىپ ئاتقان ئىكەن، بىر سالما قازاق يىگىتنىڭ بوينىغا، يەنە بىر سالما قازاق مىنىۋالغان ئاتنىڭ بوينىغا چۈشۈپتۇ، قىز سالىمىنى ئېتىنىڭ تىزگىنى بىلەن قوشۇپ بىر تارتقان ئىكەن، قازاقمۇ، ئاتمۇ تىك موللاق ئېتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. قازاقمۇ قىزغا سەجدە قىلىپ، يىغلىغەنلىكىگە تەن بېرىپتۇ. يەتتىنچى قىزغا رەقىب يوق بولغاچقا كەنجى شاھزادە ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار بىردىن ئاتقا مىنىشىپتۇ. يىگىت قولىغا قوش شەمشەر ئېلىپ، قىزغا ئېتىلىپتۇ. قىز ئۇنىڭغا قامچىسى بىلەن تاقابىل تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، قىز قامچىسىنى ئوينىتىپ، يىگىتكە شۇنداق سالغان ئىكەن، يىگىتنىڭ ئوڭ قولىدىكى شەمشەرگە تېگىپ، شەمشەرنى نەلەرگىدۇ ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. يىگىت دەرھال قولىغا يالمان ئاپتۇ. قىز يالماننىمۇ قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. مۇسابىقە ئۇزۇن داۋملىشىپتۇ. يىگىت ئۆزى ماھىر بولغان 18 خىل جەڭ قوراللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ئاقىۋەت ھەممىسى قىزنىڭ قولىدىكى قامچىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. ھەتتا يىگىت ئاتقان يا ئوقلىرىمۇ قامچىنىڭ زەربىسىدىن نەچچە پارچە بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. قىز ئاخىر قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ، يىگىت قېچىپتۇ. قىز-يىگىتكە يېقىنلاپ كېلىپ، قامچىنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئوينىتىپتۇكى، قامچىسىنىڭ قارسىلدىغان ئاۋازلىرى قۇلاقلارنى ۋاڭ ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. قىز كەينى كەينىدىن نەچچە ئون قامچا ئۇرۇپ، ئېتىنى توختىتىپتۇ، خالايىق قارىغۇدەك بولسا، كەنجى شاھزادىنىڭ كىيىملىرى تىتما-تىتما بولۇپ، بەدەنلىرى ئېچىلىپ قاپتۇ-يۇ، تېنىگە زادى قامچا ئىزى چۈشمەپتۇ. قىز كەنجى شاھزادىنىڭ ئېتىدىن چۈشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قايىل بولمىغانلىقىنى

پەملەپتۇ-دە، يەردە تۇرغان بىر قۇچاق كەلگۈدەك قورام تاشقا زەربە بىلەن قامچا ئۇرۇپتۇ. كەنجى شاھزادە قارىغۇدەك بولسا، قۇرام تاش قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى پارچە بولۇپ يېرىلىپ كېتىپتۇ. شاھزادە درھال ئاتتىن چۈشۈپ، قىزغا چۆكۈپ تەزىم قىلىپ، يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپتۇ.

مۇسابىقە ئاخىرلىشىپتۇ. يۇرت كاتتىلىرى قىزلارغا زەرباب تون يېپىپ، بىردىن ئارغىماق ھەدىيە قىلىشىپتۇ. بايلار ئۆزلىرى ئاتىغان تاۋار-دۇردۇن، تىللا-تەڭگىلىرىنى ھەدىيە قىلىشىپتۇ. كەنجى شاھزادە ئــۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالماي، مىنىپ كەلگەن ئارغىمىقىنى كەنجى قىزغا، بۇرادەرلىرىنىڭ ئاتلىرىنى باشقا قىزلارغا، خــىــراجــەت ئــۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن-كۈمۈش، تىللالىرىنى قــىــزلارنىڭ ئاتىسىغا ھەدىيە قىلىپ، شەھەرگە قايتىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ ۋە كېچىسى «ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان بىر قىزغا يېڭىلىپ قالدىم، دەپ قايتسام، بۇ مەن ئۈچۈن نە ئار، نە نومۇس، مەملىكىتىم ئۈچۈن نە ئار، نە نومۇس» دەپ، كېچىدە ئــېــســىــلــىــپ ئۆلۈۋاپتۇ. كەنجى شاھزادىنىڭ ھەمراھلىرى جەسەتنى ئــېــلــىــپ كــېــتــىــشــكە ئامالسىز قېلىپ، شاھزادىنىڭ جەسىتىنى «پەلۋانىم»[1] دېگەن مازارغا دەپنە قىلىپ قويۇپ، قايتىشىپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەرق تەرەپتىن غەيرى بىر قوۋم لەشكەر تارتىپ، كېرىيىگە باستۇرۇپ كېلىپتۇ ۋە كېرىيىنى ئىشغال قىلىپ، يۇقــىرالارنــى بــولاپ-تــالاپ، ئــوت قــويــۇپ، ئــادەم ئــۆلــتــۈرۈپ، خــوتــۇن-قــىــزلارنــىڭ نومۇسىغا تېگىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالماپتۇ. دەر غەزەپ بولغان يەتتە قىز ئاتىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ، لــەشــكەر توپلاپ، «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دەپ، جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. جەڭگە ئۇلارنىڭ تۆت نەپەر ئۇستازىمۇ قاتنىشىپتۇ، ئۇلار دۈشــمــەنــلــەر بــىــلەن ھاسا[2] دا ئۇچرىشىپ، دۈشمەنگە قارشى سەپ تۈزۈپتۇ. دۈشمەنلەرنىڭ سەركەردىلىرى ئارقا-ئارقىدىن جەڭگە چىققان

---

① پەلۋانىم- مازارنىڭ نامى. ئورنى كېرىيە ناھىيە بازىرى ئىچىدە بولۇپ، يوقىتىۋېتىلگەن. بەزىلەر بۇ مازارنىڭ نامى كەنجى شاھزادىنىڭ «پەلۋان» ئاتىقى بىلەن ئاتالغان دەپ قارايدۇ.

② ھاسا- يەر نامى. ناھىيە بازىرىنىڭ غەربى، كېرىيە دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى تەبىئىي يايلاق. ھازىر شاللىق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولىسمۇ، بىرىمۇ ئامان قالماپتۇ. بۇنى كۆرگەن دۈشمەنلەر قىزلارنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم باشلاپتۇ. ئۇلار يەتتە كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلىپ، ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان باسمىچىلارنى تىرە-پىرەڭ قىلىپ، لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، كەلگەن يولىغا چېكىندۇرۇپتۇ. ئۇلار قاچاقلارنى قوغلاپ ئويتوغراق① يېزىسىغا كەلگەندە، باسمىچىلارنىڭ ئاساسىي قوشۇنى يېتىپ كېلىپ، يەتتە قىزلار قوشۇنىغا قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. باسمىچىلارنىڭ قوشۇنى كۆپ بولغاچقا، قوشۇن جەڭدە يېڭىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قۇربان بولۇپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ. قوشۇن چېكىنىپ، كېرىيە دەرياسى بويىدىكى بەشتوغراق كەنتىگە كەلگەندە، ئۇلۇغ كەلكۈن كېلىپ، دەريادىن ئۆتۈشكە مۇمكىن بولماي، دەريا بويىدىكى توغراقلىقتا چۈشكۈن قىلىپتۇ. لېكىن تۈن كېچىدە باسمىچىلار ئۇن-تىنسىز يېتىپ كېلىپ، ئۇلار چۈشكۈن قىلغان توغراقلىقنى قورشىۋاپتۇ. ئۇلار ئۈچ كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلىپمۇ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقالماپتۇ. ئاخىر لەشكەرلەر ۋە تۆت نەپەر ئۇستازنىڭ ھەممىسى شېھىت بولۇپ، يەتتە نەپەر قىزلا ھايات قاپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ سۇيى ۋە ئوزۇقى تۈگەپ كەتكەچكە قىزلار قاتتىق ھالسىراپتۇ. تۆتىنچى كۈنى جۈمە ئىكەن. جۈمە نامىزى ۋاقتىدا دۈشمەنلەر تۆت تەرەپتىن قورشاپ «ئۇلارنى تىرىك تۇتۇپ، ئۆزىمىزگە خوتۇن قىلايلى» دەپ ۋارقىرىشىپ، قىزلارنى قىستاپ كەپتۇ. نەچچە كۈن قانلىق جەڭ قىلىپ چارچىغان، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن يۈت قولىدا ماغدۇر قالمىغان قىزلار غەلىبىگە كۆزى يەتمەي، «نىجىسلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالمايلى» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ جايغا خۇپىيانە كېلىپ، يەتتە قىزنى ئۆزىنىڭ جەسىتى ياتقان يەردىن يەرلىك قېزىپ دەپنە قىلىشىپتۇ. تۆت نەپەر ئۇستازنىمۇ ياتقان يېرىگە دەپنە قىلىشىپتۇ (يەنە بىر رىۋايەتتە، دۈشمەنلەر قىستاپ يېقىن كەلگەندە، تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، قىزلار غايىب بولۇپ كېتىپتۇ، دېيىلىدۇ.

① ئويتوغراق ـ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىن 32 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

يەنە بىر رىۋايەتتە، دۈشمەنلەر قىستاپ يېقىن كەلگەندە، قىزلار تۈيۈقسىز يەتتە دانە ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، دېيىلىدۇ. كېيىنكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە: كېيىن كىشىلەر يەتتە قىز غايىب بولغان جايغا ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى ياساپتۇ. تۆت نەپەر ئۇستازىنىمۇ ياتقان يېرىگە دەپنە قىلىپتۇ، دېيىلىدۇ).

شۇ كۈنلەردە، چىن ماچىن پادىشاھى كەنجى شاھزادىنىڭ نومۇستىن ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن بۇ يەتتە نەپەر قىزغا قىزىقىپ قاپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئامراق ئوغلىغا قاتتىق ئىچى ئاغرىپتۇ. شۇڭا قالغان ئۈچ ئوغلىنى زور قوشۇنغا باش قىلىپ، ئۇلارغا شۇنداق پەرمان قىلىپتۇ: ” سىلەر كېرىيىگە بېرىپ، ئۇ قىزلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىڭلار. ئىززىتىنى بىلىپ، سىلەر بىلەن كەلسە چوڭقۇر ئىززەت ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ كېلىڭلار، ئەگەر تەكلىپىنى رەت قىلسا، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ، تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار“. ئوغۇللار پەرماننى ئېلىپ، قەلبى قىساس ئوتىدا ئۆرتەنگەن ھالدا يولغا چىقىپ، يەتتە كۈندە كېرىيىگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، بۇ يۇرتنى يات بىر تەبىقىدىكى تائىپىلەر ئىگىلىۋاپتۇ. ئۇلار پۇقرالاردىن يەتتە قىزنىڭ بۇ تائىپىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ قىزلارنىڭ ھەققىي يۇرتسۆيەر ھەمشىرىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئىنىسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يەتتە قىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ توغرىلىقىنى تونۇپ يېتىپ، يات تائىپىلەرگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار نەچچە كۈن جەڭ قىلىپ، تائىپىلەرنى چەرچەننىڭ شەرقىي تەرىپىگىچە سۈر-توقاي قىلىپ، كېرىيىگە قايتىپ كەپتۇ. شاھزادىلەر يەتتە قىز قۇربان بولغان يەرگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ يەتتە كېچە-كۈندۈز نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە قىزلارنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرۇپ سۇمە سېلىپتۇ. مازارنىڭ يېنىغا بىر مەسچىت ۋە بىرقانچە يۇرۇش ئۆي سالدۇرۇپ، قېرى چېرىكتىن بىر قانچىنى بۇ مازارغا شەيخلىققا قالدۇرۇپتۇ. مازارنىڭ ۋەخپەسى ئۈچۈن كەڭ كەتكەن بىرپارچە يايلاقنى بەخشەندە قىلىپ بېرىپتۇ.

بۇ مازار كارۋان يولىنىڭ بويىدىكى بۆك-باراقسان توغراقلىققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جايلاشقان ۋە دەم ئېلىشقا ياخشى جاي بولغاچقا، كېيىن كىشىلەر بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىشىپ، ئايۋان-ساراي سېلىپ، لەڭگەر شەكىللىنىپتۇ. تۇغمىغان ئاياللار، بولۇپمۇ قىز پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى بار ئاياللار، بېشىغا كۈن چۈشكەن، قىيىنچىلىقتا قالغان ياكى باشقىلاردىن ئازار يېگەنلەر بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىپ، سۇمە تېمىنى سىلاپ ئايلىنىپ، ئۆز تىلەكىنى تىلىسە، تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، بۇ مازار «ئۇلۇغ مازار» بولۇپ قاپتۇ. بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يەردە بوز يەر ئېچىلىپ، دېھقانچىلىق يولغا قويۇلۇپتۇ. ئۆلگەنلەر يەتتە قىز دەپنە قىلىنغان مازارغا قويۇلۇپ مازارنىڭ كۆلىمى يىلدىن-يىلغا كېڭىيىپتۇ. بۇ مازار «يەتتە قىزلىرىم مازىرى» دەپ ئاتىلىپ، بۇ يەردە پەيدا بولغان كەنتمۇ شۇ نام بىلەن «يەتتە قىزلىرىم كەنتى» دەپ ئاتىلىپتۇ (بۇ نام 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ «يەتتە قىزىل كەنتى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان).

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: مەتتۇرسۇن قارىم، ئابلىز قاراجىم، مەمتىمىن ئوسمان، قۇربان ئاخۇن.
توپلىغۇچىلار: ئابدۇرىشات مۇساجان، ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن، ئابدۇرېشىت قۇربان، بەيدۇللا روزى.

2

بۇرۇنقى زاماندا كىرىيە ناھىيىسى ئارال يېزىسىنىڭ بەشتوغراق كەنتىدە بىر يۇرت كاتتىسىنىڭ يەتتە قىزى بار ئىكەن. ئۇلار ئىلىم - بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، لاتاپەتلىك ۋە دىيانەتلىك چوڭ بولغان ئىكەن. ئۇلار يەنە ئاتىسىدىن جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ، يارامىلىق، قەيسەر بولۇپ يېتىشكەن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىرىيىگە بۇددىستلار باستۇرۇپ كېلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىن قىلىپ، ئاۋام پۇقراغا زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەپتۇ. ھۆكۈمەت چېرىكلىرى يۇرتنى تاشلاپ جېنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئاۋام پۇقرانىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بالايىئاپەتكە چىدىمىغان يەتتە قىز كەنتتىكى جەڭگە يارايدىغانلارنى قوراللاندۇرۇپ، ئۆزلىرىمۇ قوللىرىغا قورال ئېلىپ،

ئارغىماقلىرىغا مىنىپ، بۆددىستلار بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىپتۇ. يەتتە كېچە - كۈندۈزلۈك جەڭدە بۆددىستلار زور تالاپەت تارتىپتۇ. ئاخىرى بۆددىستلار پۈتۈن ئەسكىري كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بەشتوغراق كەنتىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، بۇ يەتتە قىزنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە ھەممىسىنى شېھىت قىپتۇ. كىشىلەر يەتتە قىز قۇربان بولغان جاينى مازار قىلىپ، يەتتە قىزنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىپتۇ ۋە ئۇلارغا ئاتاپ گۈمبەز بىنا قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ مازار «يەتتە قىزلىرىم مازىرى» دەپ ئاتىلىپتۇ (بۇ مازار ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ) . بۇ مازار جايلاشقان يەردە كېيىنچە كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ، يۇرت بەرپا قىپتۇ. بۇ مەھەللىمۇ بۇ مازارنىڭ نامى بىلەن، «يەتتە قىزلىرىم» دەپ ئاتىلىپتۇ (بۇ كەنت 90 - يىللاردىن كېيىن «يەتتە قىزىل» دەپ ئاتىلىپ قالدى) .

3

كۆلەرنىڭ بىرىدە ياباس دېگەن بىر ئەۋلىيا كېرىيە دەرياسىنىڭ بېشىغا بىر ئاندىن بولغان يەتتە قىزنى تاشلاپ كىمەك ئەييارغا: «ھەي كىمەك ئەييار، سېنى خالايىق: ‹ئەييارلىقتا ئەلگە تونۇلدى، ئۇنىڭغا يېتىدىغان ئادەم يوق، ئۇ، پىرىلارنىڭ پىرى، كامىللارنىڭ كامىلى، دەقىيانوسمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيدۇ› دېيىشىدۇ، مەن سېنىڭ كارامىتىڭنى بىر سىناپ كۆرەي، يۇرتىڭغا قىزنى تاشلىدىم، ئۇ، گاھ تاشقا ئايلىنىدۇ، گاھ ئادەمگە. سەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىزدەپ تاپالىساڭ سېنى مۇشۇ يۇرتقا باش قىلىپ كاشارلارنى (كەشمىرنى) ساڭا قۇل قىلىپ بېرىمەن دەپتۇ. كىمەك ئەييار كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ ئىزلەشكە باشلاپتۇ. دەريا بېشىدىكى دۆڭلەرنى ساناپ يەتتە دۆڭنى بەلگە قىلىپ ياباسقا ئىشارە قىلغان ئىكەن، ياباس بېشىنى چايقاپتۇ. يەتتە دۆڭ شۇ پېتىچە قاپتۇ. «قارا باش» دېگەن جايغا كەلگەندە يىراقتا يەتتە تاش تۇرغىدەك، كىمەك ئەييار ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئالمان - تالمان يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا يەتتە قىز چىقماپتۇ. دەريانىڭ ئايىغىغا نەزەر سالغۇدەك بولسا يەتتە توغراق بىر يېنىپ بىر ئۆچۈپ تۇرغۇدەك. كىمەك ئەييار، ئېھتىمال بۇمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياباسنىڭ ھىيلىسى بولسا كىرەك دەپ ئويلاپ دالىپغىنى (قالپىقىنى) ئاتقان ئىكەن، قۇم دۆۋىسى پەيدا بوپتۇ. كىمەك ئەيىار يەنە ياباسقا ئىشقارە قىلغانىكەن، ياباس بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. كىمەك ئەيىار شاتلىنىپ چۆمۈپ ئەمدىلا ئۇ جايغا يېتىشكەندە، ئاسماندىن قىزىل قارلار ياغقانمىش...

**«قىز ئۆلدى تېرەك» ھەققىدە ئىككى رىۋايەت**

1

بۇرۇنقى زاماندا كېرىيىنىڭ سىيەك يېزىسىدا سېلىمەم ئىسىملىك بىر قىز بولۇپ، تولىمۇ لاتاپەتلىك، ھۆسن - جامالى تەڭداشسىز گۈزەل ئىكەن. بۇ يۇرتنىڭ ئوغۇللىرى بۇ قىزنىڭ ئىشقى پىراقىدا كۆيۈك ئىكەن. بايلارنىڭ ئوغۇللىرى بۇ قىزنى تالىشىپ، بىر - بىرىگە پىچاق سېلىشىپ، ئۆلۈم ھادىسىسى كېلىپ چىققاچقا، يامۇل ئۆلارنىڭ ئۆلۈمىنى سەلىمەم كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قاراپ، سەلىمەمنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ چاغلاردا مەخسۇس دار بولمىغاچقا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈرۈلىدىكەن. بۇ قىزنىمۇ بىر تۈپ دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. سەلىمەمنىڭ ئانىسى قىزىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا نۇرغۇن ھازا قوشاقلىرى توقۇپ ئوقۇپتۇ. بۇ قوشاقلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. سەلىمەم ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دار قىلىپ

ئېسىلغان تېرەك «قىز ئۆلدى تېرەك» دەپ ئاتىلىپتۇ ۋە بۇ تېرەك جايلاشقان كەنتمۇ شۇ تېرەكنىڭ نامى بىلەن «قىز ئۆلدى تېرەك» دەپ ئاتىلىپتۇ.

2

بۇرۇنقى زاماندا سىيەك يېزىسى تەۋەسىدە بىر قىز بولۇپ، ئۇ تولىمۇ ئۇياتچان، يۈزى تۆۋەن قىز ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانىسى ئۇنى بىر يەرگە ئىشقا بۇيرۇپتۇ. قارىسا يولدا ھېچكىم يوق، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى قويۇۋېتىپ، غىڭشىپ ناخشا ئوقۇپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە بىر ئەر كىشى چىقىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. لېكىن قىز بۇ ئەركىشىنى سەزمەپتۇ. شۇڭا كېتىۋېتىپ «جەرت» قىلىپ بىرنى ئوسۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە، «ئاخشامقى پولۇنىڭ يېلى» دەپ قويۇپتۇ. يەنە بىر دەمدىن كېيىن «جەرت» قىلىپ بىرنى ئوسۇرۇۋېتىپتۇ، «ئەتىگەنكى ئۇماچنىڭ يېلى» دەپتۇ. بىر دەم مېڭىپ كەينىگە قارىغۇدەك بولسا، كەينىدىن بىر ئەر كىشى كېلىۋاتقۇدەك. قىز ھولۇقۇپ كېتىپ: «قاچان يولغا چىققانتىلە؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ ئەركىشىمۇ قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي: «ئاخشامقى پولۇنىڭ يېلى چىققاندا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ ئىزاغا چىدىمىغان قىز بىر تۈپ دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ تېرەك «قىز ئۆلدى تېرەك» دەپ ئاتىلىپتۇ ۋە بۇ تېرەك جايلاشقان كەنتمۇ شۇ تېرەكنىڭ نامى بىلەن «قىز ئۆلدى تېرەك» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## ئايدىڭكۆل

كېرىيە شەنبە بازارنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئايدىڭكۆل ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، كۆل تېگىدە سۇ ئاتلىرى ياشايدىكەن. كېچىسى ئايدىڭكۆل ئەتراپىدا قونماقچى بولسا، ئادەم بېشىنى يەرگە قويسىلا ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، دۈپۈرلەپ چاپقان ئاۋازىنى ئاڭلايدىكەن. بېشىنى كۆتۈرسە بۇ ئاۋاز يوقايدىكەن. شۇڭا كۆل ئەتراپىدا بىر كىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇخلىيالمايدىكەن. تازا ئايدىڭ بولغان كېچىلىرى سۇ ئاتلىرى قىرغاقتا چىــقىپ ئوتلاپ، يەنە كۆلگە كىرىپ كېتىدىكەن، شۇڭا بۇ كۆل «ئايدىڭ كۆل» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

## مۇغاللا ھەققىدە ئىككى رىۋايەت

1

بۇرۇنقى زامانىدا كېرىيە بازىرىغا يېقىن جايدا بىر باي ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. ئۇ تولىمۇ ئاچ كۆز، تويۇمسىز، زومىگەر ئادەم بولۇپ، پۇقرالارنى بوزەك قىلىپ، يەرلىرىنى ئىگىلىۋالىدىكەن. ئۇ ھازىرقى مۇغاللا تەۋەسىدىكى مۇنبەت بىر پارچە يەرنى ئىگىلىۋاپتۇ. بۇ يەرنى ئېچىپ بىنام قىلغان دېھقانلار يامۇلغا ئەرز قىپتۇ. يامۇلدىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، ھېچكىمنىڭ قولىدا يەر خېتى بولمىغاچقا، يەر ئىگىسىنىڭ زادى كىملىكىنى بېكىتەلمەپتۇ. باي كۆڭلىگە بىر شۇملۇقنى پۈكۈپ، ئامبالغا يەر ئۈستىگە بېرىپ، يەرنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئامبال ماقۇل بولۇپ، ئەتىسى يەر ئۈستىگە چىقماقچى بولۇپتۇ. باي كېچىدە بۇ يەرگە بىر ئورەك كولىتىپ، بالاغەتكە يەتكەن ئارزۇلۇق قىزىنى بۇ ئورەككە سولاپ، ئۈستىنى يېپىپ، قىزىغا بىرى كېلىپ: «بۇ يەر كىمنىڭ؟» دەپ ۋارقىــرىــسا، «باي غوجامنىڭ» دەپ جاۋاب بېرىشنى جېكىلەپتۇ. ئەتىسى چاشكا ۋاقتىدا ئامبال دورغىلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئامبالنىڭ دەۋا سورايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەل - جامائەتمۇ بۇ يەرگە يىغىلىپتۇ. ئامبال «بۇ يەر كىمنىڭ؟» دەپ ۋارقىرىغان ئىكەن، يەر تېگىدىن «باي غوجامنىڭ» دېگەن سادا ئاڭلىنىپتۇ. بۇ سوئال - جاۋاب ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئامبال يەرنى بايغا بۇيرۇپ بېرىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن، باي مالايلىــرىغا ئورەكنى ئاچقۇزۇپ قارىسا، ئارزۇلۇق قىزى مۇغىدا ئايلىنىپ قاپتۇ. قىز يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن سۈرىتى مۇبەددەل بولۇپ، مۇغا بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇ ئىشتىن كېيىن باي ۋە ئۇنىڭ جەددى - جەمەتى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا «مۇغا»

سۆزى لەقەم بولۇپ، ئۇلار تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي «مۇغا جەمەتىدىكىلەر» دېگەن مەنىدە «مۇغىلا» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «مۇغاللا» بولۇپ قالغان ئىكەن.

2

بۇرۇنقى زاماندا موڭغۇللار بۇ يۇرتنى ئىستىلاھ قىلىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئىكەن. موڭغۇل چېرىكلىرى كېرىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق قىلغان ئىكەن. موڭغۇل ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندە، كېرىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان موڭغۇللار ئاللىقاچان يەرلىكلىشىپ كەتكەن ئىكەن. شۇڭا بۇ كەنت «موڭغۇللا» دەپ ئاتىلىپ كېيىنچە «مۇغاللا» بولۇپ قالغان ئىكەن.

## توقىچاقلىق

بۇرۇنقى زاماندا كېرىيىدىكى ھازىرقى يېڭىباغ يېزىسىنىڭ باش قىسمى — كېرىيە دەرياسىنىڭ بويى ياخشى يايلاق بولۇپ، كىشىلەر مال - چارۋا باقىدىكەن. بۇ يەردىكى بوك - باراقسان توغراقلىقتا توقىچاق — «تۆمۈر تۇمشۇق» ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. شۇڭا بۇ يەر «توقىچاق — كۆپ جاي» دېگەن مەنىدە «توقىچاقلىق» دەپ ئاتالغان. كېيىن چارۋىچىلار بۇ يەردىن يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىپتۇ. 1958 - يىلى بۇ يەردە كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىلىپ، ئاھالە كۆچۈرۈلۈپ، يېزا بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن «يېڭىباغ» دەپ نام بېرىلگەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: **مۇساجان توغرول، مايمۇنخان سۇلايمان، مەمتىمىن ئوسمان**
توپلاپ رەتلىگۈچى: **ئابدۇرېشات مۇساجان توغرول**

## «گۇما» نامى توغرىسىدا رىۋايەت

ھازىر گۇما دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ جاينىڭ ئەسلىي ئىسمى «پىشا» ئىكەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، قەدىمكى «پىشا» دۆلىتىنىڭ ئورنى زاڭگۇينىڭ تەخمىنەن 10 يول شىمالىدىكى قەدىمكى

www.uyghurkitap.com



خارابىلىق بولۇپ، پىشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جايدا ئۆرۈك ياخشى پىشمايدىكەن. ئەجدادلىرىمىز بۇ جاينى ئۆزلەشتۈرۈش مەقسىتىدە ھەر خىل ئۆرۈك سورتلىرىنى ئۈستۈرۈپ كۆرۈپتۇ. بۇ جەريانىدا كىشىلەر بىر - بىرىدىن دائىم بۇ جايدا ئۆرۈك پىشارمۇ دەپ سورايدىكەن. ئۆرۈك ئۆستۈرگۈچىلەر «پىشا» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى «پىشا» بولۇپ قاپتۇ. يىللار، ئەسىرلەر داۋامىدا پىشا، پىشايۋان دېگەن ناملارغا ئۆزگىرىپتۇ. خەنزۇچە «پىشەن» دېگەن نام ئەنە شۇ «پىشا» دىن ئۆزلەشكەن، كېيىنچە بۇ جايدىكى كىشىلەر بارا - بارا ھازىرقى گۇمىغا كۆچۈپتۇ. گۇمىنىڭ ئەينى زاماندىكى نامى «قۇما» ① ئىكەن. چۈنكى، ئۆيلىرى قۇمغا ئوخشاش ياسىلىدىكەن (ھازىرمۇ بۇنداق ئۆيلەر كۆپ). كېيىنچە قاراخانىيلار ئىسلام ئاچقىلى كەلگەندە، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇلاردىن گۇمان قىلىپ دەسلەپتە ئىسلامغا كىرمىگەنىكەن، ئۇلۇغلار: «گۇمىدا گۇمان قالدى، ئىككى تاغ ئارىسىدا (سانجۇنى دېمەكچى) بى ئىمان جوھۇت قالدى» دەپ قارغاپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ جاينىڭ نامى «گۇمان» دەپ ئاتىلىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ن» ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ، «گۇما» بولۇپ قاپتۇ.

رەتلىگۈچى: نىياز كېرىمى

## سانجار

1

بۇنىڭدىن ئون نەچچە ئەسىر ئىلگىرى، ھىندىستانلىق بىر بۆلۈك بۇددا دىن تارقاتقۇچىلىرى ھازىرقى گۇما ناھىيىسى سانجۇ يېزىسى ئارقىلىق ھىندىستانغا قايتىش سەپىرىدە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سانجارى ئىسىملىك بىر دىن تارقاتقۇچى ئەۋلىيا ئېغىر كېسەل بولۇپ قاپتۇ، مۇخلىسلار ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ھەمراھىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەمراھى كېسەلدىن ياخشىلانماپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە يېمەك - ئىچمەكلىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئاز قاپتۇ. ئۇلار

① قۇما — كەپتەر، توخۇ بېقىش ئۈچۈن يەرلىك كىشىلەر ئالاھىدە ھۆنەر - سەنئەت بىلەن ياسايدىغان چوڭ قەپەس.

ئادەمزاتسىز بۇ جايدا ئۇزۇن تۇرۇشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۆز ئارا كېڭىشىپ، گۈلجارى ئىسىملىك ئايالنى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قالدۇرۇپ قويۇپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بۇ يەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى يارلىق، قالغان تەرەپلىرى قومۇش ۋە يۇلغۇنلار ئۆسۈپ كەتكەن قۇملۇق ئىكەن، گۈلجارىنىڭ كۆزىگە قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئېچىلغان خوخا گۈللىرى كۆرۈنۈپتۇ. بېرىپ قارىسا، كىچىك بىر بۇلاقتىن ئۇزلۇكسىز ئېتىلىپ چىقىپ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بىر ئېرىق سۈنى كۆرۈپ جېنى يايراپ كېتىپتۇ. ئېرىق بويىغا يۇلغۇن ۋە قومۇش شاخلىرىدىن كەپە ياساپ ماكانلىشىپ، يارلىقنىڭ كامارلىرىدىن قۇشقاچ تۇخۇملىرىنى ئېلىپ، سانجارىغا پىشۇرۇپ بېرىپ ئۇچ ئاي بېقىپتۇ. سانجارىنىڭ كېسىلى ساقىيىپتۇ. سانجارى بىلەن گۈلجارى ھەمراھلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن سۆكسۆك، تېرىق ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ، ئېرىق بويلىرىغا جىگدە، ئۆرۈك، ياڭاق تىكىپ باغ بىنا قىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇلاق بويىدىكى مېۋىلەر مەي باغلاپ، گۈللەر ئېچىلىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرىدىغان گۈزەل باغقا ئايلىنىپ، سانجارى بىلەن گۈلجارى ئىناق ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ ئىككى ئوغۇل ، بىر قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ.

قومۇشلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ گۈزەل ماكانغا كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بىنام ئېچىپ زىرائەت تېرىپتۇ ۋە باغ بىنا قىپتۇ. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئىناق - ئىجىل بولۇپ، خاتىرجەم ۋە باياشاتلىقتا چۆمگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سانجارى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. كىشىلەر سانجارىنى ئۆزى گۈللەندۇرگەن بۇ زېمىندىكى قېرى بىر تۈپ توغراقنىڭ تۈۋىگە دەپنە قىلىپ، سانجارى بىلەن شەرقىي شىمال تەرەپتىكى يارلىقنى قوشۇپ بۇ ماكانغا «سانجىيار» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «سانجار» دېگەن ئىسىم ئۆزلىشىپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **مۇھەممەت باھاۋىدىن**
خاتىرىلىگۈچى: **غالىپجان تۇرسۇن**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2

سانجۇ دەرياسى قەدىمدىن تارتىپ سۇ مەنبەسى تولۇق، يىل بويى ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان چوڭ دەريا بولۇپ، بەش پارچە چوڭ بوستانلىقنىڭ هاياتلىق مەنبەسى ئىكەن. ئىلگىرى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا ماكانلىشىپ ياشىغان كىشىلەر تولىمۇ ئاز بولۇپ، كېيىنچە سۇ ۋە ئوتلاق قوغلىشىپ ئارقا ـ ئارقىدىن سانجۇ دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بىر قىسىم كىشىلەر يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەنە بىر قىسمى چارۋىچىلىق قىلىش جەريانىدا ئادەم كۆپىيىپ، سانجۇ دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى جايلار چوڭ بىر بوستانلىقنى هاسىل قىلغان ئىكەن. بۇ بوستانلىق ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بولغاچقا، تاغلىرىدا بوك ـ باراقسان ئوتلار ئۆسۈپ، گۈللەر ئېچىلىپ، جەرەن، كېيىكلەر ئەركىن ئوتلىشىپ، ئۇلار ۋە كەكلىكلەر سايرىشىپ تۇرىدىكەن. كىشىلەر بۇ تاغلاردا بىر قانچە ئەۋلاد چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، سانجۇ تاغلىرى ئارقىلىق تىبەت ۋە ئەردانلاردىن ئۆتۈپ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىكەن. نەتىجىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ يوللاردا سودا كارۋانلىرى پەيدا بولۇپ، تىبەت، ئەردان، بۇخارا، كەشمىر ۋە باشقا ئەللەر بىلەن سودا ـ سېتىق، ئىلىم تەھسىل قىلىش، هۈنەر ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن كەڭ تۈردە مەشغۇل بولغان ئىكەن. سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىغا ئەگىشىپ يەركەندىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان كىشىلەر سانجۇ ئارقىلىق قوشنا ئەللەرگە چىقىدىغان بوپتۇ. نەتىجىدە، سانجۇ سودا كارۋانلىرى ئارام ئېلىپ ئۆتىدىغان مۇهىم ئۆتەڭگە ئايلىنىپ قاپتۇ. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، يۇرتنىڭ خان ۋە بەگلىرى بۇ يەردىن ئۆتكەن كارۋانلارنى ساناپ ئۇلاردىن ئۆتەڭ هەققى ئالىدىغان بوپتۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ بوستانلىق شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن «ساناغۇ» دەپ ئاتىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «سانجۇ» غا ئۆزگىرىپ، شۇ بويىچە ئاتاش ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تا بىزگىچە داۋاملىشىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇغېنى قادىر

## دۇۋا

قەدىمكى زاماندا گۇما ناھىيىسىنىڭ ئۇزۇك بوستانلىقلىرىدىن بىرى بولغان ھازىرقى دۇۋا بازىرىغا ئىسلام تەرىقەتلىرىنى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن خوجا مەلىكشاھ ئىسىملىك بىر كىشى كەلگەن ئىكەن. ئۇ زاماندا بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى دېگۇدەك بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. خوجا مەلىكشاھ كىشىلەرگە دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنسانىنىڭ يارىلىشى، خۇدانىڭ يەككىلىكى ۋە قۇدرەتلىكلىكى، قۇرئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەركاملىرىنى كۆپ قېتىم تەرغىب قىلىش ئارقىلىق، بۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىپتۇ. نەتىجىدە كىشىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، بايلار كەمبەغەللەرنى يۆلەيدىغان، ئۆشرە - زاكات بېرىدىغان، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يۆلەيدىغان، يول ياساپ كۆۋرۈك سالىدىغان، سۇ باشلاپ ئورمان بىنا قىلىپ، يۇرتنى گۈللەندۈرىدىغان خەير - ساخاۋەتلىك ياخشى ئىش يۇرتنى قاپلاپتۇ. خوجا مەلىكشاھنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ئىناۋىتى ئۆسۈپ نامى قوشنا بوستانلىقلارغا تارىلىپتۇ.

يۇرت خەلقى ئىناق - ئىجىل ياشاۋاتقان شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجا مەلىكشاھ كېسەل بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كىشىلەر ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، يۇرتقا ئاسايىشلىق ئېلىپ كەلگەن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ كېسىلىنىڭ تېزراق ساقىيىشىنى ئاللادىن تىلەپ دۇئا قىپتۇ. لېكىن، خوجا مەلىكشاھ ساقىيالماي يەتتە يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كىشىلەرمۇ يەتتە يىلغىچە توختىماي دۇئا قىپتۇ. قوشنا بوستانلىقلاردىن بۇ بوستانلىققا كەلگەن كىشىلەر بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ داۋاملىق دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى «دۇئاچىلار» دەپ ئاتاپتۇ. كىشىلەر بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەردىن قەيەرگە بارغانلىقىنى سورىسا، ئۇلار: «دۇئاچىلارنىڭ قېشىغا باردۇق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بوستانلىق «دۇئاچى» دەپ ئاتىلىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «چى» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قېلىپ «دۇئا» دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلىنىپتۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«ئا» ، «ۋا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشۇۋېرىپ، هازىرقى نام بىزگە مىراس قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: گۇما ناھىيە دۇۋا بازىرىدىن يۇسۇپ پاسار

## مۇجى

بۇنىڭدىن بىر قانچە يۈز يىل ئىلگىرى دىن ۋە ئىلىم تارقاتقۇچى ئىماملاردىن ھەمەل شىرىپ ۋە ئوبۇل يۇسۇپ ھەمەدانى قاتارلىق كىشىلەر باشقا جايلاردىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ، بىر قانچە تالىپنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ گۇمىنىڭ ھازىرقى مۇجى يېزىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ دەل تومۇز ۋاقتى بولۇپ، كىشىلەر ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن زارلىنىشىۋاتقان ئىكەن. بىر توپ ئاتلىقنى كۆرگەن كىشىلەر يۇگۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ خالتا ـ خۇرجۇنلىرىنى مۇجۇشقا باشلاپتۇ. ھەمەل شىرىپ ۋە ئوبۇل يۇسۇپ ھەمەدانى قاتارلىقلارنىڭ رەھمى كېلىپ، بارلىق ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. كىشىلەر يەنە ئۇلارنىڭ خۇرجۇن ـ خالتىلىرىنى مۇجۇپتۇ. ھەمەل شىرىپ ۋە ئوبۇل يۇسۇپ ھەمەدانى بۇ يەردىكى كىشىلەرنى «مۇجىغاقلار» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا «مۇجىلىقلار» دەپ ئاتىلىپ «مۇجى» دېگەن سۆز بۇ يۇرتقا ئىسىم بولۇپ سىڭىپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوبۇلقاسىم مەتشىرىپ ھاجىم

## قوشتاغ

بۇنىڭدىن نەچچە ئون مىڭ يىللار ئىلگىرى كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە كوللېكتىپ ھالدا قاتناشقان ئىكەن. بۇ يەردە كېيىن ئىسلام ئاچقۇچى ئىماملاردىن ھەمەل شىرىپ ۋە ئوبۇل يۇسۇپ ھەمەدانى قاتارلىق كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللانغان ئىكەن. كىشىلەر ئۇ ئىماملارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ياخشى تائاملار بىلەن مېھمان قىلىپ، بىر قانچە يىلغىچە

ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغان ئىكەن.

ئىمامىلار بۇ يەرنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ تاغ، ئوتتۇرىسى بوستانلىق بولۇپ، 5 - ئايدىن 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۈرلۈك مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ، قۇشلار سايرىشىپ، دەريا - ئۆستەڭلەردە سۈزۈك ھەم سوغۇق زىلال سۇلارنىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئېقىشىغا، ھاۋاسىنىڭ جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغانلىقىغا، ئادەملىرىنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىي، مېھماندوست ئىكەنلىكىگە ئاساسەن بۇ يۇرتنى «خۇش ئۇتاغ ماكان» دەپ زوقلىنىپ تەرىپلىگەن ئىكەن. كىشىلەر ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى مۇقەددەس بىلىپ، بۇ يەرگە نام قىلىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يەرنىڭ ئىسمى «خۇش ئۇتاغ» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە بۇ سۆز «قوشتاغ» قا ئۆزگىرىپ ھازىرغىچە شۇنداق ئاتاش داۋاملىشىپ كەلگەن ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابلەت ئالىم

## ئىسمىسالاھ ۋە سۇپىرسالاخان مازىرى

ئىسمىسالاھ — گۇما ناھىيىسى قوشتاغ يېزىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بىر كەنت. ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 70 كىلومېتىر. ئۇنىڭ دائىرىسى قىشلاق، ئۇلباغ، تىرەكئالدى، توگمەنبويى ۋە بومۇغا قاتارلىق 15 تەبىئىي كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسمىسالاھنىڭ ئەسلىي ئىسمى توختى ۋەجىك ئىكەن. بۇ توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان:

بۇنىڭدىن مىڭ يىللار مۇقەددەم، سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدا ئۇنىڭ يۇسۇپ قىدىرخان ۋە ئىسپەر سالاخان ئىسىملىك لەشكەر باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلار خوتەننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قاراقۇرۇم تەرەپكە لەشكەر تارتىپ سەپەر قىلىپتۇ. لەشكەرلەر گۇمىنىڭ قومات پاششايىم دېگەن يېرىدە خوتەن تەرەپتىن چىققانلار بىلەن قاتتىق سوقۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەننى ئىشغال قىلالماپتۇ. كېيىنكى بىر قېتىملىق سوقۇشتا ئىسپەر سالاخان ئېغىر يارىلىنىپ، قوشتاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى توختى ۋەجىك دېگەن جايغا كەلگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قازا قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جەسىتى توختى ۋىجىك (ئىسمىسالاھ) كەنتىنىڭ جاي دىگەن مەھەللىسىگە دەپنە قىلىنىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خەۋەر قەشقەرگە يىتىپ كەپتۇ، ئوردىدىكىلەر قاتتىق قايغۇغا چۆكۈپتۇ.

ئىسپەر سالاخاننىڭ ئوغلى سۇپىرسالاخان بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كىيىن، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن 10 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ، خوتەن تەرەپكە يۈرۈش قىلىپتۇ ھەمدە بۇ قېتىم خوتەنگە بارغۇچە تەڭ يولدا دادىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ ئۆتۈش ئۈچۈن يەكەن، قاغىلىق، زوڭلاڭ، باشلەڭگەرنى بىسىپ ئۆتۈپ، توختى ۋىجىك كەنتىگە كەپتۇ ھەم چېدىر ـ بارگاھلارنى تىكىپتۇ. شۇ چاغدا يۈسۈپ قىدىرخان باشچىلىقىدىكى ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ خوتەن پادىشاھىنىڭ سەركەردىلىرى جوقتەرەشىد ۋە نوقتەرەشىدلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىسلام دىنىنى غەلبىگە ئېرىشتۈرگەنلىك خەۋىرى يىتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇپىرسالاخان بۇ يەردە قېلىپ، مىڭ مو يەر سېتىۋېلىپ، توختى ۋىجىك كەنتىدە ماكانلىشىپ قاپتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر سۇپىرسالاخاننىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن سەپ ـ سەپ بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپتۇ. سۇپىرسالاخان ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، بۇ كەنتنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ «ئىسمە سالاھ» (ناماز ئوقۇيدىغان جاي) دەپ نام قويۇپ قويۇپتۇ. سۇپىرسالاخاننىڭ قول ئاستىدىكىلەر بولسا بۇ جايغا «ئىسلام سالىھ» (راستلىق بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلغۇچىلار) دەپ نام بەرسەكمۇ بولغۇدەك دەپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ توختى ۋىجىك كەنتىنىڭ ئىسمى ئىسمەسەلاھ ياكى ئىسلام سالىھ دەپ ئاتىلىپتۇ. سۇپىرسالاخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ يەردە ياشاپ ۋاپات بولۇپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتى ئىسپەرسالاخان قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىپتۇ. كىيىنكى چاغلاردا كىشىلەر سۇپىرسالاخاننىڭ مازىرىغا چېدىر تىكلەپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ، بىر قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىدە بۇ زاراتگاھلىقنى قىردىن (تاغدىن) سەل كېلىپ، چېدىرلارنى سۇ ئېقىتىپ كىتىپتۇ.

بۇ مازارنى ئون نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان خەۋەر ئېلىپ كەلگەن قاسىم

شەيخىم مىلادىيە 1884 - يىلى بۇ مازارنىڭ تەزكىرىسىنى يېزىپ چىققان. بۇ تەزكىرە كېيىنكى چاغلاردا مەشھۇر شائىر ئىسمائىل ھاجىمنىڭ قېشىدا ساقلانغان بولسىمۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

ئىسمىسالاھ كەنتى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم بىر ئۆتەڭ بولۇپ، تارىختا گۇما بازىرىنىڭ ئورنى ئالتە قېتىم يۆتكەلگەن بولۇپ، گۇما بازىرىنىڭ 5 - ئورنى ئىسمىسلا ئىكەن.

سۇپىرسالاخاننىڭ مازىرى ھازىرمۇ بار، بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ماڭىدۇ.

ئىسمىسالاھنىڭ كونا بازار مەھەللىسىدە ئېگىزلىكى 50 مېتىر، ئايلانمىسى بەش مېتىر كەلگۈدەك بىر چوڭ تېرەك بولۇپ، بۇ تېرەكنى سۇپىرسالاخان بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن سالدۇرغان ئىكەن. بۇ تېرەك 1967 - يىلى كېسىۋېتىلگەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: گۇما ناھىيە ئىسمىسالاھ كەنتى قىشلاق مەھەللىسىدىن

**مۇھەممەت ئەيسا ئاخۇنۇم**

## ھاڭگىيا رىۋايىتى ①

رۇستەمى داستان يىراقتا سەپەر قىلغان ۋاقىتتا، ئايالى ۋە ئوغلىنى خوتەندە قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلى چوڭ بولۇپ ئاپىسى بىلەن قوغۇن تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىپتۇ. رۇستەمى داستان جەڭدىن قايتىپ كېلىپ ئوغلى ۋە ئايالىنى تاپالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ھاڭگىيىدا (ھازىرقى لوپ ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى) بىر ياش بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن نېمىدۇر تالىشىپ جېدەللىشىپ قالغان روستەمى داستان ئاخىرىدا ئۇ ياش يىگىتنى يەرگە بېسىۋېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ياش يىگىت بار كۈچى بىلەن «رۇستەمى داستاننىڭ ئوغلى ئۆلىدىغان بولدى» دەپ ۋارقىراپتۇ. رۇستەمى داستان بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال قولىنى بوشىتىپتۇ. ئۇ بۇ ياش يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھازىرقى ھاڭگىيىدا تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ يەردە ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپتۇ. بۇ كەنت ئەسلىدە «ماكان» دەپ

---

① بۇ رىۋايەت پىرژىۋالىسكىينىڭ «لوپنۇرغا سەپەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاتالغان بولۇپ كېيىن، «ھاڭگىيا» دەپ ئۆزگەرتىلىپتۇ.

## پولو رىۋايىتى ①

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، تىبەتنىڭ غەربىدە بىر خىل ئادەت ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، پادىشاھ تەختكە چىققاندىن كېيىن، مەيلى ئۇنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ئەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئون يىل توشسىلا ئۆلتۈرۈلىدىكەن. ھاتەم ئىسىملىك بىر پادىشاھ تەختكە چىقىپ ئون يىل توشاي دېگەندە، يەنى ئۆلتۈرۈلۈش ۋاقتى يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ ئۆزىگە سادىق 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپتۇ ۋە كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بويىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي موڭغۇللار يېتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ھاتەم خوتۇنى، ئوغلى ۋە ئىككى قىزىنى ئېلىپ قېچىپ ئاپەتتىن قۇتۇلۇپتۇ. ئۇلار ۋە قېچىپ چىققان باشقا تىبەتلىكلەر بىلەن بىرلىكتە كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلەپ، تىبەتتىن بەك يىراقلاپ كېتىپتۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە يەرلىك كىشىلەر بىلەن توپلىشىپ، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى پولو كەنتىنى بەرپا قىپتۇ. ھازىرقى كەنت ئاھالىلىرى ئەنە شۇ ھاتەمنىڭ 12 - ئەۋلاد نەۋرە - چەۋرىلىرى ئىكەن.

## ئوقچى مازار رىۋايىتى

ئوقچى مازار، خوتەن ناھىيە خان ئېرىق يېزىسى تاسمىچى كەنتىگە جايلاشقان. ئىسلام دىنى تۇسىنى ئالغان تاۋاپگاھ. بۇ جاي بەزىدە «ئىلاھىي مازار»، «شەرتلىك مازار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىسلام لەشكەرلىرى خوتەندە بۇددىست لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپتۇ. جەڭ ئىنتايىن قاتتىق بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپ چوڭ تالاپەت كۆرۈپتۇ. جەڭ جىددىي

---

① بۇ رىۋايەت پېرژىۋالىسكىينىڭ «لوپنۇرغا سەپەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

كېتىۋاتقاندا لەشكىرىي ئىسلامنىڭ ئوقيا قىيغۇچىسى ئابدۇل ئىيساققا ئوق تېگىپ شېھىت بوپتۇ. ئىسلام لەشكەرلىرى كۆپ يىغا ـ زار قىلىپ جەسىدىنى بەلخى دېگەن شەھەرگە ماڭغۇزۇپتۇ. ئەمما ئوقيا قىيغۇچىسى جان ئۈزگەن بۇ جايغا ئۇنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرۇپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ جاينىڭ نامى «ئوقچى مازار» دەپ ئاتىلىپ تاۋاپگاھقا ئايلىنىپتۇ.

## باللماس نامى توغرىسىدا ئۈچ رىۋايەت

«باللماس» ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ خان ئېرىق يېزىسى بىلەن خوتەن شەھرى لاسكۈي بازىرى ئارىلىقىدىكى بىر جاينىڭ نامى. باللماسنىڭ شىمالىدا قۇم بارخانلىرى ۋە خارابە ئىزلىرى بار. باللماسنىڭ سېغىزى ناھايىتى داڭلىق. نېمە ئۈچۈن كىشىلەر بۇ جاينى «باللماس» دەپ ئاتاپ كەلگەن؟ «باللماس» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا مۇنداق ئۈچ خىل رىۋايەت بار.

1

قەدىمدە تەكلىماكاندا قاتتىق بوران چىقىپتۇ. قۇملار كۆچۈپ كەنتلەرنى خانىۋەيران قىلىشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي كەنتلەرنىڭ كۆپ قىسمى قۇم ئاستىدا قاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قەستان ① شاھزادىسى قارا تاغدىن ئۇچۇپ كېلىپ بۇ يەردىن سېغىز ئېقىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يېقىن ئەتراپتىكى قۇمنىڭ كۆچىشىنى توساپتۇ. ئەمما قۇم كۆپ، ھەرىم قاتمۇقات بولغاچقا، سېغىز ئېقىنى قۇم ئىچكىرىسىگە بارالماپتۇ. ئاپەت رايونىدىكى خەلقلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممىسى كېلىپ شاھزادىدىن مەدەت تىلەپتۇ. شاھزادە ئات مىنىپ قۇملۇقلارنى بىر كۈن ئايلىنىپ چىقىپتۇ. قۇملارنى سېغىز ئېقىتىش ئارقىلىق توسۇۋېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يېتىپتۇ ۋە خالايىققا قاراپ: «سېغىز ئېقىن ئەمدى بارالماس» دەپتۇ. ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى ئەتراپقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ

① قەستان ـ «قۇستان»، «كىھۇستان» نامىنىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى. ھازىرقى خوتەننىڭ قەدىمى نامىلىرىنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەســتانغا كېتىپتۇ.

2

مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1833 ـ يىلى خوتەندە قاتتىق يەر تەۋەپ 300 دىن ئارتۇق كىشى جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. شۇ چاغدا بىر قىسىم بوز يەر ئاچقۇچى كىشىلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ۋە قېرى ـ چۆرىلەرنى بۇ يەردە گەمە بېسىۋېلىپ ئۆلگەچكە، كىشىلەر بۇ جاينى «بالا باسقان» دەپ ئـاتــىلىپتۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن «بالا باسقان» سۆزى «بالاماس» قا ئۆزگىرىپتۇ.

3

ياقۇپ بەگ قوشۇنلىرى خوتەنگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان مەزگىلدە، شۇ چاغدىكى خوتەننىڭ ھاكىم بېگى ھەزىتا جىم بۇزۇكۋار خالايىقنى دۈشمەنگە قارشى پىدائىيلىقتا چاقىرىپتۇ. بۇ جايدا بەگلىك تەرىپىدىن چــېــدىــر ـ بارگاھلار قۇرۇلۇپ، ئەسكەرلىككە ئېلىش باشلىنىپ، پىدائىي بولۇپ كەلگەنلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ. پىدائىيلىقتا بــالىلار كۆپ كېلىۋاتقاندىن كېيىن، بەگلىك يولىنىڭ بەندەرلىرىگە «بالا ئالماس» لىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپتۇ. كېيىن «بالا ئــالــماس» دېگەن بۇ سۆز تەلەپپۇزدا قىسقىراپ «بالىماس» بولۇپ قالغانىكەن.

## «گۈلخان ئاپا» رىۋايىتى

نــاھــايىتى قەدىمىي زامانلارنىڭ بىرىدە ھازىر «گۈلاخما» دەپ ئــاتىلىدىغان بۇ يۇرتتا ئۇشتۇمتۇت توپان بالاسى بولۇپ، كەنت ـ كەنتلەرنى قۇم باسقىلى تۇرۇپتۇ. ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا باشلاپتۇ. قۇم خۇددى كەلكۈندەك كىشىلەرنى يەر تېگىگە يۇتۇپتۇ. توپان بالاسى توختىغاندا، گۈلخان ئاتلىق بىر ئايال ۋە تۇغۇلغىلى ئــۇزۇن بولمىغان يەتتە قىز ساق قاپتۇ. گۈلخان بۇلارنى تەرەپ ـ تــەرەپــتــىن ئىزدەپ تېپىپ يۇلغۇندىن قوشام قىلىپ ئۆي سېلىپ

بېقىپتۇ. سوت يېتىشمەپتۇ. گۈلخان خۇداغا نالە قىلىپ بۇ نارسىدە يەتتە قىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلاھ ئۇنىڭغا ئىككى ئۇچار ئات بېرىپتۇ. گۈلخان ئاپا ھەر كۈنى ئىككى قېتىم بۇ يەتتە قىزنى كېرىيە دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسىنىڭ بېشىغا ئاپىرىپ قويلار سۈتىگە قاندۇرۇپ ئەكىلىدىغان بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ گۈلخان ئاپا كېيىنكى كۈنلەردە يەتتە قىزدىن 70 نەۋرە كۆرۈپ، بارا - بارا ئادەم كۆپىيىپتۇ، بۇ جاي قايتىدىن گۈللىنىپ. ئىلگىرىكىدىنمۇ ئاۋاتلىشىپتۇ. كېيىن كىشىلەر گۈلخان ئاپىنى ئۇلۇغلاپ بۇ جاينى ئۇنىڭ نامىدا ئاتاشقا باشلاپتۇ.

مەنبەلەرگە ئاساسەن رەتلىگۈچى: شېرىپجان قاسىم

## تەكلىماكاندىكى «تىلسىملىق شەھەر» رىۋايەتلىرى

كېرىيە ناھىيىسى بازىرىغا 270 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان دەريا بويى يېزىسىنىڭ «تەكلىماكان ئوتتۇرىسىدىكى يېشىل مەرۋايىت» دېگەن نامى بار. بۇ يېزىنىڭ ئەتراپلىرىدا «يومۇلاتقۇم»، «قارادۆڭ» قاتارلىق قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى بايقالغان. يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا تەكلىماكاندىكى «تىلسىملىق شەھەر» توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك رىۋايەتلەر ساقلانغان.

1

ئاتا - بالا ئىككى قويچى يوقاپ كەتكەن قويلىرىنى ئىزدەپ قۇملۇقتا كېتىپ بارسا، بىر شەھەر ئۇچراپتۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ قارىسا، ئۆيلىرىدە ئۇخلاپ قالغاندەك يېتىشىپ كەتكەن جەسەتلەر، تۇرمۇش بۇيۇملىرى... شۇ پېتى تۇرغۇدەك. قويچىنىڭ بالىسى كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن بىر نەرسىنى يانچۇقىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇلار شەھەرنى بىر قۇر ئايلىنىپ بولۇپ، قايتايلى دەپ قارىسا، ھېلىلا ئوچۇق تۇرغان شەھەر قوۋۇقى چىڭ ئېتىلىپ قاپتۇ. تۆت ئەتراپ ئېگىز سېپىل. دادىسى بىر نەرسىنى پەملەپ، بالىسىنىڭ بىرەر نەرسە ئالغان - ئالمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، شۇ نەرسىنى ئۆز جايىغا قويۇپ كېلىپ قارىسا قوۋۇق بۇرۇنقىدەكلا ئوچۇق تۇرارمىش. ئەسلىي بۇ تىلسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىنىۋېتىلگەن شەھەر ئىكەن. ئۇلار بۇ يەردىن ئامان قايتىپ چىقىپتۇ.

2

بىر قېتىم ئۈچ يىگىت «توشقانزەدىكى كولايمىز» دەپ ئەڭ يىراق قۇملۇقتا بېرىپ، بىر يەردىن بىر قەبرە بايقاپتۇ. ئېچىپ قارىسا بۇزۇلمىغان جەسەت بار ئىكەن. بۇرنىدىن قان سىرغىغان پېتى تۇرۇپتۇ. قارىسا بوينىغا تىزىق - تىزىق مارجان ئېسىلغان، قوللىرىدا ئالتۇن ئۈزۈك، ئۇلار جەسەتنىڭ مارجان، ئۈزۈكلىرىنى ئېلىۋېلىپ، قايتىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز قاراڭغۇ چۈشۈپ، يۇلتۇزلار چاقناپ، كېچە بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشتىن قورقۇپ كېتىپ، دەرھال ئالغان نەرسىلىرىنى جەسەتنىڭ قولىغا بۇرۇنقىدەك سېلىپ قويغانىكەن، ئالەم ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈپ، تاڭ ئېتىپ قۇياش يېڭىۋاشتىن چىققانمىش.

3

بىر قېتىم ئىككى قويچى يوقاپ كەتكەن قويلىرىنى ئىزدەپ قۇملۇقتا كېتىپ بېرىپ، بوراندا قېلىپ يولدىن ئېزىپ بىر قەدىمي شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار كېچىنى مۇشۇ يەردە تاڭ ئاتقۇزۇشنى پىلانلاپ، بىر كونا ئۆيگە كىرىپ يېتىشقانىكەن. بېشىنى يەرگە قويسىلا ئەتراپتىن نەغمە - ناۋا، تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى ماختاپ ۋارقىراشلىرى، خېرىدارلارنىڭ باھا تالىشىشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان، توخۇلارنىڭ قاقىلداشقان ۋە چىللىغان، ئاتلارنىڭ كىشنەشكەن، قويلارنىڭ مەرىگەن... ئارىلاشما ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ. بېشىنى كۆتۈرسىلا بۇ ئاۋاز يوقايدىكەن، بېشىنى قويسىلا يەنە بۇ ئاۋاز ئاڭلىنىدىكەن. ئۇلار بىر كېچىنى تەستە تاڭ ئاتقۇزۇپ، ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا ئۇ شەھەر يوق، ئۆزلىرى قۇم دۆڭنىڭ يېنىدا ياتقان ئىمىش.

4

ئىككى قويچى بايلىق تېپىش ئۈچۈن، بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە بېرىپ، بىر يەرنى كولىغانىكەن، بىر تۆگىلۈك ئېچىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئارغامچا بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ، قاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ ئاختۇرۇپ، بىر كۆن ھەمىيان تېپىۋاپتۇ. ھەمراھى ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. ئۇلار ھەمىياننى ئاختۇرۇپ كۆرسە ئىچىدىن تۆت تال بۆرە ئۇشۇقى چىقىپتۇ.

## ھاراق ئەپسانىسى

نۇھ ئەلەيھىسسالام توپان بالاسىدىن كېيىن قۇرۇقلۇقنى تېپىپ، كېمىدىكى نەرسىلەرنى قۇرۇقلۇققا چۈشۈرۈش جەريانىدا، مەلئۇن ئۈزۈمنىڭ ئۇرۇقىنى ئوغرىلىۋاپتۇ. ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش جەريانىدا، ئۈزۈم ئۇرۇقىنىڭ يوقالغانلىقى بايقىلىپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۈزۈم ئۇرۇقىنى كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگەن ئىكەن، مەلئۇن: «ئۈزۈمنىڭ ئۇرۇقى مەندە، بىر شەرتىمگە كۆنسەڭ ئۇرۇقنى بېرىمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام: «قانداق شەرت؟» دەپ سورىغان ئىكەن، مەلئۇن: «ئۈزۈمنى تېرىغاندىن كېيىن، ئۈزۈم تېلىنىڭ ئۈچ قېتىملىق سۇيىنى مەن سۇغىرىمەن» دەپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام مەلئۇننىڭ شەرتىگە كۆنۈپتۇ. مەلئۇن ئۈزۈم تېلىنى بىرىنچى قېتىم تۈلكىنىڭ قېنىدا، ئىككىنچى قېتىم يولۋاسنىڭ قېنىدا، ئۈچىنچى قېتىم چوشقىنىڭ قېنىدا سۇغىرىپتۇ. ئۈزۈم تېلى ئۈدا ئۈچ قېتىم قاندا سۇغىرىلغاچقا، مېۋىسى قاننىڭ رەڭگىدە قىزىل پىشىدىغان، شەربىتىمۇ قاننىڭ رەڭگىدە قىزىل چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۈزۈم تېلىغا مەلئۇن پەرۋىش قىلغاچقا، كېيىن ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەش پەيدا بولۇپتۇ. شۇڭا ھاراق ئىچكەنلەرنىڭ كەيپى قېنىدا سۇغىرىلغان ھايۋانلارنىڭ مىجەزىگە تارتىدىكەن. ئۈزۈم تېلى دەسلەپ تۈلكىنىڭ قېنىدا سۇغىرىلغاچقا، كەيپىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىچكەنلەر تۈلكىدەك ھىيلىگەرلىشىپ، باشقىلارغا كۆڭلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىزھار قىلىپ، دوست بولۇپ كېتىدىكەن. ئىككىنچى قېتىم يولۇۋاسنىڭ قېنىدا سۇغىرىلغاچقا، كېيىپ ئىككىنچى باسقۇچقا يەتكەندە ئىچكەنلەر يولۇۋاستەك مەردلىشىپ، چاپىنىنى گۆرەگە قويۇپ هاراق ئالىدىغان بولۇپ كېتىدىكەن. ئۈچىنچى قېتىم چوشقىنىڭ قېنىدا سۇغىرىلغاچقا، كېيىپ ئۈچىنچى باسقۇچقا يەتكەندە، ئىچكەنلەر چوشقىدەك مەينەتلىشىپ، قۇسۇپ، قۇسۇقىغا مىلىنىپ رەسۋا بولىدىكەن.

## دۇنيادا ئەر كۆپمۇ، ئايالمۇ؟

بىر كۈنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى دەريا بويىغا كىر يۇيۇشقا بارماقچى بولۇپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا: «مەن كىر يۇغىلى بارىمەن. لېكىن سىرتتا ئاپتاپ بەك كۈچلۈك ئىكەن. ئاپتاپتا كۆيۈپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەيمەن. سىز جىمى جانلىقلارنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى بولغاندىكىن، جىمى قۇشلارغا پەرمان قىلسىڭىز، مەن كىر يۇيۇپ بولغىچە قۇشلار هاۋادا تۇرۇپ، ماڭا سايىۋەن بولۇپ، ئاپتاپنى توسۇپ بەرسە» دەپتۇ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئايالىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، جىمى قۇشلارغا ئاپتاپنى توسۇش توغرىسىدا پەرمان قىپتۇ. ھەممە قۇشلار تولۇق كەپتۇ، لېكىن بىر سۇندۇكلا كەلمەپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سۇندۇكنىڭ ئۆز پەرمانىغا قۇلاق سالمىغانلىقىدىن قاتتىق خاپا بولۇپتۇ. كىر يۇيۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام باشقا قۇشلارنى بۇيرۇپ، سۇندۇكنى چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە سوراق قىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام «سەن نېمىشقا پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلىپ، سايە چۈشۈرۈشكە كەلمەيسەن؟» دەپ سوراپتۇ. سۇندۇك: «مەن پەرمانىنى ئاڭلاپلا يولغا چىققان، لېكىن يول بويى دۇنيادا ئەرلەر كۆپمۇ، ئاياللارمۇ؟ دېگەننى ئايرىيمەن دەپ، ئادەم ساناپ يۈرۈپ، كېچىكىپ قاپتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سۇندۇكنىڭ گېپىگە قىزىقىپ: «ئېيتە، ئاياللار كۆپمىكەن، ئەرلەرمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

سۇندۇك قىلچە ئىككىلەنمەي: «سان جەھەتتە تەڭلىشىپ قالىدىكەن، لېكىن ئەمەلدە ئاياللار كۆپ ئىكەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھەيران بولۇپ: «نېمىشقا؟» دەپ سوراپتۇ. سۇندۇك: «چۈنكى ئاياللارمۇ ئايال، ئايالىنىڭ كەينىگە كىرگەن ئەرلەرمۇ ئايال» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سۇندۇكنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ: «سەن نېمە دەپ ماڭا ھاقارەت قىلىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. سۇندۇك: «ئويلاپ كۆرسىلە شاھىم، سىلىنىڭ پەرمانلىرى بىلەن ئايالىلىرىنىڭ ئۈستىگە سايە چۈشۈرگىلى كەلگەن قۇشلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ئۇۋىسىدا تۇخۇملىرى بار. تۇخۇملار قۇشلارنىڭ بېسىشىغا، باشقا ھايۋانلارنىڭ يەپ كېتىشىدىن ساقلىنىشىغا موھتاج. نۇرغۇن قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىدا ئۇچۇم بولمىغان باللىرى بار. ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ دان تېپىپ بېرىشىگە، باشقا ھايۋانلارنىڭ يەپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا موھتاج. شۇنداق تۇرۇپ، سىلى ئاياللىرىنىڭ كىر يۇيۇشىدەك كىچىك ئىشى ئۈچۈن ئۇۋىلاردىكى چۈجىلەرنى ئاچ قويۇشقا، توخۇملارنى خەۋپتە قويۇشقا ماقۇل بولسىلا، ئېيتسىلا، سىلى ئەرمىكەنلا ياكى ئايالمۇ؟» دەپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ، جىمى قۇشلاردىن ئەپۇ سوراپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: مۇساجان توغرول، مايمۇنخان سۇلايمان، مەمتىمىن ئوسمان
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرېشات مۇساجان توغرول

## تۆھپە ھەققىدە رىۋايەت

ئادەم جەننەتتە ئاجايىپ نازۇ نېمەت، شېرىن - شەربەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، لەنەتگەردى شەيتاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ «چەكلەنگەن مېۋە»نى يەپ قويۇپ جەننەتتىن قوغلاندى قىلىنىپ يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈپتۇ. يەر يۈزىدە جەننەتتىكىدەك ئۇنداق تەييار نازۇ نېمەتلەر بولمىغاچقا، تېرىقچىلىق قىلىشقا توغرا كەپتۇ. ئەمما ئۇ ئالدىغا قارىسا قاقاس تاغ، كەينىگە قارىسا پايانسىز قۇم كۆرۈنۈپتۇ. تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن سۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولمىسا بولمايدىكەن. سۇ بولسا قاقاس تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولۇپ، ئادەمنىڭ سۇنى باشلاپ كېلىشكە كۆزى يەتمەي تازا بېشى قېتىپ تۇرغاندا، چاشقان ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ سۇ باشلاپ كېلىشنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى، ئەمما تېرىقچىلىقتىن ئالغان ھوسۇلدىن ئۆزىگە ئازراق بۆلۈپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ئادەم ئامالسىز چاشقاننىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چاشقان ئاغىنە - بۇرادەرلىرى بىلەن قول - پۇتىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ تاغنى تېشىشكە باشلاپتۇ. تېشە - تېشە ئەتىسى چاشكا ۋاقتىدا چاشقانلار تەشكەن تۆشۈكتىن سۇ بۇلدۇقلاپ ئېقىپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئادەم چاشقانلار ئەكەلگەن سۇ بىلەن تېرىقچىلىق قىپتۇ ۋە مول ھوسۇل ئېلىپتۇ. ئادەم خامانني سورۇپ دانلارنى خالتا - خۇلتىلارغا قاچىلاپ تۇرۇشىغا، چاشقان يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھەققىنى بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ئادەم چاشقانغا خالتىلارنى كۆرسىتىپ «خالىغىنىڭنى ئال» دەپتۇ. ئەقىللىق چاشقان ئويلىنىپ كۆرۈپ، «ئەي ئادەم، مېنىڭ بۇنداق چوڭ تاغارنى توشۇيدىغان ھارۋام، ساقلايدىغان ئامبىرىم يوق. شۇڭا سەن ماڭا تۇرار جايىڭنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن، تام - تۈرۈشلىرىدىن ماكان بەرسەڭ، مەن خالىغاندا ئۆزۈمگە تۇشلۇق يېسەم، قانداق؟» دەپتۇ. ئادەم چاشقاننىڭ بۇ تەلىپىگىمۇ ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چاشقانلار ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆي - ئۆيلەردە ماكان تۇتۇپ تاملارنى تېشىپ، تۈرۈشلارغا يامىشىپ، قازان - قومۇچلارنى يالاپ، ئامبارلارنى كولاپ خالىغانچە تۇرمۇش كۆچۈرىدىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاراقاش ناھىيە جاھانباغ يېزا دۆڭئارش كەنتىدىن سادىر باھاۋۇدۇن

تۈپلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن

## چىرا چۆل، كېرىيە كۆل

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زامانلاردا، بىر ئەۋلىيا بىر قاپاق سۇ بىلەن بىر خۇرجۇن نان ئېلىپ، تاغمۇ تاغلاردىن ئېشىپ، نۇرغۇن دەريالارنى كېچىپ، چىرا تاغلىرىغا كېلىپ قاپتۇ. ئەۋلىيا قارىغۇدەك

بولسا، خورجۇندىكى نانلىرى تۈگەپ، قاپىقىدىكى سۈيى يېرىملىشىپتۇ. ئەۋلىيا تاغلىقلارغا:
— ماڭا سۇ بەرسەڭلار، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. چىرالىقلار:
— ساڭا بىكارلىققا بېرىدىغان سۇ نەدە تۇرۇپتۇ، — دەپ سۇ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. ئەۋلىيا كۆپ يالۋۇرغان بولسىمۇ بىر تامچە سۇغا ئېرىشەلمەپتۇ. خاپا بولغان ئەۋلىيا:
— سۈيۈڭ كەم بولغاي، يەرلىرىڭ قۇرۇغاي، — دەپ دۇئا قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چىرادا قۇرغاقچىلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. ئېچكۈدەك سۇمۇ تەس تېپىلىپتۇ.
ئەۋلىيا ماڭا ـ ماڭا كېرىيە تاغلىرىغا كەلگەندىن كېيىن كېرىيىلىكلەر ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا چىقىپ، چاي ـ مەزە قويۇپ ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقىنى كۆرسىتىپتۇ ۋە ئەۋلىيا كېتىدىغان چاغدا سوۋغا ـ سالام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ئەۋلىيا قارىسا كىچىك بىر دەريا ئېقىۋاتقانىكەن. ئەۋلىيا قاپىقنى ئېلىپ دەريا بويىغا كەپتۇ ـ دە:
— سۈيۈڭ مول، يېرىڭ باغۇ بوستان، خەلقىڭ كەڭ داستىخان بولغاي، — دەپ دۇئا قىلىپ قاپىقىدىكى سۇنى كېرىيە دەرياسىغا تامغۇزۇپتۇ. دېگەندەك كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيى ئەزەلدىن تولۇپ تاشقانمىش. بۇ دەريا بۇرۇندا «كۇراپ دەرياسى» دەپ ئاتالغانىكەن.
كېرىيىدە تاغلىق كىشىلەر ئەۋلىيانى بىر ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، پولۇ بىلەن مېھمان قىپتۇ. ئەۋلىيا پولۇ يېگەن جاي «پولۇ» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئەۋلىيا كۇراپ دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭماقنى ئىختىيار قىپتۇ. ھېلىقى كىشىلەر دەرھال بىر خورجۇن نان، بىر قاپاق سۇ ۋە بىر ئات تەييارلاپ ئەۋلىياغا يوللۇق تۇتۇپتۇ. ئەۋلىيا ئاتقا مىنىپ تاغدىن تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ. ئەۋلىيا شۇ چاغدا تاغ ئېتىنغا مىنگەچكە، كېرىيىدە تاغ ئېتى ئەتىۋار ھەم يارام ئىكەن. ئەۋلىيا ئاتقا مىنىپ نۇرغۇن يول يۈرۈپ بىر بوستانلىققا كېلىپ قاپتۇ. ئەۋلىيا بۇ يۇرتقا كەلگۈچە ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى كېلىپ بولغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەۋلىيا ئاستىدىكى ئاتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاتچان كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ ۋەجىدىن كېرىيە تاغلىرى «ئاتچان» دەپ ئاتىلىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كېرىيە ناھىيە توغرىغاز يېزىسىدىن قاسىم ئاخۇن
توپلىغۇچى: ئېزىز قاسىم

## كېرىيە ئاياللىرىنىڭ تەلپىكى ۋە پەرىجىسى ھەققىدە رىۋايەت

بۇرۇن كېرىيىدە كۆكچى ئەييارى دەيدىغان بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئاي يۈزلۈك، بولاق كۆزلۈك، سەرۋى قامەتلىك، خۇلقى نازاكەتلىك، پەم - پاراسەتلىك بىر قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ بەزىبىر قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە شۇ قىزىنى ئەقىل كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوشنا مەملىكەت پادىشاھى دەققىيانۇس قىزغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. كۆكچى ئەييارى «قىزىم كىچىك ئىدى» دەپ ئەلچىلەرنىياندۇرۇپتۇ. چۈنكى دەققىيانۇس پادىشاھ زالىملىقى بىلەن داڭ چىقارغان، ئاجىز پادىشاھلىقلارنى بۇلاش بەدىلىگە دەريا بويىدا يەتتە تاش ئالتۇن تۈگمەن ماڭدۇرغان ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ياۋۇز دەققىيانۇس قاتتىق غەزەپلىنىپ، كۆكچى ئەييارىغا لەشكەر تارتىپ كەپتۇ. ئىككى پادىشاھلىق «مارجانلىق» دېگەن جايدا شۇنداق قاتتىق جەڭ قىپتۇكى، ئايھاي! قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ ئۇرۇلغان، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، غالىب لەشكەرلەرنىڭ «ئۇر - چاپ!» دېگەن ئاۋازلىرى جاھانغا بىر كەپتۇ. دەققىيانۇس غەلىبە قىلىپ كۆكچى ئەييارى چېكىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ. دەققىيانۇس كۆكچى ئەييارى پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكىرىسىگىچە بېسىپ كىرىپتۇ ۋە يەنە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. كۆكچى ئەييارى: «قىزىمنى قەتئىي بەرمەيمەن، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەقسىتىگە يېتەلمىگەن دەققىيانۇس: «بۇ مەملىكەتتىكى پۈتۈن ئەرلەرنى قىرىپ تۈگىتىمەن» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ ۋە ئون ئىككى ياشتىن يەتمىش ئىككى ياشقىچە بولغان بارلىق ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە باشلاپتۇ. يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ ئۇچرىغانلىكى ئەرلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپتۇ. دەققىيانۇس پادىشاھنىڭ كۆزىگە قان تولۇپتۇ. ئەرلەرنى چېپىپ ـ سۇغرىپ زېرىككەن زالىم شاھ، ئەرلەرنى ئادەمنىڭ بېلىدەك تومۇلۇقتىكى تاغ سەگۈسى سېلىنغان كەڭرى بىر مەيدانغا يىغىپ ئەكىلىپ، مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سەگۈدىن بىرنى، سول تەرىپىدىكى سەگۈدىن بىرنى باغلاپ يادەك ئەگدۈرۈپتۇ. ئېگىلگەن سەگۈلەرنىڭ بىرىگە تۇتقۇنلارنىڭ ئوڭ پۇتىنى، يەنە بىرىگە سول پۇتىنى باغلاپ، ئېگىلگەن سەگۈلەرنى قويۇپ بېرىپتۇ، سەگۈلەر تۈزلەنگەندە تۇتقۇنلار قاق ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە بولۇپ جان بېرىپتۇ. پۇقرالار قان ـ قان يىغلاپ جەسەتلەرنى يەرلىكىدە قويۇپتۇ. دەققىيانۇس سەگۈنى ئېگىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن يەر «ئەگلە» دەپ ئاتىلىپتۇ (بۇ هازىرقى كۆكيار يېزىسىنىڭ ئەگلە كەنتى ئىمىش).

بۇ چاغدا شاھنىڭ تەدبىرلىك مەلىكىسى مەملىكەتتىكى ئېرىدىن ئايرىلغان تۇل ئاياللارنى يىغىپ، ئۇلارغا جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىپتۇ ۋە بىر قوشۇن تەييارلاپتۇ. مەلىكە جەڭ مەيدانىدا كىيىش ئۈچۈن بارلىق ئاياللارغا بىردىن تون تارقىتىپ بېرىپتۇ. بۇ توننىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ياقىسىدىن تاكى ئېتىكىگىچە چىلتەك تۇتۇلغان، ئوڭ ـ سول مەيدىسىگە توققۇز تالدىن، جەمئىي ئون سەككىز دانە تارغاق شەكىللىك كەشتە چىقىرىلغان ئىكەن. بۇ توننىڭ رەڭگىنىڭ قارا بولۇشى ئاياللارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئەرلىرىگە تۇتقان قارىلىقى ئىكەن. ياقىسىدىن ئېتىكىگىچە تۇتۇلغان چىلتەك — «ئادەمدە جان بىر» دېگەنلىك ئىكەن. مەيدىسىدىكى ئون سەككىز دانە تارغاق بولسا «ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسى ئون سەككىز تال» دېگەن مەنىدە ئىكەن. مەلىكە باشچىلىقىدىكى ئاياللار قوشۇنى ھېلىقى توننى كىيىپ، «جان بىر، قوۋۇرغا ئون سەككىز» دەپ توۋلىغىنىچە جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. نەتىجىدە، دەققىيانۇسنى مەغلۇپ قىلىپ شېھىت بولغان ئەرلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىساسىنى ئاپتۇ. جەڭدىن كېيىن مەلىكە دادىسىنىڭ ئورنىغا پادشاھ بوپتۇ. مەلىكە پادشاھ بولغاندىن كېيىن شاھلىق تاجىنى خۇددى كىچىك پىيالىگە ئوخشاش ياسىتىپ كىيىپتۇ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاياللارغا ئۆزىگە ئوخشاش تاج كىيىش، جەڭدە كىيگەن تونىنى ھەر دائىم كىيىپ تۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

مەلىكە كىيگەن ھېلىقى تاج ھازىرقى كېرىيە ئاياللىرىنىڭ بېشىدىكى كىچىك تەلپىكى ئىكەن. جەڭدە كىيگەن تون بولسا، ھازىرقى مەيدىسىدە ئون سەككىز تال تارغىقى بار كېرىيە پەرىجىسى ئىكەن (بۇ خىل پەرىجە ۋە كىچىك تەلپەكنى قەدىمدىن بۇيان، كېرىيە، چىرا، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاياللارمۇ كىيىدۇ. مارالبېشىنىڭ تۈمشۇق قاتارلىق جايلىرىدىمۇ بۇ خىل پەرىجە ئۇچرايدۇ - ت). كېرىيىلىكلەردىكى «جان بىر، قوۋۇرغا ئون سەككىز» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھەنىپخان ياغ
توپلىغۇچى: ئېزىز قاسىم

## چىرا نېمە ئۈچۈن قۇرغاق؟

بۇرۇن بىر خىزىر سۈپەت بوۋاي كېرىيە ئارقىلىق ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ دامىكۇ يېزىسىغا كەپتۇ. ئۇ بىر قاپاق سۇ ئېلىپ كەلگەنىكەن، بوۋاي بازار ئېچىنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن بازارنىڭ راسا قىزىغان يېرىگە كېلىپ:

— مەن سۇ ساتىمەن، قايسىڭلار سۇ ئالىسىلەر، — دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ سۇ ئاپتۇ، بىراق بازارنىڭ ئايىغىدىكى كىشىلەر:

— بىز سۇ ئالمايمىز، — دەپ سۇ سېتىۋالماپتۇ. بوۋاي بىر ھازا سۇ ساتقاندىن كېيىن قاپاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ «يەرلىرىڭ قۇرغاقچىلىقتىن خالىي بولغاي، ئايىغىڭ چۆللەشكەي، باش تەرىپىڭ گۈللەنگەي»، دەپ دۇئا قىلىپ گۇلاخماغا قاراپ يول ئاپتۇ.

گۈلاخماغا كەلگەندىن كېيىن بىر - ئىككى كۈن چۆرگىلەپتۇ - دە، ئەتىسى بازارنىڭ ئاۋات يېرىگە بېرىپ:

— مەن سۇ ساتىمەن، قايسىڭلار سۇ ئالىسىلەر، — دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر سۇ ئېلىپ قانغۇچە ئىچىپتۇ ۋە ئىچىپ بولۇپ بوۋاينى زاڭلىق قىلىپ: «سۈيۈڭ تۇزلۇق ئىكەن» دېيىشىپتۇ. ئەسلىدە بوۋاينىڭ سۈيى ناھايىتى تاتلىق ئىكەن. بوۋاي بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن: «يەرلىرىڭ شورلىشىپ كەتكەي» دەپ دۇئا قىلىپلا چىراغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ چىراغا كەلگەندىن كېيىن بازارنىڭ ئاۋات يېرىگە كېلىپ:

— سۇ ساتىمەن، قايسىڭلار سۇ ئالىسىلەر، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بىراق كىشىلەر سۇ ئالماستىن: «سەن نەدىن كەلگەن دىۋانە؟ بۇ يەردە سۇ قىس بولسىمۇ سۇ ساتمايدۇ» دەپ، قاپاقتىكى سۈنى تارتىۋېلىپ ئىچىپ تۈگىتىپتۇ. بوۋاي خاپا بولۇپ: «سۈيۈڭ قىس بولغاي» دەپ دۇئا قىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى چىرا قۇرغاق بولۇپ قالغانمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيە چىرا يېزا ئارىش كەنتىدىن **ساۋۇر مەتربھىم**
توپلىغۇچى: **مەتياسىن مەتساۋۇر**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



【تۇزگۇچىنىڭ ئىلاۋىسى】كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپسانە-رىۋايەت توغرىسىدىكى چۈشەنچە-قاراشلىرىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ياردىمى بولار دېگەن مەقسەتتە، تۆۋەندىكى نەقىل ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىندى.

# ئەپسانە ۋە رىۋايەت توغرىسىدا

«سىز ئەپسانە ۋە رىۋايەتكە قانداق قارايسىز؟ ئۇ بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك يالغان ياكى ئاجايىپ-غارايىپ ئويدۇرمىمۇ ياكى ئاساسى بار ئوقۇمىمۇ؟ شۇنداقتىمۇ كىشىلەر ئۇنى نىمە ئۇچۇن قالدۇرماي داۋاملاشتۇرىدۇ؟ ئۇ نىمىنى ئىپتىياج قىلىدۇ ۋە نىمىنى چۈشەندۇرىدۇ؟ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر توغرىسىدا ئۆزۈڭدىن بىرى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە بىتەرەپلىمە، خاتا ئوقۇم ھۆكۈم سۈرگەچكە، ئۇنى ھەقىقەت ئاساسى بار نەرسە ياكى ھېچبولمىغاندا يېرىم ھەقىقەت دەپ ئېتىراپ قىلالمىدى.

ئەپسانە ۋە رىۋايەتنىڭ قەدىر-قىممىتىگە چۈشىنىپ يەتكەن بىر رۇس شائىرى ئۇنى «ھەقىقەتنىڭ سۇنۇق پارچىلىرىدۇر» دەپ يازدى. ئەگەر ئەپسانە سۆزىگە ئىنزاھ بېرىڭ دېسەلەر، مەن مانا شۇ سۆزنى تەستىقلايمەن. چۈنكى، ھەرقانداق خىيالىي ياكى توقۇلما ئەپسانىمۇ ئەسلىدە سادىر بولغانلىقى ئېنىق بولغان مەلۇم بىر تارىخىي ۋەقە ياكى ياشاپ ئۆتكەن تارىخىي شەخسنىڭ ھاياتى بىلەن تەبىئىي ھالدا باغلىنىشلىق بولىدۇ. بابىل مۇنارىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، نوھنىڭ توپانى ياكى سەمەرقەند شاھى زىندە مازىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئاساسىدا تارىخىي دەلىل-ھەقىقەت ياتقان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ قەدىمى يازمىلىرىمىز مۇنداق جۈملە بىلەن باشلانغان: «بۇ ھېكايەت گەرچە ئەپسانە تۈسىدە بولسىمۇ، ئۇلى ھەقىقەتتىن يىراق ئەمەستۇر.»

ئىنگلىز ئەدىب چېسترتوننىڭ يازغىنىدەك: «ئەپسانە — ھەرقانداق دەلىللەردىنمۇ تارىخىراقدۇر. دەلىل يالغۇز بىر ئادەم ھەققىدە سۆز ماڭدۇرسا ياكى ئۇ ئادەملەر قاتناشقان ۋەقە ھەققىدە مەلۇمات بەرسە، ئەپسانە يۈزلىگەن-مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى مەيدانغا چىقارغان ئادەملەر توغرىسىدا ھېكايە قىلىدۇ. دەلىللەر بەزى چاغلاردا زامانلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆز ماھىيەتلىرىنى ۋە ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەمما ئەپسانە ئەبەدى ئۆزگەرمەس ھەقىقەت بويىچە تۇرىدۇ. تارىخ پەقەت خەلق خاتىرىلىرىنىڭ بەلگىسى بولغان ئەسساتىرلەر (ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر) نىڭ ياردىمىدىكى ئۆتكەن ماھىيىتىنى، يەنى ئۇنىڭ يۈرىكىنى كەشىپ ئېتەلەيدۇ. خاتىرىسىز ئىنسان يۈرىكى بولسا قۇرۇق ھۆججەتلەر يىغىندىسىدىن پەرق قىلمايدۇ. تارىخ — ۋاقىت ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ۋاقىت مابەينىدە ياشىغان ئىنسانلار ھەققىدە ھېكايە قىلىشى زۆرۈر. دېمەك، ئۇ ۋاقىت ھۆججەتلىرىگە ئەمەس، ئىنسان خاتىرىسىگە سۆيۈنگەندىلا ھەقىقەتنى ئاچىدۇ. ئىنسان خاتىرىسى ئەپسانىلارغا ھەمنەپەس بولالىغاندىلا تىرىك قالالايدۇ. پەقەت ئاشۇنداق تارىخىي دەلىللەرلا ھەم تىرىك قالىدۇ، ھەم تىرىلەلەيدۇ. ئەپسانە بىلەن ھۆججەت (دەلىل) نىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ئەسلىدە ئىنسان بىلەن ۋاقىتنىڭ باغلىنىشىدۇر.»

(خۇرشىد دەۋراننىڭ «ساھىبقىران نەبىرىسى» ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل)

**مەتقاسىم ئەكرەم تەييارلىغان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# چۆچەكلەر

## قەھرىمانى قاتىل

يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسى ئارىلىقىدا شۇنداق بىر ۋەقەئى مۆجىزات بولغانكى، بۇنى سۆز ئۇستىلىرى بۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ: بۇرۇندىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى، بۇ زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مۆجىزاتلارنىڭ شاھىنشاھى ھۇشانشاھ ئىكەن. شاھىنشاھ ھۇشان ۋەزىر - ئەمىر، ئاكابىر - ئەشرەپلىرى بىلەن قارچىغا - لاچىنلىرىنى ئېلىپ، تۈلكە - توشقان، ئەسرى سۈلەيسۇن ئوۋلاش ھەۋىسى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ.

ئۇلار ئىككى كۈن ئوۋ ئوۋلاپ ئۈچىنچى كۈنى بىر چۆل - جەزىرىگە كېلىپ يىراقتىن بىر ئوغۇل بىلەن بىر قىزنىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا، خوتەن قاشتېشىدىن ئويۇلغان ھەيكەل ئىكەن، بۇنى كۆرگەن شاھىنشاھ:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ماۋۇ بولسا، شەرىستانى زەررىننىڭ پادىشاھى زەپەر پىرىنىڭ ئوغلى بەھرام دىلاۋەر، ئاۋۇ قىز ئۇنىڭ ئاشىقى ئىدى. بۇنىڭغا جاھاندىكى جادۇلارنىڭ پىرى ئۇستازى ئاردۇق جارۇ ئاشىق بولغانىكەن، قىز ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرمەپتۇ. ئاردۇق جارۇ ھېچ ئامال قىلالماپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەمراھلىرىدىن «قانداق قىلىمىز؟» دەپ سوراپتۇ. يېقىنلىرى: «بۇ قىز بىلەن بەھرام دېگەن يىگىت بىر - بىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈشىدۇ. ئەگەر ئۇ بولسا، قىز ھەرگىزمۇ گېپىڭىزگە كۆنمەيدۇ» دەپ ئېيتىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاردۇق جارۇ ئۇلارنى

بىر - بىردىن ئايرىيالماسلىقتا كۆزى يېتىپ، «دۇرۇل قىيامەتكىچە بۇ دۇنيانىڭ لەززىتىدىن مەھرۇم بولغىن» دەپ ئۇلارنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھىنشاھ ھۇشان ئۆز كۆڭلىدە: مەن پۈتۈن زېمىنىنىڭ شاھىنشاھى تۇرسام، مۇشۇنداق دەردمەنىنىڭ دەردىگە يېتىپ، ئۆز ئەسلىگە ئەكەلمىسەم، قانداقمۇ شاھىنشاھ بولالايمەن؟ دەپ ئويلاپ:

— بۇلارنى قانداق قىلىپ ئۆز ئەسلىگە ئەكىلىش مۇمكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنىڭ بىرلا ئامالى بار، ئۇ بولسىمۇ ھېلىقى ئاردۇق جارۇنى ھەر نېمە قىلىپ تۇتۇپ ئەكىلىپ ئىككى نىمتە قىلىپ، ئۇنىڭ قېنىنى بۇ قاشتېشى ھەيكەلگە سۇۋىساق، ئاندىن ئادەم ئەسلىگە كېلىدۇ. بۇلارنىڭ مۇشۇ ھالەتتە تۇرغىنىغا يىگىرمە يىل بولدى، — دەپ ئېيتىپتۇ دانىشمەنلەر. بۇنى ئاڭلىغان شاھىنشاھ:

— بارمىدۇ بىر شىرى مەردان، شىجائىتىڭلار قىلامدۇ پەرۋاز، ئابى ئاتەش، بارى ئاخىر، بىر مەرد پالۋان بولسا، ئاردۇق جارۇنى مۇشۇ يەرگە تۇتۇپ ئېلىپ كەلسۇن! — دەپ ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ مەرتەم ئېيتىپتۇ، لېكىن ھېچكىم زۇۋان سۈرمەپتۇ. تۆتىنچى قېتىم يەنە ئېيتىپتۇ، شۇ چاغدا ئورنىدىن بىر كىشى تۇرۇپ دەپتۇكى:

— مەنكى غۇلاملىرى گەردان كاشانىغا نىيەتلىرى مايىل بولسا، شۇ خىزمەتكە مەن بارسام دەيمەن. بۇنداق دېيىشىمدىكى مۇددىئايىم شۇكى: ئاردۇق جارۇ مېنى جەگرەن سۈرىتىگە ئايلاندۇرۇپ بىر نەچچە يىل سەرسان قىلغان. مەن چۆل - جەزىرىلەردە يۈرۈپ ئاخىرى ئاردۇق جادۇنىڭ قېشىغا بارغانىدىم. مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ، ئاردۇق جادۇ دېدىكى: «سەن كۆپ جەبىر تارتىپسەن، ئاردۇق جارۇنىڭ نىيىتى يامان، ئەمما مەن سېنى بۇ ئىشتىن خالاس قىلىپ قوياي» دەپ بىر نەچچە كۈن سېھرى - ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز ئەسلىمگە كەلتۈرۈپ قويدى. مەن شۇ جاپالارنى ئاردۇق جارۇدىن كۆرگەن. بۇ مۇشكۇل ئىشقا باراي، ئاردۇق جارۇ يا مېنى يوق قىلسۇن ياكى مەن ئۇنى تۇتۇپ ئەكىلىپ ئۆچۈمنى ئالاي، — دەپتۇ. بۇنىڭغا شاھىنشاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماقۇل بوپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن شاھەنشاھنىڭ ئۇستا ئەييارى گەردان كاشان ئۈچ مۆئەللەق بىلەن ئاردۇق جادۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يېتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئاردۇق جادۇ:

ـــ سەن نېمىشقا كەلدىڭ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ، ئۇنىڭغا جاۋابەن گەردان كاشان ئېيتىپتۇكى:

ـــ مېنى جەگرەن سۇرتىدىن ئۆز ئەسلىمگە كەلتۈرگەن سىز، شۇڭا مەن بۇيرۇغان ئىشىڭىزنى بەخت ـ دۆلەت بىلىپ غۇلام بولاي، دەپ كەلدىم، ـــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاردۇق جادۇ:

ـــ راستىڭنى ماڭا ئېيت، نېمە مەقسەتتە كەلدىڭ؟ ـــ دەپ يەنە سوراپتۇ.

ـــ مەن ئاردۇق جادۇنى ئەكەلگىلى كەلدىم، ـــ دەپتۇ گەردان كاشان. بۇنى ئاڭلىغان ئاردۇق جادۇ:

ـــ سەن بۇ پەيلىڭدىن يانغىن، ئاردۇق جارۇنىڭ قولىدىن ھەر ئىش كېلىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭدىن قورقىمەن، ـــ دەپ نەسىھەت قىپتۇ. لېكىن گەردان كاشان ھېچ قىلىپ ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاردۇق جادۇ ئاردۇق جارۇنى تۇتۇپ ئەكىلىشكە قوشۇلۇپ، بىر ئىسمى ئەزەم ئوقۇپتۇ، گەردان كاشان شۇ ئان بىر قارا قاغا، ئاردۇق جادۇ بىر قارا قاغا بولۇپ پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار ئۇچۇپ بىر يەرگە چۈشكەندە ئاردۇق جادۇ دەپتۇكى:

ـــ مۇشۇ يەردىن يەنە ئازراق ماڭساڭ ئاردۇق جارۇنىڭ قېشىغا بارسەن، ئاردۇق جارۇ بىر ئۇخلىسا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ئەگەر پېشانە ـ پەلىكىڭ ئوڭدىن كەلسە، ئۇخلىغان ۋاقتىدا بارسەن، پەلىكىڭ تەتۈر بولسا ئويغاق ۋاقتىدا بارسەن، مەن ساڭا بىر ئايەت ئۆگىتەي، ئەگەر ئۇ ئۇخلىغان بولسا شۇ ئايەتنى ئوقۇپ، ئۆزۈڭگە ھەم ئۇنىڭغا ھۇرسەڭ ئۇ ھېچنېمىنى تۇيمايدۇ، ـــ دەپ ئايەتنى ئۆگىتىپ يولغا سېپتۇ.

گەردان كاشان دەككە ـ دۈككىدە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاردۇق جارۇنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. ئۇ بىر دۆڭدىن ئۆتۈپ شۇنداق

قارايدىغان بولسا، بېشى توڭگۇزنىڭ بېشىدەك، پۇتلىرى پىلنىڭ پۇتىدەك، بەدىنى يولۋاستەك بىر مەخلۇقنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن گەردان كاشانغا كۈچ - قۇۋۋەت كىرىپ شۇئان ئاردۇق جادۇ ئۆگىتىپ قويغان ئىسمى ئايەتنى ئوقۇپتۇ. ئاندىن ئېغىز - بۇرۇنلىرىغا لاتا كەپلەپ، گىلىمى ئەييارىغا يۆگەپ يەنە بىر ئىسمى ئايەت بىلەن مۇئەللەق، دەر مۇئەللەق تاشلاپ ئاردۇق جادۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئاردۇق جادۇ:

— ئەگەر ئۇ بوشانغىلى قوپسا، ماۋۇ ئىسمى ئايەتنى ئوقۇغىن، — دەپ بىر ئىسمى ئايەتنى ئۆگىتىپتۇ. گەردان كاشان شۇ ماڭغانچە بىر ئاي يول مېڭىپتۇ ۋە بىر يەرگە كەلگەندە، ماڭا ئۇخلىمىغىلى بىر ئاي بولدى، دەپ ئويلاپ، ئاردۇق جارۇنى زەنجىر بىلەن باغلاپ بىر جىگدىگە تېڭىپ قويۇپ، ئۆزى ئۇخلاپتۇ. بۇ چاغ دەل ئاردۇق جارۇنىڭ ئويغىنىدىغان ۋاقتى ئىكەن. بىر زورۇقۇپ ھېلىقى باغلاپ تېڭىپ قويغان بىر تۈپ جىگدىنى قومۇرۇپ ئېلىپ قېچىپتۇ. ئۇخلاپ ياتقان گەردان كاشان چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ، قارىسا، ئاردۇق جارۇ قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك، بۇنى كۆرگەن گەردان كاشان مۇئەللەق - دەرمۇئەللەق ئوقۇپ ئاردۇق جارۇنى بەنت قىلىپ گىلىمى ئەييارىغا يۆگەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا شاھىنشاھ ئىككى قاشتېشى ھەيكەلگە قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئاسمان قەھرىدە پىلدىرلاپ ئۇچۇپ كەلگەن بىر نەرسە كۆرۈنۈپتۇ، پۇرسەتتىن كېيىن مۇئەللەق تاشلاپ گەردان كاشان ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. گەردان كاشانىنىڭ ئاردۇق جارۇنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن شاھىنشاھ گەردان كاشانىنىڭ ئۈستىۋېشىنى زەرباب تونلار بىلەن يېڭىلاپ، بېشىغا ئالتۇن تاج كىيدۈرۈپ ئۆز بويىغا تەڭ ئالتۇن ئىنئام قىپتۇ. ئارقىدىن ئاردۇق جارۇغا تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلەرنى ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىپ كۆپ نەسىھەتلەرنى قىپتۇ. لېكىن ئاردۇق جارۇ ماقۇل بولماقتا يوق ئاغزىنى بۇزۇپ شاھىنشاھقا تىل ياندۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن دەر غەزەپ بولغان شاھىنشاھ ئىشارەت قىلغانىكەن، گەردان كاشان مىسران

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىسى www.uyghurkitap.com



قىلىچى بىلەن ئۇنى بىر چاپقىنىكەن، ئاردۇق جارۇ ئىككى نىمتە بوپتۇ. باشقىلار ئۇنىڭ قېنىنى قاشتېشى ھەيكەلگە سۈركەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ھەيكەلدىن ئاستا - ئاستا يىغا ئاۋازى چىقىپ بارا - بارا ئەسلىگە كېلىپ:

— بىز نېمە بولدۇق؟ — دېيىشىپتۇ.

— ئاردۇق جارۇ سىلەرنى نەچچە يىلدىن بېرى تاش ھەيكەلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن. شاھىنشاھ گەردان كاشاننى بۇيرۇپ ئاردۇق جارۇنى تۇتۇپ ئەكەلدى، ئۇنى ئىككى نىمتە قىلىپ، قېنىنى سىلىگە سۈركىگەنىدى شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئەسلىڭلىگە كەلدىڭلار، — دەپتۇ ۋەزىرلەر. بۇنى ئاڭلىغان ئىككىيلەن شاھىنشاھنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ قۇچاقلاپ يىغلاپ:

— ئۆزلىرىنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرالمايمىز، خۇدا ۋەندە كېرىم ئۆزلىرىگە ئەرشى ئەزىم بېرەر، — دەپ دۇئا قىلىشىپتۇ.

ئۇلار شۇنداق تۇرۇۋشقاندا، ئەتراپتىن «قاچ - قاچ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، شۇنداق قارايدىغان بولسا، بىر بالا شاھىنشاھنىڭ ئادەملىرىنى قوغلاپ سۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك، شاھىنشاھنىڭ قەدران دېگەن بىر پالۋىنى بولۇپ، قەدران دېسە پۈتۈن دۇنيادىكى مازان - دوزان بىلەن كۆھىقاپنىڭ دېۋىلىرى غازاڭدەك تىترەيدىكەن، شۇڭىمۇ شاھىنشاھ قەدران دېگەن پالۋاننى ئۇنىڭغا ئەۋەتكەنتى. قەدران ھېلىقى بالىغا ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ نۆۋەت ئۇمۇت ئۇردى، لېكىن ھېلىقى بالا ئۈچىلى ئۇمۇتنى ياندۇرۇپ بىر ئۇمۇت ئۇرغانىدى. قەدراننى تىزىغىچە يەرگە پاتۇرۇۋەتتى. قەدران ئۇنىنى چىقارماي چىشىنى چىشىغا چىشلەپ تۇردى. لېكىن دەردىنى ئۆزى بىلدى. شۇڭا قەدران ئۇمۇتنى يەردە قويۇپ:

— ئى پالۋان، سىزمۇ ئارام ئالىسىڭىز، مەنمۇ ئارام ئالسام، ئاندىن مەيداندارلىق قىلساق، — دېدى. ھېلىقى بالا ماقۇل بولۇپ تۇردى. شۇ چاغدا قەدران شاھىنشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئى ئۇلۇغ شاھىم، بۇ بالىغا كۈچ بىلەن تەڭ كېلىپ بولماس،

پەقەت ياخشى سۆز، ئەدەپ - ئىكرام بىلەن ئۆزىمىزگە كۆندۈرسەك، بولمىسا ئۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيادا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىكەن. ماڭا بىر ئۇمۇت ئۇرغانىدى. يەنە بىرىنى ئۇرغان بولسا مەن يوق بولاتتىم، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان شاھىنشاھ ۋەزىر - ئەمىرلىرىنى ھېلىقى بالىنىڭ قېشىغا داغدۇغا بىلەن يولغا سالدى. ئۇلار ھېلىقى بالىنىڭ قېشىغا كەلدى. قارىسا بالا قىلىچىنى ئېرىقتىكى سۇدا يۇيۇپ ئولتۇرغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ كەلگەنلەر تىترىشىپ كەتتى ۋە قەدراننىڭ دېگىنى بويىچە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، نەچچە قەدەم يىراقتىن تەزىم قىلىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى بالا ئورنىدىن تۇردى، قەدران ۋەزىرلەرگە سۆز قىلىشقا ئىشارەت قىلدى. لېكىن ئۇلار بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي جىم ئولتۇرۇشتى، ئۇلاردىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن قەدران:

— ئى ئۇلۇغ پالۋان، مەن بولسام شاھىنشاھ ھۇشان شاھنىڭ پالۋانى قەدران، ماۋۇ ئوڭ قول ۋەزىرى، ماۋۇ بولسا سول قول ۋەزىرى، — دېدى كەلگەنلەرنى تونۇشتۇرۇپ، — مەن ئۆزلىرىدىن بىر ئېغىز گەپ سورىسام، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، — دېدى. ھېلىقى بالا ماقۇللۇق بەردى.

— ئى پالۋان، ئۆزلىرى قايسى دىيارنىڭ گۆھىرى، قايسى باغنىڭ گۈل - غۇنچىسى، قەيەرلەردىن ئېزىپ، قەيەرلەرنى كېزىپ بۇ يەرلەرگە يېتىپ كەلگەن زېرەك قۇشدۇرلەر، — دەپ ئېيتتى قەدران، ھېلىقى بالا ئېيتتىكى:

— مەن شاھ نەسلىدىندۇرمەن، دادام تەخمىرات. مەن ئۈچ ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا، دادامنىڭ پېيىغا چۈشكەن دىۋىلەر: «بۇ بالا ئەگەر بۇ يەردە چوڭ بولسا خەتەرلىك، دادىسىغۇ بىر يولۋاس، ئۆزىمۇ بىر يولۋاس بولۇپ بىزگە ئارام بەرمەيدۇ» دەپ مېنى دىۋىلەرنىڭ ماكانى روبى مەسئۇنغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىكەن. مەن ئۇ يەردە بەش ياشقا كىردىم، شۇ جەرياندا نەيزىۋازلىق، چەۋەندازلىق، تىرەنبازلىق، چېلىشۋازلىق، ئوقيابازلىقتەك جىمى ئىشلارنى ئۆگەندىم. روبى مەسئۇندا مېنىڭ بىلىمنى تۇتقىلى بىرەرىمۇ چىقمىدى. بۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار مېنى «قاتىل» دېيىشتى، ئەسلىي ئىسمىم قەھرىمان ئىدى. كېيىن قاتىل دېگەن ئىسىم قوشۇلۇپ، «قەھرىمانى قاتىل» دەپ ئاتاشتى، كېيىن دۆلەتلەرنىڭ ماكانىدىن چىقىپ ئالتە ئاي يول يۈردۈم، يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلسەم لاۋۇ لەشكەرلەرنى كۆردۈم، نەچچە ئاي مابەينىدە ئۇرۇش خۇمارى بولۇپ قالغاچقا، ئالدىمغا كەلگەنلىكى لەشكەرلەرنى ئۆلتۈردۈم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىز كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈۋاتىسىز، ـــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قەدران ۋارقىراپ يىغلىدى.

ـــ نېمىشقا يىغلايسىز؟ ـــ دەپ سورىدى قەھرىمانى قاتىل.

قەدران تۇرۇپ ئېيتتىكى:

ـــ مېنىڭ دادام بىلەن دادىڭىز تەخمىرات بىر تۇغقان، سىز مېنىڭ ئۇكام ئىكەنسىز، ـــ دەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە شاھىنشاھنىڭ قېشىغا ۋەزىر ـ ئەمىرلەر بىلەن قوشۇلۇپ باردى. شاھىنشاھ قەھرىمانى قاتىلنى كاتتا داستىخان راسلاپ كۈتۈۋالدى.

ئۇلار شۇنداق ئولتۇرۇشقاندا كۆز ئالدىدىكى دەريا يېنىدىن ئۆزى قاپقارا، تېنى يۇڭلۇق، بىر مۈڭگۈزى پېشانىسىدە، بىر كۆزى بار، پۇتلىرى ئادەم پۇتىدەك ھايۋان چىقىپ قاچتى، لاۋۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى كىرمەن تاشلىدى. كىرمەن ھېلىقى مەخلۇقنىڭ بويىنىغا چۈشتى، لېكىن ئۇ لەشكەرلەرنى قوڭغۇراق سۆرىگەندەك سۆرەپ يەنە قاچتى، بۇنى كۆرگەن قەھرىمانى قاتىل يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ بىر سىلكىدى، ھېلىقى ھايۋان تىترەپ جىم تۇردى. قەھرىمانى قاتىل ئۇنىڭغا يۈگەن سېلىپ مىنىپ كېلىپ بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، شاھىنشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بەھرام دىلاۋەرگە قاراپ تۇرۇپ:

ـــ ماۋۇ كىم بولىدۇ ئەجەبمۇ نۇرلۇق ئىكەن، ـــ دەپ سورىدى.

ـــ بۇ شەرىستانى پەرىنىڭ پادىشاھى زەپەر پەرىنىڭ بالىسى بەھرام دىلاۋەر دېگەن مۇشۇ، بۇلارنى ئاردۇق جارۇ سېھىر قىلىپ تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، گەردان كاشان ئاردۇق جارۇنى تۇتۇپ ئەكەلدى، بىز ئۇنى ئىككى نىمتە قىلىپ ئۇنىڭ قېنىنى سۇۋاپ ئۆز ئەسلىگە

ئەكەلدۇردۇق، — دېدى شاھىنشاھ. بۇنى ئاڭلىغان قەھرىمانى قاتىل:

— بىز ئىككىمىز بىر تۇغقان بولايلى، — دەپ قول بېرىشتى. شۇ زامانلاردا ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىلەر بىلەن قول بېرىشىپ بىر تۇغقان بولىدىغان ئادەت بار ئىكەن. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئاسمان سەھنىسىدىن ئالتە پەرىزات ئۇچۇپ چۈشتى ۋە بىر نامىنى شاھىنشاھقا تۇتتى. بۇ نامە: «مەنكى شەرىستانى پىرىنىڭ پادىشاھى زەپەر پىرىدۇرمەن، كەيۋانى دىۋىنىڭ ئۆزى كۆھقاپتىن دىۋىلەرنى باشلاپ شەھىرىمىزگە بېسىپ كەلدى. ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ ئارام بەرمىدى. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىمىز خاراب بولدى. ئۆزلىرىدەك شاھى سۇلتان شاھىنشاھقا ئەھۋالىمىز مەلۇم بولغاي، بىزگە يۆلەك بولسىلا دېيىشكە تىلىمىز يوق ۋە لېكىن ئۆزلىرىگە خەۋەر بەردۇق، ئۆزلىرى مۇسۇلمان تۇرۇپ، بىزلەرنىڭ ئەھۋالىمىزغا قاراپ تۇرسىلا ھازىرچە گەپ-سۆزىمىز يوق، خۇدا قازى بولۇپ، رۇسۇلۇللا شاپائەت تەختىگە چىققاندا ئاندىن سۆز قىلىمىز، نامە تامام ۋەسسالام» دەپ يېزىلغانىكەن. نامىنى ئوقۇغان شاھىنشاھ دېدىكى:

— بارمىدۇ بىر شىر مەردان، شىجائەتتىڭلار قىلامدۇ پەرۋاز، ئابى ئاتەش، بارى خاكتىن پەرۋا قىلمايدىغان مەرد پالۋان بولسا، بېرىپ زەپەر پىرىنى كەيۋانى دىۋىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ كەلسۇن! — دەپ جاكارلىدى. بۇنى ئاڭلاپ بەھرام دىلاۋەر دېگەن يىگىت بۇقۇلداپ يىغلىدى. بۇنى كۆرگەن قەھرىمانى قاتىل:

— ئى يىگىت، نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدى.

— زەپەر پىرىم دېگەن مېنىڭ دادام بولىدۇ، — دېدى بەھرام دىلاۋەر. بۇنى ئاڭلىغان قەھرىمانى قاتىل:

— مەن سىز بىلەن قىيامەتلىك بىر تۇغقان، سىزنىڭ دادىڭىز مېنىڭ دادام، سىزنىڭ ئانىڭىز مېنىڭ ئانام، دادىڭىزنى ئەكىلىشكە مەن باراي، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئى پادىشاھى ئالەم، غۇلاملىرى قەھرىمانى قاتىل دىللىرىدا بولۇپ، تىللىرىغا ئايان بولسام، شۇ خىزمەتكە مەن بارسام، — دېدى. بۇنى كۆرگەن شاھىنشاھ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— قېنى يەنە كىم باردۇ؟ — دېگەنىدى، شۇ ھامان قەدران ئورنىدىن تۇردى. «يەنە كىم باردۇ» دېگەنىدى، بەھرام دىلاۋەر ئورنىدىن تۇردى. «يەنە كىم باردۇ» دېگەنىدى، گەردان كاشان ئورنىدىن تۇردى، تۆت پالۋان تەييار بولدى. بۇلارنى ئالتە پەرىزات تەختىراۋانغا سېلىپ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچتى.

ئۇلار ئۇچۇپ شەرىستانى زەررىگە يېقىنلاشتى. شۇ چاغدا بىر پەرىزات:

— مەن زەپەر پىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزەي، — دەپ ئالدىدا ئۇچۇپ كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە شەرىستانى زەررىگە يېتىپ، زەپەر پىرىنىڭ ئالدىغا چۈشتى. ئەس - ھوشىنى يوقاتقان زەپەر پىرىم:

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى، ھېلىقى پەرىزات:

— مەن ئۆزلىرىنىڭ پەرىزاتلىرىمەن. مەن شاھىنشاھىنىڭ ئالدىغا نامە ئېلىپ بارغانىدىم. شاھىنشاھ ياردەم ئۇچۇن ئادەم ئەۋەتتى، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان زەپەر پىرىم:

— قانچىلىك لەشكەر كەلدى؟ — دەپ سورىدى.

— تۆت پالۋان، — دېدى ھېلىقى پەرىزات. بۇنى ئاڭلىغان زەپەر پىرىم قاتتىق ئاچچىقلاپ:

— قوي ئۇ گېپىڭنى، شۇ تۆت كىشى دىۋىلەرنى يوق قىلالامدۇ؟ — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەرىزات:

— بۇ تۆت پالۋاننىڭ بىرى نەچچە يۈز مىڭ لەشكەرگە تېتىيدىغان پالۋانلار، كەلگەندە كۆرەرلا، — دېدى. پۇرسەتتىن كېيىن تۆت پالۋان يېتىپ كەلدى. قەھرىمانى قاتىل دېدىكى:

— ئى شاھ، دىۋىلەرنىڭ يامىنىنى كۆرسەت.

ھايال قىلماي زەپەر پىرىم قەھرىمانى قاتىلغا بىر دىۋىنى يىراقتىن كۆرسەتتى، كۆرسەتكەن ھېلىقى دىۋە كەيۋانە دىۋىنىڭ ئىملاق دېگەن پالۋىنى بولۇپ، قورسىقى بېلىقنىڭ قورسىقىدەك، بېشى پىلنىڭ بېشىدەك بەتبەشىرە ئىدى. بۇنى كۆرگەن قەھرىمانى قاتىل يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنى ئىككى نىمتە قىلىۋەتتى ۋە ئارتۇس شەھەر سىپىلىگە چىقىپ بىر نەرە تارتتى. ئۇنىڭ بۇ نەرىسى بىلەن

زەپەر پىرىمدىكى تاغلار تىترەپ، دەل - دەرەخلەر يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ، ئېغىر ئاياغ ئايالىلارنىڭ بالىلىرى قورسىقىدىن چۈشۈپ كەتتى. بەزى ئاجىز دىۋىلەرنىڭ يۈرەكلىرى قېپىدىن چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى تۆت پالۋان دىۋىلەرگە ئېتىلىپ، قىلىچ ۋە ئۇمۇت ئۇرۇپ ئۇلارنىڭ باشلىرىنى ساپىنىڭ تېشىدەك تىزىۋەتتى. قەھرىمانى قاتىل كەيۋانى دىۋنى بىر ئۇمۇت بىلەن يەرگە تىزىغىچە پاتۇرۇۋەتتى، قەھرىمانى قاتىلنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرگەن كەيۋانى دىۋە ئالدى - كەينىگە قارىماي بەدەر قاچتى.

شۇ چاغدا شەرىستانى پىرىنىڭ پادشاھى زەپەر پىرىم قەھرىمانى قاتىلنىڭ پۇتلىرىغا كۆزلىرىنى سۈرتتى. قەھرىمانى قاتىل تۇرۇپ ئېيتتىكى:

— ئى دادا، كۆزلىرىنى پۇتۇمغا سۈرتۈشلىرى لازىم ئەمەس. مېنىڭ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىم سىلىنىڭ دۆلەت ئىقباللىرىدۇر، سىلە بەھرام دىلاۋەرنىڭمۇ دادىسى، مېنىڭمۇ دادام، مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم بەھرام دىلاۋەر ئۈچۈن، — دېدى. شۇ پۇرسەتتە بەھرام دىلاۋەر ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇنى كۆرگەن زەپەر پىرىم بىھوش بولدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بەھرام دىلاۋەر:

— ئى دادا، ئانام قەمەرۇق قېنى؟ ئۇنىڭ بىلەن مېنى كۆرۈشتۈرۈڭ، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ زەپەر پىرىم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— سەن بۇنى سورىما، ئەگەر سورىساڭ يۈرەكلىرىڭ قان بىلەن زەرداب بولۇپ ئاقىدۇ، — دەپ ئېيتتى.

— ئى دادا، ئانام بارمۇ، يوقمۇ؟ ماڭا جاۋاب بېرىڭ، — دېدى بەھرام دىلاۋەر.

— ئۇنى ئېيتسام، ئاناڭ قىمرۇقنى، دادام جىبىلنى، چوڭ دادام جىبرى كىبىلىنى كەيۋانى دىۋە زىبۇ مەسئۇنغا ئەپچىقىپ كەتكەن، — دېدى زەپەر پىرىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بەھرام دىلاۋەر ئاھ ئۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن قەھرىمانى قاتىل:

— ئى ئۇكام كۆز يېشى قىلمىسىلا، مەن ئانام قىمرۇقنى زىبۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەسئۇندىن ئېلىپ كېلۇرمەن، — دەپ تەييار بولدى.

— ئى ئوغلۇم، ئۇ يەرگە بېرىش ئاسان ئەمەس، كۆھىقاپتىن ئۆتۈپ بارغىلى بولىدۇ. ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتمىگەن، بېرىش خەتەرلىك، — دەپ ئۇنىڭ ئالدىنى زەپەر پىرىم توستى. ئەمما قەھرىمانى قاتىل ھېچ قىلىپ ئۇنىمىدى، بۇنىڭ بىلەن زەپەر پىرىم:

— ئەمىسە مەيلى، مېنىڭ ئىككى ۋەزىرىم بار، بىرىنىڭ ئىسمى سىيامەت، بىرىنىڭ ئىسمى روشنەك، شۇلاردىن سوراپ كۆرەيلى، — دەپ ۋەزىرلەردىن سورىدى. ئۇلار ئېيتتىكى:

— ئۇ يەرگە بېرىش تۈگۈل مۇشۇ كەمگىچە بىرەر كىشى چۈشىدىمۇ باراي دەپ باققان ئەمەس. ئۇ يەرگە بېرىشتا ئوت دەرياسى، سىماب دەرياسى، نىل دەرياسى، بوران دەرياسى، سۇ دەرياسىدەك بىر - بىردىن خەتەرلىك ئون ئىككى دەريا بار، شۇ دەريادىن ئۆتمىسە بولمايدۇ. ئەگەر بارار بولسا شۇ دەريالارنىڭ بېشىدا كويپىكەر دېگەن بىر تۈپ دەرەخ بار، ئۇنىڭدا شاھىنۇرغان دېگەن بىر قۇش بار. ئەگەر شۇ قۇشنى ئىنىدەككە كەلتۈرگىلى بولسا شۇ قۇشقا مىنىپ ئاندىن بېرىش مۇمكىن. بولمىسا مۇمكىن ئەمەس، — دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان قەھرىمانى قاتىل:

— ھەر قانچە چوڭ بالا بولسىمۇ چوقۇم بارىمەن، — دەپ زادى ئۇنىمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئالتە پەرىزات تۆت پالۋاننى تەختىراۋانغا ئېلىپ زىبۇ مەسئۇنغا قاراپ غارقىراپ ئۇچتى. ئۇلار ئۇچۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بىر دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ چۈشتى. شۇ چاغدا پەرىزاتلار:

— مۇشۇ يەردىن ئازراق ماڭسىڭىز كۆھىقاپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بارىسىز. بىز مۇشۇ چىنار دەرىخى تۈۋىدە سىزنى ساقلاپ تۇرايلى، — دەپ كۆھىقاپنىڭ يولىنى كۆرسەتتى. قەھرىمانى قاتىل «قېنى مېڭىپ باقاي» دەپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كۆھىقاپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالدى ۋە ئۆزىنى رۇسلاپ، ئىچكىرىگە قەدەم باستى. ئۇ كۆھىقاپقا كىرىشى بىلەن تۆت ئەتراپتىن چىرقىراپ دىۋىلەر كېلىشكە باشلىدى. قەھرىمانى قاتىل ئۇلار بىلەن ئېلىشتى،

ئېلىشا ـ ئېلىشا، ئاخىرى دۇبلەرنى قاچۇرۇپ كۆھىقاپتىن چىقىپ كوپېكەر دېگەن دەرەخنىڭ قېشىغا كەلدى. ئالدى تەرەپتە ئون ئىككى دەريا بار ئىكەن، ئون ئىككى دەريانىڭ بېشىدا دەريائى بەھرىن دەيدىغان دەريا بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا دەريالاردا سۇ ئېقىپ تۇرىدىكەن، ئون بىر دەريانىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى دەريائى مۇجمىئىل بەھرىن ئىكەن. كوپېكەر دېگەن بۇ دەرەخنىڭ ئون ئىككى شېخى بولۇپ، ئون ئىككى شـەھـەرگە سايە بېرىدىكەن. زىبۇ مەسئۇندا قىش كۈنلىرى قاتتىق سوغۇق، ياز كۈنلىرى قاتتىق ئىسسىق بولىدىكەن، شۇڭا بۇ دەريائى بـەھـرىننىڭ سۈيىمۇ بەك ئىسسىپ كېتىدىكەن. قەھرىمانى قاتىل ئىسسىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، سۇغا كىرىپ ياتتى. يېتىپ تۇرۇشىغا بـىـر ئەجدىـھا دەرەخكە ياماشتى، دەرەخكە يامىششى بىلەن قۇش باللىرىنىڭ «قىيا ـ چىيا» قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسلىدە ئەجدىھا قـۇشـنىڭ باللىرىغا خىرىس قىلغانىكەن. قەھرىمانى قاتىل قاراپ تۇرسا، ئەجدىھا قۇش باللىرىنى يېيىشكە ھەملە قىلدى. شۇ چاغدا قەھرىمانى قاتىل ئوقيانى چىللە كامانىغا سېلىپ، ئەجدىھانىڭ ئوڭ كۆزىگە ئوق ئۈزدى. ئوقنىڭ بېشى ئەجدىھانىڭ گەجگىسىدىن ئىككى غېرىچ باش تارتىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن جان ـ پېنى چىقىپ كەتكەن ئەجدىھا قەھرىمانى قاتىلنى دەم قۇللاپىغا تارتىپ ئېتىلىپ كەلدى. ئاگاھ تۇرغان قەھرىمانى قاتىل يەنە بىر ئوق ئۈزدى. ئوق ئەجدىھانىڭ چـەپ كـۆزىدىن كىرىپ يەنە گەجگىسىدىن بىر غېرىچ باش تارتىپ چىقتى. بويىنىغا قىلىچ بىلەن بىرنى ئۇردى، كاللىسى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ئەجدىھانىڭ گۆشلىرىنى چاناپ، نەچچە پارچە قىلىپ شاھىنۇرغان دېگەن قۇشنىڭ ئۇۋىسىغا ئاتقىلى تۇردى. ئۇنى قۇش باللىرى تۇتۇپ يېگىلى تۇردى. قەھرىمانى قاتىل يەنە سۇغا كىرىپ ياتتى. ئەمدى سۆزنى ئاڭلايمىز شاھىنۇرغان دېگەن قۇشتىن: شاھىنۇرغان دېگەن قۇش ئوزۇق ئىزدەپ نەچچە ئايلىق يىراقلىقتىكى جاڭگىلى مەيدان دېگەن يەرگە كەتكەنىكەن. بۇ قۇش يىگىرمە كۈنلۈك يولدا تۇرۇپ باللىرىنىڭ چىرقىراشقان ئاۋازىنى ئاڭلايتتى. بۇ قۇش ئـۇۋىـسـىـغـا يىگىرمە كۈنلۈك يول قالغاندا باللىرىنىڭ ئاۋازىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



ئاڭلىمىدى. بۇنىڭ بىلەن: «ئاھ، بالىلىرىمنى بى رەھىم ئەجدىھا يەنە يەپ كېتىپتۇ» دەپ ئىچ ئاغرىتىپ ئۈچۈپ كەلدى. كېلىپ كۆرسە، بالىلىرىنىڭ قورسىقى قوغۇنچىنىڭ بالىسى قوغۇنغا تويغاندەك تويۇپ، پوكىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ ناغرىسىدەك چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇش:

— بالىلىرىم، سىلەرگە نېمە بولدى. قورساقلىرىڭلار ئەجەب تويۇپتۇ، — دەپ سورىدى. بالىلىرى ئۇنىڭغا:

— ئەجدىھا بىزنى يېمەككە ھەملە قىلغانىدى، ئەجدىھانى ئاشۇ ئادەمزات كېلىپ ئۆلتۈردى، گۆشلىرىنى بىزگە تاشلاپ بەردى. بىز ئۇنى يېدۇق، ئۇ بىزگە ۋاپا قىلدى، — دەپ قەھرىمانى قاتىلنى كۆرسەتتى. قۇش بالىلىرىنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى قەھرىمانى قاتىلنىڭ ئوڭ، سول تەرەپلىرىگە كېلىپ شۇنداق ئولتۇرغانىدى. شۇنداق كاتتا پالۋان بۇ قۇشنىڭ ھەيۋىتىدىن كۆزىنى يۇمدى. بۇنى كۆرۈپ شاھىنۇرغان دېگەن قۇش دېدىكى:

— ئەي پالۋان، سىز بالىلىرىمىزغا ۋاپا قىپسىز، ئەمدى ماكانىمىزغا قەدەم ئېلىپ كېلىڭ دەپ، — قەھرىمانى قاتىلنى ئۈۋىسىغا ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزۇپ: — سىز بىردەم ئارام ئېلىڭ، بىز سىزگە يېمەكلىك ئېلىپ كېلەيلى، — دەپ يەنە ئۇچتى. قۇش بالىلىرى قەھرىمانى قاتىلنى قاناتلىرىغا ئېلىپ ئولتۇردى. شاھىنۇرغان دېگەن قۇش جاڭگىلى مەيداندىن ئادەمزات يەيدىغان يېمىشلەرنى ئېلىپ كېلىپ، قەھرىمانى قاتىلنىڭ ئالدىغا تۆكتى. بۇنداق تاتلىق ھەم سۇلۇق يېمىشلەرنى ئادەمزات تېخى ئاغزىغا سېلىپ باقمىغانىدى. قەھرىمانى قاتىل ئىشتىھاسى بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئۇ يېمىشلەردىن قول ئۈزگەندىن كېيىن، قۇش سورىدىكى:

— ئى پالۋان سىز بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كېلىپ قالدىڭىز؟

— مەن ئۈزلىرىنى جەمئىي قۇشلارنىڭ پادىشاھى شاھىنۇرغان دەپ ئاڭلىدىم، ئۈزلىرىنىڭ خىزمىتى ماڭا تاجۇ دۆلەت، شۇڭا مەن خىزمەتلىرىدە بولاي دەپ كەلدىم، — دېدى قەھرىمانى قاتىل.

— ياق، سىز بىر مەقسەتتە كېلىپسىز، ئىشىڭىز بولسا ماڭا

دەڭ ، — دەپ يەنە سورىدى، شۇ چاغدا قەھرىمانى قاتىل سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئانام قىمرۇقنى كەيۋانى دىۋە زىبۇمەسئۇنغا ئەپچىقىپ كەتكەنىكەن. ئانامنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن شەرىستانى زەرىرىدىن كەلدىم، شەپقەت قىلسىلا ماڭا ئىلتىپات قىلالا، غەزەپ قىلسىلا غازات قىلالا، — دەپ ئەدەپ بىلەن‌تۇردى. بۇنى ئاڭلىغان شاھىنۇرغان دېگەن قۇش دېدىكى:

— ئۇ يەرگە بېرىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ يەردە ئون ئىككى دەريا بار، ئۇ يەردىن ئۇچار قۇشمۇ ئۆتەلمەيدۇ، — دېدى. لېكىن قەھرىمانى قاتىل قۇشقا قاتتىق يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى، بۇنىڭ بىلەن شاھىنۇرغان دېگەن قۇش:

— بولىدۇ، سىز بالىلىرىمنى ئەجدىھادىن قۇتقۇزۇپسىز، بۇ چاقىچە بالىلىرىمنى ئەجدىھا يەپ كېتەتتى. سىز بىزگە ۋاپا قىلىپسىز، قىلغان ۋاپانى ۋاپا بىلەن ياندۇراي، — دەپ زىبۇ مەسئۇنغا جابدۇق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سەكسەن قوتازنى ئېلىپ كەلدى. قوتازنى ئەكىلىپ قەھرىمانى قاتىلغا:

— ماۋۇ قىرىق قوتازنى تىغ تەگكۈزۈپ سالماي تولۇمچە سويۇڭ، — دەپ بۇيرۇدى، قەھرىمانى قاتىل شۇ بويىچە سويدى. سويۇپ بولۇپ ئۇنىڭغا سۇ قاچىلىدى. قالغان قىرىق قوتاز بىلەن تولۇمچە قىلىپ سويغان قوتازلارنىڭ گۆشىنى قەھرىمانى قاتىل بىلەن بىللە دۈمبىسىگە ئېلىپ، ئاسمان سەھنىسىگە پەرۋاز قىلىپ ئۇچتى.

شاھىنۇرغان دېگەن قۇش ئۇزۇن ئۆتمەي سۇ دەرياسىغا كەلدى. بۇ دەريادا ئاققان سۇ، تاغدىن ـ تاغقا ئۇرۇلۇپ، ئۆيدەك تاشلارنى يۇمىلىتىپ «گۈلدۈر ـ گۈلدۈر» قىلىپ تۇرىدىكەن. دەريادىكى لەھەڭلەر ھېلىقى قۇشنى يېيىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ، قۇشقا يېتەلمەي، دەرياغا يەنە شاققاڭلاپ چۈشىدىكەن. بۇ تاماشالارنى قەھرىمانى قاتىل كۆرۈپ ماڭدى. يەنە بىر كۈن ئۇچقاندىن كېيىن ئوت دەرياسىغا كەلدى. ئوت دەرياسىغا كەلگەندە بۇ قۇشنىڭ ئۇستىنۋېشى چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى ۋە ئۆزىنى ئون سەككىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مىڭ ئالەمنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك سەزدى. شۇ چاغدا ئوڭ تەرەپكە قارىدى. قەھرىمانى قاتىل شۇ ھامان بىر قوتاز تېرىسىدىكى سۇنى ئاغزىغا قۇيدى. سول تەرەپكە قارىدى، بىر قوتازنىڭ گۆشىنى ئاغزىغا پۈتۈن سېلىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن قۇش «شاپ ـ شاپ» قىلىپ، تېپىخىمۇ ئېگىز ئۇچقىلى تۇردى. ئۇچۇپ ـ ئۇچۇپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن پەسلەپ «زىبۇ مەسئۇنغا كەلدۇق» دەپ ئاستا ـ ئاستا يەرگە چۈشتى. پۈرسەت ئۆتمەي، بۇ يەردىكى دىۋىلەر چۇمۇلىدەك كېلىپ بۇلارغا ياماشتى. قەھرىمانى قاتىل مىسران قىلىچىنى ئېلىپ دىۋىلەرنى چاپتى. ئۇرۇشۇپ، ئۇرۇشۇپ بىردەمدىن كېيىن بىر تىلسىمنى كۆردى. بۇ تىلسىم تونۇرغا ئوخشايدىكەن، قەھرىمانى قاتىل ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشتى. بۇ يەردە ئون ئىككى دىۋە سېھىر بىلەن بەند قىلىنىپ باغلاپ قويۇلغانىكەن. بۇلارنى شەمراس ئادەم دېگەن كىشى بەند قىلغانىكەن، بۇلار زىبۇمەسئۇندىكى دىۋىلەرنىڭ يامانلىرى ئىكەن. بۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئېتى سەمەنسا، بىرسىنىڭ ئېتى پىلى پەيكەر، بىرسىنىڭ ئېتى پىلى روخسەر، بىرسىنىڭ ئېتى پىلى بەھرى، بىرسىنىڭ ئېتى سەھمان ئادەمزات ئىكەن. بۇلارنى بىر ئىسمى ئايەت ئوقۇپ تىلسىمدىن ئاجراتتى. ئاجرىتىپ تۇرۇشىغا بۇ يەرگە بىر قىز يېتىپ كەلدى كۆردىكى، بۇ قىزنىڭ ئايمىكى دېسە ئاغزى، كۈنمىكى دېسە كۆزى بار، گۇلمىكى دېسە گۇلدەك ھۆسنى بار. قاشلىرى قارلىغاچ قانىتىدەك، ئاھۇ كۆزلۈك، ناچى بۇرۇن، چېچىلىرى ئاق دەن ـ دەن مەرۋايىتتەك، ھەر كۈلۈشىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، قەددى بىر دەستە گۇلدەك، بەللىرى ئەۋرىشىم، چاچلىرى بوستان تالدەك ئىدى. بۇنى كۆرگەن قەھرىمانى قاتىل ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى ۋە پۈرسەتتىن كېيىن:

— ئەي قىز، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى. قىز:

— مەن ئەسلىي مۇسۇلمان بولغان كەيۋانى دىۋىنىڭ قىزى يىپ پەيكەردۇرمەن. سىز بۇنداق بىھۇدە كۈچىمەڭ، بۇ يەرنىڭ نۇسرىتى كۇلاسى جادۇنىڭ قولىدىكى خىسلەتلىك ئۈزۈكتە، مەن شۇ ئۈزۈكنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كېلەي، شۇ ئۈزۈك بىلەن بۇ يەرنى پەتھە قىلىپ

بارلىق تىلسىماتلارنى يوق قىلىسىز، بولمىسا بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، — دەپ سىرتقا ماڭدى. مېڭىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، كۆلاسى جادۇنىڭ ئۇزۇكىنى ئەكىلىپ قەھرىمانى قاتىلغا بەردى. قەھرىمانى قاتىل ئۇنى قولىغا سالغاندى. غايىبتىن تاجى - تون كىيىلىپ گۆھەردىن كۆز قويۇلغان ئۇمۇت بىلەن خەنجەر قوللىرىغا تۇتقۇزۇلۇپ قالدى. بۇلار تىلسىمدىن چىقىپ تۇرۇشىغا بىر مىس گۇمبەز، مىس گۇمبەزنىڭ ئىچىدە ئىككى ئەر، ئىككى ئايالنى كۆردى. بۇ ئايالنىڭ بىرى بەھرام دىلاۋەرنىڭ ئانىسى قىمرۇق، يەنە بىرى ھىندىستان پادىشاھىنىڭ قىزى سەرروخ خىرامان، يەنە بىرى بەھرام دىلاۋەرنىڭ دادىسى جىبلى، يەنە بىرى چوڭ دادىسى جىبىر كىبىل ئىكەن. شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، كەيۋانى دىۋە زور ھەيۋە بىلەن ئۇمۇت ئوينىتىپ كېلىپ، قەھرىمانى قاتىلغا ئۇمۇت ئۇردى. ئۇمۇتنى قەھرىمانى قاتىل قايتۇردى. بۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان بەھرام دىلاۋەرنىڭ ئانىسى قىمرۇق: «ۋايجان! ئاۋۇ يىگىت بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەندۇ، ياش جېنى مۇشۇ دىۋىنىڭ قولىدا قالىدىغان بولدى!» دەپ توۋلىغىلى تۇردى. كەيۋانى دىۋىنىڭ ھېچ قىلىپ ئارقىسىغا يانمايدىغانلىقىنى كۆرگەن قەھرىمانى قاتىل دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇمۇتلىرىنى شۇنداق ئۇردىكى، كەيۋانى دىۋىنىڭ ئىككى نىمتە بولغانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا قەھرىمانى قاتىل يىپ پەيكەر دېگەن قىزغا:

— ئەي قىز، مەن ئاشۇ ئانام بىلەن دادامنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن، سىز بېرىپ ئۇلارغا ئېيتىڭ، بۇ يەردىن كېتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلسۇن، — دېدى. قىز بېرىپ ئۇلارغا ئېيتتى. بۇلار خۇشاللىقىدىن بۇ قىزنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى. قىز ئۇلارنى مىس گۇمبەزنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ، قەھرىمانى قاتىلنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. بۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قەھرىمانى قاتىل ئۇلارغا ئېيتتى:

— ئى ئانا، دادا كۆز ياشلىرىنى تۆكمىسىلە، مېنى بەھرام دىلاۋەر ئۆزلىرىنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشكە ئەۋەتكەن، بۇندىن كېيىنكى كۆنلىرى دائىم راھەت - پاراغەتتە ئۆتىدۇ، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىمرۇق:

— ئى پالۋان، سىلە ئوغلۇم بەھرام دىلاۋەرنىڭ گېپىنى قىلدىلا، ئۇنى يىگىرمە يىل بۇرۇن ئاردۇق جارۇ تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، — دېدى.

— ئانا، ئۇ دېگەنلىرى راست. شاھىنشاھ ھۇشان شاھ گەردان كـاشـانىنى بۇيرۇپ، ئاردۇق جارۇنى تۇتۇپ كېلىپ، ئىككى نىمتە قىلىپ قېنىنى تاش ھەيكەلگە سۇۋاپ، بەھرام دىلاۋەرنى ھەم ئۇنىڭ ئاشىقىنى ئۆز ئەسلىگە كەلتۈردى. بەھرام دىلاۋەر مەن بىلەن بىرگە كەلگەن، ئۇ كۇھىقاپقا يېقىن يەردە قالغان، مەن ئۆزلىرىنى بۇ يەردىن ئىـپـلـىـپ كەتكىلى كەلدىم، — دەپ بەھرام دىلاۋەرنىڭ خەۋىرىنى قـەھـرىـمـانـى قـاتىل يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار يىغلىۋاشتىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار شۇنداق تۇرغاندا، تىلسىمدىن قۇتۇلغان ئون ئىككى دانە دىۋە بۇ يەرگە يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ قىمرۇق تىترەپ كەتتى. قەھرىمانى قاتىل كەلگەن دىۋىلەرگە مۇنداق دېدى:

— بۇ مېنىڭ ئانام قىمرۇق، دىۋىلەردىن يۈرەك ئالدۇرغانىكەن.

دىۋىلەر ئېيتتىكى:

— بىزدىن قورقمىسىلا، بۇ پالۋان بىزنىمۇ قۇتقۇزدى. يورۇق دۇنـيـاغا چىقتۇق، — دەپ قىمرۇقنىڭ قوللىرىغا سۆيۈشتى. شۇ پۇرسەتتە، يەنە تەرەپ - تەرەپتىن دىۋىلەر ۋارقىرىشىپ كېلىشتى. بۇنى كۆرۈپ قەھرىمانى قاتىل مەيدانغا چۈشكىلى تەييار بولدى. سەگمان ئادەمزات دېدىكى:

— ئـۆزلىرىدەك كاتتا پالۋان بۇلار بىلەن تۇتۇشمىسىلا، يىپ پەيكەر دېگەن بۇ قىز بىلەن ئىككىمىز مەيدانغا چۈشۈپ، ئۆزىمىزنى تـونـۇتـۇپ قويايلى، — دېدى - دە، مەيدانغا چۈشتى. شۇ چاغدا قەھرىمانى قاتىلدىن ئەنسىرەپ تۇرغان شاھىنۇرغان دېگەن قۇش، قانات قـېقىپ مەيدانغا چۈشتى. ئۇ دىۋىلەرنى شۇنداق قاماللاپ، ئاسمان قەھرىگە ئەپچىقىپ تاشلىدىكى دىۋىلەر تىرىقتەك چېچىلىپ چۈشتى. سەگمان ئادەمزات بىلەن يىپ پەيكەر ئۈمۈت، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ،

خىرىس قىلىپ كەلگەن دىۋىلەرنى يوق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرىستانى زەررىگە مېڭىشقا تەييار بولۇپ زىبۇ مەسئۇنغا قاراشقا ئانابوس دېگەن دىۋىنى قويدى. ئانابوس دېگەن دىۋە ئېيتتىكى:

— بۇ يەردىكى خەزىنىلەرنى قانداق قىلىمىز؟

— بىزگە ئالتۇن، گۆھەر لازىم ئەمەس، مۇشۇ يەردە قالسۇن، — دېدى قەھرىمانى قاتىل. بۇنى ئاڭلىغان ئانابوس ئاتلىق دىۋە يۈز مىڭ دىۋىدىن ئون ئىككى مىڭ دىۋىنى تالالاپ، ئۇلارغا گۆھەردىن كۆز قويۇپ ئەبجۇشتىن ياسالغان ئۇمۇتلارنى تۇتقۇزۇپ، ئىككى مىڭ ساندۇققا گۆھەر قاچىلاپ كۆتۈرۈپ مېڭىشقا تەييار قىلدى. قەھرىمانى قاتىل بۇ يەردىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقماقچى بولدى. شۇ چاغدا قەھرىمانى قاتىل شۇنداق دېدى:

— ئى سەگمان ئادەمزات سەن كۇھىقاپقا بېرىپ، بەھرام دىلاۋەر، گەردان كاشان، قەدرانلارغا مەندىن خۇش خەۋەر يەتكۈز. مانا ماۋۇ ئەنگۈشتەر ئۈزۈكنى قولۇڭغا سال، بۇ مېنىڭ نىشانەم، — دەپ سەگمان ئادەمزاتنى يولغا سالدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئارقىدىن مېڭىش ئۈچۈن بىر تەختىراۋان تەييار قىلدى. تەختنىڭ بىر تەرىپىدە جىبلى، يەنە بىر تەرىپىدە جىبرى كىبىل، بىر تەرىپىدە قىمرۇق، يەنە بىر تەرىپىدە سەررۇخ خىرامان ئولتۇردى. شۇ چاغدا قەھرىمانى قاتىل:

— يېقىنراق يولنى كىم بىلىدۇ؟ بۇ يەرگە بەك تەستە كەلدۇق، — دېدى. ئارىدىن بىر دىۋە تۇرۇپ:

— بۇ يەرنىڭ يوللىرى ماڭا تونۇش، سۇ يولى بىلەن ماڭساق قىرىق كۈنلۈك، ئەمما خەتەرلىك، قۇرۇقلۇق بىلەن ماڭساق خەتەرسىز، لېكىن ئالتە ئايلىق بولىدۇ، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قەھرىمانى قاتىل «قىيىن يول بىلەن ماڭايلى» دەپ سۇ يولى بىلەن مېڭىشنى لايىق تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى تەختىراۋاننى ئون ئىككى دىۋە كۆتۈرۈپ ئۇچتى. قەھرىمانى قاتىلنىڭ ئۆزى شاھنۇرغان دېگەن قۇشقا مىنىپ ئۇچتى.

ئەمدى سۆزنى گەردان كاشان، قەدران، بەھرام دىلاۋەردىن ئاڭلايلى. چىنار تۈۋىدە ئۇخلاپ ياتقانلار ئويغىنىپ قارىسا، قەھرىمانى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قاتىل يوق، بىر كۈن ساقلىدى. ئون كۈن ساقلىدى. شۇنداق ساقلىغانچە يىگىرمە توققۇز كۈننى ئۆتكۈزدى. شۇ چاغلاردا بۇلار:

— بۈگۈن يىگىرمە توققۇز كۈن بولدى. قەھرىمانى قاتىلدىن ھېچبىر خەۋەر يوق، شۇنچە كاتتا پالۋان مۇشۇ چاققىچە بولمىسا، بۇ يامانلىقتىن بىشارەت، ئەمدى بىز ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ، شاھىنشاھىنىڭ قېشىغا بارايلى، — دېيىشتى. شۇ چاغدا بۇلارنىڭ ئىچىدىن گەردان كاشان دېدىكى:

— توختاپ تۇرۇڭلار، بۈگۈن مەن بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈم بەكمۇ ياخشى، يەنە بىر كۈن ساقلاپ تۇرايلى، ئەگەر ئەتىمۇ كەلمىسە ئاندىن كەتسەك، مەن يىقىن - يىراقنى بىر ئارىلاپ كۆرەي، — دەپ دەرەخ تۈۋىدىن بىر ئاز يىراقلاپ بىر دەرەخنىڭ تۆپىسىدە تۇرقى سەگكە ئوخشايدىغان بىر ھايۋاننى كۆردى. بۇ ھايۋان گەردان كاشاننى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلىشقا ھەملە قىلدى. بۇنى كېلىۋاتقان سەگمان ئادەمزات كۆردى، گەردان كاشان دەرەخنىڭ تۆپىسىدىكى ھايۋانغا خەنجىرىنى ئېلىپ چەنلەپ بىر ئېتىش بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، بۇنى كۆرۈپ تۇرغان سەگمان ئادەمزات ئۆز كۆڭلىدە: «ھە، گەردان كاشان دېگەن مۇشۇ ئىكەن» دەپ بىلدى. گەردان كاشان خەنجىرىنى يەردىن ئېلىپ غىلىپىغا سالاي دەپ تۇرۇشىغا كۆزىگە بەھەيۋەت، پۈتمىغان شاخى چىناردەك بىر مەخلۇق كۆرۈندى. بۇنى كۆرگەن گەردان كاشان:

— ئورنۇڭدىن مىدىرلىما، ئەگەر بىر قەدەم ئالساڭ، جېنىڭدىن جۇدا قىلۇرمەن، — دەپ ئۇمۇت - خەنجەرلىرىنى ئېلىپ تۇردى.

— مەن سىزگە خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، سىزگە دوست - ئاشنادۇرمەن، — دېدى سەگمان ئادەمزات.

— ھىيلىگەرلىك قىلما، — دېدى گەردان كاشان.

— ياق مەن خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، — دېدى سەگمان ئادەمزات.

— خۇشخەۋەرنى كىمدىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ نىمە بەلگەڭ بار؟ — دەپ سورىدى گەردان كاشان.

— مانا بەلگە، — دەپ چەپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قولىدىكى ئۈزۈكىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ بىرىنىڭ بوينىغا بىرى قول سېلىپ، پىيى پىكەر دېگەن دەرەخنىڭ قېشىغا ماڭدى. بۇلارنىڭ كەلگىنىنى كۆرگەن ئالتە پەرىزات بىر - بىرىدىن رازىلىق ئېلىشىپ:

— ئاۋۇ كەلگەن سەگمان ئادەمزات دېگەن چوڭ دىۋە، بۇنى بىر زاماندا، زىبۇ مەسئۇندىكى ئون بىر دىۋە بىلەن بەند قىلىنۋەتكەن، تىلسىمدىن بوشىنىپ چىقىپتۇ، ئەمدى بىرسىمىزنىمۇ ساق قويمايدۇ، — دەپ غازاڭدەك تىترەپ، — بىز دېگەنغۇ، ئەنە ئاۋۇ گەردان كاشانىنىمۇ ئالداپ بىللە ئېلىپ كەلگىنىنى، — دېيىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قەدران:

— ئورنۇڭدىن قىمىرلىما، ئەگەر قىمىرلىساڭ جېنىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىۋرمەن، — دېدى. گەردان كاشان دېدىكى:

— بۇ بىزگە دوست، ئاشىنا ئىكەن، بىزگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ.

— ياق ھىيلىگەرلىك قىلىۋاتىدۇ، — دېيىشتى ھېلىقى پەرىزاتلار.

— ياق ئۇنداق ئەمەس، قەھرىمانى قاتىلدىن خۇش خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ، — دېدى گەردان كاشان.

— بەلگىسى بارمىكىن؟

— باركەن.

— قېنى كۆرسەت، — دېدى قەدران. سەگمان ئادەمزات چەپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۈزۈكنى قەدرانغا كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەممىسى بېرىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، قەھرىمانى قاتىلنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىشتى.

— ئۇ ھازىر قەيەردە قالدى، — دېدى قەدران.

— بوستانى جەننەت دېگەن يەردە ئارام ئالماقچى ئىدى. شۇ يەردە تۇرغاندۇر، — دېدى سەگمان ئادەمزات.

— ئۇنداق بولسا بۇ يەرگە كەلمەي تۇرسۇن، كۆپ مۇشەققەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



چىكىپتۇ، بىز ئالدىغا بېرىپ ئىززەت بىلەن ئېلىپ كېلۇرمىز، دېيىشتى ۋە بوستانى جەننەت تەرەپكە يول ئالدى.

ئۇلار ئاشۇ ئۇچۇشتا، بوستانى جەننەت دېگەن يەرگە يېقىنلىشىپ كۆردىكى، ئاپئاق چېدىر - بارگاھلار تىكلەنگەن، ئالتە مىڭ دانە دېۋە بىر تەرەپتە، يەنە ئالتە مىڭى ئۇ تەرەپتە، قوللىرىدا گۆھەردىن كۆزلەر قويىغان ئەبجۇشتىن ياسالغان ئۇمۇتلارنى تۇتۇپ، سەپراس بولۇپ تۇرۇشۇپتۇ، بۇ كىملەردۇر؟ سەگمان ئادەمزات ئېيتتىكى:

— بۇلار، بىر قىلىچ بىلەن دېۋىلەرنى ئۆزىگە ئەل قىلغان قەھرىمانى قاتىلنىڭ ھازىرى لەشكەرلىرىدۇر.

ئۇلار تەختىراۋاندىن چۈشۈپ سەگمان ئادەمزاتنىڭ يول باشلىشى بىلەن قەھرىمانى قاتىل بىلەن كۆرۈشتى، قەھرىمانى قاتىل بەھرام دىلاۋەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، قىمرۇقنىڭ قېشىغا ئەكىردى. ئۇلار كىرىش بىلەن قىمرۇقنىڭ ئىككى ئەمچىكىدىن ئانا سۈتى «جىرىلداپ» چىقىپ بەھرام دىلاۋەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە چېچىلدى. شۇ چاغدا قەھرىمانى قاتىل:

— ئانا، مەن ئوغلىڭىز بەھرام دىلاۋەر، — دېدى. قىمرۇق «ئاھ بالام» دەپ بەھرام دىلاۋەرگە ئۆزىنى ئاتتى. بۇلار كۆز ياشلىرىنى دەريادەك تۆكۈپ قۇچاقلاشتى، بىر پەستىن كېيىن بەھرام دىلاۋەر ئېيتتىكى:

— ئى ئانا، ئۆزلىرىنى پاتراق دادام بىلەن كۆرۈشتۈرەي دەيمەن.

— ئى كۆز چىراغىم بالام، ھەممە ئىلتىپات ئۆزلىرىدىن، — دېدى قىمرۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئاسمان سەھنىسىدە ئۇچتى، بۇلارنىڭ ئالدىدا گەردان كاشان مىڭىپ خەۋەر يەتكۈزدى. زەپەر پىرىم: «قەھرىمانى قاتىل كۆپ مۇشەققەت تارتىپتۇ، شۇڭا بىز ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئەكىلۇرمىز» دەپ پەرىزاتلارغا تەختىراۋاننى كۆتۈرگۈزۈپ، قەھرىمانى قاتىلنىڭ ئالدىغا بېرىپ شەھرىستانى زەررىگە ئېلىپ كەلدى. زەپەر پىرىم خوتۇنى قىمرۇق بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلار بىر كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن گەردان كاشاننى شاھىنشاھ ھۇشاڭنىڭ قېشىغا خەۋەر يەتكۈزگىلى ئەۋەتتى.

شاھىنشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن بىخەۋەر تۇرغان پەيتتە ئاسمان سەھنىسىدىن مۇئەللەق تاشلاپ گەردان كاشان چۈشۈپ، قەھرىمانى قاتىلنىڭ خەۋىرىنى بەردى. شاھىنشاھ ئېيتتىكى:

— زەپەر پىرىمنى ئەكەلدىمۇ؟

— زەپەر پىرىمنى، زىبۇ مەسئۇنغا بېرىپ خوتۇنى قىمرۇقنىمۇ بىللە ئەكەلدى، — دەپ ئېيتتى گەردان كاشان. بۇنىڭ بىلەن شاھىنشاھ پۈتۈن لەشكەر، پۇقرالارنى باشلاپ، قەھرىمانى قاتىلنىڭ ئالدىغا چىقىپ، چوڭ داغدۇغا بىلەن ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنى كاتتا كۈتۈۋالدى ۋە قەھرىمانى قاتىل بىلەن ھىندىستان پادىشاھىنىڭ قىزى سەررۇخ خىرامانىنىڭ، بەھرام دىلاۋەر بىلەن ئاشىقىنىڭ تويىنى قىلىپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزدى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كېرىيە ناھىيە موغاللا بازىرىدىن مەتتۇرسۇن ئاخۇن ھوزى
رەتلىگۈچى: ئەھەت ئوبۇلقاسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك كېيىك

بۇرۇنقى زاماندا ئۇزۇنتات شەھىرىدە ناھايىتى زالىم بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ۋەزىرى پادىشاھتىن ئۆتە ياۋۇز، مەككار ئىكەن. شۇ شەھەردە بىر تۇل خوتۇننىڭ ئەلى دەيدىغان بىرئوغلى بار ئىكەن. ئەلى ھەر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ بار مۈلكى بولغان ئالتە ئۆچكىسىنى تاغ - باياۋانغا ئاپىرىپ باقىدىكەن. كەچتە ئۆچكىلىرىنى سېغىپ، سۈتىنى سېتىپ موھتاجلىقتا ئاران جان باقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆچكىلىرىگە ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك بىر كېيىك قوشۇلۇپتۇ. ئەلى ئۆچكىلىرىنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىپ بولغان ئەھۋالنى ئانىسىغا مەلۇم قىپتۇ:

— ئانا، بۈگۈن مالغا بىر ئاجايىپ چىرايلىق ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك كېيىك قوشۇلدى. بىز بۇنى پادىشاھقا سوۋغات قىلىپ ئاپىرايلى. پادىشاھ ئاز - تولا ئىنئام بەرسە تۇرمۇشىمىزنى قەددىر - ئەھۋال ياخشىلاپ ئالساقمۇ ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. ئەتىسى ئەلى ئوردىغا كەلسە پادىشاھ كەيپى چاغ ئولتۇرغانىكەن. ئەلىنى كۆرۈپ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ئەلى ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، — ئۆچكىلىرىمىزگە بىر ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك كېيىك قوشۇلغانىدى. ئۇنى ئۆزىمىز ئىشلىتىشكە قىيماي، جانابىي ئالىيلىرىغا سوۋغات قىلىش ئۈچۈن ھۇزۇرلىرىغا كېلىۋىدىم، — دەپتۇ. پادىشاھقا بۇ كېيىك بەكمۇ يېقىپتۇ. شۇڭا «بۇ بالىغا مىڭ تەڭگە ئىنئام بەر» دەپ خەزىنىچىگە بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭغا ئىچى تارلىقى تۇتقان ۋەزىر شۇئان بىر ھىيلە ئويلاپ تېپىپ ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا داد ئېيتىپتۇ. پادىشاھ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغانىكەن. ۋەزىر:

— پادىشاھىئالەم، بىز بىر كېيىككە مىڭ تەڭگىدىن ئىنئام

بەرسەك ئاز كۈنلەردە خەزىنە قۇرۇقدىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك كېيىك دېگەن ئالتۇن - كۈمۈشلۈك قەپەستە تۇرۇشى كېرەك. شۇڭا بۇ بالا قەپەس تېپىپ كەلسۇن. ئاندىن مىلىڭ تەڭگىنى ئېلىپ كەتسۇن، — دەپتىكەن، بۇ گەپ پادىشاھقىمۇ خوپ كېلىپ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئەلى ئۆيگە كېلىپ ئوردىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئانىسى ئەلىگە بىر مۇنچە تاپا - تەنە قىلىپ، ئالتە ئۆچكىسىنى سېتىپ ئوغلىنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئەلى يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. چۆل كېزىپ دەريا كېچىپ، ئازگال ئاتلاپ، تاغ ئېشىپتۇ. مىلىڭ جاپادا بىر شەھەردىن بىر ياغاچچى ئۇستامنى تېپىپتۇ. ئۇ، ئۇستام مىلىڭ تەڭگىنى ئېلىپ بىر قەپەس ياساپ بېرىپتۇ. بىراق ئۇ ياغاچ قەپەس ئىكەن. شۇڭا ئەلى غەم بىلەن قايتىپ كېتىۋاتسا ئالدىغا بىر چىمەنزار ئۇچراپتۇ. بۇ يەردە بىرى ئالتۇن، يەنە بىر كۈمۈش ئىككى بۇلاق بار ئىكەن. ئۇ قەپەسنى قويۇپ ئەمدىلا سۇغا ئېڭىشىپ تۇرۇشىغا، قەپەس ئوڭ قانىتىنى ئالتۇن بۇلاققا، سول قانىتىنى كۈمۈش بۇلاققا چۆكۈرۈپتۇ ۋە شۇئان ئالتۇن ۋە كۈمۈش قەپەسكە ئايلىنىپ قاپتۇ. بالا بۇنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ دەرھال يولغا راۋان بوپتۇ. ئۆيگە كېلىپ ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئوردىغا كەپتۇ. ئەمما پادىشاھ ئەمدىلا خەزىنىچىگە مىلىڭ تەڭگە بېرىشنى بۇيرۇماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئەلى كەتكەندىن كېيىن، بىر ھىيلە ئويلاپ تاپقان مەككار ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا تەزىم قىلىپ:

— پادىشاھىئالەم، ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك كېيىك ئالتۇن - كۈمۈش قەپەستە تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئالتۇن غوللۇق، كۈمۈش شاخلىق، تەڭگە يوپۇرماقلىق بىر دەرەخ سايە چۈشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك، دەرھال ئاشۇ دەرەخنى تېپىپ كېلىپ ئاندىن مىلىڭ تەڭگىنى ئالسۇن، — دەپتۇ. پادىشاھمۇ ھېچ ئىككىلەنمەي ئەلىگە شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ نۆۋەت ئۆيدە ھېچ نەرسە بولمىغاچقا، ئانىسى ئۇنى ئالتە ئارپا نېنى بىلەن يولغا سالپتۇ.

ئەلى مېڭىپتۇ - مېڭىپتۇ، جاپا چېكىپ كۆپ يول يۈرۈپتۇ. بىر

www.uyghurkitap.com



دەشت - باياۋان چۆلدە كېتىۋاتسا، ئورەككە چۈشۈپ قېلىپ چىقالمايۋاتقان بىر سالمىنى كۆرۈپتۇ. ئەلىنىڭ رەھمى كېلىپ سالمىنى ئورەكتىن چىقىرىپ قويغانىكەن، سالما:

— ئەي ئادەمزات، بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ ماڭا ھاجىتىڭ چۈشسە كۆيدۈرسەڭ مەن ھازىر بولۇپ، مۈشكۈلىڭنى ئاسان قىلغايمەن، — دەپ قويرۇقىنى بېرىپتۇ. ئەلى يەنە ماڭغاندىن كېيىن، ھاسا تايانغان، ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ. ئەلى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ھەي ئوغلۇم، مانا ماۋۇ كۆرۈنگەن دۆڭدىن ئاشساڭ ئالدىڭغا بىر ئاق توشقان يولۇقىدۇ. سەن ئارقىسىدىن ماڭ، ئۇ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىدۇ. سەنمۇ ئارقىسىدىن تەڭ كىرگىن. ئۇ، سول تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن كىرىپ كېتىدۇ. سەن ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن كىر. بۇ قاراقچىلارنىڭ ئۆيى، پەخەس بول، ھودۇقما، كەچتە قاراقچىلار كېلىپ سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. سەن ئۇلارغا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا بىر قازان غىزا تەييار قىلالايدىغانلىقىڭنى ئېيتقىن. ئۇلار سېنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. سەن، ئۇنداق بولسا كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار، دېگىن، ئۇلار كۆزىنى يۇمىدۇ. سەن مۇنۇ ھاسىنى يەرگە «توك» قىلىپ چوقۇساڭ شۇ ھامان بىر قازان غىزا پىشىدۇ. بىراق بۇ سىرىڭنى ھېچ كىشىگە ئېيتما. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل قاراقچىلارنىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتىپ تۇرىسەن، پەيتى كەلگەندە ئۇجۇقتۇرىسەن، ئەمما ئۇلارنىڭ جېنى ئۆز تېنىدە ئەمەس، بەلكى تۆردە ئاق ساندۇق بار، ئۇنىڭ ئىچىدە كۆك ساندۇق بار. ئۇنىڭدا قەغەزگە ئورالغان بىر بولاق تۇز بار. مانا بۇ قاراقچىلارنىڭ جېنى، سەن ئاش ئەتكەندە ئۇنى سېلىپ بەرسەڭ ھەممىسى تىن تارتماي ئۆلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆڭكۈر ئالدىغا چىقساڭ ئۇ دەرەخ شۇ يەردە بار. سەن ئۇنى قۇچاقلاپ «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ كۆزۈڭنى يۇم، سۈرە پاتىھەنى ئوقۇپ ئامىن دەپ كۆزۈڭنى ئاچساڭ ئۆزۈڭنى ئوردىدا كۆرىسەن. ئاللا سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي، — دەپ ھاسىنى بېرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئەلى ھاسىنى ئېلىپ دۆڭدىن ئاشقاندىن كېيىن، راستىنىلا توشقانغا ئۇچراپتۇ. ئۇ توشقان ئۇنى كۆرۈشى بىلەن سەكرەپ ـ سەكرەپ يۈگۈرۈپ ئالدىدا قېچىپتۇ. ئۇمۇ قېلىشماي ئىز بېسىپ مېڭىپتۇ. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن توشقان بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئەلىمۇ ئارقىسىدىن كىرىپتۇ. توشقان يۈگۈرۈپ مېڭىپ سول تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئەلى ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن بىر ئۆيگە كىرسە دەرۋەقە بۇ قاراقچىلارنىڭ ئۆيى ئىكەن. كەچكە يېقىن قاراقچىلار كېلىپ:

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئەلى:

— ئاكىلار، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار! مەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ھەر قانداق غىزانى بۇيرۇساڭلار تەييار قىلالايمەن. خالىساڭلار سىلەرنىڭ ئاشپىزىڭلار بولاي، — دەپتۇ. ئۇلار ئەلىنى سىنىماقچى بولۇپ، شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئەلى:

— كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار! — دەپ ھاسىنى يەرگە «توك» قىلىپ چوقۇغانىكەن، شۇئان بىر قازان ئاش تەييار بوپتۇ. قاراقچىلار بۇنى كۆرۈپ ئۇنى ئاشپەز قىلىۋاپتۇ، شۇڭا ئەلى بۇ يەردە غەم ـ قايغۇسىز ياشىغاچقا، ئانىسىنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا تاس قاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى ھېلىقى ئاق ساقال بوۋاي چۈشىگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ: «ئەي ئوغلۇم تۇر ئورنۇڭدىن، سېنىڭ ۋەزىپەڭ نېمە ئىدى؟ ئاناڭ سېنىڭ دەردىڭدە ياش تۆكۈپ، قان يىغلاپ بىناقەت بولۇپ كەتتى» دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئەلى چۆچۈپ ئويغىنىپ ۋەزىپىسىنى ئەسكە ئېلىپ، ناشتىلىق تاماققا پەم بىلەن ھېلىقى تۇزنى سېپتۇ. قاراقچىلار ئاشنى ئىچىپلا ۋابا تەگكەندەك يىقىلىپ ئۇن ـ تىنسىز ئۆلۈپتۇ. ئۇ قاراقچىلارنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ ئۆڭكۈر ئاغزىغا چىقسا ئالتۇن غول، كۈمۈش شاخ، تەڭگە يوپۇرماق دەرەخ تۇرغۇدەك. دەرەخنى قۇچاقلاپ «بىسمىللا» دەپ «سۈرە پاتىھە»نى ئوقۇپ «ئامىن» دېگەندە كۆزنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىسا، ھېلىقى ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك كېيىك ئالتۇن ـ كۈمۈش قەپەس ئىچىدە، ئالتۇن غوللۇق، كۈمۈش شاخلىق، تەڭگە يوپۇرماقلىق دەرەخنىڭ سايىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇرغان بولۇپ، پادىشاھ، ۋەزىر، ياساۋۇللار بىلەن تاماشا قىلىشىۋاتقۇدەك.

ئەلى، ئالتۇن دەرەخنى تېپىشقا كەتكەندە ۋەزىر كۆپ ئويلىنىپ ئاخىرى بىر ھىيلە ـ چارە تاپقانىكەن. ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— پادىشاھئالەم، مۇشۇنداق ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك كېيىك، ئالتۇن ـ كۈمۈش قەپەس، ئالتۇن غوللۇق، كۈمۈش شاخلىق، تەڭگە يوپۇرماقلىق دەرەخنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە تاماشا قىلىشقا يانلىرىدا چىرايلىق مەلىكە ھەمراھ بولۇشى كېرەك، بۇ يەردىن بىر يىللىق يىراقلىقتىكى پادىشاھنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بار. شۇنى ئۆزلىرىگە ئەكىلىپ بەرسۇن، — دەپتۇ.

بۇگۇن ھاۋايى ـ ھەۋەس پادىشاھنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىۋەتكەچكە، ئەلىگە دەرھال شۇ قىزنى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ نۆۋەت ئۆيىدە ھېچنەرسە قالمىغان ئانىسى ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ قۇرۇق قول يولغا سالپتۇ.

ئەلى ئاز يول يۈردىمۇ ياكى كۆپ يول يۈردىمۇ ئۇ بىزگە نامەلۇم، ئىشقىلىپ بىر جايغا كەلگەندە ئالدىغا بىر كۆل ئۇچراپتۇ، كۆل بويىدا بىر ئادەم يولغا قاراپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ ئەلىنى كۆرۈپ بارلىق سۇنى ئىچىپ كۆلنى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەلى دەرھال قېشىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— كىم سەن؟

— مەن كۆل باتۇرى، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ ئەلى.

— ئاللا مېنى بۇ يەرگە ئەلى دەيدىغان بىر بەندەم كېلىدۇ، شۇنىڭغا ياردەملەشكىن دەپ قويغان، — دەپتۇ كۆل باتۇرى.

— ئۇنداقتا نېمىش قىلالايسەن؟ — دەپتۇ ئەلى.

— بايا كۆردۈڭغۇ، — دەپتۇ كۆل باتۇرى، — مەن مۇشۇنداق بىر كۆلنىڭ سۈيىنى بىر قوۋۇزۇمدا ساقلاپ، ۋاقتى كەلگەندە چىقىرىپ بېرەلەيمەن.

— ئەمسە ماڭغىن، — دەپتۇ ئەلى.

ئىككىيلەن بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئالدىغا بىرى ئۇچراپتۇ. ئۇ ھېلى ئوڭ قولىقىنى، ھېلى سول قولىقىنى يەرگە يېقىپ نېمىنىدۇر تىڭشاپ تۇرغانىكەن. ئەلى ئۇنىڭدىن ھال سوراپ:

— سەن كىم؟ بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تىڭتىڭلىغۇچ باتۇر. بىر يىللىق ئارىلىقتىكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئاۋاز تىۋىشىنى ئېڭشىيالايمەن. ھازىر ئاللانىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئەلى دەيدىغان بىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرىۋاتىمەن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ قوشۇلۇپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن كۆپ ماڭمايلا ئالدىغا بىرى يولۇقۇپتۇ. ئۇ جاھاننەما ئەينىكى بىلەن ھەر تەرەپكە قاراپ كۆزىتىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سوراپتىكەن:

— مەن جاھان كۆز باتۇر، بىر يىللىق يىراقلىقتىكى ھەر قانداق نەرسىنى ئېنىق كۆرەلەيمەن. ئاللانىڭ پەرمانى بىلەن ئەلى دېگەن بىرىنى كۈتمەكتىمەن، — دەپتۇ ۋە ئۇمۇ قوشۇلۇپ تۆتەيلەن بىر ھەلدىن ئاشقاندىن كېيىن ئالدىغا يەنە بىر كىشى ئۇچراپتۇ. ئۇ ئىككى پۇتىغا بىردىن قورام تاشنى باغلاپ تۇرغانىكەن. ئۇلار:

— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن شامال ئاياغ باتۇر، ناھايىتى تېز يۈگۈرگەچكە، ئۆزۈمنى تۇتالماي پەللىدىن ئېشىپ كېتىمەن، شۇڭا پۇتۇمغا يوغان تاش باغلىۋالدىم، ھازىر ئاللانىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئەلىنى كۈتۈۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە ئۇلارغا قوشۇلۇپ مېڭىپتۇ. بۇ بەش كىشى ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئالدىغا يەنە بىر كىشى ئۇچراپتۇ، ئۇ ئوڭ قولىدا بىر تاغنى، سول قولىدا بىر تاغنى كۆتۈرۈپ ھەيۋەت بىلەن تۇرغۇدەك. يېنىغا بېرىپ سوراپتىكەن:

— مەن تاغ باتۇر، ھەر قانداق چوڭ تاغنىمۇ يۆلۈپ ئالالايمەن، ھازىر يارانقان ئىگەم — ئاللانىڭ تەقدىرى بويىچە ئەلى دېگەن بىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھەم ئۇلار بىلەن يولغا راۋان بوپتۇ. ھېلىقى پادىشاھنىڭ يۇرتىغا كىرگىلى بىر كۈن قالغاندا، بىر سېرىق ئىت كېلىپ ئالدىنى توسۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن تاغ باتۇرى بۇ ئىتنى بىر تاغنىڭ ئاستىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



باسۇرۇپ قويۇپتۇ - دە، شەھەرگە راۋان بوپتۇ.

ئەمدى ھېلىقى مەلىكىنىڭ ئاتىسى پادىشاھتىن بىر كەلىمە سۆز ئاڭلايلى: ئۇ مەلىكىگە بۇرۇنمۇ ناھايىتى كۆپ ئەلچىلەر كەلگەن بولۇپ، شۇڭا داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەنىكەن. بىراق پادىشاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇق قول ياندۇرۇپتۇ. لېكىن سەل بۇرۇن كەلگەن قوشنا پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، توي تەرەددۇتىغا چۈشكەنىكەن. ئەسلىدە بۇ پادىشاھنىڭ بىر سېرىق ئىتى بولۇپ، ھەر قانداق بالا - قازا كېلىپ، شەھەرگە بىر كۈنلۈك قالغاندا قاۋايدىكەن. بۇ چاغدا پادىشاھ ئىتنى دەرھال قويۇپ بېرىدىكەن، ئىت ھەر قانداق بالا - قازانى تىنچىتىپ قايتىپ كېلىدىكەن. شۇ ئەسنادا ئەلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يېتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

— ھەي، مېنىڭ يوغان بىر تايغان ئىتىم كەتكەنىدى، كۆرمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ غەزەپ بىلەن سوراپتۇ. ئەلى:

— ھە، بىر چوڭ كۆچۈك ئۇچراپتى، مۇنۇ جاھان تاغ باتۇرى بىر چالما ئېتىۋىدى ئاستىدا بېسىلىپ قالدى، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ مۇسابىقە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، كىم ئۇتۇپ چىقسا قىزنى شۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى قارار قىپتۇ.

ئەتىسى تۇنجى مەيدان مۇسابىقە باشلىنىپتۇ. بۇ مۇسابىقە چېلىشىش ئىكەن، شۇڭا جاھان تاغ باتۇرى مەيدانغا چۈشۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ، قارشى تەرەپتىن «كۆك مۈڭگۈز» دېيىدىغان بىر بۇقا سورۇنغا چۈشۈپ، چاڭ توزۇتۇپ كېتىپتىكەن، جاھان تاغ باتۇرى ئورنىدىنمۇ تۇرماستىن، بۇقىنىڭ كۆك مۈڭگۈزىدىن تۇتۇپ چۆرۈپ تاشلاپ توپا سورۇپتۇ. بىرىنچى غەلىبە ئەلىنىڭ بوپتۇ.

ئىككىنچى مەيدان مۇسابىقە يۈگۈرۈش بولۇپ، كىم بالدۇر كەلسە شۇ غەلىبە قىلىدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۈنلۈك يىراققا بېرىپ يۈگۈرۈپ كېلىشى شەرت ئىكەن. بۇ تەرەپتىن شامال ئاياغ باتۇر مەيدانغا چۈشۈپتۇ. قارشى تەرەپتىن يەل تاپان شەيتان مەيدانغا چۈشۈپ ئىككىيلەن قول تۇتۇشۇپ، مەنزىلگە يۈرۈپ كېتىپتۇ. كەچتە يەل تاپان شامال ئاياغ باتۇرنى ئالداپ شاراب ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ

قويۇپ، ئۆزى شەھەرگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ: «تىڭتىڭلىغۇچ باتۇر، تىڭشاپ باق، جاھان كۆز باتۇر يولغا قاراپ باق، شامال-ئاياغ باتۇر قەيەردە كېلىۋاتىدىكىن» دەپتۇ. تىڭتىڭلىغۇچ باتۇر ئۇنىڭ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى، يەل تاپان شەيتاننىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. جاھان كۆز باتۇر ئۇنىڭ بارغان يېرىدىلا بەخىرامان ياتقانلىقىنى، يەل تاپان شەيتاننىڭ مەنزىلگە يېتىپ كېلىشىگە ئاز قالغانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار قاتتىق تەشۋىشكە چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا ئەلى ھاسىسىنى يەرگە «تاك» قىلىپ چوقۇغانىكەن، شامال ئاياغ باتۇر چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ ھەم يەل تاپاننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىغا بىر سىقىمدىن ئىككى چاڭگال توپىنى ئېلىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ يەل تاپاننىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ، قولىدىكى توپىنى يەل تاپاننىڭ كۆزىگە چېچىپتۇ. يەل تاپان كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قاپتۇ. شامال ئاياغ باتۇر مەنزىلگە بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى غەلىبىمۇ ئەلىلەرگە مەنسۇپ بوپتۇ.

ئۈچىنچى مەيدان مۇسابىقە ئوخشاش قىرىق قىز ئىچىدىن مەلىكىنى تونۇپ ئايرىپ چىقىش ئىكەن. قايسى تەرەپ توغرا تاپالىسا قىز شۇ تەرەپنىڭ بولۇپ، ئەگەر تاپالمىسا قايتىپ كېتىش شەرت ئىكەن. شۇڭا بۇ نۆۋەت پادىشاھ پۈتۈن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز قىزىنى رەڭگى - رۇخسارى، بوي - تۇرقى تامامەن ئوخشاش قىرىق قىز بىلەن ئوخشاش كىيىم - كېچەك كىيگۈزۈپ، بىر خىل زىبۇ زىننەت تاقىغۇزۇپتۇ - دە، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا قاتارى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. بۇ قىزلاردىن پادىشاھنىڭ قىزىنى ئايرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇلارغا بىر قارىغان ئادەمنىڭ ئەقلى لال بولىدىكەن. شۇ ئەسنادا ئەلى سالمىنىڭ قۇيرۇقىنى ئېسىگە ئاپتۇ - دە، كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ ھامان ھېلىقى سالما پەيدا بوپتۇ. ئەلى ھاجىتىنى ئېيتقانىكەن، سالما «مەن قايسى قىزنىڭ ئالدىدا توختىسام شۇنى تۇتقىن» دەپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. سالما بىر قىزنىڭ ئالدىدا توختىشىغا ئەلى چاققان بېرىپ شۇ قىزنى تارتقانىكەن، دەرۋەقە مەلىكە بولۇپ چىقىپتۇ. ئۈچىنچى غەلىبىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەلىلەرگە مەنسۇپ بوپتۇ.

ئاڭغىچە پادىشاھ تۆمۈردىن بىر ئۆي ياساتقانىكەن، ئاخشىمى قاراڭغۇدا ئەلىگە: «كىچىچە مۈشۈ ئۆيدە ئۇخلاپ، ئەتە قىزىمنى ئېلىپ كېتىڭلار» دەپ ئەكىرىپ يانتۇزۇپ قويۇپ، پەم بىلەن ئىشىككە سىرتىدىن قۇلۇپ سېلىۋاپتۇ. ئالدىن يىغدۇرۇپ تەييارلاپ قويغان ئوتۇنىنى ئۆينىڭ تۆت ئەتراپى ۋە ئۆگزىسىگە دۆۋىلىتىپ، ئوت يېقىۋېتىپتۇ. ئالاھەزەل يېرىم كېچە بولغاندا ئۆي ئىچى قىزىپ كېتىپتۇ. بۇ ئالتە بۇرادەر زادى چىدىيالماي قاپتۇ. جاھان تاغ باتۇرى ئىشىكنى زەرب بىلەن تەپكەنىكەن، قىڭغىيىپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. جاھان كۆل باتۇرى چىقىپ ھېلىقى كۆلدىن سۈمۈرۈۋېلىپ، شۇنىڭدىن بېرى سىڭا قوۋۇزىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر كۆل سۇنىڭ يېرىمىنى پۈركۈگەنىكەن، ئوت شۇ ھامان ئۆچۈپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كىچىچە ئارام خۇدا ئۇخلاپ ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپتۇ - دە:

— ھەي، مېنىڭ تۆمۈر قاپقىنىم بىلەن ئوت توسقىم ئىچىدىن قانداق ساق چىقىشتىڭ؟ — دەپ تىترەپ تۇرۇپ سوراپتۇ.

— ھە، ماۋۇ، جاھان تاغ باتۇرى بىرلا چېكىپ قويۇۋىدى، ئىشىك ئۆرۈلۈپ كەتتى. جاھان كۆل باتۇرى بىرنى تۈكۈرۈۋىدى، ئوت ئۆچۈپ قالدى. بوۋاق بالىدەك ئەجەب شېرىن ئۇخلاپتىمىز، — دېيىشىپتۇ ئۇلار. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ ئىككىنچى نۆۋەت دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەتىسى قىزىنى ئېلىپ كېتىشكە قوشۇلۇپ، كەچتە ئۇلارنى باشقا بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۆزى كېچىچە ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر گەمىگە ئوردا ئەھلى بىلەن بىرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ.

تاڭ سەھەردە ئۇلار ئويغىنىپ ئىشىكنى قومۇرۇپ سىرتقا چىقىپ ھەيران قاپتۇ. تىڭتىڭلىغۇچ باتۇر قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ تىڭشاپ كۆرۈپ «بۇنىڭدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتا، يەر تېگىدىن ئۇلارنىڭ پارىڭى كېلىۋاتىدۇ» دەپتۇ، جاھان كۆز باتۇر «ھە، دەل شۇنداق، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئۈچ قەۋەتلىك گەمىدە ئىكەن، ئۇستۈنكى بىرىنچى قەۋەتتە ھېلىقى ئەلچى مېھمانلار ئۆزئارا

سۆزلىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئىككىنچى قەۋەتتە پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرا، يېقىنلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋېتىپتۇ. ئۈچىنچى قەۋەتتە مەلىكە يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرىدۇ، — دەپتۇ. بۇ ئالتەيلەن شۇ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇلارنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ جان - پىنى چىقىپ كېتىپتۇ ۋە:

— ھەي، شۇنچە ئۇزاق يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭلار؟ — دەپ ھۆركىرەپ تۇرۇپ سوراپتۇ. بۇلار:

— ھە ماۋۇ تىڭتىڭلىغۇچ باتۇر قۇلاق سېلىۋىدى، ئاۋازىڭلارنى تىڭشاپتۇ. جاھان كۆز باتۇر قاراپ بېقىۋىدى، ئىش - ھەرىكىتىڭلارنى كۆرۈپتۇ. شۇڭا شامال ئاياغ باتۇرغا ئەگىشىپ ھېلىلا يولغا چۈشۈۋىدۇق، ھازىر يېتىپ كەلدۇق، خۇداغا شۈكۈر، — دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ چىرايى سارغىيىپ كېتىپتۇ. ئىچىدە، بۇلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە يۇرتۇمغا قايتىپ، قىزىمنى قوشۇپ بېرىپ، پادىشاھلىق تەختىمدە خاتىرجەم كۈن ئالغىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ ... دەپ ئويلاپتۇ - دە، ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، قىزىنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئەلىنىڭ يۇرتىغا يولغا ساپتۇ.

بۇ يەتتەيلەن ئاز يول يۇردىمۇ، كۆپمۇ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم، ئىشقىلىپ ئەلىنىڭ جان دوستلىرى بولغان جاھان تاغ باتۇرى، شامال ئاياغ باتۇر، جاھان كۆز باتۇر، تىڭتىڭلىغۇچ باتۇر، جاھان كۆل باتۇر قاتارلىقلار ئاۋۋالقى ئورۇنلىرىغا كەلگەندە توختاپ «خۇداغا ئامانەت، ساق - سالامەت بولۇڭلار، بىزگە بۇنىڭدىن نېرى ئۆتۈشكە ئىجازەت يوقتۇر» دەپ ئۇلارغا بەخت تىلەپ، خوشلىشىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە ئەلىگە قاراپ:

— شەھەرگە كىرگىلى بىر كۈنلۈك يول قالغاندا ماڭا ئېيتقىن، — دەپتۇ ۋە يولغا راۋان بوپتۇ. ئەسلىدە بۇ چىرايلىق مەلىكە نىكاھ ئىشىدىكى پۇل سودىسىدىن بەكمۇ بىزار بولغاچقا، بۇرۇنمۇ دادىسىنىڭ شۇ توغرىدىكى تالاي نەسىھەتلىرىنى ھەر خىل يوللار ئارىلىق رەت قىلغانىكەن، بۇ نۆۋەتمۇ يەنىلا ھېلىقى زالىم پادىشاھقا ياتلىق بولۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ناتىۋان قىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىختىيارسىز ئەلگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغاچقا، دىلىغا بىر ئۇينى پۈكۈپ بايىقى سۆزنى قىلغانىكەن. ئەلمۇ دائىم جىمغۇر يۈرگەن بىلەن مەلىكىنى كۆرگەن چاغدىلا ئاشىق بولۇپ قالغانىكەن. بىراق بۇ ئىككىسى كۆڭۈل سىرلىرىنى زادى ئېيتىشالماي مېڭىپتۇ. ئۇلار شۇ يوسۇندا مېڭىپ، بىر چاغدا ئەلنىڭ يۇرتىغا كىرگىلى پەقەت بىر كۈنلۈك مۇساپە قالغانلىقىنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ، مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا مەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي، سەن بېرىپ پادىشاھقا ئېيتقىن، پۈتۈن يۇرت ئەھلى ۋە ئوردا ئەھكاملىرىنى يىغىپ مېنى كۈتۈۋالغىلى چىقسۇن، لېكىن ھەممىسى توپلىشىپ چىقماي ئاۋۋال پادىشاھ، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر، ئاخىرىدا ئەل - جامائەت كەلسۇن. قالدى گەپنى كەلگەندە دەيمەن، — دەپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئەلى خەۋەر يەتكۈزۈپ بولۇپ قايتىپ كەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەن پادىشاھنى كۆرگەن مەلىكە:

— سېنى ھەقسىز ئېغىر ئىشلارغا بۇيرۇپ ھالاكىتىڭنى كۆزلىگەن، پۇقرالارنىڭ مۇڭ - زارى بىلەن ئەسلا كارى بولمىغان، ئۇجمە كۆڭۈل زالىم پادىشاھ مۇشۇمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەلى:

— ھەئە، — دەپ باش لىڭشىتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا كاللىسىنى كەسكىن، — دەپتۇ مەلىكە. ئەلى شۇئان قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بۇ قانخور پادىشاھنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. ئۇنىڭ بېشى يەرگە دومىلاپ چۈشكەندىن كېيىن، ئەلنىڭ ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ، بارلىق يېتىم - يېسىرلارنىڭ كۆز ياشلىرى توختىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. شۇ ئاردا ۋەزىرمۇ كېلىپ قاپتۇ. مەلىكە:

— سېنى ئېغىر ئىشلارغا بۇيرۇشقا سەۋەبكار بولغان، يۇرتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز مەككار ۋەزىر شۇمۇ؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— ھەئە دەل ئۆزى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەلى.

— ئۇنداقتا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ مەلىكە. ئەلى شۇئان نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەلنى زار قاقشىتىپ، يوقسۇللارنى ياش ئورنىدا قان يىغلاتقان بۇ ئىككى يۈزلىمە مەككار ۋەزىرنىڭ بوينىغا قىلىچ ساپتۇ. ئۇنىڭ بېشى يەرگە چۈشۈشكە ئەلى بارلىق تارتقان جاپالىرىنى ئۇنتۇتقاندەك، تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك

يوقالغانلىقى بىلىنىپتۇ. ئاڭغىچە ئەل - جامائەتمۇ يېتىپ كەپتۇ.

— بۇگۈن سىلەرنى زار قاقشاتقان ئادالەتسىز زالىم پادىشاھ بىلەن خۇشامەتچى مەككار ۋەزىر ئۆلدى. ئورنىغا ئەلى پادىشاھ بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ۋەزىرى، — دەپتۇ مەلىكە.

بۇنى ئاڭلىغان يۇرت ئەھلى ئۇلارنى مۇبارەكلەپتۇ. راۋاب، دۇتار، كاناي، سۇناي، ناغرا، داپلارنى چېلىپ، ھەممە كىشى خۇشال - خۇرام ئوردىغا قاراپ راۋان بوپتۇ. ئەلى ئانىسىنى ئېلىپ ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ مەلىكىنى نىكاھىغا ئاپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاۋۋالقى پادىشاھنىڭ ۋاقتىدىكى خۇشامەتچى، مەككار، پارىخور ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ئىلىم ئەھلىلىرىنى قويۇپتۇ، يەرلەرنى قايتىدىن تەقسىملەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇرتقا ئادالەت ئورناپ، ئىلىم - مەرىپەت گۈللەپتۇ. زىنداندىن گۇناھسىز سولانغانلارنى قويۇۋېتىپتۇ.

ئەلى ھېلىقى ئالتۇن قەپەسنى چېقىپ تاشلاپ، ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك كېيىكنى ئەركىن قويۇۋېتىپتۇ. ئالتۇن غوللۇق، كۈمۈش شاخلىق، تەڭگە يوپۇرماقلىق دەرەخنى يېتىم - يېسىر، ياشانغان مويسىپىتلەرگە بېرىپتىكەن، سايىسى شۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، تەڭگىسى قويىنىغا تۆكۈلۈپتۇ، خەلق ئەلى بىلەن مەلىكىگە «ئادىل پادىشاھ»، «دانا مەلىكە» دېگەن نامنى ئىنئام قىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيە بوستان يېزا نەزەرباغ كەنتىدىن مىرزەخمەت ئاخۇن
رەتلىگۈچىلەر: تۇرسۇن مىرزەخمەت، مەتقۇربان ئىسمائىل، مەمتىمىن توختى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# خاسىيەتلىك تاش

بۇرۇنقى زاماندا يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر چەت مەھەللىدە بەختى ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئانىسى كىچىكىدىلا قازا قىلىپ كەتكەچكە، دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بەختىنىڭ دادىسىغا ئەجەل يۈزلىنىپتۇ. سەكراتقا چۈشكەن دادا بەختىنى ئالدىغا چاقىرىپ: «ئوغلۇم، مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، كۈنىمىز غورىبەتچىلىكتە ئۆتكەچكە، ساڭا ھېچ نەرسە مىراس قالدۇرالمىدىم. ئەمما، سەن ماۋۇ تاشنى ئېھتىيات بىلەن ساقلا، ھاجىتىڭگە ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپتۇ ـ دە، تۆش يانچۇقىدىن ياغاچلىق بىر دانە تاشنى ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ ئەسلىدە ئاق رەڭلىك، يان تەرىپىدە كىچىككىنە چاپىنى بار ناھايىتىمۇ سۈزۈك قاشتېشى ئىكەن

—— دادا، —— دەپتۇ بەختى، —— بۇ، ئادەتتىكىچە بىر تاش ئىكەن، ئۇنىڭدا ھېچ خىسلەت كۆرۈنمەيدىغۇ؟

—— خاسىيەتلىك تاش، ئوغلۇم، —— دەپتۇ دادىسى بەختىگە، —— بۇ بەكمۇ خاسىيەتلىك تاش. مەن باينىڭ ئېتىزلىقىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئۇسساپ كېتىپ سۇ ئىچكىلى بۇلاق بېشىغا باردىم. قارىسام بۇلاقتا بىر نىمجان بېلىق لەيلەپ يۈرۈپتىكەن، ئىچىم ئاغرىپ نان ئۇۋاقلىرى بىلەن ئۇزۇقلاندۇردۇم. بېلىق ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ تاشنى ئاشۇ بېلىق بۇلاقنىڭ تېگىدىن ئېلىپ چىقىپ بەرگەن. تاشنى بېرىۋېتىپ: «ئەي ئادەم، سەن مېنى ئۆلۈم دەھشىتىدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، قورسىقىمنى تويغازدىڭ، سېنىڭ مۇشۇ ياخشىلىقىڭغا مېنىڭمۇ بىر ياخشىلىق قىلغۇم كەلدى، بۇ تاش دۇنيادىكى 72 خىل ئەتىۋار دورىلارنىڭ زەررىرلىرى، جىنى تېنىدىن چىقمىغان ھەر قانداق ئېغىر كېسەلگە مۇشۇ تاشنى چايقاپ ئىچكۈزسە سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ» دېگەنتى. نىمە ئۈچۈندۇر بۇ تاش مېنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتىكەن، ھازىر ساڭا قالدۇردۇم. مەن بۇ

خاسىيەتلىك تاشنىڭ شىپاسىدىن بەھرىمەن بولۇشنى خالىمايمەن. چۈنكى ساقىيىپ يەنە باي - بەگلەرنىڭ زۇلمىنى، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرۈشكە رايىم يوق...

بەختىنىڭ دادىسى شۇ سۆزلەرنى دەپلا جان ئۈزۈپتۇ... بەختى كەمبەغەل - يوقسۇللارغا جان كۆيەر يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ، قايسى بىر كەمبەغەل ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەق ئالمايلا ھېلىقى خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ، سۈيىدە داۋالاپ ساقايتىپ قويىدىكەن. بۇ ئىش يېقىن - يىراقلارغا داڭ كېتىپتۇ، يۇرت بېگى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تاشنى تارتىۋالماقنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. بەختى ئەھلى - مەھەللىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كېچىدىلا ياقا يۇرتلارغا بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ نەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. نەچچە تاغدىن ئېشىپ، تالاي چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ، چوڭقۇر دەريالارنى كېچىپ ئالغا قاراپ كېتىۋېرىپتۇ. سەپەر قىلىۋېتىپ، يولدا يېرىم جان بولۇپ ياتقان بىر چاشقاننى كۆرۈپتۇ ۋە «بۇمۇ خۇدا ياراتقان مەخلۇق، ساقايتىپ قوياي» دەپ ئويلاپ، خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ سۈيىنى چاشقاننىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. ئۇلەر ھالەتتە ياتقان چاشقان شۇ ھامان بىر سىلكىنىپ ماغدۇرغا كىرىپتۇ ۋە زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي ياخشى ئادەم، رەھمەت ساڭا، مەن ئوزۇق ئىزدەپ يۈرەر ئىدىم. بىخەستىلىك قىلىپ ھارۋا چاقىنىڭ ئاستىدا قالدىم. ئۆلەر ھالەتتە تۇرغىنىمدا مېنى قۇتقۇزۇۋالدىڭ، مېنىڭمۇ شەپقەتكە جاۋاب ياندۇرغۇم بار، نېمە قىلىپ بېرەي؟ — دەپتۇ.

— ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ بەختى، — ئېشىڭنى يەپ، يېشىڭنى ياشاپ يۈرۈۋەرگىن.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ چاشقان، — مەن ساڭا بىر تال تۈكۈمنى يۇلۇپ بېرەي، قاچانكى ماڭا ھاجىتىڭ چۈشسە كۆيدۈر، مەن قېشىڭغا ھازىر بولىمەن.

بەختى يولىغا راۋان بولۇپتۇ. كېتىپ بارغۇدەك بولسا، ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن بىر يىلان ئۇچراپتۇ.

بۇ يىلانغىمۇ ھېلىقى خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ ئىچكۈزگەن ئىكەن، سەللىمازا ساقىيىپتۇ - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ ئەي شەپقەتلىك ئادەم، رەھمەت ساڭا، مەن يولدا كېتىۋاتقانتىم، بىلمىگەچ ئات دەسسىۋەتتى. ئاغرىق جېنىمدىن ئۆتكەندە، ماڭا سېنى ئاللا ئۆزى يەتكۈزدى، ساقايدىم. ئەگەر خالىساڭ مەنمۇ ساڭا ياردەم قىلسام؟

ــ ئەي يىلان، ــ دەپتۇ بەختى جاۋابەن، ــ ماڭا ھازىرچە ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، ئويناپ، ياشاپ يۈرۈۋەرگىن.

بەختى يىلان بىلەن خوشلىشىپ ماڭاي دېيىشىگە، يىلان دەپتۇكى:

ــ ئەي ئادەم، بوپتۇ، ئۇنداق بولسا مېنىڭ پوستۇمدىن ئېلىۋال! قاچان خىزمىتىم كېرەك بولسا ئۇنى ئوتقا ياق، مەن قېشىڭغا ھازىر بولىمەن.

بەختى مەنزىللەرنى بېسىپ خېلى يول يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا كۆزى يول ياقىسىدا ئۇچالماي قىينىلىۋاتقان ھەرىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بۇ ھەرىگىمۇ خاسىيەتلىك تاشنىڭ سۈيىنى ئىچكۈزگەن ئىكەن، ھەرە شۇ زامان قانات قېقىپ ئۇچۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي دىلى يۇمشاق ئادەم، رەھمەت ساڭا. مەن ھارۋىكەشنىڭ قامچىسىنىڭ زەخمىدىن بىر قاناتتىن ئايرىلىپ ئۇچالماي قالغانتىم. سەن ماڭا رەھىم قىلىپ ئەسلىي ھالىتىمگە قايتۇردۇڭ. مەن ساڭا قانداق جاۋاب قايتۇراي؟

ــ ئەي جانىۋار، ــ دەپتۇ بەختى، ــ سەن گۈل تېرىپ يەپ، ئەلگە ھەسەل بېرىپ يۈرۈۋەرگىن، ماڭا ھازىرچە ھېچقانداق خىزمەت لازىم ئەمەس.

ئەمما ھەرە بەختىنىڭ بېشىدا نەچچە ئايلىنىپتۇ ۋە بۇرۇتىدىن بىر تالنى يولۇپ بەختىگە بېرىپ، دەپتۇ:

ــ بۇ بىر تال بۇرۇتۇمنى ساقلاپ قوي، ناۋادا خىزمىتىمگە ھاجىتىڭ چۈشسە ئوتقا ياققىن، مەن ھازىر بولىمەن.

بەختى ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. بىر جەزىرىدە كېتىپ بارغۇدەك بولسا، ئۆزى بىلەن تەڭتۇش قۇراملىق بىر ياش يىگىتنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ، ساماندەك سارغىيىپ بىھوش ياتقىنىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ھالدىن بەختىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپتۇ، ئۇ دەرھال خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ، سۈيىنى ھېلىقى يىگىتنىڭ لېۋىگە قۇيۇپتۇ، ئۇ يىگىت دەرھال

مادارىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

— مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، رەھمەت ساڭا، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ساڭا قۇل بولاي!

— ئاتا - ئانىسىز بىر يېتىممەن، — دەپتۇ بەختى، — باشقىلارنى قۇل قىلىشنى خالىمايمەن، ئەگەر خالىساڭ ئىككىمىز ئۆمۈرلۈك دوست بولايلى.

بەختىنىڭ تەكلىپىنى يىگىتمۇ ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئىككىسى ئۆمۈرلۈك دوستلۇققا ۋەدىلىشىپ بىللە يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار سەپەر رىيازىتىنى تەڭ تارتىپ تاپقىنىنى تەڭ يەپ، ئۇزاق يوللارنى باسقاندىن كېيىن بىر شەھەرگە ئۇلىشىپتۇ. بۇ باشقا بىر مەملىكەت شاھىنىڭ پايتەختى ئىكەن، شاھنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇن يىلدىن بۇيان كېسەل دەردىدە يېتىپ قالغان ئىكەن، پادىشاھ قىزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە، قىزىنى كۆرسەتمىگەن تېۋىپ، يېگۈزمىگەن دورا، قىلمىغان سەۋەب قالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېسىلى ساقايمىغان ئىكەن. پادىشاھ ئاخىرى بولماي تەرەپ - تەرەپكە ئېلان چىقارغان ۋە كىمكى قىزىمنىڭ كېسىلىنى ساقايتسا، ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىمەن ھەم شاھلىق تەختىمنى بېرىمەن، دەپ جاكارلىغان ئىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بەختى ۋە ئۇنىڭ دوستى نۇرغۇن كېڭىشىپ ئەتىسىلا ئوردىغا بارماقچى بولۇشۇپتۇ. ئەمما، ھېلىقى يىگىتنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، كېچىسى خاسىيەتلىك تاشنى ئوغرىلىۋاپتۇ - دە، ئوردىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ قىزىنى ساقايتىشقا ئادەم كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپ بولۇپ، تەخىرسىز قىزى ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. قىز خاسىيەتلىك تاشنىڭ ھېكمىتى بىلەن دەرھال ساقىيىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ ۋە باشتىكى ۋەدىسىگە بىنائەن توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بەختى دوستىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن بەكمۇ غەزەپلىنىپتۇ، ئەمما، شاھقا كۈيئوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇرغان ۋاپاسىزغا قانداق تەڭ كېلىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي بېشى تازا قېتىپتۇ. توساتتىن ئۇنىڭ ئېسىگە چاشقان، يىلان، ھەرىلەرنىڭ ۋەدىسى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ چاشقاننىڭ تۇكىنى كۆيدۈرۈپتىكەن، ھايال ئۆتمەي پەيدا بولۇپتۇ. بەختى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. چاشقان «خاتىرجەم بول، ئەتە سەھەردىلا

www.uyghurkitap.com



خاسىيەتلىك تېشىڭ قولۇڭغا تېگىدۇ» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. راست دېگەندەك ئەتىسى سەھەردە چاشقان بەختىنى ئويغىتىپ ھېلىقى تاشنى تاپشۇرۇپتۇ، بەختى خاسىيەتلىك تاشنى قولغا ئالغاندىن كېيىن يىلاننىڭ پوستىنى ئوتقا يېقىپتۇ. ھايال ئۆتمەي يىلان پەيدا بولۇپتۇ ۋە بەختىدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، «قايغۇرما، مەن ھازىر بېرىپ ھېلىقى ۋاپاسىزنى چىقىپ ئۆلتۈرىمەن، ئاندىن كېيىن شاھنىڭ قىزىنى چاقىمەن، قىزنى قولۇڭدىكى تاشنىڭ خاسىيىتى بىلەن ساقايتىۋالىسەن، شۇنداق قىلىپ شاھمۇ بولىسەن، قىزنىمۇ ئالىسەن...» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر ئاش پىشىم ئۆتمەيلا شاھقا كۈيئوغۇل بولغۇچى كىشى ئۆلۈپتۇ، شاھ قىزى يەنە بۇرۇنقى كېسەل ھالىغا كېلىپ قاپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ جاكارچىلار كوچىغا چىقىپ پادىشاھنىڭ پەرمانىنى جاكارلاشقاباشلاپتۇ.

بەختى ئارىدىن بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئوردىغا بېرىپتۇ. ئۇ قىزنى ساقايتالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتىكەن. دەرھال قېشىغا باشلاپ كىرىپتۇ. بەختى خاسىيەتلىك تاشنىڭ ياردىمى بىلەن قىزنى سەللىمازا ساقايتىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى كېسەلدىن ساقىيىپ بولۇپ قارىغۇدەك بولسا، قېشىدا ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت تۇرغۇدەك، ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە بەختىنىڭ قولىدىن يېتىلگىنىچە دادىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ...

پادىشاھنىڭ ھەسەتخور ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بەختىنىڭ كەمبەغەللىكىنى باھانە قىلىپ، پادىشاھنى ۋەدىسىدىن قايتۇرماقچى بولغان ئىكەن، شاھ ئارىسالدى بولۇپ قاپتۇ. ئەمما قىز دادىسىغا:

— دادا، ئادەمنىڭ لەۋزى ھالال بولمىقى كېرەك. شاھلار تېخىمۇ شۇنداق. بۇ يىگىت مېنى كېسەلدىن ساقايتتى، شۇڭا ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ، — دەپتۇ.

شاھ ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بەختىنىڭ تېبابەتچىلىكتە تەڭدىشى يوق بولسىمۇ، ئەقىل - ئىدراك جەھەتتە قانداقلىقىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن بىر نەرسە دېمەكچى بولغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئات ۋە جابدۇقلىرى بىر - بىرىدىن

پەرقلەنمەيدىغان قىرىق مەپە هازىرلاپتۇ. مەپىلەرنى بەختىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ. ناۋادا مۇشۇ مەپىلەرنىڭ قايسىسىدا مەلىكىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى تاپالىسا، ئاندىن بەختى بىلەن قىزىنى توي قىلىپ قويىدىغان بوپتۇ.

بەختى ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ھەرىنى ئېسىگە چۈشۈرۈپتۇ ـ دە ئۇنىڭ بۇرۇتىنى ئوتقا تاشلاپتۇ. ھايال ئۆتمەي ھەرە غۇڭۇلداپ ئۇچقىنىچە بەختىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن:

— ئەي شەپقەتچىم، بۇنىڭدىن ئاسان ئىش يوق، مەپىلەرنى ئالدىڭدىن ئۆتكۈزگەندە، مەن قايسى ئاتنىڭ بېشىدا ئۇچۇپ يۈرگەن بولسام، سەن ئىككىلەنمەيلا شۇ مەپىگە چىققىن، — دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەپتۇ، جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلىشىپ، ئوپمۇ ئوخشاش جابدۇلغان قىرىق مەپە كېلىپتۇ، بەختى كۆزىنى ئۇۋۇلاپ مەپىلەرگە زەن سېلىپ قاراپتۇ. بىر مەپە ئۆتۈپتۇ. ئىككى، ئۈچ، تۆتىنچى مەپە ئۆتۈپتۇ. ئون، يىگىرمە، ئوتتۇزىنچى مەپىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بەختى بولسا جىم تۇرغۇدەك. مەيدانغا يىغىلغان خالايىقلار ھاياجانغا چۈشۈپ پىچىرلاشقىلى تۇرۇپتۇ. 38 ـ مەپىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بەختى ئەندىشە قىلىشقا باشلاپتۇ، چۈنكى ئۆتۈپ كەتكەن مەپىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ھەرە كۆرۈنمەپتۇ، 39 ـ مەپە يېتىپ كەپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ھەرە ئاتنىڭ بېشىدا غۇڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگۈدەك، بەختى يۈگۈرۈپ بارغىنىچە مەپىگە چىقىپتۇ. راست دېگەندەك شاھ قىزى مۇشۇ مەپىدە ئىكەن. بەختى مەپىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ ئېچىۋېتىپتۇ، يىغىلغان خالايىق باركاللا ئوقۇپتۇ.

مەپە ئۇدۇل ئوردىغا ھەيدىلىپتۇ. خالايىق مەپىنىڭ كەينىدىن ئوردىغا بىللە بېرىپتۇ، پادىشاھ شەھەر خەلقىنىڭ ئالدىدا لەۋزىدىن تېنىۋالالماپتۇ ـ دە، بەختىنى پادىشاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز تويدىن كېيىن قىز ـ يىگىت مۇرادىغا يېتىپتۇ. بەختى ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: نىياز ئاخۇن
خاتىرىلىگۈچى: ئابىت ئاخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مەلىكە گۈلسۈرۈخ ۋە پەرىزات رىنات

قەدىمكى ئۇدۇن پادىشاھىنىڭ مەلىكە گۈلسۈرۈخ ئىسىملىك چىرايلىق بىر مەلىكىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسنى جامالىدىن ئايمۇ خىجىل ئىكەن. گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. پادىشاھ قىزىغا تولىمۇ ئامراق ئىكەن، قىزىنى ھەر جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەيۋەتلىك بىر چارباغ بىنا قىلدۇرۇپ، قىزىنى چارباغقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، قىزىغا قىرىق نەپەر ساھىبجامال كېنىزەك ھەمراھ ئىكەن. مەلىكە ئويۇن ـ تاماشا، نەغمە ـ ناۋا ۋە ئىلمى ھېكمەت بىلەن يىللارنى ئۆتكۈزۈپ بويىغا يېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ سەرۋىدەك قامىتى، گۈزەل ھۆسنىنىڭ داڭقى قوشنا ئەللەرگە پۇر كېتىپتۇ.

مەلىكە گۈلسۈرۈخ سازەندىلەر ئارىسىدىكى چېۋەر، چاققان، خوزۇرىگە دېگەن يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يىگىتنىڭ ئىشقى پىراقىدا ئۆرتىنىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە گۈلسۈرۈخ ئۆز مەقسىتىنى خوزۇرىگىگە ئېيتىش ئۈچۈن بىر كېنىزىكىنى ئەۋەتىپ، ئۇنى چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ، ئارىدىن بىر قانچە زامانلار ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ خوزۇرىگەنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىپتۇ. ئاتىسىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغان مەلىكە خوزۇرىگىگە يۇرتىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىش تەلىپىنى قويۇپتۇ. خوزۇرىگەمۇ مەلىكىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. مەلىكە تۇن نىسپىي بولغاندا ئىككى ئاتنى ئېلىپ، ئوردىنىڭ ئارقا تېمىغا كېلىپ ساقلاپ تۇرۇشنى خوزۇرىگىگە ئېيتىپتۇ. خوزۇرىگە مەلىكە گۈلسۈرۈخدىن خۇرسەن بولۇپ، قېچىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ماللىرىنى باقىدىغان تاقىم ئىسىملىك بىر پادىچى بار ئىكەن، پادىچى كېچىسى ئۇخلاپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاينى

بويىندا، كۆننى قوينىدا كۆرۈپتۇ. ئويغىنىپ چۈشىنى ئويلاپتۇ. ئۇنىڭغىچە ماللارنى باقىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پادىچىنىڭ ئىشقا كېچىكىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ:

— ئى تاز، نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، قۇللىرىنى كەچۈرگەيلا، كېچىدە بىر چۈش كۆرگەن ئىدىم، ئاشۇ چۈشۈمنى ئويلاپ. شەرھى قىلىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم.

—كۆرگەن چۈشۈڭنى ئېيت، مەن ئاڭلاپ باقاي.

—ئاينى بوينۇمدا، كۈننى قوينۇمدا چۈشەپتىمەن شاھىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مالچى. پادىشاھ مالچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆرگەن چۈشىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ ۋە بۇ خاسىيەتلىك چۈشنى سېتىۋالماقچى بولۇپ:

— چۈشۈڭنى ساتامسەن؟—دەپ سوراپتۇ مالچىدىن.

— چۈشنى ئالىدىغان ئىشلىرى بولسا ئەلۋەتتە ساتاي.

— قانچە تەڭگىگە ساتىسەن؟

— ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ بولسۇن، پادىشاھىم.

— قوتاندىكى بارلىق مال - ۋارانلىرىمغا سېتىۋالسام رازى بولامسەن؟

— جېنىم بىلەن رازى بولىمەن پادىشاھىئالەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مالچى خۇرسەنلىك بىلەن. پادىشاھ مالچىنىڭ چۈشىنى سېتىۋاپتۇ.

مالچى خۇشال بولۇپ پادىشاھنىڭ ماللىرىنى ھەيدەپ يايلاققا ئېلىپ كېتىپتۇ. بىراق، ماللار پەقەت ئوت يېگىلى ئۇنىماپتۇ. مالچى ماللارغا ئوت يېگۈزۈشنىڭ ئامالىنى قىلالماپتۇ. كۆرگەن خاسىيەتلىك چۈشىنى پادىشاھقا سېتىپ بېرىۋەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىپتۇ ۋە چۈشىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ماللارنى ھەيدەپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كەپتۇ. مالچىنى كۆرگەن پادىشاھ:

— سېنى رازى قىلىپ يولغا سالغان ئىدىم، ماللارنى ئالدىڭغا سېلىپ كەپسەنغۇ؟—دەپ سوراپتۇ.

—سىلىگە ساتقان خىسلەتلىك چۈشۈمنى قايتۇرۇۋالغىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلدىم، —دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مالچى. پادىشاھ چۆشىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە كۆزى قىيماي مالچىنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

بىر كەلىمە سۆزنى مەلىكە گۈلسۇرۇختىن ئاڭلايلى:

مەلىكە گۈلسۇرۇخ سازەندە خوزۇرىگە قىلغان ۋەدىسىگە بىنائەن ئىككى بوغجۇمىغا قىممەت باھالىق ماللارنى، زىبۇ زىننەت، كىيىم ـ كېچەكلەرنى قاچىلاپ تۈن نىسپىدە بولغاندا دېيىشىپ قويغان جايغا بېرىپ، بوغجۇمنى يەرگە تاشلاپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا مالچى ئوردىنىڭ كەينىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئىكەن، ئوردا تېمى ئۈستىدىن ئىككى بوغجۇما يەرگە چۈشۈپتۇ. بېرىپ قارىسا، بىر كىشى ئىككى ئاتنىڭ تىزگىنىنى پۈتىغا باغلاپ قويۇپ ئۇخلاپ ياتقان ئىكەن. مەلىكە گۈلسۇرۇخ مالچىنى خوزۇرىگە ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، «مېنى يەرگە چۈشۈرۈڭ» دەپتۇ. مالچى مەلىكە گۈلسۇرۇخنى تامدىن چۈشۈرۈپ بىر ئاتقا مىندۈرۈپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ ئىككى بوغجۇما كىيىم ـ كېچەك، گۆھەر ـ تەڭگىلىرىنى، گۆھەر تۇغمىدىغان سۇلايمان تۇخۇسىنى بىر ئاتقا يۈكلەپتۇ.

— ئاتقا مىنىڭ، تاڭ ئاتقۇچە شەھەردىن چىقىپ كېتەيلى، — دەپتۇ مەلىكە گۈلسۇرۇخ تاقىم تازغا. ھەيران بولغان تاقىم تاز مەلىكە مىنگەن ئاتقا مىنىپ، ئاتقا قامچا سېپتۇ. شۇ ماڭغانچە توققۇز كۈنلۈك يولنى بىر كېچىدە بېسىپ، تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ كەڭرى كەتكەن بىر ئورمانلىققا يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى بىر تۈپ چىنارغا باغلاپ قويۇپ قارىغۇدەك بولسا ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن كىشى سۆيگەن يىگىتى — خوزۇرىگە بولماستىن، ئۆز ئۆيىدە مال باقىدىغان يىرتىق ئىشتان، شىرە چورۇق مالچى تاز ئىكەن. ھەيران بولغان گۈلسۇرۇخ:

—ھەي تاز، قانداق بولۇپ مەن بىلەن بىللە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تاقىم مالچى كۆرگەن چۈشى ۋە مەلىكە بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپتۇ. مالچىنىڭ چۈشىنى ئاڭلىغان مەلىكە بۇ تاز ئامەتلىك تاز ئىكەن، ئاللا مېنى بۇ تازغا قوشۇپتۇ، پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىرادە شۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ

ئىلگىرى كۆيگەن يىگىتى خوزۇرىگەنىڭ ئورنىغا بۇ مالچىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ.

ئەسلىدە مالچى كەيمە تاز ئىكەن. مەلىكە مالچىنىڭ بېشىنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ، شاپتۇل ئۇچكىسىدە ياغلاپ، قىرىق كۈن پەرۋىش قىلىپتۇ. مالچىنىڭ بېشىغا قۇندۇزنىڭ تۈكىدەك قاپقارا چاچ ئۈنۈپ چىقىپتۇ. تازنىڭ بېشىدىكى تۈككە قاراپ مەلىكىمۇ ھەيران قاپتۇ. مەلىكە ئەسلىدە خوزۇرىگە ئاتاپ بىر قۇر ئەرچە كىيىم - كېچەك ئېلىۋالغان ئىكەن، كىيىم - كېچەكلەرنى مالچىغا كىيدۈرۈپتۇ، مالچى ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك قامەتلىك بىر يىگىت سىياقىغا كىرىپتۇ. مەلىكە مالچىنىڭ ئىسمىنى يۇسۇپ خوزۇرىگە ئۆزگەرتىپتۇ.

مەلىكە گۇلسۇرۇخ يۇسۇپ خوزۇرىگە بىلەن ئورمانلىقتىن چىقىپ بىر قانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئىسپاھان شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

مەلىكە گۇلسۇرۇخ شەھەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— سىز شەھەرگە كىرىپ ئاخۇنۇمدىن بىرنى چاقىرىپ چىقىڭ، بىز نىكاھلىنىپ ئەر - خوتۇن بولايلى، — دەپتۇ يۇسۇپ خوزۇرىگىگە. يۇسۇپ خوزۇرىگە شەھەرگە كىرىپ ئاخۇنۇمدىن بىرنى چاقىرىپ چىقىپتۇ. ئاخۇنۇم ئۇلارغا نىكاھ ئوقۇپ قويۇپتۇ. ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ نىكاھلىق ئەر - خوتۇن بوپتۇ.

— سىز شەھەرگە كىرىپ گۆھەر تۇغىدىغان توخۇغا دان، ئاتقا يەم، بىزگە يېمەكلىك ئېلىپ چىقىڭ، — دەپ مەلىكە گۇلسۇرۇخ يۇسۇپ خوزۇرىگىگە ئىككى نانلىق پۇل بېرىپتۇ. يۇسۇپ خوزۇرىگە پۇلنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. مەلىكە بەرگەن پۇلغا يېمەكلىك ئالسا ئۆزلىرى يېيىشكە ئىككى نان كېلىدىكەن، توخۇ بىلەن ئاتنىڭ يەم - خەشىكىگە كەملەيدىكەن؛ توخۇ ئۈچۈن دان ئالسا، بىر ئۆگۈچ قوناق كېلىدىكەن، ئات بىلەن ئۆزلىرى ئاچ قالىدىكەن؛ ئات ئۈچۈن سەرپ قىلسا بىر باغ پىچان كېلىدىكەن، ئۆزلىرى بىلەن توخۇ ئاچ قالىدىكەن. بېشى قاتقان يۇسۇپ خوزۇرىگە شەھەر كوچىلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئايلىنىپ، قوغۇنچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. ئويلاپ باقسا قوغۇننىڭ گۆشىنى ئۆزلىرى يېسە، ئۇرۇقى توخۇغا دان، شاپىقى ئاتقا يېمەكلىك بولغۇدەك. يۈسۈپ خوزۇرىگە ئىككى ناننىڭ پۇلىغا بىر قوغۇن سېتىۋېلىپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. مەلىكە گۈلسۇرۇخ يۈسۈپ خۇزۇرىگەنىڭ ئەقلىنىڭ زىيادە ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ.

ـــ سىز مۇنۇ ئىككى گۆھەرنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، ئۆي سېتىۋالسىڭىز بىز ماكانلىق بولساق! ـــ دەپ مەلىكە گۈلسۇرۇخ ئېرى يۈسۈپ خوزۇرىگىگە گۆھەرنى بېرىپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە گۆھەرنى سېتىش ئۈچۈن شەھەرگە قاراپ يول ساپتۇ.

يۈسۈپ خوزۇرىگە مەلىكىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئىسپاھان شەھىرى ئىچىگە كىرىپ، كوچا - رەستىلەرنى ئايلىنىپ ھەشەمەتلىك بىر ئىمارەتنى كۆرۈپتۇ. بۇ بىر جوھۇتنىڭ قورۇ - جايى بولۇپ، تاملىرى ئۈنچە - مەرۋايىتتىن، ئۇلى مەرمەردىن ياسالغان ئىكەن، بىر قانچە يۈز چاكار، قىرىق - ئەللىك كېنىزەك خىزمىتىنى قىلار ئىكەن. ئۆزى بولسا قىرىق دۇكاننىڭ گۆھەر، ئۈنچە - مەرۋايىت، قىممەت باھا ماللىرىنى سېتىپ دۇكاندارچىلىق قىلىدىكەن. يۈسۈپ خوزۇرىگە دۇكان ئىچىگە كىرىپ قارىسا، بىر دانە ياماق سېلىنغان گۆھەر ئېسىقلىق تۇرغۇدەك، ئۇ، قوينىدىكى گۆھەرگە بىر قاراپتۇ، ئېسىقلىق تۇرغان گۆھەرگە بىر قاراپتۇ، يۈسۈپ خوزۇرىگەنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئاچچىقى كەلگەن جوھۇت:

ـــ بۇ ئوغرىنى تۇتۇپ ئەدەپلەپ قوي، ـــ دەپ بىر مىراقۇلىغا بۇيرۇق قىپتۇ. مىراقۇل يۈسۈپ خوزۇرىگەنى تۇتۇپ مۇشت بىلەن ئىككىنى قويۇپتۇ.

ـــ نېمە ئۈچۈن مېنى بىكارغا ئۇرىسەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ يۈسۈپ خۇزۇرىگە مىراقۇلدىن.

ـــ بۇنداق گۆھەردىن ئىسپاھان شەھىرىدە پەقەت مۇشۇ بىرسىلا بار، سەن ئوغرى ئىكەنسەن، سەن گۆھىرىمنى تىقىۋېلىشنى ئويلاپ خۇپىيانە ھەرىكەت قىلدىڭ؟ ـــ دەپتۇ ئاچچىقلىنىپ جوھۇت.

ـــ ياماق سالغان گۆھىرىڭگە قارىغىنىمغا نېمە بوپتۇ؟ مەندە

گۆھەرنىڭ سەر خىلىدىن ئىككىسى بار، بۇنىڭغا نىمە دەيسەن؟ — دەپ يۇسۇپ خوزۇرىگە قويىنىدىن ئىككى گۆھەرنى ئالغان ئىكەن، دۇكاننىڭ ئىچى يورۇپ كېتىپتۇ. گۆھەرنى كۆرۈپ جوھۇتنىڭ قەلبى ھەسرەتتە ئۆرتىنىشكە باشلاپتۇ ۋە ئۇنى قولىغا چۇشۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

جوھوت دەرھال دۇكانلىرىنى تاقاپ، يۇسۇپ خوزۇرىگەنى ئۆيگە مېھماندارچىلىققا چىللاپتۇ. كاتتا بېزەلگەن ياسىداق مېھمانخانىغا باشلاپ ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ. ئۆز ئارا سىردىشىپتۇ، ئۇسسۇلچى قىزلار ئۇسسۇل ئويناپ بەزمىنى قىزىتىپتۇ. ئاخىرىدا جوھۇت گۆھەرنىڭ نەرخى ئۇستىدە توختىلىپ:

— گۆھەرنى قانچە پۇلغا ساتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ يۇسۇپ خوزۇرىگەدىن.

— گۆھەرنى مەن ئۇچۇن سېتىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئۇچۇن ساتسىلا قانداق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يۇسۇپ خوزۇرىگە.

— بارلىق مال - دۇنيا، چارۋا - ماللىرىمنى سىزگە بېرىپ گۆھىرىڭىزنى سېتىۋالسام رازى بولامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ جوھۇت.

— بارلىق مال - دۇنيا، چارۋا - ماللىرىڭىزنى پۇلغا سۇندۇرۇپ كۆرۈپ بېقىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەرسە دېيىشەيلى، — دەپتۇ يۇسۇپ خوزۇرىگە.

جوھۇت ھېساباتچىلارنى چاقىرتىپ، قىرىق دۇكاندىكى پۇل - پۇچەك ماللىرى، 500 تۆگە، 3000 ئات، 9000 تۇياق قوي - ئۆچكىلىرىنى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ كۆرگەن ئىكەن، يۇسۇپ خوزۇرىگەنىڭ ئىككى دانە گۆھىرىنىڭ نەرخىگە يەتمەپتۇ. جوھۇت گۆھەرنى قولىغا چۇشۇرمەي كۆڭلى ئىمىن تاپماپتۇ. جوھۇت ئۆيۋاقى، يەر - زېمىن، بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى، چاكار ۋە كېنىزەكلىرىنى يۇسۇپ خوزۇرىگىگە بېرىپ، ئۇنىڭ گۆھىرىنى سېتىۋاپتۇ ۋە ئائىلە خوتۇنىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

يۇسۇپ خوزۇرىگە جوھۇتتىن سېتىۋالغان ئۆيۋاقلىرىغا بارغان ئىكەن، چاكار - كېنىزەكلەر ئۇنى قارشى ئېلىپ ئېسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تائام، نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرگە مەلىكە گۈلسۇرۇخنى سېغىنىپ، ئۇنىڭغىمۇ ئېسىل تائاملاردىن ئېلىپ، قىرىق نەپەر كېنىزەكنى ئەگەشتۈرۈپ ئايالىنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرگە گۈلسۇرۇخ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، گۆھەر سۇدىسىنىڭ جەريانىنى بايان قىپتۇ. مەلىكە گۈلسۇرۇخ سودىدىن ئۆزىنىڭ خۇرسەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، گۆھەر تۇغدىغان تۇخۇسنى ئېلىپ 40 نەپەر كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەرگە يېنىپ كىرىپ، جوھۇتتىن سېتىۋالغان يەر - زېمىنغا ماكانلىشىپتۇ ۋە بىر قانچە ئايغىچە خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كۆچۈرۈپتۇ. مەلىكە گۈلسۇرۇخ يۈسۈپ خوزۇرگە باشقىلار بىلەن باردى - كەلدى قىلماسلىقنى تاپىلاپتۇ.

ئىسپاھان شەھىرى پادىشاھىنىڭ ئەيلان ئەسقىلانى ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. ۋەزىر پات - پاتلا يۈسۈپ خوزۇرگەنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ سودا قىلىپ تۇرىدىكەن. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، يۈسۈپ خوزۇرگە بىلەن ۋەزىر يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ قاپتۇ. بىر قانچە قېتىم ۋەزىر يۈسۈپ خوزۇرگەنى ئۆيىگە چىللاپتۇ، يۈسۈپ خوزۇرگەمۇ ۋەزىرنى ئۆيىگە چىللاپ تۇرۇپتۇ. ۋەزىر ھەر قېتىم يۈسۈپ خوزۇرگەنىڭ ئۆيىگە كەلسە ئۇنىڭ ئايالى كۆزگە كۆرۈنمەيدىكەن. ۋەزىر ھەيران بولۇپ يۈسۈپ خوزۇرگەنىڭ ئايالىنى كۆرۈشنى نىيەت قىپتۇ. لېكىن پۇرسەت تاپالماپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر ئەيلان ئەسقىلانى يۈسۈپ خوزۇرگەنىڭ دۇكاندا ئولتۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئايالىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە كىرىشى، مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ سىرتقا چىقىشىغا توغرا كەپقاپتۇ. ئۇلار ئىشىكنىڭ تۈۋىدە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ۋەزىرنىڭ كۆزى مەلىكىگە چۈشۈش بىلەن تەڭ مەلىكىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر ئوت چىقىپ ۋەزىرگە تۇتىشىپتۇ، ۋەزىر مەلىكىنىڭ جامالىغا قاراپ تۇرۇپ تاقەت قىلالماي ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرگەنىڭ چاكارلىرى ۋەزىرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ۋەزىر ئەيلان ئەسقىلانى مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ

ئىشقى پىراقىدا چوغقا چۈشكەن قىلدەك كۆيۈپ تولغىنىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندىمۇ پەقەت زۇۋان سۈرمەپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك سەردارى بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئوردىنىڭ ھېچ قانداق ئىشلىرى يۈرۈشمەيدىكەن. ۋەزىرنىڭ كۈندىن - كۈنگە زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ بىر كۈنى ئۇنىڭدىن نېمە سەۋەبتىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ.

— ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر.

— قانداق ئىش بولسا ئېيتقىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولىمەن، —دەپتۇ پادىشاھ.

— بۇ شەھەرگە يۈسۈپ خوزۇرىگە ئىسىملىك بىر يىگىت كېلىپ، سودىگەر جوھۇتنىڭ دۇكان ۋە زېمىنلىرىنى سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىدى. ئۇنىڭ مەلىكە گۈلسۈرۈخ ئىسىملىك ساھىبجامال، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئايالى بار ئىكەن، ئۇ مەلىكىنى كۆرگەن كۈندىن ئېتىبارەن مۇشۇ ئاشىقلىق سەۋداسىغا مۇپتىلا بولدۇم، — دەپ ۋەزىر ئۆزىنىڭ قىيىن كۈنگە قالغانلىقىنى پادىشاھقا بايان قىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ:

— سەن دېگەن ئۇ مەلىكە ھەقىقەتەن شۇنداق چىرايلىقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— جاھاندا گۈزەل مەلىكىدىن ئىككىسى بولسا بىرى شۇ، بىرى بولسا ئۆزى شۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەشكە ئىنساننىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ پادىشاھىئالەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

— ئۇنداق بولسا ئۇ مەلىكىنى ئوردىغا ھازىر قىل، ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنى مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ پادىشاھ ۋەزىرگە. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك ۋەزىر يېڭى بىر باش ئاغرىقىغا قاپتۇ.

— ھېچ نەرسىدىن ھېچ نەرسە يوق، پۇقرالارنىڭ ئايالىنى بۇلاپ ئوردىغا ئەكەلسەك ئۆزىمىز ئۈچۈن ياخشى بولماسمىكىن، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا.

— سېنىڭچە قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ۋەزىر بىر هازا ئويغا پاتقاندىن كېيىن:

— مەلىكىنى ئوردىغا ئەكىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېرىنى كۆزدىن يوقىتىش لازىمدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن: پادىشاھىمىز ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى، پادىشاھنىڭ كېسىلىگە دىۋىلەر ماكانىدىكى «دۆرە قەھرە» دېگەن گىياھ شىپاھ قىلىدىكەن، شۇ گىياھنى ئەكىلىش ۋەزىپىسىنى پادىشاھ سىزگە تاپشۇردى دەپ يۈسۈپ خوزۇرگەنى دىۋىلەر ماكانىغا يولغا سالايلى. ئۇ جەزمەن يېرىم يولدا جىنىدىن جۇدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەلىكىنى ئوردىغا ئەكەلمەك ئاسان، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ پادىشاھقا. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ كۆرسەتمىسىگە قوشۇلۇپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئىسپاھان شەھىرىنىڭ پادىشاھى يالغاندىن كېسەل بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئىسپاھان شەھىرى ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق داڭلىق تېۋىپلارمۇ پادىشاھنىڭ ساختا كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتالماپتۇ. ۋەزىر ئىسپاھان شەھىرىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقا قەدەر بولغان بارلىق خەلقنى مەيدانغا يىغىپ، پادىشاھنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى، پادىشاھنىڭ كېسىلىگە پەقەت دىۋىلەر ماكانىدىكى «دۆرە قەھرى» ئىسىملىك گىياھنىڭ شىپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كىمكى شۇ گىياھنى ئېلىپ كېلەلىسە زور ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. بىراق ھېچ قانداق كىشى ئۇ گىياھنى ئەكىلىش ئۈچۈن مەيدانغا چىقالماپتۇ. ئوردا ئەھلى كېلىشىۋالغان بويىچە پەقەت يۈسۈپ خوزۇرگەنىڭلا دىۋىلەر ماكانىدىن «دۆرە قەھرە»نى ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرگە يىغىلغان شەھەر خەلقى ئالدىدا ۋەزىپىنى ئورۇنداشتىن باش تارتالماپتۇ ۋە ئۆيگە بېرىپ بولغان ئەھۋالنى مەلىكە گۈلسۇرۇخقا ئېيتىپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىلەن يىغلاپتۇ - قاقشاپتۇ. مەلىكە گۈلسۇرۇخ يۈسۈپ خوزۇرگەنى بۇ خەتەرلىك سەپەردىن توسۇپتۇ، بىراق يۈسۈپ خوزۇرگە خەلقئالەم ئالدىدا قىلغان ئەھدىسىدىن يانالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە يۈسۈپ خوزۇرگەنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى تەقلەپ بېرىپ، كۆز يېشى بىلەن ئۇنى دىۋىلەر ماكانىغا

ئۆزىتىپتۇ.

يۇسۇپ خوزۇرىگە سەپەرگە چىققاندىن كېيىن، ۋەزىر ئەيلان ئەسقلانى ھەر كۈنلۈكى دېگۈدەك مەلىكە گۈلسۇرۇخنى ئوردىغا چىللاپ كېلىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە گۈلسۇرۇخ بولسا بۈگۈن باراي، ئەتە باراي، مەن بەرىبىر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى ئادەم دەپ ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈشكە باشلاپتۇ.

بىر كەلىمە سۆزنى يۇسۇپ خوزۇرىگەدىن ئاڭلايلى:

يۇسۇپ خوزۇرىگە دەشت - باياۋان، تاغۇ دەريالارنى كېزىپ ئىككى ئاي يول يۈرۈپتۇ. يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئوزۇق - تۈلۈكلىرى تۈگەپ، ئاچلىق ئۇنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىشقا باشلاپتۇ. يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يامغۇر سۈيىنى ئۇسسۇزلۇق، دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزىنى ئوزۇقلۇق قىلىپ يەپ كۆز يەتكۈسىز بىر قۇملۇققا يېتىپ كەپتۇ، قەدەملىرىنى يۆتكەشكىمۇ ماغدۇرى قالماپتۇ. يېنىپ كېتەي دېسە ئىمكانىيەت يوق، ئالغا قاراپ ماڭاي دېسە قۇربى يەتمەپتۇ. ياراتقان خۇداغا ئىلتىجا قىلماقتىن باشقا چارە قالماپتۇ. يۇسۇپ خوزۇرىگە مۇشۇ دەشتى باياۋاندا ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەت شۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ كەچ كىرىش بىلەنلا يېتىپ هاردۇقتا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تاڭ ئېتىشقا يېقىن بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە قارا ئاتلىق، ئاق ساقاللىق، سەللىلىك بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي يۇسۇپ خوزۇرىگەگە: ئەي ئوغلۇم، ئورنۇڭدىن تۇر، سەپەردىن ئۈمىدىڭنى ئۈزمە، سەندىن باشقا ئىنسان نەسلىنىڭ بۇ باياۋانغا قەدىمى يەتكەن ئەمەس، نەسىھىتىمنى قۇلىقىڭدا چىڭ ساقلا. يەنە ئون تۆت كېچە - كۈندۈز يۈل يۈرسەڭ بىر باغۇ بوستانلىققا يېتىپ بارىسەن، باغقا كىرسەڭ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆككە بوي تالاشقان بىر تۈپ چىنار بار، چىنارنىڭ تۈۋىدە بىر كۆلچەك بار، كۆلچەكنىڭ ئىچىدە خىسلەتلىك بىر ئۈزۈك بار، ئۈزۈكنى ئېلىپ قولۇڭغا سېلىۋال، يولدا ساڭا ياۋايى هايۋانلار خىرىس قىلسا ئۈزۈكنى كۆرسە يول بېرىدۇ. سەن شۇ ئۈزۈكنىڭ خىسلىتى بىلەن خېيىمخەتەردىن خالاس بولغايسەن. قىرىق كېچە - كۈندۈز يول

www.uyghurkitap.com



يۇرگەندىن كېيىن قىرىق بىرىنچى كۈنى سەھەردە بىر يىپشىللىقتا يېتىپ بارىسەن. يىپشىللىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بار، كۆلنىڭ بويىدا بىر تۈپ چىنار بار بولۇپ، چىنارنىڭ ئۈستىدە سۇمۇرغ قۇشىنىڭ ئۇۋىسى بار. بۇ سۇمۇرغ قۇش يەتتە يىلدا بىر ئۇۋا چىقىرىدۇ، بىراق باللىرى چوڭ بولۇپ كەلگەندە، كۆلدىن بىر ئەجدىھا چىقىپ قۇش باللىرىنى يەپ كېتىدۇ. سەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، قۇشنىڭ باللىرىنى ساقلاپ قالساڭ سۇمۇرغ قۇش سېنى دېۋىلەر ماكانىغا يەتكۈزىدۇ. سەن دېۋىلەر ماكانىغا بارغاندىن كېيىن، سېپىل سىرتىدا بۈك - باراقسان ئورمانلىق بار بولۇپ، ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زۇمرەت سۇلۇق بىر كۆل بار. كۆلگە بىر قانچە كۆك كەپتەر ئۇچۇپ چۈشۈپ، بىرلا موللاق ئېتىپ پەرىزاتقا ئايلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاق كىيىملىك پەرىزاتنىڭ سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىۋال، ئۇ بولسا پەرىزاتلار پادىشاھى سەرنادىنىڭ مەلىكىسى رىناتتۇر، شۇ پەرىزاتنى ئاللا سېنىڭ نىكاھىڭغا قاتقاي. خەير، خۇداغا ئامانەت، مۇراد - مەقسىتىڭ ھاسىل بولغاي، — دەپ بوۋاي يۈسۈپ خوزۇرىگەنىڭ چۈشىدىن غايىب بوپتۇ.

يۈسۈپ خوزۇرىگە ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، ۋۇجۇدىدا قايتىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بوپتۇ. ئۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كۈندۈزى تىنماي، كېچىسى ئۇخلىماي ئون تۆت كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر چىمەنزارلىققا يېتىپ كەپتۇ. چىمەنزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر باغ بار ئىكەن، باغقا كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا باغ ئىچىدە تۈرلۈك تۈمەن مېۋىلەر مەي باغلاپ يەرگە قىغدەك تۆكۈلگەن، نۇرغۇنلىغان قېرىسال كىشىلەر يەردە يېتىشقان ئىكەن. يۈسۈپ خوزۇرىگە ئۇلارغا سالام بېرىپتۇ. ئۇلارمۇ يۈسۈپ خوزۇرىگەنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

— ئالەم بىنا قىلىنغاندىن بۇيان بۇ يەرگە ئادەمزاتنىڭ ئايىغى يەتكەن ئەمەس، بۇ يەرگە كېلىشىڭدىكى مەقسەت نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ قېرىسالار يۈسۈپ خوزۇرىگەدىن. يۈسۈپ خوزۇرىگە بۇ يەرگە

كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى، باسقان مۇساپىسىنى، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ، باغدىكى مېۋىلەردىن يېيىشكە رۇخسەت قىلىشنى سوراپتۇ.

— مېۋىلەر تۆكۈلۈپ ئالدىڭدا قىغدەك يېتىپتۇ. ئۆزۈڭ خالاپ يەۋەرگىن، — دەپتۇ قىزسالار. يۈسۈپ خوزۇرىگە يەردىكى مېۋىلەردىن بىر قانچە تال ئېلىپ يېگەن ئىكەن، زەھەردىنمۇ ئاچچىق تېتىپتۇ.

— بۇ مېۋىلەر نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئاچچىق؟ — دەپ سوراپتۇ يۈسۈپ خوزۇرىگە ئاق ساقاللاردىن.

— بۇ زېمىننىڭ تۆپرىقى ئاچچىقتۇر، يەرگە چۈشكەن مېۋىلەرگە يەرنىڭ ئاچچىقى ئۆتۈپ كەتكەچكە، مېۋىلەر شۇڭا ئاچچىق. مېۋىلەرنىڭ تاتلىقىنى يېمەكچى بولساڭ شېخىدىن ئۈزۈپ يېگىن. بىراق بىز قېرىلىقىمىزدىن يول يۈرەلمەيمىز، تاتلىق مېۋىلەرنى يېيىشمۇ ھەم بىزگە نېسىپ بولمايدۇ، سەن بىزنى يۆدەپ مېۋىلىك دەرەخ ئۈستىگە ئاچىقساڭ، سەن بىلەن بىللە مېۋىلەرنىڭ تەمىنى تېتىساق، — دەپتۇ ئاقساقاللار يۈسۈپ خوزۇرىگەنىڭ سوئالىغا جاۋابەن. يۈسۈپ خوزۇرىگە ماقۇل بوپتۇ. ئەسلىدە ئۇلار پۇت ـ قولىنىڭ سۆڭىكى يوق رودىپايلار ئىكەن. بۇلار يۈسۈپ خوزورىگىگە چىڭ يېپىشىۋاپتۇ، ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەپتۇ.

— يىگىت سەن رودىپاي دەپ ئاڭلىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ رودىپايلار يۈسۈپ خوزۇرىگەدىن.

— ئاڭلىغان، — دەپتۇ يۈسۈپ خوزۇرىگە.

— سەن ئاڭلىغان رودىپايلار دەل بىز شۇ، سەن ئەمدى بىزنىڭ قولىمىز بولۇپ قالدىڭ، قۇتۇلىمەن دەپ خام خىيال قىلما، —دەپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەھكەم يېپىشىۋاپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە يول يۈرسە تەڭ يول يۈرۈپتۇ. تائام يېسە بىللە يەپتۇ، ئارام ئالسا ھەم بىللە ئارام ئاپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە ئۇلاردىن قۇتۇلالماپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە رودىپايدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى دەرەختىن يەرگە تاشلىغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئــــكەن، رودىپاي ئۈستىگە، ئۆزى ئاستىغا چۈشۈپتۇ، چاتقاللارغا ئۆزىنى ئاتقان ئىكەن تېنى ئاغرىپتۇ. رودىپاي يۈسۈپ خوزۇرىگەنى ئۆلاغ ئورنىدا مىنىپ قەيەرنى كۆڭلى تارتسا شۇ يەرگە بېرىپتۇ. نېمىنى خالىسا شۇنى قىپتۇ، يۈسۈپ خوزۇرىگە چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا بوۋاي ئېيتقان چىنار دەرىخى يىراق جايدا كۆزگە زاھىر بوپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە رودىپاينى يۈدۈپ شۇ ياققا قاراپ مېڭىپتۇ. مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى كۆلچەكتە زۇمرەتتەك تىنىق سۇ تۇرغۇدەك، ئىچىپ كۆرسە بىر كۆلچەكنىڭ سۈيى كۈچلۈك مەست قىلغۇچ شاراب ئىكەن.

ـــ ھەي رودىپاي، بۇ كۆلچەكنىڭ سۈيى تولىمۇ تاتلىق ئىكەن، قانغۇچە ئىچىۋال، ـــ دەپتۇ. رودىپاي كۆلچەكنىڭ سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە رودىپايلاردىن قۇتۇلۇپتۇ. چىنارنىڭ تۈۋىدىكى كۆلچەككە قولىنى تىققان ئىكەن، بوۋاي چۈشىدە ئېيتقان خىسلەتلىك ئۈزۈك قولىغا چىقىپتۇ. ئۈزۈكنى قــولىغا سېلىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. سەپەر ئۈستىدە يۈسۈپ خوزۇرىگەنىڭ ئالدىغا ئېيىق، بۆرە، شىر، يولۋاس قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ خىرىس قىپتۇ، يۈسۈپ خوزۇرىگەنىڭ قــولــىدىكى خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چېقىلماپتۇ. ئۇ گىياھلارنىڭ يىلتىزىنى يەپ، يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ.

قىرىق بىرىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە، كۆز ئالدىدا كەڭرى كەتكەن بۇك ـ باراقسان ئورمانلىق نامايان بوپتۇ. ئورمانلىق ئىچىدە بۇلاق سۈيى ئىچىپ، ياۋا مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەپ، توشقان ئوۋلاپ كاۋاپ قىلىپ يەپ، ئۈچ كۈن ئارام ئېلىپ ماغدۇرىغا كەپتۇ. ئېگىز بىر دەرەخ ئــۈســتــىگە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ئاق ساقاللىق بوۋاي چۈشىدە ئېيتقان چىنار دەرىخى كۆزگە كۆرۈنۈپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە شۇ چىنارنى كۆزلەپ مېڭىپتۇ. چىنارنىڭ قېشىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، چىنار ئۈستىدە سۇمۇرغنىڭ ئۈچ بالىسى ئېچىنىشلىق ناله

قىلىشقان، بىر ئەجدىھا چىنارنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىۋاتقان ئىكەن. سۇمۇرغ قۇش يەتتە يىلدا بىر قېتىم ئۇۋا چىقىرىدىكەن، ھەر قېتىم بالىلىرى ئۇچۇرما بولغاندا ئەجدىھا كۆلدىن چىقىپ سۇمۇرغ قۇشنىڭ بالىلىرىنى يەپ كېتىدىكەن.

يۇسۇپ خوزۇرىگە يوغان قورام تاشتىن بىرنى قولىغا ئېلىپ، ئەجدىھانىڭ بېشىنى چەنلەپ تاشنى بېشىدىن ئاشۇرۇپ بىرنى قويغان ئىكەن، ئەجدىھارنىڭ بېشى يانجىلىپ ئۆلۈپتۇ. خەتەردىن قۇتۇلغان سۇمۇرغ قۇشنىڭ بالىلىرى يۇسۇپ خوزۇرىگە ياش تۆكۈپ رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنى قاناتلىرى ئاستىغا يوشۇرۇپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا سۇمۇرغ قۇش كۆكنى لەرزىگە سېلىپ ئۇچۇپ كېلىپ چىنارغا قونۇپتۇ.

— بالىلىرىم، ئادەم ھىدى پۇرايدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇمۇرغ قۇش بالىلىرىدىن.

— ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش كېرەكمۇ ياكى ياخشىلىققا يامانلىق قىلىش كېرەكمۇ؟ — سوراپتۇ سۇمۇرغ بالىلىرى ئانىسىدىن.

— ئەلۋەتتە ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش كېرەك. سىلەر بۇنى سوراپ قالدىڭلارغۇ؟

— كۆلدىن بىر ئەجدىھا چىقىپ بىزنى يېيىش ئۈچۈن چىنارغا يامىشىۋاتقاندا بىر ئادەم بالىسى ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى، ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇرىسىز؟

— ئاۋۋال مەن ئۇ ئادەم بالىسىنى كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ سۇمۇرغ بالىلىرىغا. سۇمۇرغ بالىلىرى يۇسۇپ خوزۇرىگىنى قانىتى ئاستىدىن چىقىرىپتۇ.

— ئەي ئادەم بالىسى قانداق بولۇپ، بۇ يەرگە قەدىمىڭ يەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ سۇمۇرغ يۇسۇپ خوزۇرىگەدىن. يۇسۇپ خوزۇرىگە بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىنى سۇمۇرغ قۇشقا سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنى دېۋىلەر ماكانىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— ئەي يىگىت، سەپىرىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەن، قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياخشىلىقىڭغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرمىسام بولماس. سەن دىگەن مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن يەتتە خەتەرلىك دەريا ۋە يەتتە قات ئاسماندىن ئۈچۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سەن قانىتىمنىڭ ئۈستىگە مىنىپ كۆزۈڭنى مەھكەم يۇمغىن، كۆزۈڭنى ئاچ دېمىگۈچە كۆزۈڭنى ئاچقۇچى بولما. مەن يەتمىش كۈنلۈك مۇساپىنى ئۈچ كۈندە بېسىپ، سېنى دېۋىلەر ماكانىغا يەتكۈزۈپ قوياي، ئۇ يەر تولىمۇ خەتەرلىك، ئېھتىيات قىلارسەن، ـــ دەپتۇ سۇمۇرغ قۇش يۇسۇپ خوزۇرىگە.

يۇسۇپ خوزۇرىگە سۇمۇرغ قۇشىنىڭ قانىتىغا مىنىپ كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپتۇ. سۇمۇرغ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. تاغۇ دەريالارنى، تۈتەك ـ تۇمانلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ دېۋىلەر ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ.

ـــ كۆزۈڭنى ئاچ، ـــ دەپتۇ سۇمۇرغ قۇش يۇسۇپ خوزۇرىگە، يۇسۇپ خوزۇرىگە كۆزىنى ئاچقان ئىكەن، ئۆزىنى بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان، گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، كېيىك ـ بۇغىلار ئويناقشىپ تۇرغان گۈزەل بىر زېمىندا كۆرۈپتۇ.

ـــ سەن دېگەن دېۋىلەر ماكانى مۇشۇ يەرگە يېقىن، قالدى مۇساپىنى ئۆزۈڭ باسارسەن، ـــ دەپ سۇمۇرغ قۇش يۇسۇپ خوزۇرىگە بىلەن خوشلىشىپ بالىلىرىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

يۇسۇپ خوزۇرىگە گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ بىر كۆلنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا كۆكتىن بىر توپ كۆك كەپتەر يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈپ، بىرلا يۇمىلىنىپ پەرىزاتقا ئايلىنىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بوۋاي چۈشىدە ئېيتقان ئاق كىيىملىك پەرىزاتمۇ بار ئىكەن. يۇسۇپ خوزۇرىگە دەرھال ئۆزىنى گۈللۈك ئارىسىغا ئاپتۇ. پەرىزاتلار يېشىنىپ سۇغا چۆمۈلۈشكە باشلاپتۇ. پەرىزاتلار ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنى مۇشۇ كۆلگە سۇغا چۆمۈلۈشكە كېلىدىكەن. ۋاقىت توشقاندا بارلىق پەرىزاتلار كۆلدىن چىقىپ كىيىملىرىنى كىيىپتۇ ـ دە، بىرلا يۇمىلىنىپ كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ھېلىقى پەرىزات بولسا كۆلدىن چىقىپ كىيىملىرىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. يۇسۇپ خوزۇرىگە ئۆزىنى ئاشكارا قىپتۇ، پەرىزات ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى يۇسۇپ خوزۇرىگەنىڭ قولىدا كۆرۈپتۇ ۋە ئۆمرىدە ئادەم

سىياقى كۆرۈپ باقمىغاچقا، يۈسۈپ خوزۇرىگەننىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى پەرىزاتنى ئۆزىگە مەپتۇن قىپتۇ. پەرىزات خىجالەت ئىچىدە بەدىنىنى گۈللۈك ئىچىگە يوشۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئەي ئادەم بالىسى، مېنى ئۇياتچىلىق ئىچىدە قويماي كىيىملىرىمنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە پەرىزاتنىڭ كىيىملىرىنى بېرىپتۇ ۋە پەرىزاتقا ئاشىق - بىقارار بوپتۇ. ئۇلار سىردىشىپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ، پەرىزات يۈسۈپ خوزۇرىگەدىن ئادەمزات قەدىمى يەتمىگەن بۇ زېمىنغا كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە كەچۈرمىشلىرىنى پەرىزاتقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پەرزات يۈسۈپ خوزۇرىگىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— تەقدىر ئىككىمىزنى بۇ يەردە ئۇچراشتۇردى، بىز مەڭگۈلۈك ئەر - خوتۇن بولۇپ ياشىساق قانداق دەيسىز؟— دەپ سوراپتۇ يۈسۈپ خوزۇرىگە پەرىزاتتىن.

— ئاللاھ ئىككىمىزنىڭ رىزقىنى قوشقان بولسا، سىز ئېيتقان لەۋزىڭىزدە تۇرالىسىڭىز دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەرىزات. پەرىزات بېشىدىن كۈمۈش يىڭنىنى ئېلىپ ئالىقىنىغا سانجىغان ئىكەن، قان ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئاققان قاننى يەنە بىر ئالىقىنىغا ئاپتۇ - دە، يىڭنىنى يۈسۈپ خوزۇرىگىگە بېرىپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگەمۇ يىڭنىنى قولىغا سانجىپ مەلىكىنىڭ قولىغا قان ئاققۇزۇپتۇ، قان بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە بىلەن پەرىزات قانلىق قەسەم ئىچىشىپ مەڭگۈلۈك ئەر - خوتۇن بوپتۇ.

— بىز دەرھال قايتىپ كېتەيلى، ئاتام مېنىڭ باشقا پەرىزاتلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى بىلسە، ئىزدەپ كېلىپ جېنىڭىزغا زامىن بولىدۇ، — دەپتۇ يۈسۈپ خوزۇرىگىگە. يۈسۈپ خوزۇرىگە ماقۇل بوپتۇ.

پەرىزات يۈسۈپ خوزۇرىگىنى ئېلىپ شەھىرىستانغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. بىر ۋاقىتتىن كېيىن يۈسۈپ خوزۇرىگە ئىسسىققا چىدىيالماي بەدىنى كۆيۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ ئەي پەرىزات، بىز قەيەردىن ئۆتۈۋاتىمىز، بەدەنلىرىم كۆيۈۋاتىدىغۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بىز هازىر ئوت دەرياسىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتىمىز، شۇڭا بەدىنىڭىز قىزىۋاتسا كېرەك، ئوت دەرياسىدىن كېيىن مۇز دەرياسىدىن ئۆتىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن زۇلمەت دەرياسىدىن ئۆتىمىز، ئەڭ ئاخىرىدا يەتتىنچى دەريا هېسابلانغان بوران دەرياسىدىن ئۆتۈپ يۇرتۇم شەھىرىستانغا يېتىپ بارىمىز، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەرىزات.

پەرىزات يۈسۈپ خوزۇرىگەنى ئېلىپ ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئوت دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ خوزۇرىگەنىڭ بەدەنلىرى مۇزلاشقا باشلاپتۇ، ئۆزىنىڭ مۇز دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى هېس قىپتۇ. بۇ پەرىزاتنىڭ ئاتىسى دىۋىلەر پادىشاھى ئەسلاتون، ئانىسى پەرىزات پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى فەرناد ئىكەن. ئەسلاتون قىزىنى پەرىزاتلار ئارىسىدا كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، دىۋىلەرنى قىزىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. پەرىزات بىلەن دىۋىلەر زۇلمەت دەرياسىنىڭ ئۈستىدە ئۇچرىشىپ، دىۋىلەر پەرىزات بىلەن يۈسۈپ خوزۇرىگەنى ئەسلاتوننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەسلاتون قىزىدىن يوقىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. پەرىزات بولغان ئەھۋالنى ئاتىسىغا ئېيتىپتۇ. ئەسلاتون يۈسۈپ خوزۇرىگەنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ.

ــ مەن بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىسام بولمايدۇ، يۈسۈپنى ئۆلتۈرسىڭىز مېنىمۇ قوشۇپ بىللە ئۆلتۈرۈۋېتىڭ، ــ دەپتۇ پەرىزات. پادىشاھ ئەسلاتون يۈسۈپ خوزۇرىگەنى زىندانغا تاشلاپتۇ، پەرىزاتنى خانىش فەرنادنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رىگە دىۋىلەر زىندانىدا ئۈچ ئاي ياتقۇزۇپتۇ. بۇ ئۈچ ئاي جەريانىدا پەرىزاتنىڭ چىرايى ئېچىلماپتۇ. گېلىدىن غىزا ئۆتمەپتۇ. فەرناد قىزىنىڭ بۇ هالىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماپتۇ. بىر كۈنى قىزىغا:

ــ قىزىم، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئۆزۈڭگىمۇ ياخشى ئەمەس، بىز سەن ياخشى كۆرگەن يىگىتنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز شەھىرىگە يولغا سېلىپ قويايلى، ــ دەپتۇ.

ــ ئانا، مەن ئۇ يىگىتتىن ئايرىلالمايمەن، ئۇ يىگىتمۇ ھەم

مەندىن ئايرىلالمايدۇ. بىز مەڭگۈ بىللە ئۆتۈشكە قەسەم قىلىشقان. ئۇ يىگىت ئادەمزات دۇنياسىدىن بۇ يەرگە «دۆرى قەھرى» دەپ ئاتىلىدىغان خىسلەتلىك گۈلنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن، گۈلنى ئالماي ھەم قايتالمايدۇ، — دەپ يىغلاپتۇ.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما قىزىم رىنات، «دۆرە قەھرى» ئىسىملىك گۈل ئاتاڭنىڭ بېغىدا بار، ئۇ گۈلنى قىرىق نەپەر دىۋە نۆۋەتلىشىپ ساقلايدۇ. ئۇ گۈلنىڭ خىسلىتى شۇ يەردىكى، كۆزگە سۈرتسە ئەمالارنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ، ھەر قانداق ئېغىر كېسەل كىشى پۇرىقىنى پۇرسا كېسەلدىن شىپا تاپىدۇ، قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. سىلەر ئۇ گۈلنى ئېلىپ، ئانامنىڭ شەھىرىگە بېرىپ پەرىزاتلار دۇنياسىدا ھايات كەچۈرۈڭلار.

مەلىكە رىنات ئانىسىدىن تولىمۇ خۇرسەن بوپتۇ ۋە پەرىزاتلار بىلەن بىرلىشىپ يۈسۈپ خوزۇرىگەنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپتۇ. شۇ كېچىسى «دۆرى قەھرى» نى ساقلايدىغان دىۋىلەر ئالمىشىدىكەن. ئۇلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ گۈلنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرۈپتۇ. بۇ گۈل شۇنداق گۈل ئىكەنكى، پۇرىقى ئادەمنى مەست قىلىدىكەن، سولاشمايدىكەن ۋە توزۇپ كەتمەيدىكەن.

فەرناد قىزى رىنات بىلەن يۈسۈپ خوزۇرىگەنى پەرىزاتلار دۇنياسىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. رىنات قىرىق پەرىزاتنىڭ ھەمراھلىقىدا يۈسۈپ خوزۇرىگەنى ئېلىپ يەتتە كېچە ئۈچقاندىن كېيىن پەرىزاتلار دۇنياسىغا يېتىپ كەپتۇ، رىناتنىڭ چوڭ ئانىسى سەرناد ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ ۋە بارلىق پەرىزاتلارنى يىغىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، رىناتنى يۈسۈپ خوزۇرىگىگە نىكاھلاپ بېرىپتۇ. پەرىزاتلار دۇنياسىدا ئەركەك زات مەۋجۇت بولمىغاچقا، پەرىزاتلار پادىشاھى سەرناد يۈسۈپ خوزۇرىگەنى پەرىزاتلار دۇنياسىغا پادىشاھ قىلماقچى بولۇپ ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - ئەشراپلارغا مەسلىھەت سالپتۇ، ئۇلار پادىشاھ سەرنادنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ سەرناد شاھلىق تون، شاھى لىباس، مۆھۈرنى يۈسۈپ خوزۇرىگىگە تۇتقۇزۇپ شاھلىق تەختتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى
www.uyghurkitap.com



يۈسۈپ خۇزۇرىگە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، شاھلىق ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈپ پەرىزاتلار دۇنياسىدا ئالتە ئاي تۇرۇپ قاپتۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئىسىگە ۋاپادار ئايالى گۈلسۇرۇخ كەپتۇ، ئايالىنى سېغىنىپتۇ. يۇرتىغا كېتىش مەقسىتىدە سەرنادتىن ئىجازەت سوراپتۇ، سەرناد پەرىزاتلارغا مەسلىھەت سېپتۇ، پەرىزاتلار يۈسۈپ خوزۇرىگەنىڭ قايتىپ كېتىشىگە قوشۇلماپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە قايتىپ كېتىش تەلىپىدە چىڭ تۇرغاچقا، سەرناد يۈسۈپ خوزۇرىگەنىڭ ئالتە ئاي پەرىزاتلار دۇنياسىدا پادىشاھلىق قىلىدىغانلىقى، ئالتە ئاي ئۆز يۇرتىدا تۇرىدىغانلىقىغا كېلىشىپتۇ ۋە نەۋرىسى پەرىزات رىناتقا يەنە ئىككى پەرىزاتنى قوشۇپ داغدۇغا بىلەن ئىسپاھان شەھىرىگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بىر كەلىمە سۆزنى ئىسپان شەھىرىدە قالغان مەلىكە گۈلسۇرۇختىن ئاڭلايلى. يۈسۈپ خوزۇرىگە «دۆرى قەھرى» نى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن دېۋىلەر ماكانىغا كەتكەندىن كېيىن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ۋەزىر ئەيلان ئەسقىلانىينىڭ ئايىغى مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ ئۆيىدىن ئۈزۈلمەپتۇ. مەلىكە تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئوردىغا بېرىشتىن باش تارتىپتۇ. ۋەزىر مەلىكىنى ئوردىغا چىللاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېرىپتۇ. غەزەپلەنگەن مەلىكە گۈلسۇرۇخ ۋەزىرنىڭ ئەدەپ جازايىنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. دەل شۇ كۈنى تاڭ سەھەردە ۋەزىر بىر قانچە نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مەلىكە گۈلسۇرۇخنى ئوردىغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ۋەزىرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن مەلىكە گۈلسۇرۇخ:

— ئېرىم سەپەرگە كەتكەندىن بۇيان، ھەر كۈنلۈكى كېلىپ مېنى يوقلاپ كۆپ جاپا تارتىشتىلا، بۈگۈن كەچتە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇراي، ئەتە پادىشاھنىڭ قېشىغا بىللە بارايلى، — دەپتۇ. ۋەزىر مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇرسەن بوپتۇ ۋە كەچتە ئەلنىڭ كۆزى باغلانغاندا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

ئۆزى كۈتكەن ۋاقىتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەملىگەن مەلىكە

گۈلسۇرۇخ قىرىق نەپەر چاكىرىنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا:

— بۈگۈن كەچتە مېنى ئىزدەپ بىر ئادەم كېلىدۇ، مەن قازناق ئۆينىڭ 40 - سىدە ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرىمەن، ئۇ مەن بار ئۆيگە كىرگۈچە سىلەر بىردىن كالتەكنى تەييار قىلىپ ئىشىك تۈۋىدە كۈتۈپ تۇرۇڭلار، ئۇ قىرىقىنچى بوسۇغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر بىرىڭلار قىرىق كالتەك ئۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىڭلار، — دەپتۇ. چاكارلار مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ھەر بىرى بىردىن كالتەك تەييارلاپتۇ. كەچ كىرىپ كۆز باغلانغاندا ۋەزىر ئەيلان ئەسقىلانى مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇ قىرىقىنچى بوسۇغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىشىكنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان چاكار:

— سەن نېمە دەپ ئېرى يوق مەزلۇمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىسەن؟ — دەپ ۋەزىرنى زۇۋان سۈرگۈزمەستىن قىرىق كالتەك ئۇرۇپ، 39 - بوسۇغىغا ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. شۇ تەرىقىدە قىرىق چاكارنىڭ ھەر بىرى ۋەزىرنى قىرىقتىن 1600 نى كالتەكلەپ، نىمجان ھالەتتە كوچىغا ئەچىقىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ۋەزىر كېچىدە پادىشاھنىڭ كوچا چارلاۋاتقان لەشكەرلەرگە ئۇچراپ قاپتۇ. لەشكەرلەر ۋەزىرنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ۋەزىر ئەيلان ئەسقىلانى بىر يىل داۋالىنىش ئارقىلىق ئەسلىگە كەپتۇ. بولغان ئەھۋالنى بىرىگە تىنالماپتۇ، يېگەن تايىقى ئۆزىگە بوپتۇ.

ۋەزىر ساقايغاندىن كېيىن، مەلىكە گۈلسۇرۇخنىڭ ئۆيىدىن قەدىمى يەنە ئۈزۈلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا يۈسۈپ خوزۇرىگە بىلەن رىناتنىڭ قەدىمى ئىسپاھان شەھىرىگە يېتىپتۇ. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە يۈسۈپ خوزۇرىگە ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پەرىزات رىنات:

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بولغان ئەھۋالنى مەن ئايالىڭىز مەلىكە گۈلسۇرۇخقا ئېيتاي، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا قىلمۇ ئۈزۈلمىگەي، — دەپتۇ.

يۈسۈپ خوزۇرىگە بىلەن پەرىزات رىناتنى مەلىكە گۈلسۇرۇخ ئېسىل تائام، نازۇ نېمەتلەر بىلەن قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خوزۇرىغا سەپەر ئۈستىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى مەلىكە گۈلسۇرۇخقا ئېيتىپ بېرىپتۇ. پەرىزات بىلەن مەلىكە ئاچا - سىڭىللاردەك ئىناق - ئىجىل چىقىشىپ كېتىپتۇ.

— سەن مەلىكە گۈلسۇرۇخنى ئوردىغا ئەكىلمەن دەپ ۋەدە قىلىپ ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىڭ، سەندەك يالغان سۆزلۈك ۋەزىرنى شەھەردىن يوقاتمىسام ئوردىنى يالغانچىلار بېسىپ كېتىدۇ، — دەپ پادىشاھ ۋەزىرنى ئۆلۈمگە بۇرۇپتۇ.

— پادىشاھئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر، — مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئۆلۈمگە بۇيرۇسلا ئارمىنىم يوق ئىدى.

— سۆزۈڭنى ئېيت!

— مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسىلا مەن غەمدىن خالاس بولۇرمەن، ئۈزلىرى مەلىكىنىڭ ئىشقىدا مىڭ قېتىم ئۆلۈپ، مىڭ قېتىم تىرىلىشلىرى مۇمكىن. يۈسۈپ خوزۇرىغا بىر ئېيتقان شىپالىق ئۆسۈملۈكنى ئۈچ نەپەر پەرىزات بىلەن قوشۇپ، دېۋىلەر ماكانىدىن ئېلىپ كەپتۇ. ئىلگىرى ئىككىمىز بىرنى تالاشقان بولساق، ئەمدى ئاللا بىزگە بىردىن ئاتا قىپتۇ. ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىلە، مەن سىلىگە پەرىزاتلار شاھىنىڭ مەلىكىسى رىناتنى ئەكىلىپ بېرىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىسەم، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئەگەر ئامالىنى تاپالمىساڭچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— جېنىم ئىختىيارلىرىدا بولغاي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ ۋەزىرگە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ. ۋەزىر ئويلىنىپ يامان غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئامالىنى تېپىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئامالىنى تاپتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئامالىنى تاپتىم شاھىم.

— قېنى ئېيت، ئاڭلاپ باقاي.

— بىز شەھەردىن 3000 ئادەمنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ توققۇزىنى تەل قىلىپ 40 كېچە - كۈندۈز ئويۇن - تاماشا، نەغمە - ناۋا قىلىپ بەرسەك، بۇنىڭغا يۈسۈپ خوزۇرىگەنمۇ قاتناشتۇرساق، 40 كۈندىن

كېيىن 3000 كىشىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈشنى يۈسۈپ خوزۇرىگىگە تاپشۇرساق، ئۇ ئەل رازى بولغۇدەك ئۆتكۈزەلمىسە، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش يولى ئارقىلىق مەقسىتىمىزگە يەتسەك، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يەتتە كۈن تەييارلىق قىلىپ 3000 كىشىلىك مەشرەپ تەييارلاپتۇ. ھەر بىر ئادەمگە ئۈچ ۋاخ تاماق، قونالغۇ، ئات ـ ئۇلاغلىرىغا يەم ـ خەشەك ھازىرلاپ، كۈنلۈكى 3000 قوينىڭ بېشىنى كېسىپ، شەھەردىكى نەغمىچى ـ ئۇسسۇلچى، قىزىقچىلارنى يىغىپ 40 كېچە ـ كۈندۈزگىچە مەشرەپنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شەھەر خەلقى پادىشاھنىڭ ساخاۋىتىگە ھەيران قاپتۇ. 41 ـ كۈنى پادىشاھ مەشرەپ ئەھلىگە خۇددى ئۆزى ئۆتكۈزگەنگە ئوخشاش 40 كۈنلۈك، 3000 كىشىلىك مەشرەپ ئۆتكۈزۈشنى يۈسۈپ خوزۇرىگىگە تاپشۇرغانلىقنى، ئەگەر ئەل ـ جامائەت مەشرەپتىن رازى بولمىسا، يۈسۈپ خوزۇرىگەنىڭ جېنىنى ئالىدىغانلىقنى جاكارلاپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلمىگەن يۈسۈپ خوزۇرىگەنىڭ غەم ـ ئەندىشە بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايالى رىنات بىلەن گۈلسۈرۈخ ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە غەم ئىچىدە ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ، مەشرەپتىن خۇشال قايتماي، پادىشاھنىڭ تاپشۇرمىسىنى ئاياللىرىغا ئېيتىپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بىز ئۈچ كۈن ئىچىدە بارلىق تەييارلىقلارنى تۈگىتىپ، پادىشاھ 3000 كىشىلىك مەشرەپ تەييارلىغان بولسا، بىز 7000 كىشىلىك مەشرەپ تەييارلايلى، پادىشاھ ھەر كۈنلۈكى 3000 قوينىڭ بېشىنى كەسكەن بولسا، بىز 7000 قوينىڭ بېشىنى كېسىپ، ھەر بىر ئادەمگە بىردىن ئالتۇن كۈرسا تەييارلاپ، بىر قۇردىن قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەك ھەدىيە قىلايلى، — دەپتۇ. پەرىزات رىنات ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىككى پەرىزاتنى چوڭ ئانىسى سەرنادنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن 7000 كىشىلىك چوڭ مەشرەپ داغدۇغىلىق باشلىنىپتۇ. سەرناد شۇ كۈنلۈك تەييارلىق ئۈچۈن كېچىسى 700 مىڭ پارچە گىلەم، 3000 دانە ئالتۇن كۈرسا، 4000 دانە كۈمۈش كۈرسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەۋەتىپ مەيداننى بېزەپتۇ. 1000 نەپەر سازەندە، ئۇسسۇلچى قىزلارنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى زەر ـ دۇخاۋىدىن، چالغۇ ئەسۋابلار ئالتۇندىن، تارلىرى كۈمۈشتىن، زىننەتلىرى جاۋاھىردىن ئىكەن. يۈسۈپ خوزۇرىگە مەشرەپ ئەھلىگە ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىسىگە لايىق ھەر كۈنلۈكى يېگىدىن بىر قۇر كىيىم ھەدىيە قىپتۇ. ئۇردا ئەھلىنى، يۇرت كاتتىلىرى ۋە مۆتىۋەرلەرنى ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شەھەر پۇقرالىرىنى كۈمۈش كۇرسىغا تەكلىپ قىپتۇ. ھەر كۈنلۈكى 7000 قوينىڭ بېشى كېسىلىپ، 3000 دانە ئالتۇن قازاندا يۇرت ئـەھـلـى ئـۆمـرىـدە يـەپ باقمىغان ئېسىل تائاملار پىشۇرۇلۇپتۇ. داستىخانچى، باقاۋۇللار زەر يىپتىن داستىخان سېلىپ، ئالتۇن تاۋاقتا تائام كەلتۈرۈپتۇ، مەشرەپ ئەھلى تائامدىن ئۆز ئىختىيارى بويىچە يەپ تويۇشۇپتۇ. كىمنىڭ ئالدىغا قانداق تائام كەلگەن بولسا، ئالتۇن تاۋاق بىـلەن قوشۇپ ئۆزىنىڭ بوپتۇ. سازەندە، ئۇسسۇلچى، قىزىقچىلار مەشرەپنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈپتۇ. ئۇسسۇلچىلارنىڭ كىيىنىشى بىر خىل، سازەندە، قىزىقچى، باقاۋۇل، مىراقۇللارنىڭ كىيىنىشى ھەم بىر خىل بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. سەرناد مەيدانغا سـېـلـىـنـغـان زىـلـچـا ـ گىلەملىرىنى، كۆتكۈچى، ئۇسسۇلچى، قـىـزىـقـچـىـلارنى، ئالتۇن ۋە كۈمۈش كۇرسىلارنى كۈنلۈكى بىر ئالماشتۇرۇپتۇ. بۈگۈنكىسى ئەتىكىگە ئوخشىماپتۇ. مەشرەپ ئەھلى بۇنداق پۇختا تەييارلىق قىلىنغان مەشرەپكە، كىيىنىشى، بوي تۇرقى باراۋەر ئوخشاش قامەتلىك، چېۋەر ـ چاققان كۆتكۈچى، ئۇسسۇلچى، سازەندە، قىزىقچىلارغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. كۈننىڭ قەيەردىن چىقىپ قـايـاقـتـا ئولتۇرغانلىقىنىمۇ بىلەلمەپتۇ. مەشرەپ تولۇق 20 كۈن داۋاملىشىپتۇ. مەشرەپ ئاخىرلاشقاندا ھەر بىر ئادەم قىرىق قۇردىن يېڭى كىيىم ـ كېچەككە، 40 دانە ئالتۇن تاۋاققا ئىگە بوپتۇ. كىشىلەر بـۇنـداق مـەشـرەپـنىڭ يەنە بىر قانچە يىل داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلىشىپتۇ. ئىسپاھان شەھىرىنىڭ پادىشاھى ۋە ئۇردا ئەھلى مەشرەپكە زور قـىـزىـقـىـش بىلەن قاراپتۇ ۋە بۇنداق كاتتا مەشرەپنى يۈسۈپ خـوزۇرىـگـەنىڭ ئۆتكۈزەلىگەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. يۈسۈپ

خــوزۇرىگە ئۆتكۈزگەن مەشرەپ بىلەن پادىشاھ ئۆتكۈزگەن مەشرەپ روشــەن سـېلىشتۇرما بولۇپ، شەھەر خەلقى ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىپتۇ.

— ھۇ شەرمەندە ئالدامچى ۋەزىر، سەن مېنى خەلقئالەم ئالدىدا ئــىككى قېتىم ئالداپ يەرگە قاراتتىڭ، سەندەك ۋەزىرنى ئورنىدىن تــازىــلاپ، پــادىــشــاھلارغا ئىبرەت قىلمىسام ئىسپاھان شەھىرىنىڭ پادىشاھى بولماي كېتەي،—دەپ پادىشاھ ۋەزىر ئەيلان ئەسقىلانىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.

—پــادىشاھئالەم، يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەرسىلە، مەن بۇ قېتىم چوقۇم يۇسۇپ خوزۇرىگەنى باقىي ئالەمگە ئۇزىتىپ، پەرىزاتنى ئۆزلىرىگە ئەكىلىپ بېرەلمىسەم جېنىم قوللىرىدا بولسۇن، — دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ:

— مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن، بوپتۇ يەنە بىر قېتىم پــۇرســەت بــېــرەي، بــۇ قېتىم يۇسۇپ خوزۇرىگەنى باقىي ئالەمگە ئۇزىتىشنىڭ قانداق ئۇسۇلىنى ئويلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ۋەزىردىن.

— سىلە يۇسۇپ خوزۇرىگەنى چاقىرىپ، مېنىڭ ئانام بىلەن دادام ئــاسماندا ئىدى، بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن يىل بولدى، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالى قانداقراقكى، ئاسمانغا چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كىرگىن دەپ بۇيرۇسىلا. بىز ئاسمانغا تاقاشقىدەك ئوتتۇن دۆۋىــلــىــســەك، يــۇســۇپ خوزۇرىگەنى ئوتتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرساق، بىز ئوتتۇنغا ئوت ياقساق، تۈتۈن سىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئاسماندىكى ئاتا - ئانامنىڭ خەۋىرىنى ئالغاچ كىر دېسىلە، ئۇ ئوتتۇننىڭ ئۈستىگە چىققاندا ئوت يېقىۋەتسەك كۆيۈپ كۈل بولىدۇ، مەلىكە بىلەن پەرىزات ئىككىمىزگە قالىدۇ،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى توغرا تېپىپتۇ ۋە يۇسۇپ خــوزۇرىــگــەنى چاقىرىپ، ۋەزىر ئويلاپ تاپقان ھىيلە - مىكىرلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى تاپشۇرۇپتۇ. يۇسۇپ خوزۇرىگە بىشى قاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



هالدا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ تاپشۇرمىسىنى ئايالى مەلىكە گۈلسۇرۇخ بىلەن پەرىزات رىناتقا ئېيتىپتۇ.

ـــ خاتىرجەم بولۇپ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايدىغانلىقىڭىزنى پادىشاھقا ئېيتىڭ، ئامالىنى مەن قىلىغايمەن، ـــ دەپتۇ مەلىكە رىنات يۈسۈپ خوزۇرىگە. يۈسۈپ خوزۇرىگە پادىشاھنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغانلىقىنى ئوردىغا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ شەھەرنىڭ پۈتكۈل خەلقىگە ئوتۇن سېلىقى سېپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن شەھەر مەيدانىدا بۇلۇتقا تاقاشقۇدەك ئوتۇن دۆۋىلىنىپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگە ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. شەھەرنىڭ پۈتكۈل خەلقى مەيدانغا يىغىلىپ بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىتكە دۇئا قىلىپ يىغلىشىپ، قارا نىيەت پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنى قارغاپتۇ.

ئوتۇنغا ئوت يېقىلىپتۇ. پەرىزات رىنات كۆك كەپتەر سىياقىدا ئۇچۇپ كېلىپ يۈسۈپ خوزۇرىگەنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپتۇ. ئوتنىڭ تەپتى ئۈچ ئايلىق يەرگە يېتىپتۇ. ئوت ئۈچ ئاي كۆيۈپتۇ. باشقا ئەل خەلقلىرى زېمىنغا ئوت كەتكەن ئوخشايدۇ دېيىشىپتۇ.

يۈسۈپ خوزۇرىگە ئۆيدە ئۈچ ئاي يېتىپ ئۇخلاپ، باشقىلارغا كۆرۈنمەي ئارام ئاپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىنكى بىر كېچىسى مەلىكە رىنات بىر خالتىغا پەرىزاتلار دۇنياسىنىڭ يېمەكلىكلىرىنى قاچىلاپ يۈسۈپ خوزۇرىگە بىلەن قوشۇپ پادىشاھ ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە تاشلاپتۇ. پادىشاھ «گۈپ» قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئاللا ـ توۋا قىچقىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىشىكباقار قاراۋۇللىرى يۈگۈرۈپ كىرگەن ئىكەن:

ـــ ئۆگزىدە ئوغرى بار، ئوغرىنى تۇتۇپ ئەكىرىڭلار! ـــ دەپتۇ پادىشاھ ياساۋۇللارغا قورقۇش ئىچىدە.

ياساۋۇللار ئۆگزىگە شوتا قويۇپ، يۈسۈپ خوزۇرىگەنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرىگەنى كۆرگەن پادىشاھ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي، جان ـ پېنى چىقىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

ـــ پادىشاھىئالەم، ئاتا ـ ئانىلىرى تولىمۇ مېھماندوست ئىكەن،

تۈتۈن مېنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئاسماندىكى ئاتا - ئانىلىرى ئۈچ ئايغىچە مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، سىلىنىڭ ئەھۋاللىرىنى سورىدى. مەن يېنىپ چۈشەر ۋاقتىمدا ئاسماندىكى ئاتا - ئانىلىرى سىلىنى ۋەزىرى بىلەن بىزنىڭ يېنىمىزغا چىقىپ بىر بىلەن كۆرۈشۈپ كەتسە، دەپ مۇنۇ خالتىنى ئەۋەتتى، — دەپ خالتىنى پادىشاھقا بېرىپتۇ. پادىشاھ خالتىدىكى ئازۇ نېمەتلەرنى يەپ ھەيران بوپتۇ ۋە ئۆزىنىڭمۇ ۋەزىرى بىلەن ئاسمانغا چىقىپ ئاسماندىكى ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئىستىكى قوزغىلىپتۇ.

پادىشاھ ئاسمانغا چىقىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ پۈتكۈل خەلقىگە ئوتۇن سېلىقى ساپتۇ. ئۈچ ئايغىچە شەھەر خەلقى ئوتۇن يىغىپتۇ. يىغىلغان ئوتۇن كۆككە تاقىشىپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئاسمانغا چىقماقچى بولۇپ، ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرگە ئوتۇنغا ياغ چېچىپ ئوت قويۇۋېتىپتۇ. قارا نىيەت پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ. ئىسپاھان شەھىرىدىكى پۈتكۈل خەلق قارا نىيەت پادىشاھ بىلەن ۋەزىردىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، تەنتەنە قىلىشىپ يۈسۈپ خوزۇرگەنى ئىسپاھان شەھىرىنىڭ پادىشاھلىقىغا سايلاپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرگە ئالتە ئاي پەرىزاتلار دۇنياسىدا پادىشاھلىق قىلسا، ئالتە ئاي ئىسپاھان شەھىرىدە پادىشاھلىق قىلىپ، مەلىكە گۈلسۇرۇخ ۋە پەرىزات رىنات بىلەن خۇشال - خۇرام ياشاپ، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. يۈسۈپ خوزۇرگە چۈشىدە كۆرگەن ئاي — مەلىكە گۈلسۇرۇخ، قۇياش — پەرىزات رىنات ئىكەن. قارانىيەت پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ رەزىل ئىش - ئىزلىرىدىن «نىيىتى بۇزۇقنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن ماقال - تەمسىل قالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا ساي مەھەللىدىن مەخسۇت ھېيت
رەتلىگۈچى: **غالىپجان تۇرسۇن**

www.uyghurkitap.com



# قىزىل ئەۋلىيا

ئۆتكەنكى زاماندا كەڭەز دەرياسى (بۇ دەريا گۇما ناھىيىسى تەۋەلىكىدە - ت) بويىدىكى قەدىمكى يۇرتتا «قىزىل ئەۋلىيا» لەقەملىك بىر ئەۋلىيا ئۆتكەن ئىكەن. ئىلىم - ھېكمەتتە يەتتە ئىقلىمدا ئۇنىڭغا يېتىدىغان كىشى يوق ئىكەن، دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئەۋلىيا دەپ ئاتىشىدىكەن. قىزىل ئەۋلىيا ئاتمىش يىللىق ئۆمرىنى تالىپ تەربىيىلەش، كىشىلەرنىڭ چۈشى ۋە كەلگۈسى تەقدىرىگە قۇرئە سېلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. قىزىل ئەۋلىيا بىر كۈنى كېچىسى بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ساھىبجامال بىر قىزنى كۆرۈپتۇ. ئويغىنىپ: بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغاندا خۇدا ماڭا بىر ساھىبجامالنى ئاتا قىلغان ئوخشايدۇ، ئۇ ساھىبجامال مېنىڭ نىكاھىمغا چۈشتىمۇ - يوق، قۇرئە سېلىپ باقاي دەپ، كىتابىنى ئېچىپ شۇنداق قارىغان ئىكەن، چۈشىدە كۆرگەن ئۇ ساھىبجامال قىزنىڭ نىكاھىغا چۈشكەنلىكى، پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى بىر باقاۋۇلنىڭ قىزى ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. قىزىل ئەۋلىيانىڭ قىرىق نەپەر تالىپى بار ئىكەن. ئەۋلىيا تالىپلىرىنى چاقىرىپ:

— ئەي تالىپلىرىم، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ئاللا ماڭا بىر جورا ئاتا قىپتۇ. ئۇ پادىشاھ ئوردىسىدىكى بىر باقاۋۇلنىڭ قىزى ئىكەن، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى رازى بولامدىكىن؟ قىز ئۆزىنى ماڭا راۋا كۆرەمدىكىن - يوق؟ سۆزلىشىپ كېلىڭلار، — دەپ تاپىلاپتۇ. قىزىل ئەۋلىيانىڭ تالىپلىرى باقاۋۇل بىلەن كۆرۈشكەن ئىكەن، باقاۋۇل ئۆز زامانىسىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئۆلىماسىغا بىر قىزى ئەمەس، ئون قىزى بولسىمۇ بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. باقاۋۇلنىڭ قىزىمۇ ئاتىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

قىزىل ئەۋلىيا يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ باقاۋۇلنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى

قىزىل ئەۋلىيا ئۆزىنىڭ يەنە قانچىلىك هۆما (ئۆمۈر) كۆرىدىغانلىقى، بـاقاۋۇلىنىڭ قىزىدىن بالا كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا قۇرئە ئاچقان ئىكەن، ئۆزىنىڭ يەنە بىرىيىل هۆما كۆرۈپ باقىي ئالەمگە سـەپـەر قىلىدىغانلىقى، ئايالى بىر ئوغۇل پەرزەنت تۇغىدىغانلىقى، ئـۆزىـگـە ئوغلىنىڭ يۈزىنى كۆرۈش نېسىپ بولمايدىغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. قىزىل ئەۋلىيا ئۆزىنىڭ تەلەيسىزلىكىدىن قايغۇرۇپتۇ. ئاخىرى تـەقـدىرگە تەن بېرىپ، ئوغلىغا بىرەر بۇيۇك تەۋەررۇك قالدۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ.

قىزىل ئەۋلىيا كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان ئوغلىغا تەۋەررۇك قالدۇرۇش نىيىتىدە مىسكەرچى، تۆمۈرچى، ماشىنىچى چاقىرىپ، بىر دانـە كـىـسـتـىـكاسا، بىر كاناي سوقتۇرۇپتۇ ۋە بىر دانە يەكتەك تـىـكـكـۈزۈپـتـۇ. كـىـستىكاسىنى ئايەت سۈيىدە سۇغىرىپتۇ. ئۇ كىستىكاسىنىڭ ئىچىگە بىر تەڭگە سالسا، بىر تەڭگە ئىككى تەڭگە بـولـۇپ چـىـقـىـدىـكـەن، ئىككى تەڭگە سالسا تۆت تەڭگە بولۇپ چىقىدىكەن. قىزىل ئەۋلىيا كانايىنىڭ ئىچىگە 10 مىڭ دۆنى بەنت قىپتۇ. كىمكى كانايىنى قولىغا ئېلىپ بىر قېتىم پۈۋلىسە، كانايىنىڭ ئىچىدىن شۇ زامان يۈز دۆ چىقىپ مۈشكۈلنى ئاسان قىلىدىكەن، ئىككى قېتىم پۈۋلىسە ئىككى يۈز دانە دۆ چىقىدىكەن. ئون قېتىم پۈۋلىسە مىڭ دانە دۆ چىقىدىكەن، كانايىنى قول بىلەن بىرنى ئۇرسا بـارلـىق دۆ يـەنـە كاناي ئىچىگە بەند بولىدىكەن، قىزىل ئەۋلىيا تىككۈزگەن يەكتەكنى كىمكى ئۇچىسىغا كىيسە، كىشىلەرنىڭ كۆز ئـالـدىـدىـن غـايـىـب بـولـۇپ كـېتىدىكەن، ئۇ ئادەمنى باشقىلار كـۆرەلـمـەيـدىـكـەن، ئـۇ ئـادەم يـەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىكەن.

— خوتۇن، مەن كەلگۈسىدىكى پەرزەنتىم ئۈچۈن ئۈچ تۈرلۈك خـىـسـلـەتـلـىـك نەرسـىـنـى قالدۇردۇم، ئـوغـلـۇم چـوڭ بولـغـاندا بېرەرسىز، — دەپ كىستىكاسا، كاناي ۋە يەكتەكنى ئايالىغا بېرىپتۇ قىزىل ئەۋلىيا. ئاردىن ئۈچ ئاي ئۆتكەنـدىن كـېـيـىـن، ئـۇنـىـڭ ۋاقىت - سائىتى توشۇپ باقىي ئالـەمـگە سەپـەر قىپـتـۇ. يۇرت - مەهـەلـلە، قـوۋم - قېرىـنداشـلار يـىـغـىـلـىپ تـاراپ، نـامـىـزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۇشۇرۇپ دەپنە قىپتۇ.

قىزىل ئەۋلىيا ئالەمدىن ئۆتۈپ ئالتە ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايالى پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغلىنى ياخشى بېقىپتۇ، ئىسمىنى مەڭجىل قويۇپتۇ. مەڭجىل يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپتە ئوقۇتۇپتۇ، ئون سەككىز ياشقا كىرگۈچە ئىلمىي ئىمان، ئىلمىي ئىمكاننى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇپ، ئىلىمدە كامالەتكە يېتىپتۇ.

قىزىل ئەۋلىيانىڭ ئوغلى مەڭجىل ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن دوست ـ يارەنلىرى بىلەن ئويۇن ـ تاماشا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىپتۇ. «ئەخمەقنىڭ دوستى تولا، پىيازنىڭ پوستى» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئەل ـ ئاغىنىلىرى قىرىق، ئەللىككە يېتىپتۇ. ئاغىنىلىرى نېمىنى يەيمەن دېسە شۇنى يېگۈزۈپ، نېمىنى كىيگۈسى كەلسە شۇنى كىيگۈزۈپ ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە ئاتىسىدىن قالغان بارلىق مال ـ مۈلۈك، دۇنيادەپىنىلەرنى يەپ ـ ئىچىپ تامامەن تۈگىتىپتۇ، بارا ـ بارا ئاغىنىلىرىمۇ تېزىپ كېتىپتۇ. مەڭجىل بىلەن ئانىسى يەي دېسە يوق، ئىچەي دېسە يوق، ئېغىر كۈنگە قاپتۇ. ئاغىنىلىرىنىڭ قېشىغا بارغان ئىكەن، ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماپتۇ. ئانىسى باشقىلارنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپتۇ، ئۆزى مەدىكارچىلىق قىپتۇ، تۇرمۇشى يەنە ياخشىلانماپتۇ.

— ئوغلۇم، ئاتاڭ ساڭا بىر كىستىكاسىنى مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا گۆش، ياغ، گۈرۈچ ئېلىپ چىققىن، تويغۇدەك تاماق ئېتىپ يەيلى، — دەپ مەڭجىلگە كىستىكاسىنى بېرىپتۇ. مەڭجىل كىستىكاسىنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

قىزىل ئەۋلىيانىڭ قولىدا بىلىم ئېلىپ كامالەتكە يەتكەن بىر تالىپى بار ئىكەن، ئۇ تالىپ بىر مازاردا قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋېتىپ مەڭجىلنى كۆرۈپ قاپتۇ. مەڭجىلنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي ئۇستازىمنىڭ ئوغلى، قەيەرگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتامدىن ماڭا بىر دانە كىستىكاسا مىراس قالغان ئىكەن، ئۇنى سېتىش ئۈچۈن بازارغائېلىپ ماڭدىم، — دەپتۇ مەڭجىل تالىپقا.

— «ئىگىسىنى سېغىنساڭ ئىتىغا سۆڭەك سال» دېگەن گەپ بار. مەن سىزگە بىر يول كۆرسىتەي، قولىڭىزدىكى بۇ كىستىكاسىنى ھەرگىز قولدىن چىقارماڭ، ئۇنىڭ خىسلىتى شۇ يەردىكى، ئىچىگە بىر دانە تەڭگە سالسىڭىز ئۇ بىر تەڭگە كىستىكاسىدىن ئىككى تەڭگە بولۇپ چىقىدۇ، ئىككى تەڭگە سالسىڭىز تۆت تەڭگە بولۇپ چىقىدۇ. تەڭگە ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. تۇرمۇشىڭىز گۈلدەك ئۆتىدۇ، — دەپ كىستىكاسىغا تۆت تەڭگە سېلىپ يەرگە تۆككەن ئىكەن، سەككىز تەڭگە چۈشۈپتۇ، — بۇ سەككىز تەڭگىنىڭ ئالتىسىگە گۆش، ياغ سېتىۋېلىپ، ئانىڭىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ، قالغان ئىككى تەڭگىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ساقلاڭ، — دەپتۇ تالىپ ۋە مەڭجىلنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ. تالىپنىڭ سۆزىگە ھەيران بولغان مەڭجىل كىستىكاسىنىڭ ئىچىگە قولىدىكى تەڭگىلەرنى سېلىپ ھەسسىلىتىپتۇ ۋە بۇ كارامەتكە بولغان ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئېشىپ گۆش، ياغ، گۈرۈچ سېتىۋېلىش ئۈچۈن شەھەر بازىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

مەڭجىل شەھەرگە كىرىپ 30 قاپاق ياغ، 70 تۇلۇمدا ئۇن ۋە گۈرۈچ سېتىۋېلىپ ئۆيگە كېلىپ ئانىسىغا:

— ئانا، بىز بۈگۈندىن باشلاپ ئۇماچمۇ ئىچمەيمىز، توقاچمۇ يېمەيمىز، يوقنى مەن تاپقىلى تۇرىمەن، تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەرسىز، — دەپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەڭجىلنىڭ تۇرمۇشى يەۋقۇلئاددە ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ، يەنە بىر بازار كۈنى يېتىپ كەلگۈچە مەڭجىل تەڭگە كۆپەيتىپ، ئىككى تاغار كۈمۈش تەڭگىگە ئىگە بوپتۇ. بازار كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. مەڭجىل شەھەرگە كىرىپ كەچ كىرگىچە ئىككى تاغار كۈمۈش تەڭگە خەجلەپ 3000 تۇياق ئات - قېچىر، 3000 تايلىق تاۋار - دۇردۇن، ئەتلەس - شايى سېتىۋاپتۇ. ھەتتا ئالمىغان يىپ، يىڭنە، سۇزگۇچ، تاغاقمۇ قالماپتۇ. بىر ھەپتە ئىچىدىلا شەھەردىكى ئەڭ كاتتا بايغا ئايلىنىپ، بىر قانچە ئايغىچە راھەت - پاراغەت ئىچىدە بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈپتۇ. كۈننىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق تەييار راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن زېرىكىشكە باشلاپتۇ ۋە شەھەردىن سېتىۋالغان 3000

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تايلىق تاۋار - دۇردۇن، شايى - ئەتلەس، سۆزگۈچ، تاغاق، گەزمال، چەرچەنمالللارنى ئېلىپ شەھەر ئايلانغاچ سودىگەرچىلىك قىلىش خىيالىغا كەپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەڭجىل بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە رۇم شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزىنى كۆرۈپتۇ. 18 مىلڭ ئالەم مىقياسىدا ئۇنداق لاتاپەتلىك گۈزەل قىز تېخى ئاپىرىدە بولمىغان ئىكەن. دۇنيادا چىرايلىق قىزدىن ئىككىسى بولسا بىرى شۇ، بىرى بولسا ئۆزى شۇ ئىكەن. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەڭجىل رۇم شەھىرىنىڭ مەلىكىسىگە ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ھەر بەش تاي مالغا بىردىن چاكارنى مەسئۇل قىلىپ يولغا چىقىپ، تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ ئالتە ئاي يول يۈرۈپ رۇم شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەر ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن مەڭجىل چاكارلىرىغا ماللارنى چۈشۈرۈپ، ھەر بىر چاكار ئۆزى ئېلىپ كەلگەن بەش تاي مالنى ئۆزى سېتىشنى بۇيرۇپتۇ. چاكارلار 3000 تاي مالنى شەھەرنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈپتۇ. شەھەرنىڭ پۈتكۈل كوچىلىرىنى مال بېسىپ كېتىپتۇ. رۇم خەلقى: بىز ئۆمرىمىزدە بۇنداق كاتتا باينى كۆرۈپ باققان ئەمەس، دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. خېرىدارلار مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن چاكارلاردىن مال باھاسىنى سوراپتۇ.

— بۇ ماللار بىزنىڭ ئەمەس، مەڭجىل باينىڭ، سىلەر مالنىڭ باھاسىنى بايدىن سوراڭلار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خېرىدارلارغا.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم باي غوجام، بۇ ماللارنى قانداق ساتىدىلا؟ — سوراپتۇ خېرىدارلار مەڭجىلدىن.

— رۇم شەھىرىدىكى ئىشلىرىمنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن، بۇ خېرىدارلارنىڭ ھاردۇق سورىغانلىقىنىڭ شەرىپىگە بىر قۇردىن ئېسىل كىيىم تارتۇق قىلىڭلار، — دەپتۇ مەڭجىل چاكارلىرىغا. چاكارلار مەڭجىل بايدىن ھاردۇق سوراپ كىرگەن خېرىدارلارغا بىر قۇردىن ئېسىل كىيىم بىرىپ يولغا ساپتۇ. خېرىدارلار خۇشال بولۇپ قايتىشىپتۇ. ئۇلارغا ئۇچرىغان باشقا خېرىدارلار:

— بۇ مال، كىيىم - كېچەكلەرنى قانچە پۇلغا سېتىۋالدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شەھىرىمىزگە ھاتەم سۈپەت بىر سودىگەر كەپتۇ، ھاردۇق

سوراپ كىرگەن ئىدۇق، بىكارغا بېرىۋەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان باشقا خېرىدارلارمۇ مەڭجىلىنىڭ قېشىغا هاردۇق سوراپ كىرگەن ئىكەن، مەڭجىل ئۇلارغىمۇ ئىسىل رەختلەردىن سوۋغا قىپتۇ. خېرىدارلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلاپتۇ. مەڭجىل ئۇلارغا مال سېتىپ ئۈلگۈرتۈپ بولالماپتۇ.

— ئەي خالايىق ماللارنى ئۆزۈڭ خالاپ ئېلىۋال، — دەپ ئېلىپ كەلگەن بارلىق ماللىرىنى تۆكمە قىلىۋېتىپتۇ. هەر بىر كىشىنىڭ قولىدا بىر قۇچاقتىن مال، ئادەمگە ئادەم سوقۇلۇپ شەهەر كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. مەڭجىل دۇكان ئاچقان كوچىلارغا كىشىلەر سەلدەك ئېقىشقا باشلاپتۇ.

مەڭجىلىنىڭ هارمىسلىغا مال سېتىۋاتقانلىق خەۋىرى پادىشاهنىڭ ئوردىسىغا يېتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرىنى ئۇ ئەهۋاللارنى كۆرۈپ كىرىش ئۈچۈن چىقارتىپتۇ. ۋەزىر چىقىپ قارىغۇدەك بولسا شەهەر كوچىلىرىدا مال بىلەن ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن پۇت قويغۇدەك يەر كۆرۈنمەپتۇ. هەر بىر ئادەمنىڭ قولىدا بىر توپتىن مالنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ مال - دۇنيالىرىنى خەققە بىكارغا بېرىپمۇ تۈگىتىپ بولالمايدىغان قانداق كاتتا باي بولغىيتتى بۇ، دەپ ئويلاپ مەڭجىلىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. مەڭجىل پادىشاهنىڭ ۋەزىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ قېشىغا كىرگەنلىكىدىن چەكسىز خۇشاللىنىپتۇ ۋە ئىسىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋاپتۇ. ئۆز ئارا قىزغىن پاراڭلىشىپتۇ. ۋەزىر قايىماقچى بوپتۇ. مەڭجىل چاكارلىرىغا ئىسىل مالدىن بىر تاي مالنى تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ. چاكارلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ماللار ئىچىدىكى ئىسىل مالدىن بىر تاي مالنى تەييارلاپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، ئۆزىڭىز بىر دۆلەتنىڭ بېشى ۋە سەلتەنىتى تۇرۇپ مەندەك بىر ئاددىي سودىگەردىن ئەهۋال سوراپ كەپسىز، ئاز بولسىمۇ بۇ بىر تاي مالدا خوتۇن - بالىلىرىڭىزغا كىيىم - كېچەك تىككۈزۈپ بېرەرسىز، — دەپتۇ مەڭجىل. ۋەزىر بىر تاي مالنى ئۇدۇل ئوردىغا ئېلىپ بېرىپ، بولغان ئەهۋالنى ۋە كۆرگەنلىرىنى پادىشاهقا ئېيتىپتۇ، رۇم شەهىرىنىڭ پادىشاهى مەڭجىل سوۋغا قىلغان، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئىسىل ۋە هەر خىل بۇ ماللارنى كۆرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەيران بوپتۇ ۋە:
— ھازىرنىڭ ئۆزىدە قول ئاستىمدىكى ۋەزىر، ئەمىر، ئەركانلار تېزلىك بىلەن يىغىلسۇن! — دەپ ئەمر قىپتۇ ۋەزىرگە. ۋەزىر ئوردىدىكى بارلىق ۋۇزرا، ئەركان - ئەمرالارغا پادىشاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار ئوردىغا يىغىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ، قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.
— ئەي ئوردا ئەھلى، بۇگۈن ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىن شەھىرىمىزگە كاتتا بىر سودىگەر كېلىپ ھەشقاللىغا مال سېتىپ، خەلققە ساخاۋەتچىلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپتۇ، ھەتتا ۋەزىرگىمۇ ھەر خىل ماللاردىن بىر تاي مال سوۋغا قىپتۇ. بۈگۈن كەچتە بىز ئۇ سودىگەرنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ شەھەر خەلقىگە كۆرسەتكەن ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك. شۇڭا سىلەر ھازىردىن ئېتىبارەن ئوردا ئىچىنى جابدۇپ، ئېسىل تائاملاردىن 72 تۈرلۈك تائامنى تەييارلىتىڭلار، ھاراق - شاراب، مانتا - كاۋاپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئېشىپ تۇرسۇن، — دەپتۇ.
ئوردا ئەھلى پادىشاھنىڭ تاپشۇرمىسىنى جان پىدالىق بىلەن بەجا كەلتۈرىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ مەڭجىل باينى چاكارلىرى بىلەن قوشۇپ ئوردىنىڭ كەچلىك زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىش ۋەزىپىسىنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا كەچ كىرىپ خېرىدارلار ئۆيلىرىگە تارقاپ كەتكەچكە، مەڭجىلنىڭ چاكارلىرىمۇ ھارمىسلىغا مال سېتىشنى توختاتقان ئىكەن، ۋەزىر:
— ئەي ھۆرمەتكە سازاۋەر ساخاۋەتچى باي، بۈگۈن پادىشاھ ئۆزلىرىنى كەچلىك بەزمىگە تەكلىپ قىلدى. پادىشاھىمىزنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغايلا، —دەپتۇ. مەڭجىل:
— پادىشاھنىڭ ھاجىتى ماڭا چۈشۈپتىمۇ ياكى مېنىڭ ھاجىتىم پادىشاھقا چۈشۈپتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىردىن.
— بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، مەن پەقەت پادىشاھنىڭ تەكلىپىنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا قەدەم باستىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە مەڭجىلنىڭ سورىغان سوئالىغا ھەيران بولۇپ

تۇرۇپ قاپتۇ.

— مەن پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يىراق يەردىن كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن پادىشاھ قائىدە - يوسۇن بويىچە ئاۋۋال مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كېلىپ ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئاندىن ئوردىغا تەكلىپ قىلسا، ئاندىن كېيىن مەن ئوردىغا بېرىشىم كېرەك، — دەپتۇ مەڭجىل. ۋەزىر مەڭجىلنىڭ قەسىرىسىدىن چىقىپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ ۋە پادىشاھقا بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.

— ئەلمىساقتىن تارتىپ شەھىرىمىزگە باشقا شەھەرلەردىن سودىگەر كەلسە، شەھەر پادىشاھى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھال - ئەھۋال سورايدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس، بۇنداق قىلىشمۇ پادىشاھلىق سۈپەتكە مۇخالىپتۇر. بىراق بۇ سودىگەر شەھىرىمىزگە ئىلگىرى كەلگەن سودىگەرلەرگە ئوخشىمايدىكەن، ئۇ سودىگەر شەھىرىمىزگە كېلىپ خەلققە كۆپ ياخشىلىق قىپتۇ، مەن ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سوراپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوردىغا تەكلىپ قىلسام ھەرگىز زايا كەتمىگۈدەك، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە ئۆزىنىڭ مەڭجىلدىن ھاردۇق سورىغىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى ئالتۇن مەپىنى جابدۇپ تەييار قىپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن مەپىدە ئولتۇرۇپ مەڭجىلنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەپتۇ. مەڭجىل پادىشاھنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ، 72 خىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. تائامدىن كېيىن پادىشاھ ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. مەڭجىل بارلىق چاكارلىرىغا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىش توغرىلىق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ ۋە يۈز تاي سەر خىل مال تەييارلىتىپ، پادىشاھنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلىك شەرىپىگە ھەدىيە قىپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن مەڭجىلنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىدىن خۇرسەن بوپتۇ ۋە ۋەزىرگە:

— ئى ۋەزىر، ئۇ سودىگەرنىڭ قېشىغا قۇرۇق قول بېرىپ قالغانلىقىمغا تولىمۇ خىجىل بولدۇم، سىز مېنىڭ ئالتۇن مەپەمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇ سودىگەرنى ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ. ۋەزىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەڭجىلنى ئالتۇن مەيگە ئولتۇرغۇزۇپ، چاكارلىرنى ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن قوشۇپ ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىككى مىڭ نەپەر نۆكىرى مەڭجىلنىڭ ماللىرىنى چاربىاغقا چۇشۇرۇپتۇ.

— ئات، تايلارنى پىچان ۋە بوغۇز بىلەن تويغۇزۇپ ياخشى بېقىڭلار، — دەپ، ئۈچ مىڭ تايىنى پادىشاھنىڭ ئاتباقارلىرىغا تاپشۇرۇپتۇ ۋە مال - مۈلۈك، ئۇلاغلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مىڭ نەپەر ياساۋۇلنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا كاتتا زىياپەت باشلىنىپتۇ. تائام تارتىلىپ، هاراق - شارابلارمۇ ئىچىلىپ، ئويۇن - تاماشا، نەغمە - ناۋا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى مېھماننىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن شارابلارنى تاۋاقلار بىلەن مەڭجىلگە تۇتۇشقا باشلاپتۇ. ئەۋلىيانىڭ ئوغلى ئۆزىگە تۇتۇلغان شارابلارنى ياندۇرماي ئىچىۋېرىپتۇ، ئۇ بەئەينى ئېشىندى شاراب كۆپىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قاپتۇ. تۈن نىسپىگە بارغاندا مەڭجىل بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. پادىشاھ كەچكى زىياپەتنىڭ تاماملانغانلىقىنى، زىياپەت قاتناشچىلىرىنىڭ قايتىپ ئارام ئېلىشىنى بۇيرۇپتۇ. مەڭجىلنىڭ چاكارلىرىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن هازىرلانغان قونالغۇ - تۇرالغۇلارغا ئورۇنلىشىپتۇ. پادىشاھ مەڭجىل بىلەن يالغۇز قاپتۇ. «رۇم شەھىرىنىڭ پۈتكۈل خەلقىگە بىكارغا بېرىپمۇ تۈگىتىپ بولالمايدىغان بۇنداق كۆپ مال - دۇنيانى بۇ قەيەردىن تاپقاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، پادىشاھنىڭ قورسىقىغا بىر جىن كىرىپتۇ - دە، ئۆز ئويىنىڭ تېگىگە يېتىش مەقسىتىدە مەڭجىلنىڭ يېنىنى ئاختۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ يېنىدىن بىر كىستىكاسا چىقىپتۇ. «هە، بۇنى سەكرەتكەن ۋەج - دۇنيا مۇشۇنىڭ كارامىتى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغان پادىشاھ مەڭجىلنى يانقۇزۇپ، ئوبدان يۆگەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پادىشاھ تەختكە چىقىپ ئۆزىنىڭ ئەمرىنى يۈرگۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. مەڭجىل بولسا يول ئازابى ۋە مەي كۈچىدىن ئۆز خۇدىنى بىلمەي ئۇخلاپ كۈن چۈش بولغاندا ئويغىنىپتۇ. ئويغىنىپ ئاخشام زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن ئۆيدە ئۆزىنىڭ

يالغۇز يېتىپ ئۇخلىغانلىقىنى بىلىپتۇ. دەرھال يانپېشىنى تۇتقان ئىكەن، كىستىكاساسى قولىغا ئۇرۇنماپتۇ، ئۆينىڭ ئىچىنى ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. ھەيران بولغان مەڭجىل رۇم شەھىرى پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، ئاتامدىن ماڭا دۇنيالىقتا مىراس قالغان بىرلا كىستىكاسا بار ئىدى، بۈگۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام كۆرۈنمىدى، ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم، ئوغرىنى تۇتۇپ جازالاپ مېلىمنى قايتۇرۇپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ.

—ھۇ ئۇششۇق، مۇتتەھەم ئوغرى، سېنى چاقىرتىپ ئەكىلىپ ئىززىتىڭنى قىلىپ بىر ئاخشام زىباپەت بەرسەم قورسىقىڭنى ئېسىپ، ئالتۇنغىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان ۋەزىر - ۋۇزرا، لاۋۇ لەشكەرلىرىمنى ھاقارەتلەپ، ئۇلارنى ئوغرى تۇتتۇۋاتىسىنا! جاللاتلار، بۇ قارا يۈز، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بەتنامچىنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار! — دەپتۇ. قىرىق نەپەر جاللات مەڭجىلنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەستىن كۆتىگە تۇققۇزنى، ساغرىسىغا ئوتتۇزنى تېپىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھنىڭ ۋەزىرىنىڭ قورسىقى كۆپۈپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھىئالەم، بۇ سودىگەر ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىن شەھىرىمىزگە كېلىپ سىلىگە، ماڭا، شۇنداقلا شەھەرنىڭ پۈتكۈل خەلقىگە ئۆزىنىڭ ھىممىتىنى كۆرسىتىپ، ساخاۋەتچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى، بىز بۇ سودىگەرنى ئوردىغا چاقىرىپ مېھمان قىلدۇق. ئەمدى بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىپ، يوپتاق ئېشەكتەك ئوردىدىن قوغلاپ چىقارساق نامەردلىك، ئىنساپسىزلىق بولۇپ قالارمىكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق قىلىش يۇرتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە، ئۆزلىرىنىڭ نام - شەرىپلىرىگە مۇۋاپىق كەلمەسمىكىن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىر:

— ئۇ سودىگەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىدىن بىر ئاز بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يولغا سالساق، سودىگەرچىلىك قىلغاچ جېنىنى جان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېتىپ ئۆز يۇرتىغا بېرىۋالسا، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

— بوپتۇ، ئۇنىڭغا ئون تاي مال بېرىپ، چاكارلىرى بىلەن قوشۇپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ جاللاتلارغا. جاللاتلار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مەڭجىلگە ئون تاي مال بېرىپ، چاكارلىرى بىلەن قوشۇپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. مەڭجىل پادىشاھنىڭ مەلىكىسىنى دەپ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى، مېھرىبان ئانىسىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ، پادىشاھنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كىستىكاسا ۋە مال - دۇنيالىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولغانلىقىغا قايغۇرۇپتۇ. چاكارلارمۇ مەڭجىل بىلەن تەڭ قايغۇرۇپ يىغلاپتۇ.

— ئەي مېنىڭ سادىق چاكارلىرىم، رۇم شەھىرىگە كېلىشتىن ئىلگىرى قولۇڭلارغا ئۈچ يىللىق ئىش ھەققىڭلارنى بېرىپ بولغان ئىدىم، ئەمدى مەن ئات - ئۇلاغ ۋە مال - دۇنيالىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن داۋاملىق خەۋەر ئېلىشقا مېنىڭ قۇربىم يەتمەيدۇ، سىلەرنى ئىشىمغا سالمايمەن، ئېشىپ قالغان ئىش ھەققىنى ھەم قايتۇرۇپ ئالمايمەن، بۈگۈندىن ئېتىبارەن ھەر قايسىڭلار ئۆز كۆڭۈلىڭلارنى ئۆزۈڭلار ئېلىڭلار، — دەپ ئۇلارنى چاكارلىقتىن ئازاد قىپتۇ. چاكارلار مەڭجىل بىلەن خوشلىشىپ ھەر قايسىسى ھەر تەرەپكە يول ئاپتۇ.

مەڭجىل چاكارلىرى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دەڭگە چۈشۈپتۇ. ئون تايدىكى ماللارنى چۈشۈرۈپ، ئاتلارنى ئېغىلغا باغلاپ دەڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ، يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ بېشى قېتىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنداق ئولتۇرۇۋېرىشتىن نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەن مەڭجىل يولدىن ئۆتكەنلەردىن ياردەم سوراپ كۆرمەكچى بوپتۇ. شۇ خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا يولدىن بىر موماي ئۆتۈپتۇ. مەڭجىل ئۇ مومايىنى توختىتىپ:

— موما، مەن رۇم شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق - بىقارار بولۇپ، ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىن بۇ شەھەرگە كەلگەنىدىم، پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن دىدارلىشىشنىڭ بىرەر ئامالىنى قىلغىلى

بولارمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، موماي مەئجىلنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ ئوغلۇم، مەن كەچكىچە بىرەر ئامالنى ئىزدەپ، سىزنى پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بىلەن ئۇچراشتۇراي، — دەپتۇ.

مەئجىل مومىنىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر كىيىم مالنى سوۋغا قىپتۇ. موماي رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. مەئجىل بىر كېچە - كۈندۈز مومىنىڭ يولىغا قاراپ دەئنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە ئولتۇرۇپتۇ، بىراق موماي شۇ كەتكىنىچە ئىككىنچىلەپ مەئجىلنىڭ ئالدىغا كەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەئجىل ئۆزىنىڭ مال - دۇنيالىرىدىن تامامەن ئايرىلىپ، يەي دېسە يوق، ئىچەي دېسە يوق شۇنداق بىر كۈنگە قاپتۇ. ياشاش ئىستىكى ئۇنى ئاشپۇزۇلنىڭ كۈلىنى تارتىپ، ئوچىقىغا ئوت قالاپ، سۈيىنى توشۇپ، يۇندىسىنى تۆكۈشكە مەجبۇر قىپتۇ. مەئجىل ئاشپۇزۇلدا بىر ئاي ئىشلەپ ئالتە تەڭگىگە ئېرىشىپتۇ. بۇ ئالتە تەڭگىگە خام سېتىۋېلىپ بىر دانە يۇنجى كولۋا تىككۈزۈپ، قولىغا جىگدىنىڭ ئەگرى تايىقىدىن بىرنى ئېلىپ تىلەمچىلىك كوچىسىغا كىرىپتۇ. كىشىلەر بەرگەن بىرەر توغرام نانغا شۈكۈر قىلىپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ شەھەرمۇ شەھەر تىلەمچىلىك قىلىپ، ئالتە ئايلىق مۇساپىنى ئون ئىككى ئايدا بېسىپ ئۆز ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۆي ئىچىگە كىرىپ قارىسا ئانىسى يەي دېسە يوق، ئىچەي دېسە يوق ھالەتتە ئولتۇرغۇدەك.

— ئانا، ئۆيدە قورساق تويغۇدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەئجىل.

— ئوغلۇم، سەن كەتكەندىن بېرى بارلىق ۋەج - ئوقەتلەر تۈگىدى، ئېغىزىمغا بىر نەرسە سالمىغىلى بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئانىسى.

بۇنى ئاڭلىغان مەئجىل ئۆز شەھىرىدە تىلەمچىلىك قىلىپ ئانىسىنى بېقىپتۇ. رۇم شەھىرى مەلىكىسىنىڭ ئىشقى پىراقى بىلەن تۇرمۇش يوقسۇزلۇقى بىر بولۇپ ئۇنى ئازابلاشقا باشلاپتۇ. موھتاجلىق مەئجىلنى پۇتلىرى چۇگمەچتەك، بويۇنلىرى يۆگىمەچتەك ھالغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

— ئانا، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز يەي دېسەك يوق، ئىچەي دېسەك يوق مۇشۇنداق قىيىن كۈنگە قالدۇق، دادامدىن بىر دانە كىستىكاساڭدىن باشقا نەرسە قالمىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى ئېرى قىزىل ئەۋلىيانىڭ ئۆز ئوغلىغا بىر دانە كانىيىنىمۇ مىراس قالدۇرغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆي ئىچىنى ئاختۇرغان ئىكەن، قولىغا ئىچىگە ئون مىڭ نەپەر دۆ بەنت قىلىنغان كاناي چىقىپتۇ.

— ئوغلۇم، داداڭىزدىن سىزگە بىر دانە كانايلا مىراس قالغانىدى، سىز بۇ كانايىنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ گۈرۈچ، گۆش ۋە ياغ ئېلىپ چىقىڭ، تويغۇدەك بىر تاماق ئېتىپ يەيلى، — دەپتۇ ئانىسى كانايىنى مەڭجىلگە بېرىپ.

مەڭجىل كانايىنى سېتىش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا قىزىل ئەۋلىيادىن پۈتكۈل ئىلىم - ھېكمەتلەرنى ئۆگىنىپ، قىزىل ئەۋلىيا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تاغنىڭ دەرمانىغا چىقىپ كەتكەن بىر تالىپ بار ئىكەن. ئۇ تالىپ ئۇستازىنىڭ ئوغلىنىڭ كانايىنى سېتىش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى بىلىپ تاغنىڭ دەرمانىدىن چۈشۈپتۇ ۋە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئوغلۇم، قەيەرگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاخۇنۇم. دادامدىن ماڭا بىر دانە كاناي مىراس قالغانىكەن، تۇرمۇش موھتاجلىقى سەۋەبىدىن كانايىنى سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەڭجىل.

— ئوغلۇم، بۇ كاناي ئادەتتىكى كانايدىن ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىگە ئون مىڭ دۆ بەند قىلىنغان، كىمكى كانايىنى قولىغا ئېلىپ، قانچىكى كۆپ پۈۋلىسە ئۇنىڭ ئىچىدىن شۇنچە كۆپ دۆ چىقىپ ھەر قانداق مۇشكۇلاتى بولسا ئاسان قىلىدۇ. كانايىنى بىرلا ئۇرۇپ قويسا بارلىق دۆ كانايىنىڭ ئىچىگە بەند بولىدۇ. كانايىنى قولىڭىزدىن ھەرگىز چىقىرىپ قويماڭ، ئانىڭىزنىڭ ھالىدىن ئوبدانراق خەۋەر ئېلىڭ، — دەپتۇ تالىپ ۋە مەڭجىلنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ. مەڭجىل قولىدىكى كىچىككىنە كانايىنىڭ ئىچىگە ئون مىڭ دۆنىڭ سىغىشىغا

ئىشەنگۈسى كەلمەيتۇ ۋە شەھەر سىرتىدىكى قۇملۇققا چىقىپ، تالىپىنىڭ سۆزىنى سىناپ بېقىش نىيىتىدە كانايىنى شۇنداق بىر پۈۋلىگەن ئىكەن، شۇ زامان كانايدىن تولۇق قوراللانغان يۈز نەپەر دۆ چىقىپ بۇيرۇق كۈتۈپ سەپكە تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. كانايىنىڭ كارامىتىگە ھەيران بولغان مەخجىل پۈۋلەۋەرگەن ئىكەن، سان - ساناقسىز دۆ چىقىپ سەپكە تىزىلىپتۇ، پۈتكۈل قۇملۇقنى قارا دۆ بېسىپ كېتىپتۇ. بۇ دۆلەر شۇنداق بەتبەشىرە ئىكەنكى، كۆرگەن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدىكەن، بويىنىڭ ئېگىزلىكى كۆك ئاسمانغا تاقىشىدىكەن. مەخجىل كانايىنى قولى بىلەن بىرنى ئۇرغانىكەن، بارلىق دۆ بەند بوپتۇ. كانايىنىڭ كارامىتى بىلەن مىڭنىڭ ئون مىڭ نەپەر دۆ لەشكەرلىرىم بوپتۇ، ئەمدى رۇم شەھىرىگە بارسام پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ۋەيران قىلىپ، كۆلىنى كۆككە سورۇيمەن، مەلىكىسىنى قولۇمغا چۈشۈرۈپ مۇراد - مەقسىتىمگە يېتىمەن دەپ ئويلاپ، كانايىنى قوينىغا سېلىپ شەھەر ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ. شەھەر ئىچىگە كىرىپلا كاتتا بىر باغۇ بوستانلىق ئىمارەتكە كۆزى چۈشۈپتۇ. مەخجىل قوينىدىن كانايىنى ئېلىپ، ئۈچ قېتىم پۈۋلىگەنىكەن، كانايىنىڭ ئىچىدىن ئۈچ يۈز دۆ چىقىپ سەپ تۈزۈپ:

— غوجام، كىم ئۆزلىرىگە مالامەت يەتكۈزدى، قانداق بۇيرۇقلىرى بار؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

— مۇنۇ كۆرۈنگەن باغۇ بوستان، ئۆي - ئىمارەتنى ۋەيران قىلىپ، مال - مۈلكىنى ئۆيۈمگە توشۇمىساڭ تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ، پوستۇڭغا سامان تىقىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ مەخجىل دىۋىلەرگە. دىۋىلەر قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال ئىشقا كىرىشىپتۇ. بىر دەمنىڭ ئىچىدە بارلىق مال - مۈلۈك، پۇل - پۇچەك ۋە چارۋا ماللارنى مەخجىلنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۆي - ئىمارەت، باغۇ بوستانلىقتىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ.

دۆلەر مەخجىلنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا قويۇپ جايلاشتۇرۇپ قورققىنىدىن تىترىگىنىچە سەپ ھاسىل قىلىپ تۇرۇشۇپتۇ. مەخجىل كانايىنى بىرنى ئۇرغانىكەن، دۆلەر كانايىنىڭ ئىچىگە بەند بوپتۇ. شۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۈندىن باشلاپ راھەتلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئانىسى بىلەن ئۆزى بىر تېيىنلىق ئىش قىلماپتۇ، بارلىق ئىشلارنى دۆلەر قىلىپ تۈگىتىپ، توققۇزىنى تەل قىپتۇ. مەڭجىل قۇۋۋەتلىك يەپ - ئىچىپ دەرمانىغا كەپتۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، رۇم شەھىرى مەلىكىسىنىڭ غايىۋانە ئىشق ئوتى ۋۇجۇدىنى ئۆرتەشكە باشلاپتۇ. رۇم شەھىرىگە سەپەر قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئانىسىدىن ئىجازەت سوراپتۇ. ئانىسى ئاق يول تىلەپ ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

مەڭجىل ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، بىر ئاتنى ئېگەرلەپ ئۆزى مىنىپ، يەنە بىر ئاتقا يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك ئارتىپ، كانايىنى قويىنىغا سېلىپ، تاغ - دەريالاردىن ئېشىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قېچىپ، سازلىقلارنى كېچىپ، مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتتە رۇم شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇردا دەرۋازىسى ئالدىدا بەش يۈز نەپەر جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرغانىكەن، مەڭجىلنى ئوردا ئىچىگە كىرگۈزمەپتۇ.

— مېنىڭ پادىشاھقا ئەرزىم بار، كىرىشكە رۇخسەت قىلغايسىلەر، — دەپتىكەن كىرگۈزۈپتۇ. مەڭجىل پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ قارىسا، پادىشاھنىڭ ئوڭ - سولىدا قىرىقتىن سەكسەن نەپەر جاللات قىلىچلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغۇدەك.

— ھۇ بۇلاڭچى پادىشاھ، مېنىڭ كىستىكاسام، مال - دۇنيا، ئات - ئۇلاغلىرىم قېنى؟ ئېتىشساڭ ئېتىشقىلى كەلدىم، چېپىشساڭ چېپىشقىلى كەلدىم، سۆزۈڭ بولسا ئېيتامسەن؟ — دەپ ھەيۋە قىپتۇ مەڭجىل پادىشاھقا.

پادىشاھ مەڭجىلنىڭ ھەيۋىسىنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كەلگەنلىكىدىن قۇيقى چاچلىرى تىك تۇرۇپ، بۇرۇتلىرى ئوغرى مۈشۈكنىڭ بۇرۇتلىرىدەك تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

جاللات! — دەپ توۋلىغانىكەن، رەھىمسىز جاللاتلار:

— لەببەي سۇلتانى باكىرەم، كىمنىڭ بېشى ئۆلۈمگە يەتتى، — دېيىشىپتۇ.

— يولۋاسقا مۇشت تەڭلەيدىغان مۇنۇ بۇرگىنى ئەچىقىپ،

پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى يىغىپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ پادىشاھ. جاللاتلار مەگجىلنى تۇتقىلى كەپتۇ. مەگجىل قويىنىدىن كانايىنى ئېلىپ چېلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى پۈتۈنلەي قارا دۆ بېسىپ كېتىپتۇ. مەگجىل دۆلەرگە شەھەرنى ۋەيران قىلىپ، لەشكەرلىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇشنى بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوردا ئىچىدە قانلىق ئېلىشىش، شەھەر ئىچىدە قالايمىقانچىلىق باشلىنىپ كېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى بەتھەيۋەت دۆلەردىن قورقۇپ ئوردىنى تاشلاپ قاچسا، شەھەر خەلقى شەھەر سىرتىغا قېچىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ سامانىدەك سارغىيىپ، غازاڭدەك تىترەپ:

— كېرەملىك پالۋان، ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق كارامەتلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەپتىمەن، ئات - ئۇلاغلىرى ئېغىلدا بار، مال - دۇنيالىرى خەزىنىدە بار، ئالتۇن تەخت دېسىلە ئالدىلىرىدا تۇرۇپتۇ، رۇم شەھىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى ئۆزلىرىدەك باتۇرغا تاپشۇرسام، بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقلارنى كۆزدىن نېرى قىلغان بولسىلا، — دەپ مەگجىلنىڭ ئايىغىغا سەجدە قىلىشقا باشلاپتۇ. مەگجىلنىڭ رەھمى كېلىپ كانايىنى ئۇرغانىكەن، بارلىق دۆ كانايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. «سىزنى سەكرەتكەن نەرسە ئاشۇ كاناي ئىكەن، ئۇنىمۇ قولغا چۈشۈرمىگۈچە ئىمىن تاپماسمەن» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ ۋە:

— ئەي ۋەزىر - ۋۇزرالار، قېنى سىلەر؟ تېزدىن كېلىپ مۇنۇ پالۋانغا داستىخان تەييارلاپ قىزغىن كۈتۈۋېلىڭلار، — دەپ ۋەزىر - ۋۇزرا، ياساۋۇل - پاساۋۇللىرىغا ئەمر قىپتۇ. ئوردا ئەھلى قورقۇنچ ئىچىدە بىر - بىردىن ئوردا ئىچىگە يىغىلىپتۇ ۋە يۈرىكى سېلىپ پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار تېزلىك بىلەن مول داستىخان تەييارلاپتۇ. مەگجىلمۇ ئالتە ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ ھېرىپ - ئېچىپ كەتكەنىكەن، پادىشاھنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئىشىنىپ «ئەمدى مەن پادىشاھ بولىدىغان بولدۇم، رۇم خەلقى ۋە ئوردا ئەھلى ماڭا باش ئېگىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ، داستىخانغا قول ئۇزىتىشى بىلەن تەڭ پادىشاھنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن لەشكەرلەر مەگجىلنى چەمبەرچاس باغلىۋاپتۇ. پادىشاھ تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىدىكى كانايىنى ئېلىۋاپتۇ ۋە:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ــ جاللات! بۇ بالاخور مەلئۇننى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار! ــ دەپ مەڭجىلنى ئۆلۈمگە ئەمر قىپتۇ.

ــ «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن گەپ بار پادىشاھىئالەم، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرگەيلا. بۇ ئوغۇل بىرىنچى قېتىمدا بىزگە دۇنيالىق ئۈچۈن كىستىكاسا بىلەن تۈگىمەتكۈسىز دۇنيانى ئېلىپ كەلدى. ئىككىنچى قېتىمدا بولسا ئىچىدىن 10 مىلڭ دۆ چىقىدىغان كانايىنى ئېلىپ كېلىپ، بىزنى قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئىگە قىلدى. بىز بىر دانە كانايىنىڭ كارامىتى بىلەن پۈتۈن ئىقلىمنى ئۆزىمىزگە بويسۇندۇرالايمىز. مېنىڭچە بۇ يىگىتنىڭ كارامەت كۆرسىتىدىغان نەرسىلىرى يەنە بولسا كېرەك، ئۆلتۈرمەي قويۇپ بېرەيلى، قولىدىن يەنە قانچىلىك ئىش كېلىدۇ كۆرۈپ باقايلى، ــ دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا. پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مەڭجىلنى قويۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار مەڭجىلنى ئورۇندىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئۆزۈمنىڭ رەھمىدىل، نادانلىقىم سەۋەبىدىن كىستىكاسا ۋە كانايدىن ئايرىلدىم دەپ ئويلىغان مەڭجىل مەلىكىنى دەپ ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىن كېلىپ ئۇنىڭ جامالىنىمۇ كۆرەلمەي، ئۆزىنىڭ سەرسان ـ سەرگەردان بولغانلىقىغا ئۆكۈنۈپتۇ ۋە ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا مەلىكىنىڭ ئىشقىدا يىغلاپ ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ رەھمى كەلمەپتۇ. مەڭجىل ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ناۋايىنىڭ تونۇرىغا ئوت قالاپ، كۈلىنى تارتىپ، سۇيىنى توشۇپ يەتتە كۈن ئىشلەپ، ئالتە دانە ئاق تەڭگىگە ئىگە بوپتۇ. ئۈچىسىغا خامدا تىكىلگەن يۇنجى كولۋانى كىيىپ، ئەسكى تۇلۇمدىن بىرنى دولىسىغا سېلىپ، تىلەمچىلىك قىلىپ جېنىنى جان ئېتىپ ئالتە ئايلىق يولنى ئون تۆت ئايدا بېسىپ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۆي ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا يەي دېسە يوق، ئىچەي دېسە يوق، ئانىسى ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغۇدەك.

ــ ئانا، مەن سىزگە نۇرغۇن دۇنيانى دۆۋىلەپ بېرىپ كەتكەنىدىمغۇ؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، ئانىسى:

— ئىشلىمەي يېتىپ يېسە تاغمۇ تۈگەيدىكەن ئوغلۇم، بۈگۈن ئېغىزىمغا بىر تال جىگدىمۇ سالمىغىلى تۇپتۇغرا ئىككى كۈن بولدى، — دەپتۇ مەڭجىلگە.

مەڭجىل شەھەرگە كىرىپ نان ئېلىپ تۆت ئايغىچە ئانىسىنى بېقىپتۇ. «بۇرۇتتىكى ئاشقا قورساق تويماپتۇ» دېگەندەك مەڭجىل بۇ خىل تۇرمۇشتىن بىزار بولۇشقا باشلاپتۇ.

— ئانا، ئاتامدىن ماڭا كىستىكاسا ۋە كانايدىن باشقا نەرسىمۇ مىراس قالغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئانىسىدىن. ئانىسىنىڭ ئېسىگە غايىب بولىدىغان يەكتەك كەپتۇ.

— ئوغلۇم، ئاتاڭدىن ساڭا مىراس قالغان ئەڭ ئاخىرقى نەرسە مۇشۇ يەكتەك ئىدى، — دەپ ئانىسى يەكتەكنى ئېلىپ چىقىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ. مەڭجىل يەكتەكنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. تاغنىڭ دەرمانىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرغان تالىپ ئۇستازىنىڭ ئوغلىنىڭ ئاتىسىدىن مىراس قالغان خىسلەتلىك يەكتەكنى سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ تاغنىڭ دەرمانىدىن چۈشۈپ:

— ئوغلۇم قەيەرگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتام رەھمەتلىكتىن بىر دانە يەكتەك مىراس قالغانىكەن، سېتىش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ ماڭدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇ يەكتەكنى ھەرگىز قولىڭىزدىن چىقارماڭ، چۈنكى بۇ ئادەتتىكى يەكتەكتىن ئەمەس، كىمكى يەكتەكنى كىيسە، ئەل كۆزىدىن غايىب بولىدۇ، باشقىلار ئۇ ئادەمنى ئەسلا كۆرەلمەيدۇ، ئۇ ئادەم دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتنى كۆرەلەيدۇ. ئەگەر سىز بۇ يەكتەكنى ئوبدان ساقلىسىڭىز، ئارزۇ قىلغان نەرسىگە مۇيەسسەر بولالايسىز، — دەپ تالىپ يەكتەكنىڭ خىسلىتىنى ئېيتىپ، مەڭجىلگە يول كۆرسىتىپتۇ ـ دە، غايىب بوپتۇ. مەڭجىل يەكتەكنى كىيىپ باققانىكەن، يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر ئاۋۋالقىدەك كۆرۈنۈپتۇ، ئۆزىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماپتۇ. تالىپنىڭ ئېيتقانلىرىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، شەھەر كوچىسىدا كېتىپ بارغۇدەك بولسا بىر ناۋاينىڭ پەشخۇنىغا سامسا، گۆشگىردىنى دۆۋىلەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قويۇپ:

ـــ چاققانغا بار، لاپىياسقا يوق، پۇلنىڭ دۆلىتىنى كۆرەي دىسەڭ گۆشگىردە يە ئوغۇل باللار ـــ ... دەپ جىنىنىڭ بارچە تۇۋلاۋاتقانلىقى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئاشۇ گۆشگىردىدىن تۆتنى يەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېڭىپ باقاي، پۇلنى سورىسا پۇلۇم بولمىغاندىكىن، ناۋاينىڭ ئىشىنى قىلارمەن، گەپ ـ سۆز قىلمىسا يەكتەكنىڭ خىسلىتىنى شۇ يەردىن بىلەرمەن دەپ ئويلاپ، پەشخۇننىڭ بىر ئۇچىدا ئولتۇرۇپ بىردەمنىڭ ئىچىدە تۆت گۆشگىردىنى يەپ تۈگىتىپتۇ. پەشخۇندىن چۈشۈپ، ناۋايغا ئۈندىمەستىن ئون قەدەم مېڭىپ ئارقىسىغا قارىسا، ناۋاي بەخىرامان خېرىدار چاقىرىپ تونۇرغا سامسا چاپلاۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن مەڭجىل يەكتەكنىڭ خىسلىتىگە ھەقىقىي تۈردە ئىشىنىپتۇ، بىر قانچە ئايدىن بېرى ئاچ قالغان قورسىقىنى تۈزۈك بىر تويغۇزماقچى بولۇپ، تونۇر بېشىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، بىر ئولتۇرۇشتا ئەللىك دانە گۆشگىردىنى يەپ بىرنى كېكىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپتۇ. ناۋاي يەنە گەپ ـ سۆز قىلماي ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. مەڭجىل ئۆزىنىڭ قورسىقىنىڭ تويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆيىدە ئاچ قورساق قالغان ئانىسىنى ئويلاپتۇ. قارىسا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىشى بىر دۆۋە چىگە تاغارنى سېتىپ ئولتۇرغۇدەك. تاغاردىن بىرنى كۆتۈرۈپ ماڭغانىكەن، تاغارچىنىڭ كارى بولماپتۇ. مەڭجىل يەنە ناۋاينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ناۋاي تونۇردىن ناندىن ئوننى قومۇرسا تاغارغا بەشنى سېلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر چىگە تاغارنى گۆشگىردە، سامسا بىلەن توشقۇزۇپتۇ. تاغارنى يۈدۈپ ماڭغان ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. شەھەرنىڭ يەنە بىر كوچىسىغا كىرىپ، ئۆچىسىدىكى خىسلەتلىك يەكتەكنى سىلىۋېتىپ، تاغارنى يۈدۈپ كېتىپ بارسا ئىشىكنى يېتىلەپ شەھەردىن چىقىۋاتقان بىر قوشنىسى ئۇچراپتۇ. قوشنىسىنى چاقىرىپ:

ـــ ئاكا، ماۋۇ بىر تاغار ناننى بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىرىپ ئانامغا تاشلاپ بېرىڭ، ماۋۇ ئون گۆشگىردىنى يېگەچ مېڭىڭ، ـــ دەپ تاغارنى ئېشىكىگە ئارتىپ قويۇپتۇ. قوشنىسى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ كېتىپ قاپتۇ. مەڭجىل يەنە گۆش، ياغ، گۈرۈچ، رەخت، پۇل ـ

پۇچەك ئېلىش ئۈچۈن يەكتەكنى كىيىپ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن بىر تاغار گۈرۈچ، يۈز جىڭ زاغۇن يېغى، بىر توپ مال ۋە بىر تۇلۇم ئاقچىغا ئېرىشىپتۇ. ئۇ نەرسىلەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتەر ۋاقتىدا بازارنى ئۆلگۈچە غەلۋە - غوۋغا، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى ئوغرى تۇتۇشلىرى، تاپا - تەنىلىرى قاپلاپ كېتىپتۇ. مەگجىل ئۆزىنىڭ قىلغان بۇ ئىشىدىن كۆلكۈسى كېلىپ كېتىپتۇ. بىر ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ توققۇزى تەل بوپتۇ، راھەت - پاراغەت ئىچىدە تۇرمۇش كۆچۈرگەن بولسىمۇ، بىراق رۇم شەھىرى پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىنىڭ ئىشقى پىراقى كۈندىن - كۈنگە قىيناشقا باشلاپتۇ.

— ئانا، ئىجازەت بەرگەيسىز، مەن رۇم شەھىرىگە بېرىپ، مەلىكە بىلەن ئاتامدىن مىراس قالغان كىستىكاسا ۋە كانايىنى قولۇمغا كەلتۈرمىگىچە قايتىپ كەلمىگەيمەن، — دەپتۇ مەگجىل بىر كۈنى ئانىسىغا.

— غەيرىتىڭگە بارىكاللا ئوغلۇم، خۇدا ئىشلىرىڭنى ئوڭۇشلۇق قىلغاي، ئاق يول بولسۇن، — دەپ ئانىسى دۇئا قىلىپ ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

مەگجىل يارام بايتالدىن ئىككىنى ئېگەرلەپ، بىرسىگە ئوزۇق - تۈلۈكنى ئارتىپ، يەنە بىرسىگە ئۆزى مىنىپ رۇم شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. دەشتى باياۋانلاردىن، تاغۇ دەريالاردىن ئۆتۈپ، ئالتە ئايلىق مۇساپىنى تۆت ئايدا بېسىپ رۇم شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئاۋۋال مەلىكىنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈش نىيىتىگە كەپتۇ.

مەگجىل نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشقى ئوتىدا ئۆرتىنىپ قىلدەك تولغانغان مەھبۇبىسىنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئىستىكىدە چاربىاغنىڭ ئىشىكىگە كەپتۇ. قارىسا چاربىاغنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسىنى بەش يۈز نەپەر كېنىزەك ساقلاۋاتقۇدەك، دەرۋازىدىن ئادەمزاتنىڭ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، يەكتەكنى كىيىپ ماڭغان ئىكەن كېنىزەكلەرنىڭ چاتىقى بولماپتۇ. چاربىاغنىڭ ئىككىنچى دەرۋازىسىنىمۇ بەش يۈز نەپەر كېنىزەك قوغداۋاتقانىكەن، ئۇ يەردىنمۇ پەرۋاسىزلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ چاربىاغنىڭ قىرىق دەرۋازىسىدىكى 20 مىڭ نەپەر قوغدىغۇچى كېنىزەكلەرنىڭ ئالدىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



دەخـلى - تەرۈزسىز ئۆتۈپ، چاربىاغقا كىرىپتۇ. بۇ يەر ئېرىقلاردا زۇمرەتتەك سۈزۈك زىلال سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، بۇلبۇللار شاختىن - شاخقا ئۇچۇپ خەندان ئۇرۇپ سايراپ تۇرغان، رەڭگا رەڭ گۇللەر ئېچىلىپ تۇرغان جەننەتتەك گۈزەل باغ ئىكەن، مەڭجىل چاھار باغنى سەيلى قىلىپ باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قىرىق بالداق ئالتۇن شوتا ئارقىلىق ئۈستىگە چىقىدىغان ئالتۇن راۋاق كۆرۈنۈپتۇ. ئالتۇن بالداقلىق شوتا ئارقىلىق راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. راۋاق ئۈستىدىكى تۆت تېمى ئالتۇن، جاۋاھىرلاردىن قويۇرۇلغان، تام - تورۇسلارغا ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلاردىن زىننەت بۇيۇملىرى ئېسىلغان، يەرگە زىلچا - گىلەملەر سېلىنغان كەڭ - كۇشادە بىر سارايغا كىرىپتۇ. سارايىنىڭ ئىچىدە نەغمىچى قىزلار نەغمە قىلىشىۋاتقان، ئۇسسۇلچى قىزلار ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، ئۈستىگە نازۇ نېمەتلەر قويۇلغان مەرمەر جوزا، ئىككى كۈمۈش ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوتتۇرىدىكى ئالتۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، ئۆزى چۈشىدە كۆرۈپ غايىبانە ئاشىق بولغان مەلىكىنى كۆرگەن مەڭجىل بىھوش بولۇپ يىقىلغىلى تاسلا قاپتۇ. ئۇ مەلىكە شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئايىمىكىن دېسە ئېغىزى بار، كۈنمىكىن دېسە كۆزى بار، سۇ ئىچسە گېلىدىن، تائام يېسە قورسىقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، دۇنيادىكى بارلىق گۈزەل مەدھىيە سۆزلىرىنى يىغسىمۇ سۈپىتىنى تەرىپلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان دەرىجىدە گۈزەل ئىكەن، مەلىكە نەغمىچى، ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋاسىنى كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. مەڭجىل بىر بىسىپ، ئىككى بېسىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ گۈزەل جامالىنى تاماشا قىلىشقا باشلاپتۇ. مەلىكىنىڭ رۇخسارىغا قارىغانسېرى تاقەت قىلىپ تۇرالماي قولىنى تۇتقانىكەن، مەلىكە قولىنى سىلكىۋېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان كېنىزەكلەر ھەيران بوپتۇ. مەڭجىل مەلىكىنىڭ قولىنى يەنە تۇتۇپتۇ. مەلىكە ئۆزىنىڭ قولىنى بىرىنىڭ تۇتۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئەتراپقا قارىسا كۆزگە يات ئادەم كۆرۈنمەپتۇ، قولىنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قولى ھەم كۆرۈنمەپتۇ. قولىنى بىرىنىڭ تۇتۇۋاتقانلىق سېزىمى ئۆزىگە مەلۇم بوپتۇ. قولىنى

يەنە سىلكىشلىۋەتكەن ئىكەن، يېنىدىكى كېنىزەكلەر:

— مەلىكەم، مىجەزلىرى يوقمۇ قانداق؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، مەلىكە:

— قولۇمنى بىرى ئۈزلۈكسىز تۇتۇۋاتىدۇ، بىراق كۆزۈمگە ئۇ قول كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كېنىزەكلەر مەلىكىنىڭ جاۋابىغا ھەيران بولۇپ قارىسا، مەلىكىنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدە باشقا قول كۆرۈنمەپتۇ. مەڭجىل مەلىكىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، جامالىغا قاراپ ئولتۇرۇشقا تاقەت قىلالماي، مەلىكىنىڭ بوينىنى قايرىپ ئۇنىڭ گىلاستەك لېۋىگە بىرنى سۆيۈپتۇ. مەلىكە توۋلىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. قىزلار نەغمە، ئۇسسۇلنى توختىتىپتۇ.

— مەلىكەم نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ كېنىزەكلەر مەلىكىدىن. مەلىكە بولغان ئەھۋالنى ئېيتىشتىن ئۇيىلىپتۇ. ئېيتاي دېسە كۆزىگە يات ئادەم كۆرۈنمىگەچكە، يالغانچى ۋە ساراڭ ئاتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپتۇ. ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، نەغمە ـ ناۋانى باشلاشنى بۇيرۇپتۇ. مەلىكە پۈتكۈل دىققىتى بىلەن ئۇسسۇل كۆرۈۋاتقاندا مەڭجىل يەنە مەلىكىنىڭ بوينىنى قايرىپ بىرنى سۆيۈۋاپتۇ. مەلىكە توۋلاپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. نەغمە ـ ناۋا توختاپتۇ. كېنىزەكلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغان ئىكەن، مەلىكە ئۇلارغا ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئارام ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭغىچە كەچ كىرىپ، گۇگۇم ئەتراپقا ئۆزىنىڭ قارا پەردىسىنى يېپىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ، مەڭجىلمۇ مەلىكە بىلەن بىرگە ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ. كېنىزەكلەر مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەچلىك غىزا ئەكىرىپتۇ. يۇرتىدىن چىقىپ تۆت ئاي گاھى ئاچ، گاھى توق يول يۈرگەن مەڭجىل غىزالارنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭمۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. مەلىكە ئالتۇن لېگەندىكى مانتىدىن بىرنى يەپ بولغىچە مەڭجىل لېگەننى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. مەلىكە لېگەنگە يەنە قول ئۇزاتقان ئىكەن، لېگەننىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. كاۋاپقا قول ئۇزىتىپ، بىر زىخ كاۋاپنى يەپ بولۇپ زىخنى قويۇپ

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com



قويۇش ئۈچۈن قارىسا، بىر لىگەن كاۋاب زىخقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. مەلىكە ئويلاپمۇ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدە بارلىق تائاملار توگەپ ئالتۇن تاۋاقلار قۇرۇقدىلىپتۇ. كېنىزەكلەر مەلىكىنىڭ ئۈچ كۈنلۈك تائامنى بىر ۋاقىتتا يەپ تۈگەتكىنىگە ھەيران قاپتۇ. بىراق مەلىكىنىڭ قورسىقى ئاچ قاپتۇ، يەنە غىزا كەلتۈرۈڭلار دېيىشكە مەلىكىنىڭ تىلى بارماپتۇ. ئەلياتقۇ ۋاقتى بوپتۇ، مەلىكە يېشىنىپ يېتىپتۇ. مەلىكە ئۆزىنىڭ قوينىدا بىرىنىڭ ياتقانلىقىنى ھېس قىلىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يوتقىنىنى ئۆرۈپ قارىغان ئىكەن، كۆزىگە ھېچكىمنى كۆرۈنمەپتۇ. قايتىدىن ئورنىغا كىرىپ ياتقان ئىكەن، ئىككى قول مەلىكىنى مەھكەم قۇچاقلاپ گەپ قىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن مەلىكە:

— سەن جىن - شەيتانمۇ ياكى دۆ - پەرىمۇ؟ — دەپ سورىغاندىن كېيىن، مەگجىل:

— مەلىكەم، مەن ئادەمزات، سىزنىڭ ئاشىقىڭىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداقتا سىز نېمە ئۈچۈن مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنمەيسىز؟ — دەپ مەلىكە يەنە سورىغان ئىكەن، مەگجىل ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەلىكە مەگجىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ - پىشىپ، يۇرتىنى تەرك ئېتىپ كەلگەن ھەقىقىي ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى مەگجىلگە بېغىشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىل ئەۋلىيانىڭ ئوغلى مەگجىل چارباغنىڭ ئىچىدە ئالتە ئايغىچە ئالتۇن راۋاقتا پادىشاھنىڭ قىزىغا مۇلاقەت بولۇپ، دۇنيانىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇپ، كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. مەلىكىنىڭ شوخلۇقىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، مەلىكىنىڭ مەگجىلنىڭ چىرايىنى كۆرۈش ئىستىكى كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاشكارا قىلىشنى ئۆتۈنۈپ ئېيتقان بولسىمۇ، مەگجىل مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالماپتۇ. ئالتە ئاي ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىسىمۇ، بىرەر قېتىم سۆزىنى ئىلىك ئالمىغانلىقى مەلىكىگە ھار كېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىپ يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ مەڭجىل مەلىكىدىن.

— سىز بىلەن پىنهان يۇرۇۋاتقىنىمغا ئالتە ئاي بوپتۇ، سىزنىڭ ئادەم ياكى ئالۋاستى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيمەن. ئەگەر سىز ئادەم بولسىڭىز، نېمە ئۈچۈن كېنىزەكلەر يوق ۋاقىتلاردا كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ ئادەمدەك يۈرمەيسىز؟ مەن بۇنداق يۈرۈشتىن بىزار بولدۇم، ئەگەر سىز مەن بىلەن بىللە ئۆتۈشكە رازى بولسىڭىز، چىرايىڭىزنى ماڭا زاھىر قىلىشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ مەلىكە.

مەڭجىل ئۆزىنى ئاشكارا قىلىشنىڭ ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەسلىكىنى مەلىكىگە ھەر قانچە چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، مەلىكە پەقەتلا چۈشەنگىلى ئۇنىماپتۇ ۋە ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ يىغىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. مەلىكىنى گېپىگە كىرگۈزەلمىگەن مەڭجىل ئۈچىسىدىكى ئاتىسىدىن مىراس قالغان يەكتەكنى شۇنداق سېلىۋەتكەن ئىكەن، مەلىكىنىڭ كۆز ئالدىدا قەددى - قامەتلىك، كېلىشكەن بىر يىگىت پەيدا بوپتۇ. ئۆمرىدە ئەركەك زاتى كۆرۈپ باقمىغان مەلىكە مەڭجىلنى كۆرۈشى بىلەنلا يېڭىۋاشتىن ئاشىقى بىقارار بوپتۇ، مەلىكىنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى بىر مەنە قوشۇلۇپتۇ. مەڭجىل مەلىكە بىلەن كېنىزەكلەردىن خالىي قالغان ۋاقىتلىرىدا ئەل كۆزىدىن غايىب بولىدىغان يەكتەكنى سېلىۋېتىپ، مەلىكىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ يۈرىدىغان بوپتۇ. بىر قانچە قېتىم مەلىكىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا كېنىزەكلەر كىرىپ قاپتۇ، مەڭجىل تېزدىن يەكتەكنى كىيىپ ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بوپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشقا ھەيران بوپتۇ. «مەلىكىنىڭ خانىسىدا ئادەمنى كۆرسە غايىب بولۇپ كېتىدىغان بىر يىگىت پەيدا بوپتۇ» دېگەن خەۋەر پۈتكۈل چاربىاغقا پۇر كېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەلىكىنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈپ، ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى خانىشقا مەلۇم قىلمىسا، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەن ئىككى نەپەر كېنىزەك خانىشنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەپتۇ.

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ خانىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com



كېنىزەكتىن.

— بېشىمىزدىن قورقىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كېنىزەكلەر.

— ھەر قانچە ئېغىر گۇناھىڭلار بولسا ئۆتتۇم، قېنى تېزدىن بولغان ئەھۋالنى ئېيتىڭلار، — دەپ خانىش كېنىزەكلەرنى قىستاپتۇ.

— خانىش ئايىم، بىر قانچە يىلدىن بېرى بىز مەلىكىگە ئەركەك چىۋىنمۇ قوندۇرماي قوغداپ كەلگەن ئىدۇق، بىر قانچە ئاي بولدى، مەلىكىنىڭ خانىسىغا بىر يىگىت پەيدا بولۇپ قالدى. بىز مەلىكىنىڭ خانىسىدا بولمىساق، ئۇ يىگىت مەلىكە بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدۇ. ئۇ يىگىتنىڭ بىر خىسلەتلىك يەكتىكى بار ئىكەن، بىزنى كۆرگەن ھامان يەكتەكنى كىيىپ كۆزىمىزدىن غايىب بولىدۇ، بىز ئۇ يىگىتنى كۆرەلمەيمىز. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەلىكىنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈپ بويىدا قالغانلىقى مەلۇم بولدى، ئېيتمايلى دېسەك بېشىمىزدىن قورقتۇق، — دەپتۇ كېنىزەكلەر. بۇنى ئاڭلىغان خانىشنىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇلۇق كۆرۈنۈپ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكىمىزنى قوشنا ئەلنىڭ شاھزادىسىگە ياتلىق قىلىش كويىدا بولۇۋاتساق، بۇ بىزگە نېمە كۆرگۈلۈكتۇ، دەپ خانىش ئۆزىنىڭ ئېگەكلىرىگە شاپىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاپتۇ. بۇنداق يىغلاشتىن بىر ئىش ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ، ۋەزىرنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا كېنىزەكلەردىن ئاڭلىغىنىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر خانىشنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ، تۇرغان يېرىدە تۇرۇپ قاپتۇ. راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ باقماقچى بولۇپ راۋاقىا چىققان ئىكەن، مەلىكە بىلەن مەخجىلىنىڭ ئىشقىۋازلىشىپ ئولتۇرغان يېرىگە كىرىپ قاپتۇ، مەخجىل ئاسقۇغا ئېسىقلىق تۇرغان يەكتىكىنى كىيىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ. ۋەزىر چاققانلىق بىلەن يەكتەكنى ئېلىۋېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ۋەزىرمۇ بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلمىسا، ئۇ ئىشلار ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بېشى كېتىشىدىن قورقۇپتۇ، ۋەزىر ئالتۇن شوتىلىق راۋاقتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، مەلىكە بىلەن مەخجىل ئۆزلىرىنى قانداق قىسمەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ يىغلىشىپتۇ. مەخجىل مەلىكىگە ئۆزىنى ئاشكارا قىلغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان

قىپتۇ. ھەر قانچە قىلىپمۇ قاتمۇ قات مۇھاسىرە ئىچىدىكى چاھارباغدىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دەپتىكەن، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، دەپ تەقدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ۋەزىر چارباغدىن چىقىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ ۋە ئەپلىك پۇرسەتنى تېپىپ پادىشاھقا:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىئالەم، ئۆزلىرىگە ئېيتىش زۆرۈر بولغان ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى، ئېيتاي دېسەم بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقىمەن، ئېيتماي دېسەم ھەم بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، سىز ۋەزىر، مەن پادىشاھ بولغان بىر قانچە يىلدىن بېرى ھەر قانداق ئىش، گەپ - سۆز بولسا سىز ماڭا ئېيتماي قالمايتتىڭىز، ھەر قانداق سۆزىڭىز بولسا ئېيتىۋېرىڭ، سىزنىڭ بېشىڭىز كېتىدىغان ئۆلۈم بولسا مېنىڭ بېشىم كەتسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۆتكەنكى كۈنلەردە ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىن شەھىرىمىزگە بىر سودىگەر يىگىت كەلگەن ئىدى، بىرىنچى قېتىمدا ئۇنىڭ كىستىكاسى بىلەن 3000 تاي ۋە نۇرغۇن مال - دۇنياسىنى تارتتۇالغان ئىدۇق، ئىككىنچى قېتىمدا ئۇ يىگىت ئېلىپ كەلگەن كانايىنى تارتىۋېلىپ، ئۇن مىڭ دۆگە ئىگە بولۇپ، يەنە قانداق كارامىتى بار ئىكەن كۆرۈپ باقايلى، دەپ قويۇپ بەرگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى ئۇ يىگىت ئادەم ئۇچىسىغا كىيىۋالسا ئەلنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپ كېتىدىغان بىر يەكتەكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، چارباغدا مەلىكىمىز بىلەن ئالتە ئاي ۋاقىت ھەمسۆھبەت بوپتۇ. مەلىكىنىڭ يېنىدا كېنىزەكلەر بولسا، ئۇ يىگىت يەكتەكنى كىيىۋېلىپ كېنىزەكلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەپتۇ، كېنىزەكلەر يوق ۋاقىتتا يەكتەكنى سېلىۋېتىپ مەلىكىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ يۈرۈپتۇ. بۇ جەرياندا مەلىكىنىڭ بويىدا قاپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھقا ئەل كۆزىدىن غايىب بولىدىغان يەكتەكنى كۆرسەتكەن ئىكەن، ئاچچىقى كەلگەن پادىشاھ تەخت ئۈستىدىن چاچراپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



— جاللات! — دەپ توۋلىغان ئىكەن، 500 نەپەر جاللات قىلىچلىرىنى پارقىرىتىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھىمىز، كىمنىڭ ئەجىلى توشتىكىن؟ — دەپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ.

— چاھارباغدىكى بارلىق كېنىزەكلەرنى مەلىكە بىلەن قوشۇپ دارغا ئېسىپ، زىناخور هارامزادىنىڭ بېشىنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ پادىشاھ. جاللاتلار 23 مىڭ كېنىزەكنى مەلىكە ۋە مەگجىل بىلەن قوشۇپ باغلاپ دارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. شەھەر ئىچىدە ئەزرائىلنىڭ بازىرى چىقىپ، قىيامەت قايىم بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر تاقەت قىلىپ تۇرالماي پادىشاھتىن ئۇلارنىڭ جېنىنى تىلىۋالماقچى بوپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دۆلەتنىڭ بېشى ئۇلۇغ پادىشاھىمىز، ئۇلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش «پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوچاققا سېلىش» قا باراۋەردۇر، بولىدىغان ئىش بوپتۇ. «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. نەچچە مىڭ كىشىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلساق، بۇ شاھىمىزنىڭ ئابرۇيى ۋە سەلتەنىتى ئۈچۈن پايدىسىز بولغان، ئاللا كەچۈرمەيدىغان ئېغىر گۇناھتۇر. كېنىزەكلەردە ھېچقانداق گۇناھ يوق، ياشلىق كىشىنى ھەر كويغا سالىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ياشلىقى ۋە نادانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى. مەلىكەم بولسا سىلىنىڭ يۈرەك پارىلىرىنى يېرىپ چىققان تىكەندەك يالغۇز پەرزەنتلىرى. ياشلىرىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئاچچىقلىرىدىن يانسىلا، ئۇ بەندىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرىدىغان كۈنى، يەيدىغان رىزقىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلارنى قويۇپ بەرسەك ئۆزىنىڭ كۈننى ئۆزى ئالسا، — دەپ تىزلىنىپتۇ. ئۇردا ئەھلىمۇ ئۇلارنىڭ جېنىنى تىلەپ پادىشاھقا يېلىنىپ تىزلىنىپتۇ. پادىشاھ سەل ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ ئويلىنىپ ئۆز پەيلىدىن يېنىپتۇ ۋە:

— بىرى ئاشىقلىقتا، يەنە بىرى ئاچچىقلىقتا كىشىنىڭ كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدىكەن، كېنىزەكلەرنى قويۇپ بېرىڭلار. ئۆزىنىڭ كۈننى ئۆزى ئالسۇن. بالاخور هارامزادىنى ئىنسان ئايىغى يەتمەيدىغان دەشتى باياۋانغا پالىۋېتىڭلار، قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولسۇن، — دەپتۇ. ئۇردا ئەھلى چەكسىز شادلىنىپ پادىشاھقا ئۆزۈن

ئۆمۈر، چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت تىلەپ دۇئا قىپتۇ. چاربباغدىكى يۇتكۇل كېنىزەكلەرنى مەلىكە بىلەن قوشۇپ ئۆلۈمدىن ئازاد قىپتۇ. مەڭجىلنى بولسا شەھەردىن ئالتە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى قۇملۇققا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

مەڭجىل قۇملۇققا تاشلىۋېتىلگەن كۈنىسى قاتتىق قارا بوران چىقىپ كېتىپتۇ. ئارقىغا يانالماپتۇ ياكى ئالدىغا ماڭالماپتۇ، قارا بوران ئۈدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز چىقىپتۇ. مەڭجىل قۇمغا كۆمۈلۈپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يېتىپتۇ. ئېغىزىغا تېرىق چاغلىق نەرسە سالماپتۇ، بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەپتۇ. ئورنىدىن تۇرغان ئىكەن، ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. يا ئالدىغا، يا كەينىگە يانالماپتۇ. ئاشىقىم مەلىكىنى دەپ كۆپ جەبىر ـ جاپا تارتىپتىمەن، راھەت ـ پاراغەتمۇ كۆرۈپتىمەن، مەلىكىنى كۆرۈپ ۋىسالىغىمۇ يېتىپتىمەن، پادىشاھ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ ئۆلۈكۈم خارلىققا قالماس ئىدى، ئادەمزاتسىز بۇ قۇملۇقتا بىناماز كېتەر بولدۇم. ماڭا ئۆلۈمدىن ئۆزگە يول يوق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ ۋە بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاق سەللىلىك، ئاق ساقال، ئاق لىباسلىق خىزىر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام مەڭجىلگە: «ئوغلۇم، جاننى قىيناش گۇناھتۇر، ئورنۇڭدىن تۇر، يەنە مەغرىبكە قاراپ ئۈچ كۈن يول يۈرسەڭ ئالدىڭغا پۈتۈنلەي يېشىللىق بىلەن قاپلانغان بىر تاغ ئۇچرايدۇ، تاغنىڭ مەشرىق تەرىپىدە بىر غار بار، غاردىن ئىچكىرىلەپ كىرسەڭ بىر تاش ئىشىككە يولۇقىسەن، ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن بەخت گۈلۈڭ ئېچىلغاي» دەپتۇ ـ دە، غايىب بوپتۇ. مەڭجىل ئويغىنىپ قارىسا يېنىدا بىر قاپاقتا سۇ، بىر تۇلۇمدا توشقان كاۋىپى بىلەن نان تۇرغۇدەك. مەڭجىل نان بىلەن كاۋاپتىن تويغۇچە يەپ، قاپاقنىڭ سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ ماغدۇرغا كەپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ قاپاق بىلەن تۇلۇمنى يۈدۈپ مەغرىبكە قاراپ يول ساپتۇ. قورسىقى ئاچسا تۇلۇمدىكى كاۋاپ بىلەن ناندىن يەپ، ئۇسسىسا قاپاقنىڭ سۈيىدىن ئىچىپ ئۈمىد بىلەن ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، خىزىر ئەلەيھىسسالام چۈشىدە ئېيتقان ئۈستى پۈتۈنلەي بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. تاغنىڭ مەشرىق

www.uyghurkitap.com



تەرىپىگە قاراپ ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىغا چوڭ بىر غار ئۇچراپتۇ. غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىر هازاغىچە ماڭغاندىن كېيىن بىر تاش ئىشىككە دۇچ كېلىپتۇ، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپتۇ. مەڭجىل ئىشىكتىن ئۆتۈپ پۇتىنى ئېلىپ كىرگەن ئىكەن، گۈزەل بىر باغقا چىقىپتۇ. بۇ باغ زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار ئېرىق - ئېرىقلاردا ئېقىپ تۇرغان، يەتتە ئىقلىمدىكى جىمى ئۇچار قۇش، گۈل - گىياھ، مېۋىلەر مۇجەسسەملەشكەن گۈزەل باغ ئىكەن. مەڭجىل باغنىڭ مېۋىلىرىدىن يەپ، سۈيىدىن قېنىپ ئىچىپ بىر قانچە كۈن باغنى ئايلىنىپتۇ. باغ ئىچىدە بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچراتماپتۇ. شۇنچە گۈزەل، چوڭ باغنىڭ ئىچىدە بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچراتمىغانلىقىغا هەيران بوپتۇ. باغنى ئايلىنىپ بىر بۇرجەككە كەلگەندە پىشىپ تۈۋىگە تۆكۈلۈپ كەتكەن ئەنجۈرلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ئەنجۈرلەرنىڭ بىر شېخىدىكى مېۋىسىنىڭ ياغدەك سېرىق، يەنە بىر شېخىدىكى مېۋىسىنىڭ كۆمۈردەك قارا پىشقىنىغا هەيران قاپتۇ. مەڭجىل قارا ئەنجۈردىن بىرنى ئۈزۈپ يېگەن ئىكەن، قاتتىق ئۇيقۇسى كېلىپ قاپتۇ. ئەنجۈرنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپتۇ. ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن ئىكەن، ئۈستىدىن ئېغىر نەرسە بېسىپ تۇرغاندەك زادىلا ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. بېشىدىن سەگۈ تېرەكتەك ئېگىز ۋە يوغان بىر جۈپ مۈڭگۈزنىڭ ئۆسۈپ چىققانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە بۇنىڭ قارا ئەنجۈرنى يېگەنلىك سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. مەڭجىل بېشىدىكى مۈڭگۈزدىن قانداق قۇتۇلۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ياتقان ۋاقتىدا، ئەنجۈرنىڭ شېخىدىكى سېرىق ئەنجۈردىن بىرسى ئالدىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئەنجۈرنى يېگەن ئىكەن، ئۇيقۇسى كەپتۇ. يېتىپ قانغۇچە ئۇخلاپ ئويغىنىپ توسالغۇسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. قارىسا بىر جۈپ مۈڭگۈز يەردە تۇرغۇدەك. مەڭجىل بۇ ئەنجۈرنىڭ قارىسىنى يېسە بېشىغا مۈڭگۈز چىقىدىغانلىقىنى، ئەگەر سېرىقىنى يېسە مۈڭگۈزدىن قۇتۇلىدىغان خىسلەتلىك ئەنجۈر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە كۆڭلىگە بىر ئوينى پۈكۈپتۇ.

مەڭجىل باغدىكى مەجنۇنتالنىڭ چىۋىقىدا ئۈچ كۈن ئىچىدە

ئىككى دانە كاڭكا[1] تـوقـۇپ، بىر كاڭكىغا قارا ئەنجۈر، بىر كاڭكىغا سـىرىق ئەنجۈرنى تەڭ نىسبەتتە قاچىلاپ ئۆزى باغقا كىرگەن تاش ئـىشىكتىن غارغا چىقىپتۇ. مەڭجىل باغدىن غارغا چىقىشى بىلەن تـەڭ، تـاش ئىشىك كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ. ئەسلىدە بۇ بىر تىلسىملىق جاي ئىكەن.

مەڭجىل ئىككى كاڭكا ئەنجۈرنى يۈدۈپ بىر ھەپتە يول يۈرۈپ، رۇم شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. سېرىق ئەنجۈر قاچىلانغان كاڭكىنى بىر سـارايـۋەنـگـە ساقلاشقا بېرىپ، يەنە بىر كاڭكىدىكى قارا ئەنجۈرنى سـاتماقچى بولۇپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئوردا دەرۋازىسىدىن ۋەزىر ئىككى نەپەر ياساۋۇلنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپتۇ ـ دە، مەڭجىل تۇتۇپ ئولتۇرغان قارا ئەنجۈرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. مەڭجىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بـۇ قانداق مېۋە؟ — دەپ سوراپتۇ. مەڭجىلنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ ئاشقىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغاچقا ۋەزىر ئۇنى تونۇيالماپتۇ.

— بۇ قـارا ئەنجۈر، باشنى سەگىتىپ، يۈرەكنى ياخشىلاپ، بەدەننى چىڭىتىدۇ.

— ساتامسەن؟

— شۇنداق، سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم، ھەقىقەتەنمۇ ئوردا ئەھلىگە لايىق مېۋە.

— قانچە تەڭگىگە ساتىسەن؟

— ئون تەڭگە بەرسىلە، — دەپتۇ مەڭجىل ۋەزىرگە. ۋەزىر ئون تەڭگە بېرىپ، كاڭكىنى ياساۋۇللىرىغا كۆتۈرتۈپ ئوردا ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئەنجۈرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئاجايىپ مېۋىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە بۇ قارا ئەنجۈرگە پۈتكۈل ئوردا ئەھلىنىڭ ئېغىز تېگىشىنى ۋەزىرگە تاپىلاپ ئۆزى بىرنى يەپتۇ. ۋەزىر قارا ئەنجۈرنى قاتتىق، تىرناقتەك ئۈششاقلاپ، پۈتكۈل ئوردا ئەھلىگە يەتكۈزۈپتۇ، لېكىن ئۆزىگە يەتمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئوردا ئەھلىنى ئۇيقۇ بالاسى قاپلاپتۇ، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ھەممىسى

---

[1] كاڭكا — بېغى يوق چوڭ سېۋەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



مـۈڭـگـۈزلۈك ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. ۋەزىردىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۆرە يۈرەلمەپتۇ. «ئوردا ئەھلىگە مۈڭگۈز ئۈنۈپ چىقىپتۇ» دېگەن خەۋەر تېزلىك بىلەن پۈتكۈل شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارىلىپتۇ. ۋەزىر سەگۈتېرەكتەك ئېگىز ۋە يوغان مۈڭگۈزلەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرسە، پادىشاھ يەردە كالىدەك ياتقۇدەك. ۋەزىرنىڭ بېشىدا مۈڭگۈزنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەن پادىشاھ:

— نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ بېشىڭىزغا مۈڭگۈز ئۈنمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قارا ئەنجۈرنى باشقىلارغا تەقسىملەپ بېرىپ ئۆزۈمگە يەتمىگەن ئىدى، مەن بۇ پېشكەللىكتىن خالاس بوپتىمەن، — جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا.

— تېـزدىـن ئـەنجۈر ئالغان كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئوردا ئەھلىدىن مۈڭگۈز بالاسىنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى قىلغايسىز، — دەپ يېلىنىپتۇ پادىشاھ ۋەزىرگە. ۋەزىر ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ. مەڭجىل ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرغان ئىكەن، ۋەزىر مەڭجىلنى كۆرۈپ:

— ھەي ئاشىق، سەندىن سېتىۋالغان ئەنجۈرنى يەپ ئوردا ئەھلى مـۈڭـگـۈزلـۈك بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ بېشىدىن مۈڭگۈزنى يوق قىلىشنىڭ ئامالى بارمۇ؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، مەڭجىل:

— جـاھاندا سەۋەبسىز ئىش مەۋجۇت ئەمەس، ئەنجۈرنى يەپ مۈڭگۈزلۈك بولۇپ قالغان ئىكەن يەنە ئەنجۈر ئارقىلىق مۈڭگۈزدىن قۇتۇلۇش تامامەن مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىرگە.

— تېزدىن ئېيتقىن، ئۇ ئەنجۈر قەيەردە؟

—بۇنى پەقەت پادىشاھنىڭ ئۆزىگىلا ئېيتىمەن.

ۋەزىر مەڭجىلنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

— ئەي ئاشىق، بىزنى بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلدۇرغىن، نېمىنى خالىساڭ شۇنى بېرەي، —دەپتۇ پادىشاھ مەڭجىلگە.

— ئۇنداق بولسا سىلى مېنىڭ ئۈچ تۈرلۈك شەرتىمنى ئورۇنداشقا ۋەدە قىلىشلىرى كېرەك، —دەپتۇ مەڭجىل.

— بىز بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلىدىغانلا بولساق ئۈچ تۈرلۈك ئەمەس، ئوتتۇز تۈرلۈك شەرتىڭ بولسىمۇ ئورۇندايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ پادىشاھ.

— مەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاشىقلىق سەۋەبىدىن بۇ شەھەرگە ئۈچ قېتىم كەلگەن. بىرىنچى قېتىم كەلگەندە سىلى پۇل تۇغىدىغان كىستىكاسام بىلەن مال - دۇنيالىرىمنى تارتىۋالغان، ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىمدە ئىچىدىن دۆ چىقىدىغان كانايىنى تارتىۋالغان، ئۈچىنچى قېتىم كەلگىنىمدە ئەلنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپ كېتىدىغان يەكتەكنى تارتىۋېلىپ مىنى چۆلگە پالىۋەتتىلە، بىرىنچى شەرتىم، شۇ نەرسىلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىشلىرى كېرەك. ئىككىنچى شەرتىم، پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قىزلىرى مەلىكىنى ماڭا نىكاھلاپ بېرىشلىرى كېرەك. ئۈچىنچى شەرتىم، رۇم شەھىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىشلىرى لازىم، — دەپ مەڭجىل ئۆزىنىڭ شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ بىلەن ۋەزىر مەڭجىلنىڭ كارامەتلىرىگە ھەيران بوپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىشنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ شەرتلىرىگە تولۇق قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر خەزىنىدىن مەڭجىلنىڭ كىستىكاسى بىلەن كانىيى ۋە يەكتىكىنى ئەپچىقىپ بېرىپتۇ ۋە پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەلىكىنى مەڭجىلگە نىكاھلاپ قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق مۆھىرى بىلەن خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى مەڭجىلگە بېرىپ، ئۇنىڭ بۈگۈندىن ئېتىبارەن رۇم شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل خەلق ئالدىدا جاكارلاپتۇ. مەڭجىل سارايۋەننىڭ قېشىدىن سېرىق ئەنجۈرنى ئەكىلىپ ئۇنى يېسە مۈڭگۈزدىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەزىرگە بېرىپتۇ. ۋەزىر سېرىق ئەنجۈرنى ئوردىدىكىلەرگە تارقىتىپ بېرىپتۇ. ئوردىدىكىلەر سېرىق ئەنجۈرنى يەپ ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن مۈڭگۈزدىن قۇتۇلۇپتۇ.

مەڭجىل رۇم شەھىرىگە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن شەھەر خەلقىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپ، ئۈچ خىسلەتلىك نەرسىگە تايىنىپ پۈتكۈل شەھەرلەرنى ئۆزىگە ئەل قىپتۇ. ئۆز يۇرتىدىن ئانىسىنى ئەكىلىپ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، مەلىكە بىلەن خۇشال - خۇرام، بەختلىك ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا ساي مەھەللىسىدىن مەخسۇت ھېيت
رەتلىگۈچى: غالىپجان تۇرسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بىر نان

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئىشەك ئۆگزە تاتىلىغان، خوراز جىرىم غاجىلىغان، قۇشقاچلار مەشرەپ ئوينىغان بىر زامانلاردا، قاراقاشنىڭ كاۋاك دېگەن يېرىدە بىر ئوتۇنچى ياشىغانىكەن، ئۇ ھەر كۈنى بىر قېتىم بازارغا ئوتۇن ئاپىرىپ سېتىپ تاپقان پۇلىغا تۆت نان ئالىدىكەن. بىر كۈندە تۆت ناننى تۈگىتىپ يەپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن، ئۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولالماپتۇ. ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى شۇ يوسۇندا داۋاملىشىۋېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوتۇنچى دەريا بويىدا ئوتۇن كولاۋاتسا، دەريا بويلاپ كېلىۋاتقان بىر يولۇچى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سالاملىشىپتۇ ھەم ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سوراپتۇ، ئوتۇنچى ئۆزىنىڭ يوقسۇل تۇرمۇشىدىن قاقشىغاندىن كېيىن:

— خۇدايىم بەرگەن مۇشۇ كۈنلىرىمگىمۇ شۈكۈر قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ. يولۇچى:

— بۇزرۇك بۇزۇۋۇلارسەن، تېجىسەڭ تۈزىلەرسەن، — دەپتۇ - دە، يولىغا راۋان بولۇپ كېتىپ قاپتۇ.

ئوتۇنچى يولۇچىنىڭ بۇ گېپىگە دەسلەپتە ھەيران قاپتۇ، كېيىن ئويلىنىپ - ئويلىنىپ، ئۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. «مەن ھەر كۈنى تاپقان نانلىرىمنى شۇ كۈنى يەپ تۈگىتىۋەتسەم بولمايدىكەن، ھەر كۈنى بىر ناننى يېمەي يىغىپ قوياي» دېگەن نىيەتكە كەپتۇ ۋە بۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىدە نانلار دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئوتۇنچى ھەر كۈنى بىر نان ئاشۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوتۇنچى دەريا بويىدا ئوتۇن كولاۋاتقانىكەن، دەريانىڭ باش ئېقىنى تەرەپتىن ئون نەچچە ئادەم ئىككى كېمىگە ئولتۇرۇپ كەپتۇ، كېمىنى قىرغاقتا توختىتىپ قويۇپ، ئوتۇنچىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپتۇ. ئۇلاردىن بىر كىشى

ئوتتۇنچىدىن:
— بۇ يەر بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى يىراقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
ئوتتۇنچى:
— يىراق، ئېشەك بىلەن بىر كۈنلۈك يول، دەريا تاغ ئايلىنىپ ئاققانلىقتىن، كېمە بىلەن ئىككى كۈندە بارالايسىلەر. شەھەردە نېمە زۆرۈرىيەتلىرىڭلار بار ئىدى؟ — دەپتۇ.
— مەن «قاراچىن شەھىرى» نىڭ بېگى بولىمەن، بۇلار مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ھەمجەمەتلىرىم بولىدۇ، بىز يۇرت كېزىپ ساياھەت قىلغىلى سەپەر قىلغانىدۇق، ئېزىپ كېتىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق. ئاش - ئوزۇقلىرىمىز تۈگەپ قالغىلى بىر نەچچە كۈن بولدى، شەھەرگە بېرىپ قورسىقىمىزنى تويغۇزۇۋالساق بولاتتى. ئالدىمىزدا يەنە ئىككى كۈنلۈك يول بولسا، ئىشىمىز تېخىمۇ تەسكەن، — دەپتۇ سەپەرچىلەرنىڭ باشلىقى. ئوتتۇنچى ئىچ ئاغرىتىپ ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپتۇ. يىغىپ قويغان نانلارنى داستىخانغا تۆكۈپتۇ. ئادەتتە ئېسىل غىزالار بىلەن ئادەتلىنىپ قالغان بۇ ئېسىلزادىلەرگە قاتتىق - قۇرۇق نانلار بەتتە پولۇدىنمۇ مەززىلىك تېتىپ كېتىپتۇ. ئۇلار قورساقلىرىنىڭ تويغىنىغا خۇش بولۇشۇپ، ئوتتۇنچىغا بىر خورجۇننىڭ ئىككى يېيىدا لىقمۇ لىق ئالتۇن قاچىلاپ بېرىپ سەپىرىگە راۋان بولۇپتۇ.
ئوتتۇنچى ياغاقچىلىك ئالتۇننى بازارغا ئاپىرىپ زەرگەرگە ساتقانىكەن، نۇرغۇن پۇلغا ياراپتۇ. بازاردىن كەتمەن سېتىۋېلىپ كېلىپ، ئېرىق چېپىپ دەريادىن سۇ باشلاپ كەپتۇ. ئېگىز - پەس يەرلەرنى تۈزلەپ ئېتىز بىنا قىلىپتۇ. ئالما، ئانار، ئۈزۈم، ياڭاق قاتارلىق ھەر خىل مېۋە كۆچەتلىرىنى تېپىپ كېلىپ تىكىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جاي بىپايان باغۇ بوستانلىققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ئوتتۇنچىمۇ ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولۇپ، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ھازىرقى دەريا بويىلىرىدىكى باغ - ئېتىزلىقلار ئاشۇ ئوتتۇنچى بەرپا قىلغان باغ - ئېتىزلارنىڭ نۇسخىلىرى ئىمىش.
«بۇزساڭ بۇزۇلارسەن، تېجىسەڭ تۈزۈلەرسەن» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاراقاش بازىرىدىن نۇرمۇھەممەت روزى
رەتلىگۈچى: مەمتىمىن قۇربان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



# ئارغىماق ماجىراسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكاننى قۇم باسمىغان، تۆگىنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئاسمىغان چاغلاردا، هازىر تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئاستىدا قېلىپ، ئىسمى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن كاتتا شەهەرلەرنىڭ بىرسىگە شاهلىق قىلىدىغان بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن. بۇ پادىشاھ يۇرتىنى ئادالەت بىلەن سورىغاچقا، شەهەر ئەتراپىنى مۇستەهكەم سېپىل - قەلئەلەر بىلەن ئورىغاچقا، چېگرا تەۋەلىكىنى هەر قانداق باسقۇنچى، ئوغرى - يالغاننىڭ قەستىدىن تورىغاچقا، خەلقىئالەم پاراۋانلىقتا، مال - ۋارانلىرى كەڭ كەتكەن يايلاق ۋە ئورمانلىقتا، قۇش - قاناتلىرى ياپيېشىل خىيابانلىقتا خاتىرجەم ياشايدىكەن.

بۇ پادىشاھنىڭ زېمىنى شۇنچىلىك كەڭ ئىكەنكى، ئۇ پايتەختىنى ئىككى ئورۇندا قۇرۇپ، يازلىقى بىرسىدە، قىشلىقى يەنە بىرسىدە تۇرۇپ ئايلىنىپ يۇرۇپ يۇرت سورايدىكەن.

بىر يىلى كۈزدە شاھ يازلىق پايتەختتىن قىشلىق پايتەختكە يۆتكىلىپتۇ. يول بويى ئوۋ - شىكار قىلىپ، ئۆزىگە نۇرغۇن مۇلازىملارنى هەمراھ - يار قىلىپ، مەهەللە - ئايماقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ، يامانلارنىڭ هاياتلىق شامىنى ئۆچۈرۈپ مېڭىپتۇ.

شاھ تۇلپار، ئارغىماقلارغا هەۋەسمەن كىشىكەن، بەيگە قىلىش ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ بەگ - سىپاهلىرى ئىچىدە بەيگەخۇمار چەۋەندازلار تولىكەن. ئاشۇ بەگ - سىپاهلارنىڭ ئارىسىدا كېرىم ئىسىملىك بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارغىمىقى باشقىلارنىڭكىدىن نوچى، رەڭگى قۇلىكەن. كېرىم هاجىنىڭ قولا ئارغىمىقى چېپىشقا چۈشسە، هەتتا قاناتلىق قۇشمۇ كەينىدە قالىدىكەن. بۇ ئات هەر دائىم بىرىنچىلىكنى ئالىدىكەن. شۇڭا ئارغىماقنىڭ ئىگىسى ئۆزىنى هېچكىمگە تەڭ قىلماي، شاهنىڭ قېشىدىلا ماڭىدىكەن.

شاھ ئۆز قول ئاستىدىكىلەردە ئاشۇنداق بىر ئارغىماقنىڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنىدىكەن، كىرىم ھاجىغا ئىلتىپات كۆرستىدىكەن ۋە كۆيۈنىدىكەن، ئەمما كىرىم ھاجى دىگەن بۇ كىشى قىزىل كۆز، ئىچى يامان، نەپسانىيەتچى ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق ئىللەتلىرىنى پادىشاھ بىلمەيدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرىگە، تىل ياغلىما سۆھبەتلىرىگە بىگۇمان ئىشىنىدىكەن.

كىرىم ھاجى ئارغىمىقىنى چاپتۇرۇپ، پادىشاھنى ئۆزىگە باقتۇرۇپ، ئالدامچىلىقىنى بىر مەزگىل ئاقتۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدىكى گەپنى شاھنىڭ قىشلىق پايتەختكە كۆچۈش سەپىرىدىن ئاڭلايلى:

شاھ بەگ - سىپاھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، ئۇلار بىر مەنزىلگە يەتكەندە، ۋاقىت پېشىنىدىن ھالقىپ ئۆتكەندە، كىرىم ھاجىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن دەم ئېلىشقا توختايدىغان، كېچىسى مۇشۇ يەردە ئۇخلايدىغان بولۇپ قونالغۇ راسلاپتۇ.

شاھنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يۇرت كاتتىلىرى دەرھال پەش - كەش قىلىپ ھاردۇق سوراشقا كېلىشىپتۇ، يولدا كەلگۈچە تون - يەكتەكلىرىنىڭ پېشىگە پۇتلىشىپ نەچچە يەردە يىقىلىشىپتۇ، ئاتلىقلار ئۇزاپ كېتىپتۇ - يۇ، پىيادىلىكلەر ئارقىدا قېلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھ ھۇزۇرىغا نۇرغۇن خالايىق جەم بولۇپتۇ.

شاھ ئالدىغا چىققانلار توپى ئىچىدە، داۋۇت قارىي ئىسىملىك كاتتا بىر بايمۇ بار ئىكەن. داۋۇت قارىي بۇ يۇرتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى مۆتىۋەرلىرىدىن ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ساۋاتى تولۇق، نام شەرىپى ئۇلۇغ، ئالىقىنى كەڭ، ئۆيى ھەر قانداق قونالغۇچىغا دەڭ، بايلىقى پادىشاھقا يېتەلمىسىمۇ، ۋەزىر ئەزەمگە تەڭ كېلىدىكەن. داۋۇت قارىينىڭ كەڭرى كەتكەن تېرىلغۇ يېرى، يايلىقى، قوي - قوزا، ئات - چارۋىسى بولۇپ، تېخى يېقىندىلا يايلاقتىكى بىر بايتىلى قۇلۇنلاپتىكەن. يېڭى تۇغۇلغان تاي شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنكى، رەڭگى ئوتقاشتەك، تۇكلىرى سۇزۇك قاشتاشتەك، بويىنى ئىنچىكە، پۇتلىرى مەزمۇت، كۆزلىرى چاقناقكەن. تاي ھەپتىلەپ ئەمەس، كۈنلەپ بوي تارتىپ ئۆسكىلى باشلاپ، كونا موي - تۈكلىرىنى تاشلاپ، قەد - قامىتىنى تۈزەپ شاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئارغىماق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
www.uyghurkitap.com



ئىسكەنلىكىنى ناماىيان قىلىشۋاتقان مەزگىلدە شاھ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئىكەن.

داۋۇت قارىي شاھ بىلەن سالام ـ سائەت قىلىشىپ، كۆرۈشۈش رەسمىيەتلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ناھايىتى تۆۋەنلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىپ، شاھ پايى ـ قەدىمىنىڭ ئۆز خانىسىغا تەشرىپ قىلىشىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە بۇ بەختكە مۇيەسسەر بولۇپتۇ. داۋۇت قارىي قويدىن پاقلان، ئۆچكىدىن ئوغلاقلارنى ئۆلتۈرۈپ تونۇرغا تىققىپتۇ، توخۇدىن چۈجە، كەپتەردىن باچكىلارنى زىخلارغا ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاتتىن تاي، تۆگىدىن بوتىلاقلارنى داش قازاندا پۈتۈن پىشۇرۇپتۇ. قىسقىسى كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ.

زىياپەتتىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەڭ سەر خىل، سەر خىل بولغاندىمۇ ھەر خىل ئەتىۋا نەرسىلىرىنى پادىشاھىئالەمنىڭ كۆرۈپ تاماشا قىلىشى، ھۇزۇر ئېلىشى ئۈچۈن سورۇنغا ئېلىپ كېلىپتۇ. ئېلىپ كېلىنگەن نەرسىلەر ئىچىدە ھېلىقى ئارغىماق بالىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قامەت ـ سۆلىتى بىلەن ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشۋاپتۇ. ھەتتا پادىشاھىئالەمنىڭ ئۆستۈن نەزىرىمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ئارقىلىق ئارغىماق بالىسىغا باغلىنىپتۇ. شاھنىڭ كەم سۆز لەۋلىرى ئېچىلىپتۇ، ماختاش دۇردانىلىرى چېچىلىپتۇ. بۇ ھالنى، بولۇپمۇ ئارغىماق بالىسىنىڭ تەسۋىردىن تاشقىرى قىياپىتىنى كۆرگەن كېرىم ھاجىنىڭ قىزىل كۆزلۈك كىسىلى قوزغىلىپ يۈرىكى ھەسەت قوقاسلىرىدا پۇچىلىنىپتۇ. ئۇ نەپسانىيەتچىلىك خىياللىرىنى كۆلكىسىگە يوشۇرۇپ، ئەمما مۇددىئاسىنى ئارزۇ ئوتلىرىغا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، لەۋلىرى كۈلگەندەك قىلغىنى بىلەن قاپاقلىرىنى ئۈشۈرۈپ تۇرۇپ داۋۇت قارىيدىن سوراپتۇ:

— بۇ ئارغىماق بالىسى ئۆزلىرىنىڭمۇ؟

— خوش، شۇنداق. ئۆز يىلقامدىكى بايتالدىن تۇغۇلغان.

— سىلىنىڭ يىلقىلىرىدا ئارغىماق نەسلى بارمىدى؟

— يوقسۇ، بۇ ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەتتىكى ئاتتىن تۇغۇلدى ۋە ئارغىماق بولۇپ يېتىشتى.

كېرىم ھاجىنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل مۇشۇنداق جاۋاب ئىكەن. شۇڭا

ئۇ داۋۇت قارىينىڭ «ئادەتتىكى ئاتتىن تۇغۇلدى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپلا پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ.

— داد پادىشاھىئالەم، مال ئىگىسىگە قايتۇرۇلسا، بۇ ئارغىماق بالىسى ماڭا بۇيرۇلسا! چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئارغىمىقىمنىڭ پۇشتى. ئۇ مېنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك...

كېرىم ھاجى سەۋەبسىز ھېچقانداق مۆجىزىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ئادەتتىكى ئاتتىن ئارغىماق تۇغۇلمايدىغانلىقى، ناۋادا ئۆزىنىڭ ئارغىمىقى مەشرىقتە كىشنىمىگەن بولسا، مەغرىبتىكى بايتالنىڭ تۇتۇلمايدىغانلىقى، شۇڭا داۋۇت قارىينىڭ ئۇ ئارغىماق بالىسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرمەي قۇتۇلمايدىغانلىقى... ھەققىدە ھەدەپ داۋراڭ سېلىپ پادىشاھنى قايىل ۋە كۆڭلىنى ئۆز پىكرىگە مايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ.

پادىشاھمۇ ئادەتتىكى بايتالنىڭ بىكاردىن بىكار ئارغىماق تايلىشى ئەقىلغە سىغمايدىغاندەك ھېس قىپتۇ. مەشرىقتىكى ئارغىماقنىڭ كىشنىشى، مەغرىبتىكى بايتالنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغان بولسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپتۇ. مۇھىمى پادىشاھ كېرىم ھاجىغا يېقىن، بىرى قولتۇق بولسا، بىرى يېقىن بولۇپ ئۆتۈشكەچكە، ئۆز يېقىنىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى خالىماي، داۋۇت قارىينىڭ ئارغىمىقىنى كېرىم ھاجىغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ.

شاھ ھۆكۈمىگە بىنائەن، كېرىم ھاجى ئارغىماق بالىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. داۋۇت قارى بۇ ھۆكۈمگە غىڭ قىلالمىغان بولسىمۇ، ئامراق نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ يېگىنى زەھەر، كىيگىنى كېپەن، دەسسىگىنى خوخا ـ تىكەنگە ئايلىنىپتۇ. نە ئامال، داۋۇت قارىي تەقدىرگە پۈتۈپتۇ، كۆڭۈل ئارامى يىتىپتۇ. ئارىدىن ئالتە ـ يەتتە ئاي ئۆتۈپتۇ.

داۋۇت قارىينىڭ نىياز ئىسىملىك ئەقىللىق، باتۇر بىر خىزمەتكارى بار ئىكەن. ئۇ ئۆز خوجايىنىنىڭ يۈرىكى زەردابقا تولۇپ، چىرايى ئازاب ئىچىدە سولۇپ، كۈندىن ـ كۈنگە كەمسۆز بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىش قارارىغا كېلىپتۇ ۋە: «سىلە ماڭا بىر دانە كۈمۈش نەيزە، بىر دانە قومۇش نەيزە ياسىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەرسىلە، مەن ھېلىقى ئارغىماق بالىسىنى قوللىرىغا قايتۇرغۇزۇپ بېرىشنىڭ ئامالىنى قىلاتتىم، نەيزىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غۇلاچتىن كەم بولمىسا...» دەپتۇ.

داۋۇت قارىي نىياز باتۇرغا ئىشىنىدىكەن، شۇڭا دەرھال ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ھەر بىرى ئۈچ غۇلاچتىن كېلىدىغان ئىككى نەيزە تەييار قىلىپ بېرىپ، ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

نىياز باتۇر ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ پايتەختكە ــ كېرىم ھاجى پاشايدىغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا ئۆزى ئويلىغان پىلان بويىچە دەرھال ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئىشى پايتەختتىكى ئىتلارنى نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈشتىن باشلىنىپتۇ. نىياز باتۇر كوچىمۇ كوچا، ھويلىمۇ ھويلا ئارىلاپ يۈرۈپ نەدە ئىت كۆرسە، مەيلى ئۇ ئىگىسىز لالما ئىت بولسۇن، مەيلى كىشىلەرنىڭ زەنجىرلەپ باققان تايغانلىرى بولسۇن، ئىتلىكى بولسىلا ھېچقاندىقىنى ئاياپ ئولتۇرماپتۇ. مەشرىق ئەھلى بۇ ئەھۋالنى دەرھال پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ ئەرز سۇنۇپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللىرىنى چىقىرىپ، نىياز باتۇرنى تۇتۇپ كېلىپ سوراققا تارتىپتۇ:

ــ خەقنىڭ ئىتلىرىنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟

نىياز باتۇر قىلچە ھودۇقماي، پادىشاھنىڭ سوئاللىرىغا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ ئەي كېرەملىك شاھىم، جانغا ئەسقاتمايدىغان بۇنداق لالما ئىتلارنى باقىشنىڭ نېمە پايدىسى؟ پايدىسى تەگمەيدىغان بۇ كالامپايلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن ياخشى ئەمەسمۇ؟

ــ سەن بۇ ئىتلارنىڭ جانغا ئەسقاتمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ ــ دەپتۇ شاھ.

ــ پادىشاھى ئالەم، ــ دەپتۇ نىياز باتۇر، ــ ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، بىزنىڭ مەغرىب تەرەپلەردە توڭغۇز ئاپىتى بەكمۇ ئېغىر. توڭغۇزلار قوناقلارنى چەيلەپ، ئېتىزلىقلاردا لەيلەپ، زىرائەتلەرنى بەربات قىلىدۇ، ئەل - يۇرت بۇ بىر نېمىلەرنىڭ دەستىدىن ھەمىشە پەرياد قىلىدۇ. بۇ يىل توڭغۇزلار بەكمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇلار مەغرىب ئېتىزلىرىدا خالىغىنىچە ئايناقشىسا، مەشرىقنىڭ ئىتلىرى بۇ يەردە بەخىرامان ئويناقشىسا كىممۇ چىداپ تۇرالايدۇ؟ مەن شۇ سەۋەبتىن

بۇ يەرنىڭ ئىتلىرىنى جانغا ئەسقاتمايدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ ئۆلتۈرۈشنى لايىق كۆردۈم...

— ھۇ ساراڭ، — دەپتۇ پادىشاھ. بىر تەرىپىدە خۇشامەت قىلىپ تۇرغان كېرىم ھاجى دەپتۇ:

— مەغرىبتىكى توڭغۇزلارنىڭ خارتىلدىشىنى مەشرىقتىكى ئىتلار قانداقمۇ ئاڭلايدۇ؟ ئەقلىڭ جايىدىمۇ سېنىڭ؟

— ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ نىياز باتۇر دەرھال، — كېرىم ھاجىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىلا، ئەگەر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدىغان بولسا، ئەجەبا مەشرىقتىكى ئارغىماق كىشنىسە، مەغرىبتىكى بايتال ئاڭلىيالارمۇ؟ بۇ كىشنىنىڭ ئارغىمقىمى مەشرىقتە كىشنەپ مەغرىبتىكى بايتالنى بوغاز قىلىدىكەنۇ، نېمىشقا بىزنىڭ يۇرتتىكى توڭغۇزلار خارتىلدىسا، بۇ يەردىكى ئىتلار ئاڭلىيالمايدىكەن؟ شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئوبدانراق ئويلاپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن!

نىياز باتۇرنىڭ سۆزى كېرىم ھاجىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپتۇ. پادشاھنىڭ كۆز ئالدىغا ئالتە ئاي بۇرۇنقى ئارغىماق ماجىراسى كەپتۇ ۋە شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ چوڭ خاتاغا يول قويغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. پادشاھ ئادالەتلىك ۋە مېھرى - شەپقەتلىك بولغاچقا، ھېلىقى خاتا ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئارغىماق بالىسىنى كېرىم ھاجىدىن ئالدۇرۇپ، نىياز باتۇرغا تاپشۇرۇپتۇ. داۋۇت قارىيغا ئۆزرىخاھلىق بىلەن تولغان بىر پارچە خەت ۋە نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتىپتۇ.

داۋۇت قارىي ئارغىماق بالىسىنى كۆرۈپ غەم - قايغۇسى تۈگەپتۇ، بۆلەكچە ياشارغاندەك روھلىنىپتۇ. ئۇ نىياز باتۇرغا ئاپىرىن ئوقۇپ نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ ۋە ئەل ئارىسىدا ئارغىمىقىنى چاپتۇرۇپ، كېيىنكى ئۆمرىنى ئەل بىلەن بىرگە بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن شەھىرى ئىلچى يېزىسىدىن: تۇردى توختى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئەمەت سۇچى بىلەن مېھربانۇ

بۇرۇنقى بۇرۇنىسىدا، چىن‌ماچىن شەھىرىدە خەقلەرنىڭ سۈيىنى توشۇپ بېرىپ جان باقىدىغان ئەمەت سۇچى ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتۈپتىكەن. ئۇ ئەپكىشىنى دولىسىغا سېلىپ، كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ سۇ سېتىپ، تاپقان ئازغىنا پۇلى بىلەن ئانىسىنى باقىدىكەن. ئۇ يىگىرمە ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، تۇرمۇشىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۆيلەنمىگەن ئىكەن. شۇڭا ئەمەت سۇچىنىڭ بېشى قېتىپ، ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ - دە، يۇرت ئارىلاپ تەلىيىنى سىناپ كۆرمەك ئۈچۈن، يۇرتى چىن‌ماچىندىن ئايرىلىپتۇ. ئۇ دادىسىدىن قالغان ئەپكەش بىلەن ياغاچ ماقالنى دولىسىغا سېلىپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ باشقا بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. بۇ شەھەردە ئۇنىڭ سۇچىلىق كەسپى ناھايىتى روناق تېپىپتۇ، ئۇ ھەر كۈنى سۇ توشۇپ سېتىپ تاپقان پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى خەج - خىراجەت قىلىپ، يەنە بىر قىسمىنى كوزىغا تاشلاپ قويىدىغان بوپتۇ... «تاما - تاما كۆل تولار» دېگەندەك كۈن، ئايلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كوزىدىكى پۇللارمۇ ئاۋۇشقا باشلاپتۇ.

ئەمەت ئۆزىنىڭ سۇچىلىقىنى قىلغاچ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى باشقا ياقتىن ئاڭلايمىز.

بۇ شەھەرنىڭ كىچىك - كۈندۈز خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلارنىڭ ھال - ھالىغا، مۇڭ‍ىغا - مۇڭ بولۇپ، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورايدىغان بىر شاھى بولۇپ، «چىپەر شاھ» دېسە بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىكەن. پۇقرالار پادىشاھنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن. چىپەر شاھ شۇنچە سەلتەنەتلىك شاھ بولسىمۇ، ئاشۇ كۆڭلەرگىچە بىرەر پەرزەنتى يوق ئىكەن. پادىشاھ ئۆزى ئۆلۈپ - تارتىپ قالسا ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرەر پەرزەنتىنىڭ يوقلۇقىدىن ناھايىتى ئاھ ئۇرىدىكەن.

چىپەر شاھ كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاپئاق ساقال نۇرانە بىر كىشى پادىشاھتىن:

— ئى شاھ، نېمە ھاجىتىڭ باردۇر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن پەقەت بىرەر پەرزەنت يۈزى كۆرسەم دەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھ.

— ئۇنداق بولسا سەن ئاۋۋال قىرىق كۈن روزا تۇتقىن، قىرىق بىرىنچى كۈنى چوڭ تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن جايىنامازدا ئولتۇرۇپ ئاللادىن پەرزەنت تىلىگىن، ئىنشائاللا، تەڭرى تەلىپىڭنى ئىجابەت قىلىپ ساڭا پەرزەنت ئاتا قىلغاي، — دەپلا كۆزىدىن غايىب بولۇپتۇ.

چىپەر شاھ شېرىن چۈشىدىن ئويغىنىپ كۆپ خۇرسەن بوپتۇ ۋە ئاجىز، يېتىم - يېسىرلارغا ساخاۋەت قىپتۇ. چۈشىدە كۆرگەن ئاقساقال بوۋاينىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە، خوتۇنى بىلەن قىرىق كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، جايىنامازدا ئولتۇرۇپ، ئاللاغا سېغىنىپ پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىپتۇ. ئاللا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ پەرىزاتتەك بىر قىز نېسىپ قىپتۇ. بۇنىڭ شەرىپىگە پادىشاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ، شەھەر خەلقىگە ئاش تارتىپ، تىللادىن چاچقۇ چېچىپتۇ ۋە قىزىغا مىھرىبانۇ دەپ ئات قويۇپتۇ.

مىھرىبانۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە، پادىشاھ كامالەتكە يەتكەن ئۇستاز تەكلىپ قىلىپ قىزىنى ئىلىم تەھسىل قىلدۇرۇشقا باشلاپتۇ. قىز ئۇستازىنىڭ تەربىيىسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر خىل ئىلىملەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپتۇ. ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن كاتتا بىلىم ئىگىسىگە ئايلىنىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە پادىشاھ ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق بىر چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ پۈتۈن شەھەردىكى مۇنەججىملەرنى يىغىپ چۈشكە تەبىر سوراپتۇ. مۇنەججىملەر پادىشاھنىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئى پادىشاھىئالەم، چۈشلىرىڭىزنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولغاي، بۇ چۈشنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن ئۆزلىرى تەر تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقان ماللىرىدىن مىڭ تەڭگە سەدىقە بەرسىلە چۈشلىرى ئوڭغا تارتقاي، —

دەپ تەبىر بېرىپىشتۇ.

چىپەر شاھ بارلىق مال - دۇنياسىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن ئىكەن، ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ تاپقان پۇل تېپىلماپتۇ. چۈنكى شاھلىق ئۇنىڭغا ئاتا مىراس بولغاچقا، كىچىكىدىن باشلاپ ئوردىدا تۇرغاچقا ئۆزى پۇل تاپالمىغان ئىكەن. پۈتۈن بىساتىدىن بىرەر ھالال پۇل تاپالمىغان پادىشاھنىڭ بېشى ناھايىتى قېتىپتۇ ۋە خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۆز پۈشتىدىن بولغان قىزى مېھرىبانۇنى سېتىش قارارىغا كەپتۇ. شاھ بۇ ئىشنى قىزى مېھرىبانۇغا مەسلىھەت سالغان ئىكەن. ئەقىللىق قىز دادىسىنى تەڭلىكتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن «ئاتا رازى — خودا رازى» دەپ بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بولۇپتۇ. شاھ قىزىنى قانداق يوسۇندا سېتىش توغرىلىق ئوردا ئەھلىگە مەسلىھەت سالغان ئىكەن. ئۇلار ئاشكارا ساتسا شاھنىڭ ئابرۇيىغا نۇقسان يېتىدىغانلىقى، شۇڭا بۇ ئىشنى مەخپىي ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى ئېيتىپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى نەپىس ئىككى ساندۇق ياسىتىپتۇ. ئۇنىڭ بىرىگە مېھرىبانۇ، يەنە بىرىگە لىق ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلاپ، ئىككى تۆگىگە ئارتىلىپتۇ. ھەر بىر تۆگىنىڭ نەرخى مىڭ تەڭگە قىلىپ بەلگىلىنىپتۇ. ئىككى مۇلازىم ئىككى تۆگىنى يېتىلەپ بازارغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن نۇرغۇن كىشىلەر ساندۇقنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ ۋە مۇلازىمدىن ساندۇقنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى سوراپتۇ، خىزمەتچىلەر بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشقان ئىكەن، توپلىشىۋالغان كىشىلەر بىردىن، ئىككىدىن تارقىشىپ كېتىپتۇ. كۈن چۈش بوپتۇ. ئەمما بۇ ئىككى ساندۇققا خېرىدار چىقماپتۇ.

ئەمەت سۈچى ئادىتى بويىچە ئەپكەشنى دولىسىغا سېلىپ بازارغا چىقىپتۇ. ئايلىنىپ كېتىپ بارسا، قۇلىقىغا «بىر ساندۇقنىڭ باھاسى مىڭ تەڭگە» دەپ توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئادەملەر توپىنى ئارىلاپ كېلىپ قارىسا، ئىككى تۆگىگە ناھايىتى چىرايلىق ياسالغان ئىككى ساندۇق ئارتىقلىق تۇرغۇدەك. ئەمەت سۈچى ساندۇق ئىچىدە نېمە بارلىقىنى سوراپتۇ. مۇلازىملار «بىلمەيمىز» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. ئەمەت سۈچى بىر دەم دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن،

تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ ساندۇقلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە پۇلغا مېڭىپتۇ. ئۆيىگە بېرىپ پۇل سالغان كوزىسىنى ئاقتۇرغان ئىكەن. نەق ئىككى مىڭ تەڭگە پۇل چىقىپتۇ. ئەمەت سوٌچى پۇلنى ئېلىپ بازارغا بېرىپتۇ ۋە ساندۇق بىلەن تۆگىلەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئەمما ھەر قانچە ھەپىلەشسىمۇ ساندۇقنى ئاچالماپتۇ. جىلە بولغىنىدىن «ئالتە ئاي ئىشلەپ تاپقان ھالال مېھنىتىمنى مۇشۇ ساندۇققا تىگىشىپتىمەن» دەپ داد - پەرياد كۆتۈرۈشكە باشلاپتۇ. مەلىكە ساندۇق ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى ئاڭلاپتۇ ۋە ئۆزىنى ئاشكارىلاپ:

— يىگىت، پۇشايمان قىلما! سەن ھەرگىز زىيان تارتمىدىڭ، ماۋۇ ئاچقۇچ بىلەن ساندۇقنى ئاچقىن، شۇ چاغدا ھەممە ئەھۋالنى چۈشىنىسەن، — دەپ بىر ئاچقۇچنى ساندۇقنىڭ يوچۇقىدىن چىقىرىپتۇ. ئەمەت سوٌچى ئاچقۇچنى ئېلىپ ساندۇقنى شۇنداق ئاچقان ئىكەن، بىر گۈزەل رۇخسارنى كۆرۈپ ئەقلى لال بولۇپتۇ، ۋە:

— ئەي گۈزەل قىز، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ قانداق بولۇپ بۇ ساندۇققا كىرىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن مۇشۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى بولىمەن، — دەپ سۆز باشلاپتۇ مەلىكە ۋە بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى سۆزلىگەندىن كېيىن، — سەن ھالال ئىشلىگەنلىكىڭ ئۈچۈن ماڭا ئېرىشتىڭ، ئەمدى سەن مېنى ئۆز نىكاھىڭغا ئېلىپ مېنى رازى قىلغىن، — دەپ ئەمەت سوٌچىنىڭ غەمكىن كۆڭلىنى شادلاندۇرۇپتۇ ۋە يەنە بىر ساندۇقنىمۇ ئېچىپ ئەمەت سوٌچىغا كۆرسىتىپتۇ. ئەمەت سوٌچى ۋالىلداپ تۇرغان ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى كۆرۈپ كۆزلىرى قامىشىپ كېتىپتۇ. مەلىكە «ئەمدى بىز بۇ مال - دۇنيالار بىلەن ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە باياشات تۇرمۇش كۆچۈرەلەيمىز، ئارىمىزغا بىرەر دۈشمەن چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بۇ شەھەردىن كېتەيلى» دەپ مەسلىھەت بەرگەن ئىكەن، ئەمەت سوٌچى:

— مەن بۇ شەھەردە بىر يىل تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ كەلگەن ئىدىم، تېخى ئالتە ئاي بولدى. يەنە ئالتە ئاي مۇشۇ شەھەردە تۇرۇشۇم كېرەك. بولمىسا ئۆز قەسىمىمگە ئەمەل قىلمىغان بولۇپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قالىمەن، ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ مەلىكىنىڭ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا، دەپتۇ مەلىكە، ــ بىر يىل تۇشۇپ بولغۇچە مەن ئاۋۋال بېرىپ ئانىڭىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسام، ــ دەپتۇ.

ــ بوپتۇ، ئاۋۋال كەتكەچ تۇرسىڭىزمۇ مەيلى، ئەمما قانداق كېتىسىز؟ ــ دەپتۇ ئەمەت سۇچى ئەندىشە بىلەن. بۇ ئىشتا يەنىلا مەلىكىنىڭ ئەقلى غالىب كەپتۇ:

ــ مېنى ئەرلەرگە ئوخشاش ياساندۇرۇپ، يۇرتىڭىزدىن كەلگەن ياخشى نىيەتلىك سودىگەرلەردىن بىرىگە قوشۇپ قويسىڭىز بولىدۇ، ــ دەپتۇ.

ئەمەت سۇچى مېھرىبانۇنىڭ دېگىنى بويىچە بازاردىن ئەرەنچە كىيىملەرنى ئېلىپ كېلىپ، مەلىكىنى سودىگەرگە ئوخشاش كىيىندۇرۇپتۇ. ساندۇقلارغا ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ زىننەتلەرنى، ئۈستىگە ئۆز يۇرتىدا پۇلغا يارايدىغان ئادەتتىكى نەرسىلەرنى قاچىلاپتۇ. تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن كارۋان سارىيىغا بېرىپ ئاق كۆڭۈل بىر سودىگەر بىلەن ئۇچرىشىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ شەھەردە تونۇشقان ئەڭ يېقىن ئاغىنىسىنىڭ سودىگەرچىلىك بىلەن تۇنجى قېتىم چىن ماچىن شەھىرىگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى، ھەمراھ بولۇپ بىللە كېتىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. بۇ سودىگەرمۇ سودا ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، يۇرتىغا قايتماقچى بولۇۋاتقان ئىكەن. ھەمراھ تېپىلغانلىقىغا خۇش بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ مېھرىبانۇ ساندۇقلار ئارتىلغان ئىككى تۆگىنى ھەيدەپ، ئەمەت سۇچى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. ئەمەت سۇچى بولسا شەھەرگە كېلىپ سۇچىلىق كەسپى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. ئۇ ئەمدى ئالتە ئاينىڭ تېزراق كېلىشىنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتۈپ، كۆزى تۆت بولغان ھالدا كۈن ساناپ سۇچىلىق قىلغاچ تۇرسۇن. بىز گەپنى مېھرىبانۇدىن ئاڭلايلى:

مېھرىبانۇ تۆگىنى يېتىلەپ قىرىق كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. مېھرىبانۇ سودىگەر بىلەن خوشلىشىپ ئىزدەپ - سوراپ ئەمەت سۇچىنىڭ ئانىسىنى تېپىپتۇ - دە، تۆگىنى مومايىنىڭ ئۆيىگە يېتىلەپ كىرىپ تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن

كېيىن، ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ ۋە ئەرەنچە كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ، ساندۇقتىن ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ كىيىپتۇ. ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك گۈزەل قىزنى كۆرۈپ موماي ھەيرانۇ ھەس قاپتۇ. مېھرىبانۇ:

— ئى ئانا، مەن ئوغۇللىرى ئەمەتنىڭ ھالال جۈپتى بولىمەن، ئۇ يەنە ئالتە ئايدىن كېيىن كېلىدۇ. ئۇ سىلىگە مانا بۇ نەرسىلەرنى ئەۋەتتى، — دەپ ساندۇقلارنى ئاچقان ئىكەن، مومايىنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كېتىپتۇ. مەلىكىنى ئۆز كېلىنى بىلىپ ئۇنى ئۆز باغرىغا بېسىپ كۆز يېشى قىپتۇ. مېھرىبانۇ شۇ كۈندىن باشلاپ قېينانىسىنىڭ باش - كۆزىنى تاراپ، ۋاقتىدا غىزالاندۇرۇپ ئۆز قىزىدىنمۇ ئارتۇق ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. بىر كۈنى مېھرىبانۇ ساندۇقتىن بىر گۆھەرنى ئېلىپ مومايغا تۇتقۇزۇپ:

— بۇنى ئالغىنىغا سېتىپ تۇرمۇشىمىزغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلسىلە، — دەپ بازارغا يولغا ساپتۇ. موماي كۆڭلىدە: كېلىنىم مېنى سىناۋاتقان ئوخشايدۇ، بۇ تۇخۇمچىلىك تاشنى بىرەرسى ئالارمۇ؟ دەپ ئويلاپ بازارغا بېرىپتۇ. بىر دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يىغىلىپ تۇخۇمغا ئوخشاش تاشقا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. موماي بېرىپ قارىسا ئۆزىنىڭ قوينىدىكىگە ئوخشاش بىر نەرسە ئېسىقلىق تۇرغۇدەك، دەل شۇ چاغدا دۇكاندارنىڭ بىر قوينىغا، بىر ئېسىقلىق تۇرغان گۆھەرگە قاراۋاتقان مومايغا كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە مومايىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ساراڭ بولۇپ قالدىلىمۇ؟ نېمە ئۇنداق بىر قويۇنلىرىغا، بىر ئېسىقلىق گۆھەرگە قاراپ كېتىلا؟ — دەپتۇ.

— ياق، مەن ساراڭ بولۇپ قالمىدىم، دۇكانلىرىدىكى ئاۋۇ نەرسە مېنىڭدىكى ماۋۇ نەرسىگە ئوخشايدىكەن، شۇڭا قاراۋاتىمەن، — دەپتۇ موماي ۋە قوينىدىكى گۆھەرنى شۇنداق ئالغان ئىكەن. دۇكاننىڭ ئىچى ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە يورۇپ كېتىپتۇ. دۇكاندار دەرھال خىزمەتچىسىنى چاقىرتىپ:

— سەن دەرھال ئۆيگە بېرىپ خەۋەر قىل! مەن ناھايىتى كاتتا بىر مېھمان باشلاپ بارىمەن، ياخشى تەييارلىق قىلسۇن! — دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاپىلاپتۇ ۋە مومايغا قاراپ:
— ئانىكا، بۇنى ماڭا سېتىپ بەرسىلە، — دەپتۇ.
ئەسلىدىمۇ شۇ نىيەت بىلەن كەلگەن موماي دەرھال رازى بوپتۇ. دۇكاندار دۇكاننى تاقاپ مومايىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. موماي دۇكاندارغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. دۇكاندارنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ھەشەمەتلىك تەييارلىقلارنى قىلىپ «قانداق ئېسىل مېھمان كېلىدىكەن» دەپ دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىكەن. مومايىنى ئەڭ ئېسىل مېھمانخانىغا باشلاپتۇ. ئاستىغا تاۋار كۆرپىلەرنى سېلىپ، ئالدىغا نەچچە تۈرلۈك ئالىي تائاملارنى كەلتۈرۈپتۇ. موماي غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىچكىرى باشلاپ كىرىپ:
— ئى ئانىكا، گۆھەرلىرىگە قانچە پۇل بەرسەم بولار؟ — دەپ سوراپتۇ دۇكاندار. موماي ئەگەر مەن ئاز دېسەم ھېلى ماڭا يەتكۈزگەن ئېسىل تائاملارغا چىقىشماي قالار، كۆپ دېسەم دۇكاندارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالار دەپ ئويلاپ:
— مەن بۇ تاشقا نېمە دەپ باھا قويالايمەن، ئۆزلىرى چاغلاپ بىر نېمە بەرسىلە، تۇرمۇشۇمغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئالسام بولىدۇ، — دەپتۇ. دۇكاندار بۇنى ئاڭلاپ:
— ئانىكا، ئۇنداق بولسا ئۆزلىرى ھېلى كۆرگەن دۇكان بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدىكى مال - دۇنيانى ۋە قىرىق خىزمەتچىمنى قوشۇپ سىلىگە بېرەي، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مومايىنىڭ ھەيرانلىقىدىن زۇۋانى تۇتۇلۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قاپتۇ. مومايىنىڭ ئۈندىمەي تۇرغىنىنى كۆرگەن دۇكاندار كۆڭلىدە: مەن گۆھەرنىڭ نەرخىنى ئاز دەپ قويغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ:
— سىلى بۇنىڭغا ئۇنىمىسىلا، ياپلاقتىكى مىڭ ئات بىلەن ئون مىڭ تۇياق قويىنىمۇ قوشۇپ بېرەي، — دېگەن ئىكەن، موماي دەرھاللا:
— مەن قوشۇلىمەن، — دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. دۇكاندار مومايىنى مەپە بىلەن دۇكانغا باشلاپ بېرىپ، ئەل - جامائەتنىڭ كۆزىدە تىلىدىن ھۆججەت بېرىپ، دۇكاننى مومايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ گۆھەرنى ئاپتۇ - دە، ئۆيىگە راۋان بوپتۇ. موماي «بۇ نېمە كارامەت؟» دەپ

تۇرغىنىدا، خىزمەتچىلەر دۇكاننى تاقاپ ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ ۋە مومايىنى ئاۋايلاپ مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. مېھرىبانۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ. موماي بازاردا بولغان ئەھۋاللارنى بىر - بىرلەپ قىزىغا سۆزلەپ بېرىپ، يانچۇقىدىن دۇكاندار قىلىپ بەرگەن ھۆججەتنى چىقىرىپ ئۇزاتقان ئىكەن، مەلىكە:

— ئى ئانا، گۆھەرنى يېرىم باھاسىغىمۇ ساتالماپلا، شۇنداقتىمۇ ئۆزلىرى ساق - سالامەت قايتىپ كەپلا، — دەپتۇ. ئەتىسى ئانا - بالا ئىككىيلەن دۇكانغا كۆچۈپ بېرىپ، دۇكاننى ياخشى بىر خىزمەتچىسىگە ئىجارىگە بېرىپ، ئۆزلىرى دۇكاننىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلىشىپتۇ. ئۇلار ئەمەت سوچىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى:

بۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، مېھرىبانۇنىڭ ھۆسن - جامالى بىلەن ئەقىل - پاراسىتى ئەل ئارىسىدا تارىلىپ بۇ شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك شاھزادە مېھرىبانۇغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ ئىشق ئوتى بارغانسېرى كۈچىيىپ ئاخىرى ئەلچىلەر ئارقىلىق مەلىكىگە ئۆزىنىڭ ئۆيلىنىش نىيىتىنى ئىزھار قىلىپ نامە ئەۋەتىپتۇ. مەلىكە بۇ نامىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ۋە «ئەي يىگىت، شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، مەن بىر ئېرى بار ئايال، سىزگە ياتلىق بولالمايمەن. ئەڭ ياخشىسى مەندىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈڭ» دەپ جاۋابنامە ئەۋەتىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنىڭ خېتىنى ئالغاندىن كېيىن يەنە خەت يېزىپ «ئەگەر سىز ماڭا ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن ياتلىق بولۇشنى راۋا كۆرمىسىڭىز، مەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، بارلىق مال - مۈلكىڭىز بىلەن قوشۇپ ئۆزىڭىزنى بۇلاپ كېتىمەن» دەپتۇ. مەلىكە نامىنى كۆرۈپ بىر چارە تېپىپ شاھزادىنى بابلاش نىيىتىگە كەپتۇ ۋە قول ئاستىدىكى قىرىق خىزمەتچىنى يىغىپ:

— مەن بۈگۈن تەڭ كېچە بىلەن بىر ئادەمنى باشلاپ كېلىمەن، سىلەر ئۇنى نۆۋەت بىلەن ئۇرۇپ - دەسسەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، — دەپ تاپىلاپتۇ. شاھزادىگە بولسا، — مەن سىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پىكرىڭىزگە قوشۇلدۇم، تەڭ كېچە بولغاندا دۇكان ئالدىغا كېلىڭ، مەن سىزنى شۇ يەردە كۈتىمەن، — دەپ نامە ئەۋەتىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنىڭ خېتىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ساراڭ بولاي دەپ قاپتۇ ۋە ئاران دېگەندە كۈننى كەچ قىلىپ مېھرىبانۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، يالغان ناز - كەرەشمە بىلەن ئۇنى يېتىلەپ ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن مەست بولۇپ خۇدىنى بىلمەي تۇرغاندا مەلىكە بىرلا چاۋاك چالغان ئىكەن، تەييار تۇرغان قىرىق نەپەر خىزمەتچى ئېتىلىپ كېلىپ شاھزادىنى ساۋاشقا باشلاپتۇ. شاھزادە ئادەم بولغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆلەر ھالەتتە ئاران ئوردىغا قېچىپ بېرىۋاپتۇ.

بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان شاھزادە مەلىكىدىن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ ۋە ئەمەت سۆچىنىڭ ئانىسىنىڭ نامىدىن ئەمەت سۆچىغا مۇنداق دەپ خەت يېزىپتۇ: «سىز ماڭا ئەۋەتكەن بۇ خوتۇن كېلىپلا قىرىق خىزمەتچىسى بار بىر دۇكاننى سېتىۋېلىپ پۇل تاپىمەن دەپ قىمار ئويناپ، ناشايان ئىشلارنى قىلىپ، مېنىڭ بۇ شەھەردە تۇرغۇدەك يۈزۈمنى قويمىدى. تېزراق كېلىپ بۇ بۇزۇق خوتۇننى كۆزۈمدىن يوقاتمىسىڭىز بەرگەن سۈتۈمگە رازى ئەمەس».

بۇ خەت دەل ئەمەت سۆچىغا ئۆيىگە قايتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان چاغدا تېگىپتۇ. ئانىسىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ ئەمەت سۆچىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ ۋە ئۆيىگە يېتىپ بارغان زامان خوتۇنىنى ئۆلتۈرمەك بولۇپ قەسەم ئىچىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

موماي بىلەن مېھرىبانۇ ئەمەت سۆچىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، خىزمەتچىلىرىدىن كىيىم - كېچەك ۋە سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتىپتۇ. ئەمەت سۆچى ئۆيىگە بىر كۈنلۈك يول قالغاندا خىزمەتچىلىرىگە ئۇچراپتۇ. خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنى مېھرىبانۇنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ سوۋغا - سالاملارنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقان ئىكەن، ئەمەت سۆچى:

— مەن ئۇنداق بۇزۇق خوتۇننىڭ نەرسىسىنى ئالمايمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ غەزەپ بىلەن.

خىزمەتچىلەر بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشىپتۇ، ئەمەت سۆچى

كىيىمنىمۇ كىيمەي، خىزمەتچىلىرىگە بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي، ئۆيىگە كېلىپ تاماقمۇ يېمەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئانىسى بىلەن خوتۇنى ئۇنى «بەك ھېرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ھازىرچە دەم ئېلىشۋالسۇن، ھاردۇقى چىققاندا ئاندىن ئەھۋاللىشارمىز» دەپ ئويلاپ ئۆز مەيلىگە قويۇپتۇ.

كەچ بولغاندا مەلىكە مەخسۇس تەييارلانغان ھۇجرىغا كىرىپ ئۇنى كۈتۈپتۇ. ئەمما ئېرى كىرمەپتۇ. كۈتە - كۈتە مەلىكىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. خوتۇنىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى جەزم قىلغان ئەمەت سوٚچى قولىغا پىچاقنى ئېلىپ، مەلىكە ياتقان ھۇجرىغا كىرىپ، ئۇخلاپ ياتقان مەلىكىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە پىچاق سانچىپتۇ. مەلىكە «ۋايجان» دېيىشكە ئۈلگۈرەلمەي ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئەمەت سوٚچى ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ، مەلىكىنىڭ قانغا بويالغان تېنىنى كونا كىگىزگە ئوراپ ساندۇققا سېلىپتۇ ۋە دەرياغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئاندىن ھۇجرىسىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە ئۇخلاپ - جۆيلۈپ دېگەندەك كېچىنى تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن موماي تاماق كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا كىرىپتۇ، قانغا بويالغان ئورۇن - كۆرپىلەرنى كۆرۈپ قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ ۋە ئوغلىدىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— ئانا، سىز بۇ خەتنى ئەۋەتكەن ئىكەنسىز، مەن سىزنىڭ ئەمرىڭىز بويىچە بۇ بوزۇق خوتۇننى ئۆلتۈرۈپ دەرياغا تاشلىۋەتتىم، — دەپتۇ ۋە خەتنى ئېلىپ ئانىسىغا ئوقۇپ بېرىپتۇ. ئەمەت خەتنى ئوقۇپ بولۇپ قارىسا ئانىسى ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەن، ئۇ دەرھال سۇ چېچىپ ئانىسىنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئانىسى كۆزىنى ئېچىپلا ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ ۋە:

— ئىست، بىچارە قىزىم، سېنىڭ قولۇڭدا ناھەق ئۆلۈپتۇ، مەن ئۆمرۈمدە ئۇنىڭدەك ئەقىللىق ۋە زېرەك قىزنى كۆرمىگەن ئىدىم، ئۆز قىزىم بولسىمۇ مېنى ئۇنىڭدەك كۈتمەس ئىدى. ئۇ مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغاندىن باشقا كېچە - كۈندۈز تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ئاللاغا سېغىنىپ دۇئا قىلىپ سېنىڭ تىنچ - ئامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قايتىپ كېلىشىڭنى تىلەيتتى ... — دەپ نالە - پەرياد قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەمەت سوچى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلىپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ دەردىدە ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمەت سوچى جاھان كېزىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى:

بۇ شەھەردە بىر بېلىقچى بولۇپ، ئۆيى دەريا بويىدا ئىكەن. ھەر كۈنى سەھەردە دەريا سۈيىدە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ دەريا لېۋىدە تاھارەت ئېلىپ ئولتۇرسا ئالدىغا بىر ساندۇق ئېقىپ كەپتۇ. بېلىقچى دەرھال ساندۇقنى سۇزۇۋېپتۇ - دە، ئۆيىگە ئەكىلىپ ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا پەرىزاتتەك ساھىبجامال بىر قىز قانغا بويالغان ھالدا ياتقۇدەك. قىزنىڭ تېخى تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، داڭلىق بىر تېۋىپنى چاقىرىپ كېلىپ:

— ئەي تېۋىپ، سەن بۇ قىزنى بىر ئامال قىلىپ ساقايتقىن، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مال -دۇنيارىم كەتسىمۇ مەيلى، — دەپ يېلىنىپتۇ. قىزنى كۆرۈپ تېۋىپنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ - دە:

— مەن قىزنى داۋالاپ ساقايتاي، ئەمما قىزنىڭ تېزراق ساقىيىشى ئۈچۈن ئۆيۈمگە ئاپىرىپ داۋالىشىم كېرەك، — دەپتۇ. بېلىقچى ئىچىدە بۇنىڭغا نارازى بولسىمۇ، قىزنىڭ تېزراق ساقىيىشىنى ئويلاپ ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېۋىپ مېھرىبانۇنى قىرىق كۈن داۋالاش شەرتى بىلەن ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپىتۇ. بېلىقچى ھەر كۈنى كېلىپ مەلىكىنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ. ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغاندا مېھرىبانۇ ساقىيىپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تېۋىپنىڭ مەلىكىگە بولغان مايىللىقى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ - دە، قىزنى ئېلىپ قېچىش نىيىتىگە كېلىپ دەرھال بىر مەپە تەييارلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. قىرىقىنچى كۈنى بېلىقچى تېۋىپنىڭ ئۆيىگە كەلسە تېۋىپمۇ، مەلىكىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. بېلىقچى قىزنى تېۋىپنىڭ ئېلىپ قاچقانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ئاھ ئۇرۇپتۇ. مەلىكىنىڭ دەردىدە كۆلاھ - جەندە كىيىپ دەرۋىشلىك يولىغا مېڭىپتۇ.

تېۋىپ شۇ ماڭغانچە باشقا بىر شەھەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە، مېھرىبانۇ مەپىدە ئولتۇرۇپ «ئەمدى تېۋىپ مېنى ئۆز نىكاھىغا

ئالماقچى، ئۇنىڭغا رازىلىق بەرمەي دېسەم ئۇ مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدى. ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن، رازىلىق بېرەي دېسەم مەن باشقا ئەرنىڭ ئەمرىدىكى ئايال» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆزىنى مەيدىن تاشلاپتۇ. تېۋىپ بۇنى سەزمەي شەھەرگە كىرىپ كاتتا بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپتۇ ۋە مەلىكىنى باشلاپ كىرىش ئۈچۈن مەيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا مەلىكە يوق تۇرغۇدەك. تېۋىپ: «ئاھ!» دېگىنىچە داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاپتۇ ۋە مەلىكىسىز بۇ دۇنيا ماڭا هارام دەپ، قەلەندەر سىياقىغا كىرىپ جاھان كېزىپ مەلىكىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

مەلىكە مەيدىن چۈشۈپ يەتتە كېچە- كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن چوڭ بىر دەريانىڭ لېۋىگە كەپتۇ. دەريادىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمەي دەريانى ياقىلاپ مېڭىپ بىر كېمىچىگە ئۇچراپتۇ. مەلىكە كېمىچىگە:

— مېنى بۇ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويسىڭىز، — دېگەن ئىكەن، مەلىكىنى كۆرۈپلا ئاشىق بولغان كېمىچى:

— ماڭا تەگسىڭىز ئۆتكۈزۈپ قويىمەن — دەپتۇ.

— ماقۇل، مېنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويسىڭىزلا سىزگە تېگىمەن، — دەپتۇ مەلىكە دەريادىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن. كېمىچى مەلىكىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ. كېمىچىنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، تۆت بالىسى بىلەن بويتاق قالغان ئىكەن. ئۇ بۇ چىرايلىق ئايالغا ئىگە بولغىنىغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، تېزراق توي قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ. باللىرىغا مەلىكىنى ئوبدان كۈتۈشنى تورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى تويلۇق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ئۆيى شەھەرگە يىراق بولغاچقا، ئۈچ كۈن يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن. كېمىچى شەھەردىكى سودا ئىشلىرىنى تېز تۈگىتىپ ئۈچ كۈنلۈك يولنى بىر يېرىم كۈندە بېسىپ ئۆيىگە كەلسە مەلىكە يوق، «قىز نەگە كەتتى؟» دېگىنىچە باللىرىنى ئۇرۇپ - تىللاپ نالە قىلىپتۇ. ئۇمۇ «مەلىكىسىز بۇ دۇنيا ماڭا هارام» دەپ قەلەندەر سىياقىغا كىرىپ، باللىرىنى تاشلاپ، مېھرىبانۇنى ئىزدەپ جاھان كېزىشكە باشلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى



مەلىكە شۇ قاچقانچە ئادەم ئايىغى يەتمىگەن چۆل - جەزىرىگە بېرىپ قاپتۇ. غېرىبسىنىپ يىغلاپتۇ. ئاخىرى تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ، ئاۋات شەھەرلەردە ياشىسام ئۆزۈمگە دۈشمەن تېپىۋالدىم. ئەمدى مۇشۇنداق ئادەمسىز چۆلدە ياشاي، دەپ ئويلاپ، قورسىقى ئاچسا ياۋا گىياھلارنى يەپ، ئۇسسىسا يامغۇر سۈيى ئىچىپ تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

بىر شەھەرنىڭ ئادىلشاھ ئىسىملىك پادىشاھى بولۇپ، دائىم شىكار قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادىلشاھ بىر نەچچە ياساۋۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىقىپتۇ. خېلى كۆپ جاڭگال - تاغلارنى ئاشقان بولسىمۇ بىرەر نەرسە ئوۋلىيالماي ناھايىتى ئىچى پۇشۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە يولىدىن قالماي مېڭىپتۇ. مېڭىپ - مېڭىپ ئاخىرى مېھرىبانۇ ياشاۋاتقان جاڭگالغا كېلىپ قاپتۇ. ئادىلشاھ ئات ئۈستىدە كېتىۋاتسا قولىدىكى قارچىغا ئۇچۇشقا تەمشىلىپتۇ. پادىشاھ قارچىغىنى قويۇپ بەرگەن ئىكەن. قۇش ئۇچۇپ بېرىپ ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، مۇشۇ ياشقىچە كۆرۈپ باقمىغان غەلىتە سىياقتىكى بىر قىز تۇرغۇدەك. شاھ مەلىكىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپتۇ ۋە ئېسىل كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيگۈزۈپ، ياخشى تائاملار بىلەن كۈتۈپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنى قىرىق بىرىنچى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ:

— ئەي گۈزەل قىز، ماڭا ياتلىق بولۇشنى خالامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، ئۆزلىرى مېنى مۇشۇ ئادەم ئايىغى يەتمىگەن چۆل - جەزىرىدىن قۇتقۇزۇپ كېلىپ يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈردىلە، مەن سىلىنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ھەر جەھەتتىن تەييار. ئەمما مەن ئۇزۇن زامان جاڭگالدا تۇرغانلىقىم ئۈچۈن تېنىم زەئىپلىشىپ كەتتى. مەن بۇ ھالىم بىلەن سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى قىلالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا ماڭا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىلە، مەن ئەسلىمگە كېلىۋالسام، ئاندىن

نىكاھلىرىغا ئۈتسەم، — دەپتۇ. شاھ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ ۋە ئەڭ گۈزەل چارباغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قىرىق خوتۇننى مەلىكىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن ئادىلشاھ يەنە شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. مېھربانۇ شاھنىڭ باشقا خوتۇنلىرى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ چىقىپ، ياخشى سىردىشىپ ئاچا ـ سىڭىللاردەك بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى مېھربانۇ:

— ئاچىلار، پادىشاھىمىزنىڭ قول ئاستىدا قانچە شەھەر بار؟ شاھىمىزنىڭ قانچە دوستى، قانچە دۈشمىنى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھىمىزنىڭ قول ئاستىدا يەتتە شەھەر بار، دوستى ناھايىتى كۆپ، ئەمما تاغدىكى قىرىق قاراقچىلار ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، بۇ قاراقچىلار ھەر يىلى بىر قېتىم تاغدىن چىقىپ پۇقرالارنىڭ چىرايلىق قىزلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خوتۇنلاردىن بىرى. مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ بىر ئامال قىلىپ قاراقچىلارنى يوقىتىشقا بەل باغلاپتۇ ۋە خوتۇنلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قاراقچىلارغا مۇنداق دەپ خەت يېزىپتۇ:

«ئى قاراقچىلار، بىز پادىشاھنىڭ قىرىق خوتۇنى، شاھ شىكارغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرنىڭ ھۇزۇرۇڭلارغا بېرىپ بىر كېچە مېھمان بولۇپ كېلىشنى ئويلىدۇق. ئارىمىزدا شاھىمىز يېقىندا ئەمىرىگە ئالماقچى بولغان ئاي يۈزلۈك پەرىدىن بىرى بار، ئۇنى سىلەرنىڭ باشلىقىڭلارغا تەقدىم قىلىمىز، ئەگەر خالىساڭلار تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار» . قاراقچىلار بۇ خۇش خەۋەردىن ناھايىتى سۆيۈنۈپتۇ ۋە خەت ئەكەلگەن ئەلچىدىن مەلىكىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ نامە ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى مېھربانۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر كوزا مەي تەييارلاپ قاراقچىلارنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەپتۇ. قاراقچىلار مېھمانلارنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە دەرھال بەزمىنى باشلاپتۇ. سورۇندا مېھربانۇ ساقىي بولۇپ مىڭ خىل ناز ـ كەرەشمە بىلەن قاراقچىلارغا مەي تۇتۇشقا باشلاپتۇ. مەي ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، كوزىدىكى مەي تۈگىمەي تۇرۇپلا قاراقچىلار بىر ـ ئىككىدىن مەست بولۇشقا باشلاپتۇ. مېھربانۇ ھەر خىل ئاماللار بىلەن كوزىدىكى مەينىڭ ھەممىسىنى قاراقچىلارغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئېچۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىرىق قاراقچى مەستلىكتىن بىھوش بولۇپ ئۆلۈكتەك يېتىپ كېتىپتۇ. خوتۇنلار تەييارلاپ كەلگەن پىچاقلىرى بىلەن قاراقچىلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قاراقچىلارنىڭ باشلىرىنى كېسىۋېلىپ بىر ساندۇققا قاچىلاپتۇ ۋە بارلىق مال - دۇنيالىرى بىلەن قوشۇپ ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە خوتۇنلارغا:

— مەن ئەمدى بۇ شەھەردىن كەتمىسەم بولمايدۇ. پادىشاھ قايتىپ كەلگەندە ساندۇقتىكى قىرىق قاراقچىنىڭ بېشىنى تاپشۇرۇپ بەرگەيسىلەر، — دەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۆزلىرىنى تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەن خوتۇنلار ئۇنى دەرھال يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ شىكاردىن كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، خوتۇنلار يىغلىشىپ ئولتۇرغۇدەك. ئەسلىدە ئۇلار پادىشاھتىن قورقۇپ يالغاندىن يىغلىغان ئىكەن، پادىشاھ «نېمىشقا يىغلايسىلەر» دەپ سورىغان ئىكەن. خوتۇنلار بولغان ئەھۋاللارنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، «بىز شۇنداق ئەقىللىق بىر قىزنىڭ شەھىرىمىزدىن كەتكىنىگە يىغلايمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە قاراقچىلارنىڭ باشلىرى بىلەن مال - مۈلۈكلەرنى شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئەمما مەلىكىنى تېز يولغا سېلىۋەتكەنلىرىنى يوشۇرۇپتۇ. ئادىلشاھ قاراقچىلاردىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، مېھرىبانۇغا تەشەككۇر ئېيتىپتۇ ۋە بۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئاشىق - بىقارار بولۇپ، مەلىكىنىڭ كېتىپ قالغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىپ، مېھرىبانۇنى ئىزدەپ كېلىش ئۈچۈن شەھەرنى تاشلاپ دەۋرىشلەرچە جاھان كېزىشكە باشلاپتۇ.

مېھرىبانۇ خوتۇنلار بىلەن خوشلىشىپ، بۇرۇنقىدەك سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ، توپتوغرا بىر ئاي يول يۈرۈپ، باشقا بىر شەھەرگە كېلىپ ئېسىل سارايلاردىن بىرىگە ئورۇنلىشىپتۇ. بىر كۈنى مېھرىبانۇ شەھەر ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، پۈتۈن شەھەر خەلقى چىرايلىق ياسىنىپ بىر تەرەپكە ئالدىراپ كېتىۋاتقۇدەك، مېھرىبانۇ مويسىپىت بىر كىشىدىن «بۇ كىشىلەر نەگە كېتىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىغان ئىكەن. ھېلىقى كىشى:

— بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۆلۈپ كەتكىلى بىر ئاي بولدى، دۆلەت قۇشى قويۇپ بېرىلگىلى ئالتە كۈن بولغان بولسىمۇ تېخى

ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونمىدى. قائىدە بويىچە قۇش يەتتە كۈن قويۇپ بېرىلەتتى، بۈگۈنمۇ بۇ قۇش بىرەر ئادەمنىڭ بېشىغا قونمىسا پادىشاھ سايلاش كېيىنكى يىلغا قالىدۇ. شۇڭا كىشىلەر تەلىيىنى سىناش ئۈچۈن دۆلەت قۇشىنىڭ ئۆز بېشىغا قونۇشىنى تەمە قىلىپ شەھەر مەيدانىغا كېلىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مېھربانۇ بۇنى ئاڭلاپ قىزىقىپ قاپتۇ ۋە كىشىلەر توپىغا ئەگىشىپ مېڭىپ مەيداننىڭ بىر چېتىگە كېلىپ تاماشا قىلىشقا باشلاپتۇ.

كۈن چۈش بولغاندا دۆلەت قۇشى قويۇپ بېرىلىپتۇ. قۇش بىر ھازا ئۇچقاندىن كېيىن، پەسلەپ كېلىپ بىر چەتتە تۇرغان مېھربانۇنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. كىشىلەر دەرھال يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ مەلىكىنى ھۆرمەت - ئىكراملار بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ مېھربانۇ بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بولۇپتۇ ۋە شەھەرنى ئادىل سوراشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى مېھربانۇ ئوردىغا ئۇستا رەسسامدىن بىرنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئايالچە سۈرىتىنى سىزدۇرۇپتۇ. ئاندىن رەسسامغا مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى ئېيتىپ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن يولغا سېلىپتۇ. ئەتىسى مېھربانۇ رەسىمنى ئوردا ئالدىغا ئاستۇرۇپ ئىككى ياساۋۇل قويۇپتۇ ۋە: «كىمكى بۇ رەسىمنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتسە، شۇ كىشىنى دەرھال ئوردىغا ئېلىپ كىرىڭلار!» دەپ پەرمان قىپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئوردا ئالدىغا ئىككى كىشى كەپتۇ ۋە رەسىمنى كۆرۈپ ئارقا - ئارقىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ياساۋۇللار دەرھال ئۇلارنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. بۇلارنىڭ ئاۋۋال كەلگىنى ئەمەت سۆچى ئىكەن، كېيىنكىسى ئەمەت سۆچىغا ئانىسىنىڭ نامىدىن خەت يېزىپ مېھربانۇنى شۇنچە كۆپ ۋەيرانچىلىقلارغا سالغان قارا نىيەت شاھزادە ئىكەن. مېھربانۇ ئەمەت سۆچىنى چارباغقا سەيلە قىلىشقا، ھېلىقى شاھزادىنى بولسا زىنداندا يېتىشقا بۇيرۇپتۇ. ئەمما مېھربانۇ ئەرەنچە ياسىنىۋالغاچقا، ئۇلار تونۇيالماپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مېھربانۇنى دەريادىن سۈزۈۋالغان بېلىقچى ۋە ئۇنى داۋالاپ ساقايتقان تېۋىپ، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغان كېمىچى ۋە جاڭگالدىن قۇتقۇزۇپ ئەكەلگەن پادىشاھ قاتارلىق قەلەندەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىياپىتىدىكى ئاشىقلار بىر - بىرلەپ كېلىپ، ئوردا ئالدىدىكى رەسىمنى كۆرۈپ، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەت سۇچى بار چارباغقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ياخشى كۈتۈلۈپتۇ.

بىر كۈنى مېھرىبانۇ پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى يىغىپتۇ ۋە ئۆزى تەختتىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن:

— ھازىر مەن گۇناھكارلارغا ھۆكۈم ئېلان قىلىمەن، گۇناھكارلار ئېلىپ كېلىنسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ياساۋۇللار شۇ زامان مەلىكىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكەن ئالتە كىشىنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا ھازىر قىپتۇ.

مېھرىبانۇ بۇلارنىڭ گۇناھىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن:

— ئەمدى سىلەرگە قانداق جازا بەرسەم بولار؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇلار:

— بىز راستتىنلا گۇناھكار شاھىم، ھەر قانداق جازاغا لايىقمىز، — دېيىشىپتۇ. كۆڭۈللىرىدە بولسا بۇ پادىشاھنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپ ھەيران قېلىشىپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ مېھرىبانۇ، — ئۇنداق بولسا ھۆكۈمنى ئەتە ئېلان قىلىمەن، سىلەر بىر كۈن بولسىمۇ يورۇق دۇنيانى كۆرۈۋېلىڭلار!

مېھرىبانۇ بۇ ئالتەيلەننى چاھارباغقا ئاپىرىپ ياخشى كۈتۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوردا ئەھلى تارقىلىپتۇ. كەچ كىرگەندە مەلىكە يوشۇرۇن ھالدا ئەمەت سۇچىنى ھۇجرىسىغا ئەكەلدۇرۇپتۇ. ئەمەت سۇچى «ئەمدى پادىشاھنىڭ قانداق غەزىپىگە دۇچ كېلەرمەن؟» دەپ يۈرىكى پوك - پوك ئولتۇرغاندا، پادىشاھ مېھرىبانۇ كىرىپ كەپتۇ ۋە ئەمەت سۇچىغا قاراپ:

— سەن گۇناھسىز بىر قىزنى ئۆلتۈرۈپ دەرياغا تاشلىۋەتتىڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۆلۈمگە ھەقلىقسەن. ئۆلۈشتىن بۇرۇن سېنىڭ دەيدىغان قانداق گەپلىرىڭ بار؟! — دەپ سوراپتۇ.

— راست، مەن بىر قىزنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆلۈمگە رازىمەن، ئەمما ئۆز ئانامنىڭ نامىدا يېزىلغان

بىر پارچە خەت بۇنىڭغا سەۋەبچى بولغان، — دەپ خەتنى مېھرىبانۇغا كۆرسىتىپتۇ. مېھرىبانۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شۇنچە دەردلەرنى تارتىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىشنىڭ ھېلىقى بەتنىيەت شاھزادە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئەمەت سۇچىنى ئەپۇ قىپتۇ. مەلىكە ئۇستىدىكى شاھلىق لىباسىنى سېلىپ تاشلىغان ئىكەن. ئەمەت سۇچى كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قاپتۇ ۋە يۇگۇرگەن پېتى مەلىكىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلىشىپ، يىغلىشىپ - كۈلۈشۈپ كېچىنى خۇشال ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەتىسى ئەمەت سۇچىنى چاھارباغقا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى ئوردىغا كەپتۇ. بۇ چاغدا پۈتۈن ئوردا ئەھلى يىغىلىپ مەلىكىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. مەلىكە تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، گۇناھكارلارنى ئەكىرىشكە بۇيرۇق قىپتۇ. ھايال ئۆتمەي گۇناھكارلار ھازىر بوپتۇ. مەلىكە پۈتۈن خالايىق ئالدىدا ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ بولۇپ ئۇستىدىكى شاھانە تون - سەرپايلارنى سالغان ئىكەن، پۈتۈن ئوردا ئەھلى ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ، مەلىكىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولۇشۇپتۇ. ھېلىقى بەتنىيەت شاھزادىگە لەنەتلەر ئوقۇشۇپتۇ ۋە شۇ مەيداندىلا شاھزادىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى مەلىكىدىن ئۆتۈنۈپتۇ. مەلىكە شۇ يەردىلا شاھزادىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. بىلىقچى، تېۋىپ، كېمىچى، پادىشاھلارغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ يولغا ساپتۇ. ئەمەت سۇچىغا ئۆزىنىڭ شاھلىقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ. بۇ ئادىل ھۆكۈمدىن پۈتكۈل خالايىق تولىمۇ رازى بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەمەت سۇچى پادىشاھ، مەلىكە ئوڭ قول ۋەزىر بولۇپ يۇرتنى ئادىل سوراشقا باشلاپتۇ. ئەمەت سۇچى پادىشاھلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئانىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. ئاندىن مېھرىبانۇنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىگە بېرىپ چىپەر شاھ بىلەن دىدارلىشىپتۇ. چىپەر شاھ ئالەمدىن ئۆتۈپ، يەر - زېمىنلىرى ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ياشاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدىن ياقۇپ
رەتلىگۈچى: پاتىگۈل ئەخمەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرىسى



# ئالما

خېلى زامانلار بۇرۇن، تەكلىماكاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە «يۇمىلاققۇم» دېگەن بىر شەھەر بولغان ئىكەن. ئۇ يەردە يۇرتتىن مەمۇرچىلىق، ئەلدىن ئامان - ئىسەنچىلىك قاچقان، بەگزادە - ئەمەلدارلار ھەددىدىن ئاشقان، ئىشلىمەسلەر بىكار يەپ - ئىچىپ بۇزۇپ چاچقان، پۇقرالار ئاچ - ھارغىنلىق دەستىدىن غەزىپى قايناپ تاشقان ئىكەن.

شۇ چاغدا ھېلىقى شەھەرنىڭ يىراق بىر چېتىدە سايىم ئىسىملىك بىر نامرات دېھقان ياشايدىكەن. ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە باينىڭ يېرىدە ئىشلەپ، كېچىلىرى چارۋىلىرىنى باقىدىكەن، لېكىن قورسىقى تويغۇدەكمۇ غىزاغا ئېرىشەلمەيدىكەن.

ئۇ شۇ تەرىقىدە كۆن ئۆتكۈزۈپ ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن قولىدا ۋەجى بولمىغانلىقتىن، ئۆيلىنىش تەرەددۇتىنى قىلالماپتۇ، چۈنكى سايىم تۈز كۆڭۈل، سەممىي، ئىنساپلىق كىشى بولۇپ، ئۇ ساختىلىق بىلەن پۇل تېپىپ توي قىلغۇچە، بۇ دۇنيادىن بويتاق ھالىمچە ئۆتۈپ كېتىمەن، دېگەننى ئويلايدىكەن. ئۇ يازنىڭ تازا ئىسسىق بىر كۈنى ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپ ئۇسساپ قاپتۇ - دە، ئېرىق بېشىغا سۇ ئىچىشكە كەپتۇ. سۇ ئىچىۋېتىپ قارىسا، سۇدا بىر تال قىزىل ئالما ئېقىپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇ ئالمىنى سۇزۇۋېلىپ بىر چىشلەپ يېرىمىنى قويۇپتۇ. لېكىن كۆڭلىگە بىردىن: توختا! بۇ ئالما يا مېنىڭ بولمىسا، ئۇنى ئىگىسىنىڭ رازىلىقىسىز يېسەم ئۇ دۇنياغا بارغاندا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ ئەمدى ئالمىنىڭ ئىگىسىنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ ھەققىياتىنى تۆلەپ، ئۇنى رازى قىلىشىم كېرەك، دېگەن ئوي كەپتۇ ۋە ئالمىنى يوتىسىغا تۇگۈپ، ئېرىقنى بويلاپ باش تەرەپكە مېڭىپتۇ.

سايىم مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. ساي - كەنتلەرنى ئاتلاپتۇ. نامازشام بولاي دېگەندە ھېلىقى ئېرىقنىڭ ئەتراپى قويۇق مېۋىلىك باغ بىلەن ئورالغان بىر ئۆينىڭ كەينىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

سايىم ئوبدان سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن، «ھە! بۇ ئالما دېسەم - دېمىسەم مۇشۇ باغ ئىگىسىنىڭ بولۇشى چوقۇم» دەپ جەزملەپتۇ - دە، ئىشىكنى ئاستا قېقىپتۇ، ھايال بولماي ئۆيدىن ساقاللىرى خىزىرنىڭكىدەك ئاقارغان، ئىللىق چىراي بىر بوۋاي چىقىپتۇ. سايىم ئۇنىڭ بىلەن سالام - سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە بىر «ھەققىيات» ئىشى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

سايىمنىڭ سۆزىدىن: مېنىڭدە نېمە ھەققىياتى بولغىيدى بۇنىڭ؟ دەپ تەئەججۈپلەنگەن بوۋاي مېھماننى ئۆيىگە باشلاپتۇ - دە:

— قېنى ئېيتسىلا، مېنىڭدە ھەققىياتلىرى بارلىقىغا ئىسپاتلىرى بولسا مەن ھازىر ... — دەپ سۆز باشلىشىغا، سايىم سۆزنى بۆلۈپ:

— يوقسۇ! ئۇ مەن ئۆزلىرىگە تۆلەيدىغان ھەق... — دەپ بولغان ئىشنى باشتىن - ئاياغ بايان قىلىپتۇ ۋە مانا ئالمىنىڭ ھەققى ئۈچۈن پۇل، بولمىسا مەن ئۆزلىرىگە ئەبەدىي قۇل، — دەپ بىر نەچچە تەڭگىنى داستىخانغا قويۇپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

ئۆي ئىگىسى بوۋاي سايىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، «بۇ پەزىلەتتە ھاتەمدىن قېلىشمايدىغان ئاق دىل، ساپ نىيەت كىشى ئىكەن. ئانچىكى ئۆزۈم كۆرمىگەن بىر ئالمىنىڭ ھەققىنى تۆلەيمەن دەپ شۇنچە يىراق يەردىن رىيازەت چېكىپ كېلىپ، بىرىنچىدىن خۇدانىڭ غەزىپىدىن، ئىككىنچىدىن سىلىنىڭ ھەققىياتلىرىدىن قورقتۇم دەيدۇ. بۇ كىشىنىڭ دىل ئەسرارىنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرەي، ئەگەر دېگەن يەردىن چىقسا ئۇنىڭ بىلەن تۇغقان بولۇشنىڭ يولىنى تۇتاي» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە سايىمغا قاراپ:

— ئەي ياخشى كىشى، سىز بۇ ئالمىنى ئىگىسىدىن ئىجازەت ئالمايلا يەپسىز، مەن بۇنىڭدىن ئۆتمەيمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سايىم قاتتىق غەمگە چۆكۈپ ئازابلىنىپتۇ. ئۇ بوۋايغا يېلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇرۇپ:
— بۇ گۇناھىم ئۇچۇن ئۆمۈر بويى ئۆزلىرىگە قۇل بولاي، ئاخىرەتكە قەرز بىلەن كەتمەي، —دەپ يىلىنىپتۇ.
— بىر شەرتىم بار، شۇنى ئورۇندىسىڭىز ئالمىنىڭ ھەققىدىن ئۆتىمەن — دەپتۇ بوۋاي.
— جېنىم بىلەن، — دەپتۇ سايىم.
— مېنىڭ بىر قىزىم بار، بىرىنچىدىن قولىقى پاڭ، ئىككىنچىدىن قارىغۇ، ئۈچىنچىدىن گاچا، تۆتىنچىدىن قولى تۇتمايدۇ، بەشىنچىدىن پۇتى باسمايدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ ئەيىبلىرى تۈپەيلىدىن ھېچ يەردىن ئەلچى كەلمىدى. شۇڭا مۇشۇ قىزىمنى نىكاھىڭىزغا ئېلىپ مېنى تەڭلىكتىن چىقىرىڭ، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى.
سايىم «قانداق قىلاي، ئىشلەپ ئۆزۈمنىڭ قورسىقىمنى باقالمايدىغان ئادەممەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ ناكا قىزنى قانداق باقىمەن» دەپ ئۇنىڭ كۆزى نەمگە، كۆڭلى غەمگە تولۇپتۇ. ئەمما، كىشى ھەققىنى يەپ ئۆزۈمنى ناپاك قىلماي دېگەن نىيەت غالىب كېلىپ بوۋايغا:
— ئالمىنىڭ ھەققىدىن كەچسىلە، قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلاي، —دەپتۇ.
نائىلاج توي بولۇپتۇ. قولۇم - قوشنا، مەھەللە - جامائەت داغدۇغا بىلەن قىزنى كۆچۈرۈپ كەپتۇ. لېكىن، سايىمنىڭ كۆڭلى «ناكا قىز بىلەن توي قىلدىم» دەپ ھەمىشە پەرىشان ئىكەن.
ئاز ئۆتمەي يەڭگىلەر قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپتۇ. سايىم ۋە باشقا مېھمانلار قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئەقلى - ھوشىدىن ئازغۇدەك بولۇپتۇ. چۈنكى قىز دادىسى ئېيتقاندەك قارىغۇ، گاس، گاچا، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولماستىن، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى لال بولغۇدەك گۈزەل ئىكەن.
سايىم قىزنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەم - غۇسسىدىن

خالاس بولغان بولسىمۇ، بىردىن چىرايى تۇتۇلۇپ، قىزنىڭ قېشىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

مېھمانلارمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ساراسىمىگە چۈشۈپ «بۇ نېمە گەپ ئۆزى» دېيىشىپ سايىمدىن سوراپتۇ. ئۇ دەپتۇ:

— ۋەدە بويىچە مەن ئالماقچى بولغان قىزنىڭ بەش ئەزاسى مېيىپ ئىدى، قېيناتام ماڭا باشقا قىزنى قوشۇپ بېرىپتۇ. مەن يالغانچىنىڭ قىزىنى ئالمايمەن، ئۇنى ئېلىپ كەتسۇن، — دەپ شۇئان قىز ئىگىسىگە ئەلچى يوللاپتۇ.

بارغانلاردىن مۇددىئاسىنى ئۇققان بوۋاي سايىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كۇيئوغلىغا ئۆزرە بىلەن مۇنۇلارنى دەپتۇ:

— مېنىڭ قىزىمنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمايدۇ دېگىنىم، غەيۋەت - شىكايەت ئاڭلىمايدۇ دېگىنىم، كۆزى كۆرمەيدۇ دېگىنىم، غەيرىيگە كۆز سېلىپ نامەھرەم ئىشلارنى قىلمايدۇ دېگىنىم، تىلى گاچا دېگىنىم، كىشىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلمايدۇ دېگىنىم، قولى تۇتمايدۇ دېگىنىم، كىشىنىڭ ھەققىگە قول سۇنمايدۇ دېگىنىم؛ پۇتى باسمايدۇ دېگىنىم، يامان يولغا يۈرمەيدۇ دېگىنىم ...، دەپ قىزىنىڭ سۈپەتلىرىنى بىرمۇ بىر تەرىپلەپتۇ.

سايىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ قىز بىلەن بىر ئۆيدە بولۇشقا چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپتۇ ۋە بۇ ھالال جۈپ بىلەن ئۆمۈرۋايەت بەختلىك بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەيسا ھەسەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئېگەرچى

بۇرۇندىنمۇ بۇرۇندا، يا بۆلەك جايدا ياكى مۇشۇ جايدا، تەكلىماكاننىڭ بېشىدا، ھېلىم ئاتامنىڭ [1] يېنىدا، ئىلچىنىڭ سەل قېشىدا بىر مەھەللە بولۇپتىكەن. بۇ مەھەللىنىڭ قوينى باغ، مېۋىلىرى ياغ، سۈيى تاتلىق، ئادەملىرى پىيادە، گاھىسى ئاتلىق ئىكەن.

شۇ ئادەملەر ئارىسىدا داۋۇت ئاخۇن ئىسىملىك 80 ياشقا كىرگەن بىر ئېگەرچى ئۇستام بولۇپ، ئۇ ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن، داڭقى نە ـ نەلىگە كەتكەن كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنىدىن توققۇز، كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنتى بار ئىكەن.

ئېگەرچى بوۋاي 10 ئوغلىغا تەڭ كۆز بىلەن، خوتۇنلىرىغا بولسا كەڭ كۆز بىلەن قاراپ، بالىلىرىنى غەشلىككە، خوتۇنلىرىنى كۈنداشلىققا قويماي تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. شۇغىنىسى چوڭ خوتۇنىدىن بولغان توققۇز ئوغلى ھۇرۇن، تېرىككەك، يېگىلى ئامراق، ئىش دېسە بېشى ئاغرىيدىغان زېرىككەك؛ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان كەنجى ئوغۇل زېرەك ھەم ئىشچان، كۆڭلى تۈز، ئوچۇق يۈز بولۇپ ئۆسكەن ئىكەن.

شۇڭا، بوۋاي 10 ئوغلىغا ھۈنىرىنى تەڭ ئۆگىتىپ، ھالال ياشاپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، توققۇز چوڭ ئوغلى ئېگەرچىلىك ھۈنىرىگە بوش قىزىقىدىكەن، ھېلى قىلغان ئىشتىن ھېلى ئېزىقىدىكەن، باشقىلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرگىنىگە چىدىماي كۆز قىزارتىدىكەن، تەييارتاپ مىجەز بىلەن

---

[1] ھېلىم ئاتام — خوتەن شەھىرى ئەتراپىدىكى قەدىمىي مازارلارنىڭ بىرى.

باشقىلارنىڭ ھالال رىزقىغا قول ئۇزارتىدىكەن.

ئەمما، كىچىك ئوغۇل دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىس، ھۈنەرگە ـ ھالاللىققا ھېرىس ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا دادىسى بۇ بالىغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر كېتىپتۇ. داۋۇت ئاخۇن ئېگەرچى قېرىپتۇ. ئۆمۈر ئېتى ھېرىپتۇ...

بوۋاي ئۆلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى چوڭ خوتۇن بىلەن ئۇنىڭ توققۇز بالىسى ئۆي ـ بىساتلىرىنى پوكىنىغا بېسىپ، كىچىك خوتۇن بىلەن كەنجى ئوغلىنى ھەر تەرەپتىن قىسىپ خارلاپتۇ، كۆپ ئۆتمەي بۆلەك ئۆي ئايرىپ بىر كاتەككە پالاپتۇ.

چوڭ خوتۇن ۋە توققۇز ئوغۇل ئوتچە قالغاندىن كېيىن، ئىش قىلماي يېتىپ يەپ، يەر ـ زېمىنلىرىنى ئالغىنىغا سېتىپ يەپ، يىلغا قالماي ئۆزى ئاق يەردە، پەللىكى داق يەردە قاپتۇ.

كىچىك ئوغۇل ئاتىسىدىن ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەن ئېگەرچىلىك ھۈنىرىگە تايىنىپ جان بېقىپتۇ. توققۇز ھۆرۈن ھەپتىسىگە ئاران بىر دانە ئېگەر ياسىسا، ئۇ يالغۇز ئۆزى توققۇز ئېگەر ياساپتۇ، شۇڭا ئىش كۈندىن ـ كۈنگە ئېقىش تېپىپ تۇرمۇشى تەدرىجىي ياخشىلىنىپتۇ. كىچىك ئوغۇلنىڭ توققۇز ئېگىرى بازاردىن ئېشىپ قالماپتۇ. ئەمما، چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ قول ئۇچىدىلا ياسىغان بىر تالدىن ئېگىرىنى ھېچكىم ئالماپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان توققۇز ھۆرۈن بار يامانلىقنى ئىنىسىدىن كۆرۈپ، نېمە قىلىش ھەققىدە يوشۇرۇن مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. خۇدايىمدىن ئۆزلىرىگە ئامەت، ئىنىسىگە پالاكەت تىلىشىپتۇ. ئاخىرى بولماي يامان نىيەت بىلەن چىشلىرىنى بىلىشىپتۇ. ئەتە بازار دېگەن كۈنى تۈن نىسپىي بىلەن ئىنىسى ياتقان ھويلىغا ئوغرىلىقچە كىرىپتۇ، تام تۈۋىگە قاتار تىزىپ قويۇلغان بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق توققۇز ئېگەرنى بىر يەرگە يىغىپ ئوت يېقىپتۇ، «ئەمدى بىز ئېگىرىمىزنى ساتالايمىز» دەپ ئويلاپ خۇشلۇقتىن شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ.

ئەتىسى ئىنىسى قارىغۇدەك بولسا ئېگەرلىرى يوقمىش. «بۇنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىلغان چوقۇم ئاكىلىرىم» دەپ گۇمانلانغان بولسىمۇ، لېۋىنى چىشلەپ گەپ - سۆز قىلماپتۇ. ئىگەرلەرنىڭ كۆيگەن كۆمۈرىنى تاغارغا قاچىلاپ، ئېشەككە ئارتىپ، ئۈستىدىن ئارغامچە بىلەن چىڭ تارتىپ، بازارغا راۋان بولۇپتۇ.

شۇ شەھەردە پۇل دېسە ئىسمىلەكلەيدىغان، بىر پۇلنى «ئانام»، يەنە بىر پۇلنى «دادام» دەيدىغان ئاچ كۆز بىر باي بار ئىكەن. كەنجى ئوغۇل ئاشۇ باينىڭ ئىشىك ئالدىغا كەپتۇ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ «كۆرسە كۆمۈر، كۆرمىسە ئالتۇن، ئەرزان ساتىمەن، نەق ساتىمەن، پۇلغا ئامراقلار بۇنى دەرھال سېتىۋالسۇن!» دەپ توۋلاپتۇ.

كەم ئەقىل، ئاچ كۆز باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆيىدىن سىرتىغا چىققۇچە نەچچە يىقىلىپ - قوپۇپ، «سۇبھانالللا» نى تالاي قېتىم ئوقۇپ، كەنجى ئوغۇلنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، ئاستا پىچىرلاپ سوراپتۇ:

— تاغىرىڭدىكى نېمە؟

— دېمىدىمغۇ، كۆرسە كۆمۈر، كۆرمىسە ئالتۇن، بۇ تاغارغا قاچىلانغىنى ئەسلىي ئوتۇن، ھازىر كۆمۈردەك كۆرۈنىدۇ، ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاغزىنى ئاچساڭ بۇ كۆمۈر ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ. ئالاي دېسەڭ ساڭا مىڭ تىللاغا ساتىمەن، بولمىسا ئېشىكىمنى ھەيدەپ قايتىمەن، — دەپتۇ بالا.

بۇ گەپ كالتە يەم باينى قىزىقتۇرۇپتۇ، «ئالتۇن» ۋەسۋەسىسى ئۇنى ئەقلىدىن يەنىمۇ ئازدۇرۇپتۇ. «باشقا بىر كىم ئېلىۋالمىغىدى» دەپ ئەنسىرەپ تۆت تامغا بېقىپتۇ، ئاندىن كەنجى ئوغۇلنى ئىززەتلەپ دولىسىغا قېقىپتۇ. ھەر قانچە پىخسىق، ئاچ كۆز بولسىمۇ بىر تاغار «ئالتۇن» نىڭ ئالدىدا مىڭ تىللا ھېچ نېمە كۆرۈنمەپتۇ، شۇڭا باھاسىنى تالاشماي دېگىنىگە ئېلىپتۇ، كۆمۈر بايغا قېلىپتۇ، مىڭ تىللانى كەنجى ئوغۇل يانچۇقىغا سېلىپتۇ، مال بازىرىدىن يارام ئىككى قېچىر سېتىۋاپتۇ. ئاشلىق بازىرىدىن ئىككى تاغار بۇغداي، گۆش

بازىرىدىن بىر سان گۆش ئاپتۇ. سودىلىقى تۈگىگەندىن كېيىن ناخشىسىنى دوك قويۇرۇپ مەھەللىسىگە قايتىپتۇ.

چوڭ خوتۇنىدىن بولغان توققۇز ئوغۇل قارىغۇدەك بولسا، ئىنىسى ئىككى قېچىرغا مال يۈكلەپ، ناخشىسىنى بولۇشىغا ئوقۇپ كېلىۋاتقۇدەك، بۇ ھالدىن گاڭگىرىغان پېتى بىر - بىرىگە كۆز قىسىپتۇ، ھەيرانلىقنى مىڭ تەسلىكتە بېسىپتۇ. ئارىدىن بىرى، ئارقىسىدىن ھەممىسى چىقىپ يولنى توسۇپتۇ، يالغاندىن ئەھۋال سوراپتۇ ۋە بۇنچە نەرسىنى نەدىن تاپتىڭ؟ دەپ قىستاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بولغان ئەھۋالنى، قىلغان ئامالنى، تاپقان پۇل - مالنى ئاكىلىرىغا جايى - جايى بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ. ئۇلار ئۆيىگە چىقىپ بىر ھەپتىدىن بۇيان ياسىغان توققۇز ئېگىرنى يىغىپ ئوت قويۇپتۇ، كۆيۈپ لاخشى بولغاندا ئۈستىگە بىر قانچە ماتال سۇ قۇيۇپتۇ، چوغ كۆمۈرگە ئايلىنىپتۇ، كۆمۈر تاغارغا جايلىنىپتۇ. توققۇز ھۆرۈن بازارغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بازارنى چۆرگىلەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ ھالىدىن كېتىپتۇ. بىر چاغدا قەدىمى ھېلىقى كۆمۈرنى «ئالتۇن» دەپ سېتىۋالغان كەم ئەقىل، ئاچ كۆز باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپتۇ.

بۇ چاغدا باي ئالدانغانلىقىدىن غەمگە چۆكۈپ، مىڭ تىللانىڭ دەردىگە تىنماي ياش تۆكۈپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك پىرقىراپ، پىچاق تەگكەن توپاقتەك باقىراپ يۈرگەن ئىكەن. «كۆرسە كۆمۈر، كۆرمىسە ئالتۇن، ئەرزان ساتىمەن، نەق ساتىمەن» دەپ ۋارقىراشقان ئاۋازنى ئاڭلىغان باي ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، بۇلارنى ئۇرۇپ - سۆرەپ قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. قازى ئەھۋالنى ئۇقۇپ، توققۇز ئوغۇلنى قىرىقتىن دەررە ئۇرغۇزۇپتۇ. ئاندىن يانچۇقلىرىنى ئوڭ - تەتۈر قىلىپ بار - يوقىنى بايغا تاپشۇرتۇپتۇ. ھەتتا مىنىپ بارغان ئېشەكلەرنىمۇ ئېلىۋاپتۇ.

تاياق دەستىدىن ئۈستىخانلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، مال -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىساتىدىن ئايرىلغانلىقى ئىچ پۇشۇقىدا مەست ـ ئەلەستەك بولۇپ قالغان توققۇز ئوغۇل دەرد ـ ئەلەمگە پايلىماي، قىلمۇاتقان ئىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىنىمۇ ئويلىماي مەھەللىسىگە چىقىپتۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنى ئىزدەپ ئۇيان ـ بۇيانغا بېقىپتۇ. ئۇنى تاپالماي جىلە بولغىنىدىن كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىنتىقامىنى كەنجى ئوغۇلنىڭ ئانىسىدىن ئاپتۇ، بىچارىنىڭ گېلىنى غىققىدە سىقىپتۇ.

بىر چاغدا كەنجى ئوغۇل تۆگمەندىن قايتىپ كېلىپ ئۆيگە كىرگۈدەك بولسا، ئانىسى ئۆلۈك ياتقۇدەك. ئوغۇلنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ. بۇ ئىشنى ئاكىلىرىنىڭ قىلغىنىنى بىلىپ، چىشلىرى گەز ـ گەز بولۇپ مۇشتلىرى تۈگۈلۈپتۇ. لېكىن «قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر» قىلىپ ئاچچىقىدىن يېنىپتۇ، بىر هازا ئويلىغاندىن كېيىن، ئەپچىل بىرچارە ئويلاپ تېپىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەرھۇمنىڭ ئۇستىۋېشىنى يەڭگۈشلەپ، بىر ئۇرۇچ پاختىنى ياغاچقا پەلكۈشلەپ، پەلكۈشنى ئوسمىغا مىلەپ ئانىسىغا كېلىشتۈرۈپ پەرداز قىلىپتۇ، ئاندىن قېچىرغا ئاۋايلاپ مىندۈرۈپ، يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قولتۇقىنى ئىككى ئاچىغا ئېيىلدۇرۇپ، سەھرا تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

بۇ سەھرادا ناھايىتى پىخسىق، گەپلىرى سېسىق، كۆزلىرى قىسىق، ئاچچىقى يامان بىر باي ئالتە مولۇق يەرگە خامان ياساپ بولە يېيىپ تۇرىدىكەن. كەنجى ئوغۇل ئانىسىنى مىندۈرگەن قېچىرنى باينىڭ خامىنىغا ھەيدەپ قويۇپتۇ. ئۆزى بولسا سەل يىراقتىكى بىر كالتە تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تەرەتكە ئولتۇرۇپتۇ. قېچىر چەشلەنگەن بۇغدايىنى كومۇلدىتىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. پىخسىق باي بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىل سالغىنىچە يۈگۈرۈپتۇ ۋە قولىدىكى تۆمۈر ئارا بىلەن قېچىر ئۇستىدىكى مەرھۇمنى بىر نەچچىنى ئۇرۇپتۇ. مەرھۇم يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

شۇ چاغدا كەنجى ئوغۇل كالتە تامنىڭ ئارقىسىدىن تامبىلىنى يۆلىگەن پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئانىسىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ

«ۋاي ئانام» دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

باي نىيمە قىلارىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. كەنجى ئوغۇل «ئانامنى تۆلە!» دەپ باينىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ، خۇن دەۋاسى قىلىمەن دەپ قازى قېشىغا سۆرەپ، بولۇشىچە داۋراڭ سايپتۇ.

باي كەنجى ئوغۇلغا بىر ھازا يالۋۇرۇپتۇ، ئاندىن ئىككىسى سۆزلىشىپ، باينى قازىنىڭ قېشىغا سۆرىمەيدىغان، كەنجى ئوغۇلمۇ ئۇ ئىشنى بىر كىمگە دېمەيدىغان، باي يىگىرمە تاغار بۇغداي، يىگىرمە ئېشەك، ئىككى مىڭ تىللا نەق پۇل بېرىدىغان، جەسەتنى كەنجى ئوغۇل ئاستىلا ئاپىرىپ كۆمىدىغانغا كېلىشىپتۇ.

ئەتىسى توققۇز ئوغۇل قارىغۇدەك بولسا، كەنجى ئوغۇلنىڭ ھويلىسى ئاش بىلەن ئېشەككە، يانچۇقى پۇل - پۇچەككە تولۇپ كەتكەنمىش، ئۇلار كەنجى ئوغۇلنىڭ ھويلىسىغا كەپتۇ. «ئەسسالام ئىنىم، بۇنچە مال - دۇنيانى نەدىن تاپتىڭ؟» دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل چاندۇرماي كۆرۈشۈپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— كېچىدىن ئۆيگە ئوغرى كىرىپتىكەن، ئانام رەھمەتتى تۇيۇپ قېلىپ جەڭلىشىپتۇ، ئايالىقىغا باقماي ئېلىشىپتۇ، بەللىشىپتۇ. ئوغرى ئانامنىڭ گېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. تۈگمەندىن كەلسەم بىچارە ئانام ئۆلۈك پېتى يېتىپتۇ. ئانامنى قېچىرغا ئارتىپ، ئارغامچە بىلەن چىگىپ مەھكەم تارتىپ بازارغا باردىم ... ئانا گۆشى ئالامدۇ؟ دەپ ۋارقىرىدىم، نەق پۇلى بارلار تىللاغا، پۇلى يوقلار ئېشەك ۋە ئاش - تاغارلارغا تالىشىپ سېتىۋالدى. بۇ مال - دۇنيا «ئانا گۆشى» ساتقان پۇلغا كەلگەن.

توققۇز ئوغۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىشىنىپتۇ، ئەخمەقلىقىدىن يالغاننى راست دەپ چۈشىنىپتۇ. تۈزۈك بىر مەسلىھەت قىلىشا - قىلىشالمايلا ئۆيگە بېرىپ ئانىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇلنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، ئانىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ئېشەككە تېڭىپ، سەھەرلا مېڭىپ بازارغا بېرىپ، «ئانا گۆشى ساتىمىز» دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپتۇ. ئۇنلىرى پۈتۈپتۇ، دەرمانى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



كېتىپتۇ، ۋاقىت كەچ پېشىندىن ئۆتۈپتۇ. ئەمما ھېچكىم «ئانا گۆشى» سېتىۋالماپتۇ. ئەكسىچە، بولارنى «ساراڭ» ئىكەن دەپ چوڭ - كىچىك، ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى مەسخىرە قىلىپتۇ. چالما - كېسەك ئېتىپ، لاي چىچىپ بازاردىن قوغلىۋېتىپتۇ.

توققۇز ئوغۇل دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي غالجىرلىشىپتۇ. كەچتە مەھەللىسىگە كېلىپلا ئىنىسىنى تۇتۇپ، تاغارغا سولاپ، ئېشەككە ئارتىپ دەرياغا تاشلىۋەتمەك ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ماڭا - ماڭا بىر يەرگە بارغاندا ماغدۇرى قۇرۇپ، راسا ھارغاندا ئېشەكنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى سەل يىراقتىكى ئېرىق بويىغا بېرىپ قاتتىق - قۇرۇق نانلىرىنى ئېرىقتىكى لاي سۇغا چۆمۈرۈپ يېگىلى تۇرۇپتۇ.

كەنجى ئوغۇل تاغارنىڭ ئىچىدە ياكى ياتالماي، يا قوپالماي قىينىلىپ، تەقدىرگە تەۋەككۈل قىلىپ ياتقۇدەك بولسا يېقىنلا بىر يەردىن قويلارنىڭ مەرەشكەن، ئىككى ئادەمنىڭ گەپلەشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ھايال ئۆتمەي بۇ ئاۋازلار ئېشەكنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپتۇ.

— كىمنىڭ ئېشىكىدۇ بۇ، ئۈستىدە يۈكمۇ بار ئىكەن، — دەپتۇ بىرى.

— خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ - دە، ھەيدە ئېشەكنى، — دەپتۇ يەنە بىرى.

ئۇلارنىڭ سۆز - پارىڭىدىن تاغار ئىچىدىكى كەنجى ئوغۇل شۇنى پەم قىلىپتۇكى، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى باي، يەنە بىرى قويچى مالاي ئىكەن. كەنجى ئوغۇل بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كاللىسىغا بىر ئەقىل كېپتۇ، پۇرسەتنىڭ بارىدا بىر دەمبەس قىلىپ باقماقچى بولۇپ يۆتىلىپ «ئەھە - ئەھە...» دەپتۇ.

يۆتەل ئاۋازىدىن چۆچۈگەن باي:

— كىم سەن؟ تاغارنىڭ ئىچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ توۋلاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل «كىم بولاتتىم، ھاكىم بولمايمەن دەپ مەنسەپتىن قېچىپ تاغارغا كىرىۋالغان ئادەممەن!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي: «شۈكۈر، ئۇزاقتىن بېرى مەنسەپ تەمە قىلىپ ئاللاغا قىلغان يىغا - زارەم ئىشقا ئاشىدىغان چاغ كەپتۇ...» دەپ تاغارنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپتۇ، كەنجى ئوغۇلنى تاغاردىن چىقىرىپتۇ.

— سۆزلە، دەپتۇ باي، — كىم سېنى ھاكىم بول دەپ قىستىدى؟ تاغارغا كىم سولىدى؟ قانداق قىلىپ ھاكىم بولغۇلۇق؟

كەنجى ئوغۇل:

— تۈنۈگۈن ئۆيدە ئولتۇرسام بىر توپ ياساۋۇللار كېلىپ سىزنى شەھەرنىڭ ھاكىمى قىلماقچى، مەيگە چىقىڭ دەپ كەپتۇ، مەن «تىنچقىنا تىرىكچىلىكىمنى قىلاي، مەنسەپ تۇتۇشنى بىلمەيمەن» دەپ بىر كۈن يالۋۇردۇم. ئۇلار: «پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى» دەپ زادى كۆنمىدى، ئاخىرى تاغارغا سولاپ ئېلىپ ماڭدى. ياساۋۇللار مۇشۇ يېقىندا ئارام ئېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

باي ناھايىتى مەنسەپپەرەس، تەمەخور ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بېرى بىرەر مەنسەپنىڭ چوققىسىغا مىنگۈسى بولسىمۇ، ھېچ يولىنى قىلالماي يۈرۈپتىكەن. كەنجى ئوغۇلنىڭ سۆزى ئۇنىڭ مەنسەپ تەمەسىنى، ئارزۇ - تەقەززاسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپتۇ. شۇڭا:

— ئەي ئەخمەق، مانا، ئالدىڭدا تۇرغان ئىككى يۈز قوي، ئەنە مالچى، مەن ھاكىم بولۇشقا رازى، ئىككىمىز مالنى مەنسەپكە، مەنسەپنى مالغا تېگىشەيلى، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بىلەن مالچى ھېلىقى باينى ئەپلەپ، ئۇنى تاغارغا كەپلەپ، ئاغزىنى چىگىپ، ئېشەككە بۇرۇنقىدەك ئارتىپ قويۇپ، مالنى ھەيدەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

قويچى مالاي مەنسەپپەرەس، ئاچ كۆز بايدىن قۇتۇلغىنىغا، كەنجى ئوغۇل 200 قويلۇق بولغىنىغا خۇش بولۇپ، خوشلىشىپ ئايرىلىپتۇ.

ئەتىسى توققۇز ئوغۇل ئورنىدىن ۋاقچى تۇرۇپ، كەنجى ئوغۇلدىن قۇتۇلدۇق دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تالاغا چىققۇدەك بولسا، ئەتراپنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر پادا قوي لىق ئاپتۇ. كەنجى ئوغۇلنى يەنىلا هايات هالىتىدە كۆرۈپ «ئاللا توۋا» دەپ داد ساپتۇ.

— ئۆلمىدىڭمۇ، بۇ قويلارنى نەدىن هەيدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىلىرى.

— ياق، ئۆلمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەنجى ئوغۇل، — بۇ قويلارنى سىلە مېنى تاشلىۋەتكەن دەريانىڭ تېگىدىكى يايلاقتىن هەيدەپ كەلدىم.

— ئاران مۇشۇ قويلارلا بارمىكەن؟ ياكى...

ئاكىلىرىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، بەتنىيەتلىكىنى تۇيغان كەنجى ئوغۇل كۆڭلىگە بىر پىلاننى تۈزۈپ، چاندۇرماي مۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي ئاكىلىرىم، ئۇ يەردە پادا - پادا قويلار، قوتان - قوتان ئۇيلار، ئىشقىلىپ هەممە نېمە بار ئىكەن، مەن ئۆزۈمگە تۇشلۇق هەيدەپ كەلدىم. قالغانلىرى بىزنىمۇ يورۇق ئالەمگە هەيدىگەچ كەت، دەپ مەرىشىپ، هۆركىرىشىپ قالدى...

— جېنىم ئۇكام، — دەپتۇ ئۇلار، — بىزگە شۇ يەرنى كۆرسىتىپ قويغان بولساڭ، سېنىڭ سايەڭدە بىزمۇ مال - چارۋىلىق بوپقالغان بولساق...

— ماقۇل، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، — يۈرۈڭلار مەن سىلەرگە قوي بار يەرنى كۆرسىتىپ قوياي.

توققۇز ئوغۇل كەنجى ئوغۇلغا ئەگىشىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر چاغدا دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە بېرىپ، ئېگىزدىن تۆۋەنگە بېقىپتۇ. ئۇلار كۆرۈپتۇكى، سۇنىڭ ئاستىدا بىر تالاي قوي - قوزىلار مەرىشىپ تۇرغۇدەك، بۇ ئەسلى كەنجى ئوغۇل هەيدەپ كەلگەن قويلارنىڭ سۇدىكى سايىسى ئىكەن.

— ئەنە، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، — قويلار مۇشۇ يەردە.

توققۇز ئوغۇل بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ، بۇرۇنراق سۇغا چۈشۈپ كۆپرەك قوي هەيدەپ چىقىشنىڭ غېمىدە ئارقا - ئارقىدىن دەرياغا سەكرەپتۇ - دە، سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇل خاتىرجەم هالدا مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ئېگەرچىلىك هۈنىرىنى يېڭىۋاشتىن قولىغا ئېلىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ، ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىپتۇ. «ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلۇر»، «كىشىگە كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپتۇ» دېگەن سۆز ئەنە شۇ زاماندىن قالغان ئىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خوتەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىندىكى «ئېگەرچى» ① دېگەن كەنت كەنجى ئوغۇلنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ئاۋۇتىغا كەلتۈرگەن جاي بولۇپ، ئېگەرچىلىك هۈنىرى بۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغانمىش.

رەتلىگۈچى: خېلىل جېلىل

① «ئېگەرچى» — خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق كەنت، ھېلىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۇچار گىلەم

قەدىمكى زاماندا ئۇدۇننىڭ «ئاقسىپىل شەھىرى» دە بىر خاقان بولۇپ، ئۇنىڭ شەمشىقەمەر ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. قىز شاھمات ئويناشقا ئىنتايىن ماھىر ئىكەن. بىر كۈنى شاھ: «كىمكى شاھماتتا قىزىمنى يېڭەلىسە شۇ كىشىنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىمەن ھەم شاھلىقىمنى بېرىمەن. ئەگەر كىمكى ئۇتتۇرۇپ قويسا بېشىنى ئالىمەن» دەپ بىر جاكارنامە چىقىرىپتۇ. نۇرغۇن يىگىتلەر كېلىپ، شەمشىقەمەر بىلەن شاھمات ئوينىغان بولسىمۇ ھېچ بىرى ئۇنى يېڭەلمەپتۇ، ئۇلارنىڭ بېشى كېسىلىپ، كېسىلگەن باشلار ئوردا ئالدىدىكى دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يۇرتتا شاھمات بىلىدىغان ياش يىگىتلەر تۈگەپ كېتىپتۇ. قوشنا ئەلدە بىر نامرات يىگىت بولۇپ، ئىسمى تاھىر ئىكەن. ئۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يۈرىكى ئويناپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇ شەمشىقەمەر بىلەن بىر توي مەرىكىسىدە يانمۇ يان ئولتۇرغۇدەك. شۇندىن تارتىپ ئۇ خان قىزىغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ يۈرىكى پىژىلداشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى چۈشىدە بىر ئاپئاق ساقال بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم! سەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ يەردە سەن بەختكە يولۇقىسەن، — دەپتۇ. ئۇ ئويغىنىپ شەمشىقەمەر بىلەن شاھمات ئوينىماقچى بولغانلىقىنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ بارمىغىن دەپ نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىماستىن، سەپەر ھازىرلىقى قىلىشقا باشلاپتۇ. سەپەرگە چىقىپ بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ بىر سەگۇ تېرەكنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ، شۇ يەردە ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. چۈشىدە ھېلىقى بوۋاينى يەنە كۆرۈپتۇ. بوۋاي: «ئالدىڭدىكى تاغدا ئىككى پەرىزات ئاتىسىدىن قالغان مىراسلارنى ئۈلىشىپ بولالماي جېدەللىشىۋاتىدۇ،

سەن بېرىپ ئۇلارغا مىراسلارنى بۆلۈپ بېرىپ ئايرىۋەتكىن» دەپلا كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. تاھىر ئويغىنىپ بىر قانچە قەدەم مېڭىپلا ھېلىقى جېدەللىشىۋاتقان پەرىزاتقا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار تاھىرنى كۆرۈپ گېپىنى توختىتىپ: «سىز كىم بولىسىز؟» دەپ سوراپتۇ. تاھىر:

— مەن بىر يوقسۇل، بۇ يەرگە كېلىشىمنىڭ ۋەجى سىلەرنىڭ نېمە سەۋەبتىن جېدەللىشىۋاتقانلىقىڭلارنى ئۇقۇپ، سىلەرنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قىزلار:

— ئاتىمىزدىن بىزگە ئۈچ خىل نەرسە مىراس قالغان. بىرى قالپاق، بىرى ھاسا، بىرى گىلەم، مۇشۇ ئۈچ نەرسىنى ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىمىز قانائەتلەنگۈدەك بۆلۈشەلمەي جاڭجال قىلىشىۋاتىمىز، — دەپتۇ. تاھىر:

— بۇنى تالاشقۇچىلىك نېمىسى بار، — دەپتىكەن، قىزلار:

— ياق بۇلار ئادەتتىكى نەرسىلەر ئەمەس. قالپاقنى كىمىكى كىيىۋالسا، ئۇ ئەل كۆزىدىن غايىب بولىدۇ. بۇ ھاسىنى كىم قولىغا ئېلىپ، نېمە يېگۈسى كەلسە دېسە دەرھال پەيدا بولىدۇ. گىلەمگە كىم ئولتۇرسا قاناتسىز ئۇچالايدۇ، — دەپتۇ. تاھىر:

— بۇ نەرسىلەرنى بۆلمەك ئۇنچە تەس ئەمەس، مەن سىزلەرگە بۆلۈپ بېرەي، مەن مۇشۇ تاشنى ئاتىمەن، كىم تېز يۈگۈرۈپ بېرىپ شۇ تاشنى ئەكىلىپ بەرسە، قالپاق بىلەن ھاسىنى ئالىدۇ، كېيىن قالغىنى گىلەمنى ئالىدۇ، —دەپتۇ. پەرىزاتلار ماقۇل بوپتۇ. تاھىر يەردىن بىر تال تاشنى ئېلىپ، پۈتۈن كۈچىنى ئوڭ قولىغا يىغىپ، تاشنى تازا نېرىغا ئېتىپتۇ. ئىككى پەرىزات تاش كەتكەن يەرگە يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. تاھىر قالپاقنى كىيىپ، ھاسىنى قولىغا ئېلىپ، گىلەمگە ئولتۇرۇپ شەمشەقەمەرنىڭ شەھىرىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. گىلەم يەردىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ ۋە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە شەمشەقەمەر تۇرغان شەھەرگە بېرىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئوردىغا چۈشۈپلا خانغا ئۇنىڭ قىزى بىلەن شاھمات ئويناپ يىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خان ماقۇل بوپتۇ. تاھىر قىز بىلەن شاھمات ئويناشقا باشلاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ بىر يىلغىچە شاھمات ئويناپ بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شەمشىقەمەر بۇ نامرات يىگىتنىڭ بىر يىلغىچە شاھمات ئويناپمۇ تاماق يېگىننىنى كۆرمىگەچكە، بۇنىڭدا بىر گەپ بار دەپ ئويلاپ، قالپاق بىلەن ھاسىدا خىسلەت بارلىقىنى قىياس قىلىپتۇ.

ئۇ پۇرسەت تېپىپ تاھىرنىڭ بۇ ئىككى خىسلەتلىك نەرسىسىنى ئوغرىلىۋېلىپ، تاھىرنى قوغلاپ چىقىرىشنى ئويلاپتۇ. ئۇ پۇقرالارغا تاھىرنىڭ بېشىنى ئالدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ، شۇ ئاندا بىر بوۋاي چىقىپ:

— سىلەر شاھمات ئويىنىغىلى قانچە كۈن بولدى، — دەپ سوراپتۇ مەلىكىدىن.

— بىر يىل بولدى، — دەپتۇ مەلىكە بوۋايغا. بوۋاي:

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا يەنە ئون ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بېرەيلى، بۇ ئون ئىككى كۈن ئىچىدە يەنە يېڭەلمىسە بېشى ئېلىنسۇن، — دەپتۇ. تاھىر:

— ماڭا ئون ئىككى كۈننىڭ ھاجىتى يوق، ئىككى كۈنلۈك ۋاقىتلا كۇپايە، — دەپتۇ. مەلىكە بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ.

تاھىر كېچە - كۈندۈز قىمىر قىلماستىن شاھمات ئويناشقا باشلاپتۇ. قىزنىمۇ ئۇخلاتماپتۇ. ئىككىنچى كۈنى قىزنى ئۇيقۇ تۇتۇپتۇ. تاھىر ئۇنى قوچاقلاپلا ئېلىپ گىلەمگە سېلىۋاپتۇ ۋە «ئۇچ گىلىمىم» دەپتۇ.

گىلەم ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. شۇ ئۇچقانچە بىر چۆلگە بېرىپ چۈشۈپتۇ، شەمشىقەمەر قارىغۇدەك بولسا بىر چۆلدە يېتىپتۇ. تاھىر بىلەن ئىككىسىلا تۇرغۇدەك. شەمشىقەمەر چۈشۈم ئوخشايدۇ دەپ ئېسەنكىرەپ قاپتۇ. ئەمما تاھىر ۋەقەنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ ۋە مەلىكىدىن:

— ئۆزىڭىزنى ماڭا خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلامسىز-يوق؟ — دەپ سوراپتۇ. شەمشىقەمەر:

— ماقۇل، بۇ ئاللا ئىگەمنىڭ قۇدرەت ئىلاھىمدىن بولسا كېرەك، — دەپتۇ. ئەمما بۇ ئۇنىڭ چىن يۈرەك سۆزى ئەمەس ئىكەن. تاھىر ھاردۇقتا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شەمشىقەمەر ئۇنى گىلەمدىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆيگە قېچىپ كەپتۇ. تاھىر ئويغىنىپ قارىغۇدەك

بولسا يالغۇز ئۆزىلا چۆلدە يېتىپتۇدەك. ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ. ئاچلىق ئۇنى بىر نەرسە ئىزدەشكە مەجبۇر قىپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئوخشاش ئۆسكەن تۆت تۇپ ئالما ئۇچراپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدا بىر ئالمىنى ئۈزۈپ چىشلەپتۇ، يېيىش بىلەن تەڭ بۇغمىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۇ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن زارلىنىپتۇ. قورسىقى يەنە ئېچىپتۇ، ئۇ يەنە بىر ئالمىدىن بىر تال ئېلىپ يېگەن ئىكەن، ئاتقا ئايلىنىپ قاپتۇ. تاھىر قورقۇنچىدا بىر قانچە كۈنگىچە دەرەخ تۈۋىگە يېقىنلاشماپتۇ. لېكىن، ئاچلىق ئازابىغا چىدىيالماي دەرەختىن يەنە بىر ئالما ئۈزۈپ يېگەن ئىكەن، چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ. گەرچە ئادەمگە ئايلانغان بولسىمۇ، يىگىتلىكتىن مەھرۇم قالغانلىقىغا ئېچىنىپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۇ دەرەخ تۈۋىدە بىر قانچە كۈن تۇرۇپتۇ، ھېچ نەرسە يېمەپتۇ. لېكىن ئاچلىققا چىدىيالماي تۆتىنچى دەرەختىن بىر دانە ئالما ئۈزۈپ يېگەن ئىكەن ئۆز ئەكسىگە كېلىپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇ بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، تۆت دانە سېۋەت توقۇپ، ھەر بىر دەرەختىن بىر سېۋەتتىن ئالما ئۈزۈپ، ئىككىنچى سېۋەتتىن بىر ئالمىنى يەپ ئاتقا ئايلىنىپ، شەمشىقەمەر بار شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. تۆتىنچى سېۋەتتىن بىر تال ئالمىنى يېگەن ئىكەن، ئۆز ئەكسىگە كېلىپ، شەھەر سېپىلىدىن ئاتلاپ خان ئوردىسىغا كىرىپتۇ. قارىسا شەمشىقەمەر ئوردىدىكى دېدەك قىزلار بىلەن ئويناۋاتقۇدەك. تاھىر بىر ئالمىنى ئاستاغىنا ئوردىدىكى ئېرىققا تاشلىۋېتىپ ئۆزى يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. بىر دېدەك ئېرىقتىكى سۇدا بىر ئالمىنىڭ ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۇزۇپ ئېلىپلا يېگەن ئىكەن، رەڭگى ناھايىتى گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. شەمشىقەمەر ئۇنى كۆرۈپ:

— سەن بۈگۈن نېمىشقا بۇنداق چىرايلىقلىشىپ كەتتىڭ، يۈزۈڭگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ، پەرداز قىلغان ئوخشايسەن، — دەپتۇ. دېدەك ئۇ مېنىڭ خوجايىنىم بولغاچقا چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ سەپسالماپتۇ. ئەمما شەمشىقەمەر:

— چاقچاق دەپ بەر، قانداق قىلىپ شۇنچە چىرايلىق بوپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قالدىڭ، ئىشەنمىسەڭ ئەينەككە قاراپ باق، ـــ دەپتۇ. دىدەك ئەينەككە شۇنداق قاراپ، ئۆز جامالىنىڭ شۇنچە چىرايلىق بولۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ئەس ـ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئالمىنى يېگەندىن كېيىن، شۇنداق چىرايلىق بوپ قالغانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ. شەمشىقەمەر:

ـــ سەن بېرىپ قاراپ باق، يەنە بىرەرسى كېلىپ قالسا ماڭا ئەكىلىپ بەر، ـــ دەپتۇ.

تاھىر بۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىكەن. دەرھال بىر ئالمىنى سۇغا تاشلاپتۇ. دىدەك سۇزۇۋېلىپ خوجايىنىغا بېرىپتۇ، ئۇ قاراپمۇ قويماستىن ھالام ـ سۇلۇم بىر چىشلىگەن ئىكەن، شۇ زاماتلا بىر بۇغىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ سەكرەپ، ئېغناپ كۆرۈپتۇ. ھېچ قىلىپ بۇغا ھالىتىدىن يانماپتۇ. بۇ چاغدا تاھىر ئوردىغا كېلىپ قارىسا، شاھ مەھكىمىسىدە ھەر خىل ئېسىل تائاملار تۇرغۇدەك. تاھىر ئاشپەزگە ئالمىدىنمۇ بىر ئاز ئېلىپ تىزىپ قويۇشنى دەپتۇ. ئاشپەزنىڭ سېتىۋالغىنى ئىككىنچى سېۋەتتىكى ئالمىدىن ئىكەن. بۇ دەل شاھنىڭ زىياپەت قىلىپ ھاراق ـ شاراب ئىچىۋاتقان ۋاقتى ئىكەن. ئاشپەز بىر سېۋەت ئالمىنى كۆتۈرۈپ كىرگەندىن كېيىن، شاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى دەرھال بىر تالدىن ئالمىنى ئېلىپ يېيىشىپتۇ ـ دە، ئاتقا ئايلىنىپ قاپتۇ. تاھىر بىر مويسىپىتنىڭ سۈرىتىدە ياسىنىپ، ئوردىغا كىرىپ ئاتقا ئايلىنىپ كەتكەن خانغا قاراپ:

ـــ ھەي قاراڭ، سىز ۋە قىزىڭىز ھايۋانغا ئايلىنىپ قالدىڭلار. بۇ سىزلەرنىڭ كىشىلەرگە قىلغان زالىملىقىڭلارنىڭ جازاسى. سىلەر پۇقرالارغا قىلچە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىدىڭلار. ئەگەر سىلەر مەن دېگەن شەرتلەرگە ماقۇل بولساڭلار، مەن سىلەرنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن. سىلەر ئادەمگە ئايلانغاندا كەمبەغەللەرنى ھەرگىز بوزەك قىلمايدىغانلىقىڭلارغا ۋەدە بېرىڭلار، ـــ دەپتۇ. خان ئاتقا ئوخشاش بېرنى كىشنەپتۇ. ئۇ ماقۇل دېگىنى ئىكەن. تاھىر تۆتىنچى سېۋەتتىكى ئالمىدىن بىرنى بەرگەن ئىكەن، خان ئۆز ئەسلىگە قايتىپتۇ. خان دەرھال پۇقرالارنى يىغىپ، ئىككىنچى كەمبەغەللەرنى قاقشاتمايدىغانلىقىغا قەسەم ئىچىپتۇ، شۇنداقلا تاھىرنىڭ نەرسىلىرىنى

تولۇق قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. تاھىر ئالمىنىڭ كۈچى بىلەن بۇغىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. شەمشىقەمەر:

— تاھىر مەن ئەسلىدە سىزگە يۈزسىزلىك قىلغان ئىدىم، تېگىشلىك جازايىمنى تارتتىم. مېنى ئەپۇ قىلىڭ، — دەپتۇ ۋە نىكاھقا ئالسا ئۆزىنىڭ رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ـ سىزنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتسەم قانداق دەيسىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ تاھىر شەمشىقەمەردىن.

— مەن سىز بىلەن بەخت ـ سائادەت، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىرگە بولۇشقا رازى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شەمشىقەمەر.

تاھىر مەلىكە شەمشىقەمەرنى گىلەمگە چىقىرىپ، ئۆز يۇرتىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. تاھىرنىڭ دادىسى قېرىپ كېسەلچان بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىكەن. تاھىر مەلىكىنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئاتىسىنىڭ:

ئاسماندىكى بۇلۇتلار
يەرگە يامغۇر تۆكسەڭچۇ؟
تاھىرجانغا بىزلەردىن،
سالام ئېلىپ كەتسەڭچۇ؟

گۈل ـ گىياھلار يامغۇردەك،
كۆز يېشىمنى تۆكسەڭچۇ؟
نەدە بولساڭ تاھىرجان،
تېزراق يېتىپ كەلسەڭچۇ؟

دەپ ئوقۇغان قوشىقى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار ئۆي ئىچىگە كىرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ئۇلار بىلەن ياش تۆكۈپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. تاھىر يۇرتىدىكىلەرگە توققۇز كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ دۆلىتىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاھىر بىلەن مەلىكە شەمشىقەمەر شاھمانتا تا ھازىرغا قەدەر بىر ـ بىرىنى يېگەلمەي كېلىۋېتىپتۇمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: گوما ناھىيە سانجۇ يېزا ساي كەنتىدىن غوجەخمەت ئاخۇن
رەتلىگۈچى: تۇرسۇن مۇھەممەت ھۆسۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# تەخەي سالاھلىق پادىشاھ

بۇرۇنقى زاماندا «زاڭگۇي» دېگەن يۇرتنىڭ قوشكۆل دېگەن يېرىدە بىر يانتاقچى بوۋاي بىلەن موماي ئۆتكەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ يېشى سەكسەندىن ئاشقان بولسىمۇ بىرمۇ پەرزەنت كۆرمەپتۇ. بۇ ئەر - خوتۇن ئۈچ ئايغىچە كېچە - كۈندۈز خۇداغا نالە قىلىپ بالا تىلەپتۇ. «ئەي خۇدا، توخۇغا چۈجە، قويغا قوزا، ئۆشكىگە تەخەي بېرىسەن، بىز بىچارىلەرگە ئەگەر بالا بەرمىسەڭ، شۇلاردىن بولسىمۇ بەرسەڭ ئىدىڭ» دەپ كۆز يېشى قىلىشىپتۇ. ئاللا بۇ بىچارىلارنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى يانتاقچى بوۋاينىڭ ئايالى ئېغىر ئاياغ بوپتۇ. بوۋاي ئالەمچە خۇشلۇق بىلەن مومىيىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ، ئاي - كۈنى توشۇپ موماي بىر قارا تەخەي تۇغۇپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي خۇدانىڭ بەرگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ تەقدىرگە تەن بېرىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ تەخەينى بېقىپ چوڭ قىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى تەخەي زۇۋانغا كىرىپتۇ - دە:

— ئەي دادا، ئانا، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە داڭقى كەتكەن تەڭداشسىز گۈزەل بىر مەلىكىسى بار، سىلەر شۇ مەلىكىنى ماڭا ئېلىپ بەرسەڭلار، — دەپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي تەخەينىڭ زۇۋانغا كىرگەنلىكىدىن خۇش بولسا، ئوغلىنىڭ تەلىپىدىن كۆڭلى يېرىم بوپتۇ ۋە ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، ھېلىغۇ پادىشاھ ئىكەن، ئادەتتىكى بىر گادايىنىڭ قىشىغا بېرىپ مېنىڭ بىر تەخىيىم بار ئىدى، قىزلىرىنى بەرسىلە، دەپ تــەخەيگە قىز گەپلەشكىلى بولامدۇ، — دەپتۇ. بىراق تەخەي يىگىت ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بوۋاي بىلەن موماينىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ قېتىپتۇ، تېشىمۇ قېتىپتۇ. ئاخىرى «ئەزرائىلىنىڭ قولىدا ئــۆلــسەكمۇ ئۆلۈم، پادىشاھنىڭ قولىدا ئۆلسەكمۇ يەنىلا ئۆلۈم، تــەۋەكــكــۇل، ئــەلــچــىگە ئۆلۈم يوق دەيتىكەن» دەپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

بوۋاي بىلەن موماي پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىشكە پېتىنالماي،

قىرىق كۈنگىچە ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئوردا ئالدىنى سۈپۈرۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى پادشاھ ئۇلارنىڭ بىرەر تەلىپى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، بوۋاي بىلەن موماينى چاقىرتىپ:

— ھەر كۈنلۈكى ئوردىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈشۈڭلاردىكى سەۋەب نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېيتىشقا بېشىمىزدىن قورقىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي بىلەن موماي.

— قېرىلىقىڭلارنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەر قانچە ئېغىر گۇناھىڭلار بولسىمۇ ئۆتتۈم، قېنى ئېيتىڭلار، — دەپتۇ پادشاھ.

بوۋاي بىلەن موماي ئۆزلىرىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىپتۇ. پادشاھنىڭ دۇنيالىقىدا پەقەت بىرلا قىزى بار ئىكەن، قىزىغا يەتتە ئىقلىمدىكى شاھزادە، خانزادە ۋە بەگزادىلەر ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پادشاھ قىزىغا بەك ئامراق بولغاچقا بەرمىگەن ئىكەن. بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پادشاھ غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بوپتۇ. پادشاھنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرگەن بوۋاي بىلەن موماي قورقۇپ كېتىپتۇ. پادشاھ جاللاتلارغا:

— ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەن بۇ قېرىلارنى زىندانغا تاشلاڭلار! — دەپ ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار ئۇلارنى زىندانغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

— پادشاھئالەم، كونىلاردا «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن گەپ بار، قىزى بار كىشىنىڭ قېشىغا گەپلىشىپ شاھزادىلەرمۇ كېلىدۇ، يۇرت ئۆلىمالىرى ۋە بايلىرىمۇ كېلىدۇ، شۇنىڭدەك گادايلارمۇ كېلىدۇ، تەقدىر ئىلاھىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھەقىقىي نىكاھى قوشۇلغان بولسا قېچىپ قۇتۇلغىلى ھەم بولمايدۇ، شۇ ئەلچىلەر قانداق كىشى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلاردىن رەنجىشنىڭ ھاجىتى يوق، مۇۋاپىق جاۋاب ئارقىلىق يولغا سالغان تۈزۈك، — دەپتۇ ۋەزىر پادشاھقا.

— سېنىڭچە قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ پادشاھ ۋەزىردىن.

— بىز بۇ بىچارىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەيلى، قىزلىرىنى سوراپ كەلگەن باشقا ئەلچىلەرنى كۈتكەندەك قىزغىن كۈتۈۋالايلى، كۆڭلى ئىمىن تېپىپ بىزدىن رازى بولسۇن، ئاخىرىدا ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئېغىر بىر شەرتنى قويايلى، بۇ شەرتنى بەجا

www.uyghurkitap.com



كەلتۈرۈش بوۋاي بىلەن موماينىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىنچىلەپ مەلىكىنى سوراپ ئالدىلىرىغا كەلمەيدۇ، — دەپ پادىشاھقا ئەقىل كۆرسىتىپتۇ ۋە، — ئۇ ئىبىغىر شەرتنى بوۋايغا ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم ئېيتىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، مۇلازىملىرىغا داستىخان تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ. داستىخان تەييار بولغاندىن كېيىن پادىشاھ يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى چاقىرىپ:

— شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كۆڭۈللىرىگە ئازار بېرىپ قويىدۇم، خاپا بولمىغايلا. مەن قىزىم بىلەن سۆزلەشتىم، قىزىم ئوغۇللىرىغا تېگىشكە رازى بولدى. مەنمۇ ھەم قىزىمنى سىلىنىڭ ئوغۇللىرىغا بەرمەكچى بولدۇم، تارتىنماي تائاملارغا ئېغىز تەگكۈزسىلە، —دەپتۇ. پادىشاھتىن بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان بوۋاي بىلەن موماي پادىشاھتىن پۈتكۈل دۇنيانى بەرگەندەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ۋە تائامدىن قورسىقى تويغىچە يەپتۇ، قايتار ۋاقتىدا ۋەزىر ئۇلارغا تۆۋەندىكى شەرتنى ئېيتىپتۇ:

— مەلىكىمىز ئوغلۇڭلارغا رازى بولدى، بىراق بىر شەرتنى قويىدى، بۇ شەرتنى ئادا قىلساڭلار تېگىدىغان بولدى، بولمىسا ئۆز كۈنىڭلار ئۆزۈڭلەرگە. پادىشاھمۇ سىلەرگە ئارتۇق تويلۇق سالمايدىغان بولدى، مەلىكىنىڭ شەرتى ئورۇندالسا، پادىشاھ پۈتكۈل توي تەييارلىقىنى ئۆزى قىلىپ مەلىكىنى بەرمەكچى بولدى، مەلىكىنىڭ شەرتى شۇكى: ئون كۈن مۆھلەت ئىچىدە ئوردا ئالدىدىن تارتىپ ئۆيۈڭلەرنىڭ ئالدىغىچە بىر شەھەر بىنا قىلىسىلەر، ئۇ شەھەرنىڭ يوللىرى قاشتېشىدىن بولسۇن، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە رەت - رەت ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرسۇن؛ تاملىرى ئالتۇندىن، ئىشىك ۋە تۈۋرۈكلىرى ياقۇتتىن بولسۇن، شەھەرنىڭ ئېرىقلىرى مەرمەردىن بولسۇن، ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار ئېقىپ ئالتۇن بېلىقلار ئۈزۈپ تۇرسۇن، ئېرىق بويىغا دۇنيا ئىقلىمىدىكى بارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلىپ، مېۋىلەر پىشىپ تۆكۈلۈپ، ئۈستىدە تۈرلۈك تومەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرسۇن، شەھەر ئىچى ئېچىلىپ تۇرغان گۈل - گىياھلارغا تولۇپ تۇرسۇن.

مەلىكىنىڭ بۇ شەرتىنى ئاڭلىغان بوۋاي بىلەن موماينىڭ بېشىغا

تاغ يىقىلغاندەك بوپتۇ ۋە ئوردىدىن چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. تەخەي يىگىت پادىشاھنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى سورىغان ئىكەن، ئۇلار ئوردىدا بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى ۋە مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— بۇ تولىمۇ ئاسان شەرت ئىكەن، — دەپتۇ تەخەي يىگىت مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئاڭلاپ.

ۋەزىر شەرتنى قويۇپ ئارىدىن توققۇز كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئوردىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ يانتاقچى بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئايالىغا قويغان شەرتىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئونىنچى كۈنى سەھەردە تەخەي يىگىت ئىشىكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ بىرنى ھاڭرىغان ئىكەن، ۋەزىر قويغان شەرتتىنمۇ ئارتۇق ھالەتتىكى بىر شەھەر بوۋاينىڭ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولۇپتۇ.

يانتاقچى بوۋاي ئىشىك ئالدىغا چىقىپ بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ئايالىنى چاقىرىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئوردىغىچە سوزۇلغان بۇ گۈزەل شەھەرگە قاراپ، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە كاللىسى ئىشلىمەي ئەقلى لال بوپتۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن تەخەي يىگىت:

— خاتىرجەم بولۇپ پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىۋېرىڭلار، مەلىكىنىڭ شەرتىنىڭ زىيادە ئورۇندالغانلىقىنى كۆرسە پادىشاھ قىزىنى بېرىدۇ، — دەپتۇ.

يانتاقچى بوۋاي ئايالىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا مېڭىپتۇ. ئۇلار ماڭار ۋاقتىدا تەخەي يىگىت:

— پادىشاھ ئوغلىڭىز قېنى؟ دەپ سورىسا، ئوغلۇم شىكارغا چىقىپ كەتكەن ئىدى، قايتىپ كەلمىدى، مۇشۇ پىچاققا نىكاھ ئوقۇساق بولىدۇ دەپ، مەلىكىنى مۇشۇ پىچاققا نىكاھلاپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بىر دانە پىچاقنى بېرىپ ئاتا - ئانىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئونىنچى كۈنى سەھەردە پادىشاھ ئەمدىلا تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇشىغا دەرۋازىۋەن:

— پادىشاھئالەم، ئوردا ئالدىدا ئاجايىپ گۈزەل بىرشەھەر بىنا بوپتۇ، بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاتايىن ھوزۇرلىرىغا كىردىم، — دەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن چىقىپ قاراپ، ئۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



كۈننىڭ ئالدىدا يانتاقچى بوۋاي بىلەن ئۈنىڭ ئايالىغا ئىيتقان شەرتىنى ئىسىگە ئاپتۇ ۋە بېشىغا بىر غەم چۈشۈپتۇ.

— ئەي ۋەزىرىم، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ پادىشاھ ۋەزىردىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

— ئۇلۇغ پادىشاھئالەم، بۇ بوۋاينىڭ قورسىقىدا ھۈنىرى بولغاچقا، يۇرەكلىك ھالدا مەلىكىنى سۆزلەشكىلى كەلگەن ئىكەن. ئەمدى بىز مەلىكىنى ئاشۇ بوۋاينىڭ ئوغلىغا بەرمەيدىغان بولساق ئون كۈن ئىچىدە بۇنداق كاتتا شەھەرنى بىنا قىلىپ بولغان بوۋاي ئون مىنۇت ئىچىدە كۆلىمىزنى كۆككە سورۇپ، ئېلىمىزنى ۋەيران قىلىپ، زورلۇق بىلەن مەلىكىنى تارتىۋالغۇدەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز بوۋاينى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتەيلى، — دەپ پادىشاھقا يول كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ پۈتكۈل ئوردا ئەھلىگە توي تەييارلىقى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. پۈتكۈل ئوردا ئەھلى پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۈنىڭ ئايالىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئوردىغا خەۋەر يەتكۈزۈلۈپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى باشلاپ چىقىپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە ئىسسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ. يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۈنىڭ ئايالى پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىدىن ھەيران قاپتۇ. شەھەردە قىرىق كېچە - كۈندۈزگىچە توي داۋاملىشىپتۇ. قىرىقىنچى كۈنى نىكاھ ئوقۇلىدىغان ۋاقىتتا ۋەزىر بوۋايدىن:

— بوۋا، ئوغلىڭىز قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوغلۇم شىكارغا چىقىپ كەتكەن ئىدى، قايتىپ كىرمىدى، نىكاھنى ئوغلۇمنىڭ مۇشۇ پىچىقىغا ئوقۇساق بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي. پادىشاھ ھەم ۋەزىر گەپ - سۆز قىلالماي، مەلىكىنى پىچاققا نىكاھلاپ بوۋايغا بېرىپتۇ.

بوۋاي مەلىكىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئاخشىمى قىز ئۆيدە ئولتۇرسا بىر قارا تەخەي كىرىپ كەپتۇ ۋە ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ پۈتلىرىنى سوزۇپ يېتىپتۇ. مەلىكە «بىر ئىشەكنىڭ ئېغىلىنى ماڭا ئۆي قىلىپ بەرگەنگە ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، قورقۇنچىدا تاڭ كېچىگىچە ئۇخلىماي يېتىپتۇ. تاڭ كېچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكىنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بارغان ئىكەن. تەخەي يىگىت

ئۈستىدىكى تېرىسىنى بىر ئېغىناپ تاشلىۋېتىپ، مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ يېتىپتۇ. مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ يېنىدا شاھزادە سۈپەت، نۇرانە چىراي بىر يىگىتنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپ «مېنىڭ ئېرىم مۇشۇ يىگىت بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئۇ تەخەي سۈپەتلىك يىگىت بىلەن تاڭ ئاتقۇچە سىردىشىپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ مەلىكىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. يىگىت ئۈستىگە تەخەي تېرىسىنى كىيىۋاپتۇ.

مەلىكە ئويغىنىپ قارىسا يىگىت كۆرۈنمىگۈدەك، ئۆي ئىچىدە ئاخشام ئۆزى كۆرگەن قارا تەخەي تۇرغۇدەك، مەلىكە سىرتقا چىقىپ ئىزدەپتۇ، ئۆزىنىڭ ئېرىنى تاپالماپتۇ ۋە بۇ ئىشقا ھەيران بوپتۇ. بۇ خىل ئەھۋال بىر قانچە كېچە داۋاملىشىپتۇ. مەلىكىنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئېشىپتۇ، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولۇپ بىر كۈنى كېچىسى مەلىكە يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ خورەك تارتىپ تەخەيگە قاراپ يېتىپتۇ. مەلىكىنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلىغان تەخەي بىر ئېغىناپ ئۈستىدىكى تېرىسىنى تاشلىۋېتىپتۇ، ئادەم سىياقىغا كىرىپ مەلىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ يېتىپتۇ. مەلىكە شۇندىلا بۇ قارا تەخەينىڭ ئۆز ئېرى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. مەلىكە ئۆز ئۆيىگە بېرىپ بۇ ئەھۋالنى ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئانىسى:

— قىزىم، ئۇنداق بولسا ئېرىڭ تېرىسىنى تاشلاپ ئادەم سىياقىغا كىرگەن ھامان تېرىسىنى ئوتقا سېلىۋەتسەڭ تەخەيگە ئۆزگىرەلمەيدۇ، ئېرىڭ بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولالايسەن، — دەپ ئەقىل ئۆگىتىپتۇ.

مەلىكە ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە تەخەينىڭ تېرىسىنى كەچتە ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئېرى تولىمۇ گۈزەل بولغاچقا، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا كۈھقاپتىكى ئەپلاس ئىسىملىك دىۋىنىڭ قىزى ئاشىق بولۇپ قالغان ئىكەن، دىۋىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاللا ئۇ يىگىتنى تەخەي قىياپىتىدە ياراتقان ئىكەن، تەخەينىڭ تېرىسى كۆيۈپ بولۇشىغا ئۆي ئىچىگە تۈگۈلۈكتىن بىر تۈتەك قارا ئىس كىرىپ، ئۇ ئىس بىر نەپەر گۈزەل قىز ۋە تۆت نەپەر دىۋىگە ئۆزگىرىپ يىگىتنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. تەخەي يىگىت تۈگۈلۈكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— ئەي مەلىكە سەن ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ، ئەگەر سەن مېنى ئىزدەپ تاپماقچى بولساڭ پۇتۇڭغا تۆمۈردىن پىما

www.uyghurkitap.com



كىيىپ، قولۇڭغا تۆمۈر ھاسا ئېلىپ ئىزدىگىن، پەيما ئۇپراپ تېشىلگەندە، ھاسا يېڭنىدەك قالغاندا ئاندىن مېنى تاپالايسەن، — دەپتۇ.

مەلىكە تېرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىگە مىڭ پۇشايمان قىپتۇ. ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ھەسرەت چېكىپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئاخىرى تۆمۈردىن پەيما سوقتۇرۇپ كىيىپ، تۆمۈر ھاسىنى ئېلىپ ئېرىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. مىڭلىغان دەشت ـ باياۋانلارنى ۋە دەريا ـ ئېدىرلارنى كېزىپ بىر قانچە يىل يول يۈرۈپتۇ. مەلىكە كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ بىر كۈنى ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ، قارىسا پۈتىدىكى تۆمۈر ئاياغ ئۇپراپ تېشىلىپ، ھاسىسى ئۇپراپ يىڭنىچىلىك قاپتۇ. مەلىكە ئەمدى ئېرىمنى تاپىدىغان بولدۇم دەپ خۇش بولۇپ، خۇشاللىقىدا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي مەلىكىگە: «قىزىم، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ يەنە بىر كۈن يول يۈرسەڭ دىۋىلەر ماكانىغا يېتىپ بارىسەن، بېشىڭدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى قويۇپ قويدۇم، ئۇنى قولۇڭغا ئېلىۋالساڭ دىۋىلەر ساڭا چېقىلىشتىن قورقىدۇ، ئېرىڭنى تېپىپ ھاسىغا مىنىۋالساڭ مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يېتىسەن» دەپ چۈشىدىن غايىب بوپتۇ. مەلىكە ئويغىنىپ قارىسا بېشىدا بىر دانە نۇرانە ھاسا تۇرغۇدەك، ھاسىنى قولىغا ئېلىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ھەيۋەت بىر سېپىلگە دۇچ كەپتۇ. سېپىلنىڭ دەرۋازىسىغا كەلسە، دەرۋازىنى قىرىق نەپەر دىۋە ساقلاۋاتقان ئىكەن، مەلىكىنىڭ قولىدىكى ھاسىدىن چىقىۋاتقان نۇرنى كۆرۈپ دىۋىلەر كۆزلىرىنى يۇمۇشۇۋاپتۇ. مەلىكە دەرۋازىدىن دەخلى ـ تەرۇزسىز ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. سېپىل ئىچىدىكى دىۋىلەرمۇ مەلىكىنىڭ قولىدىكى ھاسىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋاپتۇ. مەلىكە سېپىل ئىچىدە مېڭىپ گۈزەل بىر چارباغقا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر راۋاقتا ئېرى ئۆزىنى ئېلىپ قاچقان دىۋە قىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغۇدەك. تەخەي يىگىت مەلىكىنى كۆرۈپ راۋاق ئۈستىدىن چۈشۈپتۇ.

مەلىكە تەخەي يىگىتنى ھاسىغا مىندۈرۈپتۇ ۋە ئۆزى يىگىتنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپتۇ، شۇ زامان ھاسا ئاسمانغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپتۇ. دىۋە قىزنىڭ قولىدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خىسلەتلىك ئۈزۈكى

بار ئىكەن، شۇڭا ھاسىنىڭ خىسلىتى دىۋە قىزغا ئىشلىمەيدىكەن. دىۋە قىزمۇ تەخەي يىگىتنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. ھاسا كۆزنى يۇمۇپ ئېچىپ بولغۇچە مەلىكە بىلەن تەخەي يىگىتنى ئۆز شەھىرىگە يەتكۈزۈپتۇ. دىۋە قىزمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى ئۇلارنى ئېچىلىپ تۇرغان بىر جۈپ گۈلگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. دىۋە قىز گۈلنى ئۈزگەن ئىكەن گۈل توزۇپ كېتىپتۇ. دىۋە قىز توزۇغان گۈللەرنى بىر تالدىن، بىر تالدىن تېرىپ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تېلى قالغاندا، گۈل ئىككى دانە بۇغدايغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. دىۋە قىز ئاق قۇشقاچقا ئايلىنىپ بۇغداينى يېمەكچى بولغان ئىكەن، ئىككى دانە بۇغداي ئىككى مۈشۈككە ئۆزگىرىپ قۇشقاچنى تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. دىۋە قىز شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ، تەخەي يىگىت ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىدىن مەڭگۈگە قۇتۇلۇپتۇ. ئىككى دانە مۈشۈكنىڭ بىرسى شاھزادە سۇپەت يىگىت، يەنە بىرسى گۈزەل مەلىكىگە ئايلىنىپتۇ. مەلىكە يىگىتنى باشلاپ ئوردىغا كىرىپتۇ. ئۆز قىزىنى كۆرگەن پادىشاھ ۋە ئوردا ئەھلى ھەيران بوپتۇ. مەلىكە ئاتىسىغا بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئوردىدا قايتىدىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، پادىشاھ قىزىنى يانتاقچى بوۋاينىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قېرىپ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتكەچكە، پادىشاھلىقنى كۈيئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. شەھەر خەلقى يانتاقچى بوۋاينىڭ ئوغلىنى تەخەي سالاھلىق پادىشاھ دەپ ئاتاپتۇ، بۇ نام يانتاقچىنىڭ ئوغلىغا سىڭىپ قاپتۇ.

تەخەي سالاھلىق پادىشاھ ئەلنى ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەلىكە بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: گۇما ناھىيە مۇجى يېزا لوڭگى كەنتىدىن
تۇرسۇننىياز مەتسىيىت
رەتلىگۈچى: غالىپجان تۇرسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەۋلىيا بىلەن شەيتان

بۇرۇنقى زاماندا تېتىرگىرام دېگەن يۇرتتا ئابدۇنەبى ئىسىملىك بىر ئەۋلىيا ئۆتكەنىكەن. ئۇ شۇنچىلىك كاتتا ئەۋلىيا ئىكەنكى، ئۇنىڭ تەربىيىلىگەن تالىپلىرىمۇ پەرىشتىلەردىن قېلىشمايدىكەن. ئۇلار بۇلۇت ئۈستىدە ماڭالايدىكەن ھەم كۆكتە ئۇچالايدىكەن. بۇنىڭغا پەرىشتىلەر قاتتىق ھەسەت قىلىشىدىكەن، ئابدۇنەبى ئۆزىنى دۇنيادا تەڭداشسىز ھېس قىلىدىكەن. ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنى زادىلا كۆزگە ئىلىپ قويمايدىكەن. ئۇنىڭ ئولتۇرسا ـ قوپسا ئويلايدىغىنى خۇدالىق دەرىجىسىگە يېتىش ئىكەن.

بىر كۈنى پەرىشتىلەر ئاللانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ:

— ئى ياراتقان ئىگەم، سەن بىزنى پەرىشتە دەپ ياراتتىڭ، بىز ساڭا سادىق بولۇپ خىزمىتىڭنى قىلدۇق. بىراق ئابدۇنەبى بىلەن ئۇنىڭ تالىپلىرىغىمۇ بىزلەر بىلەن ئوخشاش مەرتىۋە ئاتا قىلغىنىڭ نېمىسى؟ ئۇلاردىن بىزنىڭ نېمە پەرقىمىز؟ بىز بۇنىڭغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدۇق، — دەپ ئەرز قىلىشىپتۇ.

شۇئان ئاللادىن مۇنداق بىر ۋەھيي كەپتۇ:

— ئى مېنىڭ پەرىشتىلىرىم، سىلەر بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، ئابدۇنەبى ئۆزى ئەۋلىيا بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ پەقەت بۇ دۇنيالىقىلا بار.

بۇ ۋاقىتتا، ئەرشتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان شەيتان شۇ ئانلا بېرىپ كىشىلەرنىڭ تەقدىرى پۈتۈلگەن دەپتەرنى شۇنداق ۋاراقلاپ كۆرگۈدەك بولسا، راست دېگەندەك «ئابدۇنەبى ئەھلى دوزىخى» دەپ يېزىقلىق تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن شەيتان خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ ۋە ئابدۇنەبىنى ئازدۇرۇش خىيالىدا بوپتۇ.

بىر كۈنى ئابدۇنەبى ئولتۇرسا، ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىچە يوغان سەللە ئوراپ ئاپئاق ساقاللىق ئەۋلىيا سىياقىغا كىرىۋالغان شەيتان ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ.

ئابدۇنەبى ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ زادى قايسى ئەۋلىيا بولغىيدى، دەپ ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن تۆرگە باشلاپتۇ.

— ئۇزۇندىن بېرى ئۆزلىرى بىلەن بىر كۆرۈشۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى. ياراتقان ئىگەم بىزنى تىنىچ - ئامان كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلدى، — دەپتۇ شەيتان قىسقىغىنا دۇئادىن كېيىن، — مەن پىرۇللا ئىشان خوجام بولىمەن، بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ نامى - شەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم، مانا بۈگۈن ئاللا مېنى ئۆزلىرىنىڭ ھوزۇرلىرىغا كېلىشكە بۇيرۇدى، ئۆزلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئۆمرۈمدىكى بىردىنبىر تىلىكىم ئىدى. ئەمدى ئۆلسەممۇ يەرلىكىمدە خاتىرجەم ياتىدىغان بولدۇم، — دەپتۇ.

ئابدۇنەبى خۇشاللىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قاپتۇ. چۈنكى ئۇمۇ پىرۇللا ئىشان غوجام بىلەن بىر كۆرۈشۈۋالسام دېگەن ئۈمىدتە ئىكەن. ئۇ تالىپلىرىغا قايتىدىن غىزا تەييارلاشقا بۇيرۇپتۇ. تالىپلار ھەر خىل نازۇ نېمەت ۋە مېۋە - چېۋىلەر بىلەن داستىخاننى تولدۇرۇپتۇ، بىراق شەيتان ھېچنەرسىگە ئېغىز تەگكۈزمەپتۇ. ئابدۇنەبى ئۇنى داستىخانغا قايتا - قايتا زورلىغان بولسىمۇ، شەيتان زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئەتىسى زولۇق ۋاقتىدىمۇ شەيتان زادىلا ئۇنىماپتۇ، ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ، بۇ ئۈچ ئاي ئىچىدىمۇ شەيتان ھېچنەرسە يېمەپتۇ، ئابدۇنەبى شەيتاننىڭ بۇ ئادىتىگە بەكمۇ قىزىقىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— سىلە نېمىشقا ھېچ نەرسە يېمەيدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن يەيدىغان ھەممە نەرسىنى تەرك ئەتكەنمەن، — دەپتۇ شەيتان.

— سەۋەبى نېمىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ ئابدۇنەبى تېخىمۇ قىزىقىپ.

— سىلىنىڭ بۇنى راستتىنلا بىلگۈلىرى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شەيتان ئۇنى سىناش مەقسىتىدە.

— ئەگەردە مالال كۆرمىسىلە ماڭا بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بەرگەن بولسىلا، مەنمۇ تاماق يېيىشنى تەرك ئەتسەم، تاماق يېيىشكە سەرپ قىلغان ۋاقتىمنى ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا ئىشلەتكەن بولاتتىم، — دەپتۇ ئابدۇنەبى.

— بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ئەگەردە ئادەم بىرەر گۇناھ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆتكۈزسە خۇدادىن قورقۇپ ھېچنەرسە يېمەيدىغان بولىدۇ، — دەپتۇ شەيتان.

— ئادەم بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ ئۆتكۈزسە قانداق بولىدۇ؟ خۇدا بىلىپ تۇرۇپ قىلغان گۇناھتىن ئۆتمەيدۇ ـ دە، — دەپتۇ ئابدۇنەبى.

— يوغىسىۇ، — دەپتۇ شەيتان ئۇنى تېخىمۇ ۋەسۋەسىگە سېلىپ، — تۆۋا قىلسا ئاللا ھەرقانداق بەندىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكۈچىدۇر.

ئابدۇنەبى بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇنداقتا مەن قانداق گۇناھ ئۆتكۈزسەم بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئادەم ئۆلتۈرسىلە، — دەپتۇ شەيتان.

— بۇ بەك ئېغىر گۇناھ ئىكەن، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلالمايمەن. بۇنىڭدىن يېنىكرەك گۇناھ تېپىلماسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئابدۇنەبى.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ شەيتان بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — زىنايى ھارام قىلسىلا، — دەپتۇ.

— بۇمۇ بەك ئېغىر گۇناھ ئىكەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ئابدۇنەبى.

— ئۇنداقتا سىلە مەيزاپ ئىچىپ باقسىلا، — دەپتۇ شەيتان.

ئابدۇنەبى بۇنىمۇ رەت قىپتۇ. شەيتان:

— ئەمدى بۇنىڭدىن يېنىك گۇناھ ئۆتكۈزگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئابدۇنەبى قانداق قىلسام بولار دەپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئويلاپتۇ. ئاخىرى بوپتۇ، مەيزاپ ئىچسەم ئىچەي، ئىچىپلا ئۆيگە كىرىپ يېتىۋالسام مېنى كىم كۆرەتتى. كېيىن ئاللادىن گۇناھىمنى تىلىۋالسامىلا بولدى ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلاپ شەيتاننىڭ ئۈچىنچى تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. شەيتان ئۇنىڭغا بىر كۈپ مەيزاپ ئەكىلىپ بېرىپتۇ، ئابدۇنەبى دەسلەپتە ناھايىتى ئەستە ئىچىپتۇ، كېيىن قېنى قىزىپ كېتىپ بىردەمدىلا بىر كۈپ مەيزاپنى ئىچىپ بوپتۇ ـ دە، يەنە بارمۇ؟ دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. شەيتان يەنە بىر كۈپ مەيزاپ ئەكىلىپ ئابدۇنەبىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، ئابدۇنەبى بۇنىمۇ ئىچىپ بولۇپ مەست بوپتۇ ۋە ئالىتاغىل ۋارقىراپ سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ. كوچىدا لەيلەپ كېتىۋاتقۇدەك بولسا، يېنىدىن

چىرايلىق بىر چوكان بىلەن بىر يىگىت ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك. ئابدۇنەبى چوكاننى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ يولنىڭ چېتىگە سۆرەپتۇ. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى يىگىت ئابدۇنەبىنى ۋۇ قېرىغىننى تۇيمىغان ئىپلاس، قويۇۋەت خوتۇنۇمنى! دەپ خوتۇنىنىڭ قولىدىن تارتقانىكەن، ئابدۇنەبى غەزەپكە كېلىپ ھېلىقى يىگىتنىڭ بېشىغا يوغان بىر تاش بىلەن ئۇرۇپتۇ، يىگىت شۇئانلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. ئابدۇنەبى ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماستىن چوكاننى يول بويىدىكى زىرائەتلىككە سۆرەپ كىرىپ يامان ئىشلارنى قىپتۇ. ھەممە مەقسىتىگە يەتكەن شەيتان شۇ زامانلا بېرىپ ئابدۇنەبىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئابدۇنەبىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ ۋە ئۇنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپتۇ. بوينىغا سىرتماق سېلىنىپ دارغا ئېسىلىش ئالدىدا تۇرغان ئابدۇنەبى كىشىلەر توپى ئىچىدە خۇشاللىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغان شەيتانغا قاراپ ئىلتىماس قىپتۇ:

— پىرۇللا ئىشان غوجام، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا، مەن سىلىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا، — دەپ يېلىنىشقا باشلاپتۇ. شەيتان كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— ئۇنداقتا ماڭا سەجدە قىل! — دەپتۇ.

— پىرۇللا ئىشان غوجام، ئۆزلىرىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپلا، مېنىڭ ھازىر قول - پۇتۇممۇ بىكار ئەمەس، مەن قانداقمۇ سىلىگە سەجدە قىلالايمەن، — دەپتۇ ئابدۇنەبى بىچارە قىياپەتتە.

— باش ئىشارىسى بىلەن سەجدە قىلساڭمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ شەيتان كۆرەڭلەپ. ئابدۇنەبى باش ئىشارىسى بىلەن شەيتانغا بىر نەچچە تەزىم قىپتۇ. شۇئانلا شەيتان مانا ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم، ئەمدى مەنمۇ دوزاختا يالغۇز ياتمايدىغان بولدۇم دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. ئابدۇنەبى ئۆزىنىڭ شەيتاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئۇنى دارغا ئېسىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيە چىرا يېزا چىغلىق ئېرىق كەنتىدىن ئابدۇرېھىم ئاخۇن
رەتلىگۈچىلەر: مەتقۇربان ئىسمائىل، ئابدۇراخمان رېھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# بەكتۇ بىلەن چىڭتۇ

بۇرۇنقى زاماندا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ باغرىدا تۈرك قوۋمى ياشايدىغان نۇرغۇن شەھەرلەر بولغان ئىكەن، بۇ شەھەرلەر ھەر خىل مىجەزلىك، ياڭزىمۇ ياڭزا ھۈنەرلىك كىشىلەر بىلەن تولغان ئىكەن. شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى «چىڭتۇ» لەقەملىك ماموت ئوغرى، يەنە بىرى «بەكتۇ» لەقەملىك داۋۇت ئوغرى ئىكەن. ماموت ئوغرى دىگىنى تۇمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ ئارىسىدا، ھىمىت سىپىنىڭ نېرىسىدا ياشىسا، داۋۇت ئوغرى دىگىنى يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ ياقىسىدا، پىيالما چۆلىنىڭ ئارقىسىدا تېرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇلار ھىيلە - ھەييارلىقتا باش كۆتۈرگەن، بىرى قاپاق پۈچىقىدا ئاش كۆتۈرسە، يەنە بىرى چىمچىلىقىدا تاش كۆتۈرگەن نوچىلار ئىكەن.

ماموت ئوغرى بىرەر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكسە، مىختەك قادىلىپ چىڭ تۇرۇۋالىدىكەن، شۇڭا ئەل ئىچىدە «چىڭتۇ» دىگەن لەقەم بىلەن داڭلىقكەن. داۋۇت ئوغرىمۇ ئۆز ئىشىغا پۇختىلىقى، ئۆزىگە بەك ئىشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن «بەكتۇ» دىگەن لەقەمنى ئالغان ئىكەن.

بىر كۈنى بەكتۇ چىڭتۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپتۇ. سۆزلەپ بەرگۈچىلەر ئۇنى «كەمەكتەك ھەييار، مۇت نەرسىنىڭ قىيشىدا دائىم تەييار، ئۆتۈپ كەتكەن ساختىپەز، ھۈنىرى سامسىپەز، ياققان سامسىلىرىدا گۆش يوق بەرى بەز...» دەپ داڭلاپتۇ. يەنە بەزىلەر «ئەگەر بەسلەشسەك داۋۇتنى يېڭىۋېتىمەن، قىيشىمغا كەلسە ساقىلىمنىڭ بىر تال تۈكىدە ئۇنى باغلاپ تېڭىۋېتىمەن» دىدى دەپ دەيدەيگە سېلىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەكتۇ بىلىنى يەتمىش يەردىن باغلاپ، ئىتتىغا

ئارام بەرمەي قوغلاپ، چىكتۇ بىلەن بەسلەشكىلى، ياۋاش بولمىسا قەستلەشكىلى نىيەت قىلىپ يولغا چىقىپتۇ.

بەكتۇنىڭ قۇلاقلىرى دىڭ، ئۇستىخىنى چىڭ ئىتى 15 كۈنلۈك يولنى ئون كۈندە تۈگىتىپ مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ. بەكتۇ چىكتۇنىڭ شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىتىدىن چۈشمەي، گاڭگۇڭلۇقنىڭ نىشانىسى بولغان بۇرۇتىنى تاراپ، ئۇچرىغانلاردىن چىكتۇنىڭ ئۆيىنى سوراپ، كەچكە يېقىن بىر هويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. بۇ چىكتۇنىڭ ئۆيىكەن. بىر چاغدا چىكتۇ شەھەر مەركىزىدىكى سامسا دۇكىنىدىن تېخى ئۆيىگە يانمىغان، بىر كۈنلۈك سودا - سېتىقتىن چۈشكەن پۇلغا قانمىغان، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى توسۇپ دۇكىنىغا باشلاۋاتقان، خېرىدارلار ئامالسىزلىقتىن دۇكانغا قەدەم تاشلاۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە خوتۇنىدىن بۆلەك كىشى يوقكەن.

دەرۋازىنىڭ چىڭ - چىڭ قېقىلىشىدىن بىر ئەنسىزلىكنى سەزگەن چىكتۇنىڭ ئايالى ئىچكەركى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، دەرۋازا ئاراشلىرىدىن سىرتىنى قاراپتۇ. مارىغۇدەك بولسا، ئات قامچىلىرى كېلىشكەن بىر ئەر. «ئۆزلىرى كىم، كىمنى ئىزدەيلا؟» دەپ سوراپتۇ. سوراپتۇ - يۇ، بەكتۇغا زوقلىنىپ قاراپتۇ.

— مامۇتاخۇن چىكتۇ ئۆيدە بارمىدۇ؟ ئازراق هېساب - كىتابىمىز بار ئىدى — قىلىشقىلىۋاقتى، ئىشنى چىرايلىقچە تۈگەتسە مەيلى، بولمىسا بىر قەپەس ئېلىشقىلۇقتى، بەل تۇتىشمەن دېسە چېلىشقۇلۇقتى، يەنە بەل تۇتىشمەن دېسە پۇخادىن چىققۇچە سېلىشقۇلۇقتى؟ — دەپتۇ.

ئۆزىنى جاهاندا بىر چاغلايدىغان، ئۇرۇش - جېدەل دېسە بىلىنى يەتتە يەردىن باغلايدىغان، كۆرەڭلىك قىلىپ بۇرۇتىنى دۈمبىدە ياغلايدىغان، ئۆي ئىچى بىلەن كارى بولماي، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى داغلايدىغان ئېرى مامۇت ئوغرىدىن تەپ تارتماي دەرۋازا قاققان كىشىگە بۇ خوتۇننىڭ ئاجايىپ مەستلىكى كېلىپتۇ. ئۆيگە باشلاي دېسە تېخى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كىرگۈزمەي تالادا تۇرغۇزۇۋېرەي دېسە تېخى، ناھايىتى تەسلىكى كېلىپتۇ. ئاخىرى زوق بىلەن ھەۋەس ئەندىشىدىن ئۈستۈن كېلىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. بۇ خوتۇننىڭ نەپسى - ھەۋەسلىرى قوزغىلىپ چاقچاق غۇنچىلىرىنى چېچىپتۇ. بوسۇغىدىن ئاتلاپ ھۇجرىغا كىرىپ بولغۇچە، پەتنۇستا قوش قوللاپ تۇتقان چايغا سالغان مۇشتتەك ناۋات ئېرىپ بولغۇچە، بەكتۇمۇ ئىشلارنىڭ ھېسابىغا رەھمەت تەزىمنى بېرىپ بولغۇچە، چىڭتۇنىڭ ئايالى مۇرادىنى ۋايىغا، ئىش - كۆشنى جايىغا يەتكۈزۈپ بولۇپتۇ.

ئاي بۇلۇتنىڭ ئىچىگە چۆككەن، توخۇ قونداقتا چىققان، كېچە تەڭدىن ئۆتكەن بىر چاغدا چىڭتۇ ساماسا دۇكىنىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە كېلىپتۇ. ئاتنىڭ بوغۇز چايناشلىرىدىن، ساماۋەرنىڭ توختىماي قاينىشىدىن ئۆيدە يوچۇن مېھمان بارلىقىنى سەزگەن چىڭتۇ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا يۈرۈپ، مىڭ بىر خىياللارنى سۈرۈپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئەتلەس كۆرپىنىڭ ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ بىر كىشى ئولتۇرغۇدەك، ھەر ئىككىسى چاندۇرماي كۆرۈشۈپتۇ. تىنچ - ئامانلىق سورىشىپتۇ. چىڭتۇ بەكتۇنىڭ بۇ ياققا كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئۇققاندىن كېيىن، تەمتىرەپ يۈرىكى سىقىلغاندەك، تاپىنىغا ئورۇس مىخى قېقىلغاندەك ھېس قىپتۇ. ئەمما چاندۇرغۇسى كەلمەپتۇ. ئايالىغا بۇيرۇپ داستىخان - مەزە تەييار قىلدۇرۇپتۇ. بىر كەمدە گۆش بېسىلغان پولۇ پىشىپتۇ. چىڭتۇنىڭ ئايالى بەكتۇنىڭ ئالدىغا نەقىشلەپ ئىشلەنگەن چوڭ بىر ئالتۇن لېگەندە ئاش قويۇپتۇ. بەكتۇ ئاشنى يېگەچ ئولتۇرۇپ، لېگەننى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشنى پىلانلاپتۇ. بەكتۇنىڭ بۇ خىيالىنى چىڭتۇمۇ سېزىۋاپتۇ.

داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، باشقا ئىشلارنى ئەتە قىلىشىدىغان ياكى ئېلىشىدىغان، قاش - قاپاقتا سىلىشىدىغان ياكى ھەمكارلىشىپ يارىشىدىغان، ئىش - كۆشلىرىگە بىللىشىپ

قارىشىدىغان بولۇپ ئۇخلىغىلى يېتىپتۇ.

چىڭتۇنىڭ كۆز ئالدىغا بەكتۇنىڭ ئالتۇن لېگەنگە تىكىلگەن قاراشلىرى كېلىۋېلىپ ئۇيقۇسى قېچىپتۇ. «قانداق قىلسام بولاركىن؟» دەپ بىر ھازاغىچە پال ئېچىپتۇ. ئاخىرى لېگەننىڭ چۆرىسىنى يېپىتا چىگىپ ئىچىگە لىق سۇ قويۇپتۇ ۋە ئۆزى ياتقان جاينىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇپتۇ. مۇشۇنداق قىلسام، ناۋادا بەكتۇ لېگەنگە قول تەگكۈزسە، ئىچىدىكى سۇ تۆكۈلۈپ مېنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىدۇ، دېگەن خىيال بىلەن خاتىرجەم بولۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

چىڭتۇنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ ياتقان بەكتۇ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، قاچا ـ قۇچا قويىدىغان جايلارنى، ئىچكى ـ تاشقىرىقى ئۆي، ھۇجرا ـ سارايلارنى چالا قويماي ئىزدەپمۇ ھېلىقى لېگەننى تاپالماپتۇ. بىر چاغدا قارىغۇدەك بولسا، لېگەن چىڭتۇ ياتقان ئۆينىڭ بالاسىغا — ئۇنىڭ نەق بېشى ئۈستىگە ئۇدۇل قىلىپ ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. بەكتۇ لېگەننىڭ ئىچىگە لىق سۇ تولدۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، پەم بىلەن سۈنى سۈمۈرۈشكە باشلاپتۇ. سۈيى تۈگىگەن ھامان يېپىنى ئۈزۈپ لېگەننى قولغا چۈشۈرۈپ، تۈيدۇرماي سىرتقا چىقىپتۇ. ئەمما، دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماپتۇ. چۈنكى ئىشىكلەرگە ئات كاللىسىدەك يوغان قۇلۇپلار سېلىنغان ئىكەن. بەكتۇ دەرھال ئات ئېغىلىغا كىرىپ بىر ئېگەرنىڭ پۈشتىڭىنى يۇلۇۋېلىپ، ئاشۇ پۈشتاڭنىڭ ياردىمى بىلەن ھەممە دەرۋازا ـ ئىشىكلەرنى تۈرۈمدىن چىقىرىپ تامغا يۆلەپ قويۇپتۇ. ئاندىن كېيىن چىڭتۇدىن باشقا كىشىنى يېقىن يولاتمايدىغان يورغا ئېتىنى بىر ئامال قىلىپ ئېگەرلەپ مىنگىنىچە ئۇدۇل كەلگەن يول بىلەن شامالدەك يورۇپ كېتىپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى دەريانىڭ قوشۇلغان جايى — قوشلاشقا يېتىپ كېلىپتۇ. بۇ يەرنىڭ سۈيى ئالامەت كۆپ، قايناملىرى ئاجايىپ چوڭقۇر ئىكەن. بەكتۇ ئاشۇ چوڭقۇر قاينامنىڭ ئەڭ تېگىگىچە چۆكۈپ، ئالتۇن لېگەننى بىر قورام

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تاشقا باستۇرۇپ قويۇپ يېنىپ چىقىپتۇ ـ دە، كەلگەن يولى بىلەن چىكىتۇنىڭ هويلىسىغا قايتىپ كېلىپتۇ. قارىسا چىكىتۇ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقۇدەك، بەكتۇمۇ هېچنېمە كۆرمىگەن بولۇپ يوتقانغا يۆگىنىپتۇ. بۇ ئىشلار شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تاماملىنىپتۇكى، بىر ئاش پىشىم ۋاقىتمۇ ئۆتمەپتۇ.

بەكتۇنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئۇلىنىشى بىلەن چىكىتۇ ئويغىنىپتۇ، تورۇسقا قارىسا، لېگەن جايىدا يوق. نەچچە تولغىنىپتۇ، بەكتۇ هېچ ئىش بولمىغاندەك خورەك تارتىۋاتقۇدەك، «بۇنداق مەھكەم هويلىدىن هېلىغىچە بىرەر كىم بىرەر نەرسە ئوغرىلاپ باققان ئەمەس، بۇ چوقۇم بەكتۇنىڭ ئىشى» دەپ پەرەز قىلغان چىكىتۇ هويلىدىكى ئات تۇيىقىنىڭ ئىزىنى بويلاپ قوشلاشقىچە بېرىپتۇ. بارغۇچە راسا هېرىپتۇ، ئاختۇرۇپ يۈرۈپ قايىنام ئېگىمىدىن ئالتۇن لېگەننى سۈزۈۋاپتۇ ـ دە، كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا قايتىپتۇ. چىكىتۇمۇ هېچنەرسە بىلمىگەن، كۆرمىگەن بولۇپ يېتىپ قاپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ، چىكىتۇ بىلەن بەكتۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپتۇ، چىكىتۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئايالى يەنە ئاشۇ لېگەندە ئاش كەلتۈرۈپتۇ.

بەكتۇ ئاشنى يەۋېتىپ، كېچىدىن قىلغان ئىشلىرىنى بەخىرامان دەۋېتىپ، پۈتنى لىكىلدىتىپ تەۋرىتىپ ئولتۇرغان ئىكەن، چىكىتۇمۇ تامىقىنى يېگەچ، لېگەننى قايتۇرۇپ كېلىش جەريانىنى دېگەچ، بۇرۇتىنى تولغاپ، ساقىلىنى تولغاپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

بۇ ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنىڭ چاققانلىقىغا، بىرىنىڭ تۈيدۈرماي ئېپچىقاچسا، يەنە بىرىنىڭ چاندۇرماي تاپقانلىقىغا قايىل ۋە مايىل بولۇپ، يېقىندىن يېقى هۈنەر ـ كارامەتلىرىنى نامايىش قىلماقچى بولۇشۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇلار كۈنچىقىش تامغا قاراپ ئۈچ كۈن مېڭىپتۇ. بىر چاغدا ئاۋات

بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بىرى «داۋاملىق يول ماڭايلى» دېسە، يەنە بىرى «مۇشۇ يەردە توختايلى» دەپ چىڭ تۇرۇپتۇ. بەك تۇرغىنى چىڭ تۇرغىنىغا قول قويۇپ، چىڭ تۇرغىنى بەك تۇرغىنىغا يول قويۇپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ كېلىشتىقۇدەك، بىر - بىرىنى يىررىپتە قىلىشنىڭ ئەپلىك پەيتىنى مارىلاپ كېلىشتىقۇدەك بولسا، بىر تالاي قارىلىق كىشىلەرگە ئۇچراپتۇ. «نېمە گەپ، كىم ئۆلدى؟» دېگەن سوئالغا «ھەسەنباي قازا تاپتى، نامىزى بازار تاپتى، جەسىتى مازار تاپتى، ئىسقات - زاكاتچى موللىلار پايدىنى تازا تاپتى...» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغان چىڭتۇ بىلەن بەكتۇ بىر ئېغىزدىن سۆزلىشىپ، مۇددىئانى بىلىشىپ، ئۆز ئارا كېڭىشىپ، ئىشنىڭ ئاخىرىغا خەيرلىك تىلىشىپ، ھەسەن باينىڭ ھويلىسىغا كىرىشىپتۇ. يولدا كەلگۈچە ئۇلار مۇنداق دېيىشىپتۇ: «ھەسەنباي دېگەن ئۇ تەرىپى رىمغىچە، بۇ تەرىپى چىنغىچە كارۋان ماڭغۇزىدىغان، مال - دۇنياسىنىڭ ھېسابى يوق، ئۆزى سېخىي بولغىنى بىلەن ئىنسابى يوق بىر سودىگەر. بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە ھازىدار قىياپەتكە كىرىپ، ھەسەنبايدا ھەققىمىز بار ئىدى دەپ تۇرۇۋالايلى، ئاز - تولا دۇنيا - ئوقەت يۇلۇۋالايلى، ئىشەنسە تېخى ياخشى، ئىشەنمىسە گۇۋاھچى تەلەپ قىلسا، ئىككىمىزنىڭ بىرى تىرىك موردا بولۇۋالايلى...»

گەپ مۇشۇ يەرگىچە قۇلاققا خۇش يېقىپتۇ. ئەمما كىمنىڭ گۆرگە كىرىپ «تىرىك مۇردا» بولۇشىغا كەلگەندە كېڭەش بۇزۇلۇپ، تالاش - تارتىش سوزۇلۇپ، بىرىنىڭ گېپى بىرىگە بوش يېقىپتۇ.

ئاخىرى كىم گۆرگە كىرىپ ياتسا، ئۆلمەي تۇرۇپ موردا ئازابىنى تارتسا، يەنە ئەرۋاھنى دوراپ گۇۋاھلىق بەرسە، ھەسەنبايدىن يۇلۇۋالىدىغان پۇلنىڭ يەتتە ئۆلۈشىنى ئالىدىغان، ئۇچ ئۈلۈشى تالادا تۇرغىنىغا قالىدىغان مەسلىھەتكە كېلىشكەندىن كېيىن، پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان، ئىش دېسە يېنىنى بېرىدىغان ماموت ئوغرى — چىڭتۇ مەيدە مۇشتلاپ چىقىپتۇ. ئۆزىنىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



ھەسەنبايىنىڭ جەسىتى يېنىغا تىقىپتۇ. ئەمما ھايال ئۆتمەي ئاللا ـ تۇۋا چىقىرىپ قەبرە تېمىنى مۆشتلاپ قېقىپتۇ.

«ۋاي تۇۋا، مەن ئۇ يەردە ياتالمايدىكەنمەن، ھەسەنبايىنىڭ جەسىتى قېشىغا ياتالمايدىكەنمەن، ——— دەپتۇ ماموت ئوغرى، ——— ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردە سەن گۇۋاھلىقتىن ئۆتسەڭ، مەن ھەسەنبايىنىڭ ئۆيىگە دەۋاگەر بولۇپ بارسام».

شۇنداق قىلىپ بەكتۇ گۆرگە كىرىدىغان، ھەسەنبايىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان، چىڭتۇ ھەققىيات دەۋاسى قىلىدىغان، كىشىلەرنى قەبرە بېشىغا باشلاپ كېلىدىغان بولۇپتۇ.

بەكتۇنىڭ قېشىغا 5 ـ 10 نان، بىر قاپاق سۇ قويۇپ گۆرنىڭ ئاغزىنى كۆمۈۋەتكەندىن كېيىن، چىڭتۇنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئەتىسى بامدات نامىزىدىن يانىدىغان مەزگىلدە ھەسەنبايىنىڭ ھويلىسىغا «ۋاي قېرىندىشىم، ئىست رەھمەتلىك ئاغىنەم» دەپ يىغلىغىنىچە كىرىپ كەپتۇ. ئۇ بىر پەس ھازا ئاچقاندىن كېيىن، مۇددىئانى بايان قىلىپ، «رەھمەتلىك ھەسەنبايغا چەتتە سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە 10 مىڭ تىللا قەرز بېرىۋىدىم، قازاۋۇقەدەر بۇرادىرىم ھەسەنباي ئۇئالەمگە كېتىپتۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولسۇن دېسەڭلار، ئاشۇ قەرزلىرىنى بېرىۋەتسەڭلار» دەپتۇ.

ھەسەنبايىنىڭ بالىلىرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قۇيقا چاچلىرى تىك بولۇپ «تىلخەت بارمىدى؟» دەپ سوراپتىكەن، چىڭتۇ: «بىز ھەسەنباي بىلەن يېقىن ئۆلپەتلەردىندۇق، ئارىمىز يېقىن بولغاچقا ئۇنىڭدىن تىلخەت تەلەپ قىلمىغانتىم، مۇبادا لەۋزىمگە ئىشەنمىسەڭلار، ھەسەنباي مۇنكىر ـ نەكىرلەرگە جاۋاب بېرىۋاتقان لەھەت بېشىغا بارايلى، گېپىمنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئۇنىڭدىن سورايلى، ئەگەر ‹ھەققىياتى بار› دېسە، بېرەرسىلەر، ‹يوقىدى› دېسە مەنمۇ ئاڭلارمەن، سىلەرمۇ كۆرەرسىلەر، دوستۇم ئۈچۈن ئۇنچىلىك پۇلدىن كېچەلمىگۈدەك نامەردلەردىن ئەمەسمەن» دەپتۇ.

ئىش چىكتۇنىڭ دېگىنىچە بولۇپتۇ، تۇپراق بېشى بۇ ئىشقا قىزىققۇچى كىشىلەر بىلەن تولۇپتۇ. ھەسەنبايىنىڭ چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ قەبرىسىدىكى خادا ياغاچنى مىدىرلىتىپ تۇرۇپ: «دادا، دادا ئۆزلىرىدە ماۋت ئىسمىلىك — چىكتۇ لەقەملىك بىرىنىڭ 10 مىڭ تىللا ئېلىشى بارمىدى؟» دەپ سوراپتۇ. خادا ئۈچ مەرتەم مىدىرلىتىلىپ سوئال ئۈچ مەرتەم تەكرارلانغاندىن كېيىن، قەبرە ئاستىدىن «ئېھ باللىرىم، بۇرادىرىم ماۋت چىكتۇنىڭ 10 مىڭ تىللاسى زېمىمەمدە بارلىقى راست، مۇشۇ ھەققىياتنى ئاخىرەتكە بىللە ئېلىپ كەتكىنىم ئۈچۈن، ھازىر ماڭا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېتىلدى، گۆرزى تاياقلارنىڭ زەخىمىدىن بەدەنلىرىم تىتىلدى، پېشانەمگە دوزاخ ئازابى پۈتۈلدى...» دېگەن ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

بەكتۇنىڭ ئاۋازىنى «دادامنىڭ ئاۋازى» دەپ چۈشەنگەن ۋە بۇ ھىيلىگە ئىشەنگەن ھەسەنبايىنىڭ باللىرى ئۆيىگە بېرىپلا 10 مىڭ تىللانى چىكتۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. بۇ سېھىرگەرلىكتە ھەسەنبايىنىڭ نادان باللىرى ئۇتقۇزۇپتۇ، چىكتۇ بەكتۇنى لەھەتتىن ئېچىۋېلىشنىڭ ئورنىغا 10مىڭ تىللانى ئېلىپ جېنىنى قۇتقۇزۇپتۇ...

ئەمدى گەپنى داۋۇت ئىسىملىك بەكتۇدىن ئاڭلايلى: ئۇ ھەسەنبايىنىڭ باللىرىغا دادىسى نامىدىن گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن، «چىكتۇ كېلىپ ئېچىۋالىدىغۇ» دېگەن ئۈمىد بىلەن بىر ـ ئىككى كۈننى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھېچكىم كەلمەپتۇ. كۈتە ـ كۈتە ئۈچ كۈن تۈگەپتۇ، قاپاقتىكى سۇ، خالتىدىكى نان ئاياغلىشىپتۇ. بەكتۇ ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالاي دېگەندە، ياشاش ئارزۇسى غالىب كېلىپ گۆرنىڭ ئاغزىنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ. بىر تەرەپتىن كولىسا، يەنە بىر تەرەپتىن توپا چۈشۈپ ئېچىلغان تۆشۈك كۆمۈلۈپ قېلىۋېرىپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ يەر ئاستىدا ناھەق نارىۋا ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمىغان بەكتۇ جاننى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ كولاۋېرىپتۇ. بەش كۈن بولاي دېگەندە گۆرنى ئېچىپ سىرتقا چىقىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



بەكتۇ شەھەرگە كىرىپ ئانچە - مۇنچە بىر نەرسە تېپىپ يەپ مادارىغا كىرگەندىن كېيىن، ماموت ئوغرى چىڭتۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ پىيادە يولغا چىقىپتۇ...

بەكتۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى، ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان چىڭتۇ كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈكۈپ، خوتۇنىغا «مۇنداق، مۇنداق قىل؟» دەپ ئىش تاپىلاپ، ئۆزىنى «ئۆلدى» گە چىقىرىپ، يۇرتىغا نەزىر ئىشى بېرىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بەكتۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ يەردىكى ئەھۋالغا بىر قاراپلا ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپ «ۋاي قېرىندىشىم، ۋاي ئاخىرەتلىك دوستۇم» دېگىنىچە هازا ئېچىپتۇ.

جامائەت مېيىتنى ئۆزىتىپ ماڭغىلى قوپقاندا، بەكتۇ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «دوستۇمنىڭ ماڭا قىلغان بىر مۇنچە ۋەسىيىتى بار ئىدى. بۇ ۋەسىيەتنىڭ بىرسىنى هازىر ئادا قىلىۋاتسام» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. جامائەت «ئۇ قانداق ۋەسىيەت ئىدى؟» دەپ سوراپتىكەن، بەكتۇ: «ئۇ هايات چېغىدا، ئىككىمىز خۇدا ئالدىدا كۆپ گۇناھ قىلغان بەندىلەرمىز. ئەگەر قايسى بىرىمىز بالدۇر ئۆلسەك، ئاخىرەتكە بېرىشتىن ئاۋۋال بەدىنىمىزنى داغماللاپ جىسمىمىزدىكى ناپاكلىقنى كۆيدۈرسەك، جاننىڭ گۇناھى روھىمىز بىلەن پەرىشتىلەر دەرگاھىغا بارسا دېگەنتى، قازارا چىڭتۇ مەندىن ئاۋۋال بۇ گۇناھلىق ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭ دېگىنىنى بىجا كەلتۈرسەك» دەپتۇ. جامائەت بەكتۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. چىڭتۇنىڭ ئايالى ئامالسىز ماقۇل بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ چوڭ لوم تۆمۈر چوغدەك قىزىتىلىپ، چىڭتۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە يېقىلىشقا باشلاپتۇ، چىڭتۇنىڭ بەدىنى كۆيۈپ يىغىرغا ئايلىنىپتۇ. لېكىن يالغان ئۆلۈك بولۇپ يېتىۋالغان ماموت ئوغرى ئۆزىنىڭ «چىڭتۇ» دېگەن لەقىمىگە مۇناسىپ هالدا «ۋايجان» دەپمۇ قويماي جىممىدە يېتىۋېرىپتۇ.

بۇ چارە ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن، بەكتۇ جامائەتكە يەنە مۇنداق

دەپتۇ: «دوستۇمنىڭ بىرىنچى ۋەسىيىتى ئادا بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىككىنچى ۋەسىيىتىنىمۇ ئادا قىلماق كېرەك، بىز قايسى بىرىمىز بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەك، هايات قالغىنىمىز ئۈچ كۈنگىچە يەنە بىرىمىزگە ھەمراھ بولماقچى» بولغانىدۇق، شۇڭا ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق تەييارلاپ بېرىلسە، مەن ئاغىنەم چىكتۇغا ھەمراھ بولۇپ ياتسام».

شۇنداق قىلىپ بەكتۇ شام گۆرگە كىرىپ چىكتۇنىڭ قېشىدا بىللە يېتىپتۇ. چىكتۇ شۇنچىلىك مەھكەملىك كۆرسىتىپتۇكى، نە بەدىنىدىكى كۆيۈكلەرنىڭ ئاغرىشىغا، نە بەكتۇنىڭ چىمداشلىرىغا «غىڭ» قىلىپ ئىنكاس قايتۇرماي، راستتىنلا ئۆلگەن كىشىدەك جىم-مىدە يېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بەكتۇنى زېرىكتۈرۈپ قېشىدىن چىقىرىۋېتىش، ھەتتا ئۆلگەنلىكىگە ئىشەندۇرۇپ، ئۇن مىڭ تىللانى يالغۇز ئۆزىلا تەسەررۇپ قىلىشكەن.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. بەكتۇمۇ چىداپ ئۈچ كۈن كۈتۈپتۇ، تۆتىنچى كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى ئۆلار ياتقان شام گۆرگە بىر نەچچە ئوغرى بىر دۆۋە مال - دۇنيانى كۆتۈرگىنىچە سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئەسلىدە بۇلار ئوغرىلىغان نەرسىلىرىنى بۆلۈشۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كىرگەن ئىكەن. ئوغرىلار كۆپ تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن نەرسە - كېرەكلەرنى بۆلۈشۈپ بولۇپتۇ. ئەمما بىر دانە قىلىچنى ئايرىشالماي، ياكى بىرى يەنە بىرىگە بېرىۋەتكىلى پايلىشالماي غۇلغۇلىغا چۈشۈپتۇ. ئاخىرى تالاشقانلاردىن بىرى مۇنداق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: «بۇ گۆردە ئىككى جەسەت بار ئىكەن، مەن ئاۋۇ جەسەتنى بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئىككى پارە قىلىۋەتسەم، قىلىچ مېنىڭ بولىدۇ. ئۇنداق قىلالمىسام قىلىچ سىلەرنىڭ بولسۇن». ئۇ شۇنداق دەپ قىلىچنى قولىغا ئېلىپتۇ - دە، چىكتۇ بار تەرەپكە قاراپ يول سېلىشقا تەمشىلىپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ كۆرۈپ ياتقان چىكتۇ چىدامىلىقلىقىنى يوقىتىپ، ئۆلۈم دەھشىتىدە چىرقىراپ تاشلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



ئوغرىلار دەسلەپتە هاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپتۇ، ئارقىدىن «ئەرۋاھ كەلدى» دەپ چۇرقىراشقىنىچە جاننى ئالقىنىغا ئېلىپ، مال دۇنيالىرىنى گۆر ئىچىگە تاشلاپ قېچىپ كېتىشىپتۇ. «مىنى چېپىۋېتىدىغان بولدى» دېگەن خىيالغا كەلگەن چىڭتۇ ئاللىقاچان هوشىدىن كەتكەن ئىكەن، بەكتۇ ياتقان يېرىدىن ئاستا قوپۇپ شام گۆر ئاغزىغا بېرىپتۇ. ئۇ سىرتقا قارىسا ئوغرىلار هېچ قەيەردە كۆرۈنمەپتۇ. بەكتۇ گۆر ئىچىگە قايتىپ كىرىپ، چىڭتۇنى سىلكىپ هەر قانچە مىدىرلاتسىمۇ زۇۋان سۈرمەپتۇ. بەكتۇ ئاخىرى بىر هىيلە ئويلاپ تېپىپتۇ ـ دە، قىلىچىنىڭ تىغىنى چىڭتۇنىڭ كېكىردىكىگە بوشراقلا سۈركەپتۇ، چىڭتۇ «ئوغرىلار چېپىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ بوغۇزلىۋەتكىلى قوپقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ داد پەرياد كۆتۈرۈپتۇ ۋە: «مەن ئۆلۈك ئەمەس، ماڭا قىلىچ ئۇرماڭلار، ئۆيۈمنىڭ پالانى يېرىدە كۆمۈكلۈك 10 مىڭ تىللا بار. ئاشۇ پۇلنى سىلەرنىڭ تەسەررۇپىڭلارغا ئىنئام قىلاي» دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

چىڭتۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بەكتۇ 10 مىڭ تىللانىڭ جايىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن شام گۆردىن چىقىپتۇ ـ دە، ئۇدۇل ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، بۇ چاغدا ئالەم سۈزۈلۈشكە باشلىغان، چىڭتۇنىڭ ئايالى ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق سىڭلىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ «ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولاركىن؟» دەپ ئەندىشىدە ئولتۇرغان ئىكەن. بەكتۇ چىڭتۇنىڭ ئېيتىپ بەرگەن بەلگىسى بويىچە هېلىقى 10 مىڭ تىللانى كۆمەكتىن ئېچىپ خۇرجۇنغا قاچىلاپتۇ. ئاندىن كېيىن چىڭتۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ دەپتۇ: «خېنىم، بۇرادىرىمىز چىڭتۇ ئۈچ ۋەسىيەت قىلغانتى، ئۇنىڭ ئىككىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم، ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەزگىلى كەلدى، قېنى تەييار بولۇپ ئارقامدىن ماڭسىلا» دەپتۇ. ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئاتخانىغا كىرىپ چىڭتۇنىڭ ئۇچقۇر ئېتىنى توقۇپ چىقىپتۇ.

دەل مۇشۇ چاغدا كىپەنلىكنى سۆرىگەن پېتى چىڭتۇ ھويلىغا كىرىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بەكتۇ ئاتنى توقۇپ، 10 مىڭ تىللا بار خۇرجۇننى ئېگەرگە ئارتىپ، سىڭلىسىنىڭ قولىدىن يېتىلىگەن پېتى سىرتقا چىقمۇاتقۇدەك.

«تەقدىرگە تەن بەردىم، — دەپتۇ چىڭتۇ، — ھەر قانچە قىلىپمۇ يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئارىسىدىن كەلگەن داۋۇت بەكتۇغا تەڭ كېلەلمىدىم. باشتىمۇ مامۇت ئوغرىدىم، ئاخىرىدىمۇ مامۇت ئوغرى پېتىم قالدىم، چىڭتۇ دېگەن لەقىمىم ھېسابقا ئۆتمىدى...» دېگىنىچە بوسۇغىغا يۆلىنىشىپ دەم چۈشۈپتۇ...

مامۇت ئوغرى ساقايدىمۇ ياكى ئۆلۈمنى تىلەپ تاپتىمۇ، داۋۇت ئوغرى چىڭتۇنىڭ سىڭلىسىنى نىكاھىغا ئالدىمۇ ياكى ئاكىسىنىڭ قېشىدا قالدىمۇ، بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ. ئەل ئىچىدە بەكتۇ بىلەن چىڭتۇنىڭ يۇقىرىقى ھېكايىسى ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرگىنى راست.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن ناھىيىسىدىن ئابدۇغېنى مەتنۇرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پىخسىق باي

قەدىمكى زاماندا ھاڭگىيا دېگەن يۇرتتا ناھايىتى پىخسىق ۋە ئاچ كـۆز بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭغا باشقىلار پىقسىلاشمايدىكەن. ئۇنىڭ بىرلا قىزى بولۇپ، بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن، لېكىن ئۇ 40 ياشقا كىرگۈچە ئەلچى كەلمەپتۇ. بىر كۈنى باي خوتۇنىغا:

ـــ قىزىمىز خېلى چوڭىيىپ قالدى. چوڭ بايلار كەلمىدى، كەمبەغەللەرگە بىز بەرمىدۇق، قىزىمىز بۇنداق ئولتۇرۇۋەرسە بىزگە سەت. مېنىڭچە نامرات بولسىمۇ، ئەمگەكچان ئادەمدىن بىرىگە توي قىلىپ بەرسەك قانداق؟ ـــ دەپتۇ.

كېچە ـ كۈندۈز قىزىنىڭ غېمى بىلەن كۆيۈپ ـ يانغان خوتۇنى بولسا:

ـــ گەپلىرى ئەجەبمۇ ئورۇنلۇق بولدى، مەن بىر ئويلىنىپ باقاي، ـــ دەپتۇ. شۇ باينىڭ مەھەللىسىدە بىر تۇل خوتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى چىپچەن، ئەقىللىق، ئىشچان بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئانا ـ بالا ئىككىسى كەمبەغەلچىلىكتە ياشايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى باينىڭ خوتۇنى ئاشۇ تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھال ـ ئەھۋال سوراپ، ئاخىرىدا قىزىغا ئەلچىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ كەلگەنلىكىنى، لېكىن كۆيئوغۇل بولغۇچىنىڭ ئۆيى يىراق بولغاچقا، قىزىنى بەرمىگەنلىكىنى، ئەگەر تۇل خوتۇن قىزىنى مەن كېلىن قىلىشۇالاي دەپ تەلەپ قىلسا ماقۇل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

تۇل خوتۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

ـــ يوغۇسۇ، ئۆزلىرى بىر باي تۇرۇۋېسىلا، بىز بولساق ھەر قايسىلىرىنىڭ تاقاۋۇللىرى ئەمەس، قولىمىز قىسقا، كەمبەغەلمىز. ھەر قايسىلىرىنىڭ مۇبارەك دەرۋازىلىرىغا ئوغلىمىز ئۈچۈن قىز ئىزدەپ بېرىش بىزنىڭ ھەددىمىزمۇ؟ ـــ دەپ، باينىڭ خوتۇننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپتۇ. لېكىن باينىڭ خوتۇنى ئۇ دەپ ـ بۇ دەپ، تۇل ئايالنى

گەپكە كىرگۈزۈپ، بارلىق توي چىقىمىنى ئۈستىگە ئېلىپ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ توينى قىلىپ بېرىپتۇ.

تويدىن كېيىن پىخسىق باي «قىزىنى نامراتقا بەردى» دېگەن گەپتىن قورقۇپ، قىزىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا مەن سېنى باققىنىمغا رازى. سەن ئەمدى توي قىلدىڭ، بىزنىڭ يېنىمىزغا تولا كېلىۋالما، ئېرىڭ بىلەن ئولتۇر، — دەپتۇ ۋە شۇ گەپتىن كېيىن قىزىدىن تېنىۋاپتۇ. كۈن ـ ئايلار ئۆتۈپ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى راسا كۆرگۈسى كەپتۇ. ئاخىرى ئېرىگە ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. يىگىت:

— بارساڭلار بېرىڭلار، لېكىن بىزنىڭ قول ـ ئىلكىمىزدە يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئاز ـ تولا يەيدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كەلسەڭلا، — دەپ رۇخسەت قىلىپتۇ. قىز ئۆيىگە بارسا ئانىسى يوق، دادىسى ئولتۇرغۇدەك.

— ھە، نېمە گەپ؟ — دەپتۇ دادىسى.

— جان دادىكا، بىز تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قېلىۋاتىمىز. شۇڭا ئازراق بىر نەرسە بېرەرمىكىن دەپ كېلىۋىدىم، — دەپتۇ قىز. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان باينىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، قىزىنى تىللاپ ئېرىنىڭ ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتىپتۇ. قىز بولغان ئەھۋالنى ئېرىگە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، يىگىتنىڭ غەزىپى قايناپ، پىخسىق باينىڭ بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئويىغا كەپتۇ.

يىگىت ئۆيىدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىپ، بۇ پۇللارغا بىر دانە تون، تەلپەك، يەلپۈگۈچ سېتىۋاپتۇ ۋە بۇ نەرسىلەرنى ئۈستىگە كىيىپ، باينىڭ ئۆيىگە يېقىن بارغاندا، تەلپىكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر سىقىم قارنى سېلىپ بېشىغا كىيىپتۇ ـ دە، يۈگۈرگىنىچە باينىڭ ئۆيىگە كىرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ تەزىم قىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان باي:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ كۈيئوغلىغا تەزىم بېرىپتۇ. يىگىت ئۇدۇل ئوچاقنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ-دە، يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلاپتۇ، كۈچلۈك ئوتنىڭ تەپتى بىلەن تەلپىكىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئارىسىدىكى قار ئېرىپ، يۈز - كۆزلىرىدىن «تەر» چىقىشقا باشلاپتۇ. بۇ سىرىدىن ئەجەبلەنگەن باي:

— يىگىت، بىز سوغۇقتا مۇزلاپ قالاي دەۋاتساق، سىز يەلپۈگۈچتە يەلپۈپ تۇرۇپمۇ تەرلەپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ.

— دادام رەھمەتلىك جان ئۈزۈش ئالدىدا، سەن كەمبەغەل، قول ئىلكىڭدە يوق، مەندىن كېيىن قالدىڭ، خاپىلىق تارتىپ قالما دەپ مانا مۇشۇ ئۇستىقۇشىمىدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى ماڭا مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ كىيىملەرنى قاتتىق سوغۇق بولغاندا كىيىپ، ھەر قانداق جايغا بارسا پەقەت توڭۇپ قالمايدۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكتىم، ئۆزلىرى بىلەن دىدارلىشىپ كېلىش يۈزىسىدىن تىنچ - ئامانلىق سوراپ كېلىۋىدىم، — دەپتۇ يىگىت. باي ئۇزاق مەسلىھەت قىلىپ تۇرماي:

— ئوغلۇم، بۇ كىيىملەرنى ماڭا سېتىپ بەرگەن بولسىڭىز، ھەققىڭىزدە كۆپتىن كۆپ دۇئا قىلسام، — دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. يىگىت بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

— بولماسمىكىن، ئاتا. ئۆزلىرىنىڭ قىش - ياز كىيىدىغان شۇنچىۋالا كۆپ كىيىم - كېچەكلىرى تۇرۇقلۇق، يەنە بۇنى نىمە قىلىلا؟ — دەپ كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر باي بۇ «خاسىيەتلىك» تونىنى 3000 تىللاغا سېتىۋاپتۇ. لېكىن ئەقىللىق يىگىت ھامان باينىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، 1000 تىللاغا بازاردىن بىر قېچىر سېتىۋاپتۇ. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئايدىڭدا قېچىرنى باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن چېپىپ يۈگۈرەيدىغان قىلىپ كۆندۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى قاتتىق سوغۇقتا، يىگىت قېچىرنى راسا جابدۇپ، باينىڭ دەرۋازىسىدىن رەستىگىچە چاپتۇرۇشقا باشلاپتۇ. قېچىرنىڭ قۇيۇندەك چېپىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باي چىداپ تۇرالماي:

— ۋاي ئوغلۇم، مېنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر قېچىر مىنگۈم بار ئىدى، ئەجەب كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولدى، شۇ قېچىرىڭنى ماڭا سېتىپ بەرسەڭ، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. يىگىتمۇ:

— ئاتا، بۇنى تالاشمىسىلا، مەن بۇنى ئات بەيگىسىگە سالماقچى

ئىدىم، ئەگەر زادىلا ياق دەپ تۇرۇۋالسىلا ئامالىم يوق، — دەپ تىل چاپىناپ تۇرۇپتۇ. ئاخىر باي بۇ خىچىرنى 2000 سەر ئالتۇنغا سېتىۋاپتۇ. يىگىت بۇ ئالتۇنلارنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ، قازىكالاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. ئۇ قازىكالاندىن ھېيت نامىزىنىڭ قاچان ئوقۇلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. قازى «ئەتە» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، قېيناتىسىنىڭ يېنىغا بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا قېچىرنى مىنىپ، ھېلىقى خاسىيەتلىك كىيىملەرنى كىيىپ نامازغا بېرىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. باي ناماز كۈنى ھېلىقى كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزىنى يەلپۈگەن ھالدا نامازغا مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر بىر ـ بىرلىرىگە قارىشىپ، «باي ئېلىشىپ قالغان بولسا كېرەك، بىز توڭلاپ كېتىۋاتساق، باي يازلىق تەلپەك، يېلىڭ تون كىيىۋاپتىغۇ» دېيىشىپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپتۇ. قېچىر بولسا ئۆز ئادىتىنى بۇزماي باينىڭ دەرۋازىسىدىن ھېيتگاھقىچە چېپىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ماڭماي توختاپ تۇرۇۋاپتۇ. باي مۇزلاپ كېتىپتۇ. قېچىر بولسا باينىڭ دەرۋازىسىدىن ھېيتگاھقىچە توختىماي چېپىۋېرىپتۇ. ئاتىنىڭ يۈگىنىنى قاتتىق تارتىسىمۇ پەرۋا قىلماي چېپىۋېرىپتۇ، جىلە بولغان باي تازا ئېغىشىپ تۇرۇپ يۈگەننى بىر تارتقان ئىكەن، ئۆزى ئېگەردىن ئاجراپ، مۇزنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. مۇزلاپ ئارانلا قالغان باي شۇ زامانلا ئۆلۈپتۇ. جامائەت ھېيت نامىزىدىن كېيىن، باينىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپتۇ. پىخسىق باينىڭ مال ـ دۇنياسى قىز بىلەن يىگىتكە قاپتۇ، ئۇلار خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: لوپ ناھىيە دول يېزىسىدىن مەمتىمىن قۇربان
رەتلىگۈچى: روزىتوختى مەتروزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تاڭ ئاتار پوچۇق

زامانىلارنىڭ زامانىسىدا، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئايلام ئاپام ئەرگە تەگكەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە، قۇمچاق ئۆگزىگە چىقىۋاندا، توخۇ جىرىم غاجىلىغاندا، ھۆپۈپ سوپى، قاغا قارىي بولغاندا، مۈشۈ يۇرتنىڭ ئەڭ چېتىدە، ھۇرۇن ھەم قورقۇنچاق بىر كىشى ئۆتكەنىكەن.

ئۇ ھەر كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ پوچۇق ناننى ئېلىپ ئاپتاپ چۈشكەن تامنىڭ بولۇڭىغا بېرىۋالسا، كەچكىچە شۇ پوچۇق ناننى غاجىلاپ، بۇرنىنى ئاپتاپقا تەڭلەپ ئولتۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇنى كىشىلەر «تاڭ ئاتار پوچۇق» دەپ ئاتىشىدىكەن.

ئۇنىڭ خوتۇنى «ھوي گاداي، سەن ماڭا بىرەر قۇر يېڭى كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەرمىگىلى نەۋاق، كىيگەن كىيىملىرىدە قۇشقاچ ئۇۋىلايدۇ، سەن ماڭا كىيگىلى كىيىم، خىراجىتىم ئۈچۈن پۇل بەرمىسەڭ بۇ ئۆيگە كىرمەيمەن!» دەپ كۈن بويى ئۇرۇشىدىكەن.

بىر كۈنى تاڭ ئاتار پوچۇقنىڭ خوتۇنى تاڭ ئاتار پوچۇقنىڭ ئالدىغا تاماق ئېلىپ كەپتۇ. دەل شۇ چاغدا تاڭ ئاتار پوچۇقنىڭ تەرىتى قىستاپتۇ ـ دە، ئۇ خوتۇنىغا:

— خوتۇن مېنى ھاجەتخانىغا ئەچىقىڭلار، — دەپتۇ. خوتۇنى بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ھەي مۇسۇمان ①، سىلە ئىككى بالىنىڭ دادىسىغۇ؟ بۇ كۆپكۈندۈزدە نېمىدىن قورقاتتىڭلار؟ — دەپتۇ. تاڭ ئاتار پوچۇق يەنىلا جاھىللىق قىلىپ:

— مەن يالغۇز چىقالمايمەن. مېنى بىرىڭلار ئېلىپ

① مۇسۇمان — كېرىيە شىۋىسىدە ئاياللار ئۆز يولدىشىنى مۇسۇمان دەپ ئاتىشىدۇ.

چىقىڭلار، — دەپ تورۇۋاپتۇ. خوتۇنى:

— ھازىر چۈش ۋاقتى، قورقماي يالغۇز چىقىڭلار، — دەپ ئۇنىماپتۇ.

تاڭ ئاتار پوچۇق نائىلاج ھاجەتكە ئۆزى چىقىپتۇ. خوتۇنى ئۇن يايىدىغان نوغۇچنى ئۇنىڭ بېلىگە قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ ئەمدىلا تەرەتخانىدا ئولتۇرۇشىغا ھاۋادىن بىر قۇيۇن پەيدا بوپتۇ. تاڭ ئاتار پوچۇق ئىشتىنىنىڭ بېغىنىمۇ ئەتمەي ئۆيگە يۈگۈرۈپتۇ. بېلىگە قىستۇرۇۋالغان نوغۇچ ئىشىككە ئۇرۇلۇپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتار پوچۇق ئۆيىگە كىرەلمەي ئاللا ـ كاللا، ۋايجان! دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ «بۇ كىشىگە نېمە ئەسرا يەتتى؟» دەپ يۈگۈرۈپ چىققۇدەك بولسا، ئېرى بوسۇغىدا دۈم ياتقۇدەك.

— ھەي مۇسۇمان، نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي خوتۇن ھاجەتكە ئولتۇرۇۋاتسام ئاجايىپ بىر نەرسە كەلدى. بىر قۇيرۇقى يەردە، بىر قۇيرۇقى ئاسماندا. شۇنىڭدىن قورقتۇم، ھېلىقى نەرسە مېنى بوسۇغىغا ئىتتىرىۋەتتى ... — دەپتۇ. خوتۇنى قارىسا نوغۇچ ئىشىككە توغرىسىغا تۇرۇۋالغاچقا يىقىلىپ چۈشكەنىكەن.

خوتۇنى تاڭ ئاتار پوچۇقنىڭ بېلىدىن نوغۇچنى ئېلىۋېتىپ، ئېرىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ. بالىلىرى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ:

— ھەي دادا، سىزنى قورقۇتقان باشقا نەرسە ئەمەس، قۇيۇن. ئۇنىڭدىن قورقامسىز؟ سىز ناھايىتى توخۇ يۈرەككەنسىز، — دەپتۇ.

خوتۇنى تۇرۇپ:

— ماشە گاداي [1] ، ھازىرلا جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن ئېلىپ چىققىن، — دەپتۇ.

— مەن يالغۇز جاڭگالغا بارالمايمەن، — دەپتۇ تاڭ ئاتار پوچۇق.

---

① گاداي — خوتەن شېۋىسىدە ئادەتتىكى ئەرلەرنى گاداي دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بۇ گەپنى ئاڭلىغان خوتۇنى ئېرىگە:
— ئەگەر سەن ئوتۇن ئاچىقىپ بەرمىسەڭ، بۇ ئۆيگە ئىككىنچى ئاياغ باسما، — دەپتۇ قورقۇتۇپ.

ئاخىرى تاڭ ئاتار پۈچۈق ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتار پۈچۈق ئارغامچا بىلەن ئىلمەكنى (توقۇناقنى) ئاپتۇ. خۇرجۇنغا ناندىن ئوتتۇزنى سايتۇ - دە، توپاقنىڭ بېشىغا ئارغامچىنى باغلاپ، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ بوينىغا باغلاپ، توپاقنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ چاڭگالغا مېڭىپتۇ.

يول يېرىم بولغاندا، بىر تۈپ چىغ تۈۋىدىن بىر دانە تورغاي ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ ئۇۋىسىدىن تۇخۇملىرىنى ئېلىپ قوينىغا سايتۇ. يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بىر ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى ئۇچراپتۇ. ئۇنىمۇ قوينىغا سايتۇ. يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بىر تۆگەمەن كۆرۈنۈپتۇ. تاڭ ئاتار پۈچۈق ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر تال بۇلغوي① كۆرۈنۈپتۇ. بۇنى قولىغا ئېلىپ بىر پۇۋلىگەنىكەن، ئۇنىڭدىن قاتتىق ئاۋاز چىقىپتۇ. ئۇنىمۇ ئەسقىپتىپ قالار دەپ ئېلىۋاپتۇ. ئۇ قورقۇپ يان تەرەپكە قارىغۇدەك بولسا قىسماققا② چۈشكەن بىر تورغاينى كۆرۈپتۇ. تورغاي تېخى تىرىك ئىكەن، شۇڭا ئۇ «قورسىقىم ئاچسا پىشۇرۇپ يەرمەن» دەپ ئۇنىمۇ قوينىغا سېلىپ مېڭىپتۇ.

ئۇ شۇ تەرىقىدە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن چوڭ بىر قومچاق③ ئۇچراپتۇ. «بۇنىمۇ خۇدا يارالتقان بىر جان دەپ ماڭا ھەمراھ بولار» دەپ ئۇنىمۇ قوينىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. نەدە كەچ بولسا يېتىپ، قورسىقى ئاچسا ئېلىۋالغان قاتتىق نانلىرىنى غاجاپ، ھېرىپ قالسا توغراقتا يۆلىنىپ ئۇخلاپ، يولنى داۋاملاشتۇرۇۋاتسا، يولدا ئۇزۇن بىر ئارغامچا ئۇچراپتۇ. «بۇنى ياكى ساتارمەن، يا بولمىسا ئۆيدە

---

① بۇلغوي — تۆگمەنچىلەر ئۇن تارتقۇزىدىغان كىشىلەرنى چاقىرىش ئۈچۈن چالىدىغان مۈڭگۈزدىن ياسالغان كىچىك كاناي.
② قىسماق — قاپقان.
③ قومچاق — پاقا.

ئىشلىتەرمەن» دەپ، ئۇنى بىلىگە يۆگەپ مېڭىپتۇ. تالڭ ئاتار پوچوق قوينىدىكى قومچاق بىلەن تورغايغا قاراپ، بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە مېڭىپ ئوتۇن ئېلىشنى ئۇنتۇپ، يىراق جاڭگالغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەردە ئوتۇن بەك كۆپ ئىكەن. شۇڭا ئۇ «بىردەم ئۇخلاپ، هاردۇق ئېلىپ، ئاندىن ئوتۇن ئېلىپ كېتەي» دەپ ئۇخلاپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئاقساقال بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي «سەن خەتەرلىك جايغا كېلىپ قالدىڭ، تېز قوپۇپ كەتكىن، قورقما غەيرەت قىل! » دەپتۇ.

تالڭ ئاتار پوچوق چۆچۈپ ئويغىنىپ قوپۇپتۇ. ئەتراپىغا قارىسا جاڭگاللىق، يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ، چېپىلداپ تەرلەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئازراق ئوتۇن ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كېتەي، دەپ ئوتۇننىڭ قېشىغا بېرىشى بىلەن هاۋادىن غارقىراپ بىر قارا دىۋە ئۇچۇپ كېلىپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ.

بۇ يەر ئەسلي شۇ قارا دىۋىنىڭ ماكانى ئىكەن. دىۋە ئوزۇقلۇق ئىزدەپ قايتىپ كەلگەنىكەن. غەزەپلەنگەن دىۋە تالڭ ئاتار پوچوقنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سەن نېمە ئادەم، مېنىڭ ماكانىمغا كېلىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تالڭ ئاتار پوچوق قورقۇپ، تىترەپ چىشلىرى كاسىلداپ كەتكەن بولسىمۇ، چۈشىدىكى بوۋاينىڭ «غەيرەت قىل» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ دىۋىگە قاراپ قويۇپ، خاتىرجەم تۇرۇپتۇ. دىۋە بۇنىڭدىن هەيران بولۇپ: «هوي مەخلۇق، هېچ مەندىن ئەيمەنمەي جىم تۇرىسەنغۇ؟» دەپتۇ. تالڭ ئاتار پوچوق گەرچە قورقۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىگە ئۆزى غەيرەت قىلىپ، خاتىرجەم تۇرۇپتۇ. بۇ دىۋە تېخىمۇ هەيران بولۇپ: «هەي مەخلۇق، قولتۇقۇمنىڭ تۈكى بىلەن باغلاپ ئەدىپىڭنى بېرىمەن، گەپ قىل! » دەپ قولتۇقىدىن بىر سىقىم تۈكنى يۇلۇپ، ئالدىغا تاشلاپتۇ. تالڭ ئاتار پوچوق: «قولتۇقتىكى تۈكنى مەندىن سورىغىن.» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دىۋە: «قېنى قولتۇقۇڭدىن بىر تال تۈكنى يۇلۇپ ئالغىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سېلىشتۇرۇپ باقايلى.» دەپتۇ. تاڭ ئاتار پۇچۇق:
— مانا كۆرسەڭ، — دەپ تازا كۈچەپ ئىنجىقلاپ، تەستە يۇلغاندەك قىلىپ، قوينىغا سېلىۋالغان ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى ئېلىپ دىۋىنىڭ ئالدىغا پوككىدە تاشلاپتۇ، دىۋە قارىسا بىر سىقىم تۈك تۇرۇپتۇ. ئۇ يېقىن كېلىپ قاراپ، «بۇ مەخلۇقنىڭ بىر تال تۈكىنىڭ تۈۋى بىر سىقىم كېلىدىكەن، ئۇچى ئاچىماق ئىكەن، مېنىڭ قولتۇقۇمدىكى تۈك ئۇزۇن بولسىمۇ مۇنداق كۆكلەپ نەچچە ئاچىماقلاپ چوڭايمىغان!» دەپ بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا دىۋىنىڭ بىقىنى قىچىشىپتۇ، دىۋە ئاچچىقلاپ بىقىنىدىن يۇرچاقتەك بىر پىتنى تاڭ ئاتار پۇچۇقنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ.
تاڭ ئاتار پۇچۇق بۇنى كۆرۈپ، دەرھال ئويلاپ يېتىپ:
— ئالدىمغا تاشلىغان نېمەڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. دىۋە:
— پىت! — دەپتۇ. تاڭ ئاتار پۇچۇق:
— سېنىڭ پىتلىرىڭ بەك كىچىككەن، مېنىڭ پىتلىرىمنى كۆرۈپ باق، — دەپ قوينىغا سېلىۋالغان قومچاقنى ئېلىپ، دىۋىنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. قومچاق دىك - دىك سەكرەپ ماڭغىلى تۇرۇپتۇ. قومچاق كۆرمىگەن دىۋە، ئادەمنىڭ پىتى ئادەمنىڭ مۇشتىدەك بار ئىكەن، دەپ تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ. بۇنى سەزگەن تاڭ ئاتار پۇچۇق بىر ئاز ئەقىل - ھوشىنى تېپىپ:
— قېنى دىۋە، سەن بىلەن مۇسابىقىلىشىمەن، — دەپ ھەيۋە قىلىپتۇ.
دىۋە قارىسا ئالدىدا يوغان بىر پارچە تاش بار ئىكەن. ئۇ بۇ تاشنى ئېلىپ بىر ئاتقانىكەن، بۇ تاش ئىككى يۈز چاقىرىم يىراقلىققا چۈشۈپتۇ.
تاڭ ئاتار پۇچۇق:
— سەن ئاتقان تاش ئىككى يۈز چاقىرىم يەرگە چۈشتى، مەن كىچىكرەك بولسىمۇ بىر تاش ئاتاي، ئاسماننى تېشىپ چىقىپ كەتمىسە ھېساب ئەمەس، — دەپ قوينىدىكى تورغاينى ئېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ

ئاتقانىكەن، تورغاي هاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ يەرگە چۈشمەپتۇ. دىۋە بۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقۇپتۇ. لېكىن كۆز ئالدىدا تۇرغان ئۆزى ئورۇق، بۇرنى پاناق بىر ئادەمزاتنىڭ بۇنداق كۈچ - قۇۋۋەتتىكە دەرگۇمان بولۇپ:

— هەي ئادەمزات، بىز ئاخىرقى قېتىم كۈچ سىنىشتۇرايلى، قايسىمىز يەڭسەك، يەڭگىنىمىز قۇل بولايلى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تاڭ ئاتار پۇچۇق قورقۇپتۇ. كېيىن يەنە ئەقلىنى يىغىپ:

— ئەمىسە، تاشتىن ياغ چىقىرايلى، — دەپ دىۋىگە كۆرسەتمەي، قوينىدىكى تورغاينىڭ تۇخۇمىنى قولىغا ئېلىپ يەرگە ئېگىشىپ توپا بىلەن قوشۇپ بىر سىققانىكەن، تورغاي تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن سېرىقى بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن دىۋە تاشنى ئېلىپ، تازا كۈچەپ سىقىپتۇ. تاش ئۇندەك ئېزىلىپ كېتىپتۇ. لېكىن ياغ چىقماپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتار پۇچۇق تېخىمۇ غەيرەتكە كەپتۇ ۋە دىۋىگە بىر توپ يۇلغۇننى كۆرسىتىپ:

— قېنى ئەمدى يەرنىڭ ئۇچىينى سۇغۇرۇپ باق؟ — دەپتۇ. دىۋە ماقۇل بولۇپ، تۆت - بەش توپ يۇلغۇننى قوشۇپ تارتقانىكەن، يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن تاڭ ئاتار پۇچۇق:

— هەي دىۋە، سەن يەرنىڭ ئۇچىينى سۇغۇرماي، بۇرۇتىنى يۇلۇپسەن، يەرنىڭ ئۇچىينى يۇلۇشقا كۈچۈڭ يەتمەمدۇ؟ ماڭا قاراپ تۇر، — دەپ كۆمۈپ قويغان ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ، شۇنداق بىر تارتقانىكەن، ئارغامچا چۇۋۇلۇپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دىۋىنىڭ بەدەنلىرى تىترەپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ.

— ئەمدى يەنە كارامىتىڭنى كۆرسەت، — دەپتۇ تاڭ ئاتار پۇچۇق. دىۋە تاڭ ئاتار پۇچۇقنىڭ ئەقىل بىلەن قىلغان ئىشلىرىدىن قاتتىق قورقۇپ، هوشىنى يوقاتقاچ ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازى بىلەن ئەتراپتىكى توغراق، يۇلغۇنلار شاراقشىپ كېتىپتۇ.

تاڭ ئاتار پۇچۇق قوينىغا سېلىۋالغان بۇلغۇينى دىۋىگە قارىتىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆچى بىلەن پۈۋلىگەنىكەن، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز بىلەن دىۋە دىر - دىر تىترەپ كېتىپتۇ ۋە تاڭ ئاتار پۇچۇقنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:

ــــ ئۆزلىرىنى كىچىك كۆرۈپتىمەن، پەرىشتىدەك غوجام. مەن سىلىنى بىلمەي جەندەك ئېيتىپتىمەن، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزلىرى كۆتۈرەلىگۈدەك ئالتۇن - كۈمۈش بەرسەم، ــــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تاڭ ئاتار پۇچۇق:

- سېنى يەيمەن، ئۆمۈرلۈك قۇل قىلىمەن، ــــ دەپ ئۇنىماپتۇ.

دىۋە كۆپ يالۋۇرغاندىن كېيىن:

ــــ بولدى، دەرھال ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ كەلگىن، ــــ دەپتۇ تاڭ ئاتار پۇچۇق.

ــــ ۋاي غوجام سىلىمۇ بىرگە بارسىلا، ئاغىنىدارچىلىقىمىز ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيىمىزدە مېھمان بولۇپ باقسىلا، قايتىشلىرىدا ئالتۇن - كۈمۈشنى خالىغانچە ئېلىپ كەتسىلە، ــــ دەپتۇ دىۋە. تاڭ ئاتار پۇچۇق باراي - بارماي دەپ ئاخىرى «مەيلى بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن. ئالەم كەچ بولدى، ئوتۇن ئالماي بارسام خوتۇنۇم ئاچچىقلاپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىدۇ ياكى ئالتۇن ئالارمەن ياكى ئۆلۈپ قۇتۇلارمەن» دەپ دىۋىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ.

بىر يەرگە بارغاندا، تاغنىڭ ئارقىسىدا بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. شۇ چاغدا:

ــــ ئۇلۇغ پەرىشتە غوجام، بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، مەن ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ قوياي، بولمىسا ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش سىلىنى بىلمەي، چىشلىرىغا تېگىپ قويمىسۇن، ــــ دەپ ئالدىراپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا قورقۇپ كەتكەن تاڭ ئاتار پۇچۇق ھەر نېمە بولسا قۇتۇلدۇم، خۇداغا رەھمەت، ئەمدى جېنىمنى ئەپ قاچاي، دەپ ئارقىسىغا قاراپ قېچىشىغا، دىۋە چىقىپ:

ــــ پەرىشتە غوجام نەگە ماڭدىلا؟ ــــ دەپ توۋلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن تاڭ ئاتار پۇچۇق قېچىشتىن توختاپ، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن

كېيىن:

— مەن سېنى مېنى ئالداپ قاچقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، پەرىشتە ھەمراھلىرىمنى باشلاپ كېلىپ، يۇرت ـ ماكانلىرىڭنى، ئەسلى ـ نەسلىڭنى قويماي دوزاخقا تاشلاپ قۇرۇتۇۋېتىش ئۈچۈن ماڭغانىدىم، لېكىن سەن يەنە چىقتىڭ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دىۋە تېخىمۇ قورقۇپ:

— بىزگە رەھىم قىلسىلا، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدىن قېچىش مېنىڭ ھەددىممۇ؟ ماڭسىلا ئۆيگە كىرەيلى، — دەپ ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ ۋە تۈرلۈك غىزا ـ يېمىشلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ.

ئالەم تۈن كېچە بولغاچقا، تاڭ ئاتار پۇچۇقنى چوڭ بىر ئۆيگە باشلاپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. لېكىن تاڭ ئاتار پۇچۇق قورقۇپ ئۇخلىيالماپتۇ. شۇ چاغدا، دىۋە خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ئۇنى كۆرگىلى كەلگەنىكەن، ئۇلار ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن تاڭ ئاتار پۇچۇققا قاراپتۇ. تاڭ ئاتار پۇچۇقنىڭ كۆزى چېقىر بولۇپ، تېخى ئۇخلىمىغانلىقى ئۈچۈن، دىۋىگە چىراغدەك پارقىراپ كۆرۈنۈپتۇ.

پۇرسەتتىن كېيىن ئۇلار «ئەگەر بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئېلىپ كەتسە، بىزگە ھېچنېمە قالمايدۇ. تازا ئۇخلىغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتەيلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. بۇنى تاڭ ئاتار پۇچۇق ئاڭلاپ قاپتۇ.

تاڭ ئاتار پۇچۇق ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ياتقان يېرىگە ئۆزىنى باردەك قىلىپ قويۇپ، ئۆينىڭ مورىسى ئىچىگە مۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن دىۋە، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن تاش تاشلاپ ئۆينىڭ يېرىمىنى تولدۇرۇپ كېتىپتۇ.

ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، تاڭ ئاتار پۇچۇق مورىدىن چىقىپ، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ، ئۆزىگە ئوخشاش ياتقان نەرسىلەرنى تارتىپ ئېلىپ، تاشنىڭ ئۈستىدە باشقىدىن يېتىپتۇ. ئالەم يورۇغاندا دىۋىلەر تاڭ ئاتار پۇچۇقنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەپتۇ. قارىسا ئۇ ساق ـ سالامەت ئولتۇرغۇدەك. دىۋنى كۆرۈپ تاك ئاتار پوچۇق:

— ۋاي دىۋە ئاداش، بۇ ئۆيۈڭلەردە بورگە كۆپ ئىكەن، كېچىدىن بېرى چېقىۋېرىپ ئۇخلاتمىدى. ئۆيۈمگە بېرىپ دەم ئالمىسام بولمىغۇدەك، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دىۋە كېچىدىن قىلغان ئىشىغا ئۆز كۆڭلىدە قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. تاك ئاتار پوچۇقنىڭ ئۇنى سەزمىگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپتۇ. شۇڭا ئۇ:

— پەرىشتە غوجام، سىلىدىن ياخشى خەۋەر ئالالماپتۇق، يەنە خىزمەتلىرىنى قىلالمىز، ئۆيلىرىگە كېتىدىغان بولسىلا ئۆزلىرى كۆتۈرەلىگۈچىلىك ئالتۇن ئېلىپ كەتسىلە، — دەپتۇ.

— ئالمىسامۇ بولاتتى، لېكىن سىنىڭ كۆڭلۈڭنى دەپ ئالاي دەيمەن، شۇڭا بىرەر تۇلۇم ئالتۇن ئەپچىقىپ بەرگىن، ئۆيۈمدىكى ئالتۇنغا سېلىشتۇرۇپ باقاي، — دەپتۇ. ئۆيدىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەن دىۋە دەرھال بىر تۇلۇم ئالتۇن ئەپچىقىپتۇ ۋە ئۆيىگىچە ئاپىرىپ بېرىمەن، دەپ يۈدۈپ مېڭىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يەنە تاك ئاتار پوچۇقنى غەم بېسىپتۇ.

ئۇلار يول يۈرۈپ ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، تاك ئاتار پوچۇق يەنە بىر ئەقىل ئويلاپ:

— ھەي دىۋە، ئاۋۋال مەن ئۆيدىكىلەرگە ئۇقتۇراي، مەن ئۆيدىن چىققاندا بىر دىۋىنىڭ گۆشى بار ئىدى، ھازىرغىچىلىك ئۇنى يەپ بولۇپ قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەندۇ، بولمىسا سىلىنى يەپ قويىدۇ، — دەپ ئۆيگە كىرىپ بولغان ئىشلارنى خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ، خوتۇنى ئىشەنمەپتۇ.

تاك ئاتار پوچۇق مىڭ تەسلىكتە ئىشەندۈرۈپتۇ ۋە خوتۇنىنىڭ قولىغا قىلىدىغان ئىشلارنى ئېيتىپ، ئۆگزىگە ئەپچىقىپ قويۇپ، دىۋىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دىۋىنى باشلاپ مېڭىپتۇ.

ئۆز ئىرىنىڭ تۈرقى يوتىمىغان توغراقتەك، چىرايى كۆك ھەم قورقۇنچلۇق بىر نەرسىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن تاك ئاتار

پوْچوْقنىڭ ئايالى قورقسىموْ، تاڭ ئاتار پوْچوْقنىڭ دېگىنى بويىچە:
— ھەي، مېھمان ئوْچوْن ئاق دېۋىنىڭ گوْشىنى توغرايموْ ياكى قارا دېۋىنىڭمو؟ — دەپ چوڭ بىر قىڭراقنى تاشقا بىلەپ توۋلاپتوْ. تاڭ ئاتار پوْچوْق بىلەن كەلگەن دېۋە قارا بولغىنى ئوْچوْن قورقوْپ پوْت - قولىدا جان قالماي دەرھال توْلوْمنى يەردە قويوْپ:
— ۋايىجان، پەرىشتە غوجام، مەن كېتەي؟ خوتوْنلىرىنىڭ ئاچچىقى بەك يامانىكەن، ھاجەتلىرى چوْشسە بارالا، — دەپ بەدەر قېچىپتوْ.

دېۋىدىن قوْتوْلغان تاڭ ئاتار پوْچوْق ئالتوْنلارنى سېتىپ، ئوْيلىرىنى ئوڭلاپ، ئوْزلىرىنى كوْن بويى توقلاپ خوْشال ئوْتوْپتوْ. خوتوْن - بالىلىرى بىلەن ياخشى توْرموْش ئوْتكوْزوْپتوْ. لېكىن دېۋىدىن خاتىرجەم بولالماي ھەر كوْنى ئوْگزىگە چىقىپ، دېۋە تەرەپكە قارايدىكەن.

بىر كوْنى دېۋە ئالتوْننىڭ ئاچچىقىدا بېشىنى توْتوْپ ئولتوْرسا، بىر توْلكە يىمىلىك ① ئىزدەپ دېۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتوْ. دېۋە توْلكىنى كوْروْپ غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ، سەن مەخلوْق مېنىڭ ماكانىمغا نېمە دەپ كەلدىڭ؟ دەپ توْتوْۋېلىپ، قاتتىق ئوْرۇشقا باشلاپتوْ. توْلكە تاياقتىن قوْتوْلوْش ئوْچوْن:
— ئوْزلىرى باشلىرىنى توْتوْپ، غەمكىن ئولتوْرغانىكەنلا، شوْڭا ئوْزلىرىنى مۇشۇنداق غەمگە سالغان ھەر قانداق ئىش بولسا مەسلىھەتلىشىپ، غەملىرىنى يەڭگىللىتەي، ئىنتىقاملىرىنى ئېلىپ بېرەي، — دەپ كەلگەنىدىم دەپتوْ. توْلكىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان دېۋە:
— دوْنيادا مەن ھەممە نەرسىلەرنى قورقاتقانىدىم، مېنى تاڭ ئاتار پوْچوْق دېگەن بىر ئادەم بوزەك قىلدى. ئوْ مېنى بوزەك ئەتكەن يەردە سەن نېمە ئىدىڭ؟ — دەپتوْ، توْلكە قاقاقلاپ كوْلوْپ:

---

① يىمىلىك — يېمەكلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



— بۇ ئادەم خوتۈنىدىن قورقىدىغان، ھەر كۈنى ئۇتۇن تېرىپ جان باقىدىغان ئاجىز بىر ئادەم. شۇنىڭغىمۇ بوزەك بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

دىۋە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى تۈلكىگە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. تۈلكە دىۋىنى زاڭلىق قىلىپتۇ. ئاندىن كېيىن دىۋىگە مەن بىلەن بىرگە ماڭسىلا، مەن باشلاپ بېرىپ بىر تۇلۇم ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ بېرەي، دەپتۇ. دىۋە ماقۇل بولۇپ تۈلكىنىڭ كەينىدىن كەتكە قاراپ مېڭىپتۇ.

لېكىن دىۋە كەتكە يېقىن قالغاندا تۈلكىدىن گۇمانلىنىپ، تۈلكە دېگەن بۇ ھىيلىگەر ئوغرى مېنى تاڭ ئاتار پوچۇققا تۇتۇپ بېرەمدۇ قانداق؟ دەپ ئويلاپ تۈلكىدىن قايتا ـ قايتا سوراپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭغا:

— ماڭا پۇتمىسىلە، مېنىڭ قۇيرۇقۇمنى سىلىنىڭ بويۇنلىرىغا باغلاپ قويسىلا، — دەپتۇ. دىۋە ماقۇل بولۇپ تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزىنىڭ بوينىغا چىگىپ قويۇپ ئاندىن مېڭىپتۇ.

تاڭ ئاتار پوچۇق خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ئۆگزىدە تۆۋەنگە قاراپ ئولتۇرسا، يىراقتىن دىۋە بىلەن تۈلكە كۆرۈنۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن تاڭ ئاتار پوچۇقنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئەقلىي ھوشىنى يىغىپ، بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن يەنە ئەقىل تېپىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەي تۈلكە ھارامزادە، ساڭا ئىككى قارا دىۋىگە پۇل بەرسەم بىر دىۋە ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ بۇ بىزگە ناشتىلىق بولامدۇ؟ قالغىنى قەيەردە؟ ھەر نېمە بولسا سەن بۇ دىۋىنى تۇتۇپ كېلىپسەن، بۇ ئوغرى ئۆتكەندە مېنى گوللاپ، بىر تۇلۇم ئالتۇن بەرگەنىدى، ئۆيگە كېلىپ قارىسام بۇ جىلك ئالتۇن ئەمەسكەن، مەن ئەمدى ئۇنىڭ ئەدەپ جازايىنى بېرىپ، خەزىنىسىدىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئالىمەن، قويۇۋەتمەي چىڭ تۇت، — دەپ ۋارقىراپتۇ. دىۋە بۇنى ئاڭلاپ بەدەر قېچىپتۇ. شۇ قاچقانچە بىر نەچچە كېچە ـ كۈندۈز قېچىپ، جېنى چىقىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

دىۋە توختاپ ئارقىسىغا قارىسا، تۈلكە ئاللىقاچان ئۆلۈپ، چىشلىرى ھىڭگىيىپ قالغانىكەن. بۇنى كۆرگەن دىۋە سەن مېنى گۇللاپ تالڭ ئاتار پۈچۈققا تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇپسەن. ئەمدى جېنىمنى ئەپقېچىپ كەلسەم مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلەمسەن؟ دەپ تۈلكىنىڭ چىشلىرىنى چېقىپ پارە - پارە قىلىپ تاشلاپ، قاچقانچە ئۆز ماكانىغا كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەل - مەھەللە تالڭ ئاتار پۈچۈقنى «تالڭ ئاتار پالۋان» دەپ ئاتىشىپتۇ. شۇ زاماندىن باشلاپ دىۋىلەر ئادەمزاتلارغا كۆرۈنمەس بولغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: كېرىيە ناھىيىسىدىن **قادىر غوجەك، تۇرسۇننىياز ئەيسا**
رەتلىگۈچىلەر: **ئەھەت ئوبۇلقاسىم، قادىر تۇردى**



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# پادىشاھنىڭ خانىشنى خورازغا نىكاھ قىلدۇرۇشى

بۇرۇنقى زاماندا نۇرى تاغ ـ تۇراسىنىڭ زىرەك قەلئەسىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ قول ئاستىدىكى پۇقرالىرىغا دىنىي قائىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، خىلاپلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدىكەن، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قاتتىق جازالايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ كىچىك خوتۇنى ئايخاننى تالاق قىلىۋېتىپتۇ. ئايخان تولىمۇ چىرايلىق، كېلىشكەن ئايال بولغانلىقتىنمىكىن، ئىشقىلىپ پادىشاھ ئۆز ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى قايتا ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بوپتۇ. دىنىي قائىدە بويىچە ئەر كىشى خوتۇنىنى تالاق قىلىۋېتىپ يەنە ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولسا، تالاق قىلىنىۋەتكەن ئايالنى باشقا بىر ئەر كىشىگە نىكاھ قىلدۇرۇپ، بۇ ئىككىيلەن ئاز دېگەندە بىر كېچە بىر ئۆيدە بولۇشى، ئاندىن ئىككىيلەننى ئاجراشتۇرۇپ ئەسلىدىكى ئېرى نىكاھىغا ئېلىشى شەرت ئىكەن. بۇ تالاق قىلىنىۋەتكەن خوتۇننى «تەلە قىلدۇرۇش» دەپ ئاتىلىدىكەن.

پادىشاھنىڭ ئايخاندىن ئاجرىشىپ كېتىشكە كۆڭلى چىدىماپتۇ ھەم ئۇنى باشقا بىر ئەر كىشىگە تەلە قىلدۇرۇشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ تەلە قىلدۇرمايدىغان باشقىچە بىرەر يول تېپىلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن يۇرت دائىرىسىدىكى بارلىق دىنىي ئۆلىمالارنى يىغىپتۇ.

— ئى، مۆتىۋەرلەر، — دەپتۇ پادىشاھ ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، — مەن خوتۇنۇم ئايخاننى تالاق قىلىۋەتكەنىدىم. ھازىر ئۇنى يەنە ئۆز نىكاھىمغا ئېلىش قارارىغا كەلدىم. شۇڭا ئايخاننى تەلە قىلدۇرماي ئۆز نىكاھىمغا ئېلىشقا بىرەر يول كۆرسىتەرمىكىن دەپ چاقىرتقانىدىم.

دىنىي ئۆلىمالار كىتاب كۆرۈپتۇ، ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىپتۇ. ئاخىرى:

— تالاق قىلىنىۋەتكەن خوتۇننى قايتا ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن تەلە قىلدۇرماقتىن ئۆزگە يول يوق، — دەپ خۇلاسە چىقىرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ـ دە، قازاخۇنۇمغا ۋارقىراپتۇ:

— سىز ئېيتىپ بېقىڭە؟! بۇنى تەلە قىلدۇرماقتىن ئۆزگە ھېچقانداق ئامال يوقمۇ؟

پادىشاھنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرگەن قازاخۇنۇم دەرھال پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىر پەتىۋا ئويدۇرۇپ چىقىپتۇ:

— ئى پادىشاھىم، — دەپتۇ قازاخۇنۇم، — تالاق قىلدۇرۇۋەتكەن خوتۇننى قايتا ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم تەلە قىلدۇرۇش پەرزدۇر. ئەمما، ئۇنى ئادەم ئارقىلىقلا تەلە قىلدۇرماي، ئەركەك جان ـ جانىۋار، ئۇچار قۇشلار بىلەن تەلە قىلىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ چىرايى ئېچىلىپتۇ. بۇ پەتىۋانىڭ پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقىنى پەملىگەن سورۇن ئەھلى نارازىلىق بىلدۇرۇشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس دىنىي قائىدىلەر پادىشاھنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىگە بويسۇنۇپتۇ.

قازاخۇنۇم ئاۋازىنى ئەمرى ـ مەرۇپقا كەلتۈرۈپ بىر ھازا نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، پادىشاھ تۇتۇپ تۇرغان خوراز تەرەپكە بويۇنداپ مۇراجىئەت قىپتۇ:

— ئاگاھ بولۇڭكى، ئۆزىڭىز ھازىر تۇرۇپسىز كەندىرچا خوراز باينىڭ ئوغلى قاراچا خوراز ئاخۇن، قادىر موللامنىڭ قىزى ئايخاننى ئىككى دۇنيانىڭ ھالال جۈپلۈكى ئۈچۈن ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟

بۇ ۋاقىتتا پادىشاھ خورازنىڭ يانپېشىغا پاققىدە بىرنى ئۇرغانىكەن، خوراز «ۋىك» قىپتۇ.

— مانا ئالدىم، دېدى، — دەپتۇ قازاخۇنۇم خورازنىڭ ئاۋازىنى تەرجىمە قىلىپ.

كېچىسى ئايخان بىلەن خوراز ئەر ـ خوتۇن بولۇپ بىر ئۆيدە يېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە پادىشاھ خورازنىڭ يانپېشىغا يەنە بىرنى ئۇرغانىكەن، خوراز يەنە «ۋىك» قىلىپ توۋلاپتۇ.

— ئۈچ تالاق، ئەرگە تەگ، دېدى، — دەپ تەرجىمە قىپتۇ قازاخۇنۇم خورازنىڭ ھېلىقى ئاۋازىنى ئاڭلاپ. ئاندىن ئايخاننى پادىشاھقا قايتا نىكاھ قىلىشقا پاتىھەنى باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيىسىدىن مەتتۆمۈر تۇردى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن قۇربان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى



# باركاللىلار

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، قاراقاشنىڭ قاراباغ دېگەن يېرىدە بايلارنىڭ يېرىنىڭ كۆكىنى ئېلىپ قوغۇن تېرىپ سېتىش بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى قامدايدىغان ماخمۇت ئىسىملىك بىر قوغۇنچى ئۆتكەنىكەن، ئۇ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۈچ ئېشەككە قوغۇن يۈكلەپ شەھەرگە كىرىپتۇ. شۇ مەزگىلدە كوچا ئايلىنىۋاتقان شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ماخمۇتنىڭ قوغۇنلىرىنى كۆرۈپ:

— ھەي قوغۇنچى، بۇ قوغۇنلارنى سەن تېرىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ماخمۇت قوغۇنچى:

— مەن تېرىغان، پادىشاھىئالەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ قوغۇنلارنى پادىشاھقا بېرەي، — دەپ ئەكىردىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھقا بېرەي دەپ ئەكىردىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ماخمۇت.

— باركاللا! — دەپ رەھمەت ئوقۇپ بولۇپ، يەنە سوراپتۇ پادىشاھ:

— قوغۇننىڭ مۇشۇ ئۈچ ئۇلاغمۇ؟

— ئۈچ ئۇلاغ، شاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ ماخمۇت. پادىشاھ:

— ماڭا ئەكىرگەن بۇ قوغۇنلىرىڭنى ھويلامغا چۈشۈرۈپ بەرگىن، — دەپتۇ.

ماخمۇت پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۈچ ئۇلاغ قوغۇننى پادىشاھنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتماقچى بولۇۋاتقاندا، پادىشاھ:

— قوغۇننى تېرىغىنىڭغىمۇ «باركاللا!»، ماڭا ئاتىغىنىڭغىمۇ «باركاللا!»، ھويلامغا چۈشۈرۈپ بېرىپ، جاپا تارتقىنىڭغىمۇ

«بارىكاللا» دەپتۇ.

قوغۇنچى تۆت «بارىكاللا» غا ئىگە بولۇپ، بۇ شەھەردە پادىشاھنىڭ «بارىكاللا» سىنى خەجلىمەيدىغاندۇ، پادىشاھ ھەممە قوغۇنلىرىمنى ئېلىپ بولۇپ ھېسابىنى بىر سوقۇپ، پۇلنى بىراقلا بېرىدىغان ئوخشايدۇ! دەپ ئويلاپ، ئەتىسى ئۈچ ئۇلاغ، ئۆگۈنى تۆت ئۇلاغ، جەمئىي ئون ئۇلاغ قوغۇن ئەكىرىپ پادىشاھنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈرۈپتۇ. لېكىن ھەر قېتىمدا پادىشاھ پۇل ئەمەس، تۆت قېتىمدىن جەمئىي ئون ئىككى قېتىم «بارىكاللا» ئېيتىپ ماخمۇتنى يولغا سېلىۋېرىپتۇ.

قوغۇنچى ئاخىرقى قېتىملىق «بارىكاللا» نى ئېلىپ ھەيران - ھەس بولۇپ كوچىدا كېتىۋېتىپ:

— بۇ قانداق بولغىنى؟ ھۆپۈپكە توپاق ساتقاندەكلا مەنمۇ «بارىكاللا» غا قوغۇن ساتتىممۇ - يا؟ بۇ شەھەردە پادىشاھنىڭ «بارىكاللا» سى خەجلىنەمدۇ؟ ئۈچ كۈندە ئون ئىككى «بارىكاللا» غا ئېرىشتىم. مېنىڭ بالا - چاقام يوقمۇ؟ قوغۇن تېرىغان يەرگە كۆك ھەققى تۆلىمەمدىمەن؟ — دېگىنىچە ساراڭدەك سۆزلەپ كۆزىگىمۇ ھېچنېمە كۆرۈنمەي مېڭىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بۇ قوغۇنچىغا ئۇچرىشىپ:

— ھەي، توختىغا بۇرادەر؟ ھازىر نېمە دېدىڭىز!؟ دېگەنلىرىڭىزنى ئوبدان ئاڭقىرالمىدىم، — دەپتۇ.

ماخمۇت قوغۇنچى چۆچۈپلا ئېسىگە كېلىپ، بىر ئاز قورقۇپ تۇرۇپ:

— بۇ، بۇ مۇنداق گەپ ئىدى، — دەپ، پادىشاھنىڭ بارىكاللىسىغا قوغۇن سېتىش جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاخىرىدا قوغۇنچى دەرد بىلەن:

— قولدا تۇتقىلى بولمايدىغان، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، يانچۇققا سالغىلى بولمايدىغان «بارىكاللا» نى كۆتۈرەلمەي ئىنجىقلاۋاتىمەن غوجام، — دەپ دادلاپتۇ. ۋەزىر قوغۇنچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئەخمەق ئىكەنسىز، سىزمۇ ئەقلىڭىزنى ئىشقا سېلىڭ! ھازىرلا بىر ئاشخانىغا بېرىپ، ئاش - گۆش بىلەن قورساقنى توقلاڭ، ئاشخانا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خوجايىنىغا «بارىكاللا» بەرسىڭىز، كېيىن بىر گەپ بولمامدۇ؟ — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

قوغۇنچى ۋەزىرنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئاشخانىغا كىرىپ ئاش - گۆش يەپ بولۇپ، 12 قېتىم «بارىكاللا» ئېيتىپ ئاشخانىدىن چىقىپتۇ.

خوجايىن قوغۇنچىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ھەي بۇرادەر، ئاش - گۆشنىڭ پۇلىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپسىز، — دەپتۇ. قوغۇنچى:

— يوقسۇ خوجايىن، پادىشاھ ئون ئۇلاغ قوغۇن ئۈچۈن بەرگەن «بارىكاللا» نى سىزگە تولۇق بېرىۋەتتىم، ئىنساپ بىلەن ئارتۇقىنى قايتۇرارسىز، — دەپتۇ. خوجايىن:

— بۇرادەر، چاقچاق قىلماڭ، قۇرۇق «بارىكاللا» غا مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. ماڭا «بارىكاللا» ئەمەس، «پۇل» كېرەك، — دەپتۇ. ئاخىرى بۇ جېدەل چوڭىيىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغىچە بېرىپتۇ.

سوراق باشلىنىپتۇ. خوجايىن دادلاپ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىمىز، بۇ مۇتتەھەم ئۈچ تەڭگىلىك ئاش - گۆشنى يەپ بولۇپ، پۇل بەرمەي، «بارىكاللا» دەپ قويۇپلا چىقىپ ماڭدى. پۇل تۇتسام: «مەن بارىكاللاغا قوغۇن ساتقان، بۇ ‹بارىكاللا› ئازمۇ ئەمەس، ئون ئۇلاغ قوغۇن ئۈچۈن پادىشاھ بەرگەن ئون ئىككى ‹بارىكاللا›» دەپ تۇرۇۋالدى. قۇرۇق «بارىكاللا» غا نېمە كېلەتتى؟ — دەپتۇ. پادىشاھ خوجايىندىن سوراپتۇ:

— قانچە پۇلۇڭ بار ئىدى؟

— ئۈچ تەڭگە.

پادىشاھ خوجايىننىڭ ئۈچ تەڭگىسىنى بېرىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ماخمۇتقا مۇنداق دەپتۇ:

— سەن بۈگۈندىن باشلاپ ئوردا ھېسابىدىكى قوي - كالا، ئاتلارغا مەسئۇل بول، قويلار سەمرىسۇن، پادىلار ئاۋۇسۇن، ئاتلار ياخشى كۆندۈرۈلسۇن.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، ماخمۇتنىڭ مالچىلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇشى بىلەن قويلار ئىككى ھەسسە، كالىلار بىر ھەسسە، ئاتلارمۇ

بىر ھەسسە كۆپەيگەننىڭ سىرتىدا چارۋىلار سېمىز تۇرۇپتۇ. قۇلۇنلار ئادەمگە ئۆگىنىپ ياخشى كۆنۈپتۇ.

ماخمۇت پادىشاھقا ياراپلا قاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ماخمۇتنى چاقىرتىپ:

— تېز ئەكەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ، لېكىن نېمىنى ئەكىلىشنى دېمەپتۇ. ماخمۇت سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ: «نېمىنى ئەكىلەرمەن، پادىشاھ تامغا يۆلىنىپ يېنى يېتىپتۇ. نەزەرى ئىشىككە تاشلىنىپتۇ. ئىشىك بىر ئاز قىڭغىيىپ قاپتىكەن، خارەت ئەكەلسەم بولغۇدەك، دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ-دە، خارەت چاقىرىپ كېلىپتۇ، دېگەندەك ئىشىكنىڭ يان ياغىچى يېنى بولۇپ قالغانىكەن، خارەت ئوڭشاپ بېرىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسى يەنە ماخمۇتنى چاقىرتىپ:

— ھەي ماخمۇت، تېز ئەكەل، — دەپتۇ. ماخمۇت يەنە سىرتقا چىقىۋېتىپ ئويلاپتۇ: پادىشاھ تامغا قاراپ، پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىپتۇ. ئاشۇ تامنىڭ سۇۋىقى ئاجراپ كەتكەنىكەن، سۇۋاقچى ئەكىلەي.

ماخمۇت سۇۋاقچى ئېلىپ كېلىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپتۇ. سۇۋاغچى تامنى سۇۋاپ قايتقاندىن كېيىن، ئوردىدىكى ھەممە ۋەزىر - مەسلىھەتچىلەرنى يىغىپ، ماخمۇتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ماختاپ بولغاندىن كېيىن:

— ماخمۇت ھەقىقەتەن چېچەن، ئەقىللىق ئىكەن. شۇڭا بۈگۈندىن باشلاپ باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەيمەن، ھەممىڭلار مۇبارەكلەڭلار، — دەپتۇ. ھەسەتخور ۋەزىرلەرنىڭ قاراپ تۇرۇپ بىر قوغۇنچىنىڭ باش ۋەزىر بولۇپ قالغىنىغا ناھايىتى ئاچچىقى كېلىشكەن بولسىمۇ، غىڭ قىلالماي:

— مۇبارەك بولسۇن، خىزمەتلىرىگە تەييارمىز، ۋەزىر جانابلىرى، — دېيىشىپتۇ. دېمىسىمۇ ئوردا ئىچى تېز جانلىنىپ كېتىپتۇ. تەلەپ - تەكلىپ جايىدا بولۇپتۇ. پادىشاھمۇ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ماخمۇت ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، سەيلە - شىكارغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىقىپتۇ. ھەممە ۋەزىرلەر ماخمۇت ۋەزىرنىڭ ئەتراپىدىن يىراق كېتەلمەپتۇ. پۇرسەت تاپسىلا، ھەسەت ئۆككۈرلىرىدىن قۇيۇن چىقىرىپ سۆيىقەست پىلانلىشىپتۇ. بىر ۋەزىر پادىشاھ ئالدىغا كىرىپ، ھۆرمەت - تەزىمدىن كېيىن:

— ئۆزلىرى ئون نەچچە سۇلتانلىق ئىتائەت قىلىدىغان كاتتا پادىشاھ، باش ۋەزىرىمىزنىڭ سەلتەنەتلىرىگە سەلتەنەت قوشۇپ، مۇشۇنداق شۆھرەتلەنگەن يىللىرىدا ئالاھىدىرەك قەسىر لازىمدەك قىلىدۇ. بۇ ئىش خېلى ئىلگىرىلا ئېسىمىزگە كەلگەن بولسىمۇ، قولىمىزدىن كەلمەيدىغان بولغاچقا ئېغىز ئاچمىغان. باش ۋەزىرىمىز بۇ خىزمەتنى بىمالال جۆندەيدۇ، يەرگە تۈۋرۈك بېكىتمەي، ئاسمانغا تانا تارتماي، مۇئەللەقتە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بىر ساراي سالساق قۇدرەتلىرىنىڭ ياخشى نامايەندىسى بولارمىكىن، — دەپتۇ. پادىشاھ بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— سىلەرچە بۇنداق ئالاھىدە ئىمارەتنى باش ۋەزىر سالدۇرالايدىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىلەر:

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

پادىشاھ ماخمۇت ۋەزىرنى چاقىرىپ، تېخى جاھاندا پەيدا بولمىغان ئالاھىدە شەكىلدىكى مۇئەللەق بىنانى قىرىق كۈن ئىچىدە سالدۇرۇپ پۈتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپتۇ.

ماخمۇت «ماقۇل» دەپ ئورنىدىن چىقىپتۇ - يۇ، كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلۇپ ئاقمۇەتنى ئويلاپتۇ: خۇدا، بالا - قازاغا گىرىپتار قىلما، ئەمدى خوتۇنۇم بىلەن ئىككى قىزىمنى ئېلىپ، بۇ پادىشاھلىقتىن چىقىپ كەتمىسەم شەرمەنچىلىكنىڭ تۇزۇندىسىغا ئايلىنىمەن...

ۋەزىر ئۆيىگە بېرىپ، بېشىغا كەلگەن پالاكەتنى سۆزلەپتۇ. تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ، شۇ كېچىسىلا خوتۇنى بىلەن قىزلىرىنى ئېلىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. شۇ تەرزدە بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر يىگىت كەينىدىن يېتىشىپ كېلىپ بىللە مېڭىپتۇ، بىر نەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن ھەمراھ يىگىت:

— ھەي ئاكا، يولنى قىسقارتمايلىمۇ؟ — دەپتۇ. ماخمۇت ئاچچىقلاپ:

— «يولنىڭ ئۇزۇنى ئوتتۇز كۈنلۈك، قىسقىسى بىر ئايلىق» دېگەن گەپ بار، سىز خىزىر بولمىغاندىكىن، كاپشىماي مېڭىڭ، — دەپتۇ، يىگىت كۈلۈپ قويۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ قىزى ياقىسىنى چىشلەپتۇ، يەنە بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن بىر دەريا يولۇقۇپتۇ. يىگىت:

— ئاكا، سىلە قېرىكەنلا، مەن ياشكەنمەن، ئىككىمىز بىر بولۇپ دەرياغا كۆۋرۈك سالمايلىمۇ؟ — دەپتۇ. ماخمۇت ۋەزىر دەپتۇ:

— هوي كالتە پەم ئىمانسىز، پادىشاھلار كۆۋرۈك سالالمىغان بۇ دەرياغا، سەن بىلەن مەن قانداق سالىمىز؟ قولۇڭدا ھېچ نەرسە يوق، مەندە بارى بىر هاسا، لېكىن بۇ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ خاسىيەتلىك هاسىسى ئەمەس، — دەپ ۋارقىراپتۇ. يىگىت كۈلۈپ قويۇپ ئاستا يىراقلىشىپتۇ - دە، ئوت - چۆپ ئۆستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ۋەزىرنىڭ چوڭ قىزى بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن:

— هەي دادا، سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ نېمىشقا ئۇ ئادەمنى تىللايدىغانسىز، راستىنلا ۋاپاغا جاپا ياندۇرىدىغان بولۇپ قاپسىز. هېلىقى يىگىت «يولنى قىسقارتايلى» دېگىنىدە تىللىدىڭىز. ئەسلىدە ئۇ: «بېشىمىزدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلىشىپ، ۋاقىت ئۆتكەننى سەزمەيلا بارىدىغان يەرگە يېتەيلى» دېمەكچى. «دەرياغا كۆۋرۈك سالايلى» دېگىنى: «سىز قېرىكەنسىز، مەن ياش ئىكەنمەن، سىزنى مەن هاپاش ئېتىپ دەريادىن ئۆتكۈزەي» دېگىنى ئىدى، سىز شۇ گەپنىمۇ چۈشەنمىدىڭىز، بېشىڭىزدىن ئۆتكەنلەرنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، بىرەر ياخشى چارە كۆرسەتكەنمۇ بولاتتى، قارىغاندا ئۇ يىگىت خېلى ئەقىللىقتەك قىلىدۇ، قايتا سىناپ كۆرسەكمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ.

ماخمۇت ۋەزىر ئويلىسا، قىزىنىڭ سۆزلىرى ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق. شۇڭا ئۇ:

— سىناپ كۆرسەڭمۇ كۆر قىزىم، ئۇ يىگىت مۈشكۈلىمىزنى ئاسان قىلسىمۇ ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز دەرھال چۆچۈرە ئېتىپ، قاچىغا ئۇسسۇپ، ئۈستىنى بىر نان بىلەن يېپىپ، سىڭلىسى ئارقىلىق يىگىتكە ئەۋەتىپتۇ ۋە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— يىگىت نېمە دېسە، ئېسىڭدە ساقلاپ شۇ بويىچە ماڭا دەپ بېرىسەن، — دەپتۇ. قىزچاق چۆچۈرە بىلەن ناننى يىگىتكە بېرىپ يېنىشتىن ئىلگىرى:

— ئاچامغا نېمە دەپ بارىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— ئاي پۈتۈن، يۇلتۇز قويۇق، دەپ بېرىڭ، — دەپتۇ. قىزچاق سىڭلىسى ئېلىپ كەلگەن جاۋابنى ئاڭلاپ، يىگىت «نان پۈتۈن، ئاش قويۇق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، دەپ ئويلاپ، سىڭلىسىدىن رازى بولۇپتۇ. ئەتىسى قىز سىڭلىسىدىن يەنە بىر قاچا چۆچۈرە بىلەن بىر نان ئەۋەتىپتۇ ۋە جاۋاب ئېلىپ كېلىشنى تاپىلاپتۇ. سىڭلىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن ناننىڭ قىرغىقىنى سۇندۇرۇۋېتىپ پارچىسىنى يەۋېتىپتۇ. «ئاش قانداق بولغاندۇ» دەپ ئۈچ تال ئاشنى يەپ قويۇپتۇ. يىگىت بۇ قېتىم:

— ئاچىڭىزغا: «ئاي كەمتۈك، يۇلتۇز ئۈچ پۈچۈق» دەپ بېرىڭ، — دەپتۇ. قىز سىڭلىسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ: سىڭلىسىنىڭ ناننى ئوشتۇپ يېگەنلىكى ۋە ئاشتىن ئۈچ تالنى يېگەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە سىڭلىسىغا ئاچچىقلاپتۇ...

ماخمۇت قىزىدىن بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن، يىگىتنى چاقىرتىپ كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ قوپاللىقلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپتۇ، ئارقىدىن يىگىتنى مېھمان قىلىپ، سەرگۈزەشتىلىرىنى، بۇ قېتىمقى سەپەر مەقسىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپتۇ.

يىگىت ئاسمان بىلەن يەر ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتا ساراي بىنا قىلىش توغرىسىدىكى پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ھېچقىسى يوق، بىر تورغاي تۇتۇپ يىگىرمە كۈن ئىچىدە بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىپ تۇرۇپ گەپ قىلالايدىغان قىلساق، سىلىنى قەستلىگەن ۋەزىرلەر ئۆزى شەرمەندە بولىدۇ، — دەپتۇ.

بۇلار دەرھال تۇتۇش قىلىپ تورغاي تۇتۇپتۇ. ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇپتۇ. ئۈچ كۈن قىيناپ تۆتىنچى كۈنى پۇتىدىن ئىنچىكە شوينىدا باغلاپ، دان ۋە سۇغا ئادەمدىن تارتىنماي ئېتىلغۇدەك قىپتۇ. كېيىن كۆككە ئۆرلىتىپ شوينىنىڭ ئۇچىنى قويۇۋەتمەي بىر دائىرە ئىچىدە

پەرۋاز قىلىپ چۇچۇلىتىپ، ئاندىن دان ۋە سۇ بېرىپتۇ. كېيىن - كېيىن بېرىپ، پەرۋاز قىلىپ تۇرۇپ «چۇ - چۇ، چۇ - چۇلاي، كېسەك، سۇ» دېيىشنى ئۆگىنىپتۇ، ئاردىن ئوتتۇز بەش كۈن ئۆتكەندە ماخمۇت پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— پەرمانلىرىغا مۇۋاپىق ساراي لايىھىلەندى، ئۇستا تېپىلدى، ئۇستىنىڭ ئېيتىشىچە، ئوردا ۋەزىرلىرى بىر ھەپتە تاش، كېسەك، لاي، سۇلارنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۇستامغا يەتكۈزۈپ بەرسە قۇرۇلۇش پۈتىدىكەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ھەممە ۋەزىرلىرىنى يىغىپ:

— ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە يارىشا مۇئەللەققە سېلىنىدىغان ساراي پىلانلىنىپ، ئۇستا ھازىرلاندى. شەرت بويىچە قىرىق ۋەزىرىم — ھەممىڭلار قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ، تاش، كېسەك، لاي، سۇلارنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئۇستامغا يەتكۈزۈڭلار، بۇنداق بولمايدىكەن ئىش بىكار بولىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ تۇرۇشىغا ھېلىقى قۇرۇلۇشنى لايىھىلىگەن يىگىت تورغاينى ئاسمانغا قويۇۋېتىپ، ئىنچىكە شوينىنىڭ ئۇچىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. تورغاي ئاسمانغا ئونبەش ئادەم بويى ئۆرلىگەندىن كېيىن، بىر دائىرىنى ئايلىنىپ:

— «لاي، سۇ، كېسەك؛ لاي، سۇ، كېسەك» دەپ سايراپ مۇئەللەقتە قانات قېقىپ تۇرۇپتۇ. ۋەزىرلەر قۇلاق سالسا راستتىنلا: «لاي، سۇ، كېسەك؛ لاي، سۇ، كېسەك» دەۋاتقۇدەك. بىر نەچچە كىشى لاي ئېتىپتۇ، بىر نەچچىسى سۇ ئەكىلىپتۇ، كېسەك، تاشلارمۇ خېلى ئىلگىرىلا توشۇپ قويۇلۇپتىكەن. ھېلىقى لايىھەچى يىگىت:

— ئۇستامنى ساقلىتىۋەتتۇق، ئۇستامغا ماتېرىيالنى تېزرەك يەتكۈزۈپ بېرەيلى، — دەپتۇ.

ئىش باشلىنىپلا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپتۇ، شۇنچىلا ئېگىزگە كىممۇ سۇ، لاي، تاش، كېسەك يەتكۈزەلىسۇن، بىرىنىڭ ئاتقان تېشى بىرىنىڭ بېشىغا، بىرىنىڭ لېيى بىرىنىڭ يۈزىگە، بىرى ئاتقان كېسەك بىرىنىڭ بۇرنىغا تېگىپ جان ھەلقۇمىغا كەپتۇ، باشلار ئىششىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇرۇنلاردىن قان، كۆزىدىن ياش ئېقىپتۇ.

ماخمۇت بىلەن ھېلىقى يىگىت بولسا كۆلكىسىنى بېسىپ، ياخشى ئويلىنىپ ئەقىل تېپىپ، ماتېرىيالنى ئۇستامغا يەتكۈزۈشكە زورلاپتۇ.

ئاخىرى ھېرىپ دەرمانىدىن كەتكەن بۇ ھاكاۋۇر، ھەسەتخور، بەتنىيەت ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— داد پادىشاھىئالەم، بىز يامان نىيىتىمىز بىلەن باش ۋەزىرنى ئەخمەق قىلىپ، ئالدىلىرىدا يەرگە قاراتماقچى ئىدۇق، بۇ بىزنىڭ پىلانىمىزدىن باش ۋەزىرنىڭ غۇرۇرى ۋە ئەقلى ئۈستۈن كېلىپ بىزنى يەڭدى. مۇئەللەقتە ساراي سېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. باش ۋەزىر ھەقىقەتەن چىداملىق، پاراسەتلىك ئادەم ئىكەن، تورغايغا «لاي، سۇ، كېسەك» دېگەن سۆزلەرنى ئۆگىتىپ، ئاسماندا پەرۋاز قىلدۇرۇپتۇ. ئۇ بار يەرگە لاي، كېسەك، تاش يەتكۈزەلمەي باش - كۆزىمىز يارىلاندى، ئۆزىمىز شەرمەندە بولدۇق، بىز جازالىنىشقا رازىمىز، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ھەر قايسىڭلارنىڭ چىدىمىغانلىقىنى ۋە ھىيلە ئىشلىتىۋاتقانلىقىڭلارنى بۇرۇنلا سەزگەندىم. باش ۋەزىر نېمە دەركىن، سىلەرنىڭ رايىڭلار بويىچە ۋەزىپە تاپشۇرسام قوبۇل قىلىپ، سىلەرنى شەرمەندە قىلدى. ئەمدى نېمە قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرلەر:

— نېمە دېسىلە شۇ پادىشاھىئالەم، باش ۋەزىرگە باش ئۇرۇپ گۇناھىمىزنى يۇيىمىز، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— مەن قېرىپ قالغان ئادەم، ئەقلىم چەكلىك، پادىشاھلىقنى مۇشۇ باش ۋەزىرىم قىلسۇن، مەن ۋەزىرلىك قىلاي، مۇنۇ قۇرۇلۇش لايىھىلىگۈچى ئىلياس دېگەن يىگىت باش مەسلىھەتچىمىز بولسۇن، پىكىرىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرلەر:

— يوقسۇ پادىشاھىئالەم، پىكرىمىز يوق، — دېيىشىپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا، يېڭى پادىشاھىمىزنى مۇبارەكلەيلى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن بىردەكلا:

— مۇبارەك بولسۇن پادىشاھ ئالىيلىرى، پەرمانلىرى ئۈچۈن پىداكارمىز، — دەپ تەبرىكلىشىپتۇ. يېڭى پادىشاھ ماخمۇت قوغۇنچىمۇ:

— باركاللا ئوغلانلار! ھەر قايسىلىرى بىلەن بىللە كۆكلەيمەن، — دەپتۇ. ئەتىسى پادىشاھنىڭ پەرمانى جاكارلىنىپتۇ:

— ئەييۇھانناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس، يېڭى پادىشاھىمىزنىڭ پەرمانى بويىچە ئەتىدىن باشلاپ، قىرىق كۈنگىچە شاھ قىزى گۈليار بىلەن باش مەسلىھەتچى ئىلياس يىگىتنىڭ تويى بولىدۇ، توي ئاخىرلاشقىچە پۇقرالار پادىشاھلىق داستىخانغا داخىل بولىدۇ، بىر يىللىق باج - سېلىق كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ھەممەيلەن:

— يېڭى پادىشاھىمىزغا باركاللا، — دەپ تەبرىكلىشىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇرېشىت پاسار
رەتلىگۈچى: مەمتىمىن قۇربان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



# گىلەمچى يىگىت

ئاتام زامانىسىدا يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى بىر يۇرتتا بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىرلا قىزى بولغاچقا، كۆزىگە قاراپ، بېشىنى ئۈچ ۋاخ تاراپ، يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ چوڭ قىپتۇ. قىز رەسىدە بوپتۇ. باي دەسلەپ «ئۆزۈمگە ئوخشاش تولغان بايغا ياتلىق قىلىمەن» دەپ قىز كۆرگىلى كەلگەنلەرنى دەرۋازا سىرتىدىن قايتۇرۇپتۇ، كېيىن دەرۋازىنى ئاچماي بولماپتۇ.

— ھەي خوتۇن، — دەپتۇ باي بىر كۈنى قىزىنىڭ ئانىسىغا ئاچچىقلاپ، — قىز تاپقانغا تويغۇزۇشىدىغان ئوخشىمامسەن، مېنى؟ يىغقان بايلىقىم كۈيئوغۇل بولغۇچىلارغا داستىخان سېلىپ تۈگەۋاتسا مۆرىمەي ئولتۇرۇشىسەنغۇ؟! قىزىڭغا ئېيت، مېنى بالدۇرراق بىكار قىلسۇن!

— قىزىم ھەممىسى ئالدىڭدىن ئۆتتى. داداڭنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باي يوق ئىكەن. نېمە ئىلاج، باي ئوغلىدىن بىرىنى تاللىساڭ، بېشىڭنى ۋاقتىدا ئوڭشاپ قويساق، — دەپتۇ ئانا.

— باي، دادامدەك پىخسىق بولىدىغان بولسا، بايغا تەگمەيمەن، — دەپتۇ قىز.

— ئۇنداق بولسا، سودىگەرگە تەگكىن.

— جېنىم ئانا، سودىگەرنىڭ ئىشى — ھىيلىگەرنىڭ ئىشى، تۆمۈردۇر ئۇنىڭ چىشى، ئۇنداقلارنىمۇ كۆزۈم كۆرمىسۇن، — دەپتۇ قىز. ئانا چالۋاقاپ سوراپتۇ:

— بايغىمۇ تەگمىسەڭ، سودىگەرگىمۇ تەگمىسەڭ، شەھەر ئامبىلىنىڭ بەگزادىسىگە تېگەمسەن ئەمىسە؟

— ئامبال دەمسىنا؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ قىز، — بىلسەڭ تاتلىق ئانا، سىنىڭ بۇ بەگزادەڭ ئۆتۈپ كەتكەن قاقباش كادادىك، نەپسى يوغان بادادىك. ئۇنىڭغىمۇ تەگمەيمەن، مېنىڭ كۆڭلۈم

ھۇنەرۋەننى تارتىدۇ.

— ھۇنەرۋەن!؟ كۆڭلۈك ئاشۇ ئارقا كوچىدىكى سولتەكلەرنى تارتامدۇ؟ خەپ، داداڭغا ئېيتىپ، تۇغۇلغىنىڭغا تۇيغۇزمىسام، — ئانا قىزىنى دۇشكەللەپ باينىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كىرىپ دادخورلۇق ئېيتىپتۇ. باي قىزىنى ھارغىچە سوتلاپتۇ. قىز بولسا ئۆز گېپىدىن تايماپتۇ.

— نېمە قىلساڭ قىل، لېكىن مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ سەن مېنىڭ پۇشتۇم ئەمەس، مەن سېنىڭ داداڭ ئەمەس، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپتۇ باي قىزىغا كايىپ.

ئانا باينى گەپكە كۆندۈرەلمەپتۇ. قىز نائىلاج بوغچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ يولغا چىقىپتۇ. ئانا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ بالام، بىزگىمۇ قىلدىڭ بالام، خەير، يولۇڭ بولسۇن، — دەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

قىز مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىر ئاۋات بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ، بۇ يەر يورۇڭقاش بازىرى ئىكەن، بويىنى قىسىپ كوچا ئارىلاپتۇ. ئۇ تۇماقچى، بوياقچى، ئۆتۈكچى، ماتاچى، ئاشپەز - ناۋاي ... لارغا سەپسېلىپ كېتىۋېتىپتىكەن، كوچا مەركىزىدە بىر توپ ئادەم دۈۋىلىشىپ تۇرغۇدەك. قىز توپقا قېتىلىپ، سىغداپ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ. قارىسا قەلەم قاشلىق، قوي كۆزلۈك، مەڭزى توغاچتەك، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان قاۋۇل بىر يىگىت كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك بىر پارچە گىلەمنى يېيىپ قويۇپ ئولتۇرغۇدەك. كىشىلەر تالىشىپ سودا قىلىۋېتىپتۇ. قىز پەرەنجىسىنى ئاستا قايرىپ، گىلەمنى سىلاپ تۇرۇپ يىگىتتىن سوراپتۇ.

— ئۆزلىرى توقۇغانمۇ؟

— ھەئە، ئۆزۈم توقۇغان، — دەپتۇ يىگىت جاۋاب بېرىپ، — شۇغىنىسى قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولغۇدەك يا بىرەر شاگىرتىم، يا يىپ ئېگىرىپ بەرگۈدەك جورا - ھەمراھىم يوق، دۇكاندا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلمەن دېسىلە، خېنىم.

— يىپلىرىنى مەن ئېگىرىپ بەرسەم قوبۇل كۆرەرلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قىز. يىگىت تەزىم قىلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ مىلىڭ مەرتىۋە، تۇمەن مىڭ مەرتىۋە قوبۇل قىلمامدىغان! ــ دەپتۇ ۋە گىلەمنى ئېلىشقا سېتىپ، قىزنى ئۆيىگە باشلاپ مېڭىپتۇ.

گىلەمچى يىگىتنىڭ ئىسمى لوقمان، قىزنىڭ ئىسمى بۇھەجەر ئىكەن. ئۇلار يول بويى ھال ـ مۇڭ ئېيتىشىپ بىر ـ بىرىگە ئاشىق ـ بىقارار بولۇشۇپ قاپتۇ، لوقمان بىر قازان پولۇ ئېتىپ، مەھەللە ـ كويلىرىنى چاقىرىپ، پەتىسىنى قىلدۇرۇپ بۇھەجەرنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇھەجەر يىپ ئېگىرىپ، بوياپ هارماپتۇ. بازار سودىسىغىمۇ پىشىپتۇ. لوقمان دۇكاندىن چىقماي گىلەم توقۇپتۇ، گىلەمنىڭ بازىرى سۈرۈپ، لوقمان بېيىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بۇھەجەرگە:

ــ ھۈنەرمۇ قىپتۇق، پۇلمۇ تېپىپتۇق، ئەمدى ئۇنىڭ مېغىزىنى چاقىدىغان ۋاخ كەلدى. شەھەرگە دۇكان ئېچىپ بەرسەم، سىلە ئولتۇرۇپ گىلەم ـ يىپ ساتساڭلار، گىلەمنى نىمكارلىرىم توقۇسا، مەن شەھەر كۆرگەچ ئالەمنى بىر ئايلىنىپ كەلسەم، ــ دەپتۇ.

بۇھەجەر قوشۇلۇپتۇ. لوقمان پۇختا تەييارلىنىپ قىچىرلارغا ئارتىپ، ئۆزى ئارغىماققا مىنىپ مەشرىققە قاراپ يول ئاپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ، يەتتىنچى كۈنى بىر ئۆتەڭگە كېلىپ، يۈك ـ تاقلىرىنى ئەمدى چۈشۈرۈپ تۇرۇشىغا قىرىق قاراقچى باستۇرۇپ كەپتۇ ـ دە، مال ـ مۈلۈك، پۇل ـ پۇچەك، ئات، قىچىرلارنىڭ بىرىنى قويماي بۇلاپ كېتىپتۇ. نۆۋەت لوقمانغا كەپتۇ.

ــ ھەي سودىگەر يىگىت، ــ دەپتۇ قاراقچىلارنىڭ باشلىقى قىلىچىنى پىرقىرىتىپ،ــ بۇگۈن ئەجىلىڭ توشتى! چاناپ ئۆلتۈرەيمۇ ياكى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرەيمۇ؟ ئۆزۈڭ تاللا.

ــ بوينۇم قىلدا باغلاقلىق. لېكىن، بىر شەرتىم بار: خوتۇنۇمنى بىر كۆرۈۋالاي، ۋەسىيەتلىرىم بار دەۋالاي، ئاندىن قانداق ئۆلتۈرۈشنى خالىساڭلار شۇنداق ئۆلتۈرۈڭلار، ــ دەپتۇ يىگىت بېشىنى ئېگىپ.

قاراقچى باشلىقى:

ــ قولۇمغا چۈشكەنلەرنى تىرىك قويۇۋەتكەن ئەمەسمەن. بوپتۇ، ئۆلۈكۈڭ بولسىمۇ خوتۇنۇڭ بىلەن دىدارلىشىۋالسۇن،ــ دەپتۇ ۋە

شىرىكلىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، — بۇنى ئۈز ئىتىنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆزىتىپ قويۇڭلار.

— خوپ تەقسىر! — قاراقچىلار قىلىچلىرىنى قىنىغا سېلىپ، لوقماننى چىرقىرىتىپ باغلاپ، دارقىرىتىپ سۆرەپ ئاتنىڭ قېشىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ ئەسنادا، قاراقچى باشلىقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى ئەقىل كۆرسىتىپ دەپتۇ:

— بۇ يىگىت سودىگەر ئەمەس، ھۈنەرۋەندەك قىلىدۇ. ئەپكېتىپ ھۈنەر قىلدۇرساق، بىزمۇ ئاچ - توق قالماس ئىدۇق.

قاراقچى باشلىقى ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپتۇ. لوقماننى بوشىتىپ سوراپتۇ.

— نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟

— ھۈنەرۋەن، تەقسىر.

— نېمە ھۈنىرىڭ بار؟

— گىلەم توقۇيالايمەن، يىپ ئېگىرىپ بويىيالايمەن.

قاراقچىلار لوقماننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ، بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ. تۇرۇشلۇق ئۆڭكۈرىگە بېرىپ، ئولجىغا چۈشكەن يېمەكلىكلەرنى بۆلاپ - تالاپ يېيىشىپ قورسىقىنى راسا تويغۇزۇشۇپتۇ. ئارغىماقنى ئۆلتۈرۈپ داشقا تاشلاپتۇ. قاراقچىنىڭ باشلىقى ئۈچى كېكىرىپ، بۇرۇتىنى تولغاپ قولىقىغا ئالماپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئەي يىگىت، ھۈنىرىڭنى كۆرسەت، مەن كۆرەي.

لوقمان گىلەمنى ھەر خىل يىپ، دۇكان، ئەسۋاب بولمىسا توقۇغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قاراقچى باشلىقىنىڭ زەنى ئۆرلەپ كايىپتۇ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ شىلتىماقچى بولۇپ تۇرغان ئىكەن، ھېلىقى مەسلىھەتچى توسۇپ:

— تەقسىر، ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا، يىپ، ئەسۋاب تېپىپ بېرەيلى، — دەپتىكەن، قاراقچى باشلىقى ماقۇلغا كەپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ھەي گالۋاڭ يىگىت، سەن ئېيتقان نەرسىلەر نەدە بار؟ تېز ئېيت!

— مەغرىبتىكى شەھەردە بىر ئايال ساتىدۇ، يىپلىرى خىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەسۋاب - جابدۇقلىرى تەق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ لوقمان.
قاراقچى باشلىقى تۆت قاراقچىنى بايۋەچچىدەك كىيىندۈرۈپتۇ. لــوقمان، قاراقچىلار بولىۋالغان گىلەم خۇرجۇننى ئالدۇرۇپ چىــقىپ، رەڭدار ئارقاق يىپىدىن بىر تالدىن سۇغۇرۇپ، ئۆرۈش يــىپــىدىن هــەم ئــالــدۇرۇپ قــاراقچىلارغا تۇتقۇزۇپتۇ. ئەسۋاب نــۇسخىسىنىمۇ بېرىپتۇ. تۆت قاراقچى مەغرىبتىكى شەهەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. شەهەردە بۇهەجەرنىڭ دۇكىنىدىن باشقا گىلەم - يىپ ساتىدىغان دۇكان يوق ئىكەن. بۇهەجەر قاراقچىلار ئېلىپ كەلگەن يىپ ۋە ئەسۋاب نۇسخىسىنى كۆرۈپ، «ئېرىم گىلەمچىلىك دۇكىنى قۇرماقچى ئوخشايدۇ، بۇلار ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئەڭ ئېسىل رەڭدار يىپ خىللىرىدىن ئىككى قاپ بېرىپتۇ. ئەسۋاب - جابدۇقنىمۇ كېچىكتۈرمەپتۇ. قاراقچىلارنى مېهمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.
قاراقچى باشلىقى لوقماننى ئۆڭكۈردىكى ئەڭ ئىچكىرى «كىرىشى بــار، چىقىشى يوق» بىر ئۆيدە گىلەم توقۇشقا بۇيرۇپتۇ. لوقمان كېلىشتۈرۈپ بىر پارچە گىلەم توقۇپتۇ. گىلەمگە ئۆزىنىڭ قەيەردە، قانداقىسىغا قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، گىلەم ساتقىلى بــارغــانــلارنــىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى خەت بىلەن ئىزهار قىپتۇ. قــاراقــچــىــلار تۇرۇشلۇق جاي ۋە ئۆزى قامالغان ئۆينىڭ، يولنىڭ خــەرىــتــىــلىرىنى چۈشۈرۈپتۇ. قاراقچى باشلىقى ئىككى قاراقچىنى گــىــلــەمــنــى ســېــتــىپ كېلىشكە تەيىنلەپتۇ. گىلەمنى ئىككىسى كۆتۈرەلمەپتۇ، تۆتى كۆتۈرەلمەپتۇ، ئالتىسى كۆتۈرەلمەپتۇ، ئاخىرى سەككىزى كۆتۈرۈپ شەهەرگە ئېلىپ مېڭىپ بۇهەجەرنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇهەجەر گىلەمدىكى خەتلەرنى ئوقۇپ، خەرىتىلەرنى كــۆرۈپ ئــەهــۋالنى چۈشىنىپتۇ. گىلەم ساتقىلى كەلگەن سەككىز قــاراقــچــىنى مېــهــمانغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆيىگە سولاپ يوقىتىپتۇ. ئــانــدىن لوقماننىڭ ۋاپادار دوست - يارەنلىرىدىن ئاتمىشنى تاللاپ ئــارغىماقلارغا مىندۈرۈپ، ئۆزى سەردار بولۇپ قاراقچىلار ماكانىغا قاراپ ئات سايتۇ.
قــاراقــچىلار گىلەم ساتقىلى كەتكەن هەمراهلىرىنىڭ يوللىرىغا

قاراپ، ئاچلىقتىن لەۋلىرىنى شوراپ، گەمىلىرىدىن چىقىپ ئۆتەڭدە كارۋان ساقلاپ تۇرۇشقىنىدا، بۇھەجەرلەر دەشتىنى چاڭ كەلتۈرۈپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇچقاندەك يېتىپ كەپتۇ.

— سىلەر قايسى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى؟ نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ قاراقچى باشلىقى بۇھەجەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ. بۇھەجەر:

— پېقىر سېنىڭ قولۇڭدىكى گىلەمچى يىگىتنىڭ خوتۇنى، بۇلار ئۇنىڭ لەشكەرلىرى، — دەپتۇ - دە، قىلىچىنى بىرلا شىلتاپ، قاراقچى باشلىقىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. قالغان قاراقچىلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ بۇھەجەرگە ئېتىلىپتۇ. لوقماننىڭ دوستلىرى ئارغامچىلىرىنى چاپتۇرۇپ، قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ، قاراقچىلار سېپىگە بۆسۈپ كىرىپتۇ. جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ. قىلىچ - نەيزىۋازلىق ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ. بۇھەجەرلەر قاراقچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆتەڭنى تىنچلاندۇرۇپتۇ. قاراقچىلارنىڭ ئۆڭكۈر - لەخمىلىرىنى تىنتىپ لوقماننى قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ.

لوقمان بىلەن بۇھەجەرنىڭ شەھەردىكى گىلەمچىلىك ھۈنىرى يېڭىۋاشتىن گۈللىنىپ كېتىپتۇ. بالىلىرىمۇ چوڭ بولۇپ نىمكارلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بۇھەجەرنىڭ ئاتا - ئانىسى قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان ئەيلەپ، «ھۈنەرۋەننىڭ قولى گۈل، ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىكەن» دېيىشىپتۇ ۋە سۇنغان ھالىنى ئوڭشاش ئۈچۈن، لوقماندىن ھۈنەر ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنمەك بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: يورۇڭقاش بازىرىدىن ئەخمەتتوختى شان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# بېخىلنى بابلىغان سوپۇم

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، ئېرىق تۇلۇمدىكەن، شۇ زامانلارنىڭ بىرىدە، كېرىيىنىڭ باغ توغراق دېگەن يېرىدە بىر سوپۇم ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى سوپۇم يۇرت قازىسىغا دەۋا قىلغىلى بېرىپتۇ، قايتىپ كېلەر يولدا مەتغوجىكام دېگەن بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە قونۇپتۇ.

مەتغوجىكام ئۆزگە كىشىگە بىر قوۋۇز نان، بىرەر يۇتۇم سۇ بېرىشكىمۇ كۆزى قىيمايدىغان، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان بېخىل كىشى ئىكەن. شۇ كۈنى مەتغوجىكام تاغقا ئوۋغا چىقىش ئۈچۈن ئىككى چارەك ئۇندا نان ـ توقاچ يېقىپ، ئىككى غازنى ئۆلتۈرۈپ پىشۇرۇپ تەييارلىق قىلغانىكەن. شۇڭا ئۇ دەرھال ياققان نان، پىشۇرغان غاز گۆشىنى يىغىشتۇرۇپ سوپۇمغا چاندۇرماستىن داستىخان سېلىپ، كۆكىرىپ كەتكەن ئىككى زاغرا بىلەن بىر جام سوغۇق سۇنى قويۇپ، داستىخانغا قويۇپتۇ.

مەتغوجىكامنىڭ بېخىللىقىدىن ھەزەر ئەيلىگەن سوپۇم ئۇنى بابلاشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن جاي سېلىپ يېتىشىپتۇ، قورسىقىغا جىن كىرىۋالغان سوپۇم باشقىلار تازا قاتتىق ئۇخلىغان پۇرسەتنى كۈتۈپ ئۇخلىماپتۇ، مەتغوجىكام بالىلىرى بىلەن ئۇيقۇغا غەرق بولغان ۋاقتىدا، سوپۇم ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇلۇمغا قاچىلانغان غازنىڭ گۆشىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نان ـ توقاچلارنى ساپتۇ. قۇرۇقدالغان قازانغا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر كونا چورۇقنى تېپىپ ئەكىلىپ تاشلاپ قويۇپتۇ.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن، مەتغوجىكامنىڭ قايىقى تارتقاندەك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپتۇ، شۇ پۇرسەتتە سوپۇمنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ـــ سوپۇم سىلە نەدىن؟

ـــ مەن قازانخاندىن.

ـــ قازانخانغا كىم پادىشاھ؟

ـــ مەن كەلگۈچە قازانخانغا غازخان بەگ ئىدى. مەن كېلىپ غازخاننى تۇلۇمخانغا بەگ قىلدۇق. قازانخانغا چورۇق خاننى بەگ قىلدۇق، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سوپۇم.

— سىلە شۇ ۋاقىتتا قانچىلىك بەيدىلە[①] ؟ — دەپ سوراپتۇ مەتخوجىكام:

— مەن ئۇ چاغدا كاسسىدىكى نانىنى تۇلۇمغا سالغۇچىلىك بار ئىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سوپۇم.

— سىلىمۇ خېلى كونا ئادەم ئىكەنلا، — دەپتۇ سوپۇمغا جاۋابەن مەتخوجىكام.

— شۇنداق ئەمدىلا ئىككى كەم يەتمىشكە كىردىم، — دەپتۇ سوپۇم.

گەپ ـ سۆزلەر تۈگەپ ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە سوپۇم يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— تۈن نىسپىدىن ئاشتى، ئەمدى مەن يولغا چىقاي، — دەپتۇ.

— تېخى توخۇ چىللىمىدى سوپۇم، توخۇ چىللىغاندا ماڭسىلا، — دەپتۇ مەتخوجىكام.

— خۇدا خالىسا مەن توخۇنى يولدا چىللىتىۋالاي، — دەپ سىرتقا چىقىپتۇ سوپۇم ۋە پەيتنى پەملەپ تۇرۇپ قونغاقتىكى خورازنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. سوپۇم كەتكەندىن كېيىن، مەتخوجىكام خۇتۇن ـ بالىلىرىغا توخۇ چىللىغان هامان ئويغىتىپ قويۇشنى تاپىلاپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. توخۇمۇ چىللىماپتۇ، بىر چاغدا مەتخوجىكام ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقسا ۋاقىت چۈش بولغانىكەن، دەرهال ئۆيگە كىرىپ بالىلىرىنى ئويغىتىپ، بىرىنى نان ـ توقاچنى، بىرىنى قازاندىكى پىشۇرۇلغان غازنى ئەكىلىشكە بۇيرۇپ، ئۆزى بەداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

قارىسا كاساڭدا نان، قازاندا غاز يوق. دەرهال كېلىپ دادىسىغا مەلۇم قىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەتخوجىكام ئاچچىقتىن تىترەپ ئورنىدا ياغاچتەك تۇرۇپ قاپتۇ. بىر پەستىن كېيىن سوپۇمنىڭ «غازخاننى تۇلۇمخانغا بەگ قىلدۇق، قازانخانغا چورۇقخاننى بەگ قىلدۇق» دېگەن سۆزىنى ئويلاپ دەرهال ئاتنى توقۇپ سوپۇمنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. بۇ چاغدا سوپۇم ئاللىقاچان كېرىيىگە كېلىپ بولغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كېرىيە ناھىيە لايسۇ كەنتىدىن **زەيتۇنخان**
رەتلىگۈچى: **ئەھەت ئوبۇلقاسىم**

① بەيدىلە — بار ئىدىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بۇلتۇر ۋە ئۇلۇشول

بۇرۇنقى زاماندا كونا دامكۇ (چىرا ناھىيىسى تەۋەلىكىدە) دا ساۋۇت، ئاۋۇت ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكا ئۆتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان بىر يېغىر ئېشىكىدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىكەن. ئۇلار مۇشۇ قېرى ئېشەكنى بىلەن ھەر كۈنى جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ چىقىپ، شەھەرگە ساتقىلى ئېلىپ كىرىدىكەن. بىراق شەھەردىكى باي ـ دورغىلار ئۇلارنىڭ ئەكىرگەن ئوتۇنلىرىنى ھەقسىز تارتىۋېلىپ ئۇلارغا زادىلا كۈن بەرمەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. بىر يەردە كېتىۋاتقۇدەك بولسا، ئالدىغا كۆك ياڭاقتىن چوڭراق ئىككى دانە يۇمىلاق تاش ئۇچراپتۇ. ئۇلار تاشنى ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپتۇ. بۇ چاغدا ساۋۇتنىڭ كاللىسىغا ئاجايىپ بىر ئەقىل كەپتۇ ـ دە، ئاۋۇتقا:

— بۇ تاشلارنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېيىت باي دېگەن جازانىخورنى ئالدىمايمىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— سېيىت باي دېگەن تۈلكىدىنمۇ ھىيلىگەر نېمە، بۇ تاش بىلەن ئۇنى قانداقمۇ ئالدىغىلى بولسۇن؟ — دەپتۇ ئاۋۇت.

— بۇنىڭغا مەن بىر ئامال تاپتىم، — دەپتۇ ساۋۇت.

— قانداق ئامال؟ — دەپتۇ ئاۋۇت. ساۋۇت ئامالنى ئاۋۇتقا ئېيتىپتۇ. ئاۋۇت ساۋۇتنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار شەھەرگە كىرىپتۇ. بۇ شەھەردە سېيىت باي دەيدىغان بىر جازانىخور باي بار ئىكەن، ئۇ دائىم كەمبەغەللەرگە پۇل قەرز بېرىپ، يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇۋالىدىكەن. ساۋۇت بىلەن ئاۋۇت ئىككى دانە تاشنى ئىككى خالتىغا سېلىپ ۋە ئېغىزىنى مەھكەم تىكىپ سېيىت باينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ سېيىت باي ئۇلارنىڭ تۇرقىغا قاراپ.

— بىز پۇل قەرز ئالغىلى كەلگەن، — دەپتۇ ساۋۇت.

— ھىم! مۇشۇ تۇرقۇڭغا قاراپ سەنلەرگە كىممۇ پۇل قەرز بېرىدۇ. ماڭ، ۋاقتىمنى زايا قىلماي كۆزۈمدىن يوقىلىش! — دەپ ۋارقىراپتۇ سېيىت باي. ئاۋۇت يېلىنغان ھالدا:

— ئۇنداق قىلماي بىزگە ئازراق پۇل قەرز بېرىپ تۇرسىلا بېگىم. بىزدە گۆرۈگە قويغۇدەك ئىككى دانە گۆھەر بار، — دەپتۇ.

— گۆھەر، — دەپتۇ سېيىت باي ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي،— قېنى ئۇ گۆھەرنى چىقىرىڭلار، مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

— مانا! — دەپتۇ ئۇلار يېنىدىكى تاش قاچىلانغان خالتىلىرىنى چىقىرىشىپ. سېيىت باي خالتىلارنى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ كۆرۈپتۇ ۋە بۇ راستىنلا گۆھەر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، بۇ گۆھەرلەرنى ئۇلارنى ئالداپ ئەرزان باھادا سېتىۋالسام، ھازىرقىدىنمۇ بېيىپ كېتىمەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە:

— بۇ گۆھەرلەرنى قانچىگە ساتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ گۆھەرلەرنى ساتمايمىز، تەقسىر، — دەپتۇ ساۋۇت، — بۇ ئاتا - ئانىمىزدىن قالغان تەۋەرۈك ئىدى، ئازراق پۇل لازىم بوپ قېلىپ ئالدىلىرىغا ئېلىپ كېلىشىمىز. بۇ گۆھەرلىرىمىزنى گۆرۈگە قويساق، بىزگە ئۈچ ئايلىق مۆھلەت بىلەن ئازراق پۇل قەرز بېرىپ تۇرغان بولسىلا.

— ئەگەر ئۈچ ئايلىق مۆھلەتتە پۇللىرىمنى قايتۇرالمىساڭلارچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سېيىت باي.

— ئەگەر دېگەن مۆھلەتتە پۇللىرىنى قايتۇرالمىساق، بۇ گۆھەرلەر سىلىنىڭ بولسۇن. قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالىساق بۇ گۆھەرلەرنى ئۆزىمىز ئېلىپ كېتىمىز، — دەپتۇ ساۋۇت.

بۇنىڭغا سېيىت باي ماقۇل بوپتۇ ۋە:

— سىلەر قانچە تەڭگىدىن قەرز ئالماقچى، — دەپ سوراپتۇ.

— بىزگە بەش يۈز تەڭگىدىن قەرز بېرىپ تۇرسىلا، — دەپتۇ ئاۋۇت. سېيىت باي بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە بۇلارغا بەش يۈز تەڭگىدىن قەرز بېرىپ تۇرسام، بۇ پۇللارنى دېگەن مۆھلەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قايتۇرۇپ گۆھەرلىرىنى ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بەرسەم ئۇلار قەرزىمنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا بۇ گۆھەرلەر مېنىڭ بولىدۇ، دەپ ئويلاپ:

ـــ سىلەرگە مىڭ تەڭگىدىن قەرز بەرسەم قانداق، ـــ دەپ سوراپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن سەل ئىككىلەنگەن قىياپەتتە «كۆپ ئالساق قايتۇرالماي قالارمىزمىكىن» دەپتۇ. سىيىت باي ئۇلارغا:

ـــ كۆپرەك ئالساڭلار ياخشى ئەمەسمۇ؟ ـــ دەپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بىر ئاز ئويلىنىپ:

ـــ بوپتۇ ئالساق ئالايلى، ـــ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سىيىت باي دەپتىرىنى ئېلىپ:

ـــ سىلەر قايسى كەنتتىن كەلدىڭلار؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ شامال كەنتى، يامغۇر مەھەللىسىدىن، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار.

ـــ ئېتىڭلار نېمە؟ ـــ دەپ سوراپتۇ سىيىت باي.

ـــ مېنىڭ ئېتىم بولتۇر، ـــ دەپتۇ ئاۋۇت، ـــ بۇ مېنىڭ ئاكام بولىدۇ، ئېتى ئۇلۇشىل، ـــ دەپتۇ.

سىيىت باي بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە «مۇشۇنداقمۇ ئىسىم بولامدۇ؟» دەپ غۇدۇڭشۇپتۇ. لېكىن بۇ گۆھەرلەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئوشۇقچە گەپ قىلماپتۇ ۋە بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىگە مىڭ تەڭگىدىن پۇل قەرز بېرىپ يولغا ساپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بەلگىلەنگەن مۆھلەتتىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. سىيىت باي «ئەمدى بۇ گۆھەرلەر مېنىڭ بولىدىغان بولدى» دەپ، خۇشال ھالدا بىرىنچى خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا، خالتىدىن بىر تاش چىقىپتۇ. ئۇ ئىككىنچى خالتىنىڭ ئاغزىنىمۇ ئېچىپ كۆرسە، ئۇنىڭدىمۇ كىچىك بىر تاش تۇرغۇدەكمىش. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ئەقلىدىن ئازغىلى تاسلا قاپتۇ ۋە «بۇ ئوغرىلارنى تۇتماي قويمايمەن» دەپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى كىشىدىن: «شامال كەنتىگە قانداق بارىدۇ؟ بولتۇر بىلەن ئۇلۇشۇلنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى «بېگىم سارالاڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ: «بېگىم، ئەخمەق بولمىسىلا، شامال كەنتى دەيدىغان كەنت يوق، بۆلتۆر دېگەن ئۆتۈپ كەتكەن يىل، ئۆلۆشۆل دېگەن ئۆتۈپ كەتكەن يىلنىڭ ئالدىدا كەتكەن يىل» دەپتۇ، بىراق سېيىت باي بۇنى چۈشەنمەي:

— ماڭا كۆرسىتىپ قويسىلىچۇ، قايسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇزۇندىن بېرى ئۇلارنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، — دەپتۇ.

باشقىلار بۇنىڭغا كۈلۈشۈپتۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا سېيىت باي سارالاڭ بولۇپ قاپتۇ دېگەن گەپ پۈتكۈل شەھەرگە تاراپ كېتىپتۇ. سېيىت باي ئىككى مىڭ تەڭگىنىڭ دەردىدە، ئۇزۇن ئۆتمەي راستتىنلا سارالاڭ بولۇپ قاپتۇ.

ساۋۇت، ئاۋۇت ئىككىسى ئىككى مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ باشقا بىر شەھەرگە كېلىپ، بۇ پۇللار بىلەن ئوبدان بىر باققالچىلىق دۇكىنى ئېچىۋاپتۇ ھەم ئۇزۇنغا قالماي بۇ شەھەردىكى كاتتا بايلارغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلار مۇشۇ شەھەردىكى نامى چىققان بىر باينىڭ قوشكېزەك قىزلىرىغا ئۆيلىنىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيە چىرا يېزا چىغلىق ئېرىق كەنتىدىن رېھىم ئاخۇن
رەتلىگۈچىلەر: مەتقۇربان ئىسمائىل، ئابدۇراخمان رېھىم

# ھەر كۆڭۈلدە بىر خىيال

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئايۇپ ئەلەيھىسسالام پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان يىللىرىدا كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ، بىر كىم ئالەمنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىگە بېرىپ: «بۇ كىمنىڭ خامىنى؟» دەپ سورىسا: «پادىشاھنىڭ خامىنى،» دېگەن جاۋابنى ئالىدىكەن. «بۇ كىمنىڭ يايلىقى؟» دەپ سورىسىمۇ: «پادىشاھنىڭ يايلىقى،» دەپ جاۋاب بېرىشىدىكەن. پادىشاھ ئۆزىنىڭ خەزىنىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭ، يايلاق، باغ - ئېتىزلىرىنىڭ، ئات - كالىلىرىنىڭ سانىنى ئۆزىمۇ ھېسابلاپ بولالمايدىكەن، بىراق بىرەر پەرزەنتىنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆزىنى تەلەيسىز ھېس قىلىپ، كۆڭلى يېرىم، كەيپىياتى سۇس يۈرۈيدىكەن، كېچە - كۈندۈز جايىنامازدىن قوپماي:

— ئەي قۇدرىتى تەڭداشسىز ئاللا ئىگەم، مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا ساڭا سادىق بولدۇم، مېنىڭ شۇ سادىقلىقىمغا يارىشا سەن مېنى كاتتا ئەمەل ۋە تۈگىمەس مال - دۇنياغا ئىگە قىلدىڭ، يەنە بىر ئۈمىدىم بار، ماڭا بىر - ئىككى پەرزەنت يۈزى كۆرسىتىپ، مېنى ئۆمۈرلۈك خاتىرجەملىككە نېسىپ قىلغايسەن، — دەپ دۇئا - تەلەپ قىلىدىكەن، شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە يىل خۇداغا ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ، خانىش يەنىلا تۇغماپتۇ، پادىشاھ ئۈمىدسىزلەنمەي ھەپتە - ھەپتىلەپ ئۇخلىماي ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپتۇ، مازايى - ماشايىقلارغا بېرىپ كۆپ قېتىم نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن خانىش يەڭگىپتۇ. پادىشاھ بالىغا قاراپ خۇشال بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، چۆچۈپ سىلكىنىپ كېتىپتۇ. سەۋەبى: بۇ بالىنىڭ چىرايى بەئەينى ھاشقاپاققا ئوخشىغاننىڭ ئۈستىگە، بېشىدىن باشقا ھېچقانداق ئەزالىرى يوق ئىكەن. ئايۇپ ئەلەيھىسسالام ئاغرىنغان ھالدا:

— ئەي ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم، مېنىڭ سەن ئەپۇ قىلمايدىغان قانداق گۇناھىم بار؟ نېمىشقا ماڭا بۇنداق بېشى بار، بەدىنى يوق غەلىتە بالىنى نېسىپ قىلغۇڭ كەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاللادىن ۋەھيى كېلىپ:

— سېنىڭ يېنىڭدا ھازىر ئىككى ئادەم بار. ھەر بىرىڭلارنىڭ كۆڭلىدە بىر - بىرىڭلاردىن يوشۇرۇپ كەلگەن مەخپىي سىرىڭلار بار، بۇ سىرىڭلارنى قاچان بىر - بىرىڭلارغا ئاشكارىلىساڭلار، شۇ چاغدا مەن

بۇ بالىنىڭ بەدەن ئەزالىرىنى تولۇقلاپ بېرىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ، خانىش، ئوڭ قول ۋەزىر بۇ ۋەھىينى بىللە ئاڭلاپتۇ. پادىشاھ خانىشقا:

— سىز ئاۋۋال سۆزلەڭ، — دەپ بۇيرۇپتۇ، خانىش قورقۇپ تىرنىقىنى كوچىلاپ تۇرۇپ:

— مەن ئەللىك ياشقا كىرگەن بولسامۇ، تېنىم ساق، روھىي ھەۋىسىم تولۇق، ئەمما ئۆزلىرى يەتمىش ياشتىن ئېشىپ كەتتىلە، ھەم كېچە - كۈندۈز ئىبادەتتە ئولتۇرۇپ مېنىڭ تەلپىمنى ئويلاپمۇ قويمىدىلا، شۇڭا مەن ھەمىشە «پادىشاھ تېزراق ئۆلۈپ كەتسە، مەن مۇشۇ ۋەزىرگە تېگىپ كۆڭۈل ھەۋىسىمنى قاندۇرسام» دەپ خىيال قىلىپ كەلدىم، مېنىڭ ئىككىلىرىدىن يوشۇرۇپ كەلگەن سىرىم مۇشۇ، — دەپتۇ. دەل شۇ چاغدا بالىنىڭ قاش، كۆز، قۇلاق، ئېغىز - بۇرۇنلىرى ئۆز ئورنىغا كېلىپ چىرايلىق تۈسكە كىرىپتۇ.

— قېنى ۋەزىرىم، — دەپتۇ پادىشاھ ۋەزىرگە تىكىلىپ قاراپ، — ئەمدى سىز سىرىڭىزنى ئاشكارىلاڭ.

ۋەزىر قورقۇپ تىترەپ تۇرۇپ:

— مەن داۋاملىق «پادىشاھ تېزراق ئۆلسە، شاھلىق تەختىگە ئۆزۈم ئولتۇرسام» دەپ خىيال قىلاتتىم، مېنىڭ ئىككىلىرىدىن يوشۇرۇپ كەلگەن سىرىم مۇشۇ دەپتۇ. بۇ چاغدا بالىنىڭ قول - پۇتلىرىدىن باشقا بارلىق ئەزالىرى تولۇقلىنىپ، ئوغۇل ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپتۇ. پادىشاھ خىجىللىق ئىلكىدە:

— ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى، مېنىڭ مال - دۇنيالىرىم شۇنچە جىق بولسىمۇ، ماڭا دەرد - ئەھۋال ئېيتماقچى بولغانلار ئاددىسى ئۈچ تال تۇخۇم چاغلىق بىر نەرسە كۆتۈرمەي قۇرۇق قول كىرسە، ئۇنداق ئادەم كۆزۈمگە سەت كۆرۈنەتتى. ئەرزى ھەل بولغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېنىڭ ئالدىمغا سوۋغا - سالام بىلەن كەلگەنلەردۇر. مېنىڭ ئىككىڭلار بىلمەيدىغان سىرىم مۇشۇ، — دەپتۇ. بۇ چاغدا بالىنىڭ بەدىنىگە قول - پۇتلىرى تولۇقلىنىپ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر بوۋاق ۋىلىقلاپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ.

«ھەر كۆڭۈلدە بىر خىيال» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاراقاش ناھىيىسىدىن جاپپار روزى
رەتلىگۈچى: مەمتىمىن قۇربان

www.uyghurkitap.com



# موللا ئۇز

بۇرۇنقى زاماندا، مۇشۇ يۇرتىمىزنىڭ چوكانجىلغا دېگەن يېرىدە «موللا ئۇز» لەقەملىك بىر تالىپ بار ئىكەن. بۇ تالىپقا ئاتا-ئانىسىدىن كېلىدىغان ئاش-ئوزۇق، خىراجەت ئۈزۈلۈپ قېلىپ بوينى قىسىلىپ قاپتۇ. باشقا تالىپلار قولىدىن كېلىشىچە خەيرخاھلىق قىلىپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئەھۋالى تايىنلىق بولغاچقا، كۆپ ياردەم قىلالماپتۇ، «موللا ئۇز» بېشى قاتقان ھالدا بازارغا بېرىپتۇ. بازار ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ھۈنىرى بىلەن مەشغۇل، قاسساپلار گۆش، ئاشپەزلەر ئاش-تاماق سېتىۋېتىپتۇ، تۆمۈرچىلەر كەتمەن، كەكە ياساۋېتىپتۇ، ھەتتا لەڭپۇڭچىلارنىڭمۇ بازىرى ئىتتىك ئىكەن. موللا ئۇز: «مەنمۇ بىر ھۈنەر ئۆگەنگەن بولسام بۇنداق ئىلاجىسىز قالماستىم، ئۆگەنگەن ئىلمىمنى پۇلغا ساتقىلى بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق» دەپ مەيۈسلىنىپتۇ. ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، ئادەم توپلاشقان بىر جايغا بېرىپ:

— خالايىقلار، مەن ھازىر چۈشكە تەبىر بېرىشنى باشلايمەن، خالىغانلار ئاڭلاڭلار، خالىمىغانلار كېتىڭلار، — دەپتۇ-دە، ھەر خىل چۈشلەرگە توغرا، قىزىقارلىق قىلىپ تەبىر بېرىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى كىشىلەرنى قايىل قىلىپ قىزىقتۇرغانلىقتىن، ئاڭلىغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ. موللا ئۇز چۈشلەرگە تەبىر بېرىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىبادەتنىڭ دائىرىسىگە قانداق-قانداق ئىشلار كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا، مۇكەممەللىكىگە قايىل بولۇشۇپتۇ. پۇلى بارلىرى پۇل، پۇلى يوقلىرى يېنىدا نېمە بولسا شۇنى (نان، پىچاق، كىيىم-كېچەكلەرنى) ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىپتۇ.

موللا ئۇز توپلانغان پۇل ۋە نەرسىلەرنىڭ يېرىمىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا يېتىم-يېسىر، مۇساپىر، مەجرۇھ-ئاجىزلارغا تارقىتىپ

بېرىپ، يېرىمىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ھۇجرىسى تەرەپكە مېڭىپتۇ. يول بويىدىكى دۇكاندارلاردىن گۆش، ياغ، گۈرۈچ، سەۋزە سېتىۋاپتۇ. ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشى بىلەن 20 ياشلاردىكى ئىككى يىگىت كىرىپتۇ. بۇلارنىڭ چىرايىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن موللا ئۇزنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ:

— سىلەر ئۆيۈمگە نېمىشقا كىردىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ، شۇم چىرايلار موللا ئۇزنىڭ پۇل ۋە ماللىرىنى بۇلاش غەرىزىنى يوشۇرۇپ:

— باياتىن بازاردا سۆزلىگەن ئىلىم - ھېكمەتلىرىنى قايتىدىن ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ كىرىپ قالدۇق، — دېيىشىپتۇ. موللا ئۇز ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمىسىمۇ، لېكىن «ئۆيۈمدىن چىقىپ كېتىڭلار» دېيىشكە پېتىنالماپتۇ. قانداق قىلىپ بۇ ئىككىسىنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلىنىش مۇمكىنلىكىنى ئويلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ:

— مېنىڭ قورسىقىم ئاچ، سىلەرنىڭمۇ قورسىقىڭلار ئاچقان بولۇشى مۇمكىن. ئاۋۋال پولۇ ئېتىپ يەيلى. ئاندىن مەن ئىككىڭلارغا ئىلىم - ھېكمەت سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ. پولۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بۇ ئىككىسى خۇشال بولۇپ:

— سەۋزىنى بىز توغرىشىپ بېرەيلى، — دېيىشىپتۇ. موللا ئۇز:

— ئۇنداق بولسا مەن گۈرۈچنىڭ شاللىرىنى ئىلغىغاچ ئولتۇرۇپ ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ ۋە ھېكايىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

بۇرۇنقى زاماندا جاڭگالنىڭ بويىدىكى بىر كەنتتە بىر ئوتۇنچى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ياشىغانىكەن. ئۇلار جاڭگالدىن ئوتۇن - شاخلارنى كېسىپ بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. بىر كۈنى خوتۇنى ئېرىگە:

— سىلە ئوتۇن توشۇپ ھېرىپ كەتتىلە، بىرەر ھەپتە ھاردۇقلىرىنى ئالسىلا، مەن خەقنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىپ، ئاش - تامىقىنى پىشۇرۇپ بېرىپ سىلىنى بېقىپ تۇراي، — دەپتۇ. بۇ گەپ ئېرىگە خوپ يېقىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ:

— مەن قىلمىدىغان ئىش بارمۇ؟ — دەپ سوراشقا باشلاپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر:

— بىزنىڭ ئۆيىمىزدىكى ئىشلارنى ئۆزىمىز قىلالايمىز. سىلىگە ئارتۇق ئىش يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ يەنە ئۆيمۇ ئۆي سوراپ مېڭىپ، بىر چوڭ دەرۋازا ئالدىغا كەپتۇ. بۇ خوتۇن دەرۋازىنى ئېچىپ بىر قاراپلا كاتتا بىر باينىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيى ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپتۇ، ئاۋازىنى ئۇنلۇك چىقىرىپ:

— بۇ ئۆيدە مەن قىلىشىپ بېرىدىغان ئىش بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىرىق ياشلاردىكى بۇرۇتلۇق بىر كىشى ئۆيدىن چىقىپ:

— ئوبدان چاغدا كېلىپسىز، يۇيىدىغان كىر - قاتلار يىغىلىپ قالغان، — دەپتۇ. بۇ كىشىنىڭ خوتۇنى ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنىغا يۇيىدىغان كىيىم - كېچەكلەرنى تاشلاپ بېرىپتۇ. ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى بۇ كىيىم - كېچەكلەرنى پاكىز يۇيۇپ، دەزماللاپ چىرايلىق قاتلاپ بېرىپتۇ. بۇ خوتۇننىڭ قىلغان ئىشى ئۆي ئىگىلىرىگە ياراپ كېتىپتۇ. ئۆي ئىگىسى «ئەتىمۇ كېلىڭ» دەپتۇ ۋە بىر لېگەن پىششىق گۆش، بىر دەستە نان، بىر خالتا ئۇن بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بۇ خوتۇن ئۆيگە كېلىپ ئېرىگە:

— قولۇڭلارنى يۇيۇپ غىزا يېگىلى تەييار بولۇڭلار، — دەپتۇ. ئېرى قول يۇيۇۋېتىپ:

— قانداق غىزا تېپىپ كەلدىڭلار، — دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى:

— خۇدايىم بەندىسىگە تىلىگىنىنى بېرىدىكەن، گۆشكە بەك ئامراقتىڭلار، — دەپتۇ. ئېرىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ بىر لېگەن گۆش بىلەن ناننى قويۇپتۇ. ئوتۇنچى بىلەن خوتۇنى گۆشنى تويغىچە يېيىشىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە خوتۇنى يەنە تونۇگۈنكى ئۆيگە ئۇدۇل بېرىپتۇ. ئۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، خېمىرنى ئۆزى يۇغۇرۇپ، تونۇرنى ئۆزى ئاقارتىپ، ناننى ئۆزى يېقىپ تەكچىگە چىرايلىق تىزىپ بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىلىرى ناننى تېتىپ بېقىپ:

— بەكمۇ مەززىلىك بولۇپتۇ، — دەپ ماختىشىپتۇ ۋە بىر قازان پولۇ ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ خوتۇن بىردەمدىلا بىر قازان پولۇ پىشۇرۇپتۇ. ئۆي ئىگىلىرى تېتىپ بېقىپ:

— بەكمۇ مەززىلىك، يېيىشلىك ئىتىپسىز، — دەپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشىپتۇ. كەچتە بىر دانە كۇمۇش تەڭگە، بىر ياتا قوي گۆشى، بىر خالتا گۇرۇچ بېرىپ ئۇ خوتۇننى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بۇ خوتۇن ئۆيىگە خۇشاللىق بىلەن كىرىپ ئېرىدىن:

— نېمە يېڭىلىقلىرى بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئېرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پولۇ، مانتا پىشۇرۇپ يېيىشىپتۇ.

كۇنلەر ئاينى قوغلاپ، ئايلار يىلنى قوغلاپ ئۇچ يىل ئۆتۇپ كېتىپتۇ. ئوتۇنچى ئېشىكىگە ئوتۇن ئارتىپ بازارغا بېرىشقا تەييارلىنىپتۇ. خوتۇنى پىياز، لازا، ئاچچىقسۇ ئالىمەن دەپ بىللە يولغا چىقىپ، بازارغا بېرىپ ئوتۇننى سېتىپ، لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىشىپتۇ. كېتىۋېتىپ ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى مەدىكار بازىرىدا ھېلىقى باينىڭ ئارغامچا تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۇپ قاپتۇ. ئېرىگە:

— ئاۋۇ ئارغامچا تۇتۇپ تۇرغان مەدىكار بىر چاغلاردا بىزگە جىق سېخىيلىق قىلىپ، ئۇن، گۇرۇچ، گۆش، كۇمۇش تەڭگىلەرنى بەرگەن باينىڭ ئۆزى شۇ. ئۇنى چاقىرىپ ئۆيىمىزگە باشلاپ بارايلى، — دەپتۇ. ئوتۇنچى خوتۇنىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. ئۆيىگە كەلگەندە ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى «باي» غا قاراپ:

— ئۆزلىرى كاتتا باي كىشى ئىدىلە، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مۇشۇ كۇنگە قاپلا، بۇنىڭغىمۇ شۇكۇر قىلغۇلۇق، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئېرىم بىلەن ئوتۇنچىلىق قىلسىلا، ئىككى پۇل تاپساق بىرسى سىلىنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ، بۇ گەپ ئېرىگىمۇ، بايغىمۇ يېقىپتۇ. ئېشەكتىن يەنە بىرنى سېتىۋاپتۇ. ئىككىسى بىللە جاڭگالغا بېرىپ، بىللە قايتىپتۇ. بىر كۇنى ئوتۇنلىرىنى سېتىشىپ بولۇپ، باي:

— سىلە كېتىۋەرسىلە، مەن ئازراق سودام بار، قىلىۋېلىپ كەينىلىرىدىن باراي، — دەپتۇ. ئوتۇنچى ئېشىكىنى ھەيدەپ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ توملۇقى بىلەكتەك، رۇس ئۆسكەن بىر توپ يۇلغۇنغا كۆزى چۇشۇپتۇ. «كەتمەن بىلەن كەكىگە دەستە بولىدىكەن» دەپ ئويلاپ، پالتا بىلەن بىر سالغانىكەن، كېسىلگەن يېرىدىن ئىككى تامچە قان چىقىپتۇ. ئوتۇنچى بۇنىڭغا قاراپ «بۇ يۇلغۇندا بىر قانداق سىر بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەتمەن بىلەن يۇلغۇننىڭ تۈۋىنى كولاشقا باشلاپتۇ. راست دېگەندەك يۇلغۇننىڭ تۈۋىدىن بىر كوزا ئالتۇن چىقىپتۇ. ئوتۇنچى «ھەمراھىم كەلسۇن، ئىككىمىز تەڭ بۆلۈشۈپ ئالىلى» دەپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ، ساقلاپتۇ - ساقلاپتۇ، خېلى بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن «باي» يېتىپ كەپتۇ. ئوتۇنچى ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. «باي»:

— بۇ ئىشنى ماڭا بىلدۈرمەي ھەممە ئالتۇننى ئۆزۈڭ ئېلىپ كېتمۈەرگەن بولساڭ ياخشى بولاتتى. ئەمدى مەن ئۇقۇپ قالدىم. سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ھەممە ئالتۇننى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالمىسام مۇرادىمغا يەتمەيمەن، — دەپتۇ. «باي»نىڭ بۇ گەپلىرىنى چاقچاق دەپ چۈشەنگەن ئوتۇنچى:

— نېمە قىلسىلا ئىختىيارلىرى، — دەپتۇ. «باي»:

— مەن چاقچاق قىلمىدىم، راست گەپ قىلدىم. چوقۇم سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئالتۇننى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالىمەن، — دەپتۇ ۋە خەنجىرىنى غىلاپتىن چىقىرىپ تاشقا سۈركەپ بىلەشكە باشلاپتۇ. ئوتۇنچى ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئۇنىڭ شۇنداق ۋەھشىي نىيەتكە كەلگەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىپ يېڭىش چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ يالۋۇرۇپ:

— مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولسىلا بىر شەرتىم بار، — دەپتۇ. «باي»:

— قانداق شەرت؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوتۇنچى:

— خوتۇنۇمنىڭ تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغانتى. بالا ئوغۇل تۇغۇلسا «داد» دەپ ئىسىم قويۇپ قويسىلا، قىز تۇغۇلۇپ قالسا قانداق ئىسىم قويسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارلىرى، — دەپتۇ. «باي» ئوتۇنچىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ بايىقى يۇلغۇن تۈۋىگە كۆمۈۋېتىپ، ئېشەكنى ھەيدەپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنىدىن ئاڭلايلى:

ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى ئاش ئېتىپ ئېرىم «كەلسە بىللە يەيلى» دەپ ساقلاپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، ئېرى كەلمەپتۇ. نامازشام ۋاقتى بولۇپتۇ، ئېرى يەنە كەلمەپتۇ. بۇ خوتۇن كۆزنى يۇمماي كېچىنى

يورۇتۇپتۇ. ئىرى يەنە كەلمەپتۇ، ئىرى بىر ھەپتىگىچە كەلمىگەندىن كېيىن، ئىرىنىڭ بىرەر خەۋپ - خەتەرگە يولۇققانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئىرادىگە پۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن «باي» نىڭ خوتۇنى بازاردىن تۇز، گۆگۈت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. يول بويىدىكى بىر ئۆيدىن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ «ئىڭە - ئىڭە» دەپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ تۇغماس خوتۇن بوۋاقنىڭ ئاۋازىغا ھەۋەسى كېلىپ بۇ ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا بۇرۇن ئۆيىگە بېرىپ خىزمىتىدە بولغان ھېلىقى خوتۇننى كۆرۈپتۇ ۋە بوۋاقنىڭ كۆرپە - چۈۋەكلىرىنى تەييارلىشىپ بېرىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشنى ئېرىگە مەلۇم قىلىپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن «باي» نىڭ خوتۇنى ئېرىنى دەۋەت قىلىپ، تۇخۇم، ئۈزۈم، ياڭاقلارنى كۆتۈرۈشۈپ ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنىنى مۇبارەكلەشكە كېلىشىپتۇ. «باي» ئوتۇنچىنىڭ تەلىپىنى يادىغا ئېلىپ، بالىغا «داد» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

موللا ئۆز ھېكايىسىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى بالىنى ئاسراپ، يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ بەش ياشقا كىرگۈزۈپتۇ. بالا تولىمۇ ئەركە، كەپسىز چوڭ بولۇپتۇ. بۇ بالا بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنچە چۈشكىچە ئۆيىگە كىرمەپتۇ. ئانىسى غەم يەپ بالىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. كوچىمۇ كوچا ئىزدەپ كېتىۋېتىپ بىر جايغا نۇرغۇن ئات باغلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاتلارنىڭ ئەتراپىدا بىر مۇنچە كىچىك بالىلار يۈگۈرۈشۈپ ئويناۋېتىپتۇ. ئانىسى «مېنىڭ بالاممۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا بارمىدۇ - يا» دەپ بۇ يەرگە كېلىپتۇ. قارىسا بالىسى ئاتلارنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇنماي ئويناپ يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەك، بىر ئات بۇ بالىنى چىشلەش ئۈچۈن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، چىشلىرىنى پارقىرىتىپ قوغلاپتۇ، بالا قورقۇپ قېچىپتۇ. ئانىسى بالىنى...

موللا ئۆز ھېكايىسىنى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاۋازىنى مەقسەتلىك ھالدا ئايالىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ:

— ۋاي داد، ۋاي داد، ۋاي داد، دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراپتۇ. موللا ئۆزنىڭ بۇنداق ۋارقىرىشىدىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ياخشى نەتىجە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



كېلىپ چىقىپتۇ:
بىرىنچى، «ۋاي داد» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان قولۇم ـ قوشنىلار ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ ۋە «نېمە ئىش بولدى» دەپ سوراپتۇ. موللا ئۇز:
ـــ بۇ ئىككى ئوغرى مال ـ دۇنيالىرىمنى قەستلەپ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى ئۇرۇندى، ـــ دەپتۇ. قولۇم ـ قوشنىلار بۇ ئىككىسىنى تۇتۇپ باغلاپ، يانلىرىنى ئاختۇرۇپتىكەن، بىرىدىن ئۈچ بىسلىق پىچاق، يەنە بىرىدىن ئۈچ ئىلمەكلىك خەنجەر تېپىلىپتۇ. جامائەت بۇ ئىككى ئوغرىنى ئوردىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپتۇ.
ئىككىنچى، موللا ئۇز «ۋاي داد» دەپ ۋارقىرىغاندا پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن يۇرت ئايلىنىپ، مۇشۇ مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. پادىشاھ بىر ۋەزىرى ئارقىلىق «ۋاي داد» دەپ ۋارقىرىغان كىشىنى چاقىرىپ:
ـــ نېمە دەردىڭىز بار؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. موللا ئۇز ئۆزىنىڭ ئەرز ـ دادى يوقلۇقىنى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق ۋارقىرىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. «پادىشاھ» «داد» دېگەن ئىسىمغا قىزىقىپ ئۇ بالىنىڭ ئانىسىنى چاقىرىپ:
ـــ بالىڭىزنىڭ بۇ ئىسمىنى كىم قويغان؟ ـــ دەپتۇ.
بۇ ئايال پادىشاھنىڭ سوئالىغا راستى بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ.
پادىشاھ «باي» نى چاقىرىپ كېلىپ:
ـــ بۇ بالىغا «داد» دېگەن ئىسمىنى سىز قويغانمۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. «باي»:
ـــ مەن قويغان، ـــ دەپتۇ. پادىشاھ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىغا كۆزى يېتىپ:
ـــ بۇنداق غەلىتە ئىسىم قويۇشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. باينىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ كەتكەنلىكتىن:
ـــ دادىسى شۇنداق تاپىلىغان، ـــ دەپ چاندۇرۇپ قويۇپتۇ.
پادىشاھ:
ـــ قاچان، نەدە؟ ـــ دېگەندەك سوئاللارنى سورىغاندا، «باي»:
ـــ مەن بۇ بالىنىڭ دادىسىنى تونۇمايمەن، ـــ دەپ، بايىقى

گېپىدىن يېنىۋاپتۇ. پادىشاھ چاپارمەنلىرىگە «باي» نى قىيناشنى بۇيرۇپتۇ. قىيناققا چىدىيالمىغان «باي» ئۇ بالىنىڭ دادىسىنى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپتۇ. پادىشاھ:

— سەن ئۇنى بوغۇزلاپ قىيناپ ئۆلتۈرۈپسەن، ئىقرار قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنى قىينىماي، بىر قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيمەن، — دەپتۇ ۋە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدۇرۇپتۇ. پادىشاھ «باي» نىڭ خوتۇنىدىن:

— بىر كوزا ئالتۇن بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. «باي» نىڭ خوتۇنى:

— ئۇ ئالتۇننىڭ يېرىمىغا 50 مو باغ سېتىۋالغان، يېرىمى بار، — دەپتۇ. پادىشاھ يېرىم كوزا ئالتۇننى دادىنىڭ ئانىسىغا بۇيرۇپتۇ. دادىنىڭ ئانىسى ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ئالتۇننىڭ يېرىمىنى ئۆز ۋاقتىدا قىلغان سېخىيلىقى ئۈچۈن «باي» نىڭ خوتۇنىغا بېرىشىنى پادىشاھتىن ئىلتىماس قىلىپتۇ. پادىشاھ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ. پادىشاھ 50 مو باغنى دادىنىڭ مۈلكى دەپ بۇيرۇپتۇ. ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسىدىكى «باغداد» دېگەن ئىسىم شۇ چاغدا پەيدا بولۇپتىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاراقاش ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن: توختىمۇھەممەت
رەتلىگۈچى: مەمتىمىن قۇربان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئىسكەندەرنىڭ راستچىللىقى

بۇرۇنــــقى بۇرۇنىستىكەن، سۇندۇك سولاقچىكەن، مايمۇن بوياقچىكەن، ئاق قۇشقاچ چىقىمچىكەن، تورغاي بىقىمچىكەن، قاغا خەۋەرچىكەن، سىغىزخان ئىشەكچىكەن، قارلىغاچ تامچىكەن، شوخا يىــــڭنــــىكەن، ئازغان تۆگىكەن، بورا پالاقلىمىكەن. شۇ زاماندا تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى خەيبەر خانىدانلىقىدا ئىسكەندەر ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ مال - دۇنيا، يەر - زېمىنلىرى ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن. بىراق سۆيىي بارنىڭ ئوتى يوق دېگەندەك، دۇنــيــالىقتا بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن، پەرزەنت ئىشقىدا يۈرىكى سەكپارە ئىكەن. پادىشاھ ئىسكەندەر يەتتە ئىقلىمدىكى گۈزەل پەرىۋەش مەلىكىلەرگە ئۆيلىنىپ بېقىپتۇ. لېكىن پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ.

شەھەردىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر مازار غوجام بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «توغراق مازار غوجام» دەپ ئاتىشىدىكەن، بۇ مازار غوجامنى تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىدىكەن. مال ئۆلتۈرۈپ قان قىلىپ، نەزىر بېرىپ يەتتە كېچە - كۈندۈز ئىبادەت قىلىپ، خۇداغا نالە قىلسا، ئاللا ھەر قانداق تەلىپى بولسا ئىجابەت قــىلىپ، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىكەن. شۇ ئارقىلىق كىشىلەر مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدىكەن.

پادىشاھ ئىسكەندەرمۇ توغراق مازارغا بېرىپ، ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ پەرزەنت تەلەپ قىلماقچى بوپتۇ. 40 دانە تۆگىنى قان قىلىپ، داش قازانلارنى ئېسىپ گۈرۈچ سېلىپ كىشىلەرگە نەزىر بېرىپتۇ. تەرەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ: «خۇدايا پەرۋەردىگارا! مېنى دۇنــياغا ئاپىرىدە قىلىپ پادىشاھلىق مەرتىۋىگە يەتكۈزۈپ، ۋەج - ئوقەت، ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيالارنى بېرىپسەن، راھەت - پــاراغــەتكە ئېرىشتۈرۈپسەن، بىراق بىرەر پەرزەنت ئاتا قىلماپسەن، ئۆمرۈممۇ ئاخىرىغا يېتىپتۇ. ماڭا ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنيانى

بىرىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغىلى بىرەر پەرزەنت بەرمىسەڭ، دۇنيادىن نام - نىشانسىز ئۆتۈپ كەتكۈدەكمەن. خۇدايا پەرۋەردىگارا، ماڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىلساڭ!» دەپ خۇداغا مۇراجىئەت قىلىپ، يەتتىە كېچە - كۈندۈز ئېتىكاپ ئۈستىدە ئىبادەت قىلىپ، قان - ياش يىغلاپ پەرزەنت تەلەپ قىپتۇ. يەتتىنچى كۈنى بامدات نامىزى بىلەن تەڭ:

— ئەي بەندەم، تەلىپىڭنى ئىجابەت قىلىپ ساڭا بىر ئوغۇل ئاتا قىلدىم! — دەپ ۋەھىي كەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر ئاللاغا چەكسىز رەھمەت ئېيتىپ ئۆز شەھىرىگە يېنىپ كەپتۇ. ئالتە ئاي 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولغانلىقى مەلۇم بوپتۇ.

پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ شادلىقى جاھانغا سىغماپتۇ. ئۇ ئايالىنى مەخسۇس ياسالغان قەسىرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قىرىق قېتىم يوقلاپ تۇرۇپتۇ. ئايالىنىڭ ۋاقتى - قارارى توشۇپ، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتتىن كېيىن كۆزى يورۇپتۇ. پادىشاھ ئىسكەندەر ئالەمچە خۇشاللىق بىلەن كىرىپ قارىغۇدەك بولسا يا بېشى، يا قولى، يا پۇتى يوق بىر تۇلۇمنىڭ ئايالىنىڭ يېنىدا يۇمىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. «پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئايالى تۇلۇم تۇغۇپتۇ» دېگەن خەۋەر تېزلىك بىلەن پۈتكۈل يەر يۈزىگە تارىلىپتۇ.

پادىشاھ ئىسكەندەر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئۆز شەھىرىدىكى دانىلارنى، قۇرئەندازلارنى، پالچىلارنى يىغىپ ئۇلارغا مەسلىھەت ساپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشلىرىنى چايقىشىپ: «تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال يوق. خۇدانىڭ شەپقىتى چەكسىز ۋە بىھېسابتۇر. بېشى ۋە پۇت - قولى يوق بالىنى بەرگەن خۇدا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمۈرلىرىدە يەنە بەش ئەزاسى تولۇق ۋە ساغلام بولغان بالىدىن بىرەرنى بەرسىمۇ ئەجەب ئەمەس. ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ سەۋر قىلسىلا» دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئامالسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. ئارىدىن بىر قۇرئەنداز پادىشاھ ئىسكەندەرگە «توغراق مازار غوجام» نى تاۋاپ قىلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئىسكەندەر «توغراق مازار غوجام» غا چىقىپ، ئىلگىرىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە قاتتىق يىغلاپ ياش تۆكۈپ، خۇداغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ناله قىلىپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز ئاللاغا ئىبادەت قىپتۇ. يەتتىنچى كۈنى:

— ئەي ئىسكەندەر، سەن، سىنىڭ ئايالىڭ ھەم ئوڭ قول ۋەزىرىڭنىڭ نىيىتى توغرا بولمىغاچقا، سەن پەرزەنت كۆرۈشكە مۇناسىپ ئەمەس ئىدىڭ، سىنىڭ قىلغان ئىبادىتىڭنى دەرگاھىمغا قوبۇل قىلىپ بىشى ۋە پۇت - قولى بولمىغان بىر ئوغۇل ئاتا قىلدىم. سەن، ئايالىڭ ۋە ئوڭ قول ۋەزىرىڭ ئالدىدا راست گەپ قىلىپ ئىلگىرىكى يامان نىيەتلىرىڭدىن قول ئۈزسەڭ، ئوڭ قول ۋەزىرىڭ ۋە ئايالىڭمۇ راست گەپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ يامان نىيەتلىرىدىن قول ئۈزسە ئوغلۇڭنىڭ بىشى ۋە پۇت - قولى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۈچەيلەندىن كىمدە كىم يالغان ئىيتسا ئوغلۇڭنىڭ بىر ئەزاسى كەم بولۇپ قالىدۇ، — دەپ ئاللادىن ۋەھيي كەپتۇ.

پادىشاھ ئىسكەندەر «توغراق مازار غوجام» دىن قايتىپ كىلىپ تۇلۇم بالىنى تۇغقان ئايالىنى ۋە ئوڭ قول ۋەزىرىنى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ، ئىشىكنى مەھكەم ئىتىپ، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ:

— بۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۈچىمىزدىن باشقا ئادەم يوق، بۈگۈن ھەممىمىز راست گەپ قىلىمىز. ئەگەر قايسىمىز راست گەپ قىلمىساق، تۇلۇم ئوغۇلنىڭ بىر ئەزاسى كەم بولۇپ قالىدۇ. دىيىشكەن گەپلەر مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە قالىدۇ. يالغان گەپ قىلغان ئادەم قولۇمدىكى قىلىچ بىلەن چىپىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاۋۋال مەن راست گەپ قىلىمەن، — دەپ پادىشاھ ئىسكەندەر گەپ باشلاپتۇ:

— مەن خۇدانىڭ ئالدىدا ناھايىتى چوڭ گۇناھ قىپتىمەن. ئىلگىرىدىن تارتىپ مەن ئالدىمغا كەلگەن ھەر قانداقلىكى ھاجەتمەن، دەۋاگەرنىڭ ئالدى بىلەن قولىغا قارايتتىم. ئالمىچىلىك بىر نەرسە ئىلىپ كەلگەن ئادەم كۆزۈمگە ناھايىتى ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئۇنداق ئادەمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، دەۋاسىنى كۆڭلىدىكىدەك ئوبدان ساقلايتاتتىم. ئالدىمغا قۇرۇق قول كەلگەن ئادەمنىڭ ئەرز - بايانى بىلەن كارىم بولمايتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ تۇلۇم شاھزادىگە باش پەيدا بولۇپتۇ. سۆزلەش نۆۋىتى ئوڭ قول ۋەزىرگە

كەپتۇ:

— ۋەزىر، نۆۋەت ساڭا كەلدى، راست گەپ قىلىشىڭ شەرت! — دەپتۇ پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرگە.

— بېشىمدىن قورقىمەن، شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر.

— راست سۆزلىسەڭ ھەر قانداق گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۈم، — دەپتۇ پادىشاھ ئىسكەندەر.

— مەن ئولتۇرسام، قوپسام داۋاملىق خۇدادىن مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۆلسە، پادىشاھلىق ماڭا قالسا دەپ تىلەيتتىم، — دەپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ تۇلۇم شاھزادىگە ئىككى قول پەيدا بوپتۇ.

— خوتۇن، نۆۋەت ساڭا كەلدى، — دەپتۇ پادىشاھ ئىسكەندەر ئايالىغا.

— بېشىمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ ئايالى.

— راست سۆزلىسەڭ ھەر قانداق گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۈم، — دەپتۇ پادىشاھ ئىسكەندەر.

— مەن ھەر كۈنلۈكى نامىزىمدا، بۇ شەھەردىكى ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ، بارلىق كاتتا بايلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ئۆلسە، ئۇلار ماڭا قالسا دەپ خۇدادىن تىلەيتتىم، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئايالىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشى بىلەن تەڭ تۇلۇم شاھزادىنىڭ پۇتى پەيدا بوپتۇ. پادىشاھ ئىسكەندەر خۇشاللىقىدىن ئوغلىنى باغرىغا بېسىپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى يامان نىيەتلىرىدىن قول ئۈزۈش توغرىسىدا قەسەم ئىچىپتۇ. بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ - سۆزلەرنى ئىككىنچىلەپ تىلغا ئېلىشماپتۇ. ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە توغرا نىيەت، شۈكۈر - قانائەتچانلىق بىلەن ياشاپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: گۇما ناھىيە مۇجى يېزىدىن **تۇرسۇننىياز مەتسىيىت**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **غالىپجان تۇرسۇن**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مەلىكە بىلەن يىگىت

ئىلگىرىسىنىڭ ئىلگىرىسىدە، تارىم بويلىرىدىكى 36 پادىشاھلىقنىڭ بىرسىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، بۇ پادىشاھنىڭ بىر گاداي قوشنىسى بولغانىكەن، پادىشاھ بۇ قوشنىسى بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتىدىكەن. پادىشاھ بىر كۈنى گاداي قوشنىسىنى چاقىرىپ:

— ئى ئاغىنە، سېنىڭمۇ خوتۇنۇڭ ھامىلدار ئىكەن، مېنىڭمۇ خوتۇنۇم ھامىلدار، مەن بۈگۈن شۇنى جاكارلايمەنكى، مۇبادا ھەر ئىككىمىزنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغسا، ئاكا - ئۇكا بولۇپ ئۆتكەي، قىز تۇغسا، ئاچا - سىڭىل بولۇپ ئۆتكەي، مۇبادا بىرى ئوغۇل، بىرى قىز تۇغۇلسا، ئەر - خوتۇن بولۇپ بىر ئۆيدە بولغاي! — دەپ گاداي قوشنىسى بىلەن ۋەدىلىشىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ گادايىنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنى قىز تۇغۇپتۇ. كۈندىن - كۈن، ئايدىن - ئاي، يىلدىن - يىل ئۆتۈپ، بۇ باللار بويىغا يېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ باللارغا بىر چارباغ سالدۇرغانىكەن، ئۇلار دائىم شۇ چارباغدا ئوينايدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ بۇ ئىككىيلەننىڭ توينى قىلىپ قويماقچى بولۇپ، ۋەزىرلىرىنى يىغىپ توي مەسلىھەتى قىپتۇ، پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى:

— ئى پادىشاھىئالەم، سىلە ئۆزلىرى بىر كاتتا زات بولۇپ تۇرۇپ، قىزلىرىنى بىر گادايىنىڭ ئوغلىغا بەرسىلە خەلقىئالەم سىلىنى نېمە دەيدۇ؟ — دەپ پادىشاھنى گاداي قوشنىسىغا بەرگەن ۋەدىسىدىن ياندۇرۇپتۇ.

بۇ مەسلىھەت باشقا ئەللەر پادىشاھلىرىغىمۇ ئاڭلىنىپتۇ. باشقا بىر شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلاشماقچى بولۇپ، قىزىغا ئەلچى بولۇپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئامالسىزلىقتىن قوشۇلۇپتۇ ۋە

تويىنى ئەتىسىلا قىلىشقا قارارلىشىپتۇ.

قىز شۇ ھامان ئۆزى بىلەن بىرگە چوڭ بولغان يىگىتنى تېپىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. قىز دادىسىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىغا چىدىماي:

— سۆيۈملۈكۈم! سىزمۇ دادىڭىزنىڭ ئامراق نەرسىسىدىن بىرنى ئېلىڭ! مەنمۇ دادامنىڭ ئامراق نەرسىسىدىن بىرنى ئالاي، بىز سەھەردە قاچايلى! — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

شۇ كېچە ھاۋايى - ھەۋەستە ئۇخلىيالمىغان يىگىت سەھەردە ئۇخلاپ قاپتۇ. قىز دادىسىنىڭ پادىشاھلىق تامغىسىنى ئېلىپ دەريا بويىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ، قىز دەريا بويىدا تۇرۇپ يىگىتنى ئۇزۇن ساقلاپتۇ، يىگىت كەلمەپتۇ. شۇ چاغدا بىر كېمىدە سەككىز كىشى يېتىپ كەپتۇ، ئۇلار مەلىكىنى كۆرۈپ:

— سىز بەك ئۆز ئىكەنسىز، بىزنىڭ بىرىمىزنى تالاپ تەگسىڭىز! — دېيىشىپتۇ.

— ھەممىڭلارنى تاللىۋالدىم، سىلەر كېمە ئوينىتىپ بېقىڭلار! قايسىڭلار چىرايلىق ئويناتساڭلار، شۇنىڭغا تېگەي، — دەپتۇ مەلىكە.

ئۇلار ھەر بىرى بىر ھازا كېمە ئوينىتىپ بولغاندىن كېيىن قىرغاققا چىقىپ:

— قايسىمىز ئەرزىدۇق؟ — دەپتۇ.

— ھەممىڭلار ياخشى ئوينىتىدىكەنسىلەر، ئايرىۋالالمىدىم، شۇڭا سىلەر ھەممىڭلار بىرەمەڭلارنى ① سېلىۋېتىپ، بازارغا بېرىپ، بىر جۈپتىن ئالما ئېلىپ كېلىڭلار. قايسىڭلار ئالمىنىڭ چىرايلىقىنى ئېلىپ كەلسەڭلار، مەن شۇنىڭ بولاي، — دەپتۇ.

مەلىكە ئۇلارنى يولغا سېلىپتۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرەمىلىرىنى ئېلىپ كېمە بىلەن يولغا راۋان بولۇپتۇ. بازارغا كەتكەن سەككىزەيلەن دەريا بويىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، دەريا لېۋىدە ھېچ كىم يوق. ئۇلار ئۇيان يۈگۈرۈپتۇ، بۇيان يۈگۈرۈپتۇ، قىزنى تاپالماپتۇ. شۇ

① بىرەمە — كىيىم - كېچەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چاغدا مەلىكىنىڭ يىگىتى يېتىپ كېلىپ:

— هەي بۇرادەرلەر، سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمە دەرد يەتتى؟ نېمىشقا يالىڭاچ تۇرىسىلەر، — دەپ سوراپتۇ.

ئۇلار ئەھۋالىنى بايان قىپتۇ. يىگىتمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ، «مېنىڭمۇ بىرەمەمنى ئېلىپ قاچتى» دەپتۇ. بۇ توققۇزەيلەن مەلىكىنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. ئەمدى گەپنى مەلىكىدىن ئاڭلايلى:

مەلىكە كېمىدە كېتىپ بارسا، چوڭ ئىككى كېمىدە قىرىق نەپەر ئەسكەر مەلىكىنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— هەي قىز سىز بەك گۈزەل ئىكەنسىز! بىزگە تېگىڭ، — دەپتۇ.

— بولدى، مەن سىلەرگە تېگەي، ئاۋۋال سىلەر ئاناڭلاردىن تۇغۇلما بولۇپ تۇرۇڭلار! مەن سىلەرنىڭ دۇمبەڭلارنى سىلاپ باقىمەن، قايسىڭلارنىڭ ئۇچىسى چىرايلىق ۋە سىلىق بولسا، مەن شۇنىڭغا تېگىمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

قىرىق ئەسكەر كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئاندىن تۇغۇلما بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە ئەسكەرلەرنىڭ ئۇچىسىنى سىلاشقا باشلاپتۇ. ھەممىسىنىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ بولۇپ:

— ھەممىڭلارنىڭ بىر خىل ئىكەن، ئايرىۋالالمىدىم. سىلەر يالىڭاچ بېرىپ بىر كىيىملىكتىن رەخت ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ ئۇلارنى يولغا ساپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەلىكىنى قوغلاپ كەلگەن توققۇزەيلەندىن ئاڭلايلى:

توققۇزەيلەن شۇ يەرگە كەلگەندە، قىرىقەيلەن ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگۈدەك. بۇلار ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. قىرىق ئەسكەر توققۇزەيلەنگە قوشۇلۇپ جەمئىي قىرىق توققۇز كىشى مەلىكىنى قوغلىماقچى بولۇپتۇ ۋە مەلىكە ماڭغان تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ.

مەلىكە شۇ ماڭغان پېتى بىر يەرگە بارغاندا قىرىق خوتۇنى بار كاتتا بىر بايغا ئۇچراپ قاپتۇ. بۇ ئاچ كۆز باي مەلىكىگە ھەيۋە قىلىپ

نىكاھىغا ئۆتتۈشنى ئۆتۈنۈپتۇ. مەلىكە:
— مەن سىلىگە تېگەر بولسام، ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى خوتۇنى بولىمەن! — دەپتۇ. باي ماقۇل بوپتۇ. قىز ئۇنىڭغا:
— سىلىنىڭ بۇ خوتۇنلىرىنىڭ ھەممىسى چاپاق ۋە سەت ئىكەن، سىلى ئۇلارنى ماڭا بىردەم بېرىپ بۇ يەردىن كەتسىلە! مەن ئۇلارنى يۇيۇپ - تاراپ بېرىمەن، — دەپ باينى كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.
مەلىكە باينىڭ قىرىق نەپەر خوتۇنىنىڭ باشلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئەسكىرىي كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، مىلتىقلارنى ئاستۇرۇپ، يولغا راۋان بوپتۇ، ئەمدى گەپنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلاردىن ئاڭلايلى:
قىرىق توققۇزەيلەن مەلىكىنى قوغلاپ كېلىۋېتىپ، ھېلىقى باي بىلەن ئۇچرىشىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ، بايمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ مەلىكىنى قوغلاشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئەمدى گەپنى مەلىكىدىن ئاڭلايلى:
دادىسىنىڭ پادشاھلىق تامغىسىنى ئېلىۋالغان مەلىكىنىڭ بەختىگە بىر شەھەرگە يېڭى پادشاھ كەلمەكچى ئىكەن، بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولغان مەلىكە ھېلىقى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، شۇ شەھەرگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كىرىپتۇ ۋە شۇ شەھەرگە پادشاھ بولۇپ تەۋەلىكىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، توساتتىن بىر چاپارمەن:
— داد پادشاھىئالەم! شەھىرىمىزگە بۇلاڭچى كىردى! — دەپ مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يېڭى پادشاھ ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە جاللاتلارنى ئەۋەتىپتۇ، جاللاتلار ئۇلارنى تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەردار بولغان يېڭى پادشاھ ئۇلارنى ئۆزى سوراق قىپتۇ. ئاۋۋال سەككىزەيلەننى سوراق قىپتۇ، پادشاھ بىر كوزىغا مۇشتلاپ قويۇپ:
— ھەي مەخلۇقلار! بۇ كوزىدىن مۇنداق ئاۋاز چىقتى: «سەنلەر بىر قىزنى ئالماق ئۈچۈن، مۇشۇ يەرگە قوغلاپ ۋە بېسىپ كىرگەن» دەيدۇ. راستمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار غەمكىن هالدا:

— شۇنداق پادىشاھىئالەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارنى دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يىگىت پادىشاھ قىرىق نەپەر ئەسكەرنى سوراق قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ يەنە كوزىغا مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— ھەي لەنتىلەر! بۇ كوزىدىن شۇنداق ئاۋاز چىقتىكى: «سەنلەر بىر پاك قىزنى ئالماق ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە قوغلاپ كەلگەن» دەيدۇ. بۇ راستمۇ؟

ئۇلار ھەممىسى:

— راست! تامامەن توغرا! تامامەن توغرا! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. غەزەپلەنگەن پادىشاھ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سوراق بايغا كەپتۇ، پادىشاھ يەنىلا كوزىغا مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— ھەي ئاچ كۆز باي! بۇ كوزا مۇنداق دەيدۇ: «سېنىڭ قىرىق خوتۇنۇڭ تۇرسىمۇ، يەنە بىر پاك قىزنى خوتۇنلۇققا ئالماق ئۈچۈن بۇ يەرگە قوغلاپ كەلگەن» دەيدۇ. بۇ راستمۇ؟

— ۋاي راست، راست، راست! شۇنداق، — دەپتۇ باي.

پادىشاھ:

— جاللات! ئۇنى تىرىك كۆم! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئەمدى ئاخىرىدا سوراق يىگىتكە كەپتۇ، پادىشاھ خەلقئالەم ئالدىدا: «بۇ يىگىت ياش ھەم مۇلايىم ئىكەن، ئوردا خىزمەتچىسى بولسۇن!» دەپ يىگىتنى ئېلىپ قاپتۇ. يىگىت پادىشاھ يىگىت بىلەن سۆھبەتتە بولۇپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت مەلىكىنىڭ مەيدىسىدىكى مەڭنى كۆرۈپ بىر يىغلاپ، بىر كۈلۈپتۇ. مەلىكە:

— ھەي يىگىت، كۈلۈشۈڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ يىغلىشىڭنىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت بولغان ئەھۋالنى بىر - بىردىن سۆزلەپ بېرىپ، كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ: «يىغلىشىمدىكى سەۋەب، مەن مۇرادىمغا يېتەلمەي كېتىشىمدىن

ئەنسىرەپ يىغلىدىم. كۈلۈشۈمدىكى سەۋەب، سىزنىڭ مەيدىڭىزدىكى مەڭنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي كۈلدۈم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
مەلىكە بىلەن يىگىت بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، مەڭزىگە سۆيۈپ، ئاخىرى تېپىشىپ، شۇ شەھەردە ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىشىپ، باياشات، بەختىيار تۇرمۇش كۆچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كىرىيە ناھىيە ئارال يېزىسىدىن مۇتەللىپ مەتتۇرسۇن
رەتلىگۈچىلەر: مەتتۇرسۇن سۇلايمان، ئابدۇقادىر تۇرسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كەنجى قارلىغاچ

بۇرۇنــنــىــڭ بــۇرۇنــىـــســـدا، ھەممىنىڭ ئاۋۋىلىسىدا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ باغرىدىكى بىر مەھەللىدە ئەخمەت ۋە قاسىم ئىسىملىك ئــىــككى بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئەخمەت ئىنتايىن نامراتچىلىقتا كۈن كــۆچۈرىدىكەن. قاسىم بولسا باياشات تۇرمۇش كۆچۈرىدىكەن. شۇ كــۈنلەردە ئەخمەت ئادىتى بويىچە جاڭگالغا ئوتۇن كەسكىلى بېرىپ قــايــتـــىــپ كــەلـــسە، پالتۇكتا بىر قارلىغاچ بالىسىنىڭ پىسىكلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئانىسى ئوزۇق ئىلىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چـــىـــقـــىــپ كــەتكەنىكەن. بوۋاي ئەخمەت بۇ قارلىغاچقا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتىپتۇ. دەرھال كۆڭلىكىنى يىرتىپ پاچىقىنى تېڭىپ، بويىنىغا چــــرايــلىق بىر قىزىل پۆپۈك باغلاپ ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ. قارلىغاچ بالىلىرى تېزلا چوڭىيىپ ئۇچۇپتۇ. كۈزلۈكى قارلىغاچلار ئىسسىق بەلۋاغقا قايتىپتۇ.

ئەتىياز بولغاندا بىر قىزىل پۆپۈكلۈك قارلىغاچ بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقىنى ئەخمەتنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ، ئەخمەت تاۋۇز ئۇرۇقىنى بىر قــاشــقــا تىكىپتۇ. تاۋۇز بىر قانچە كۈنگە قالماي ئۈنۈپتۇ. تاۋۇز ئۈنگەندىن كېيىن بوۋاي ياخشى پەرۋىش قىپتۇ. تاۋۇزلار تېزلا پىلەك تــارتىپ چۈشۈپ، پىششقا باشلاپتۇ. بوۋاي ياخشى ئوخشىغان بىر تــاۋۇزنــى ئــۈزۈپ بالىلىرىم بىلەن ھەمداستىخان بولاي دەپ ئۆيگە ئاپىرىپ پىچقانىكەن، تاۋۇزنىڭ ئىچىدىن ئالتۇن - يامبۇلار چىقىپتۇ. بالىلىرى بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. بـۇ تاۋۇز ئىچىدىن چــىــقــقــان ئالتۇن - يامبۇلارنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاز كۈنگە قالماي بېيىپ كېتىپتۇ.

ئـــەخـــمـــەت بــوۋايــنىڭ تۇرۇپلا بېيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قاسىمنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ. قاسىم كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەخمەت بــوۋايــغــا يــېقىنلىشىپ نېمە سەۋەبتىن تېزلا بېيىپ كەتكەنلىكىنى

ئۇقماقچى بوپتۇ. ئەخمەت بوۋاي بولغان ۋەقەنى بىرنى قويماي تولۇقى بىلەن قاسىمغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان قاسىمنىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۆيگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆيدە قارلىغاچ ئۇۋا ياساپ تۇخۇم قويۇپ يېتىپتۇ. قارلىغاچنىڭ بالىسىنىڭ بىرىنى ئېلىپ پاچىقىنى سۇندۇرۇپ، كۆڭلىكىنى يىرتىپ تېڭىپ بوينىغا قىزىل پۆپۈك باغلاپ، ئاندىن ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ. قارلىغاچلار ئادىتى بويىچە ئىسسىق بەلۋاغقا قايتىپتۇ.

ئەتىياز بولا - بولمايلا قاسىم قارلىغاچنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا بىر قىزىل پۆپۈكلۈك قارلىغاچ بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقىنى قاسىمنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. قاسىم خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئېتىزىغا بېرىپ تاۋۇز ئۇرۇقىنى تىكىپتۇ. تاۋۇز ئۈنە - ئۈنمەي تاۋۇز بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. بىر تۈپ پېلەكتە بەكمۇ چوڭ بىر دانە تاۋۇز چۈشۈپتۇ. قاسىم بەكمۇ خۇشال ئىكەن. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تاۋۇز پىشىپتۇ. قاسىم تاۋۇزنى ئۈزۈپ ئۆيگە ئاپىرىپ زىلچا - گىلەمنى سېلىپ خوتۇن - بالىلىرىنى چاقىرىپ قاتار ئولتۇرغۇزۇپ پىچىپتۇ. تاۋۇزنىڭ ئىچىدىن بىر توپ ھەرە چىقىپ قاسىمنى ۋە خوتۇن - بالىلىرىنى بىرنى قويماي چېقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

رەتلىگۈچى: **ئابدۇقادىر تۇرسۇن**

www.uyghurkitap.com



# پىيازنىڭ تەمنى بۇزۇپ قويمىسۇن دېدىم

يەكشەنبە بازاردا [1] گۆشگىردە يېقىپ ساتىدىغان ھاشىماخۇن ناۋاي سادىقاخۇن ئىسىملىك بىر دېھقان بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ، سادىقاخۇن بىر يەكشەنبە ئەتىگەنلىكى يېرىم خۇرجۇن پىيازنى دولىسىغا تاشلاپ ھاشىماخۇننىڭ دۇكىنىغا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ناۋاي ئۇستام، ئاز بولسىمۇ پىياز ئالغاچ كەلدىم، كۆڭلىمىز يېقىنلىقىنىڭ نىشانىسى، — دەپتۇ. ھاشىماخۇن جاۋاب سالامدىن كېيىن:

— بارىكاللا، ئاۋارە بولمىسىلىمۇ بولاتتى، — دەپتۇ. بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گۆشگىردە پىشىپتۇ، ھاشىماخۇن بىر لېگەندە لىق گۆشگىردە تىزىپ كېلىپ سادىقاخۇننىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئالسىلا، مەزەگە باقسىلا، — دەپتۇ. سادىقاخۇن گۆشگىردىنى چايناۋېتىپ:

— پىيازنىڭ تەمى بىلەن بۇ گۆشگىردە بەكمۇ مەززىلىك پىشىپتۇ، — دەپ بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاپتۇ. ھاشىماخۇن «گۆشنىڭ تەمى چىقماپتىمۇ؟» دەپ سورىغۇسى كەلسىمۇ، سادىقاخۇننىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاپ لام - جىم دېمەپتۇ. كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى سادىقاخۇن يېرىم خۇرجۇن پىيازنى دولىسىغا سېلىپ بىر نەچچە ئاغىنىسىنى باشلاپ ھاشىماخۇننىڭ دۇكىنىغا كىرىپتۇ. ھاشىماخۇن بۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئون - ئونبەشچە گۆشگىردىنى قويۇپ:

— ئالسىلا، مەزەگە بېقىشسىلا، — دەپتۇ. مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ. سادىقاخۇن گۆشگىردە يەۋېتىپ:

— پىيازنىڭ تەمى بىلەن بۇ گۆشگىردىنىڭ قىيمىسى بەكمۇ

---

[1] قاراقاشنىڭ ناھىيە بازىرى يەكشەنبە كۈنلۈكتە قىزىيدۇ.

شەربەتلىك پىشىپتۇ، شۇڭا بۇ ئۇستامنىڭ گۆشگىردىسىگە خېرىدار جىق، — دەپتۇ. مۇنداق ئىش بىر نەچچە يەكشەنبە تەكرارلىنىپتۇ.
«گاچىمۇ چۆچۈرىنى ساناپ يەيدۇ» دېگەن گەپ بار، ھاشىماخۇن كۆڭلىدە گۆش بىلەن پىيازنىڭ نەرخىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن «بىر پۇللۇق پىياز ئۈچۈن، ئون پۇللۇق گۆشگىردە بىلەن مېھمان بولىدۇ، يەنە تېخى گۆش توغرىلىق گەپ يوق، پىيازنى ماختىغىنى نېمىسى؟» دەپ قورسىقى كۆپۈپتۇ. كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى سادىقاخۇن يېرىم خۇرجۇن پىيازنى دولىسىغا سېلىپ بىر نەچچە ئاغىنىسىنى باشلاپ ناۋايخانىغا كىرىپتۇ، ھاشىماخۇن بىر تال گۆش ئارىلاشتۇرماي خاس پىياز قىيمىسى بىلەن يېقىلغان گۆشگىردىلەرنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. سادىقاخۇن دەسلەپ قىلىپ بىر گۆشگىردىنى يېرىپ قارىسا، بىر تال گۆش يوق، خاس پىياز.
— ئۇستام، — دەپتۇ ئۇ بىر گۆشگىردىگە، بىر ھاشىماخۇنغا قاراپ، — بۈگۈن قاسساپلار قوي ئۆلتۈرمەپتىمۇ - قانداق؟
— ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ ھاشىماخۇن كۈلۈپ، — بىر جىڭى بەش پۇللۇق گۆش، چارىكى ئىككى پۇللۇق پىيازلىرىڭنىڭ تەمىنى بۇزۇپ قويمىسۇن، — دېدىم.
سادىقاخۇن خىجىللىق ئىلكىدە لام - جىم دېيەلمەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاراقاش بازىرىدىن ئابدۇللا ئاخۇن سىرچى
رەتلىگۈچى: مەمتىمىن قۇربان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلگى تارقىتىلىشى



# ئاچچىقنىڭ كەلسە يوٌت

ئىلگىرىكى زاماندا راخمانپور (لوپ ناھىيىسى تەۋەلىكىدە) مەھەللىسىدە بىر سودىگەر ئۆتكەن ئىكەن. سودىگەرنىڭ ئىسمى قاسىم، خوتۇنىنىڭ ئىسمى ھەمراخان ئىكەن. بۇلار پەرزەنت ئارزۇلاپ يۈرۈپتۇ، بەختكە يارىشا ھەمراخان ھامىلىدار بولۇپ ئالتە ئاي ئۆتكەندە، ئېرى سودىگەرچىلىك ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ سودىگەرچىلىكتە 14 يىل تۇرۇپ قاپتۇ. خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپ 14 ياشقا كىرىپتۇ. قاسىم ئاخۇن ئائىلىسىنى سېغىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋېتىپ، يۇرتىغا كېلىشكە ئىككى كۈنلۈك يول قالغاندا بىر شەھەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈۋېتىپ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەمنىڭ «ئەيىۋھانناس، ئىشتىڭلار ئامۇ خاس، مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىم بار، كىم مىڭ تىللاغا ئالىدۇ» دەپ ۋارقىراپ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. قاسىم ئاخۇن ھەيران بولۇپ، «چىقمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس ئاران بىر ئېغىز گەپكەن، ھەر قانچە ئەخمەق بولسىمۇ بىر ئېغىز گەپنى مىڭ تىللاغا ئالماس» دەپ مېيىقىدا كۈلۈپتۇ. لېكىن ئۆز - ئۆزىگە: «نۇرغۇن شەھەرلەرنى كېزىپ پايدىمۇ ئالدىم، زىيانمۇ تارتتىم. ئەمما گەپ ساتقان ئادەمنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن. خەير، گەپنىمۇ ئېلىپ كۆرەيچۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ھېلىقى جاكارچىنى چاقىرىپ، شۇ بىر ئېغىز گەپنى ئالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. جاكارچى ئاۋۋال پۇلنى بېرىشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن گەپنى دەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بولغان پاراڭنى ئاڭلاپ بازارچىلار يىغىلىپتۇ، سودىگەر بولسا تەۋەككۇل قىلىپ ھېلىقى جاكارچىغا مىڭ تەڭگە بېرىپتۇ. جاكارچى پۇلنى ئېلىپ بولۇپ: «ئاچچىقنىڭ كەلسە يوٌت» دېگەن گەپنى دەپتۇ. ئەتراپتىكى ئادەملەر بولسا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

قاسىم ئاخۇن سەپەر قىلىپ، ئىككىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە

ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. ئات - ئۇلاغلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئىشىك ئالدىغا كەلسە ئۆيدىن چىراغ يېنىپ تۇرغۇدەك. ئۇ قۇلىقىنى ئىشىككە يېقىپ گەپ تىڭشاپتۇ. ئۆي ئىچىدىن بىر ئەر كىشى بىلەن بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قاسىم ئاخۇن لاغ - لاغ تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە ئايالىنى ئەرگە تېگىۋالغان ياكى بولمىسا ئاشنا ئويىنىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئىككىلا ئادەمنى ئۆلتۈرىۋېتىش نىيىتىگە كەپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرنى بۇرۇن قەتلى قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئايالىنى ئۆلتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئويلاپتۇ. ئۇ خەنجەر پىچىقىنى تاشقا بىلەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا مىڭ تىللاغا سېتىۋالغان سۆز كەپتۇ - دە، ئاچچىقىدىن يېنىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن: «ئاچمايمەن، قايتىپ كېتىڭ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. سودىگەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۆز ئىسمىنى ئېيتىپ ئىشىكنى ئېچىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئىشىك ئېچىلىپتۇ. سودىگەر ئۆي ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا، بىرئوغۇل بالا تۇرغۇدەك، «بۇ كىم؟» دەپ سوراپتۇ سودىگەر خوتۇنىدىن. خوتۇنى ئېرىگە: بۇ ئوغۇل بالا بولسا ئۆزلىرى كەتكەندە بويۇمدا قالغان پەرزەنتلىرى دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قاسىم ئاخۇن خۇشاللىقىدا ئوغلىنى باغرىغا بېسىپتۇ. كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، دەرد - مۇڭ تۆكۈشۈپتۇ. سودىگەر خوتۇنىغا ھېلىقى بىر ئېغىز گەپنى مىڭ تىللاغا ئالغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

— شۇ بىر ئېغىز گەپنىڭ سەۋەبىدىن ھەر قايسىڭلار بىلەن ساق - سالامەت دىدار كۆرۈشتۇق، ئەگەر ئاچچىقىمنى يۇتمىغان بولسام، مانا مەشەدە، بۇگۈن كېچە سىلەر غەرق قان ئىچىدە ياتقان بولاتتىڭلار. بۇ بىر ئېغىز گەپ مىڭ تىللا ئەمەس، يۈز مىڭ تىللاغىمۇ ئەرزان ئىكەن. مۇشۇ گەپنى ساتقان كىشىنىڭ ئۆمرىنى خۇدا ئۇزۇن قىلغاي، — دەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: لوپ ناھىيە بۇيا يېزا ئارىش كەنتىدىن ئابدۇرېھىمجان
رەتلىگۈچى: يۇسۇپ توختى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# شاھزادە بۇرۇق

مۇقەددەم ئاۋۋال چىن ۋە ماچىن شەھىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇل پادىشاھنىڭ دۇنيادا ئارزۇ - ئارمانلىق بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئىسمى شاھزادە بۇرۇق ئىكەن. شاھزادە چوڭقىيىپ سەككىز ياشقا كىرگەندە پادىشاھنىڭ ئاقتىخانىسىغا كىرىپ ئاداشلىرى بىلەن ئويناپايدىغان بوپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئاقتىخانىغا كىرگۈدەك بولسا، ئانىسىنىڭ ئات باقىدىغان مىراقۇل بىلەن ئوقۇر ئىچىدە ناشايان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

شاھزادە كۆرگەنلىرىنى دادىسىغا ئېيتاي دېسە، ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن - دە، ئۆز ئانىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ قالىدىكەن. شاھزادە كۆپ ئويلاپ ئاخىرى 18 ياشقا كىرگۈچە بۇ توغرۇدا گەپ قىلماپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ئوغلىنى ئۆيلەش نىيىتىنى ئىزھار قىلغاندا، شاھزادە ھەرگىز ماقۇل كۆرمەپتۇ.

— مەندەك شانۇ شەۋكەتلىك بىر پادىشاھ، — دەپتۇ دادىسى بىر كۈنى ئوغلىنى چاقىرىپ، — بالىسى 18 گە كىرگەندىمۇ توينى قىلمىسا باشقا پادىشاھلار ئالدىدا قانداقمۇ يۈز كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟

شاھزادە دادىسىنىڭ نەسىھەت ۋە تەنبىھلىرىنى قەتئىي رەت قىلىپ ئۆيلىنىشتىن باش تارتىپتۇ. غەزەپلەنگەن شاھ ئوغلىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. ئۆلۈم مەيدانىغا يالاپ كېتىلىۋاتقان شاھزادە جاللاتلارغا:

— مېنى دادامنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار، دادامغا ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار، — دەپتۇ. شاھزادىنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيران ۋە شادىمان بولغان جاللاتلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپتۇ. شاھ ئوغلىنى دەرھال كەلتۈرۈشكە پەرمان بېرىپتۇ. شاھزادە بۇرۇق دادىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن خوتۇن ئالماي دۇنيادىن ئۆتۈشنى ئەھدۇ پەيمان

قىلغانىدىم. لېكىن مېنىڭ بۇ قارارىمنى سىز ئۆلۈم تەھلىكىسى ئاستىدا بۇزۇشقا مەجبۇر قىلدىڭىز، ئەمدى سىز تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتىمنى ئادا قىلىپ بەرسىڭىز ئۆيلىنىشكە رازىمەن.

— قېنى ئېيتقىن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— بىرىنچى شەرتىم شۇكى، — دەپتۇ شاھزادە، — قاراقاش دەرياسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر ئىمارەت سېلىڭ، قىرىق قەۋەت بولسۇن، بۇ ئىمارەت كۆركەم بولسۇن؛ ئىككىنچى شەرتىم: بۇ ئىمارەتنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ - يېپىلغاندا غىچىرلىغان ئاۋازى قىرىق كۈنلۈك يەرگە ئاڭلىنىدىغان بولسۇن؛ ئۈچىنچى شەرتىم: قىرىق قەۋەت ئىمارەتنىڭ كىرىپ - چىقىش ئېغىزىغا بىر يىغما كۆۋرۈك سېلىنسۇن. يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك شەرتىمنى ئورۇندىسىڭىز ئۆيلىنىشكە رازىمەن.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ كۆپتىن كۆپ خۇرسەن بوپتۇ ۋە:

— بالام، سەن بۇ شەرتلەرنى بۇرۇنراق دېسەڭ بولمامتى؟ — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قول ئاستىدىكى لاۋۇ لەشكەر، بەگ، دورغىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئالتە ئاي ئىچىدە ئىمارەتنى پۈتكۈزۈپتۇ، ئاندىن كېيىن شاھزادىنى تويلاپ، مەلىكە بىلەن ئىككىسىنى بۇ ئىمارەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

كۈندىن كۈن ئۆتۈپ، ئايدىن ئاي ئۆتۈپ، بىر قانچە يىللار ئۆتۈپتۇ. شۇ شەھەردىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ 18~20 ياشلارغا كىرگەن شەمسى نىزامىدىن ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ شاھزادە تۇرۇشلۇق ئىمارەتنىڭ قىرىقىنچى قەۋىتىگە قارا دېگەندەك بوپتۇ. ئۇ شۇنداق قارىسا، ھۆسىن - جامالى تولۇن ئايدەك گۈزەل بىر ساھىبجامالنى كۆرۈپتۇ. ئۇنى كۆرۈش بىلەن قىزنىڭ چېھرىدىن ياغان چاقماقنىڭ زەررىدەك ئىشقى ئوتى ئوۋچى بالىنىڭ سىنە ساندۇقىدىن قارار تېپىپتۇ. ئوۋچى بالا ئاھ ... دېگىنىچە ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ قارىسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىزنىڭ دىدارى كۆرۈنمەپتۇ، بالا ئامالسىزلىقتىن ئۆيگە قايتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بالىنىڭ چىرايى كۈندىن - كۈنگە سامانغەك سارغىيىپ، غازاڭدەك پۇرلىشىپتۇ. بارا - بارا ئىككى قولىغا بىردىن تاش ئېلىپ، ئاھ دەردىم دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىسى بالىسىدىن ئەھۋالنى سوراپتۇ. ئوۋچى يىگىت ئانىغا بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى راۋاقتا كۆرگەنلىرىنى ۋە بىر قىزغا ئاشىق بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئانىسى:

— ۋاي بالام ئىش چاتاق بوپتۇ، — دەپتۇ.

ئوۋچى بالا ئانىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ دەرد - پىغان بىلەن قاتتىق يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن موماي:

— مەن ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى، يەيدىغىنىمنى يەپ، كىيىدىغاننى كىيىپ بولدۇم. لېكىن سېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىڭگە چىدىمايمەن، — دەپتۇ. بالا تۇرۇپ:

— ئانا بۇنىڭ بىر ئامالى بارمىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى:

— ئامالى بار، لېكىن مەقسەتكە يەتسەك ھەر ئىككىمىز ئامان - ئېسەن قالىمىز. ئەگەر مەقسەتكە يېتەلمىسەك ھەر ئىككىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز، — دەپتۇ. ئوۋچى بالا:

— ئۆز ئەجىلىمىزدە ئۆلسەكمۇ، باشقا ئىش بىلەن ئۆلسەكمۇ ھامان ئۆلىمىز. بىر ئىلاجى قىلىڭ، — دېگەن تەلەپنى قويۇپتۇ. ئانىسى:

— ئوغلۇم بىر كۈن تەخىر قىلغىن، پادىشاھنىڭ ئوغلى شاھزادە بۇرۇق ئوۋغا كەتكىلى 39 كۈن بولدى. ئەتە چۈشتە قايتىپ كېلىدۇ. بىز شاھزادە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىمارەتنىڭ قېشىغا بارىمىز، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئوۋچىنىڭ ئانىسى قويىنىغا بۇرغۇي سېلىپ، بىر ساندۇقنى ئېلىپ يىغما كۆۋرۈك قېشىغا كەپتۇ. بالىسىنى ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئۈستىگە ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى تاشلاپ ساندۇقنى ياپقاندىن كېيىن چاق ئېگىرگەن قىياپەتتە ئولتۇرۇپتۇ. شۇ

كۈنى چۈشكە يېقىن شاھزادە بۇرۇق قايتىپ كېلىپ قارىسا، بىر موماي ئۇلتۇرغۇدەك. شاھزادە مومايىنى خۇددى چەۋەنداز ئوغلاق قامالىلىغاندەك ئاتنىڭ ئۈستىگە ئاپتۇ - دە، بوغۇزىغا شەمشەرنى سۇرمەكچى بولغاندا موماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. شاھزادە ھەيران بولۇپ:

— ھەي قېرى، سەن بايا شەمشەرنى گېلىڭغا سۇرمەكچى بولغىنىمدا ئالدى بىلەن كۈلدۈڭ، ئاندىن يىغلىدىڭ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇۋچىنىڭ ئانىسى تۇرۇپ:

— ھەر قانداق ئادەم بىر كىمنى ئۆلتۈرسە بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆلتۈرىدۇ، سەن گەپمۇ سورىماي ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭ، شۇڭا مەن سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭغا كۈلدۈم. يىغلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ئى شاھزادە، ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى. شۇ سۆزلىرىمنى دېيەلمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم دەپ يىغلىدىم، — دەپتۇ. شاھزادە:

— سېنىڭ ئېيتماقچى بولغان دەرت - پىغانىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. موماي:

— مەن ياشلىق ۋاقتىمدا سىزنىڭ ئانىڭىزنىڭ كېنىزىكى ئىدىم، سىز كىچىك ۋاقتىڭىزدا ئىنىكئانا بولۇپ ئاق سۈتۈمنى ئەمگۈزۈپ، ئالتۇن بۆشۈكىڭىزنى تەۋرىتىپ چوڭ قىلغانىدىم، قېرىغاندىن كېيىن مېنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى. يەي دېسەم يېگىلى، كىيەي دېسەم كىيگىلى يوق، نامرات ۋە غۇربەتچىلىكتە قالدىم، ئاخىرى سىزنى مۇشۇ يەردە دەپ ئاڭلاپ، بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ مىڭ تەستە سىزنى تاپتىم، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىپ ئۆتسەم دېگەن ئۈمىد بىلەن سىزنى پاناھ تارتىپ كەلگەنىدىم. بىراق ھازىر مەن سىزنىڭ شەمشىرىڭىز ئالدىدا ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمەن، — دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

شاھزادە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مومايغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ - دە:

— مېنىڭ دادام مۇشۇنداق ئادالەتسىزمىدۇ؟ بىر ئادەمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياشلىقىدا ئىشلىتىپ قىرىغاندا ھەيدىۋېتىپتۇ. بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ ئىچىدە دادىسىغا ئىچىنىپتۇ. شاھزادە:

— ساندۇقتىكى نېمە؟ ساندۇقنى ئاچ! — دەپتۇ. موماي ساندۇقنى ئاچقانىكەن، ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ساندۇقنى ياپتۇرۇۋېتىپتۇ. يىغلا كۆزۈكنى چۇشۇرۇپ مومايىنى ساندۇقلىرى بىلەن ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ.

ئۈچىنىڭ ئانىسى شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن ھېلىقى قىرىق قەۋەتلىك راۋاققا چىقىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ ھېلىقى ئايالنى تونۇشتۇرۇپ، مەلىكىنىڭ خىزمىتىگە بېرىپتۇ. مەلىكىمۇ ماقۇل كۆرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە ئوۋنى ئىختىيار قىپتۇ - دە، سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۆيدە مەلىكە بىلەن موماي قاپتۇ. بىر كۈنى موماي مەلىكىگە تاماق ئېتىپ بېسەك، دېگەن تەلەپنى قويۇپتۇ. مەلىكە ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار تاماققا تەرەددۇد قىپتۇ. موماي:

— مەلىكەم مەن ئوچاققا ئوت ياقاي، — دەپتۇ - دە، ئوت يېقىپتۇ. لېكىن ئۆچۈپ قاپتۇ. موماي ئوتنى پۈلىگەن بولۇپ، قولىدىكى بۇرغىيىنى پۈلىگەنىكەن، يەل قويۇۋەتكەندەك ئوخشاش ئاۋاز چىقىپتۇ. ئوت يەنە كۆيمەپتۇ، موماي يەنە ھېلىقى ئىشنى تەكرارلاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بالدۇرقىدىنمۇ بەكرەك ئاۋاز چىقىپتۇ، بۇ ئىشنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە بەكمۇ خاپا بولۇپ مومايىنى كەتكۈزۈۋەتمەكچى بوپتۇ.

— ئەي مەلىكەم، — توۋا دېسىلە، — دەپ گېپىنى باشلاپتۇ موماي، — مەن ياش ۋاقتىمدا ناھايىتى گۈزەل بىر قىز ئىدىم، ئېرىم ئەركەك چىۋىندىنمۇ كۈنلەيتتى. لېكىن ئۆمرۈم بويى ئېرىمدىن باشقا ئادەمگە قارىمىغانلىقىم ئۈچۈن، قېرىغان ۋاقتىمدا مۇشۇنداق غوت - غوت كېسىلىگە قالدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە چۆچۈپ كېتىپ:

— ھەي ئانا نېمە دېدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. موماي:

— غوت - غوت كېسىلىگە قالدىم، — دەپتۇ بايىقى سۆزنى

تەكرارلاپ. مەلىكە يەنە:
— ئانا، ياش ۋاقتىمدا ئۆز ئېرىدىن باشقا ئادەمگە قارىمىغان ئايال كىشى قېرىغاندا غوت - غوت كېسىلىگە قالامدۇ؟ — دەپتۇ. موماي:
— ھەئە، شۇنداق بولىدۇ، — دەپتۇ.
— ئانا ... بۇنىڭغا بىر ئىلاج قىلغىلى بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.
— ئامال قىلىپ بىرەر قېتىم بولسىمۇ باشقا بىر ئەر بىلەن ئۇچراشسىڭىز بۇ كېسەلدىن خالىي بولىسىز، — دەپتۇ موماي.
— ئانا بىرسى بولسىمۇ سىزدىن، مىڭى بولسىمۇ سىزدىن، مەن مىڭ تىللا ئالتۇن بەرسەم سىز بىر ئىلاج قىلسىڭىز، — دەپ قاتتىق يالۋۇرۇپتۇ مەلىكە.
— ئەمىسە قىزىم بىر سىر بار، بۇنى سىزگە دەيمەن. بۇ سىرنى شاھزادە بىلىپ قالسا مەنمۇ ئۆلىمەن، سىزمۇ ئۆلىسىز، — دەپتۇ موماي.
— قەتئىي بىر كىمگە دېمەيمەن، — دەپ قەسەم بېرىپتۇ مەلىكە. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېرى دەللە ساندۇقتىن ئوغلىنى چىقىرىپ قىزغا كۆرسىتىپتۇ، بۇ ئىككىسى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.
بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، شاھزادە ئوۋدىن قايتىپ كەپتۇ. شۇ كۈنى دەم ئېلىپ ئەتىسى ئەتىگەندە قىرىقىنچى راۋاققا چىقىپ ئەتراپىغا نەزەر سېلىپ قارىغۇدەك بولسا، چۆل تەرەپتىن بىر بوۋاي كېلىپ دەريانىڭ بويىغا گۈلخان سېلىپ چاي قاينىتىشقا باشلاپتۇ. چېيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، يېنىدىن بىر قۇتا ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر مەلىكىنى چىقىرىپتۇ ۋە كۆڭۈل خۇشى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە قۇتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قۇتىنى يانچۇقىغا سېپتۇ - دە، بەھۇزۇر ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.
بوۋاي ئۇخلىغاندىن كېيىن، بوۋاينىڭ يانچۇقىدىكى قۇتا سەكرەپ چىقىپتۇ ۋە قۇتىنىڭ ئىچىدىكى مەلىكە ھازىر بولۇپ، ياقىسىدىن بىر يىڭنىنى سۇغۇرۇپ ئاپتۇ. يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن بىر يىگىتنى پەيدا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىپتۇ - دە، يىگىت بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يىگىتنى يەنە يىگىننىڭ قولىقىغا سىلىپ ياقىسىغا چوقۇپ، ئۆزى قۇتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بوۋاينىڭ يانچۇقىغا ئاۋۇالقىدەكلا جايلىشىپتۇ. شاھزادىنىڭ بايا ئەتراپتا كۆرگەنلىرىدىن كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قايتىپ چۈشۈپتۇ ۋە خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ مەلىكىگە:

- ھازىر مېھمان كېلىدۇ. ئۈچ كىشىلىك تاماق تەييارلا، — دەپ بۇيرۇپتۇ. ئاندىن ئۇخلاپ ياتقان بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. بوۋاينى ئويغىتىپ، ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ.

تاماق پىشقاندىن كېيىن شاھزادە بوۋاينىڭ ئالدىغا ئۈچ قاچا تاماقنى قويۇپتۇ. بوۋاي:

— مەن بىر قاچىنى ئاران يەپ بولىمەن، — دەپتۇ. شاھزادە:

— سىز يەپ بولالمىسىڭىز يانچۇقىڭىزدىكى قۇتىنىڭ ئىچىدىكى قىزنى ئېلىڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي قۇتىدىكى قىزنى ئاپتۇ. شاھزادە ئىككى قاچا تاماقنى قىزنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپتۇ. قىز تۇرۇپ:

— مەن بىر قاچا تاماقنى ئاران يەپ بولىمەن، — دەپتۇ.

— ياقىڭىزدىكى يىگىننىڭ قولىقىدىكى يىگىتنى ئېلىڭ، — دەپتۇ شاھزادە. قىز يىگىتنى چىقىرىپتۇ، بوۋاي ھاڭ - تاڭ قاپتۇ.

شاھزادە راۋاقتا تۇرۇپ كۆرگەنلىرىنى بوۋايغا دەپ بېرىپتۇ. غەزەپكە كەلگەن بوۋاي قىز بىلەن يىگىتنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ ئىش بىلەن شاھزادىنىڭ گۇمانىمۇ يېشىلىپتۇ ۋە بىر پەرمان بىلەن مەلىكىگە ساندۇقتىكى يىگىتنى چىقارغۇزۇپتۇ. شاھزادە يىگىتنى، مەلىكىنى ۋە ھېلىقى قېرى دەللىنى ئۆلتۈرۈپ دەرھال جەھەننەمگە يوللاپتۇ. «ئۆيىڭىزگە سولىماڭ قېرى دەللىنى، كىرەردە، چىقاردا بۇزار پەللىنى» . دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ھەم 18 ياشقىچە گەپ قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى يېزىپ دادىسى پادىشاھقا خەت ئەۋەتىپتۇ.

پادىشاھ خەتنى كۆرۈپ خوتۇننى ئۆلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ نومۇسسىز ئاياللارنىڭ دەردىدە پادىشاھلىقنى تاشلاپ، دۇنيا - ئوقەتلىرىنى قېچىرغا يۈكلەپ شاھزادە بۇرۇقنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەپۇ سوراپتۇ.

— سېنى ئۆلتۈرگىلى تاس قاپتىمەن. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئاناڭنىمۇ ئۆلتۈردۈم، پادىشاھلىقتىن ۋاز كەچتىم. ماڭ بالام، ئادەمزات ئايىغى يەتمەيدىغان مۇشۇ دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ياشايلى، — دەپ بالىسىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ ۋە دېگەن قارارگاھىدا ماكانلىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان ئاتا - بالا ئىككىسى خاتىرجەم ياشاپ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كېرىيە ناھىيىسىدىن ئابدۇرازاق ھەسەن
رەتلىگۈچى: ئابدۇقادىر تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com



# ئوغۇل بالا چاققان

مۆھتەرەم جامائەتلىرىم، ئوغۇل بالا چاققان — كۆسەي قاشلىق ۋاپادار دېگەن مانا مەن بولۇرمەن.

هازىر هېكايىنى باشلايمەن، گەپلەشسەڭلار ئېزىپ كېتىمەن، جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىساڭلار قىزىپ كېتىمەن. قۇلىقىڭلار ئەن بولسۇن، چايىنىشىڭلار قەنت بولسۇن، مەيداننى تېپىنىچ باشقۇرۇشقا مەسئۇل يولداشلار تەل بولسۇن.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، قېرى خوتۇننىڭ تىزى دولىسىدا، ھەمشىمايىلىكام ئەرگە تەگكەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە، ئېشەك ئۆگزە تاتىلىغاندا، خوراز جىرىم غاجىلىغاندا، پايپاقتا ناھال قاققاندا، جاڭگالغا قولۇپ سالغاندا، تومۇچۇققا مەشرەپ بەرگەندە، ئېغىلىغا زەدىۋال تۇتقاندا مېنىڭ بېشىمدىن مۇنداق ئالامەتلەر ئۆتكەنىدى:

مەن ئوغۇل بالا چاققان — كۆسەي قاشلىق ۋاپادار داچەن ① دېگەن پاخال نەرخى، ئاق تەڭگە ② دېگەن سامان نەرخى، تىزا ③ دېگەن پاخال نەرخى چاغلىرىم. پۇلنى جىمىرىپ چىقاي دەپ بازارغا چىقماقچى بولدۇم. شەنبە كۈنلۈكتە تەڭ كېچە بىلەن ئېگىز بوز ھاڭگىغا مىنىپ يولغا چىقتىم. يېتىۋالسا يۈگەننى كەينىگە چىڭ تارتىپ، يۈگۈرۈپ توختىغىلى ئۇنىمىسا ئالدىغا سۆرەپ، يەكشەنبە كۈنى ناماز پېشىن ۋاخ بىلەن قاراقاشنىڭ بازىرىغا چىقتىم. بوز ھاڭگىنى دەڭگە باغلاپ قويۇپ رەستىگە چىقتىم. قولۇمنى كەينىمگە تۇتۇپ، چوڭ نەزەر بىلەن غادىيىپ كېتىۋاتسام دوقمۇشتىكى ناۋاينىڭ شاگىرتى:

— ياغدا پىشتى - ياغدا پىشتى، بىرنى يېسەڭ تىنك تويىسەن،

① ② ③ پۇل ناملىرى.

ئىككىنى يېسەڭ شۇك تۇرسەن، — دەپ تووۋلاۋەردى. ئوغۇل بالا چاققان — كۆسەي قاشلىق ۋاپادارنىڭ قورسىقى بەك ئاچمىدىكى، پۇتلىرىم مەندىن بىخەۋەر ناۋايخانىغا كىرىپ بولدى. ناۋاي ئۇستام ماڭا سالام بېرىپ، — كەلسىلە تۈغقىنىم كەلسىلە، بىر جىلىڭ گۆشنى ئوتتۇزغا سالدۇق، بىر چارەك پىيازنى ئۇششاق توغراپ توققۇزغا سالدۇق، تويغىچە يەۋەرسىلە، — دېدى ھەم ئالدىمغا بىر لىگەندە لىق گۆشگىردە قويۇپ قويدى. بۇنىڭغا قاراپ دادامنىڭ تۇغقىنىمىكىن دەپتىمەن. ئوڭ قوۋزۇمغا ئىككىنى، چەپ قوۋزۇمغا ئىككىنى، تىلىمنىڭ ئۈستىگە ئىككىنى، ئاستىغا ئىككىنى تىقىپ، قىزىق بولسىمۇ چىداپ تۇرۇپ يەپتىمەن. ناۋاي ئۇستام ماڭا:

— تارتىنماي يەۋەرسىلە، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئانامنىڭ تۇغقىنىمىكىن دەپتىمەن.

— كېيىن يەنە كېلىپ يەي، — دەپ ناۋايخانىدىن چىقتىم. قورسىقىمنىڭ تويغىنىغا خۇشال بولۇپ «ناي - ناي» غا ناخشا ئوقۇپ كېتىۋاتسام، ناۋاينىڭ شاگىرتى كەينىمدىن كېلىپ قولۇمدىن كاپ تۇتتى، چېلىشامدىكىن دەپتىمەن. يەم بىلەن بېشىمغا كۆتۈرۈپ چۆرگىلىتىپ - چۆرگىلىتىپ، ئۆزۈم بۇرۇن يىقىلىپ، ئۇنى ئۇستۇمگە ساپتىمەن. ئورنىدىن قوپۇپ:

— سىلە يېگەن گۆشگىردىنىڭ پۇلى قېنى؟ — دېۋىدى، ھاڭ - تاڭ قاپتىمەن.

— ۋۇي ئۇكام، مەزەگە قويغان گۆشگىردىگە پۇل ئالامتىڭ؟ — دېسەم:

— ئەخمەقمۇ مەن، بازارغا كەلگەنلەرنى مېھمان قىلىدىغان؟ — دېدى.

— ۋاي ئۇكام، پۇلدىن قۇتۇلالماي يۈرگىنىمگە نەچچە يىل بولغانتى، يانچۇقۇمدىن ئۆزۈڭ چاغلاپ ئېلىۋالغىنا دەپ، قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇردۇم. يەتتە يانچۇقۇمنىڭ ئون يەتتە يېرىنى تېشىۋېتىپ ئاران يەتتە پۇل تېپىپتۇ. ئۇ ماڭا ئۇيدەك ئالىيىپ قاراپ:

www.uyghurkitap.com



— بۇ پۇل يەتمەيدۇ، — دېدى.

— يەنە نەچچە پۇل كەم؟ — دېسەم:

— ئوتتۇز ئۈچ پۇل، — دېدى.

— ئۇ پۇلۇڭنى يېنىشىمدا بېرىپ كېتەي، خۇدا ئۆمۈر بەرسە سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ كېتەي، — دەپ، ئۇنى مىڭ تەسلىكتە قايتۇرۇۋەتتىم.

شۇ كۈنلەردە كېيىۋالغان ئۆتۈكۈم قالتىس نوچى ئىدى. غىسىلدىغان ئاۋازى بازارنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا ئاڭلىناتتى. قانداقراق ئۆتۈككىن دەپ ھەيران قالماڭلار، بۇ ئۆتۈكنىڭ ساقىسى ئىككى غېرىچ، تاقىسى ئۈچ غېرىچ كېلەتتى، ئۆتۈككە توپا قونمىسۇن دەپ يولنىڭ قاتتىق يېرىدىن كېتىۋاتىمەن. بىردەمدىن كېيىن پۇتلىرىم سىرتماققا كىرىپ قالغاندەك، قەدەم ئېلىشىم مۈشكۈللىشىپ كەتتى. كەينىمگە شۇنداق قارىسام ئۆتۈكۈمنىڭ قونجىدىن چىقىپ قالغان لاتا - پۇتىلار قاسساپنىڭ جىڭ - قەنەلىرىنى، باققالنىڭ سېۋەتلىرىنى، ناۋايلارنىڭ سىخ - چوقاللىرىنى ئىلىۋېلىپ سۆرەپ كەپتۇ. بازاردا مۇشۇنداق ماڭغۇلۇق دەپ سۆرەپ تارتىپ كېتىۋەردىم. بىردەمدىن كېيىن قاسساپ، باققال، ناۋايلار كېلىپ بىرى قولۇمغا، بىرى دولامغا، بىرى پۇتۇمغا ئېسىلىپ مېنى مىڭ مۇشەققەتتە توختاتتى. ئاندىن سىخ - چوقال، جىڭ - سېۋەتلىرىنى پېتىر كۆمەچتىن قىل سۇغۇرغاندەك ئۆتۈكۈمنىڭ قونجىدىن چىقىپ قالغان لاتا - پۇتلىرىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ كېتىشتى. مەن ئوغۇل بالا چاققان — كۆسەي قاشلىق ۋاپادار پايتىمىلىرىمنى تېرىپ تىقىپ، بىر قولۇمدا ئۆتۈكۈمنىڭ ساقىسىدىن يېرىپ تىقىپ، ئۆتۈكۈمنى ياماقچىغا ياماتتىپ، بىر پېيىنى قىزىل، بىر پېيىنى قارا مايلىتىپ، تەۋەككۇلنى ئاللاغا قويۇپ، ئاق ناننى ئۆزۈم يەپ، زاغرا ناننى باللارغا قويۇپ، يېڭىلى ئۇنىمىسا راۋاب بىلەن كاللىغا قويۇپ، قېتىق ئىچكەن موللامدەك غىپىلداپ مېڭىۋەردىم. مېڭىپ - مېڭىپ بىر خىراۋانلىققا چىقىپ قالدىم. غېرىبچىلىقتا بىردەم ئارام ئالاي دەپ

سارايغا كىرسەم، بىر لاتا قالپاق بېگىم ئاسمانغا قاراپ ئوڭدىسىغا بوسۇغىنى توسۇپ، توغرىسىغا يېتىۋاپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بېگىم، — دېدىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نەدىن كەلدىڭ، ئوغلۇم؟ — دېدى.

— بىزنىڭ مەھەللىدىن.

— سېنىڭ مەھەللەڭ نەدە؟

— ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا.

— نېمە ئىش قىلاي دەپ كەلدىڭ؟

— ئۆزلىرىگە باشلىق بولاي دەپ كەلدىم.

— نېمە دېدىڭ؟ — دېدى ئۇيەدەك چەكچىيىپ.

— ئۆزلىرىگە باخشى بولاي دەپ كەلدىم، — دەپ گېپىمنى ئۆزگەرتىۋالدىم.

— باخشىلىقتىن خەۋىرىڭ بارمىدى، قانداقنى ئوينايسەن، — دەپ سورىدى. مەن:

— ئوينىغاندىكىن جىڭ ئالا بوزنى ئويناي، — دېدىم.

— ئەمىسە ئۆيدىكى قونداقتا بەش دانە قارچىغا قوندۇرۇغلۇق، ئۆزۈڭ چاغلاپ بىرنى ئېلىپ چىقىپ ئوينىغىن، — دېدى. مەن بەش قارچىغىدىن بىرنى قولۇمغا قوندۇرۇپ، نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە قوندۇرۇپ، سوغۇققا راسا توڭدۇرۇپ «ناي - ناي - ناي»غا ناخشا توۋلاپ، مازارمۇ مازار، بازارمۇ بازار مېڭىۋەردىم. بىر جاڭگاللىقتا، ئىگىسى يوق ئورمانلىقتا كېتىۋاتسام، ئۇنىمگەن چىغ تۇۋىدىن تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى، ياغاچچى ياسىغان بىر كاشكات پىچىقىم بىلەن توشقاننى ئاۋايلاپ بوغۇزلىدىم. قېنىنى قارچىغا بىر يۇتۇپلا ئىچىپ تۇگەتتى. توشقاننى تەتۈر ئېسىپ بىر كېچە - كۈندۈزدە ئاران سويۇپ بولدۇم. مىسقالغا سېلىپ باقسام ئالتە پاتمان گۆش چىقىپتۇ، يەتتە پاتمان چاۋىسى، بېگىم ھەر كۈنى ئون جىڭ ياغ يەيدۇ، ئۆيدە بار يامىسى①. قارچىغىنى قونداققا قوندۇرۇپ قويسام ئولتۇرالمىدى.

① يامىسى — يېرىمى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



«قورسىقى ئاچقان ئوخشايدۇ، نېمە يېگۈزسەم بولىدىكىن» دەپ ئويلىنىپ تەكچىگە قارىسام ئىككى ئاياقتا قېتىق تۇرىدۇ. قېتىقنى ئېلىپ كېلىپ ئالدىغا قويسام ئىچمىدى. «نان چىلاپ بەرسەم ئىچەمدىكىن» دەپ، قوشنىلاردىن خامان ۋاقتىدا بىرىشكە ئىككى ئارپا نېنى ئۆتنە ئالدىم. ئىككىگە تويماسمىكىن دەپ تۆتنى ئالدىم. ناننى قېتىققا چىلاپ ئالدىغا قويسام يەنە يېمىدى، تارتىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۆزۈم يېگۈزۈپ قوياي دەپ قارچىغىنى ئىككى تىزىمغا قىسىپ ئولتۇرۇپ، ئاغزىنى يېرىپ ئولتۇرۇپ، بۇگۈنكى چاققان جوۋانلار قوشۇقنىڭ دەستىدە ياغلىق ئۇچەي قۇيغاندەك سىقچىلىغىلى تۇرۇۋىدىم، بىر ئاياق قېتىق بىلەن ئىككى ئارپا نېنى تۆگىگەندە قارچىغا «غىق» قىلىپ بىرنى كېكىردى. «قورسىقى تويدى، پۇت - قولىغا ماغدۇر پەيدا بولدى» دەپ ئويلاپ قونداققا قوندۇرۇپ قويسام يەنە ئولتۇرالمىدى. لاتا قالپاق بېگىم:

— ئوغۇل بالا چاققان! — دەپ مېنى چاقىردى.

— خۇش بېگىم، — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم.

— قارچىغا قېنى؟ — سورىدى ئۇ.

— سېۋەتكە باستۇرۇپ قويدۇم.

— ھەي ئوغرى، سېۋەتكە باستۇرۇپ قويغىلى ئاناڭنىڭ قاردا قالغان قۇشقىچىمىدى ئۇ؟

— يوقسۇ بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ قارچىغىلىرى.

— يۈگۈرگىنە، قارچىغىنى ئېلىپ چىق، — دېدى. كىرسەم قاچىغا قېتىقنى قۇسۇپ يېتىپتۇ، تۇمشۇقىنى پاكىز سۈرتۈۋېتىپ، پالاقلىتىپ - شالاقلىتىپ كۆتۈرۈپ چىقتىم.

— ھەي ئوغرى، ئاۋايلاپ ئېلىپ چىقساڭ بولمامدۇ؟ بىر قارچىغا دېگەن نەچچە پۇل؟ مەدىكار دېگەننى، ئەستاغپىرۇللا...

— بېگىم، قورسىقىنىڭ توقلۇقىغا شوخلۇقى تۇتۇپ كېتىپ باشقۇرماق تەس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇنى.

— ماڭا بەرگىنە، — دەپ قولۇمدىن سىلكىپلا ئالدى.

ماڭا ئوبدان باھانە تېپىلدى:

— بۇنداق سىلكىسىلە قارچىغا تۇگۇل، ئادەممۇ ساق قالمايدۇ بېگىم. بۇرۇن قىرىق توققۇزى كەم ئەللىك قارچىغا كۆندۈرگەنىدىم، مۇشۇنى كۆندۈرسەم ساقمۇ ساق ئەللىك بولاتتى. قارچىغا دېگەن جېنى نازۇك جانىۋار، سىلكىشلىرىگە چىدىماي ئۆلۈپ قالدىمىكىن دەيمەن، — دېسەم، لاتا قالپاق بېگىم قارچىغىنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىگە قاراپ بېقىپ:

— ھەي ئوغرى، قېتىق ئىچكۈزدۈڭمۇ بۇنىڭغا؟ — دېدى.

— يوقسۇ بېگىم، قېتىق ئىچكۈزمىدىم.

— ماڭغىنا ئوغرى، قېتىقنى ئېلىپ چىق، — دەپ ۋارقىرىدى. «ئەمدىغۇ بالانىڭ چوڭ كاللىسىغا ئۇسسۇيدىغان بولدۇم» دەپ قورقتۇم. بوسۇغىدا پىلىشقاندەك، بېگىم بىلەن قېرىشقاندەك پالاقشىپ قويدۇم.

— ھەي ئوغرى، قېتىقنى تۆكتۈڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— يوقسۇ بېگىم، قېتىق قولۇمدا بار، ئاياقنى تاپالمايۋاتىمەن.

— يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ - يا؟

— يىقىلىپ چۈشمىدىم. ئورنۇمدىن قوپالمايۋاتىمەن، — دېدىم.

— چاققان ئالدىمغا چىق، — دەپ ۋارقىرىدى. يۈگۈرگەنچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم.

— بۇ قارچىغا ئۆلۈپ قاپتۇ، يىراققا تاشلىۋەت، — دېدى. قارچىغىنى تاشلىۋېتىشكە پايلىماي كاللامغا تەلپەك قىلىپ كىيىپ، راۋابىنىڭ تارىسىنى بوم قىلىپ، بۇ يەرگە كەپقالغىنىمغا غوم قىلىپ، ياخشى غىزا تاپسام ئاغزىمغا كوم قىلىپ ئاپتاپلىققا چىقىپ ياتتىم. بىر چاغدا:

— ئوغۇل بالا چاققان، — دەپ قىچقاردى.

— خوش بېگىم، — دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىردىم.

— بىكار يۈرسەڭ بوزۇلۇپ كېتىسەن، خىزمىتىڭگە بىر مەدىكار قوشۇپ بېرەي، پاكار ئېشەكتىن بىرنى توقۇپ بېرەي، بىر لاچىنىم

www.uyghurkitap.com



بار كاسا كۆللەككە ① ئاپىرىپ كۆندۈرۈپ كەلگىن، — دېدى.

— ئوبدان، شۇنداق قىلاي بېگىم، — دەپ يولغا چىقتىم. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن يېنىمدىكى خىزمەتچىم:

— ئوغۇل بالا چاققان، لاچىننى بىر نەرسىگە سالغاچ ماڭمامىلا، — دېدى. «بۇ لاچىن كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان ئاۋۇ ئادەملەرنىڭ ئوخشايدۇ، يوشۇرۇپ ماڭسام بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ، ئېشەكنىڭ بېلىدىن سەكرەپ چۈشتۈم، لاچىننى چاپانىنىڭ يېڭىگە سېلىپ، ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ تۆپىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇۋالدىم.

خىزمەتچىم ھەيران بولۇپ:

— ئاداش ئوغۇل بالا چاققان، لاچىننى ئاۋۇ سازلىقتىكى ئۆردەك، قاشقالداقلىقلا سالامدىكىن دېسەم، ئاستىلىرىغا سېلىپ ئولتۇردىلا. سىلە لاچىننى كۆندۈرۈشنى بىلمەيدىكەنلا، سىلە قايتىپ كەتسىلە، لاچىننى ئۆزۈم كۆندۈرۈپ چىقاي، — دېۋىدى، بۇ گەپ ماڭا خوش ياقتى، ئېشەك بىلەن چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان لاچىننى ئۇنىڭغا بېرىپ، كەينىمگە ياندىم. بېگىمنىڭ تىخچە كىشىگە كۆرسەتمىگەن موينا جۇۋىسىنى دولامغا غېرىبچە ئارتىپ، «ناي - ناي - ناي» غا ناخشا توقۇلاپ، قەدەمنى كىچىك بېسىپ ئالدىرىماي ماڭدىم. دىڭ قولاق ئالىتاغىل دەپ بىر ئېتىم بار ئىدى. ئاسماندىن چۈشكەندەك ئالدىمغا پەيدا بولۇپ قالدى. يۈكلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگىلى كەپتۇ دەپ خۇشال بولدۇم. موينا جۇۋىنى دىڭ قولاق تاغىلنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئىككى بېشىدىن تۆشىنى چىڭ تارتىپ قويدۇم. دىڭ قولاق ئالىتاغىل جۇۋا بىلەن تالىشىپ، چىشلەپ تارتىپ بەزى يېرىنى باشتەك، بەزى يېرىنى ياپلاق تاشتەك، بەزى يېرىنى ئۇزۇپ تاشلاپ مېڭىۋەردى. مەن بىرنىمۇ قويماي تېرىپ يىغىپ، لاتا قالپاق بېگىمنىڭ ئېگەر - توقۇم قويىدىغان ئۆيىگە تۆكۈپ قويدۇم. ئوخلاپ ياتقان بېگىم مېنىڭ شەپەمنى ئاڭلاپ كۆزى

① قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاراساي يېزىسىغا بارىدىغان يول بويىدىكى تەبىئىي كۆللەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئېچىلىپ كەتتى.

— ئوبدان چاغدا كەپسەن ئوغلۇم، بەزگەك بولۇپ قالدىم، ۋاي سوغۇق، موينا جۇۋامنى ئۇستۇمگە يېپىپ قويغىنا، — دېدى.

جۇۋىنىڭ پارچىلىرىنى پۈتى تەرەپتىن تىزىپ بېلىگە كەلگەندە بېگىم ئوڭ يان تەرىپىگە ئۆرۈلۈۋىدى، جۇۋا چۇۋۇلۇپ كەتتى. قايتىدىن كاللىسى تەرەپتىن تىزىپ بېلىگە قەدەر يېپىپ قويسام، سول يان تەرىپىگە يەنە بىر ئۆرۈلۈۋىدى، جۇۋا يەنە چۇۋۇلۇپ كەتتى. بېگىم:

— ۋاي سوغۇق، هوي ئوغرى جۇۋىنى تېزرەك ياپقىن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— مىدىرلىماي ياتسىلا بېگىم، بولمىسا جۇۋا چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ.

— چۇۋۇلۇپ كەتكىلى قاراسايلىقنىڭ كونا سېۋەتلىرىمىدى ئۇ؟

— يوقسۇ بېگىم ئۆزلىرىنىڭ موينا جۇۋىسى.

— ماڭغىنا ئوغرى، كۆزۈمدىن يوقال، — دەپ كۆزىنى ئالايتتى. قورقۇپ قېچىپ تاشقىرىقى دەرۋازىدىغۇ هەرگىز توختىمىدىم، ئوتتۇرا ئىشىكتە يۆلىنىپ تۇرۇۋالدىم.

— نېمىشقا كەتمەي تۇرىسەن؟

— كېسەللىرى ئېغىركەن، ئۆلۈپ قالسىلا ئېگەكلىرىنى تېڭىشقا لازىم بولارمەن، — دېدىم. ئۇنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز ئېغىرلىشىپ جان تالاشقىلى تۇردى. قاراپ تۇرسام ئەزرائىل مەندىنمۇ سورىماي ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن يىپ سۇغۇرغاندەك سۇغىرىپ ئېلىپ كەتتى. كۆزۈمگە لىق ياش ئېلىپ قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك يىغلاپ كەتتىم: قاراپ تۇرسام مەن، ئۆلۈپ كەتتىڭ سەن، ئۆلسەڭ سەن ئۆلدۇڭ، ماڭا نېمە غەم، ئايىغىڭىزغا بارسام بېشىڭىز قالدى بېگىم، بېشىڭىزغا بارسام ئايىغىڭىز قالدى بېگىم. خۇدا يارىتىپتۇ تاغ ئارىسىدا بۇ ساينى، قاچانغىچە سىزنى يادلاپ ئىچەلمەي يۈرىمەن چاينى! ؟ كىشىنىڭ شەهىرىدە غېرىبچىلىققا تۇتۇلدۇم، سىزدەك گالۋاڭ بېگىمدىن خۇيمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوبدان قۇتۇلدۇم، ئاچلىقتىن ئۆلدىمىكىن دېسەم ياتقان يېرىڭىزگە تەرەت قىلىپ يېتىپسىز بېگىم، توڭلاپ ئۆلدىمىكىن دېسەم تەرلەپ كېتىپسىز بېگىم، ئاھ بېگىم، ۋالىي بېگىم، جان جىگەر قېرىندىشىم ... دەپ مۇشۇ تەرىقىدە ئۇزۇنغىچە يىغلىدىم، ئاندىن مەن ئوغۇل بالا چاققان — كۆسەي قاشلىق ۋاپادار ئىمامى بولدۇم. قاناتلىق قارا جامائەتلەر مېھمان بولدى. بېگىمنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇنداق قىرائەت ئوقۇدۇم:

— ئاللاھۇممە باريكالا، ياغ ئالدىم دەپ جىگەر بىلەن بۆرەك ئالار؛ ئاياقۇ قوشۇقۇ، قازانۇ تۇۋاق، ياۋا قاراساي ①، جىگدە قۇدۇق ②، تەتىكۆل ③، بۇلاقا ④؛ ئاق ئۈزۈم، قىزىل ئۈزۈم، سەيۋە ھەم مۇناقا؛ ئات - ئېشەك، قوي - ئۆچكە، كالايۇ - توپاقا؛ ئۆرۈك - شاپتۇل، بېيە - ئەنجۈر، ئالما - ئانار، ياڭاقا ... ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، لاتا قالپاق بېگىمنىڭ ياتقان ئورنىنى دوزاخنىڭ تۆۋرۈكى يېنىدىن قىلغايسەن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزىسىدىن خۇدۇمبەردى ئاخۇن
رەتلىگۈچى: مەمتىمىن قۇربان

---

① ② ③ ④ يۇرت ئىسىملىرى.

# تائامنامە

1

تارىخى بىر مىڭ، ماھى شەباننىڭ يىگىرمە ئالتىسى، بىزلەرگە جىيى (ھۆججەت)، تىلخەت بەرگۈچى قاراڭغۇ تاغ ھۇجۇمچىلىرى غوجى مامۇت، غوجى غىپ - غىپ دۇرمىز. غۇجى مامۇت، غۇجى غىپ - غىپ ئىككى - ئۈچ كۈندە، ئۆيلىرىگىمۇ كېلەمدۇ؟ يېگىلى نانلىرى يوق ئىككى - ئۈچ كۈن ناشتىسىز يۈرگەنلىرىنى قوشنىلىرىمۇ بىلەمدۇ؟ يېتىشلىرى بورا بىلەن گىلەمدۇ. بۇ دەۋانى سوراش ئۈچۈن يۇرت كاتتىلىرىغا بىر پارچە نامە يازدىم. نامەنىڭ مەزمۇنى شۇدۇركى: قازان ئىدارىسىگە بىر پارچە ئۇقتۇرۇش يېزىپ، تۇۋاق دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ، ئوماچلار چىقتى. ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ سىقماق (يوبدان) چىقتى. بايراق تارتىپ چۆپلەر چىقتى. مۇشتەكلىرىنى تۈگۈپ جىغموللەك (غومبىرى - غوم) چىقتى. قالپىقىنى كىيىپ چۆچۈرە خېنىم چىقتى. ئارغامچىنى تارتىپ لەڭمەن چىقتى. تاشلار ئېتىپ كۈمۈلەك چىقتى. دەبدەبە بىلەن پادىشاھى پولۇ چىقتى، ھەممە - ھەممىسى ئاياغ كىيىملىرىنى كىيىشىپ داستىخان مەيدانىغا ھازىر بولۇشتى. قوشۇق ھاسىلىرىنى تايىنىشىپ، ھاپ - ھاپ بازىرىغا ھەيدىدى، قىزىل كېكىردەك كوچىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، قورساق زىندانىغا سېلىۋەتتى. قورساق زىندانىدىن بۇ ئىشنىڭ ناھەقلىقىغا تال مەھەممەت، جىگەر ئەخمەت، ئۈچەي يۆگۈمەچنىڭ شاھىتلىقى بىلەن كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن، قورساق زىندانىدىن چىقىپ، سېسىق دەرگاھقا پالاندى.

2

تارىخى بىر مىڭ، ئېشىكى ئۈچيۈز، قۇيرۇقى تۆتيۈز، پىل - پىل يىلى، قارامۇچ ئېيىنىڭ ئەللىك ئىككىسى بىزلەركى، — جىيى بەرگۈچى چۇمبۇلسۇ سۇ كەنتلىك قاسقانپىرىكامىنىڭ ئوغلى مانتا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى



روزاخۇندۇرمىز. شۇل ھەقتە جىيى بىرىمىزكى، چومبۇلسۇ كەنتىدىن قاتلىمىخاننىڭ قىزى مەنپەزىخاننى نىكاھلاپ ئالغان ئىدۇق، بۇ خوتۇن ئۆيگە بىرىپ، ھالۋىغا چىكسەي، يومدانغا[1] جىگدە، پولۇغا چامغۇر سىلىپ غىزا ئەتتى. ئاچچىقىمدىن ئىنەك ـ جىنەكلىرىنى شاپىلاق بىلەن ئۇچۇرۇۋەتكەن ئەردىم، مەزكۇر خوتۇن مىنىڭدىن يامانلاپ بىرىپ، ئانىسى قاتلىمىخان بىلەن بىر بولۇشۇپ، ئۇستۇمدىن جىڭمولللەك توپ بىشىمغا ئەرز بەردى.

بۇ دەۋانى بىر تەرەپ قىلىشلىرى ئۇچۇن بىر پارچە ئەرزنامە يازدىم. نامەنىڭ مەزمۇنى شۇدۇركى: نىيىدىن نىياز ئاخۇن، كىرىيىدىن كىرەم ئاخۇن، چىرادىن چاۋار ئاخۇن، لوپتىن لىتىپ ئاخۇن، ساماپۇلدىن ساۋۇت ئاخۇن، خوتەندىن خاتىماخۇن، قاراقاشتىن قاسىم ئاخۇن، تەۋەككۇلدىن تۇراخۇنلارنى چاقىرىپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى يىغىپ دەۋانى سورىغانلىرىدا، بۇ دەۋا قاتلىمىخان، مەنپەزىخانلارنىڭ ئۆزلىرىگە يىنىپ كەتتى، ئۇلاردىن بىر پارچە جىيى ئىلىپ بەردى: كۈيئوغلۇمغا قىزىمنى بەرگەن ئىدىم. غىزانى ئوبدان ئىتىپ بىرەلمىگىنى ئۇچۇن يازغان ئەرزىم ئۆزۈمگەياندى. كۈيئوغلۇمغا قىزىم ئەرزىسە ئىلىپ كەتسۇن، ئەرزىمىسە سۆزىنى بىرىپ كەتسۇن. كىيىن كۈيئوغلۇمنىڭ ئۇستىدە جىيى ـ پىيى، ھۆججەت ـ پۈججەت دىمەيدىغان بولدۇم، پارچە ـ پۇرات نەرسە يىمەس بولدۇم. قاچان يەپ سالسام، بىر كىمگە دىمەس بولدۇم، دەپ ھۆججەت بەرگۈچى: قاتلىمىخان، مەنپەزىخان.

ئېيتىپ بەرگۈچى: لوپ ناھىيە دول يىزا كاۋا تۆگمەن كەنتىدىن: مەتتۇرسۇن ئاخۇن
رەتلىگۈچى: يۈسۈپ توختى

---

[1] يومدان: ئارپا ـ بۇغداي ئۇرنىدا ئىتىلىدىغان سۇيۇق ئاش

**图书在版编目(CIP)数据**

天下只有一个和田.卷1. 中,神话、传说、故事/
阿布都拉·苏莱满编著. —乌鲁木齐:新疆大学出版社,
2006.5
ISBN 7-5631-2037-8

Ⅰ. 天… Ⅱ. 阿… Ⅲ. ①和田地区—概况—维吾
尔语(中国少数民族语言) ②民间文学—作品综合集—
和田地区—维吾尔语(中国少数民族
Ⅳ. ① K924.52 ② I277

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 033424 号

责任编辑:**吐尔逊·阿不都拉**
责任校对:**克尤木·吐尔逊**
封面设计:**艾克拜尔·萨里**

# 天下只有一个和田

## —— 神话、传说、故事(选)

**阿布都拉·苏莱满** 编著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮编:830046)
新华书店经销
乌鲁木齐市翼百丰印务有限责任公司印刷
开本:880×1230 毫米 1/32 14.75 印张 插页 2
2006 年 5 月第 1 版 2006 年 5 月第 1 次印刷
印数:0001 — 3050 册

ISBN 7—5631—2037--8
定价:28.80 元